# ئېنگېلس

# ديۇرىڭغا قارشى

مىللەتلەر نەشرىياتى

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

ئېنگېلس

# ديۇرىڭغا قارشى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئۈچ نەشرىگە سۆز باشلىرى .................... 3—24

1 .................... 3

2 .................... 9

3 .................... 23

كىرىش .................... 25—56

1. ئومۇمىي مۇلاھىزە .................... 25

2. دىيۇرىڭ ئەپەندى نىمە ۋەدىلەرنى بەردى .................... 47

بىرىنچى قىسىم پەلسەپە .................... 57—272

3. بولۇنمە. شيەنيەنجۈيى .................... 57

4. دۇنيا ئەندىزىچىلىگى .................... 70

5. تەبىئەت پەلسەپىسى. زامان ۋە ماكان .................... 80

6. تەبىئەت پەلسەپىسى. ئاسمان جىسىملىرى يەنىخۋاشۇپىسى، ۋۇلىشۇپ، خۇاشۇپ .................... 100

7. تەبىئەت پەلسەپىسى. ئورگانىك دۇنيا .................... 118

8. تەبىئەت پەلسەپىسى. ئورگانىك دۇنيا (ئاخىرى) .................... 137

9. ئەخلاق ۋە قانۇن. مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەر .................... 152

10. ئەخلاق ۋە قانۇن. باراۋەرلىك .................... 175

11. ئەخلاق ۋە قانۇن. ئەركىنلىك ۋە زورۇرىيەت .................... 199

12. بيەنجېڭفا. سان ۋە سۈپەت .................... 221

13. بيەنجېڭفا. ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش .................... 241

14. خۇلاسە ...................................... 268

ئىككىنچى قىسىم سىياسى ئىقتىسات ....................273 — 490

1. دۈيشياك ۋە ئۇسۇل ................................ 273

2. زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى ............................ 296

3. زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى (داۋامى) ..................... 311

4. زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى (ئاخىرى) ..................... 328

5. قىممەت نەزەرىيىسى .................................. 350

6. ئاددىي ئەمگەك ۋە مۇرەككەپ ئەمگەك ..................... 374

7. كاپىتال ۋە قوشۇمچە قىممەت .......................... 385

8. كاپىتال ۋە قوشۇمچە قىممەت (داۋامى)..................... 403

9. ئىگىلىكنىڭ تەبىي قانۇنىيەتلىرى، يەر ئىجارىسى ............ 423

10. «پىپەنلىك تارىخ» ئۈستىدە مۇلاھىزە ...................... 435

ئۈچىنچى قىسىم سوتسىيالىزىم.............................. 491 — 627

1. تارىخ ........................................... 491

2. نەزەرىيە............................................ 511

3. ئىشلەپچىقىرىش ...................................... 547

4. تەقسىمات ........................................... 574

5. دولەت، ئائىلە، تەربىيە ................................. 603

قوشۇمچە: «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»

نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە مۇقەددىمە.........628 — 676

ئىزاھلار...................................................677 — 744

# ديۇرىڭغا قارشى

## (ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش)[1]

ف. ئېنگېلس تەرىپىدىن 1876 ـ يىل 9 ـ ئايدىن
1878 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە يېزىلغان

1877 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 1878 ـ يىل
7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە «ئالغا گېزىتى»دە بېسىلغان

1878 ـ يىلى لېيپسىگدا كىتابچە قىلىپ بېسىلغان

# ئۈچ نەشرىگە سوز باشلىرى

## 1

بۇ ئەسەر زادىلا قانداقتۇ «كوڭۇل هاياجانلىغى»نىڭ نەتىجىسى ئەمەس. دەل ئەكسىچە.

بۇنىڭدىن 3 يىل ئاۋال، دىيۇرىڭ ئەپەندى سوتسىيالىزىم ئەھلى شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوتسىيالىزىمنىڭ ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە ئۇشتۇمتۇتلا دەۋرىمىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان چاغدا[2]، گېرمانىيىدىكى دوستلىرىم مەندىن بۇ يېڭى سوتسىيالىستىك نەزىرىيىنى شۇ چاغدىكى سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ جۇڭگىيانىڭ ئورگان گېزىتى «خەلق دولىتى گېزىتى»دە[3] پىپەن قىلغان ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇشنى قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىشتى. ئۇلار، شۇنچە ياش، تېخى يېقىندىلا ئاخىرقى ھېساپتا بىرلىككە كەلگەن پارتىيە ئىچىدە گۇرۇھۋازلىق بولىگۇنچىلىكىنىڭ ۋە قالايمىقانچىلىق ھالىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يېڭى ئىمكانىيەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، بۇنداق قىلىش تامامەن زورۇر، دەپ ھېساپلاشتى. گېرمانىيىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇلار مەندىنمۇ ياخشىراق ھوكۇم قىلالايتتى، شۇڭا مېنىڭ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ماقۇل كورۇشۇم لازىم ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە كورۇپ تۇرۇپتۇمىزكى، بۇ يېڭى يول تۇتقۇچى بىر قىسىم سوتسىيالىستىك مەتبۇئاتنىڭ سەممىي ئالقىشىغا

مۇيەسسەر بولغان ئىدى، دەرۋەقە، بۇنداق سەممىيەت دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ياخشى نىيىتىگىلا بىلدۈرۈلگەن ئىپادە ئىدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىگە بۇ بىر قىسىم پارتىيە مەتبۇئاتىنىڭ دەل دىيۇرىڭنىڭ ياخشى نىيىتىنى كوزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈنلا، تەكشۈرۈپ كورمەستىن دىيۇرىڭنىڭ تەلىماتىغىمۇ ئىشەنگەنلىكىنى كورۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنىمۇ بېرەتتى. يەنە بەزى كىشىلەر بۇ تەلىماتنى ئىشچىلار ئارىسىدا ئاممىباپ شەكىل بىلەن تارقىتىشقا تەييارلانغان ئىدى. ئاخىردا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ كىچىك مەزھىبى «خەلق دولىتى گېزىتى»نى شۇنداق غايەت زور قارا نىيەتتە بولغان يېڭى تەلىماتقا ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا قىستاپ، بارلىق ئېلان ۋە سۇئىقەستلىك ۋاستىلەردىن پايدىلانغان ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بىر يىل ئوتكەندىن كېيىن، مەن ئاندىن باشقا ئىشلىرىمنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئاچچىق مېۋىنى غاجىلاشقا بەل باغلىدىم. ئۇ شۇنداق بىر خىل مېۋە ئىدىكى، ئۇنى غاجىلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، غاجىلاپ تۈگەتمەي بولمىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ناھايىتى ئاچچىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ناھايىتى يوغان ئىدى. بۇ يېڭى سوتسىيالىستىك نەزەرىيە مەلۇم يېڭى پەلسەپە تىشىنىڭ ئاخىرقى ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيىتى شەكلىدە مەيدانغا چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نەزەرىيىنى مۇشۇ تىشقا باغلاپ تەتقىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بۇ تىشنىڭ ئوزىنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك بولدى؛ دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ئەگىشىپ شۇنداق بىر كەڭ ساھەگە كىرىش كېرەك بولدىكى، بۇ ساھەدە، ئۇ ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستىدە توختالغان، بەلكى بەزى تېخىمۇ كەڭ نەرسىلەر ئۇستىدىمۇ توختالغان. شۇنداق

قىلىپ، بىر قاتار ماقالىلار ۋۇجۇتقا كەلدى، ئۇلار «خەلق دۆلىتى گېزىتى»نىڭ داۋامچىسى — لېيپسىگدا چىقىدىغان «ئالغا گېزىتى»دە 1877-يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى ۋە بۇ يەردە توپلاپ كىتاپ قىلىنىپ، كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، دۇيشياڭنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى پىپەنىنى مۇشۇ دۇيشياڭنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىغا يەنى دىيۇرىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىغا ئىنتايىن مۇناسىپ بولمىغان تەپسىلى دەرىجىدە بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن بۇنداق تەپسىلى دەرىجىدە بولۇشقا يەنە باشقا ئىككى خىل ئەھۋالنى سەۋەپ قىلىش مۇمكىن، بىر تەرەپتىن، ئۇ بۇ كىتاپ تاقىلىدىغان تۈرلۈك ئىنتايىن پەرقلىق ساھەلەردە، ماڭا مۇنازىرە قىلىنىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارىشىمنى ئىجابى رەۋىشتە جارى قىلىشىمغا ئىمكانىيەت بەردى، بۇ مەسىلىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قەدەر ئومۇمى، ئىلمىي ياكى ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى ھەر بىر باپتا كۆرۈش مۇمكىن، بۇ كىتاپنىڭ مەقسىدى باشقا بىر تىشنى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «تىشى»سىگە قارشى قويۇش ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مەن ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى كىتاپخانلارنىڭ ئېتىۋاردىن چەتتە قالدۇرماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمەن. مەن ھازىر بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىمنىڭ پۈتۈنلەي ئۈنۈمسىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تولۇق ئاساسلارغا ئىگە.

يەنە بىر تەرەپتىن، «تىشى ياراتقۇچى» دىيۇرىڭ ئەپەندى ھازىرقى گېرمانىيىدە ئايرىم ھادىسە ئەمەس. يېقىندىن بۇيان گېرمانىيىدە ئاسمان جىسىملىرى يەنخۇاشۇيى، تەبىئەت پەلسەپىسى، سىياسىشۇناسلىق، ئىقتىساتشۇناسلىق قاتارلىق تىشىلەر باھار يامغۇ-

رىدىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك ئۇسمەكتە. ئەڭ بولمىغۇر
پەلسەپە بوشىسى ھەتتا داشۇي ئوقۇغۇچىسىمۇ تۇتۇش قىلمىسا بىر
گەپ، تۇتۇش قىلدىلا، ھېچ بولمىغاندا بىرەر مۇكەممەل «تىشى»
ياراتماقچى بولىدۇ. دەل ھازىرقى زامان دولىتىدە، ھەر بىر گۇڭمىن
ئۆزى ئاۋاز بېرىشكە تېگىشلىك بارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا
ھوكۇم قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە دەپ پەرەز قىلىنغانغا ئوخشاش،
دەل ئىقتىساتشۇناسلىقتا، ھەر بىر ئىستىمالچى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك
ئىستىمالى ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان ھەممە شاڭپىنغا قارىتا ھەقىقى
ئۇستا دەپ پەرەز قىلىنغانغا ئوخشاش، — ھازىر پەندىمۇ مۇشۇنداق
پەرەزلەرگە رىئايە قىلىش لازىم، دەپ قارالماقتا. پەن ئەركىنلىكى
دېگەن سۆز، كىشىلەر ئۆزلىرى ئۆگەنمىگەن ھەممە نەرسىنى يازسا
بولىدۇ، دېگەن سۆز، ھالبۇكى، بۇ بىردىن - بىر قاتتىق ئىلمىي
ئۇسۇل دەپ كورسىتىلمەكتە. ديۇرىڭ ئەپەندى دەل مۇشۇنداق
ئوكتەم ساختا پەننىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، بۇنداق
ساختا پەن ھازىر گېرمانىيىدە تازا ئېقىپ يۇرمەكتە ۋە ھەممىنى
ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك سەپسەتىۋازلىق چۇقانلىرى ئىچىگە غەرق
قىلماقتا. شېئىرىيەت، پەلسەپە، سىياسىشۇناسلىق، ئىقتىساتشۇناس-
لىق، تارىخ پېنى قاتارلىق جەھەتلەردە بۇنداق دەبدەبىلىك
سەپسەتىۋازلىق بار؛ جىياۋيەنشىلاردا ۋە مۇنبەرلەردە بۇنداق
دەبدەبىلىك سەپسەتىۋازلىق بار؛ ھەممە يەردە بۇنداق دەبدەبىلىك
سەپسەتىۋازلىق بار؛ بۇنداق دەبدەبىلىك سەپسەتىۋازلىق باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئاددى - چاكىنا سەپسەتىۋازلىقىدىن پەرقلىنىش
ئۈچۈن، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك بولۇش
خام خىيالىدا بولىدۇ؛ بۇنداق دەبدەبىلىك سەپسەتىۋازلىق گېرمانىيە

ئەقىل سانائىتىنىڭ ئەڭ ئورنەكلىك ۋە ئەڭ كوپ مىقتارلىق مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ئۇلار نەرقىنىڭ ئەرزەنلىكى، سۇپىتىنىڭ ناچارلىقى يېقىندىن گېرمانىيىنىڭ باشقا زاۋۇت ماللىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش، ئەپسۇسكى، ئۇلار مۇشۇ زاۋۇت ماللىرى بىلەن بىر قاتاردا فىلادېلفىيە كورگەزمىسىگە قويۇلمىغان[4]. ھەتتا گېرمانىيە سوتسىيالىزىمىمۇ، بولۇپمۇ دېيۇرىڭ ئەپەندى ئۇلگە كورسەتكەندىن كېيىن، يېقىندىن بۇيان بىر تالاي دەبدەبىلىك سەپسەتىۋازلىققا قىزىقىپ، «پەن» بىلەن يوغانچىلىق قىلىدىغان لېكىن شۇ پەن ئۇستىدە «ھەقىقەتەن ھېچنىمىمۇ ئۇگىنىۋالمىغان»[5] ھەر خىل شەخسلەرنى تەييارلاپ چىقماقتا. بۇ بىر خىل باللىق كېسەللىكى بولۇپ، ئۇ گېرمانىيە داشۇي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوتسىيال-دېموكراتىزىم تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى كورسىتىدۇ، ئۇ مۇشۇ جەرياندىن ئايرىلمايدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ساغلام تەبىئتى ئارقىسىدا، بۇنداق باللىق كېسىلى شۇبھىسىز تۇگىتىلىدۇ.

ئەگەر مەن ئەڭ كوپ دىگەندە زوقمەن سالاھىيىتىدە سوزلىيەلەيدىغان ساھەلەردە دېيۇرىڭ ئەپەندىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان بولسام، بۇنىڭدا مەن ئەيىپلىك ئەمەس. بۇنداق ھاللاردا، مەن كوپىنچە ئوز مۇخالىپىمنىڭ يېڭىلىشقان ياكى بۇرمىلىغان ھوكۇملىرىگە توغرا ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلارنى كورسىتىش ئارقىلىق رەددىيە بېرىش بىلەنلا چەكلەندىم. قانۇنشۇناسلىقتىكى ۋە تەبىئى پەندىكى بىرنەچچە مەسىلىدە ئەنە شۇنداق قىلدىم. باشقا ھاللاردا، گەپ نەزەرىيىۋى تەبىئى پەندىكى ئومۇمى نۇقتىنەزەرلەر ئۇستىدە باردى، يەنى شۇنداق بىر ساھە ئۇستىدە باردىكى، بۇ يەردە مەخسۇس تەبىئى پەن ئالىمىمۇ ئوز

مۇتەخەسسىسلىكى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، خوشنا ساھەگە كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ — بۇ يەردە ئۇ، ۋىرخوۋ ئەپەندى ئېتىراپ قىلغاندەك، بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ھەرقانداق كىشىگە ئوخشاشلا، پەقەت بىر «يېرىم - ياتا مۇتەخەسسىس»[6] بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىپادىلەشتىكى سەل - پەل توغرا بولمىغان جايلارغا ۋە چولتا جايلارغا كىشىلەر قىلىدىغان ئەپۇگە مېنىڭمۇ مۇيەسسەر بولالىشىمنى ئۈمىت قىلىمەن.

مەن بۇ سوز بېشىنى يېزىپ بولغان چاغدا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋۇلشۇي ۋە خۋاشۇينىڭ يېڭى تۈپ قانۇنلىرى» دىگەن «نوپۇزلۇق» يېڭى ئەسىرىنىڭ نەشىردىن چىققانلىقى توغرىسىدا نەشرىياتچى سودىگەرنىڭ دىيۇرىڭ ئەپەندى يېزىپ بەرگەن ئېلاننى كورۈپ قالدىم. مەن ئوزەمنىڭ ۋۇلشۇي ۋە خۋاشۇي جەھەتلەردىكى بىلىمىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلىمەن، لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندىمنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغانلىقىمغا ھامان ئىشىنىمەن. شۇڭا، ھەتتا ھېلى ئېيتىپ ئوتۇلگەن ئەسەرنى كورمەي تۇرۇپمۇ، ئالدىنالا ئېيتالايمەنكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ كىتاپتا ئوتتۇرىغا قويغان ۋۇلشۇي ۋە خۋاشۇي قانۇنلىرى، ئۇزىنىڭ يېگىلىشىش ياكى چىرىكلىك دەرىجىسى جەھەتتە، ئۇ ئىلگىرى ئاچقان ۋە مېنىڭ بۇ كىتاۋىمدا پىپەن قىلىنغان ئىقتىساتشۇناسلىق، دۇنيا ئەندىزىچىلىكى ۋاھاكازالارنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ؛ دىيۇرىڭ ئەپەندى لايىھىلىگەن توۋەن ھارارەت ئولچىگۈچ ياكى توۋەن ھارارەتنى ئولچەش ئەسۋاۋى بولسا ھارارەتنىڭ يۇقۇرى-توۋەنلىكىنى ئولچەش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى بىردىن - بىر ھالدا پەقەت

دىۋرىڭ ئەپەندىنىڭ بىلىمسىز ھاكاۋۇرلۇغىنى ئۆلچەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ، خالاس.

1878 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، لوندون

## 2

بۇ كىتاپنىڭ يېڭى نەشرىنىڭ تارقىتىلىدىغان بولغانلىقى مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى. بۇ كىتاپتا پىپەن قىلىنغان دۈيشياڭ ھازىر دىگۈدەك ئۇنتۇلغان؛ بۇ كىتاپ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىتاپخانلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، لىيپسىگدا چىقىدىغان «ئالغا گېزىتى»دە 1877 — 1878 - يىللىرى پارچىلار بويىچە بېسىلىپلا قالماي، بەلكى ئايرىم كىتاپ ۋە كىتاپچە شەكلىدە كوپ مىقتاردا تارقىتىلدى. مېنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى دىۋرىڭ ئەپەندى توغرىسىدا يازغان نەرسىلىرىم ھازىر قانداق بولۇپ يەنە كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قالالىدىكىن؟

بۇ ئەڭ ئاۋال تۇۋەندىكى ئەھۋالدىن بولدى: سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇن[7] چاكالانغاندىن كېيىن، مېنىڭ شۇ ۋاقىتتا تارقىلىپ يۈرگەن باشقا ئەسەرلىرىمنىڭ دىگۈدەك ھەممىسىگە ئوخشاشلا، بۇ كىتاپ گېرمان دىگوسىدا دەرھال تەقىپ قىلىنغان ئىدى. كىمكى مۇقەددەس ئىتتىپاق[8] قا كىرگەن دولەتلەرنىڭ ئەنئەنىلىك گۇەنلياۋچە بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا چىڭ ئېسىلىۋالمىغان بولسا، ئۇ بۇنداق تەدبىرنىڭ ئۇنۇمىنى — تەقىپ قىلىنغان كىتاپلارنىڭ ئىككى ھەسسىلەپ، ئۈچ ھەسسىلەپ سېتىلغانلىقىنى چوقۇم روشەن چۈشەنگەن بولاتتى، بۇ ھال بېرلىنلىق ئالىجاناپ ئەپەندىلەرنىڭ

قابىلىيەتسىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى، ئۇلار تەقسىپ قىلىش بۇيرۇغىنى جاكالىدىيۇ، ئىجرا قىلالمىدى. ئىش يۈزىدە، دىگو هوكۇمىتىنىڭ مەرھەمىتى ئارقىسىدا، مېنىڭ بىرقانچە قىسقا ئەسەرىمنىڭ يېڭى نەشرى ئۆزەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يەتكۈزۈش مۇمكىن بولىدىغاندىمۇ كۆپ تارقىتىلماقتا؛ ئۇلارغا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ۋاقتىم بولماي، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كونا نەشرى بويىچە قايتا بېسىلىشىغا ئاددىلا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىراق يەنە باشقا بىر خىل ئەھۋالمۇ بار، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ كىتاپتا پىپەن قىلىنغان «تىنشى»سى ئىنتايىن كەڭ نەزىرىيىۋى ساھەگە چېتىلغان، بۇ ھال مېنى ئۇنىڭ كەينىدىن ھەممىلا يەرگە قاتراپ يۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئۆز قاراشلىرىم بىلەن رەددىيە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پاسسىپ پىپەن ئاكتىپ پىپەنگە ئايلاندى؛ بەس-مۇنازىرە ماركس بىلەن مەن ئالغا سۈرۈپ كەلگەن بىيەنجېڭلىق ئۇسۇلنى ۋە كوممۇنىستىك دۇنياقاراشنى بىر قەدەر ئىزچىل بايان قىلىشقا ئايلاندى، — بۇ بايان بولسا خېلى كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بىزنىڭ بۇ دۇنياقارىشىمىز ئەڭ ئاۋۋال ماركسنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى»دا ۋە «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»دە دۇنياغا كەلدى، 20 يىلدىن ئارتۇقراق يوشۇرۇن ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، «كاپىتال» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كۈنساناپ ئېشىپ بېرىۋاتقان سۈرئەت بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى ۋە كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ بېرىۋاتقان تەبىقىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.[9] ھازىر، ئۇ ياۋروپا دائىرىسىدىن خېلى يىراق چىقىپ كەتتى، پورولېتارلار ۋە قورقماس

بىلىملىك نەزىرىيىچىلەر بار ھەممە مەملىكەتتە ئېتىۋارغا ئېلىندى ھەم ھىمايە قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق كىتاپخانىلار باردەك قىلىدۇكى، ئۇلار بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن قىزىقىدىكەن، ئۇلار، بۇ كىتاپتا قىلىنغان ئەجابى بايانلار سەۋەبىدىن، ھازىر بىرمۇنچە تەرەپتىن نىشانىنى يوقىتىپ قويغان، دېيۇرىگىنىڭ نۇقتىسىنەزىرىگە قارىتىلغان بەس ـ مۇنازىرىگە يول قويىدىكەن.

كېيىن كەلگەندە كورستىپ ئوتەي: بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان دۇنياقاراشنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ماركس تەرىپىدىن تىكلەنگەن ھەم شەرھىلەنگەن، ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ماڭا مەنسۇپ، شۇڭا، ئۇنىڭ ماقۇللۇغى بولمىغان بولسا، بۇ ئەسىرىم ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولاتتى، بۇ ھال بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئوز ئوزىدىن مەلۇم. بېسىشقا بېرىشتىن ئاۋال، پۈتۈن ئەسلى نۇسخىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدىم، ئىقتىساتشۇناسلىق توغرىسىدىكى قىسمىنىڭ 10 ـ بابى («"پىيەنلىك تارىخ" ئۇستىدە مۇلاھىزە») نى بولسا ماركس يازغان، پەقەت تاشقى سەۋەپلەر تۇپەيلىدىنلا، مەن ئۇنى ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا سەل قىسقارتىشقا مەجبۇر بولدۇم. تۇرلۇك مەخسۇس ساھەدە بىر بىرىمىزگە ياردەملىشىش بۇرۇنلا بىزنىڭ ئادىتىمىز بولۇپ قالغان ئىدى.

ھازىرقى يېڭى نەشرىنىڭ بىر بابىدىن باشقىسى 1 ـ نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىدى. بىر تەرەپتىن، بەزى بايانلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئويىدا بولغان بولسامۇ، لېكىن ئۇزۇل ـ كېسىل تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ۋاقتىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېنىڭ ئۇستۈمدە ماركستىن قالغان قولىيازمىلارنى نەشرگە تەييارلاش مەسئۇلىيىتى تۇرۇپتۇ، بۇ باشقا ھەممە ئىشتىنمۇ

كوپ موھىم. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ۋىجدانىم كوتەرمىدى. بۇ كىتاپ — بەس - مۇنازىرە خاراكتىرىدىكى ئەسەر، مەن، قارشى تەرەپ ھېچبىر تۈزىتىش كىرگۈزەلمىگەن ئىكەن، مەن تەرەپتىنمۇ ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلمەسلىكى لازىم، دەپ ئويلايمەن. مەن ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ جاۋاۋىغا رەددىيە بېرىش ھوقۇقۇمنىڭ بولۇشىنىلا تەلەپ قىلالايمەن. لېكىن مەن ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ مېنىڭ بەس - مۇنازىرەم ھەققىدە يازغان نەرسىلىرىنى كورمىدىم، بەلكى ئالاھىدە زورۇرىيەت بولمىسا، كورگۈممۇ يوق؛ نەزىرىيە جەھەتتە مەن ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھېساۋاتىنى تۈگەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ كىتاۋىم نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، بېرلىن داشۆبىسى ديۇرىڭ ئەپەندىگە تولىمۇ ئادالەتسىز پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا قارىتا يېزىق بەس-مۇنازىرىسىدە رىايە قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق قائىدىلەرگە تېخىمۇ رىايە قىلىشىم لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ داشۆي مۇشۇ ۋەقە ئۈچۈن ئەيىپلەندى. بۇ داشۆي ھەممىگە مەلۇم ئەھۋالدا قاراپ تۇرۇپلا ديۇرىڭ ئەپەندىنى دەرس ئوتۇش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ئىكەن، شۇڭا، ئەگەر كىشىلەر شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممىگە مەلۇم ئەھۋالدا شۆبىنىڭكىر ئەپەندىنى مۇشۇ داشۆبىگە زورلاپ تىقىشتۇرۇپ قويسا، ئۇ ھالدا، داشۆبىنىڭ بۇنىڭغا ھاڭ-تاڭ قېلىشقا ھەققى يوق.[10]

مەن ئۇزەمگە پەقەت بىر باپقىلا بەزى چۈشەندۇرۇش خاراكتىرىدىكى تولۇقلىما كىرگۈزۈشكە يول قويدۇم، ئۇ — ئۈچىنچى قىسمنىڭ 2 - بابى: «نەزىرىيە». بۇ يەردە سوز پەقەت مەن ئالغا سۇرۇپ كەلگەن نۇقتىنەزەرنىڭ بىر خېشىن مەسىلىسىنى ئىپادىلەش

ئۇستىدىلا باراتتى، شۇڭا ئەگەر مەن ئامىباپىراق يېزىشنى، مۇكەممەلرەك تولۇقلاشنى كۆزلىگەن بولسام، مېنىڭ مۇخالىپىم مېنى ئەيىپلىمەس. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە يەنە تاشقى سەۋەپلەرمۇ بار. مەن بۇ كىتاپنىڭ 3 بابىنى («كىرىش»نىڭ 1 ـ بابىنى ۋە ئۈچىنچى قىسمىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ بابلىرىنى) دوستۇم لافارگ ئۈچۈن، فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش مەقسىدىدە، ئايرىم بىر كىتاپچە قىلىپ تۈزدۇم؛ فرانسۇزچە نەشرى ئىتالىيانچە ۋە پولەكچە نەشرلىرى ئاساسلىنىدىغان نۇسخا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» دىگەن نامدىكى نېمىسچە نەشرىمۇ بېسىپ تارقىتىلدى. قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇ كىتاپنىڭ 3 نەشرى تارقىتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسچە، دانىيىلىكچە تەرجىمىلىرىمۇ چىقتى.[11] بۇ نەشرلەرنىڭ ھەممىسىدە پەقەت يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەن بىر باپقىلا تولۇقلىما كىرگۈزدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر ئەسلى نۇسخىسىنىڭ يېڭى نەشرى تارقىتىلدىغان چاغدا، ئەسلى تېكىست بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنىڭ كېيىنچە خەلقارالىق نۇسخا بولۇپ قالغانلىغىنى نەزەردە تۇتمىغان بولسام، ئۇ ھالدا بۇ بىر خىل مۇتەئەسسىپلىك بولاتتى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، مېنىڭ يەنە ئاساسەن ئىككى نۇقتىنى ئۆزگەرتكۈم بار ئىدى. بىرىنچىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى تارىخى توغرىسىدا، بىزگە بۇ تارىخنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىنى 1877 ـ يىلىغا كەلگەندىلا مورگان بەردى.[12] لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئارىدا قولۇمغا كەلتۈرەلىگەن ماتىرىياللاردىن ئۆزەمنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»

(1884 ـ يىلى سيۇرىخ نەشرى)[13] دىـگەن كىتاۋىمـدا پايدىلىنىش پۇرستىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يەردە كېيىنرەك يېزىلغان مۇشۇ ئەسەرنى كورستىشلا كۇپايە قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، نەزىرىيىۋى تەبىي پەن توغرىسىدىكى قىسمى، بۇ يەر ئىنتايىن چولتا بايان قىلىنغان، بەزى جايلىرىنى هازىر يەنىمۇ ئېنىقراق، مۇئەييەنرەك ئىپادە قىلىشقا بولاتتى. مەن ئۆزەمنى بۇ قىسمغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە هەقلىق ئەمەس دەپ هېساپلىغان ئىكەنمەن، شۇڭا مەن بۇ يەردە ئۆزەمنى ئۆزەم بىر قېتىم تەنقىت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك.

ماركس بىلەن مېنى ئاگلىق بىيەنجېگفانى گېرمانىيىنىڭ ۋېيشىنجۇيىلىق پەلسەپىسىدىن قۇتۇلدۇرغان ۋە ئۇنى ۋېيۋۇجۇيىلىق تەبەت قارىشىغا هەم تارىخ قارىشىغا ئايلاندۇرغان بىردىن ـ بىر كىشىلەر دىيىشكە بولىدۇ. لېكىن بيەنجېگلىق شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ۋېيۋۇجۇيىلىق تەبەت قارىشىنى تىكلەش ئۈچۈن، شۇشۇي ۋە تەبىي پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش لازىم. ماركس شۇشۇينى پىششىق بىلەتتى، لېكىن تەبىي پەن ئۈستىدە بىز ئاندا ـ ساندا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، پارچە ـ پۇرات تەتقىقات ئېلىپ بارالىغان ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سودا ساهەسىدىن يېنىپ چىقىپ هەم لوندونغا كوچۇپ كېلىپ[14]، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت تاپقاندا، شۇشۇي ۋە تەبىي پەن جەهەتلىرىدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزەمنى تەلتوكۇس ـــ لىبشى ئېيتقاندەك ـــ «تۈلەش»كە[15] زورلىدىم، 8 يىل ئىچىدە كوپ ۋاقتىمنى مۇشۇ جەهەتكە سەرپ قىلدىم. مەن دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئاتالمىش تەبەت پەلسەپىسى ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان چېغىمدا، مۇشۇ

تۇلەش جەريانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇراتتىم. شۇڭا، ئەگەر مەن بۇ جەھەتتە، كوپ چاغلاردا، توغرا تېخنىكا ئىبارىلىرىنى تاپالمىغان بولسام، ئەگەر ئومۇمەن ئېيتقاندا نەزىرىيىۋى تەبىي پەن ساھەسىدە مەلۇم دەرىجىدە چولتىلىق قىلىپ قويغان بولسام، بۇنداق بولۇشى ئىنتايىن تەبىي. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئۆزەمدە تېخى ئىشەنچىنىڭ يوقلۇغىنى چۈشىنەتتىم (مەن بۇنى شۇ چاغدا تېخى يېگىپ كېتەلمەيتتىم)، بۇمۇ مېنى ئېھتىياتچان قىلىپ قويغان ئىدى؛ مېنى شۇ چاغدا ھەممىگە ئايان پاكىتلارغا ھەقىقى خىلاپلىق قىلدى دەيدىغان ياكى شۇ چاغدا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان نەزىرىيىلەرنى ناتوغرا بايان قىلدى دەيدىغان ھېچكىممۇ چىقماس. بۇ جەھەتتە، پەقەت تېخى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان بىر ئۇلۇق شۇشۇپىشۇناس مېنىڭ ئۇستۇمدە، ھېچ ئەيمەنمەي $\sqrt{-1}$نىڭ شەنىگە تەگدى، دەپ شىكايەت قىلىپ، ماركسقا خەت يېزىپتۇ[16].

ئۇز ئۆزىدىن مەلۇمكى، مەن شۇشۇپ ۋە تەبىي پەننى يىغىنچاقلاپ بايان قىلغىنىمدا، تەپسىلاتتىمۇ ماگا قارىتا ئېيتقاندا ئومۇمى جەھەتتىن ھېچقانداق گۇمان قالدۇرمىغان ھېلىقى نەرسىگە چىنىدىن ئىشىنىمەن، بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇددى تارىختا تاسادىپىدەك كورۇنگەن ۋەقەلەر ئۇستىدىن بىيەنجېگفالىق ھەركەت قانۇنىيەتلىرى ھوكۇم سۇرگىنىگە ئوخشاش، تەبىەت دۇنياسىدا مۇشۇنداق قانۇنىيەتلەر سانسىز چىگىش ـ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەردە تەسىر كورسىتىدۇ؛ بۇ قانۇنىيەتلەر ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىمۇ ئوخشاشلا سىڭگەن بولۇپ، ئۇلار تەپەككۇر قىلغۇچى ئادەم تەرىپىدىن پەيدىن ـ پەي بىلىنىۋىلىنىدۇ؛ بۇ قانۇن-

يەتلەرنى ئەڭ دەسلەپ كېڭبىل ئومۇميۈزلۈك لېكىن سىرلىق شەكىل بىلەن شەرھىلىدى، بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ سىرلىق شەكلىنى ئېلىپ تاشلاش ھەم ئۇلارنى ئۇزىنىڭ پۈتۈن نوقۇللۇغى ۋە ئومۇمىلىغى بويىچە روشەن ئىپادىلەش — بۇلار بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئىدى. روشەنكى، كونا تەبىئەت پەلسەپىسى، مەيلى ئۇنىڭدا قانچىلىك ھەقىقى ياخشى نەرسىلەر بولسۇن ۋە مۇۋە بېرىدىغان قانچىلىك بىخلار بولسۇن①، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالمايتتى. خۇددى مۇشۇ كىتاپتا بىر قەدەر تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەنگە ئوخشاش، كونا تەبىئەت پەلسەپىسىدە بولۇپمۇ ئۇ گېگېلچە شەكىلدە تۇرغان چېغىدا، مۇنداق كەمتۈكلۈك بار ئىدى: ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ھەرقانداق زامان جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ بولىدىغانلىغىنى، ھەرقانداق «ئىلگىرى-

① كارل فوگت قاتارلىق ئاخماق چاكىنا كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ كونا تەبىئەت پەلسەپىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىگە باھا بېرىشكە قارىغاندا كوپ ئاسان. كونا تەبىئەت پەلسەپىسىدە نۇرغۇن خاتا قاراش ۋە خىياللار بار، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تەجرىبىچى تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ غەيرى پەلسەپۋى نەزىرىيىلىرىدىكىدىن كوپ ئەمەس، ئۇنىڭ يەنە مەرىپەتلىك ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغانلىغىغا كەلسەك، ئۇنى جىنخۇالۇن تارقالغاندىن بۇيان كىشىلەر چۈشىنىشكە باشلىدى. مەسىلەن، ترېۋىرانۇس ۋە ئوكېنىنىڭ كورسەتكەن خىزمەتلىرىنى ھېككېل تامامەن ھەقلىق ھالدا ئېتىراپ قىلدى17. ئوكېن ئوزىنىڭ ئىپتىدائىي شىللىق ۋە ئىپتىدائىي كوپۈكچە توغرىسىدىكى تەلىماتىدا شىڭشۇشۇبىلىك گوگشى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىلەر كېيىنچە ھەقىقەتەن پروتوپلازما ۋە ھۇجەيرە بولۇپ چىقتى. ئەگەر مەخسۇس گېگېل ئۇستىدە سوزلەشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ ئوزى بىلەن زاماندا بولغان تەجرىبىچى ئالىملاردىن نۇرغۇن جەھەتتە كوپ ئېشىپ چۈشىدۇ، بۇ

كېيىن»لىكىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، پەقەت «بىر ۋاقىت»نىلا ئېتىراپ قىلاتتى. بۇنداق نۇقتىنەزەر، بىر تەرەپتىن، گېگېل تىشىسىنىڭ ئۆزىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن، بۇ تىشى تارىخنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىياتىنى پەقەت «روھ»قىلا خاس قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى تەبىي پەنىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇڭا گېگېل بۇ جەھەتتە كانتتىن ناھايىتى ئارقىدا قالغان بولۇپ چىقتى، كانت بولسا ئۆزىنىڭ تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسى ئارقىلىق قۇياش شتۇڭنىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى جاكالىغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزىنىڭ دېڭىز سۈيى كۆتىرىلىش-سوغۇلۇشىنىڭ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئاستىلىتىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققى-

ئالىملار قانداقتۇ مەلۇم بىر خىل كۈچنى — ئېغىرلىق كۈچى، لەيلەش كۈچى، توكنىڭ سوقۇش كۈچى ۋاھاكازالارنى كۆتىرىپ چىقىپ، ھەممە چۈشەن-دۈرگىلى بولمايدىغان ھادىسىلەر قاتارىغا قوشىدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنى مۇشۇ ھادىسىلەرنى چۈشەندۈردۇق دەپ ھېساپلايدۇ، بۇلار ئەگەر مۇۋاپىق كەلمىسە، كىشىلەر بىلمەيدىغان مەلۇم نەرسىلەرنى — يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ئېلېكتىر ماددىلىرى ۋاھاكازالارنى كۆتىرىپ چىقىدۇ. ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ نەرسىلەرنى ھازىر ساقىت قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن، گېگېل قارشى تۇرغان، كۈچ بىلەن نەيرەڭۋازلىق قىلىدىغان ھېلىقىدەك ئويۇنلار ھېلىمۇ قىزىق-كۆلكىلىك ھالدا چىقىپ تۇرماقتا، مەسىلەن، 1869-يىلىمۇ ھېلمھولتىزنىڭ ئىنسبۇرگدا سۆزلىگەن نۇتقىدا چىقتى (ھېلمھولتىز. «ئاممباپ لېكسىيىلەر»، 1871-يىلى نەشرى، 2-توم، 190-بەت)18. نيۇتوننى 18-ئەسىردىكى فرانسۇزلاردىن مىراس بولۇپ قالغان ئىلاھىيلاشتۇرۇشنىڭ ئەكسىچە (ئەنگلىيە نيۇتوننى شان-شوھرەتكە ۋە بايلىققا كۆمۈۋەتكەن)، گېگېل: گېرمانىيە ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرگەن كېپلېرنى ھازىرقى زامان ئاسمان

دىكى كەشپىياتى ئارقىلىق قۇياش شىتۇڭىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى جاكالىغان ئىدى.19 ئاخىردا، مەن ئۇچۇن، گەپ بىيەنجىڭفالىق قانۇنىيەتلەرنى تەبىئەت دۇنياسىغا تاشقىرىدىن كىرگۈزۈشتە ئەمەس، بەلكى بۇ قانۇنىيەتلەرنى تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىن تېپىش ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىن شەرھلەشتە ئىدى.

بىراق، بۇنى شىتۇڭلۇق ھەمدە ھەر بىر ساھەدە ئورۇنلاش — غايەت زور خىزمەت. ئىگەللەشكە تېگىشلىك ساھە پايانسىز دىڭۇدەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ پۈتكۈل ساھەدە تەبىي پەننىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرىدۇكى، ھەتتا ھەممە بوش ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان كىشىنىڭمۇ ئاداشماستىن ئىز قوغلاپ مېڭىشى ناھايىتى تەس. لېكىن كارل ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ جىددى مەسئۇلىيەت

---

جىسىملىرى لىشۇيىسىنىڭ ھەقىقى ئاساس سالغۇچىسى دەپ، نيۇتوننىڭ ئالەمنىڭ تارتىلىش قانۇنى بولسا كېپلېرنىڭ ھەممە 3 قانۇنىدا بار، 3-قانۇنىدا ھەتتا ئېنىق ئىپادىلەنگەن، دەپ كورسىتىدۇ. گېگېل ئۆزىنىڭ «تەبىئەت پەلسەپىسى»نىڭ 270-بولۇمىدە ۋە قوشۇمچە ئىزاھلىرىدا («گېگېل ئەسەرلىرى»، 1842-يىل نەشرى، 7-توم، 98-، 113—115-بەتلەر) بىرنەچچە ئاددى فورمۇلا بىلەن ئىسپاتلىغان نەرسىلەر ئەڭ يېڭى شۇشۇيلىك لىشۇيىدىكى مۇۋەپپەقىيەت سۈپىتىدە گۇستاۋ كىرىخوفنىڭ كىتاۋىدا (كىرىخوف. «شۇشۇيلىك ۋۇلىشۇي جياڭيىسى»، 1877-يىلى لېيپسىگ 2-نەشرى، 10-بەت) قايتا چىقىدۇ ھەمدە ئۇ قوللانغان شەكىل گېگېل ئەڭ ئاۋال شەرھلىگەن ئاددى شۇشۇي شەكلى بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش. تەبىئەت پەيلاسوپلىرىنىڭ ئاڭلىق، بىيەنجىڭلىق تەبىي پەنگە تۇتقان پوزىتسىيىسى خىيالپەرەسلەرنىڭ ھازىرقى زامان كوممۇنىزىمغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئوخشاش.

مېنىڭ ھەممە ۋاقتىمنى ئىگىلەپ كەتتى، شۇڭا ئۆز ئىشمنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ھازىر ماڭا بۇ كىتاپنىڭ ئومۇمى باياناتلىرىم بىلەنلا چەكلىنىشكە، كەلگۈسىدە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنى توپلاش، ئېلان قىلىشقا، بەلكىم ئۇلارنى ماركس قالدۇرۇپ كەتكەن ئىنتايىن موھىم شۇشۇ قولىيازمىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈشكە توغرا كەلدى.[20]

لېكىن، نەزىرىيىۋى تەبىي پەننىڭ ئىلگىرىلىشى خىزمىتىمنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ئارتۇقچە ئىش قىلىپ قويۇشى ئېھتىمال. چۈنكى كوپ مىقتاردا جۇغلانغان، ساپ تەجرىبىچىلىككە ياتىدىغان كەشپىياتلارنى شتۇڭلاشتۇرۇشنىڭ زورۇرلۇگىنىڭ بىر ئۆزىلا نەزىرىيىۋى تەبىي پەننى ئىنقىلاپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇ ئىنقىلاپ ھەتتا ئەڭ جاھىل تەجرىبىچىلەرنىمۇ تەبىئەت جەريانىنىڭ بىيەنجىكلىق خاراكتېرىنى كۆندىن - كۈنگە چۈشىنىشكە ئېلىپ كېلىشى مۇقەررەر. كونا، ئۆزگەرمەيدىغان قارىمۇ-قارشىلىقلار، مەھكەم، ئوتكىلى بولمايدىغان چېگرا بولگۇچ سىزىقلار كۆندىن-كۈنگە يوقىلىپ بارماقتا. ئاخىرقى «ھەقىقى» گازلارنىمۇ سۇيۇلدۇرۇش مۇمكىن بولغاندىن بېرى، جىسىمنى ئۇنىڭ سۇيۇق ياكى گاز ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكى ئىسپاتلانغاندىن بېرى، توپلىنىش ھالىتى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مۇتلەق خاراكتېرىنىڭ ئاخىرقى قالدۇغىنى يوقاتتى.[21] گاز ھەركىتى تەلىماتىدىكى قائىدىلەر بويىچە، ساپ گازدا ئايرىم گاز مولېكۇلىلىرىنىڭ ھەركەت سۈرئىتىنىڭ چېكگاڭ-لىرى ئوخشاش ھارارەتتىكى چاغدا مولېكۇلىلارنىڭ ئېغىرلىغى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئىسسىقلىقمۇ

ئۆزىنى بىۋاسىتە ئۆلچەشكە بولىدىغان ھەركەت شەكىللىرى قاتارىغا تۈپ ـ توغرا كىردى. ئەگەر، ھەركەتنىڭ يېڭىدىن كەشپ قىلىنغان، ئۆلۈك تۈپ قانۇنىيىتى بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى پەقەتلا ئېنېرگىيىنىڭ **ساقلىنىش** قانۇنى دەپ يەكۈنلەنگەن، پەقەتلا ھەركەت تۈگۈلمايدۇ ياكى يوقالمايدۇ دېگەن ئىپادىگە يەكۈنلەنگەن يەنى ئۇ پەقەتلا مىقدار تەرەپتىن يەكۈنلەنگەن، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق تار، سەلبىي ئىپادىلەش ئېنېرگىيىنىڭ **ئايلىنىشى** توغرىسىدىكى ئىجابىي ئىپادىلەشكە كۈنسىرى ئورۇن بەردى، بۇ يەردە جەريانىنىڭ سۈپەت مەزمۇنى بىرىنچى قېتىم ئۆز ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، دۇنيادىن تاشقىرى ياراتقۇچى توغرىسىدىكى ئاخىرقى ئەسلىمىمۇ يوقالدى. ھەركەتنىڭ (ئېنېرگىيە دېگەن نەرسىنىڭ) مىقدارى ھەركەت ئېنېرگىيىسىدىن (جىسىملىك كۈچ دېگەن نەرسىدىن) ئېلېكترگە، ئىسسىقلىققا، ۋېيىنېگا ۋە باشقىلارغا ئايلانغاندا ھەم ئەكسىچە ئايلىنىش يۈزبەرگەندە، ئۇ يەنىلا ئۆزگەرمەيدۇ، بۇ نۇقتىنى يەنە قانداقتۇ يېڭى نەرسە سۈپىتىدە تەرغىپ قىلىشنىڭ ھازىر زۆرۈرىيىتى يوق؛ بۇنداق بىلىش ئايلىنىش جەريانىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ كۆپ مەزمۇنلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېرىشىلگەن ئاساسى بولىدۇ، ئايلىنىش جەريانى بولسا ئۆلۈك تۈپ جەريان بولۇپ، تەبىئەتكە بولغان ھەممە بىلىش مۇشۇ جەريانىنى بىلىشكە ئومۇملىشىدۇ. شېڭۋۇشۈي تەتقىقاتى بىلەن جىنىخۇالۇن نۇقتىسىنەزىرى بويىچە شۇغۇللىنىش باشلانغاندىن بېرى، ئورگانىك دۇنيا ساھەسىدە تۈرگە ئايرىشنىڭ مۇقىم چېگرا سىزىقلىرى كەينى ـ كەينىدىن يوقىلىپ باردى؛ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن بولمايدىغان دېگۈدەك ئوتتۇرا

ھالقىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ باردى، كۈچىنى يوقاتتى؛ بولۇۋاتقان تەتقىقاتلار ئورگانىك جىسىملارنى ھايۋاناتلار،نىڭ بارلىغى بىر تۈرگە ئۆتكۈزدى، ئەقىدە بولۇپ كەتكەن دېگۈدەك ئايرىش بەلگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇتلەق كۈچىنى يوقاتتى؛ بىز ھازىر تۇخۇم باسىدىغان ئەمگۈزگۈچى ھايۋاناتلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، شۇنىڭدەك، ئەگەر خەۋەرلەر راست بولسا، توت پۇتى بىلەن ماڭىدىغان قۇشلارمۇ بار ئىكەن[22]. ئەگەر بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ھۇجەيرىنىڭ كەشپ قىلىنغانلىقى ئارقىسىدا، ۋىرخوۋ ھايۋانات يەككىلىكىنىڭ بىرلىكىنى ھۇجەيرىلەر دۆلىتىنىڭ ليەنباڭىغا بولۇشقا مەجبۇر بولغان بولسا، — بۇ تەبىي پەنلىك، بيەنجېڭفالىق خاراكتېردا بولۇشتىن كۆرە، تەرەققىيپەرۋەر پارتىيە خاراكتېرلىق ئىدى[23]، — يۇقۇرى تۈزۈلۈشلۈك ھايۋاناتلارنىڭ تېنىدە ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئامېبا تەرزىدىكى ئاق قان دانچىلىرىنىڭ كەشپ قىلىنغانلىقى ھايۋاناتىنىڭ (شۇنداقلا ئادەمنىڭ) يەككىلىكى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىمۇ كۆپ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. لېكىن، كې-لىشتۈرگىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىلىپ كەلگەن دەل ئەنە شۇ ئىككى قۇتۇپ قارىمۇ - قارشىلىقى، مەجبۇرى بەلگىلەنگەن چېگرا بولغۇچ سىزىقلار ۋە تۈرلەرنىڭ پەرقى ھازىرقى زامان نەزەرىيىۋى تەبىي پېنىگە تار، شىڭئېرشاڭشۇبىلىك خاراكتېرنى بەردى. بۇ قارىمۇ - قارشىلىق ۋە پەرق، گەرچە تەبىەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن نىسبى ئەھمىيەتكىلا ئىگە، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنغان مۇقىملىقى ۋە مۇتلەق ئەھمىيىتى تەبىەت دۇنياسىغا پەقەت بىز ئادەملەرنىڭ پەنىسى ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن — بۇنداق بىلىش بيەنجېڭلىق تەبىەت قارىشىنىڭ

خېشىنىنى ھاسىل قىلىدۇ. تەبىي پەننىڭ كۆپ مىقتاردا جۇغلانغان پاكىتلىرى كىشىلەرنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىلىشكە يېتىشكە مەجبۇر قىلماقتا؛ ئەگەر بىيەنجېڭلىق تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەندە ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەنە شۇ پاكىتلارنىڭ بىيەنجېڭلىق خاراكتىرىنى ئۇققاندا، بۇنداق بىلىشكە ئوڭايراق يېتىش مۇمكىن. قانداق بولسا بولسۇن، ھازىر تەبىي پەن تەرەققىي قىلىپ شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ ئەمدى بىيەنجېڭلىق ئومۇملاشتۇرۇشتىن خالى بولالمايدۇ. لېكىن، ئەگەر تەبىي پەن ئۆزىدىكى تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلاش بىلەن چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنىڭ ئۇقۇملاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇقۇملارنى تەتبىق قىلىش سەنئىتىنىڭ بولسا تۇغما پەيدا بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئادەتتىكى كۈندىلىك ئاڭ بىلەن بىللە ئېرىشكىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بەلكى ئۇ ھەقىقىي تەپەككۇرنىڭ (بۇمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبە تارىخىغا ئىگە، ئۇنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەجرىبە تەبىي پەننىڭ تارىخى بىلەن دەل ئوخشاش) بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىسا، — ئەگەر تەبىي پەن مۇشۇلارنى ئۇنتۇمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇزىنى بۇ جەرياندىن بىر قەدەر ئاسان ئۆتكۈزىدۇ. تەبىي پەن 2 مىڭ 500 يىل مابەينىدىكى پەلسەپە تەرەققىياتى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىگەللەشنى ئۆگىنىۋېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئۆزىدىن ئايرىم بولغان، ئۆزىدىن تاشقىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھەرقانداق تەبىئەت پەلسەپىسىدىن قۇتۇلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆزىنىڭ، ئەنگلىيە تەجرىبىچىلىكىدىن مىراس قىلىۋېلىنغان، تار تەپەككۇر ئۇسۇلىدىنمۇ قۇتۇلالايدۇ.

1885-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى، لوندون

# 3

بۇ يېڭى نەشرى، ئەدىبى جەھەتتىن ئانچە مۇھىم بولمىغان ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن بىرقانچە جايىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئاۋالقى نەشرى بويىچە قايتا بېسىلدى. پەقەت بىر بابى يەنى ئىككىنچى قىسىمنىڭ 10 ـ بابى «"پىپەنىلىك تارىخ" ئۈستىدە مۇلاھىزە»گە مۇھىم تولۇقلىما كىرگۈزدۈم، بۇنىڭ سەۋەۋى تۆۋەندىكىچە.

2 ـ نەشرىگە يېزىلغان سۆز بېشىدا ئېيتىلغىنىدەك، بۇ باپتىكى ھەممە مۇھىم قىسىملارنى ماركس يازغان ئىدى. ژورنال ماقالىسى قىلىشقا مولچەرلەنگەن دەسلەپكى قولىيازمىسىدا، مەن ماركسىنىڭ قولىيازمىسىنى خېلىلا قىسقارتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدىم، ۋاھالەنكى، دەل مۇشۇ قىسقارتىلغان قىسىمدا دىيۇرىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قارىتىلغان پىپەن ئىقتىساتشۇناسلىق تارىخىغا قارىتىلغان خاس بايانلارغا قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا تۇراتتى. لېكىن بۇ قاراشلار قولىيازمىدا ھەتتاكى ھازىرمۇ دەل زور ۋە ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە قىسىم ئىدى. مەن، ماركس تەرىپىدىن پېتتى، نورس، لوك، يۇملارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كلاسسىك ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىدا تۇتۇشقا تېگىشلىك ئورنى شەرھىلەنگەن ئەشۇ قىسىمنى مۇمكىن قەدەر سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە تولۇق ئېلان قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ قارايمەن؛ ئۇنىڭ كېيىن ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل»گە بەرگەن ئىزاھاتىنى بولسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك، پۈتكۈل

هازىرقى زامان ئىقتىساتشۇناسلىغى ئۇچۇن، بۇ جەدۋەل يەنىلا يېشىلمەي كېلىۋاتقان سفىنكس تېپىشمىغى① بولۇپ تۇرماقتا. ئەكسىچە، مەخسۇس دېۋرىك ئەپەندىنىڭ ئەسىرىگە تېگىپ ئۆتكەن جايلار ئالدى ـ ئارقىسىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بولغان باغلىنىشقا تەسىر يەتكۈزمىسلا، مەن ئۇلارنى ئېلىۋەتتىم.

ئاخىردا، مەن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلدىم، چۈنكى 2 ـ نەشرى چىققاندىن بېرى، بۇ كىتاپتا ئالغا سۈرۈلگەن نۇقتىنەزەرلەر پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائى ئېڭىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، — بەلكى بۇنداق ئەھۋال دۇنيادىكى بارلىق مەدىنى ئەللەردە كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

**ف. ئېنگېلس**

**1894 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، لوندون**

① سفىنكس — يۇنان ئەپسانىسىدىكى يېرىمى شىر، يېرىمى ساھىپجامال قىز قىياپەتلىك مەخلۇق بولۇپ، ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرگە تەس تېپىشماقلارنى ئېيتىدىكەن، كىم تاپالمىسا، شۇنى يەۋېتىدىكەن. — تەرجىماندىن

# كىرىش

## 1. ئومۇمىي مۇلاھىزە

ھازىرقى زامان سوتسىيالىزىمى، ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاۋال، ئىككى جەھەتنى تەكشۈرۈشنىڭ يەنى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈكسىزلەر ئوتتۇرىسىدا، كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم سۈرىدىغان سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ھۆكۈم سۈرىدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى. لېكىن، ئۆزىنىڭ نەزىرىيىۋى شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دەسلەپ 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك پرىنسىپلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋە تېخىمۇ تەلتۆكۈس دىيەرلىك راۋاجلىنىشى بولۇپ ئىپادىلەندى.① ھەرقانداق يېڭى تەلىماتقا ئوخشاش، ئۇ ئەڭ ئاۋال بار ئىدىيە ماتېرىياللىرىدىن چىقىشى كېرەك، گەرچە ئۇنىڭ يىلتىزى ئىقتىسادىي پاكىتلاردا

---

① «كىرىش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدا بۇ يەر مۇنداق بايان قىلىنغان: «ھازىرقى زامان سوتسىيالىزىمى گەرچە ماھىيەتتە مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈكسىزلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئىشچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى تەكشۈرۈش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ

چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولسىمۇ.

فرانسىيىدە يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىنقىلاپ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئاڭ - پىكرىنى ئاچقان ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئىنقىلاۋىي ئىدى. ئۇلار ھەرقانداق تاشقى نوپۇزنى، ئۇنىڭ قانداق نوپۇز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئېتىراپ قىلمىدى. دىن، تەبىئەت قارىشى، جەمئىيەت، دۆلەت تۈزۈمى — ھەممىسى ئەڭ رەھىمسىز پىپەنگە ئۇچرىدى؛ ھەممىسى ئەقىل فاتىگى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ياشىشىنى ئاقلىشى ياكى ياشاش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك بولدى. تەپەككۇر قىلغۇچى ئىدرەك ھەممىنى ئۆلچەشنىڭ بىردىن - بىر ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. ئۇ چاغ، گېگېل ئېيتقاندەك، دۇنيا بېشى بىلەن تۇرغۇزۇلغان دەۋر ئىدى[24]، دەسلەپ بۇ سوز، ئادەمنىڭ كاللىسى ۋە كاللىنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق تېپىلغان قائىدىلەر بارلىق ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي بىرىكىشنىڭ ئاساسى بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، دىگەن مەنىدە ئىدى؛ كېيىن بۇ سوز يەنە، مۇشۇ قائىدىلەرگە زىت كېلىدىغان رىياللىق ئەملىيەتتە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى، دىگەن تېخىمۇ كەڭ مەنىنىمۇ ئالدى. ئۇتكەن بارلىق جەمئىيەت شەكىللىرى ۋە دۆلەت شەكىللىرى، بارلىق ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر نامۇۋاپىق نەرسىلەر سۈپىتىدە ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىلدى؛ ھازىر-

---

نەزەرىيىۋى شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دەسلەپ 18-ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك پىرىنسىپلارنىڭ تېخىمۇ تەلتۆكۈس ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن راۋاجلىنىشى بولۇپ ئىپادىلەندى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى موربىللى ۋە مابلىمۇ مەرىپەتچىلەر جۈملىسىگە كىرەتتى.» — تەھرىردىن

غىچە دۇنيا پەقەت بەزى كونا قاراشلارغىلا ئەمەل قىلىپ كەلدى؛ ئوتمۇشتىكى ھەممە پەقەت ئىچىنىشقا ۋە كەمسىتىشكە لايىق بولۇپ قالدى. مانا ئەمدىلا قۇياش نۇرىنى چاچتى. بۇنىڭدىن كېيىن، خۇراپاتلىق، بىر ياقىلىمىلىق، ئىمتىياز ۋە زۇلۇم چوقۇم مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، مەڭگۈلۈك ئادالەت، تەبىئەتكە ئاساسلانغان باراۋەرلىك ۋە مەھرۇم قىلىغىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ.

ھازىر بىزگە مەلۇمكى، بۇ ئەقىل دۇنياسى بۇرژۇئازىيىنىڭ غايىۋىلەشتۇرۇلگەن دۇنياسىدىنلا ئىبارەت؛ مەڭگۈلۈك ئادالەت بۇرژۇئا ئەدلىيىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ باراۋەرلىك قانۇن ئالدىدىكى بۇرژۇئا باراۋەرلىكى بىلەن نەتىجىلەندى؛ بۇرژۇئازىيە- نىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئەڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىدىن بىرى دەپ جاكالاندى؛ ئەقىلىي دولەت، رۇسسونىڭ ئىجتىمائى شەرتنامىسى[25] ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ ئىپادىلەندى، بەلكى پەقەت شۇنداق بولۇپ ئىپادىلىنەلەيتتى. 18 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇق مۇتەپەككۇرلارمۇ، ئۇزلىرىنىڭ بارلىق پېشىۋالىرىغا ئوخشاش، ئۇز دەۋرى ئۇزلىرىگە قويغان چەكتىن چىقىپ كېتەلمىدى.

لېكىن، فېودال ئاقسۇڭەكلەر بىلەن شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يەنە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار، بىكار تەلەپ بايلار بىلەن ئەمگەكچى كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمى قارىمۇ ـ قارشىلىقلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئارقىسىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئۇزلىرىنى مەلۇم بىر

ئالاھىدە سىنىپنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جاپا چەككۈچى ئىنسانلارنىڭ ۋەكىلى دەپ كورستەلىدى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، بۇرژۇئازىيە ئوزىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپلا ئوزىگە قارىمۇ-قارشى نەرسىنى يۇدۇپ كەلدى: كاپىتالىستلار ياللانما ئىشچىلارسىز ياشىيالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستىلارنىڭ ئوسۇپ ھازىرقى زامان بۇرژۇئازلىرىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىمكارلار ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى كۇنلۇكچىلەر بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئوسۇپ پرولىتارلارغا ئايلاندى. گەرچە، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ئاقسوڭەكلەرگە قارشى كورەش قىلغاندا، ئوزلىرىنى شۇ چاغدىكى ھەرقايسى ئەمگەكچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئوخشاشلا ۋەكىللىك قىلغۇچى دەپ ھېساپلاشقا ھەقلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر زور بۇرژۇئا ھەركىتى داۋامىدا ھازىرقى زامان پرولېتارىياتىنىڭ ئازدۇر-كوپتۇر تەرەققى قىلغان پېشۋاسى بولغان سىنىپنىڭ مۇستەقىل ھەركەتلىرى پارتلاپ تۇردى. مەسىلەن، گېرمانىيىدىكى دىن ئىسلاھاتى ۋە دېخانلار ئۇرۇشى دەۋرىدىكى توماس مىنتسېرچىلار ھەركىتى، ئەنگلىيە زور ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى باراۋەرچىلەر[26] ھەركىتى، فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى بابېف ھەركىتى. تېخى يېتىلمىگەن بىر سىنىپنىڭ بۇ ئىنقىلاۋىي قوراللىق قوزغىلاڭلىرىغا ياندىشىپ، مۇناسىپ نەزىرىيىۋى ئىپادىلەر ۋۇجۇتقا كەلدى: 16-ۋە 17-ئەسىرلەردە غايىۋى جەمىيەت تۈزۈمىنى خىيالىي تەسۋىرلەش[27] بارلىققا كەلدى، 18-ئەسىردە بولسا توغرىدىن-توغرا كوممۇنىستىك نەزىرىيە (مورېللى ۋە مابلى نەزىرىيىسى) بارلىققا

كەلدى. باراۋەرلىك تەلىۋى ئەمدى سىياسى ھوقۇق جەھەت بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، ئۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتىكىمۇ كېڭەيدى؛ سىنىپىي ئىمتىيازلارنىلا ئەمەس، بەلكى سىنىپىي پەرق-لەرنىڭ ئۆزىنىمۇ يوقىتىش زورۇر بولدى. دەرۋەشلەرچە، سپارتانچە كوممۇنىزىم مۇشۇ يېڭى تەلىماتنىڭ بىرىنچى ئىپادە شەكلى بولدى. كېيىن ئۈچ ئۇلۇق خىيالپەرەس: سېن-سىمون، فۇرىيې ۋە ئوۋېنلار چىقتى. سېن-سىموندا، پرولېتارىياتنىڭ خاھىشىدىن باشقا، بۇرژۇئازىيە خاھىشىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرى بار ئىدى. ئوۋېن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەملىكەتتە، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش تۇغدۇرغان تۇرلۇك قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بىۋاستە فرانسىيە ۋېيۇۋجۇيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىي پەرقلەرنى تۈگىتىش قائىدەنىنى شىتۇكىلۇق ئىشلەپ چىقتى.

بۇ ئۈچەيلەن مۇنداق بىر ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى: ئۇلار شۇ چاغدا تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە چىقمايدۇ. مەرىپەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۇلار مەلۇم بىر سىنىپنىلا ئازات قىلىشنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسا-نىيەتنى ئازات قىلىشنى ئويلايدۇ. مەرىپەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۇلار ئەقىل ۋە مەڭگۈلۈك ئادالەت دۇنياسى قۇرۇشنى ئويلايدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ دۇنياسى مەرىپەتچىلەرنىڭ دۇنياسىدىن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدۇ. ئەنە شۇ مەرىپەتچىلەرنىڭ پىرىنسىپلىرى بويىچە قۇرۇلغان بۇرژۇئا دۇنياسىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ ھەم ئادالەتلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇمۇ، فېوداللىق تۈزۈمگە ۋە ئوتكەن بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە ئوخشاش، ئەخلەتخانىغا تاشلىنىشى كېرەك.

ھەقىقى ئەقىل ۋە ئادالەت شۇ كەمگىچە دۇنىياغا ھوكۇمرانلىق قىلمىدى، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن توغرا بىلىۋېلىنمىغانلىغىدىن بولدى. پەقەت ئايرىم تالانتلىق شەخس كەملىك قىلاتتى، ھازىر بۇنداق شەخس پەيدا بولدى ھەمدە ھەقىقەتنى بىلىپ يەتتى؛ تالانتلىق شەخسنىڭ ھازىر پەيدا بولغانلىغىغا، ھەقىقەتنىڭ دەل ھازىر بىلىۋېلىنغانلىغىغا كەلسەك، بۇ ھال تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بىرىشىدىن مۇقەررەر تۇغۇلىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى تامامەن تەلەيدىن بولغان بىر خىل تاسادىپى ھادىسە. بۇنداق تالانتلىق شەخسنىڭ بۇنىڭدىن 500 يىل ئىلگىرىمۇ تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئىدى، شۇنداق بولغاندا، ئۇ ئىنسانىيەتنى 500 يىل مابەينىدىكى ئادىششلار، كۈرەشلەر ۋە ئازاپلاردىن خالاس قىلغان بولاتتى.

بۇنداق قاراش، ماھىيەتتە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىكى ھەممە سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ھەم ۋېيتلىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى گېرمانىيە سوتسىيالىزىمچىلىرىنىڭ قارىشى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم مۇتلەق ھەقىقەت، ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ ئىپادىسى، ئۇ كەشپ قىلىنسىلا، ئۇ ئۆز كۈچى بىلەن دۇنيانى بويسۇندۇرالايدۇ؛ مۇتلەق ھەقىقەت زامانغا، ماكانغا ۋە ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا بېقىنمىغاچقا، ئۇنىڭ قاچان ۋە قەيەردە كەشپ قىلىنىشى ساپلا تاسادىپى ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇتلەق ھەقىقەت، ئەقىل ۋە ئادالەت ھەر بىر ئېقىمنىڭ ئاساسچىسىدا يەنە تۈرلۈكچە بولىدۇ؛ ھەر بىر ئېقىمنىڭ ئاساسچىسىدا مۇتلەق ھەقىقەت، ئەقىل ۋە ئادالەتنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىللىرى يەنە ئۇنىڭ جۇگۇەن چۈشەنچىسىگە،

تۇرمۇش شارائىتىغا، بىلىم سەۋىيىسىگە ۋە تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق بولغاچقا، تۇرلۇك مۇتلەق ھەقىقەتلەردىكى بۇنداق توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى پەقەت مۇشۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزئارا سۈركەشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىشتۈرۈلگەن، ھېچنىمىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل سوتسىيالىزىملا ئىشلىنىپ چىقتى، بۇنداق سوتسىيالىزىم ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى كۈنگىچە فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىدىكى زور كوپچىلىك سوتسىيالىزىمچى ئىشچىلارنىڭ كاللىسىدا ھوكۈم سۈرۈپ كەلمەكتە، ئۇ ھەرقايسى ئېقىمنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىر قەدەر موتىدىل تەنقىدىي پىكىرلىرى، ئىقتىسادىي تەلىماتلىرى ۋە كەلگۈسى جەمىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيىلىرىدىن تەشكىل تاپقان، تۈسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئارىلاشمىدىن ئىبارەت، بۇنداق ئارىلاشمىنىڭ ھەرقايسى تەركىۋىي قىسمى، دەريادىكى ئۇششاق تاشلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئۆچلۈق قىرلىرىنى مۇنازىرىلەرنىڭ جىددى ئېقىمىدا يوقىتىۋەرگەنسىرى بۇنداق ئارىلاشمىمۇ ئاسان ھاسىل بولىۋېرىدۇ. سوتسىيالىزىمنى پەنگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋال ئۇنى رېيال ئاساسقا قويۇش كېرەك.

بۇ چاغدا، 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە پەلسەپىسى بىلەن بىر قاتاردا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىنقى زامان گېرمانىيە پەلسەپىسى بارلىققا كەلدى ھەمدە گېگېلدا ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتتى. بۇ پەلسەپىنىڭ كورسەتكەن ئەڭ زور خىزمىتى بيەنجېڭفادىن ئىبارەت ئەڭ يۇقۇرى تەپەككۇر شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولدى. قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغما، زىغالىق بيەنجېڭلۇنچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بىلىملىك كىشى بولغان ئارىستوتېل

بىيەنجىڭلىق تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەكلىنى تەتقىق قىلغان ئىدى[1]. يېقىنقى زامان پەلسەپىسىدە بىيەنجىڭفانىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى (مەسلەن، دېكارت ۋە سپىنوزا) بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار (بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا) ئاتالمىش شىڭئېر-شاڭشۇېلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىغا كۆندىن-كۈنگە پېتىپ كېتىۋەردى؛ 18-ئەسىردىكى فرانسۇزلارنىڭمۇ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ مەخسۇس پەلسەپە ئەسەرلىرىدە شۇنداق بولدى. لېكىن، ئەسلى مەنىدىكى پەلسەپىدىن تاشقىرى، ئۇلار بىيەنجىڭفالىق ئېسىل ئەسەرلەرنىمۇ يازالىدى؛ بىز پەقەت دىدېرونىڭ «راموئنىڭ بىر تۇققىنىنىڭ بالىسى»[28] بىلەن رۇسسونىڭ «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»سىنىلا تىلغا ئالساق كۇپايە قىلىدۇ. — بۇ يەردە، بىز بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى؛ بۇ مەسىلىدە كېيىن يەنىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز.

بىز تەبىئەت دۇنياسىنى ياكى ئىنسانلار تارىخىنى ياكى ئۆزىمىزنىڭ روھىي پائالىيىتىمىزنى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ تەكشۈرگىنىمىزدە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئەڭ ئاۋۋال تۈرلۈك ئالاقىلەرنىڭ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەرنىڭ چەكسىز گىرەلىشىپ كەتكەن مەنزىرىسى زاھىر بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھەرقانداق نەرسە ھەركەتسىز ھەم

[1] «كىرىش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدا بۇ جاي مۇنداق يېزىلغان: «قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغما، زىفالىق بىيەنجىڭلۇنچىلار ئىدى، ئارىستوتېل — قەدىمقى دۇنيانىڭ گېگېلى بولسا بىيەنجىڭلىق تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەكلىنى تەتقىق قىلغان ئىدى.» — تەھرىردىن

ئۆزگىرىشسىز بولماستىن، بەلكى ھەممىسى ھەركەتلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، تۇغۇلىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. مانا بۇ ئىپتىدائىي، ساددا لېكىن ماھىيەتتە توغرا دۇنياقاراش قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ دۇنياقارىشى ئىدى، بەلكى ئۇنى تۇنجى قېتىم ھېراكلىت ئېنىق ئىپادىلىگەن ئىدى: ھەممە مەۋجۇت، ئەينى ۋاقىتتا يەنە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ھەممە **ئېقىپ تۇرىدۇ**، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇپ ۋە يوقىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇنداق نۇقتىنەزەر گەرچە ھادىسىلەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنىڭ ئومۇمى خاراكتېرىنى توغرا ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ پۈتۈن مەنزىرىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى تەپسىلاتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ؛ ھالبۇكى، بىز بۇ تەپسىلاتلارنى بىلمىسەك، پۈتۈن مەنزىرىنى ئېنىق كورەلمەيمىز. بۇ تەپسىلاتلارنى بىلىش ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تەبىي ياكى تارىخي باغلىنىشلار ئىچىدىن چىقىرىۋې- لىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سەۋەپلىرى ھەم نەتىجىلىرى ۋاھاكازالىرى تەرەپتىن بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۇ ئالدى بىلەن تەبىي پەننىڭ ۋە تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى؛ بۇ پەن تارماقلىرى بولسا ناھايىتى روشەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، كىلاسسىك زامانلاردىكى گرېكلاردا پەقەت بېقىندا ئورۇندا تۇراتتى، چۈنكى ئۇلارغا ئالدى بىلەن ماتىرىيال توپلاش زورۇر ئىدى. توغرا تەبىئەت تەتقىقاتى پەقەت ئىسكەندىرىيە دەۋرىدىكى[29] گرېكلاردا باشلاندى، كېيىن ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەپلەر تەرىپىدىن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇلدى؛ لېكىن ھەقىقى تەبىي پەن پەقەت 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا باشلاندى ۋە شۇ زاماندىن تارتىپ بارغانسىرى چاپسان

ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. تەبىئەت دۇنياسىنى ئايرىم قىسىملارغا ئاجرىتىش، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك جەريانلىرىنى ۋە شەيئى-لەرنى مەلۇم تۈرلەرگە بۆلۈش، ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئۇلارنىڭ خىلمۇ-خىل جىپپۇلۇق شەكلىيى بويىچە تەتقىق قىلىش — بۇلار يېقىنقى 400 يىل مابەينىدە تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش جەھەتتە غايەت زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىشنىڭ تۈپ شەرتى بولدى. لېكىن، بۇنداق ئۇسۇل بىزگىمۇ مۇنداق بىر خىل ئادەتنى قالدۇردى: تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنى ۋە جەريانلارنى يەككە-يەككە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەڭ ئومۇمىي ئالاقىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تەكشۈرۈش ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنى ھەرىكەتتىكى نەرسە دەپ قارىماستىن، جىمجىت نەرسە دەپ قاراش؛ ماھىيەت جەھەتتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە دەپ قارىماستىن، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە دەپ قاراش؛ تىرىك نەرسە دەپ قارىماستىن، ئۆلۈك نەرسە دەپ قاراش. شەيئىلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ بۇنداق ئۇسۇلى بېكون ۋە لوك تەرىپىدىن تەبىئىي پەندىن پەلسەپىگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، يېقىنقى بىرنەچچە ئەسىرگە خاس چەكلىمىلىكنى يەنى شىڭئېرشاڭشۆيلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

شىڭئېرشاڭشۆيچىلەرنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىدىكى ئىنكاسى يەنى ئۇقۇملار يەككە-يىگانە، بىر-بىرلەپ ۋە ئايرىم-ئايرىم تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك، تۇرغۇن، قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەيدىغان تەتقىقات دۇيشياڭلىرى. شىڭئېرشاڭشۆيچىلەر مۇتلەق سىغىشالمايدىغان قارىمۇ-قارشىلىقلار ئىچىدە تەپەككۇر قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغىنى: «ھە — ھە، ياق — ياق؛ بۇنىڭدىن

باشقىسى شەيتان ۋەسۋەسىسى.»[30] ئۆلارنىڭ قارىشىچە، بىر شەيئى يا مەۋجۇت، يا مەۋجۇت ئەمەس؛ شۇنىڭدەك، بىر شەيئى بىر ۋاقىتتا ئۆزى ۋە باشقا نەرسىمۇ بولالمايدۇ. ئىجابى تەرەپ بىلەن سەلبى تەرەپ مۇتلەق هالدا بىر بىرىنى چەتكە قاقىدۇ؛ سەۋەپ بىلەن نەتىجىمۇ ئوخشاشلا تۇرغۇن قارىمۇ ـ قارشىلىقتا تۇرىدۇ. دەسلەپ قارىغاندا، بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن يارامىلىق بولۇپ كورۇنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاددى ساۋات دىگەن نەرسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. هالبۇكى، ئاددى ساۋات ئۆزىنىڭ كۇندىلىك پائالىيىتى دائىرىسىدە گەرچە تولىمۇ هورمەتلىك نەرسە بولسىمۇ، لېكىن كەڭ تەتقىقات ساهەسىگە كىرىشى بىلەنلا، كىشىنى تازا ئەجەپلەندۇرىدىغان ۋەقەلەرگە دۇچكېلىدۇ. شىڭئېرشاڭشۇيلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى گەرچە خېلىلا كەڭ ساهەلەردە، دۇيشياڭنىڭ خاراكتىرىغا قاراپ چوڭ ياكى كىچىك بولىدىغان ساهەلەردە مۇۋاپىق هەتتا زورۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاخىر شۇنداق بىر چەككە بېرىپ يېتىدۇكى، بۇ چەكتىن ئوتكەن هامان، ئۇ بىر تەرەپلىمە، تار، چۇشياڭ بولۇپ قالىدۇ ۋە هەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەر ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئايرىم ـ ئايرىم شەيئىلەرنى كورىدۇيۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۇنتۇيدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى كورىدۇيۇ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يوقىلىشىنى ئۇنتۇيدۇ؛ ئۇلارنىڭ جىمجىتلىغىنى كورىدۇيۇ، ئۇلارنىڭ هەركەتتە ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇيدۇ؛ چۈنكى ئۇ دەرەخنىلا كورىدۇ، ئورماننى كورمەيدۇ. مەسىلەن، كۇندىلىك تۇرمۇشتا بىز مەلۇم هايۋاناتنىڭ مەۋجۇتلۇغى ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىگىنى بىلىمىز، بەلكى كېسىپمۇ ئېيتالايمىز؛ لېكىن توغرىراق تەتقىق قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭ بەزىدە

ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش ئىكەنلىكىنى سېزىمىز. ئانا قوسىقىدىكى بالىنى ئۆلتۈرۈشنى سۇئىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈش دېگىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ مۇۋاپىق چېكىنى تېپىشقا باش قاتۇرۇپ، ھامان نەتىجىسىز ئاۋارە بولغان قانۇنشۇناسلار بۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى - سائىتىنى بەلگىلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى شېڭلىشىپ ئۆلۈمنىڭ ئۇشتۇمتۇت، بىر دەقىقە ئىچىدە بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇزاق بىر جەريان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭدەكلا، ھەرقانداق بىر ئورگانىك جىسىم ھەر بىر دەقىقىدە ئۆزى، ھەم ئۆزى ئەمەس؛ ھەر بىر دەقىقىدە ئۇ تاشقى دۇنيا بەرگەن ماددىلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ ۋە باشقا ماددىلارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ؛ ھەر بىر دەقىقىدە ئۇنىڭ ئورگانىزمىدا بەزى ھۈجەيرىلەر ئۆلۈپ تۇرىدۇ، بەزى يېڭى ھۈجەيرىلەر پەيدا بولۇپمۇ تۇرىدۇ؛ مەلۇم بىر ئۇزاق ياكى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئورگانىزمنىڭ ماددىسى تامامەن يېڭىلىنىدۇ، باشقا ماددىلارنىڭ ئاتوملىرى بىلەن ئالمىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئورگانىك جىسىم مەڭگۈ شۇنىڭ ئۆزى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەم باشقا نەرسە. توغرىراق تەكشۈرگىنىمىزدە، بىز يەنە شۇنىمۇ سېزىمىزكى، مەلۇم قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ ئىككى قۇتۇبى، مەسىلەن، ئىجابىي ۋە سەلبىي قۇتۇپلار، خۇددى بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغىنىدەك، ئۇلار بىر بىرىدىن ئاجرالمايدۇ، بەلكى ئۇلار ھەرقانداق قارىمۇ - قارشىلىقتا بولۇشىغا قارىماي، ھامان ئۆزئارا سىڭىشىپ تۇرىدۇ؛ شۇنىڭدەكلا، سەۋەپ بىلەن نەتىجىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چۈشەنچە پەقەت ئايرىم بىر ھالغا تەتبىق قىلىنغاندىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئالىدۇ؛

لېكىن بۇنداق ئايرىم ھالنى ئۇنىڭ دۇنياۋى بىر پۈتۈنلۈگى بىلەن بولغان ئومۇمى باغلىنىشىغا قويۇپ تەكشۈرگىنىمىزدىلا، بۇ ئىككى چۈشەنچە قوشۇلۇپ، ئومۇمى ئۆزئارا تەسىر كورسىتىش چۈشەنچىسىگە سىڭىپ كىرىدۇ، بۇنداق ئۆزئارا تەسىر كورسىتىش داۋامىدا، سەۋەپ ۋە نەتىجە دائىم ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ؛ بۇ چاغدا ياكى بۇ جايدا نەتىجە بولغىنى ئىككىنچى بىر چاغدا ياكى ئىككىنچى بىر جايدا سەۋەپ بولىدۇ ھەم ئەكسىچە شۇنداق بولۇۋېرىدۇ.

بۇ جەريانلار ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچبىرى شىگىئېر-شاگشۇبلىك تەپەككۇر رامكىسىغا سىغمايدۇ. ئەكسىچە، بىيەنجېگفا ئۈچۈن، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جەريان دەل ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىغىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى بىيەنجېگفا شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كاللىدىكى ئىنكاسىنى تەكشۈرگەندە، ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلارنىڭ باغلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھەركەتلىنىشى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يوقىلىشى تەرەپلىرىدىن تەكشۈرىدۇ. تەبىەت دۇنياسى — بىيەنجېگفانى تەكشۈرۈشنىڭ سىناق تېشى، بەلكى ئېيتىپ ئوتۇشمىز كېرەككى، ھازىرقى زامان تەبىي پېنى بۇنداق تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مول ۋە كۈندىن-كۈنگە كوپىيىپ بارىدىغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن تەبىەت دۇنياسىدىكى ھەممە ئاخىرقى ھېساپتا شىگىئېرشاگ-شۇبلىك رەۋىشتە ئەمەس، بىيەنجېگلىق رەۋىشتە سادىر بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن، بىيەنجېگلىق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان تەبىي پەن ئالىملىرى ھازىرمۇ تېخى بارماق بىلەن سانىغۇدەك بولغانلىقتىن، ھازىر نەزىرىيىۋى تەبىي پەندە ھوكۇم سۈرۈۋاتقان ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى، ئاپتورلار بىلەن كىتاپخانلارنى

ئوخشاشلا ئۈمىتسىزلىككە چۈشۈرگەن چەكسىز قالايمىقانچىلىق ھالىتىنى ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنە شۇ توقۇنۇشتىن چۈشەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالەمنى، ئالەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەم بۇنداق تەرەققىياتلارنىڭ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئىنكاسىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرىشنى پەقەت بيەنجېڭلىق ئۇسۇل قوللانغاندىلا، تۇغۇلۇش بىلەن يوقىلىش ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلگىرىلەشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن چېكىنىشتىكى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي ئۆزئارا تەسىر كورستىشكە ھەمىشە دىققەت قىلغاندىلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. يېقىنقى زامان گېرمانىيە پەلسەپىسى باشتىلا ئەنە شۇنداق روھ بىلەن پائالىيەت ئېلىپ باردى. كانت ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھاياتىنى باشلاش بىلەنلا، نيۇتوننىڭ تۇراقلىق قۇياش شىتۇڭىنى، مەشھۇر بىرىنچى تۈرتكە بېرىلگەندىن كېيىن مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ قالغان قۇياش شىتۇڭىنى تارىخىي جەريانغا يەنى قۇياشنىڭ ۋە بارلىق سەييارىلەرنىڭ ئايلىنىپ تۇرىدىغان تۇمان توپلىرىدىن پەيدا بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ: قۇياش شىتۇڭىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىنىمۇ كورستىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇقتىنەزىرىنى لاپلاس شۇشۆ جەھەتتىن ئىسپاتلىدى؛ يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، فېنگۇاڭجىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇيۇشۇش دەرىجىسى تۈرلۈكچە بولغان قىزىق گاز توپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى.[31]

بۇنداق يېقىنقى زامان گېرمانىيە پەلسەپىسى گېگېل تىشىسىدە يۇقىرى پەللىگە يەتتى، بۇ تىشىدە گېگېل بىرىنچى قېتىم — بۇ ئۇنىڭ كورسەتكەن غايەت زور خىزمىتى — پۈتۈن تەبىي، تارىخىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى بىر جەريان قىلىپ تەسۋىرلىدى، يەنى ئۇنى ئۈزلۈكسىز ھەركەت، ئوزگىرىش، بىر بىرىگە ئايلىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىچىدە تۇرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلىدى ھەم بۇنداق ھەركەتنىڭ ۋە راۋاجلىنىشنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىشقا ئۇرۇندى①. بۇ نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت تارىخى ئەمدى بۇ چاغدا يېتىلگەن پەلسەپىۋى ئەقىل فاتىگى تەرىپىدىن قويماي تۇكۇرۇپ تاشلىنىشقا ۋە ئەڭ ياخشىسى كىشىلەر تەرىپىدىن دەررو ئۇنتۇلۇشقا تېگىشلىك، قىلچە ئەھمىيەتسىز بولغان قالايمىقان بىر دوۋە زورلۇق كۈچ ھەركەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئوزىنىڭ تەرەققىيات جەريانى بولۇپ چىقتى، تەپەككۇرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ھازىر

---

① «كىرىش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىدا گېگېل پەلسەپىسى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «پەلسەپىنىڭ باشقا ھەممە پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە پەن ئىكەنلىكىدىن ئېيتقاندا، گېگېل تىشىسى پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل شەكلى ئىدى. پۈتۈن پەلسەپە مۇشۇ تىشى ئارقىسىدا زاۋال تاپتى. لېكىن بىيەنجېگلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەم تەبىي، تارىخىي ۋە مەنىۋى دۇنيانىڭ توغۇلۇپ ۋە يوقىلىپ تۇرىدىغان ئۈزلۈكسىز جەرياندا چەكسىز ھەركەت قىلىپ ۋە بىر بىرىگە ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيە قالدى. پەلسەپىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە پەن ھازىر ئوزلىرىنىڭ ئالاھىدە ساھەلىرىدە بۇ ئۈزلۈكسىز بىر بىرىگە ئايلىنىپ تۇرۇش جەريانىنىڭ ھەركەت قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى لازىم. گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئوز ۋارىسلىرىغا قالدۇرغان مىراسى ئەنە شۇ ئىدى.» — تەھرىردىن

مانا شۇ جەرياننىڭ تەرتىپ بىلەن راۋاجلىنىپ بېرىش باسقۇچلىرىنى بارلىق ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئىزلەشتىن ھەمدە مانا شۇ جەرياننىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بارلىق يۈزەكى تاسادىپىيلىقلاردىن ئۆتۈپ تۇرۇپ ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

گېگېلنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ھەل قىلمىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ يەردە ھېچقانچە كارايىتى يوق. ئۇنىڭ كورسەتكەن دەۋر بولگۇچ خىزمىتى مانا شۇ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بولدى. بۇ ھەر-قانداق ئايرىم شەخس ھەل قىلالايدىغان ۋەزىپە ئەمەس. گەرچە سېن ـ سىمونغا ئوخشاش، گېگېل شۇ زاماندىكى ئەڭ بىلىملىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا چەكلىمىگە ئۇچرىدى، بۇلار، بىرىنچىدىن، ئوزىنىڭ مۇقەررەر چەكلىك بولغان بىلىمىنىڭ چەكلىمىسى، ئىككىنچىدىن، ئوز دەۋرىدىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن ئوخشاشلا چەكلىك بولغان بىلىم ۋە چۈشەنچىلەر چەكلىمىسى ئىدى. لېكىن بۇلاردىن باشقا ئۈچىنچى خىل چەكلىمىمۇ بار ئىدى. گېگېل ۋېيشىنجۈيىچى ئىدى، يەنى ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئىدىيە رىيال شەيئىلەر ۋە جەريانلارنىڭ ئازدۇر-كوپتۇر چۈشياكىلىق ئىنكاسى ئەمەس، ئەكسىچە، شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى پەقەت دۇنيا بىنا بولۇشتىن ئاۋال مەلۇم بىر جايدا مەۋجۇت تۇرغان «ئىدىيە»نىڭ رىياللاشقان ئىنكاسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىنىڭ ئايىغى ئاسمانغا قىلىپ قويۇلدى، دۇنيانىڭ رىيال باغلىنىشى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېگېلدا بەزى ئايرىم باغلىنىشلار ھەرقانچە توغرا ۋە تالانتلىق بىلەن ئىگەللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەپسىلاتلاردا يەنە

نۇرغۇن نەرسىلەر ياسالما، سۇنئى، ساختا بولماي، قىسقىسى، بۇرمىلانماي قالمىدى. گېگېلنىڭ تىشىسى، تىشى سۇپىتىدە ئېيتقاندا، ناھايىتى زور چۇشۇك بولدى، لېكىن ئۇ بۇنداق چۇشۇكلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا يەنە ھەل قىلىپ بولمايدىغان ئىچكى زىددىيەتلەر بار ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئۇ تارىخىي نۇقتىنەزەرنى تۈپ ئالدىنقى شەرت قىلدى، يەنى ئىنسانىيەت تارىخىنى بىر تەرەققىيات جەريانى دەپ قارىدى، بۇ جەريان، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، مۇتلەق ھەقىقەت دىگەن نەرسىنى تېپىش ئارقىلىق ئۆز ئەقلىنىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە يېتەلمەيدۇ؛ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە ئۆزىنى مۇشۇ مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ھەممە مەزمۇنى دەپ دەۋا قىلىدۇ. تەبىئەتنى ۋە تارىخنى بىلىش توغرىسىدىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئەڭ ئاخىر تاماملانغان تىشى بېيەنجېكلىق تەپەككۇرنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىگە زىت كېلىدۇ؛ لېكىن بۇ پۈتكۈل تاشقى دۇنيانى شتۇكلۇق بىلىشنىڭ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ بارىدىغانلىقىنى ھەرگىز رەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە جەزمەنلەشتۈرىدۇ.

ئوتكەنكى گېرمانىيە ۋېيشىنجۇيىسىنىڭ پۈتۈنلەي سەپسەتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش مۇقەررەر يوسۇندا ۋېيۋۇجۇيىغا ئېلىپ كەلدى، لېكىن دىققەت قىلىش كېرەككى، 18 ـ ئەسىردىكى ساپ شىكېرشاكشۇيلىك، پۈتۈنلەي جىشىيلىك ۋېيۋۇجۇيىغا ئېلىپ كەلگىنى يوق. ئوتكەن پۈتۈن تارىخنى ساددا ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن قارا ـ قويۇقلا ئىرغىتىپ تاشلاشتەك قىلىقلارنىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسى تارىخنى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا مۇشۇ جەريانىنىڭ ھەركەت قانۇنىيەتلىرىنى تېپىشتىن ئىبارەت. مەيلى 18 ـ ئەسىردىكى فرانسۇزلاردا بولسۇن، ياكى گېگېلدا بولسۇن، ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان تەبىەت قارىشى مۇنداق ئىدى: تەبىەت دۇنياسى تار ئايلانمىدا ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدا نيۇتون ئېيتقان ئەبەدىي ئاسمان جىسىملىرىمۇ ۋە لىننېي ئېيتقان ئۆزگەرمەيدىغان ئورگانىك ماددا تۈرلىرىمۇ بار. بۇ تەبىەت قارىشىنىڭ ئەكسىچە، ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسى تەبىي پەننىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يىغىنچاقلايدۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قارىغاندا، تەبىەت دۇنياسىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ زامان جەھەتتىكى تارىخى بار، ئاسمان جىسىملىرى، قۇلاي شارائىتلاردا ئاسمان جىسىملىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئورگانىك ماددا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا، تۇغۇلۇپ ۋە يوقىلىپ تۇرىدۇ؛ ئايلانمىغا كەلسەك، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان تەقدىردىمۇ، چەكسىز چوڭايتىلىغان كولەمىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ئىككىلىسىدە، ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسى ماھىيەت جەھەتتە بىيەنجېڭلىق بولىدۇ، بەلكى باشقا پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەرقانداق پەلسەپىگە ئەمدى ھاجەت قالمايدۇ. ھەر بىر پەنگە ئۆزىنىڭ شەيئىلەر ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئومۇمى باغلىنىشىدىكى ئورنىنى ئېنىقلاش تەلىۋى قويۇلۇشى بىلەنلا، ئومۇمى باغلىنىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئالاھىدە پەن ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆتكەنكى ھەممە پەلسەپىدىن ئاۋالقىدەكلا مۇستەقىل ساقلىنىپ قالىدىغىنى پەقەت تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى

تەلىمات—شەكىل لوگىكىسى ۋە بىيەنجىڭفالا بولىدۇ. قالغان ھەممىسى تەبىئەت ۋە تارىخ توغرىسىدىكى دەلىللەنگەن پەنلەرگە كىرىدۇ.

لېكىن، تەبىئەت قارىشىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش تەتقىقات خىزمىتىنىڭ بىلىش توغرىسىدا مۇناسىپ، دەلىللەنگەن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشى ئارقىسىدىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان بىر ۋاقىتتا، تارىخ قارىشىدا ھەل قىلغۇچ بۇرۇلۇش تۇغدۇرغان بەزى تارىخىي پاكىتلار ئاللىقاچانلا بارلىققا كەلگەن ئىدى. 1831 - يىلى لىوندا بىرىنچى قېتىم ئىشچىلار قوزغىلىڭى بولدى؛ 1838—1842 - يىللىرى بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرىدىكى ئىشچىلار ھەركىتى يەنى ئەنگلىيىدىكى شىيەنجاڭچىلار ھەركىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسىغا يەتتى. پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش، بىر تەرەپتىن، يىرىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېقىندىلا قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئۇسۇشىغا ئەگىشىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر تارىخىدا ھەممىدىن موھىم ئورۇنغا ئوتتى. پاكىتلار بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىغىنىڭ كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىگى توغرىسىدىكى، ئەركىن رىقابەتنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا ئومۇمىي تەكشىلىكنى ۋە ئومۇمخەلق بەخت-سائادىتىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىغى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ پۈتۈنلەي يالغانچىلىق ئىكەنلىگىنى كۈندىن-كۈنگە كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىماقتا.① بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى،

① «كىرىش»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ بۇ يېرىدە يەنە تۆۋەندىكى بىرنەچچە جۈملىمۇ بار ئىدى: «فرانسىيىدە 1834 - يىلدىكى لىون قوزغىلىڭىمۇ

ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئىپادىسى (ئىنتايىن تولۇق بولمىغان ئىپادىسى بولسىمۇ) بولغان فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ سوتسىيالىزمىنى ھېساپقا ئالماي مۇمكىن بولمىغاندەك، يەنە ھېساپقا ئالماي مۇمكىن بولمايتتى. لېكىن، كونا، تېخىچە چىقىرىپ تاشلانمىغان ۋېيشىنـ جۇيىلىق تارىخ قارىشى ماددى مەنپەئەتكە ئاساسلانغان ھېچقانداق سىنىپىي كۆرەشنى بىلمەيتتى، بەلكى ھېچقانداق ماددى مەنپەئەتنى زادىلا بىلمەيتتى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە بارلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭدا پەقەت «مەدەنىيەت تارىخى»نىڭ بېقىندا ئامىلى سۈپىتىدە مۇنداقلا تىلغا ئېلىنىپ قويۇلغانتى.

يېڭى پاكىتلار كىشىلەرنى ئوتكەنكى پۈتۈن تارىخنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى، نەتىجىدە مەلۇم بولدىكى، ئوتكەن **پۈتۈن** تارىخ سىنىپىي كۆرەش تارىخى بولغان[32]؛ ئۆزئارا كۆرەش قىلىپ تۇرغان بۇ ئىجتىمائى سىنىپلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، قىسقىسى، ئۆز دەۋرىدىكى **ئىقتىسادىي** مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ؛ شۇڭا ھەر بىر دەۋردىكى جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي

---

پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۆرىشىنى ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ سوتسىيالىستىك نەزەرىيىسى تارىخىي موھىملىققا ئېرىشتى، بەلكى بۇ نەزەرىيە، گەرچە گېرمانىيىدە ئىشلەپچىقىرىش كىچىك كولەملىك ئىگىلىكتىن پەقەت ئەمدىلا قۇتۇلۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، گېرمانىيىدىمۇ تىلەكداشلىق ۋە تەنقىت قوزغىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر گېرمانىيىدىن كورە ئېنىقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن نەزەرىيىۋى سوتسىيالىزم ئوتكەندە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ماتېرىيالىنى چەتتىن كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى......». — تەھرىردىن

تۈزۈلمىسى رىيال ئاساسنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەر بىر تارىخىي دەۋردە قانۇن مۇئەسسەسەلىرى ۋە سىياسى مۇئەسسەسەلەردىن ھەمدە دىنىي، پەلسەپىۋى ھەم باشقا نۇقتىنەزەرلەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئۈستقۇرۇلمىنى ئاخىرقى ھېساپتا مۇشۇ ئاساس چۈشەندۈرۈشى لازىم. شۇنداق قىلىپ، ۋېيشىنجۇيى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پانا جايىدىن، تارىخ قارىشىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ۋېيۋۇجۇيىلىق تارىخ قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئوتكەندىكىدەك كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئۇلارنىڭ ئېڭى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئورنىغا كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئارقىلىق چۈشەندۈ-رىدىغان مۇنداق بىر يول تېپىلدى.

لېكىن، خۇددى فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ تەبىئەت قارىشى بىيەنجېڭفا بىلەن ۋە يېقىنقى زامان تەبىي پېنى بىلەن سىغىشالمى-غىنىغا ئوخشاش، ئوتكەنكى سوتسىيالىزىم بۇنداق ۋېيۋۇجۇيىلىق تارىخ قارىشى بىلەن سىغىشالمايتتى. ئوتكەنكى سوتسىيالىزىم، دەرۋەقە، مەۋجۇت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى پىپەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى، شۇ سەۋەپتىنمۇ ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىدى؛ ئۇنىڭ پەقەت ئۇنى ئەسكى نەرسە سۈپىتىدە ئاددىلا چوروۋپ تاشلاشقىلا كۈچى يەتتى. لېكىن مەسىلە: بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي باغلىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋر ئۈچۈن مۇقەررەرلىگىنى چۈشەن-دۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىگىنى چۈشەندۈرۈشتىن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىچكى ۋە ھازىرغىچە يوشۇرۇنۇپ كەلگەن خاراكتېرىنى

ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى، چۈنكى ئىلگىرىكى يىپەن ۋەقە تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىشتىن كورە ئۈنىڭدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتكە قارىتىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئوزى **قوشۇمچە قىممەتنىڭ** كەشپ قىلىنىشى ئارقىسىدا ئورۇنلاندى. ئىسپاتلاندىكى، ھەقسىز ئەمگەكنى ئوزلەشتۈرۈش كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە بۇنىداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ تۈپ شەكلى؛ كاپىتالىست ئوز ئىشچىسىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئەمگەك كۈچىنىڭ شاگىپىن سۈپىتىدە شاگىپىن بازىرىدا ئىگە بولىغان پۈتۈن قىممىتى بويىچە سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مۇشۇ ئەمگەك كۈچىدىن سىقىپ چىقىرىۋالغان قىممەت ئۇنىڭ بۇ ئەمگەك كۈچىگە تولىگىنىدىن يەنىلا كوپ بولىدۇ؛ بۇنىداق قوشۇمچە قىممەت ئاخىرقى ھېساپتا مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ قولىدا كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان كاپىتال مىقتارىنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان قىممەتنىڭ ئومۇمى مىقتارىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى چۈشەندۈرۈلدى.

بۇ ئىككى ئۇلۇق كەشپىيات — ۋېيۇۋجۇيىلىق تارىخ قارىشىمۇ، قوشۇمچە قىممەت ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاشمۇ **ماركسقا** مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. مۇشۇ كەشپىياتلار ئارقىسىدا سوتسىيالىزىم پەنگە ئايلاندى، ھازىرقى مەسىلە ئالدى بىلەن بۇ پەننىڭ ھەممە تەپسىلاتى ۋە ئوزئارا باغلىنىشى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

ئوگىېن ديۇرىڭ ئەپەندى قاتتىق ۋاڭ - چۇڭ كوتىرىپ

سەھنىگە چىققان ھەمدە ئۇزىنىڭ پەلسەپىدە، سىياسى ئىقتىساتتا ۋە سوتسىيالىزىمدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش قىلغانلىغىنى جاكالىغان چاغدا، نەزىرىيىۋى سوتسىيالىزىم ۋە مەرھۇم پەلسەپە جەھەتلىرىدە ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى.

ئەمدى ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ بىزگە نىمە ۋەدىلەرنى بەرگەنلىگىنى ۋە ...... ئۇنىڭ ئۆز ۋەدىلىرىگە قانىداق ۋاپا قىلغانلىغىنى كورۈپ باقايلى.

## 2. ديۈرىڭ ئەپەندى نىمە ۋەدىلەرنى بەردى

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئالدى بىلەن ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ تووەندىكى ئەسەرلىرى: «پەلسەپە كۇرسى»، «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائى ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى»، «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ پىپەنلىك تارىخى»[33]. بىزنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى ئاساسەن بىرىنچى ئەسىرى.

1 ـ بەتتىلا ديۈرىڭ ئەپەندى ئۇزىنى

«زامانىمىز ئۈچۈن ۋە كوز يەتكۈدەك يېقىنقى تەرەققىيات ئۈچۈن بۇ كۈچىنىڭ ‹پەلسەپىنىڭ›① ۋەكىلى بولۇشىنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى» دەپ جاكالايدۇ②.

---

① مۇشۇ كىتاپتا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىكى ئۈچلۈق تىرناق ‹ ›قا ئېلىنغان سوزلەر ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى ئېنگېلس قوشقان. — تەرجىماندىن

② مۇشۇ كىتاپتا ديۈرىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ھەممە نەقىللەردىكى تەكىتلەش بەلگىلىرىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

شۇنـداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىـنى ھـازىرقـى زامانـنىڭ ۋە «كوز يەتكۈدەك» كەلگۈسىنىڭ بىردىن ـ بىر ھەقىقى پەيلاسوپى دەيدۇ. كىمكى ئۇنىڭكىنى ماقۇل كورمىسە، ئۇ ھەقىقەتنى ماقۇل كورمىگەن بولىـدۇ. دىيۇرىـڭ ئەپەنـدىـدىن ئىلـگىرى نۇرغـۇن كىـشىـلەر ئۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق دەپ **تەسەۋۋۇر قىلىشقان** ئىدى، لېكىن، رىخارد ۋاگنېرنى ھېساپـقا ئالمىغاندا، ئۇ خـىجىل بولماستىن ئەنە شۇنداق چوڭ گەپ قىلغان بىرىنـچى كىشى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دەۋاتقان ھەقىقەت يەنىلا

«ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت».

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پەلسەپىسى

«تەبىي تىشى ياكـى رىيالـلىق پەلسەپىسى...... بۇ تىشى رىياللىقنى شۇنداق ئۇسۇل بويىـىچە پىكىر قىلىدۇكى، بۇنداق ئۇسۇل خىيالىي بولغان ۋە جۇگۇەن جەھەتتە چەكلەنگەن دۇنياقاراشنىڭ ھـەرقانـداق خاھىشىنى رەت قىلىدۇ.»

شۇ سەۋەپتىن، بۇ پەلسەپە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگىكى، ئۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىـمۇ ئىنكار قىلمىغان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جۇگۇەن چەكلىمىلىكلىگىدىن ھالقىپ ئوتەلىشىگە ئىمكانىيەت بېرىـدۇ. ئەگەر ئۇ ئەڭ ئاخـىرقى، چـېكىگە يەتـكەن ھەقىقـەتنى تۇرغۇزالايدىغان بولسا، بۇ راستـلا زورۇر، لېكىن بۇ موجىزىنىڭ قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى بىز ھازىـرغىچە تېخى چۈشەنگىنىمىز يوق.

بۇ «روھ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتـكە ئىـگە بىلىمـنىڭ تەبىي تىشىسى» ئاللىقاچان «پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەي، مەۋجۇدىيەتنىڭ توپ شەكىلـلىرىنى پۇختا تۇرغۇزدى». ئۇ ئۆزىـنىڭ «ھەقىقـى پىپەنلىك

نۇقتىنەزىرى»دىن چىقىپ، «رىياللىق پەلسەپىسى ئامىللىرى، دىمەك تەبىئەتتىكى ۋە تۇرمۇشتىكى رىياللىقنى نىشان قىلغان پەلسەپە ئامىللىرى»نى بېرىدۇ، «بۇنداق پەلسەپە پەقەت پەرەز قىلىنغان ھەرقانداق ئۇيۇق سىزىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى ئوزىنىڭ كۈچلۈك ئوزگىرىش ياسايدىغان ھەركىتىدە تاشقى تەبىئەت ۋە ئىچكى تەبىئەتنىڭ بارلىق يېرى ۋە ئاسمىنىنى ئېچىپ بېرىدۇ»: ئۇ — بىر خىل «يېڭى تەپەككۇر ئۇسۇلى»، ئۇنىڭ نەتىجىسى «ئۇزۇل-كېسىل ئوزىگە خاس خۇلاسىلەر ۋە نۇقتىنەزەرلەر...... تىشى ياراتقۇچى ئىدىيىلەر......تۇرغۇزۇلغان ھەقىقەتلەر». بۇ يەردە بىز «مەركەزلەشكەن ئىجاتچانلىق داۋامىدا ئوز كۈچىنى قېزىپ چىقىرىشى لازىم بولغان بىر خىل ئەمگەكنى (بۇنىڭ مەنىسى زادى نىمىكىن)؛ يىلتىزلىرىغىچە ئوتتۇپ بارىدىغان بىر خىل تەتقىقاتنى......تۇپ خاراكتىرلىق بىر خىل پەننى......شەيئىلەر ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر خىل قاتتىق ئىلمىي چۈشەنچىنى ......، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشلىك بولغان بىر خىل پىكىر ئەمگىكىنى......ئىدىيە تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن بىر خىل ئالدىنقى شەرت ۋە خۇلاسىلەرنىڭ ئىجادىي لايىھىسىنى...... مۇتلەق ئاساسىنى» كورىمىز.

ئىقتىسادىي - سىياسى ساھەدە ئۇ بىزگە

«تارىخىي تەرەپتىن ۋە تىشى تەرەپتىن كەڭ مەزمۇنلۇق ئەسەرلەر»نى بېرىش بىلەنلا قالمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئەسەرلەر «مېنىڭ ئۇلۇق ئۇسلۇبقا ئىگە تارىخىي بايانىنامەم» ئارقىسىدا تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ، ئىقتىساتشۇناسلىقتا «ئىجادىي بۇرۇلۇش»نى ئىلگىرى سۈردى:

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەنە ئوزىنىڭ كەلگۈسى جەمىيەت توغرىسىدىكى تولۇق ئىشلىنىپ بولغان سوتسىيالىستىك گۈيخۇاسىنى خاتىمە قىلدى، بۇ گۈيخۇا

«ئېپ - ئېنىق ۋە يىلتىزلىرىغىچە ئوتتۇپ بارىدىغان نەزىرىيىنىڭ ئەمىلىي مۇۋەپپەقىيىتى»،

شۇڭا ئۇ، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پەلسەپىسىگە ئوخشاشلا، يېڭىلىشىشتىن خالى بولغان ۋە كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزەلەيدىغان بىردىن - بىر گۈيخۇا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ چۈنكى

«پەقەت ئەشۇنداق مەن ئۆزەمنىڭ "مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائى ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى"دا تەسۋىرلىگىنىمگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك تۈزۈلمىدە ھەقىقى ئىگىدارلىق پەقەت خىيالىي، ۋاقىتلىق ياكى زورلۇق كۈچىگە ئاساسلانغان مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىنى باسىدۇ». كەلگۈسى مانا شۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم.

ديۇرىڭ ئەپەندى شۇ ديۇرىڭ ئەپەندىگە تەقدىم قىلغان بۇ مەدھىيە گۈلدەستىسىنى ناھايىتى ئاسانلىق بىلەن ئۇن ھەسسە ئاشۇرۇشقا بولاتتى. بۇ گۈلدەستە ھازىر كىتاپخاندا: راستتىن بىر پەيلاسوپقا دۇچكېلىپ قالدىمۇ، ياكى......غا دۇچكېلىپ قالدىمۇ دىگەن بەزىبىر گۇمانلارنى تۇغدۇرۇشقا كۇپايە قىلىدۇ، لېكىن بىز كىتاپخاندىن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەن تۇپ خاراكتىر بىلەن تەپسىلى تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، ۋاقتىنچە ئۆزىنىڭ ھوكمىنى چىقارماي تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ يۇقۇرىدىكى ئەشۇ گۈلدەستىنى ئېلىپ چىقىشىمىزدىن مەقسەتمۇ بىزنىڭ كورۇپ تۇرغىنىمىز ئۆز ئىدىيىسىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرغۇچى ئادەتتىكى پەيلاسوپ ۋە سوتسىيالىزىمچى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى زورمۇ - زور جياۋخۇاڭغا ئوخشاش يېڭىلىشىشتىن خالى دەپ دەۋا قىلغۇچى ئادەتتىن تاشقىرى زات ئىكەنلىگىنى، ئەگەر كىشىلەر زادىلا كەچۈرگۈسىز كۇپپارلىققا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمىسا، ئۇنىڭ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزەلەيدىغان بىردىن - بىر تەلىماتىنى غىڭ قىلماي قوبۇل قىلىشى

لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىنلا ئىبارەت. بىزنىڭ بۇ يەردە دۇچكېلىۋاتقىنىمىز ھەرگىز ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر غەزنىسىدە تولۇپ ياتقان بەلكى يېقىندىن بۇيان گېرمانىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر غەزنىسىدىمۇ تولۇپ ياتقان ئەسەرلەرنىڭ بىرخىلى ئەمەس، — بۇ ئەسەرلەردە ھەر خىل - ھەر ياڭزا كىشىلەر ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئەڭ سەمىمى پوزىتسىيە بىلەن ئىنقىلاشقا كۈچەپ ئۇرۇنغان، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردا ماتېرىيال ئازدۇر - كوپتۇر كەملىك قىلغان بولسا كېرەك؛ بۇ ئەسەرلەردە ئىلمىي ۋە ئەدىبىي جەھەتتە قانداق كەمتۈكلۈك بولسا بولسۇن، ئۇلاردىكى سوتسىيالىستىك ياخشى ئارزۇلار ھەر ھالدا ماختاشقا لايىق. ئەكسىچە، ديۇرىڭ ئەپەندى بولسا ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت دەپ جاكالىغان ئەنە شۇ پىرىنسىپلارنى ئالدىمىزغا قويىدۇ، شۇڭا، بۇ پىرىنسىپلاردىن باشقا ھەرقانداق پىكىر تۈپتىن خاتا بولۇپ چىقىدۇ؛ خۇددى بىردىن - بىر ھەقىقەتكە ئىگە بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئۇ بىردىن - بىر قاتتىق ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىغىمۇ ئىگىكى، بۇنداق ئۇسۇلدىن باشقا ھەممە ئۇسۇل ئىلمىي بولماي قالىدۇ. يا ئۇ ھەقلىق، ئۇنداق بولسا، ئۇ بارلىق زامانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇق تالانت ئىگىسى، بىرىنچى ئادەتتىن تاشقىرى كىشى، چۈنكى ئۇ يېڭىلىشىشتىن خالى. يا ئۇ ھەقلىق ئەمەس، ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ھوكمىمىز قانداق بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ئېھتىمال ياخشى بولغان ئارزۇلىرى توغرا نىيەت بىلەن ھېساپقا ئېلىنسا، بۇ ھەر ھالدا ديۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ئەجەللىك ھاقارەت بولاتتى.

ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتكە ۋە بىردىن - بىر

قاتتىق ئىلمىيلىككە ئىگە ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئەلۋەتتە، تېنەپ يۇرگۇچى ۋە ئىلمىي بولمىغان باشقا ئىنسانلارغا خېلىلا كەمستىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۇچۇن، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ پېشۋالىرى توغرىسىدا ئىنتايىن مەنستىمەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن توختالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئۇلۇق زات دەرىجىسىگە دەرىجە ئاتىلاپ كوتىرىلگەن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ تۇپ خاراكتىرلىغى ئالدىدا مەرھەمەتكە ئېرىشكەن چاغدا، بىز ھەيران قالماسلىغىمىز لازىم.

ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ پەيلاسوپلار توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى:

«ھەرقانداق ئېسىل پەزىلەت كەم لېيبنىز، بۇ بارلىق پەلسەپەنىڭ ئوردا خادىملىرىدىن ئەڭ بەلىنى.»

**كانتقا** تېخى بىر ئىلاج قىلىپ چىداش مۇمكىن؛ كانتتىن كېيىن ھەممىسى مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ:

«بولۇپمۇ فىشت بىلەن شېللىڭ دىگەن بۇ ئىككى بىۋاستە تەقلىتچىنىڭ سەپسەتىلىرى بىلەن ھەم شاللاق، ھەم تېتىقسىز ئاخمىقانە سوزلىرى...... تەبىي پەن ھەققىدىكى نادان غەلىتە سوزلەرنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ ھەجۋى سۇرەتلىرى......كانتتىن كېينكى غەلىتە ھادىسلەر»، شۇنىڭدەك «گېگېل دىگەن بىر كىشى» تەرىپىدىن توكەللەنگەن «قىزىتما جويلۇشى» كېلىپ چىقتى. بۇ ئەپەندى «گېگېلنىڭ كەسپىي تىلى» بىلەن سوزلەپ، ئۆزىنىڭ «ھەتتاكى شەكىل جەھەتتىنمۇ ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇلى» ۋە ئۆزىنىڭ «يىرىك بۇيۇمى» ئارقىلىق «گېگېل ۋاباسى»نى تارقاتتى.

تەبىي پەن ئالىملىرىمۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق مۇئامىلىگە ئېرىشمىدى، لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندى پەقەت دارۋىننىڭ نامىنى تىلغا

ئالدى، شۇڭا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇرمىز:

«دارۋىنىزىمنىڭ يېرىم شېھرى ۋە بىيەنتەيشۇسى، ئۇلارنىڭ نۇقتىسنەزىرىدىنىڭ شەھۋانە تارلىغى ۋە پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىغى بىلەن قوشۇلۇپ...... بىزنىڭ پىكرىمىزچە، ئوزگىچە بولغان دارۋىنىزىم — ئۇنىڭدىن لامارك تەلىماتىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، ئەلۋەتتە، — پەقەت ئىنسان تەبىتى بىلەن دۇيكالىڭ بولغان بىر خىل ھايۋان تەبىتىدىن ئىبارەت.»

لېكىن تازا نەس باسقىنى سوتسىيالىزىمچىلار بولۇپ چىقدۇ. بارلىق سوتسىيالىزىمچىلار ئارىسىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان لۇئى بىلان دىگەن كىشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناكار بولسا كېرەك، بۇلار دېۋرىنىڭ ئەپەندىدىن ئىلگىرى (ياكى كېيىن) تۇرۇشتەك شان-شەرەپتىن بەھرىمەن بولالماسلىغى كېرەك. بۇ پەقەت ھەقىقەت ۋە پەن جەھەتتىن قارىغاندىلا ئەمەس، ياق، بەلكى خىسلەت جەھەتتىن قارىغاندىمۇ شۇنداق. بابېفنى ۋە 1871 - يىلدىكى بىرنەچچە گۇگشېي ئەزاسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى «زات» ھېساپلانمايدۇ. ئۇچ خىيالپەرەس «ئىجتىمائى زەرگەرلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىن سېن-سىمون ھەر ھالدا كەچلىككە ئېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇ «ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىنىۋەتكەن»لىك بىلەنلا ئەيىپلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ دىن سەۋدايىلىغىنىڭ دەردىنى تارتقانلىغى ھېسداشلىق پوزىتسىيە بىلەن كورسىتىلىدۇ. لېكىن فۇرىيې ئۈستىدە توختالغاندا، دېۋرىنىڭ ئەپەندى زادىلا تاقەت قىلالماي قالىدۇ، چۈنكى فۇرىيې

«نېرۋا بۇزۇلۇشىنىڭ بارلىق ئاملىلىرىنى...... ئوتمۇشتە پەقەت ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىلا تېپىشقا بولىدىغان ئىدىيىلەرنى...... ئەڭ بىمەنە خىياللارنى...... نېرۋا بۇزۇلۇشىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشكارىلىدى...... تەسۋىرلەپ

چىققۇسىز دوت فۇرىيې»، بۇ «گودەك كاللا»، بۇ «لەقۋا» ھەتتا ئەزەلدىن
سوتسىيالىزمچى ئەمەس؛ ئۇنىڭ فالانستېرىدا34 ئەقىلگە مۇۋاپىق سوتسىيا-
لىزمدىن قىلچە ئەسەر يوق، بەلكى بۇ «ئاددى سودىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە
قۇراشتۇرۇلغان غەلىتە نەرسە».

ئاخىردا:

«ئەگەر كىمكى بۇ پىكىرلەر (فۇرىيېنىڭ نيۇتون توغرىسىدىكى پىكىرلىرى)
......فۇرىيېنىڭ ئىسمىدا ۋە پۈتۈن فۇرىيېزمدا بىر ئاز ھەقىقى نەرسىنى
كۆرسىتىدىغان پەقەت بىرىنچى بوغۇم (fou — تەلۋە) بارلىقىنى ھېلىمۇ مېنى
چوڭقۇر ئىشەندۈرەلمەيدۇ دەپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم لەقۋالىق
فەنچۇسىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم.»

ئاخىردا، روبېرت ئوۋېن

«كۆچسىز ۋە چالا چۈشەنچىگە ئىگە......ئۇنىڭ ئەخلاق مەسىلىسىدىكى
شۇ قەدەر يېرىك ئىدىيىسى......مەنىسىزلىككە ئايلانغان بىرنەچچە ئېغىز
ئادەتتىكى پاراڭلار......ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋە يېرىك نۇقتىنەزەرلەر......
ئوۋېن ئىدىيىسىنىڭ بېرىشى بىر قەدەر جىددى پەيپەن قىلىشقا دىگۇدەك
ئەرزىمەيدۇ......ئۇنىڭ ساختا شوھرەتپەرەسلىكى» ۋاھاكازالار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دېيۇرىڭ ئەپەندى بۇ خىيالپەرەسلەرنى ھەر
بىرىنىڭ ئىسمى بويىچە ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك بىلەن: سېن-
سىمون — saint (مۇقەددەس)، فۇرىيې — fou (تەلۋە)، ئېنفانتىن —
enfant (گودەك)، دەپ تەسۋىرلەيدىكەن، ئۇ ھالدا، كەم قالغىنىغا:
ئوۋېن — رەھمەتلىك! [o weh!] دەپ قوشۇپ قويۇشقا توغرا
كېلىدۇ. سوتسىيالىزم تارىخىدىكى ئىنتايىن موھىم بىر دەۋرگە
توت سوز بىلەن ئاددىلا جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن
گۇمانلىنىدىكەن، «ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم لەقۋالىق فەنچۇسىغا

كىرگۈزۈلۈشى لازىم».

دېۋرىڭنىڭ كېيىنكى سوتسىيالىزىمچىلار توغرىسىدىكى باھالىرى-دىن، ماقالىمىزنىڭ ھەجمىنى تېجەش ئۈچۈن، پەقەت لاسسالغا ۋە ماركسقا ئالاقىدار سوزلىرىنىلا مىسال كەلتۈرىمىز:

لاسسال: «ئامىباپلاشتۇرۇشقا قىرائەتخانىچە، چوڭ تەرىپىنى قويۇپ، ئۇششاق تەرىپىنى كولاشتۇرۇپ ئۇرۇنۇش...... چاتقال مەدرىس پەلسەپىسى...... ئومۇمى نەزىرىيىلەر بىلەن پارچە-پۇرات يوقىلاڭ گەپلەرنىڭ غەلىتە ئارىلاشمىسى...... ئەھمىيەتسىز ۋە قاملاشمىغان كېكېلچە خۇراپاتلىق...... كىشىنى قورقىتىدىغان مىساللار...... ئۆزىگە خاس چەكلىمىلىك...... بىر پۇلغا يارىمايدىغان چەرچىن مال تەنزىسى بىلەن ماختانچاقلىق قىلىش...... بىزنىڭ يەھۇدى قەھرىمانىمىز...... ئۇششاق-چۈششەك كىتاپچىلارنى يېزىپ يۇرىدىغان كىشى ...... ئەسكى...... كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنياقارىشىنىڭ ئىچكى تۇراقسىزلىغى.»

ماركس: «نۇقتىسىنەزەرلىرىنىڭ تارلىغى...... ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئۆزىدىن قارىغاندا يەنى ساپ نەزىرىيىۋى نۇقتىسىنەزەر-دىن قارىغاندا، بىزنىڭ ساھەمىز (سوتسىيالىزىمنىڭ پەيپەنلىك تارىخى) ئۈچۈن ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس، مەنىۋى ئېقىنلارنىڭ ئومۇمى تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ كوپ بولغاندا يېقىنقى زامان مەدرىس پەلسەپىسىدىكى بىر تارماقنىڭ تەسىرىنىڭ بەلگىسى...... مەركەزلەشتۇرۇش ۋە رەتكە سېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىغى...... ئىدىيىسى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ قاملاشمىغانلىغى، تىل جەھەتتىكى پەسكەشلىكى...... ئەنگلىيىچىلەشكەن ساختا شوھرەتپەرەسلىك...... ئالدامچىلىق...... ئەمىلىيەتتە پەقەت تارىخي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خام خىياللارنىڭ شالغۇتىدىنلا ئىبارەت بىمەنە ئىدىيىلەر...... ساختا ئىبارىلەر...... شەخسى ساختا شوھرەتپەرەسلىك...... رەزىل ئىستىل...... نومۇسسىزلىق...... زېرەك بولۇۋالغان دوتلۇق ۋە ئاخماقلىق...... جۈڭگوچە بىلىمدانلىق...... پەلسەپە ۋە پەن جەھەتتىكى

قالاقلىق.»

ۋاھاكازا، ۋاھاكازالار، بىر ـ بىرلەپ كورسىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇلار تېخى ديۇرىڭنىڭ گۈلزارلىقىدىن ئۈزۈل كەلگەندە ئۈزۈۋېلىنغان كىچىككىنە بىر گۈلدەستە. تەبىي، بىز بۇ يېقىملىق تىل ـ ھاقارەتلەرنىڭمۇ ــ ئەگەر ديۇرىڭ ئەپەندى سەلـ پەل ئۇقۇمۇشلۇق بولغىنىدا ئىدى، ئۇ تىللىغان چاغدا، ھەرقانداق نەرسىنى رەزىللىك ۋە نومۇسسىزلىق دەپ قارىمىغان بولاتتى ــ ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە ھازىرچە زادىلا توختالمايمىز. بىز بۇ تىل ـ ھاقارەتـ لەرنىڭ تۈپ خاراكتېرىدىن قىلچە گۇمانلانماسلىقتا ھازىرمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم، چۈنكى بۇنداق قىلمىغاندا، بەلكىم، بىزمۇ ھەتتا ئۆزىمىزگە تېگىشلىك لەۋزالىق فەنچۈسىنى تاللىۋې- لىشتىن تەقىپلىنەرمىز. بىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى، بىر تەرەپتىن، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئاتالمىش

«ئېھتىياتچان ۋە ھەقىقى كەمتەر ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئېسىللىغى»

نى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن؛

يەنە بىر تەرەپتىن، ديۇرىڭ ئەپەندىدە، ئۆزىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ بىرمۇ توغرا يېرىنىڭ يوقلۇغى ئۈنىڭ ئۆزىنىڭ يېگىلىشىشتىن خالى بولغىنىغا ئوخشاش جەزمەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلايمىز. ئەگەر ھەممە ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىز بۇ بارلىق زاماننىڭ ئەڭ ئۇلۇق تالانت ئىگىسى ھوزۇرىدا سەمىمى ساراسىمىگە چۈشۈپ، سەجدە قىلىمىز.

# برنچي قسم پەلسەپە

## 3. بولۇنمە. شيەنيەنجۇيى

ديۆرڭ ئەپەندنڭ ئېيتشچە، پەلسەپە دۇنيا ۋە تۇرمۇش توغرسدكى ئاڭنڭ ئەڭ يۇقۇرى شەكلدكى تەرەققياتى، تېخمۇ كەڭ مەندە ئېيتقاندا بولسا، ئۇ يەنە بارلق بلم ۋە ئراده پرنسپلرنى ئوز ئچگە ئالدۇ. مەيلى قەيەردە بولسا بولسۇن، پەقەت ئادەمنڭ ئېڭى ئۇچۇن مەلۇم بر قاتار بلش ياكى تەسر توغرسدا، ياكى بولمسا مەۋجۇديەت شەكللرنڭ مەلۇم بر تۇرى توغرسدا مەسلە پەيدا بولدغان بولسا، بۇ شەكللەرنڭ پرنسپلرى پەلسەپنڭ دۇيشياگى بولۇشى لازم. بۇ پرنسپلار ئاددى ياكى بۇگۇنگچە ئاددى دەپ تەسەۋۋۇر قلنپ كەلگەن تەركپلەر بولۇپ، مانا شۇ تەركپلەردن هەر خل-هەر ياگزا بلم ۋە ئراده هاسل بولۇشى مۇمكن. جسملارنڭ خۇاشۇبلك تەركۇگە ئوخشاش، شەيئلەرنڭ ئومۇمى هالتمۇ تۇپ شەكللەرگە ۋە تۇپ ئېلمنتلارغا كەلتۇرۇلۇشى مۇمكن. بۇ چېكگە يەتكەن تەركپلەر ياكى پرنسپلار، تېپلغان هامان، بۋاستە مەلۇم بولغان ۋە ئۇچرشش مۇمكن بولغان نەرسلەر ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى بزگە مەلۇم بولمسغان ۋە ئۇچراشمسغان دۇنيا ئۇچۇنمۇ ئەهميەتلك بولدۇ. شۇڭا، پەلسەپە پرنسپلرى پەننڭ تەبەت دۇنياسنى ۋە ئنسان تۇرمۇشنى چۇشەندۇردغان بر تۇتاش تمشى بولۇشغا ئېهتياجلق بولغان ئاخرقى تولۇقلاش بولدۇ. بارلق مەۋجۇديەتنڭ تۇپ شەكللردن باشقا، پەلسەپنڭ پەقەت ئككلا هەقىقى تەتقىقات دۇيشياگى يەنى تەبەت

دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىلا بار. شۇنداق قىلىپ، ماتېرىيالىزمىنىڭ رەتلىنىشى تەبىي ھالدا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ئۇلار: ئومۇمىي دۇنيا ئەندىزىچىلىكى، تەبىئەت پىرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى تەلىمات ۋە ئاخىردا ئادەم توغرىسىدىكى تەلىماتتىن ئىبارەت. بۇ تىزىمغا ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم ئىچكى لوگىكىلىق تەرتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى بارلىق مەۋجۇدىيەتكە ئۇيغۇن بولغان شەكىللەرنىڭ پىرىنسىپلىرى ئالدىدا ماڭىدۇ، بۇ پىرىنسىپلارنى قوللىنىش لازىم بولغان دۇيشياڭلارنىڭ ساھەلىرى بولسا ئۇلارنىڭ بويسۇنۇش تەرتىۋى بويىچە كەينىدىن كېلىدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق دەيدۇ، بەلكى بۇلار بۇ يەردە پۈتۈنلەي دىگۈدەك سۆزمۇ - سۆز، جۈملىمۇ - جۈملە بېرىلدى.

دېمەك، ئۇ ئېيتقان **پىرىنسىپلار** تاشقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى **تەپەككۇردىن** كەلگەن شەكىللەرنىڭ پىرىنسىپلىرى بولۇپ، بۇ پىرىنسىپلار تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانىيەتكە قوللىنىلىشى **لازىم** ئىكەن، شۇ سەۋەپتىن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت مۇشۇ پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك ئىكەن. لېكىن، تەپەككۇر بۇ پىرىنسىپلارنى نەدىن ئالىدۇ؟ ئۆزىدىنمۇ؟ ياق، چۈنكى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى: ساپ ئىدىيە ساھەسى پەقەت لوگىكىلىق ئەندىزىلەر ۋە شۇشۇيلىك شەكىللەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەيدۇ (بىز ھېلى كۆرىمىز، كېيىنكىسى تېخىمۇ خاتا). لوگىكىلىق ئەندىزىلەر **تەپەككۇر شەكىللىرىگىلا** تاقىلىشى مۇمكىن؛ لېكىن بۇ يەردە سۆز **مەۋجۇدىيەت** شەكىللىرى، تاشقى دۇنيا شەكىللىرى توغرىسىدىلا بارىدۇ، بۇ شەكىللەرنى بولسا تەپەككۇر مەڭگۈ ئۆزىدىن ئالالمايدۇ ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ، بەلكى تاشقى دۇنيادىنلا ئالالايدۇ ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. بۇنداق بولغاندا،

پۈتۈن مۇناسىۋەت ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ چىقىدۇ: پىرىنسىپلار تەتقىقاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى؛ بۇ پىرىنسىپلار تەبىەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا تەتبىق قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن چۈشياك قىلىپ چىقىرىلىدۇ؛ تەبىەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇنلاشمايدۇ، بەلكى پىرىنسىپلار تەبىەت دۇنياسىغا ۋە تارىخقا مۇۋاپىق كەلگەن ئەھۋالدىلا توغرا بولىدۇ. بۇ ـــ شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىردىن ـ بىر ۋېيۋۇجۇيىلىق نۇقتىسىنەزەر، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەكسىچە نۇقتىسىنەزىرى بولسا ۋېيشىنجۇيىلىق بولۇپ، ئۇ ئىشنى تامامەن ئايىغى ئاسمانغا قارىغان قىلىپ قويىدۇ، رىيال دۇنيانى ئىدىيىدىن تۈزىدۇ، دۇنيا ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى قەيەردىدۇر ئەبىدى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەندىزىلەر، فاكـ ئەنلەر ياكى فەنچۇلاردىن تۈزىدۇ، بۇ **گېگېل دىگەن كىشىنىڭكىگە** تامامەن ئوخشايدۇ.

ھەقىقەتەن شۇنداق. بىز گېگېلنىڭ «چۈەنشۇ»[35]سىنى ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن قىزىتما جويلۇشىنى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورەيلى. دىيۇرىڭ ئەپەندىدە، ئالدى بىلەن، ئومۇمى دۇنيا ئەندىزىچىلىكى تۇرىدۇ، بۇ گېگېلدا **لوگىكا** دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بۇ ئەندىزىلەرنى ياكى لوگىكىلىق فەنچۇلارنى تەبىەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىدۇ، بۇ تەبىەت پەلسەپىسى بولىدۇ؛ ئاخىردا، بۇلارنى ئىنسانىيەتكە تەتبىق قىلىدۇ، بۇ ـــ گېگېل روھ پەلسەپىسى دەپ ئاتىغان نەرسە. شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭنىڭ بۇ تىزمىسىنىڭ «ئىچكى لوگىكىلىق تەرتىۋى» بىزنى

گېگېلنىڭ «چۈەنشۇ»سىغا «تەبىي ھالدا» قايىتۇرۇپ كېلىدۇ، بۇ تەرتىپ «چۈەنشۇ»دىن شۇنچە سادىقلىق بىلەن كوچۈرۈۋېلىنغانكى، گېگېلچىلارنىڭ ئومۇرلۇك سەركەردان يەھۇدىسى، بېرلىنلىق مىشلې جياۋشۇ[36] ھەتتا بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتكەن ئىكەن.

ئەگەر «ئاڭ»، «تەپەككۇر»نى تامامەن تەبىەتچىلىك بىلەن مەلۇم تەييار نەرسە دەپ، باشتىلا مەۋجۇدىيەت بىلەن، تەبىەت دۇنياسى بىلەن قارىمۇ-قارشى نەرسە دەپ قارىغاندا، ئۇ ھالدا، نەتىجە ھامان شۇنداق بولىۋېرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئاڭ بىلەن تەبىەتنىڭ، تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ، تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى بىلەن تەبىەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ شۇنچە زىچ ئۇيغۇنلىشىشى ئادەتتىن تاشقىرى ھەيران قالارلىق ھال بولغان بولاتتى. لېكىن، ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: زادى تەپەككۇر ۋە ئاڭ دېگەن نېمە، ئۇلار قەيەردىن كېلىدۇ، دېگەن سوئال قويۇلسا، بىز ئۇلارنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا تەبىەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ موھىتىدا ۋە بۇ موھىت بىلەن بىللە راۋاجلانغانلىقىنى بىلىمىز؛ ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇنداقلا تەبىەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تەبىەت دۇنياسىنىڭ باشقا باغلىنىشى بىلەن زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇيغۇن كېلىدۇ.[37]

لېكىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى مەسىلىگە بۇنداق ئاددى قاراشنى ئۆزىگە لايىق كورمەيدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت نامىدىن تەپەككۇر قىلىدۇ — بۇنىڭ ئۆزىلا خېلى كارامەت ئىش بولاتتى، — بۇنىڭ بىلەن قالماستىن، بارلىق ئاسمان جىسىملىرىدىكى ئاڭغا ئىگە ۋە

تەپەككۇر قىلالايدىغان جانلىق مەۋجۇداتلار نامىدىنمۇ تەپەككۇر قىلىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، «ئەگەر ئاق ۋە بىلىمنىڭ توپ شەكىللىرىگە "كىشىلىك" دىگەن نامنى قوشۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەلا ئەھمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرتسىز ھەقىقەتلىكى ھوقۇقىنى رەت قىلماقچى ياكى ئۇلاردىن ھەتتا گۇمانلانماقچى بولساق، ئۇ ھالدا، بۇ ئەنە شۇ توپ شەكىللەرنى توۋەنلەتكەنلىك بولاتتى».

شۇڭا، كىشىلەردە، باشقا بىرەر ئاسمان جىسمىدا ئىككى يەردە ئىككى بەش بولارمىكىن، دىگەن شۇبھىنى تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەندى تەپەككۇرنى ئادەم تەپەككۇرى، دەپ ئاتىيالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەپەككۇرنى بىردىن-بىر چىن ئاساستىن يەنى ئادەم ۋە تەبىەت دۇنياسىدىن ئايرىۋىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بولسا، تەپەككۇر مۇشۇ ئاساستا پەيدا بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنى «تەقلىتچى» گېگېلنىڭ تەقلىتچىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ھېلىقى ئاق شىگتەيىگە ئۇمىتسىزلىك بىلەن پېتىپ قالىدۇ. ئېيتقاچ كېتەيلى، بىزگە دىيۇرىڭ ئەپەندىنى باشقا ئاسمان جىسملىرىدىمۇ تېخى كوپ قېتىم قارشى ئېلىشقا توغرا كېلەر.

ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇنداق ئاق شىگتەيى ئاساسىدا ھېچقانداق ۋېيۇۇجۇيىلىق تەلىمات بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئاڭلىق ھەركەتنى يەنى ئاددى تىلدا خۇدا دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى تەبىەت دۇنياسىغا يوشۇرۇن بەخشەندە قىلىشقا كوپ قېتىم مەجبۇر بولغانلىغىنى كېيىن كورىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ رىياللىق پەيلاسوپىمىزدا باشقا بىر

غەرەزمۇ يەنى پۈتۈن رىياللىقنىڭ ئاساسىنى رىيال دۇنيادىن ئىدىيىلەر دۇنياسىغا كوچۈرۈش غەرىزىمۇ بار. بۇنداق ئومۇمى دۇنيا ئەندىزىسى توغرىسىدىكى، بۇنداق مەۋجۇدىيەتنىڭ شەكىل پرىنسىپلىرى توغرىسىدىكى پەن دەل دېيۈرىڭ ئەپەندى پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى. ئەگەر دۇنيا ئەندىزىسى كاللىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت كاللا **ئارقىلىق** رىيال دۇنيادىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلسا، ئەگەر مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ئەمەلىي مەۋجۇت شەيئىلەردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغىنى پەلسەپە ئەمەس، بەلكى دۇنيا توغرىسىدىكى ۋە دۇنيادا پەيدا بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدىكى دەلىللەنگەن بىلىملەر بولىدۇ؛ بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغىنىمۇ پەلسەپە ئەمەس، بەلكى دەلىللەنگەن پەن بولىدۇ. لېكىن بۇنداق بولغاندا، دېيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ پۈتۈن-پۈتۈن ئەسەرلىرى بىكار نەرسە بولۇپ قالاتتى.

ئۇنىڭدىن قالسا، پەلسەپىنىڭ ئۆزى ئەمدى لازىم بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا، ھەرقانداق تىشى ھەتتا پەلسەپىنىڭ تەبىي تىشىسىمۇ ئەمدى لازىم بولماي قالىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بارلىق جەريانىنىڭ بىر خىل شىتۇڭلۇق باغلىنىشتا تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىش پەننىڭ ھەممە جايىدا بۇنداق شىتۇڭلۇق باغلىنىشنى ئايرىم قىسىم ۋە پۈتۈن جەھەتتىن ئىسپاتلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق باغلىنىشنى ئەينەن، قىلچىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئىلمىي ھالدا بايان قىلىش، ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۇنيا تىشسىنى دەلمۇ-دەل ئىدىيە ئوبرازى قىلىپ شەكىللەندۈرۈش بىزنىڭ زامانىمىز ئۈچۈن بولسۇن ياكى بارلىق زامانلار ئۈچۈن بولسۇن مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرەر مەزگىلىدە دۇنيادىكى ھەممە باغلىنىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان — مەيلى ئۇ ماددى ياكى مەنىۋى ۋە تارىخىي بولسۇن — ئاخىر پۈتۈپ چىققان بۇنداق تىشى بەرپا قىلىنغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئادەمنىڭ بىلىش ساھەسى شۇنىڭ بىلەن تاماملانغان بولاتتى، بەلكى جەمىيەت مۇشۇ تىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، كەلگۈسى تارىخىي ئىلگىرىلەش ئۈزۈلۈپ قالاتتى — بۇ بىمەنە ئوي، پۈتۈنلەي جويلۇش بولاتتى. بۇنداق بولغاندا كىشىلەر زىددىيەت ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ: بىر تەرەپتىن، دۇنيا تىشىسىنى قىلچىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ھەممە باغلىنىشلاردىن بىلىشكە توغرا كېلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەيلى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدىن ياكى دۇنيا تىشىسىنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتايلى، بۇ ۋەزىپىنى مەڭگۈ تولۇق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇنداق زىددىيەت دۇنيا ۋە ئادەمدىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنىڭ تەبىئىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتۈن ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي پىشاڭى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز ئالغا راۋاجلىنىشى داۋامىدا ھەر كۈنى، ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ خۇددى مەلۇم شۇشۈي مەسىلىلىرى چەكسىز جىشۇدا ياكى ئۈزلۈكسىز كەسىردە ھەل قىلىنغىنىغا ئوخشايدۇ. ئىش يۈزىدە، دۇنيا تىشىسىنىڭ ھەر بىر ئىدىيە ئوبرازى ھامان كېگۇەن جەھەتتە تارىخىي ھالەت تەرىپىدىن، جۈگۇەن جەھەتتە مۇشۇ ئىدىيە ئوبرازىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەمنىڭ جىسمانى ھالىتى ۋە روھىي ھالىتى تەرىپىدىن چەكلىنىپ قالىدۇ. لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەدىگەندىلا ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى جۈگۇەن جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان دۇنيا قاراشنىڭ

ھەرقانداق خاھىشنى رەت قىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يۇرمەيدىغان يېرى يوق ئىكەنلىكىنى—بولۇشى مۇمكىن بولغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە يۇرىدىغانلىقىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتكەن ئىدۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوق ئىكەنلىكىنىمۇ كوردۇق. ئۇ پەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسىنى ھەل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە پەننىڭ كەلگۇسىگە بارىدىغان يولىنى ئېتىپ تاشلىدى.

دىيۇرىڭ ئەپەندى، مەۋجۇدىيەتنىڭ تۇپ شەكىللىرىگە ئوخشاش، پۇتۇن ساپ شۇشۇېنىمۇ شىيەنيەنلىك بىلەن يەنى تاشقى دۇنيا بىزگە كورسىتىپ بەرگەن تەجرىبىلەردىن پايدىلانمايلا كاللىدا ئويلاپ چىقىرىش مۇمكىن، دەپ ھېساپلايدۇ.

ساپ شۇشۇېدە ئىدرەك «ئوزىنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى» بىلەن ئىش كورىدۇ؛ سان ۋە شەكىل ئۇقۇملىرى «شۇشۇي ئۇچۇن كۇپايە قىلىدىغان ۋە شۇشۇي ئوزى ئىجات قىلىدىغان دۇيشياڭ» بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن شۇشۇېنىڭ «ئالاھىدە تەجرىبىدىن ۋە رېيال دۇنيانىڭ مەزمۇنىدىن ئايرىلغان مۇستەقىل ئەھمىيىتى» بار.

ساپ شۇشۇېنىڭ ھەرقانداق شەخسنىڭ **ئالاھىدە** تەجرىبىسىدىن ئايرىلغان مۇستەقىل ئەھمىيىتى بار، بۇ ئەلۋەتتە توغرا، بەلكى بۇ بارلىق پەنلەرنىڭ ئېنىقلانغان بارلىق پاكىتلىرىغا ھەتتا ھەممە پاكىتلارغىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ. ماگنىتنىڭ ئىككى قۇتۇبى بولىدىغانلىقى، سۇنىڭ ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقى، گېگېلنىڭ ئولگەنلىكى، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بولسا تېخى تىرىك ئىكەنلىكى—مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەجرىبەمدىن ياكى باشقا كىشىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئايرىلغان ھالدا ھەتتا دىيۇرىڭ

ئەپەندىنىڭ قاتتىق ئۇيقىغا كەتكەن چاغىدىكى تەجرىبىسىدىنمۇ ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل تۇرىدۇ. بىراق ساپ شۇشۇبھىدە ئىدرەكنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى بىلەنلا ئىش كۆرۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سان ۋە شەكىل ئۇقۇملىرى باشقا ھېچقانداق يەردىن ئەمەس، بەلكى رېال دۇنيادىن ئېلىنغان. كىشىلەر ساناشنى ئۆگىنىشتە ۋە بىرىنچى قېتىم ھېساپ چىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان ئون بارماق باشقا ھەرقانداق نەرسە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىز ئىدرەكنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ئەمەس. ساناش ئۈچۈن، ساناشقا بولىدىغان دۇيشياڭلا بولۇش بىلەن قالماستىن، بەلكى دۇيشياڭنى كۆزىتىۋاتقاندا ئۇنىڭ باشقا بارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، سانغىلا قاراش قابىلىيىتىمۇ بولۇش كېرەك، بۇنداق قابىلىيەت بولسا ئۇزاق مۇددەتلىك، تەجرىبىنى ئاساس قىلىدىغان تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى. سان ئۇقۇمىغا ئوخشاش، شەكىل ئۇقۇمىمۇ كاللىدا ساپ تەپەككۇردىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى تامامەن تاشقى دۇنيادىن ئېلىنغان. ئالدى بىلەن مۇئەييەن شەكىلدىكى جىسىملار مەۋجۇت بولۇشى، بۇ شەكىللەر سېلىشتۇرۇلۇشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا شەكىل ئۇقۇمىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن. ساپ شۇشۇبھىنىڭ دۇيشياڭى ــ رېال دۇنيانىڭ ماكان شەكىللىرى ۋە مىقتار مۇناسىۋەتلىرى، شۇڭا ئىنتايىن رېال ماتېرىياللار. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چۈشىياك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى پەقەت ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن كېلىپ چىققانلىق پاكىتىنى كۆرۈنۈشتە پەردىلەپ تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ شەكىللەر ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ساپ ھالىتىدىن تەتقىق قىلالىغۇدەك بولۇش ئۈچۈن،

ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پۈتۈنلەي ئايرىش، مەزمۇننى ئانچە موھىم بولمىغان نەرسە سۈپىتىدە بىر چەتتە قالدۇرۇش كېرەك؛ شۇنداق قىلىپ، بىز ئۆزۈنلۈغى، كەڭلىكى، ئېگىزلىكى بولمىغان نۇقتىلار، قېلىنلىغى ۋە كەڭلىكى بولمىغان سىزىقلار، $a$ ۋە $b$ بىلەن $x$ ۋە $y$ نى يەنى تۇراقلىق سان ۋە ئۆزگىرىدىغان ساننى تاپىمىز؛ پەقەت ئاخىردىلا ئىدرەكنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلىنى يەنى مەۋھۇم ساننى تاپىمىز. ھەتتا شۇنىڭدە تۇرلۇك سانلارنىڭ روشەن ھالدا بىر بىرىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىشمۇ ئۇلارنىڭ شىيەنىيەنلىك مەنبەسىنى ئىسپاتلىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىلا ئىسپاتلايدۇ. تىك توت بۇلۇڭلۇقنى ئۆزىنىڭ بىر تەرىپى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇشتىن يۇەنجۇ **شەكلى** كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئىدىيە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، شەكىل جەھەتتە تولىمۇ مۇكەممەل بولمىغان بولسىمۇ، ئالدى بىلەن مۇئەييەن ساندىكى رېيال تىك توت بۇلۇڭنى ۋە يۇەنجۇ شەكلىنى چوقۇم تەتقىق قىلىپ تۇرۇش كېرەك بولىدى. باشقا بارلىق پەنلەرگە ئوخشاش، شۇنىڭمۇ ئادەملەرنىڭ **ئېھتىياجلىرىدىن**: يەرلەرنى گۆڭلاش ۋە سىغىمنى ئۆلچەشتىن، ۋاقىتنى ھېساپلاش ۋە قاچا-قۇچىلارنى ياساشتىن پەيدا بولغان. لېكىن، خۇددى تەپەككۇرنىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاش، رېيال دۇنيادىن چۈشياك قىلىپ چىقىرىلغان قانۇنىيەتلەر مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا رېيال دۇنيادىن ئايرىلىدۇ ۋە مەلۇم مۇستەقىل نەرسە تەرىقىسىدە، دۇنيا ئۆيغۇنلىششى شەرت بولغان تاشقىرىدىن كەلگەن قانۇنىيەتلەر تەرىقىسىدە رېيال دۇنيا بىلەن قارىمۇ-قارشى قويۇلىدۇ. جەمىيەت

ۋە دولەت تەرەپتىكى ئەھۋال شۇنداق، **ساپ** شۇشۇبىدىمۇ دەل شۇنداق، ئۇ كېيىنچە دۇنياغا **تەتبىق قىلىندۇ**، گەرچە ئۇ شۇ دۇنيادىن ئېلىنغان ۋە دۇنيانىڭ باغلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىپادىلەيدىغان بولسىمۇ — **پەقەت شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا**، ئۇ تەتبىق قىلىنالايدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى، ھېچقانداق تەجرىبە تەركىپلىرىنى قوشماي، «ساپ لوگىكىلىق نۇقتىنەزەر بويىچە دەلىللەش مۇمكىنمۇ بولمىغان، ھاجەتمۇ بولمىغان» شۇشۇبىلىك گۇگۇللاردىن پۈتۈن ساپ شۇشۇبىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە دۇنياغا تەتبىق قىلىمەن، دەپ ھېساپلايدۇ، شۇنداقلا، ئۇ، مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكىللىرىنى، بارلىق بىلىمنىڭ ئاددى تەركىپلىرىنى، پەلسەپە گۇگۇللىرىنى ئاۋال كاللىدا ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلاردىن پۈتۈن پەلسەپىنى ياكى دۇنيا ئەندىزىچىلىگىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەمنىڭ مانا شۇ ئاساسي قانۇنۇمىنى تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئالىجاناپ قىياپەت بىلەن تەقدىم قىلىمەن، دەپ ھېساپلايدۇ. ئەپسۇسكى، تەبىئەت دۇنياسى زادىلا 1850 ـ يىلدىكى مانتويفېل پرۇسسىيىلىكلىرىدىن[38] تەركىپ تاپقان ئەمەس، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمىلا بولسا ئۇلاردىن تەركىپ تاپقان.

شۇشۇبىلىك گۇگۇللار شۇشۇي لوگىكىدىن ئېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىنتايىن چالا ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ ئىپادىسى. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى گۇگۇلغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پۈتۈن قىسمىدىن چوڭ بولىدۇ. بۇ قائىدە — ساپلا مەنىداش قايتۇرما سۆز، چۈنكى سان جەھەتتىن قارىغاندىكى قىسىم چۈشەنچىسى

باشتىلا مۇئەييەن ھالدا پۈتۈن چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دېمەك، «قىسىم» سان جەھەتتىكى «پۈتۈن»نىڭ سان جەھەتتىكى بىرنەچچە «قىسىم»دىن تەركىپ تاپىدىغانلىقىنى بىۋاستە بىلدۈرىدۇ. بۇ گۇگۇللى دىگەن نىمە بۇنى روشەن بايان قىلىپ بەردى، لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن بىر قەدەممۇ ئالغا باسمىدۇق. بۇ مەنىداش قايتۇرما سوزنى مەلۇم دەرىجىدە مۇنداق **ئىسپاتلاشمۇ** مۇمكىن: پۈتۈن — بىرنەچچە قىسىمدىن تەركىپ تاپقان نەرسە؛ قىسىم — بىرنەچچىنى يىققاندا ئاندىن پۈتۈننى ھاسىل قىلىدىغان نەرسە؛ شۇڭا قىسىم پۈتۈندىن كىچىك بولىدۇ — بۇ يەردە تەكرارلاشنىڭ قۇرۇقلۇغى مەزمۇنىنىڭ قۇرۇقلۇغىنى تېخىمۇ كۈچلۈك كورسىتىپ بېرىدۇ.

2. ئەگەر ئىككى سان ئايرىم - ئايرىم ئېلىنغاندا ئۈچىنچى سانغا باراۋەر بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار بىر بىرىگە باراۋەر بولىدۇ. خۇددى گېگېل ئىسپاتلىغاندەك، بۇ قائىدە — بۇنىڭ توغرىلىقىغا لوگىكا كېپىل بولالايدىغان تەقلىتتىكى يەكۈن[39]، شۇڭا ئۇ ساپ شۇشۇبنىڭ سىرتىدا ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئىسپاتلانىغان. باراۋەر بولۇش ۋە باراۋەر بولماسلىق توغرىسىدىكى باشقا گۇگۇللار پەقەت بۇ يەكۈننىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن كېڭەيتىلىشىلا بولىدۇ.

مەيلى شۇشۇبدە بولسۇن، ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن، بۇنداق چالا قائىدىلەر ھېچنىمىگە دال بولمايدۇ. داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، بىز چىن مۇناسىۋەتلەرنى، رىيال جىسىملاردىن كەلگەن مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ماكان شەكىللىرىنى ئېلىشىمىز لازىم. سىزىقلار، يۈزلەر، بۇلۇڭلار، كوپ بۇلۇڭلۇقلار، لىفاڭتىلار، شارلار ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى رىياللىقتىن

ئېلىنغان، شۈشۈبىشۈناسلارنىڭ: بىرىنچى سىزىق نۇقتىنىڭ ماكان-دىكى ھەركىتىدىن پەيدا بولغان، بىرىنچى يۈز سىزىقنىڭ ھەركىتىدىن پەيدا بولغان، بىرىنچى جىسىم يۈزنىڭ ھەركىتىدىن پەيدا بولغان ۋاھاكازا، دىگەن گەپلىرىگە ئىدىيىدە ئىنتايىن گودەك كىشلەرلا ئىشىنىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشقا ھەتتا تىلمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئۈچ ئۆلچەمگە ئىگە شۈشۈبىلىك شەكىل جىسىم corpus solidum دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سوز ھەتتا لاتىنچىدا قولغا بىلىنىدىغان جىسىمنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بۇ نام ۋادىلا ئىدرەكنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرىدىن ئەمەس، بەلكى تەھقىق رىياللىقتىن ئېلىنغان.

لېكىن، بۇ ھەممە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مۇلاھىزىلەرنىڭ نىمە لازىمى بار؟ ديۈرىڭ ئەپەندى 42- ۋە 43-بەتلەر40دە ساپ شۈشۈبىنىڭ تەجربە دۇنياسىغا نىسبەتەن مۇستەقىللىغى، ئۇنىڭ شيەنيەنلىكلىگى ھەم ئۇنىڭ ئىدرەكنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى بىلەن چىقارغان ھېساۋىنى قىزغىن كۈيلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 63-بەتتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«كىشلەر شۇنىڭغا تولىمۇ ئاسانلا سەل قاراپ قالىدۇكى، بۇ شۈشۈبىلىك ئامىللار (سان، مىقتار، زامان، ماكان ۋە جىنىبىق ھەركەت) پەقەتلا شەكىل جەھەتتە ئىدىيىۋى بولىدۇ..... شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق مىقتار مەيلى قانداق تۈرگە كىرسۇن، پۈتۈنلەي تەجربىدىن ئۇتكەن مەلۇم بىر نەرسە بولىدۇ».....لېكىن، «شۈشۈبىلىك ئەندىزىلەر تەجربىدىن ئايرىلغان شۇنداقتىمۇ يەنىلا يېتەرلىك بولۇپ تۇرغان بايان بولالايدۇ».

بۇنداق دىيىش ھەرقانداق چۈشىنىكغا ئازدۇر-كوپتۇر ئۇيغۇن كېلىدۇ، لېكىن كېيىنكىسىنىڭ رىياللىقتىن چۈشىنىك قىلىپ

چىقىرىۋېلىنمايدىغانلىقىنى زادىلا ئىسپاتلىيالمايدۇ. دۇنيا ئەندىزى‌د-
چىلىكىدە ساپ شۇشۇپ ساپ تەپەككۇردىن پەيدا بولغان، تەبىئەت
پەلسەپىسىدە بولسا ساپ شۇشۇپ تامامەن تەجرىبىدىن ئۆتكەن
مەلۇم بىر نەرسە، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن ۋە كېيىن يەنە تاشقى
دۇنيادىن ئايرىلغان بىر نەرسە. بىز ئەمدى قايسىسىغا ئىشىنىشىمىز
كېرەك؟

## 4. دۇنيا ئەندىزىچىلىكى

«ھەممىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋجۇدىيەت بىردىن ـ بىر بولىدۇ.
ئۇ ئۆز ئۆزىدىن مەمنۇن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ يېنىغا ياكى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە
ھېچنەرسىنى يولاتمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككىنچى بىر مەۋجۇدىيەت
قوشۇلسا، ئۇنى ئەسلىدىكىدىن باشقىچە نەرسە قىلىپ قويىدۇ، يەنى تېخىمۇ
كەڭ پۈتۈنىڭ بىر قىسمى ياكى تەركىۋىي قىسمى قىلىپ قويىدۇ. بىز
ئۆزىمىزنىڭ گويا بىر رامكا ئىچىگە سېلىنغاندەك بىر تۇتاش پىكرىمىزنى
كېڭەيتىۋەتكەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن، بۇ پىكىر بىر پۈتۈنلۈككە كىرىشى شەرت
بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەرقانداقىمۇ ئۆزىدە مەلۇم ئىككى ياقلىمىلىقنى
ساقلىيالمايدۇ. لېكىن شۇنداقلا ھەرقانداق نەرسە بۇ پىكىر بىر پۈتۈنلۈكىدىن
چەتتە قالالمايدۇ......بارلىق تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى ئاڭ ئامىللىرىنى بىر
پۈتۈنلۈككە بىرلەشتۈرۈشتە...... مانا شۇ ئومۇملاشتۇرۇلغان بىرلىك نۇقتىسى
ئارقىلىق، بولۇنمەس دۇنيا ئۇقۇمى پەيدا بولىدۇ، ئالەم بولسا، مۇشۇ
سوزلىك ئۆزى كورسەتكىنىدەك، مۇنداق بىر نەرسە ھېساپلىنىدۇكى،
ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە بىر پۈتۈنلۈككە بىرلەشكەن بولىدۇ.»

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق دەيدۇ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن
شۇشۇپلىك ئۇسۇل قوللىنىلغان:

«ھەرقانداق مەسىلە ئاددى تۈپ شەكىللەر بىلەن، گۆڭىللار بويىچە ھەل قىلىنىشى لازىم، خۇددى ئاددى.....شۇشۇ پىرىنسىپلىرىغا مۇئامىلە قىلىنغىنىغا ئوخشاش.»

«ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋجۇدىيەت بىردىن-بىر بولىدۇ.» ئەگەر مەندىداش قايتۇرما سوز يەنى ئىگىدە ئېيتىلغان نەرسىنى خەۋەردە ئاددى تەكرارلاشمۇ گۆڭىللى ھېساپلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىز بۇ يەردە ئەڭ ساپ گۆڭىلغا ئېرىشىمىز. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىگىدە بىزگە: مەۋجۇدىيەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ، خەۋەردە بولسا ئۇ دادىللىق بىلەن: شۇڭا بۇ مەۋجۇدىيەتتىن تاشقىرى ھېچنەرسە يوق، دەپ ھوكۇم قىلىدۇ. نىمە دىگەن كارامەت «تىشى ياراتقۇچى ئىدىيە»!

ھەقىقەتەنمۇ «تىشى ياراتقۇچى» ئىكەن. بىز تېخى 6 قۇر ئوقۇ-ئوقۇمايلا، دىيۇرىڭ ئەپەندى «بىزنىڭ بىر تۇتاش پىكرىمىز»نىڭ ياردىمى بىلەن، مەۋجۇدىيەتنىڭ **بىردىن-بىرلىگىنى** ئۇنىڭ **بىرلىگىگە** ئايلاندۇرىدۇ. بارلىق تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى شەيئىلەرنى بىر بىر پۈتۈنلۈككە ئومۇملاشتۇرۇشتا بولغاچقا، مەۋجۇدىيەت پىكىر قىلىنىش بىلەنلا بىر تۇتاش نەرسە دەپ پىكىر قىلىنىدۇ، دۇنيا ئۇقۇمى بولۇنمەس بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك **پىكىر قىلىنغان** مەۋجۇدىيەت، **دۇنيا ئۇقۇمى** بىر تۇتاش بولغاچقا، رىيال مەۋجۇدىيەت، رىيال دۇنيامۇ بولۇنمەس بىر پۈتۈنلۈك بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ،

«روھ مەۋجۇدىيەتنى مەۋجۇدىيەتنىڭ يىگانە ئومۇملىقىدىن ئىگەللەشنى ئۆگىنىۋالسىلا، ئۇ دۇنيالىقتا ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ».

بۇ — ئاۋستېرلىتس ۋە يېنانى، كېنىگرېتس ۋە سېدانىنى[41] سۇندۇرىدىغان بىر جەنىيى. بىز بىرىنچى گۆڭىلنى سەپەرۋەر

قىلغاندىن كېيىن، بىر بەتكە يېتەر-يەتمەي، ئىككى-ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەنلا، پۈتۈن ئۇدۇنيالىقنى يەنى خۇدانى، پەرىشتە ئەسكەرلەرنى، جەننەتنى، دوزاقنى ۋە مەھشەرگاھنى، ئۇلار بىلەن بىللە جاننىڭ ئۆلمەسلىكنى بىكار قىلدۇق، تۈگەتتۇق، يوقاتتۇق.

بىز قانداق قىلىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ بىردىن-بىرلىكىدىن ئۇنىڭ بىرلىكىگە ئۆتىمىز؟ پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئۇ توغرىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز بىلەن. ئۆزىمىزنىڭ گويا بىر رامكا ئىچىگە سېلىنغاندەك بىر تۇتاش پىكرىمىزنى كېڭەيتىپ، مەۋجۇدىيەتنى قورشىۋالىدىغانلا بولساق، بىردىن-بىر مەۋجۇدىيەت پىكرىمىزدە بىر تۇتاش مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىدۇ، پىكىر بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىدۇ؛ چۈنكى **بارلىق** تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى ئاڭ ئامىللىرىنى بىر بىر پۈتۈنلۈككە بىرلەشتۈرۈشتە.

بۇ كېيىنكى سۆز تامامەن خاتا. بىرىنچىدىن، تەپەككۇر بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان ئامىللارنى بىر بىر پۈتۈنلۈككە بىرلەشتۈرگەن بولسا، ئوخشاشلا، ئاڭ دۇيشىياگلىرىنى ئۆز ئامىللىرىغا ئاجرىتىدۇ. تەھلىل بولمىسا، ئومۇملاشتۇرۇش بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، تەپەككۇر، ئەگەر ئۇ ئاخماقلىق قىلمىسا، پەقەت مۇنداق بىر خىل ئاڭ ئامىللىرىنى بىر بىر پۈتۈنلۈككە ئومۇملاشتۇرالايدۇكى، بۇنداق ئاڭ ئامىللىرىدا ياكى ئۇلارنىڭ رىيال تىپلىرىدا بۇ بىر پۈتۈنلۈك **ئىلگىرىدىنلا مەۋجۇت** بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆتۈك چوتكىسىنى سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋاناتلار بىر پۈتۈنلۈككە ئومۇملاشتۇرۇپ قويسام، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭدا ھەرگىز سۈت بەزلىرى ئۆسمەيدۇغۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلىكىنى، مەۋجۇدىيەتنى بىر بىر پۈتۈنلۈك دەپ چۈشىنىش توغرىسىدىكى

ئاساسنى ئىسپاتلاش دەل ھاجەت بولۇپ قالىدۇ؛ دېيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە، مەۋجۇدىيەت قانداقتۇ ئىككى ياقىلىما نەرسە ئەمەس، بىر تۇتاش نەرسە دەپ ھېساپلايمەن، دەپ كاپالەت بەرگىنىدە، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس شەخسى پىكرىنىلا ئېيتىدۇ، خالاس.

ئەگەر بىز ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ جەريانىنى ئەينەن بايان قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئۇ مۇنداق بولىدۇ: «مەن مەۋجۇدىيەتتىن باشلايمەن. شۇڭا مەن مەۋجۇدىيەت ئۈستىدە پىكىر قىلىمەن. مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيە بىر تۇتاش. لېكىن تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەت ئۆزئارا تەكشى بولۇشى، ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىشى، "بىر بىرىنى قاپلىشى" لازىم. شۇڭا، رىياللىقتا مەۋجۇدىيەتمۇ بىر تۇتاش بولىدۇ. دېمەك، ھېچقانداق "ئۇدۇنيالىق" مەۋجۇت ئەمەس.» لېكىن، ئەگەر دېيۇرىڭ ئەپەندى بىزنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىنتايىن ئاجايىپ-غارايىپ سوزلەر بىلەن مېھمان قىلىش ئورنىغا شۇنداق ياسمايلا سوزلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئاڭ شىگتەيى ئېنىق كورۇنگەن بولاتتى. ھەرقانداق تەپەككۇر مەھسۇلىنىڭ رىياللىغىنى تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوخشاشلىغى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش — بۇنىڭ ئۆزى گېگېل دىگەن كىشىنىڭ تازا بىمەنە قىزىتما جويلۇشلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پۈتۈن دەلىللىرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ۋېيلىگلۇنچىلاردىن بىر سۇڭ جېنىدىنمۇ ئۇتتۇۋالمىغان بولاتتى. ۋېيلىگلۇنچىلار ئۇنىڭغا قىسقىغىنا قىلىپ: «بىزمۇ دۇنيا ئۆزى يىگانە دەپ ھېساپلايمىز؛ پەقەت بىزنىڭ ئالاھىدە رەسىم بولۇپ قالغان نۇقتىسنەزىرىمىزدىن، تۇنجى گۇنا نۇقتىسنەزىرىمىزدىن قارىغاندىلا، بۇدۇنيا ۋە ئۇدۇنيا دىگەن بولۇنۇش بولىدۇ؛ پۈتۈن

مەۋجۇدىيەت، ئۇزىدىن ئىپتىقاندا، يەنى خۇدانىڭ ئالدىدا بىر تۇتاش» دەپ جاۋاپ بەرگەن بولاتتى. ئۇلار دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ھەمرا بولۇپ، ئۇ ياخشى كورگەن باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر ياكى بىرنەچچە ئاسمان جىسمىنى كورسىتىپ، ئۇ يەردە تۇنجى گۇنانىڭ بولمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ يەردە بۇدۇنيا بىلەن ئۇدۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقلۇغىنى بەلكى دۇنيانىڭ بىرلىكى ئىتىقاتنىڭ تەلىۋى ئىكەنلىكىنى ئىپتىشار ئىدى.

ئەڭ كۇلكىلىك بولغىنى شۇكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىدىن خۇدانىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇغىنى ئىسپاتلايدىغان بىنتىلۇنچە دەلىللىمىنى قوللىنىدۇ. بۇنداق دەلىللىمە: «خۇدا ئۇستىدە پىكىر قىلغىنىمىزدا، بىز ئۇنى بارلىق كامالەتنىڭ يىغىندىسى دەپ پىكىر قىلىمىز. بىراق، بۇ كامالەتنىڭ يىغىندىسىغا ئەڭ ئاۋال مەۋجۇدىيەت كىرىدۇ، چۈنكى مەۋجۇت بولمىغان نەرسىنىڭ كامالەتكە يەتمىگەنلىگى مۇقەررەر. شۇڭا، بىز مەۋجۇدىيەتنى خۇدانىڭ كامالەتلىرى جۇملىسىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. دىمەك، خۇدا جەزمەن مەۋجۇت» دەيدۇ. — دىيۇرىڭ ئەپەندىمۇ دەل شۇنداق دەلىللەيدۇ: «مەۋجۇدىيەت ئۇستىدە پىكىر قىلغىنىمىزدا، بىز ئۇنى **بىر** ئۇقۇم دەپ پىكىر قىلىمىز. بىر ئۇقۇم ئىچىگە ئالغان نەرسە بىر تۇتاش بولىدۇ. شۇڭا، ئەگەر مەۋجۇدىيەت بىر تۇتاش بولمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ئۇزىنىڭ ئۇقۇمىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇ جەزمەن بىر تۇتاش بولىدۇ. دىمەك، خۇدا مەۋجۇت ئەمەس ۋاھاكازالار.»

بىز **مەۋجۇدىيەت** ئۇستىدە بەلكى **پەقەت** مەۋجۇدىيەت ئۇستىدىلا سوزلىگەندە، بىرلىك پەقەت شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىنكى،

بىز ئېيتىۋاتقان پۈتۈن دۇنياغا ئەمەلدە بار. ئۇلار مەۋجۇتلار، ئۇلار ھەرقانداق باشقا بىرلىك ئىچىگە ئەمەس، بەلكى مانا مۇشۇنداق مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلىگى ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى **مەۋجۇت**، دەپ ئادەتتىكىچە ھوكۇم قىلىش ئۇلارغا باشقا ئورتاق بولغان ياكى ئورتاق بولمىغان خۇسۇسىيەتلەر بېرەلمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ۋاقتىنچە رەت قىلىدۇ. پەقەت بىز مەۋجۇدىيەت بۇ شەيئىلەرنىڭ ئورتاق نۇقتىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاددى تۇپ پاكىتتىن چەتلەيدىغان بولساق، ھەتتا بىر مىللىمېتىر بولسىمۇ چەتلەيدىغان بولساق، بۇ شەيئىلەرنىڭ **پەرقلىرى** كوز ئالدىمىزدا كورۇنۇشكە باشلايدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاق، يەنە بەزىلىرىنىڭ قارا، بەزىلىرىنىڭ جانلىق، يەنە بەزىلىرىنىڭ جانسىز، بەزىلىرىنىڭ قانداقتۇ بۇدۇنياغا خاس، يەنە بەزىلىرىنىڭ قانداقتۇ ئۇدۇنياغا خاس بولۇش-بولماسلىقىغا كەلسەك، بىز ئۇنى بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىردەك نوقۇل مەۋجۇدىيەت دېيىلىشىگە قاراپ بەلگىلىيەلمەيمىز.

گەرچە دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇغى ئۇنىڭ بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسىمۇ — چۈنكى دۇنيا ئالدى بىلەن **مەۋجۇت** بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا **بىر تۇتاش** بولالايدۇ، — لېكىن دۇنيانىڭ بىرلىگى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇغىدا ئەمەس. بىزنىڭ كوزىمىز يەتكەن دائىرىنىڭ سىرتىدا، مەۋجۇدىيەت ھەتتا تامامەن يېشىلمەي مۇئەللەق تۇرغان مەسىلە. دۇنيانىڭ ھەقىقى بىرلىگى ئۇنىڭ ماددىلىغىدا، شۇنداق ماددىلىقىنى بولسا سېھىرگەرلەرنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز سوزى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ پەلسەپىنىڭ ۋە تەبىي پەننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە داۋاملىق

تەرەققىياتى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

كورۇشنى داۋاملاشتۇرايلى. دېيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە ئېيتىۋاتقان **مەۋجۇدىيەت**

«ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك بولغان، ھېچقانداق ئالاھىدە مۇئەييەنلىكلىگى يوق بولۇشى بەلكى ئەمەلىيەتتە پەقەتلا پىكىردىكى ھېچنىمىنىڭ ياكى پىكىر يوقلۇغىنىڭ تەڭداش سوزى بولۇشى لازىم بولغان ساپ مەۋجۇدىيەت ئەمەس».

لېكىن بىز دەرھاللا كورىمىزكى، دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ مۇنداق بىر خىل مەۋجۇدىيەتتىن باشلىنىدۇ، بۇنداق مەۋجۇدىيەت ھېچقانداق ئىچكى پەرققە ئىگە بولمايدۇ، ھېچقانداق ھەركەت قىلمايدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا ئىش يۈزىدە پەقەت پىكىردىكى ھېچنىمىنىڭ تەڭداش سوزى بولىدۇ، دېمەك، ھەقىقەتەنمۇ ھېچنىمە بولۇپ چىقىدۇ. پەقەت بۇنداق **مەۋجۇدىيەت-ھېچنىمە**دىن ھازىرقى بولۇنىگەن، ئۆزگىرىشچان بولغان، بىر خىل تەرەققىيات، بىر خىل **بەرپا** بولۇپ ئىپادىلەنگەن دۇنيا ھالىتى راۋاجلىنىدۇ؛ بىز پەقەت بۇنى بىلگەندىن كېيىنلا، بۇنداق ئەبەدى ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىمۇ،

«ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك بولغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىنى ساقلاپ» قالالايمىز.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئەمدى بۇ يەردە، ئۆزگەرمەسلىكنىمۇ، ئۆزگىرىشنىمۇ شۇنداقلا مەۋجۇدىيەتنىمۇ، بەرپا بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قەدەر يۇقۇرى باسقۇچتىكى مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئىگە بولىمىز. بۇ نۇقتىغا يەتكەندىن كېيىن، شۇنى سېزىمىز:

«تېگى ۋە تۈرى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ـــ ئومۇملىق ۋە ئالاھىدىلىك ئەڭ ئاددى پەرق قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ، بۇنداق ئۇسۇل بولمىسا، شەيئىلەرنىڭ ھالىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ».

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى **سۈپەتنى** پەرق ئېتىش ئۇسۇلى؛ بۇلارنى كورۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە داۋامىنى كورىمىز:

«تېگى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغىنى ـــ سان ئۇقۇمى، بۇ سان تۈرداش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمدى تۈر پەرقى يوق»؛

دېمەك، بىز **سۈپەتتىن سانغا** ئۆتىمىز،ساننى بولسا ھامان **«ئۆلچەش مۇمكىن»**.

ئەمدى بىز بۇ «ئومۇمى ئۇنۇملۇك ئەندىزىلەر توغرىسىدىكى چۈشىنىشلىك تەھلىللەر»نى ۋە ئۇنىڭ «ھەقىقى پىپەنلىك نۇقتىسىنەزىرى»نى گېگېل دىگەن كىشىنىڭ يىرىك بۇيۇملىرى، گادىرماش نەرسىلىرى ۋە قىزىتما جويلۇشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورەيلى. بىز شۇنى كورىمىزكى، گېگېلىنىڭ لوگىكىسى **مەۋجۇدىيەتتىن** باشلىنىدۇ ـــ خۇددى دىيۇرىڭ ئەپەندىدىكىدەك؛ بۇنداق مەۋجۇدىيەت **ھېچنىمە** بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ ـــ بۇمۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىدىكىدەك؛ بۇنداق «مەۋجۇدىيەت ـ ھېچنىمە»دىن **بەرپا بولۇشقا** ئۆتىدۇ، بەرپا بولۇشنىڭ نەتىجىسى نەق مەۋجۇدىيەت، يەنى مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر قەدەر يۇقۇرى، بىر قەدەر تولۇقىراق شەكلى ـــ تامامەن دىيۇرىڭ ئەپەندىدىكىدەك. نەق مەۋجۇدىيەت **سۈپەتكە**، سۈپەت **سانغا** ئېلىپ كېلىدۇ ـــ تامامەن دىيۇرىڭ ئەپەندىدىكىدەك. بىرەر موھىم نۇقتىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەندى باشقا بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلەر بارلىق ساننىڭ تەدرىجىلىكلىگىگە قارىماستىن، پەقەت سۈپەت

سەكرىشى ئارقىلىقلا تويغۇسىزلىق ساھەسىدىن تويۇش ساھەسىگە ئۆتىدۇ، بۇنداق سەكرەش توغرىسىدا، بىز......ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك نوقۇل تەدرىجىلىك ئۆتۈش ئۆتتۈرىسىدا چەكسىز پەرق بار، دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.»

بۇ — تامامەن گېگېلنىڭ ئۆلچەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىقى، ئۇنىڭدا ساپ سانىنىڭ كۆپىيىشى ياكى كېمىيىشى مۇئەييەن تۈگۈنلۈك نۇقتىلاردا **سۈپەت سەكرىشىنى** كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن، سۇنى قايناتقان ياكى توڭلاتقاندا، قايناش نۇقتىسى ۋە مۇزلاش نۇقتىسى ئەنە شۇنداق تۈگۈنلۈك نۇقتىلار بولىدۇ، بۇنداق تۈگۈنلۈك نۇقتىلاردا — نورمال بېسىم ئاستىدا — يېڭى تۈپلىنىش ھالىتىگە ئۆتۈش يولىدىكى سەكرەش ئورۇنلىنىدۇ، دېمەك، بۇ يەردە سان سۈپەتكە ئايلىنىدۇ.

بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزمۇ شۇنداقلا بىلىملىرىمىزنىڭ ئۆتۈپ بېرىشقا تىرىشتى ھەم دۇنيانىڭ تۈپ خاراكتېرلىق تۈپ ئەندىزىلىرىنىڭ بىلىمى ئەسلىدە گېگېل دېگەن كىشىنىڭ «قىزىتما جۆيلۈشلىرى»دىن يەنى گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسىم مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسىدىكى[42] فەنچۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كونا گېگېلنىڭ قاتتىق «تىزمىلىرى»دىن ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋېلىنغان ئىكەنلىكى ۋە بۇنداق كۆچۈرۈۋېلىشنى يېپىشقا ھېچقانداق دېيەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلىكىنى سەزدى!

بىراق دېيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى ھە دەپ ھاقارەتلىگەن پېشۋالىرىدىن مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى مۇكەممەل ئەندىزىچىلىكنى ئوغرىلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، ئۆزى ساندىن سۈپەتكە

سەكرەش يولى بىلەن ئۆتۈش توغرىسىدا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەسىلىنى كورسەتكەندىن كېيىن، ھېچ ئىش يوقتەك تېخى ماركس ئۈستىدە گەپ قىلىدۇ:

«مەسىلەن، (ماركس) گېگېلنىڭ سانىنىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى توغرىسىدىكى بۇ گادىرماش مۇجمەل ئىدىيىسىنى نەقىل كەلتۈرۈش نىمە دىگەن كۈلكىلىك بولۇپ چىقىدۇ!»

گادىرماش مۇجمەل ئىدىيە! بۇ يەردە زادى كىم ئايلىنىدۇ، زادى كىم كۈلكىلىك بولۇپ چىقىدۇ، ديۇرىڭ ئەپەندى؟

شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەممە چىرايلىق ئۇششاق ھۈنەر قائىدىگە سىغىدىغان ھالدا «گۈڭلىلار بويىچە بەلگىلەنگەن» بولمايلا قالماستىن، بەلكى توغرىدىن-توغرا سىرتتىن يەنى گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دىگەن كىتاۋىدىن كوچۈرۈۋېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن بىر باپتا ئىچكى باغلىنىشتىن ھەتتا قىلچە ئەسەر يوق، چۈنكى بۇنداق ئىچكى باغلىنىش گېگېلدىن كوچۈرۈۋېلىنمىغان، نەتىجىدە، ھەممىسى ماكان ۋە زامان، ئوزگەرمەسلىك ۋە ئوزگىرىش توغرىسىدىكى قىلچە مەزمۇنسىز خام خىيال بولۇپ قالغان.

گېگېل مەۋجۇدىيەتتىن ماھىيەتكە، بىيەنجېگفاغا ئوتىدۇ. بۇ يەردە ئۇ فەنسىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى **قارىمۇ-قارشىلىقلىرى** ۋە زىددىيەتلىرىنى، مەسىلەن، ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن **سەۋەبىيەتكە** ياكى سەۋەپ بىلەن نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوتىدۇ ھەم **زورۇرىيەت** بىلەن ئاياقلاشتۇرىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندىمۇ ھېچقانداق باشقىچە قىلمايدۇ. گېگېل ماھىيەت نەزىرىيىسى دەپ ئاتايدىغان نەرسىنى ديۇرىڭ ئەپەندى «مەۋجۇدىيەتنىڭ لوگىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى»

دەپ تەرجىمە قىلىنۋالىدۇ. لېكىن بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئالدى بىلەن «كۇچلەر دۇيكاڭلىغى»دا، **قارىمۇ-قارشىلىقلاردا** بولىدۇ. زىددىيەتنى بولسا دىيۇرىڭ ئەپەندى تۇپتىن ئىنكار قىلىدۇ؛ بۇ مەسىلىگە بىز كېيىن يەنە قايتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ **سەۋەبىيەتكە** ئۆتىدۇ، بۇنىڭدىن يەنە **زورۇرىيەتكە** ئۆتىدۇ. دىمەك، ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى توغرىسىدا:

«بىز قەپەز ئىچىدە **تۇرۇپ** پەلسەپىدىن گەپ ئاچمايمىز»،

دەيدىكەن، ئۇ هالدا روشەنكى، ئۇ: قەپەز ئىچىدە **تۇرۇپ**، پەلسەپىدىن گەپ ئاچمەن، دىمەكچى يەنى گېگېلنىڭ فەنچۇ ئەندىزىچىلىگى قەپىزى ئىچىدە تۇرۇپ پەلسەپىدىن گەپ ئاچمەن، دىمەكچى بولىدۇ.

## 5. تەبىەت پەلسەپىسى. زامان ۋە ماكان

ئەمدى **تەبىەت پەلسەپىسى** ئۈستىدە توختىلايلى. بۇ يەردىمۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ پېشىۋالىرىدىن نارازى بولۇشىدا هەممە ئاساسلىرى بار.

تەبىەت پەلسەپىسى «چۈشكۈنلىشىپ شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ مالىماتاڭ، بىلىمسىزلىكنى ئاساس قىلغان ساختا شېرىيەتكە ئايلاندى»، بەلكى «شېلىلىڭ دىگەن كىشىنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇتلەق نەرسىنىڭ مۇتىۋەللىسىمەن، دەپ ماختىنىدىغان ۋە جامائەتنى ئېزىقتۇرىدىغان شېرىكلىرىنىڭ بۇزۇۋقلارچە پەلسەپىۋازلىغىغا ئايلاندى». هارغىنلىق بىزنى بۇ «غەلىتە نەرسىلەر»دىن قۇتۇلدۇردى، لېكىن هازىرغىچە ئۇ «ئارىسالدىلىق»قىلا ئورۇن بوشىتىپ بەردى؛ «سوز كەڭ جامائەت ئۈستىدە بارغاندا، هەممىگە

مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، چوڭراق جاھان ئالدامچىلىرىنىڭ چېكىنىشى كوپ ھاللاردا كىچىكرەك لېكىن قاقۋاشراق داۋامچىلىرىغا ئالدىنقىلارنىڭ ماللىرىنى باشقا بىر پەيزى بىلەن يېڭىۋاشتىن كوتىرىپ چىقىش پۇرسىتىنىلا بېرىدۇ». تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئۆزلىرى «پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيىلەر دۇنياسىدا ساياھەت قىلىشقا قىزىقىش»نى ھېس قىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەزىرىيە ساھەسىدە نوقۇل «شاللاقلىق قىلىدىغان ئالدىراقسانلىق كېسىلى»گە گىرىپتار بولدى.

بۇ يەردە جىددى قۇتقۇزۇش لازىم ئىدى، بەختكە يارىشا دىيۇرىڭ ئەپەندى تۇرۇپتۇ.

دۇنيانىڭ زامان جەھەتتە راۋاجلانغانلىقى، ماكان جەھەتتە چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى بىشارەتلەرگە توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن، «دۇنيا ئەندىزىچىلىكى»نىڭ بىرنەچچە جايىنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىشقا مەجبۇرمىز.

يەنە گېگېلغا ئوخشاشلا («چۈەنشۇ»، 93 ـ بولۇم)، مەۋجۇدىيەتكە چەكسىزلىك بېغىشلىنىدۇ ــ گېگېل **يامان** چەكسىزلىك[43] دەپ ئاتايدۇ ــ ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق چەكسىزلىك تەتقىق قىلىنىدۇ.

«زىددىيەتسىز پىكىر قىلىنىدىغان چەكسىزلىكنىڭ ئەڭ روشەن شەكلى سانىنىڭ سانلار تىزمىسىدىكى چەكسىز جۇغلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ...... بىز ھەر بىر سانىنىڭ ئاخىرىغا باشقا بىر بىر خانىلىق سانىنى قوشۇپ بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ساناشنىڭ مۇمكىنلىكىنى مەڭگۇ تۈگىتىپ قويالمىغىنىمىزغا ئوخشاش، مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەر بىر ھالىتىمۇ يەنە بىر ھالەت كېلىپ قوشۇلۇۋېرىدۇ، چەكسىزلىك بولسا مۇشۇ ھالەتلەرنىڭ توختىماي تۇغۇلۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئېنىق پىكىر قىلىنىدىغان چەكسىزلىكنىڭمۇ پەقەت بىردىن ـ بىر يونۇلۇشكە ئىگە بىردىن ـ بىر تۈپ شەكلى بار. گەرچە بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ئۈچۈن، بۇ

ھالەتلەرنىڭ قارىمۇ-قارشى يونۇلۇشتە جۇغلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە موھىم بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئارقىغا قاراپ چېكىنىدىغان چەكسىزلىك دەل شالاقلىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت. بۇنداق چەكسىزلىك ھەقىقەتەن ئارقىغا بۇرالغان يونۇلۇشكە قاراپ ماڭغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ھەر بىر ھالىتىنىڭ كەينىدە چەكسىز سانلار تىزمىسى بولاتتى. لېكىن بۇنداق بولغاندا ساناشقا بولىدىغان چەكسىز سانلار تىزمىسىنىڭ بۇنداق يول قويۇپ بولمايدىغان زىددىيەتلىرى يۈزبېرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىزلىكنىڭ ئىككىنچى بىر يونۇلۇشى بار دەپ پەرەز قىلىش، روشەنكى، مەنىسىزلىك بولۇپ چىقىدۇ.»

بۇنداق چەكسىزلىك چۈشەنچىسىدىن چىقىرىلغان بىرىنچى خۇلاسە شۇكى، دۇنيادىكى سەۋەپ-نەتىجىلەر زەنجىرىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىتتا باشلىنىشى بولغان بولۇشى لازىم:

«بىر بىرىگە ئۇلانغان سەۋەپلەرنىڭ چەكسىز سانى پىكرىگە سىغمايدۇ، چۈنكى ئۇ سانىغىلى بولمايدىغان ساننى سانىغىلى بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، **چېكىگە يەتكەن سەۋەپنىڭ** بارلىقى ئىسپاتلاندى.

ئىككىنچى خۇلاسە شۇكى،

«ھەر بىر ئەينى سانىنىڭ مەلۇملۇق قانۇنى: مۇستەقىل نەرسىدىن تەركىپ تاپقان رىيال تىپكىنىڭ ئوخشاش نەرسىلىرىنىڭ ھەرقانداق جۇغلىنىشى پەقەت مۇئەييەن ساننىڭ ھاسىل بولۇشى تەرىقىسىدىلا پىكرىگە سىغىدۇ». ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھازىر بار سانىلا ھەر بىر دەقىقىدە مۇقەررەر ھالدا ئەزەلدىن بەلگىلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ماددىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق ئەڭ ئۇششاق مۇستەقىل قىسىملىرى-نىڭ ئومۇمى سانىمۇ مۇقەررەر شۇنداق. بۇ كېيىنكى بىر خىل زورۇرىيەت

نىمىشقا ھەرقانداق بىرىكمىدە ئاتومنىڭ بولماسلىقىنىڭ پىكىرگە سىغمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى. بارلىق رىيال بۆلۈنگەنلىكنىڭ ھامان چەكلىك مۇئەييەنلىكلىكى بولىدۇ، بەلكى بولۇشى مۇقەررەر، ئۇنداق بولمىسا، سانىغىلى بولمايدىغان سانى ساناپ چىقىش زىددىيىتى كېلىپ چىقىدۇ. خۇددى شۇ سەۋەپ بويىچە، بۇنىڭدىن بۇرۇن يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلانغانلىقىنىڭ قېتىم سانىلا — گەرچە ئۇ سانى ئېيتىپ بېرەلمىسەكمۇ — مۇقەررەر بەلگىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋرىي خاراكتېرلىق بارلىق تەبىئەت جەريانلىرىنىڭمۇ مۇقەررەر بىرەر باشلىنىشى بولغان بولۇشى لازىم، بارلىق ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلۈشلەر، تەبىئەت دۇنياسىدا كېيىنى-كېيىندىن كېلىدىغان بارلىق خىلمۇ-خىل ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم بىر ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەتتىن چىققان بولۇشى مۇقەررەر. بۇنداق ھالەت ئەزەلدىن زىددىيەتسىز مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، ئەگەر زاماننىڭ ئۆزى ھەرقايسى رىيال قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان بولسا، پەقەتلا بىزنىڭ ئىدرىكىمىز تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ياردىمى بىلەن خالىغانچە ئايرىغان بولمىسىلا، يۇقۇرىدىكى ئىدىيە رەت قىلىنغان بولاتتى. زاماننىڭ رىيال، ئۆزىدىن پەرق قىلىدىغان مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ؛ زاماننىڭ ھەقىقەتەن ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە پاكىتلاردىن تولدۇرۇلۇشى ۋە بۇ ساھە ئىچىدىكى مەۋجۇدىيەت شەكىللىرى، ئۆزلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلىدىن، دەل سانىغىلى بولىدىغان نەرسە جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەگەر بىز مۇنداق بىر ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىكلىكى ئارقىسىدا ھېچقانداق كېيىنى-كېيىندىن كېلىدىغان پەرق پۈتۈنلەي بولمايدىغان بولسا، بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان زامان ئۇقۇممۇ بىر قەدەر ئومۇمىي بولغان مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسىگە ئايلىنىدۇ. قۇرۇق داۋاملىقنىڭ جۇغلىنىشى زادى نىمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى پەقەت پىكىرگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق دەيدۇ، بەلكى ئۇ بۇ كەشپىيات-لىرىنىڭ موھىملىغى بىلەن ئۆزىچە كورەڭلەيدۇ. دەسلەپ ئۇ بۇ كەشپىياتلارنى «ھېچ بولمىغاندا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ھەقىقەت دەپ ھېساپلانماس» دىگەن ئۈمىتتە بولىدۇ؛ ئەمما كېيىن بىز مۇنۇلارنى كورىمىز:

«ھەممىيلەن بىز چەكسىزلىك ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭغا بولغان پىپەننى مىسلى كورۇلمىگەن تەسىرگە ئىگە قىلدۇرۇشتا قوللانغان ئىنتايىن ئاددى ئىپادە ئۇسۇللىرىنى يادىمىزغا ئالايلى......ھازىرقى زامانچە ئوتكۈرلەشتۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش تۈپەيلىدىن شۇنچە ئاددى يوسۇندا شەكىللەنگەن ئومۇمىيۈزلۈك زامان، ماكان ئىدىيىسىنىڭ ئامىللىرىنى يادىمىزغا ئالايلى.»

بىز قىلدۇرغان! ھازىرقى زامانچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئوتكۈرلەشتۈرۈش! بىز دىگىنى كىم، بىزنىڭ ھازىرقى زامان قايسى ۋاقىت؟ كىم ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرماقتا ۋە ئوتكۈرلەشتۈرمەكتە؟

«تېزىس: دۇنيانىڭ زامان جەھەتتە باشلىنىشى بار، ماكان جەھەتتىمۇ چېكى بار. — ئىسپات: دۇنيانىڭ زامان جەھەتتە باشلىنىشى يوق دەپ پەرەز قىلىنسا، ئەبەدىلىك ھەرقانداق بىر بەلگىلىك دەقىقىدە توگىگەن بولىدۇ، دىمەك، دۇنيادا بىر بىرىنىڭ كەينى-كەينىدىن كېلىدىغان شەيئىلەر ھالىتىنىڭ چەكسىز تىزمىسى بولۇپ ئوتكەن بولىدۇ. لېكىن، تىزمىنىڭ چەكسىزلىگى دەل ئۇنىڭ داۋاملىق ئومۇملىشىش يولى بىلەن ئورۇنلىنىشى-نىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىگىدە. شۇڭا، چەكسىز، بولۇپ ئوتكەن دۇنيا تىزمىسى مۇمكىن ئەمەس، كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، دۇنيانىڭ باشلىنىشى — دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇغىنىڭ زورۇر شەرتى. بۇ — ئىسپاتلاش زورۇر بولغان بىرىنچى نۇقتا. — ئىككىنچى نۇقتا توغرىسىدا، بىز يەنە ئەكسىچە ئەھۋالنى پەرەز قىلايلى: دۇنيا — بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان شەيئىلەردىن تۈزۈل-گەن چەكسىز، بەلگىلىك بىر پۈتۈن گەۋدە. ھەرقانداق بىۋاستە سېزىمىنىڭ

مەلۇم چېگرىسى ئىچىدە بېرىلمىگەن مىقتارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى پەقەت ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىقلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، بۇنداق مىقتارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى بولسا پەقەت ئورۇنلانغان ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ياكى بىرلىكنىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە تەكرار قوشۇش ئارقىلىقلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بارلىق ماكانىنى تولدۇرۇپ تۇرغان دۇنيانى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن، چەكسىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى ئورۇنلىنىپ بولغان نەرسە دەپ قاراش كېرەك بولاتتى، يەنى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان ھەممە شەيئىلەرنى بىر-بىرلەپ سانىغان چاغدا، چەكسىز زاماننى ئاخىرىغا يەتكەن دەپ قاراش لازىم بولاتتى، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رېيال شەيئىلەرنىڭ چەكسىز توپلىنىشى بەلگىلىك بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دېمەك، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا بېرىلگەن نەرسە دەپ قارىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا ئۆزىنىڭ ماكاندا كېڭىيىشىدىن ئېيتقاندا، چەكسىز ئەمەس، بەلكى چەكلىك. بۇ — (ئىسپاتلاش زۆرۈر بولغان) ئىككىنچى نۇقتا.»

بۇ قائىدىلەر 1781-يىلى 1-قېتىم نەشر قىلىنغان، **ئىممانۇئىل كانت يازغان**، «ساپ ئەقىل پىپەنى» دەپ ئاتالغان ناھايىتى مەشھۇر كىتاپتىن سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە كۆچۈرۈۋېلىنغان. بۇ قائىدىلەرنى بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسىم، 2-بۆلۈم، 2-توم، 2-باپ، 2-تارمىقى: ساپ ئەقىلنىڭ بىرىنچى ئېرلۇيىبىيفەنىدە ھەركىمنىڭ ئوقۇشى مۇمكىن.44 ئەھۋالدىن قارىغاندا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ شان-شەرىپى پەقەت ئۇنىڭ كانت ئىپادىلىگەن پىكىرگە بىر **نامنى** — «ھەر بىر ئەينى ساننىڭ مەلۇملۇق قانۇنى»نى چاپلىغانلىقىدا ۋە قايسىبىر ۋاقىتلاردا

دۇنيا گەرچە مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى زامانى بولمىغانلىغىنى كەشپ قىلغانلىغىدا. قالغانلىرىغا يەنى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تەھلىلىدە بىرەر مەنىسى بولغان ھەممىگە كەلسەك، بۇ «بىز» — ئىممانۇئىل كانت، «ھازىرقى زامان» بولسا بارى-يوقى 95 يىلدىن ئىلگىرى. ھەقىقەتەنمۇ «ئىنتايىن ئاددى» ئىكەن! نېمە دېگەن «مىسلى كۆرۈلمىگەن تەسىر»!

لېكىن كانت يۇقۇرىدىكى قائىدىلەرنىڭ ئۇزىنىڭ ئىسپاتلىشى بىلەن ھەل بولغانلىغىنى زادى ئېيتمىغان ئىدى. ئەكسىچە، شۇ بەتتىكى سېلىشتۇرۇلغان جايدا، ئۇ ئەكسىچە قائىدىنى بايان قىلغان ۋە ئىسپاتلىغان ئىدى: دۇنيانىڭ زامان جەھەتتە باشلىنىشى يوق، ماكان جەھەتتە ئاخىرقى نۇقتىسى يوق؛ كانت دەل بىرىنچى قائىدىنىڭمۇ ئىككىنچى قائىدىگە ئوخشاش ئىسپاتلىنىدىغانلىغى جەھەتتە ئېرلۇيىببېيفەننى يەنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتنى بايقىدى. «كانت دېگەن كىشى» بۇ يەردە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقنى تاپتى، قابىلىيىتى تۆۋەنرەك كىشىلەر بۇنىڭدىن ئېھتىمال سەل ئىككىلىنىپ قېلىشاتتى. بىزنىڭ بۇ باتۇرىمىز، «ئۆزۈل-كېسىل ئۆزىگە خاس خۇلاسىلەر ۋە نۇقتىنەزەرلەر» ئىشلەپ چىقۇچىمىز بولسا ئۇنداق قىلمىدى: ئۇ كانتنىڭ ئېرلۇيىببېيفەندىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېرىنمەي كوچۇرۇۋالىدۇ-دە، قالغان نەرسىلەرنى بىر چەتكە چورۇپ تاشلايدۇ.

مەسىلىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ئاددى ھەل قىلىنىدۇ. زامان جەھەتتىكى ئەبەدىلىك، ماكان جەھەتتىكى چەكسىزلىك، ئەسلىدە، بەلكى ئاددى سۆز مەنىسى بويىچىمۇ، ھېچبىر يونۇلۇشتە، مەيلى

ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا، يۇقۇرىغا ياكى تۆۋەنگە، سولغا ياكى ئوڭغا قارىتا بولسۇن، ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان **بىرەر** يونۇلۇش **يوق** دېگەن بولىدۇ. بۇنداق چەكسىزلىك چەكسىز تىزمىنىڭ چەكسىزلىكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى كېيىنكى چەكسىزلىك ھەمىشە توپ ـ توغرا بىردىن، تىزمىنىڭ بىرىنچى ئەزاسىدىن باشلىنىدۇ. بۇنداق تىزما چۈشەنچىسىنى بىزنىڭ دۇنيايىمىزغا تەتبىق قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ ھال بىز ئۇنى ماكانغا تەتبىق قىلغان ۋاقتىمىزدا دەرھال ئايان بولىدۇ. چەكسىز تىزما ماكانغا كۆچۈرۈلۈشى بىلەن مەلۇم بىر نۇقتىدىن باشلىنىپ مۇئەييەن يونۇلۇش بويىچە چەكسىز داۋاملاشتۇرۇلىدىغان سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ماكاننىڭ چەكسىزلىكى مۇجەممەل بولسىمۇ ئىپادىلىنەمدۇ؟ دەل ئەكسىچە، ماكان ئۆلچەملىرى توغرىسىدىكى ئۇقۇمغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر نۇقتىدىن 3 قارىمۇ ـ قارشى يونۇلۇش بويىچە 6 سىزىق ئۆتكۈزسەكلا بولىدۇ، بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىز 6 ئۆلچەمگە ئىگە بولىمىز. كانت بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سانلار تىزمىسىنى دۇنيانىڭ ماكانلىقلىقىغا ۋاستىلىك ھالدا، ئەگىتىپ كۆچۈرگەن. دېيۈرىڭ ئەپەندى بولسا ئەكسىچە، بىزنى ماكاندىكى 6 ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ماكاننىڭ ئادەتتىكى 3 ئۆلچىمى بىلەن قانائەتلىنىشنى خالىمىغان گاۋس ئىپادىلىگەن شۇشۇي شېنمىجۇيىسى توغرىسىدا سۆز بىلەن تەسۋىرلەش تەس بولغان غەزىۋىنى بىلدۈرىدۇ.[45]

ئىككى يونۇلۇشكە قاراپ داۋاملاشتۇرۇلغان چەكسىز سىزىقلار ياكى چەكسىز بىرلىكلەر تىزمىسى زامانغا نىسبەتەن قوللىنىلغان چاغدا، مەلۇم تەمسىل مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر بىز زامانىنى

**بىردىن** سانىلىدىغان بىر خىل تىزما دەپ ياكى مەلۇم بىر **نۇقتىدىن** ئۆتكۈزۈلگەن سىزىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇ ھالدا، بىز ئالدىنالا، زاماننىڭ باشلىنىشى بار، دىگەن بولىمىز، يەنى بىز دەل ئىسپاتلىماقچى بولغان نەرسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىمىز. بىز زاماننىڭ چەكسىزلىكىگە بىر تەرەپلىمە، چالا ـ بۇلا خاراكتىر بەرگەن بولىمىز؛ بىراق بىر تەرەپلىمە، چالا ـ بۇلا چەكسىزلىكمۇ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەت يەنى «زىددىيەتسىز پىكىر قىلىنغان چەكسىزلىك»نىڭ بىۋاستە قارىمۇ ـ قارشى نەرسىسى بولىدۇ. بۇ زىددىيەتتىن خالى بولۇش ئۈچۈن، بىز تىزمىنى سانىغاندا باشلىغان بىر، بىز سىزىقنى ئۆلچىگەندە چىققان نۇقتا تىزمىدىكى ھەرقانداق بىر، سىزىقتىكى ھەرقانداق نۇقتا بولىدۇ دەپلا پەرەز قىلالىشىمىز مۇمكىن، ھالبۇكى، بىزنىڭ بىرنى ياكى نۇقتىنى قەيەرگە قويۇشىمىز سىزىق ياكى تىزما ئۈچۈن بەرىبىر.

لىكىن «ساناشقا بولىدىغان چەكسىز سانلار تىزمىسى»نىڭ زىددىيىتىچۇ؟ دىيۈرىڭ ئەپەندى بىزگە **بۇنداق چەكسىز تىزمىنى ساناپ چىقىشنى** ئەمەلدە كۆرسىتىپ بەرسىلا، بىز بۇ زىددىيەتنى بىر قەدەر تەپسىلى تەتقىق قىلالايمىز. ئۇ، $-\infty$ (مىنۇس چەكسىز چوڭ)دىن 0 گىچە بولغان سانىنى ساناپ بولغان چاغدا، بىزگە كەلسۇن. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ سانىشىنى قەيەردىن باشلىسىمۇ ھامان ئۆزىنىڭ كەينىدە بىر چەكسىز تىزما قالدۇرىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھەل قىلىشى كېرەك بولغان مەسىلىنىڭمۇ بولىدىغانلىقى روشەنغۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز......1+2+3+4 تىزمىسىنى كەينىگە قايتۇرۇپ باقسۇن، شۇنىڭدەك چەكسىز ئاخىرقى نۇقتىدىن بىرگىچە ساناپ باقسۇن؛ ناھايىتى روشەنكى،

بۇ تامامەن ئىشىنىڭ يولىنى ئۇقمايدىغان كىشىنىڭ ئىنتىلىشى بولاتتى. بۇلا ئەمەس. ئەگەر دېيۇرىڭ ئەپەندى، ئۆتۈپ بولغان زاماننىڭ چەكسىز تىزمىسى ساناپ چىقىلغان، دەپ ھوكۇم قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ، زاماننىڭ باشلىنىشى بار، دەپ ھوكۇم قىلغان بولىدۇ؛ چۈنكى ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ «ساناش»نى زادىلا باشلىيالمايتتى. دىمەك، ئۇ يەنە ئىسپاتلاش كېرەك بولغان نەرسىنى ئالدىنقى شەرتىنىڭ ئورنىغا قويىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ساناشقا بولىدىغان چەكسىز تىزما توغرىسىدىكى ئىدىيە، باشقىچە ئېيتقاندا، دېيۇرىڭنىڭ دۇنيانى ئوز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر ئەينى سانىنىڭ مەلۇم قانۇنى بىر تەبىر ئىچىدىكى زىددىيەت [contradictio in adjecto][1] بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزى زىددىيەتنى بەلكى **بىمەنە** زىددىيەتنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئاخىرقى نۇقتىسى بار، باشلىنىشى يوق چەكسىزلىكنى باشلىنىشى بار، ئاخىرقى نۇقتىسى يوق چەكسىزلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، ئىككىلىسىلا چەكسىز بولىدۇ. كىچىككىنە بولسىمۇ بىيەنجېگىلىق كۆزىتىش قابىلىيىتى دېيۇرىڭ ئەپەندىگە چوقۇم بىلدۇرگەن بولاتتىكى، باشلىنىش بىلەن ئاخىرقى نۇقتا، خۇددى شىمالىي قۇتۇپ بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپقا ئوخشاش، مۇقەررەر ھالدا بىر بىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئەگەر ئاخىرقى نۇقتا ئېلىپ تاشلانسا، باشلىنىش دەل ئاخىرقى نۇقتا بولۇپ قالىدۇ، يەنى تىزمىدا بولىدىغان **بىر** ئاخىرقى نۇقتا بولۇپ قالىدۇ، تەتۈرسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر

[1] «دۈگىلەك چاسا»، «ياغاچ تومۇر» دىگەنگە ئوخشاش بىمەنە زىددىيەت كوزدە تۇتۇلىدۇ. — تەھرىردىن

شۇشۇبىدە چەكسىز تىزمىنى قوللىنىش ئادىتى بولمىغان بولسا، پۈتۈن خاتا تۇيغۇلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇشۇبىدە ئېنىق بولمىغان، چەكسىز نەرسىگە يېتىش ئۈچۈن، ئېنىق بولغان، چەكلىك نەرسىلەردىن چىقىپ ئىش قىلىدىغانلىقىمىزدىن، بارلىق شۇشۇبىلىك تىزما، پىلوس ياكى مىنوس بولسۇن، ھەممىسى بىردىن باشلىنىشى لازىم، بولمىسا ساناش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، شۇشۇبىشۇناسلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئېھتىياجى ھەرگىز رىيال دۇنيا ئۈچۈن مەجبۇرى قانۇن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، دىيۇرىڭ ئەپەندى رىيال چەكسىزلىكنى زىددىيەتسىز پىكىر قىلىشنى مەڭگۇ ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. چەكسىزلىكنىڭ **ئۆزى** زىددىيەت، بەلكى ئۇ تولۇق زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. چەكسىزلىك ساپلا چەكلىكلىكتىن تەركىپ تاپىدۇ، بۇ زىددىيەت بولغان بولىدۇ، بىراق ئىش ئەنە شۇنداق. ماددى دۇنيانىڭ چەكلىكلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەت ئۇنىڭ چەكسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتتىن كەم ئەمەس، خۇددى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش يولىدىكى ھەرقانداق ئىنتىلىش يېڭى، تېخىمۇ بەتتەر زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇ چەكسىزلىكنىڭ ئۆزى زىددىيەت **بولغانلىقى ئۈچۈن،** ئۇ چەكسىز، زامان ۋە ماكان جەھەتتە چەك-چېگرىسىز يېيىلىپ بارىدىغان جەريانلاردىن ئىبارەت. ئەگەر زىددىيەت يوقالغان بولسا، ئۇ چەكسىزلىكنىڭ ئاخىرلىشىشى بولۇپ چىقاتتى. گېگېل بۇنى تامامەن توغرا بايقىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇنداق زىددىيەت توغرىسىدا قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەپەندىلەرگە تېگىشلىك كەمسىتىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

بىز سوزىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرەيلى. شۇنداق قىلىپ، زاماننىڭ باشلىنىشى بولغان بولىدى. بىراق بۇ باشلىنىشتىن بۇرۇن نىمە بولغان؟ ئۇز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك، ئۆزگەرمەس ھالەتتىكى دۇنيا بولغان. بۇنداق ھالەتتە ھېچقانداق كەينى-كەينىدىن تۇغۇلغان ئۆزگىرىش بولمىغانلىقتىن، بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان زامان ئۇقۇمىمۇ بىر قەدەر ئومۇمى بولغان **مەۋجۇدىيەت** ئىدىيىسىگە ئايلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ مېڭىسىدە قانداق ئۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىش ياساۋاتقانلىقىنىڭ بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق. بۇ يەردە گەپ **زامان ئۇقۇمى** توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ديۇرىڭ ئەپەندى ھەرگىز ئۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغان **رىيال** زامان ئۇستىدە كېتىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، زامان ئۇقۇمى بىر قەدەر ئومۇمى بولغان مەۋجۇدىيەت ئىدىيىسىگە ھەرقانداق ئۆزگەرگىنى بىلەن، بىز بىر قەدەممۇ ئالغا باسمايمىز. چۈنكى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكلى ماكان بىلەن زامان، زاماندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ، ماكاندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ، ئوخشاشلا، ئىنتايىن بىمەنە ئىش. گېگېلنىڭ «زاماندىن تاشقىرىدا ئۆتكەن مەۋجۇدىيەت» دېگىنى ۋە كېيىن شېللىڭنىڭ «سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدىغان مەۋجۇدىيەت»46 دېگىنى بۇنداق زاماندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەت دېگەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدىيە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ديۇرىڭ ئەپەندى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كورىدۇ: راستىنى ئېيتقاندا، بۇ بەلكىم زاماندۇ، لېكىن ماھىيەتتە زامان دەپ ئاتاشقا بولمايدىغان بىر خىل زامان، چۈنكى بۇنداق زاماننىڭ ئۆزى ھەرقايسى رىيال قىسىملاردىن تەركىپ تاپقان ئەمەس، بەلكى ئۇ پەقەت بىزنىڭ ئىدرىكىمىز

تەرىپىدىنلا خالىغانچە ئايرىلغان، پەقەت زاماننىڭ ئوخشاش بولمىغان پاكىتلاردىن ھەقىقى تولدۇرۇلۇشىنلا ساناپ چىقىشقا بولىدۇ، قۇرۇق داۋاملىقىنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ زادى نىمە مەنىدە ئىكەنلىكى ئەسلا پىكىرگە سىغمايدۇ. بۇنداق جۇغلىنىشنىڭ زادى نىمە مەنىدە ئىكەنلىكىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق كارايىتى يوق. مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ يەردە پەرەز قىلىنغان ھالەت ئىچىدىكى دۇنيا داۋاملىشامدۇ، زامان داۋاملىقلىغىنى باشتىن كەچۈرەمدۇ؟ بىزگە ئاللىقاچاندىن بېرى مەلۇمكى، خۇددى قۇپ-قۇرۇق ماكانىنى قىلچە مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز ئولچەش ھېچنىمە بەرمىگەنگە ئوخشاش، بۇنداق قىلچە مەزمۇنسىز داۋاملىقلىقنى ئولچەشمۇ ھېچنىمە بەرمەيدۇ؛ بۇنداق قىلىش تولىمۇ تېتىقسىزلىق بولغانلىقتىن، گېگېل بۇنداق چەكسىزلىكنى **يامان** چەكسىزلىك دەپ ئاتايدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوزگىرىش زامان ئىچىدە ھەمدە زامان تۇپەيلىدىن مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى زامان پەقەت ئوزگىرىش تۇپەيلىدىنلا مەۋجۇت. مانا شۇ زاماننىڭ ئوزگىرىشكە ئوخشىمىغانلىغى، ئوزگىرىشتىن خالى مۇستەقىل تۇرىدىغانلىغى سەۋەبىدىن، ئۇنى ئوزگىرىش بىلەن ئولچەش مۇمكىن بولىدۇ، چۈنكى ئولچىگەن چاغدا ئولچىنىدىغان نەرسىگە ئوخشاش بولمىغان نەرسە ھامان لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھېچقانداق كورۇنەرلىك ئوزگىرىش بولمىغان زامان ھەرگىز زامان **بولمايدۇ** دىگەنگە باراۋەر ئەمەس؛ ئېيتىش كېرەككى، ئۇ — **ساپ**، ھېچقانداق تاشقىرىدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان زامان، شۇڭا ھەقىقى زامان، **زامان ھېساپلىنىدىغان** زامان. ئىش يۇزىدە، ئەگەر بىز ئىنتايىن ساپ، بارلىق تاشقىرىدىن

كەلگەن، ئالاقىسى بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئاجرىتىلغان زامان ئۇقۇمىنى ئىگەللىمەكچى بولساق، ئۇ ھالدا، زامان جەھەتتە بىر ۋاقىتتا ياكى كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇلغان ھەر خىل ۋەقەلەرنى بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىز نەرسە دەپ بىر ياقتا قالدۇرۇشقا، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىچىدە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدىغان بىر خىل زاماننى تەسەۋۋۇر قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. دېمەك، بۇنداق قىلغاندا، زامان ئۇقۇمىنى ئومۇمى بولغان مەۋجۇدىيەت ئىدىيىسىگە چوكتۇرۇ-ۋەتمەيمىز، بەلكى بىرىنچى قېتىم ساپ زامان ئۇقۇمىغا ئىگە بولىمىز.

بىراق، بۇ ھەممە زىددىيەتلەر ۋە ئىمكانىيەتسىزلىكلەر دۇنيانىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ئىپتىدائىي ھالىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان دىيورىڭ ئەپەندى كىرىپ قالغان قالايمىقانچىلىقلارغا قارىغاندا يەنىلا ساپ باللار ئويۇنى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر دۇنيا بىر زامان-لاردا ئۆزىدە مۇتلەق ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان بىر خىل ھالەتتە بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ قانداق قىلىپ بۇ ھالەتتىن ئۆزگىرىشلەرگە كۆچەلىگەن؟ مۇتلەق ئۆزگەرمىگەن بەلكى ئەزەلدىن مۇشۇنداق ھالەتتە بولۇپ كەلگەن نەرسە ئۆز ئۆزىدىن بۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ھەركەتكە ۋە ئۆزگىرىشكە ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا، دۇنيانى ھەركەتكە سالغان بىرىنچى تۈرتكە چوقۇم تاشقىرىدىن، دۇنيانىڭ تاشقىرىسىدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك. لېكىن، ھەممىگە مەلۇمكى، «بىرىنچى تۈرتكە» — پەقەت خۇدا دېگەننىڭ ئورنىدا كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل سۆز. دىيورىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ دۇنيا ئەندىزىچىلىكىدە پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك قىلغان خۇدا ۋە ئۇ دۇنيا يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئۆتكۈرلەشتۈرۈلگەن ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان شەكىل

بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، تەبىئەت پەلسەپىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنلا ديۇرىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«مىقتار مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس ئامىلى بولغان جايدا بۇنداق مىقتار ئۆزىنىڭ مۇئەييەنلىكلىكى تەرىپىدىن ئۆزگەرمەس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ.....ماددىنىمۇ، جىسىملىك كۈچنىمۇ ئۆيغۇن كېلىدۇ.»

ئېيتقاچ كېتەيلى، بىرىنچى جۈملە ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ گۆڭلى، مەنىداش قايتۇرما سوز بويىچە چوڭ گەپ قىلىدىغانلىقىنىڭ قىممەتلىك مىسالى: مىقتار ئۆزگەرمىگەن جايدا مىقتار ئۆز پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا جىسىملىك كۈچنىڭ مىقتارى ئەبىدى ئۆز پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. بۇ توغرىمۇ بولسۇن، پەلسەپە جەھەتتە بۇنىڭدىن تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى دېكارتنىڭ ئۇنى بىلگەنلىكى ۋە ئېيتىپ بەرگەنلىكى[47]؛ تەبىئى پەندە بولسا كۈچنىڭ ساقلىنىش تەلىماتىنىڭ 20 يىلدىن بېرى ھەممە يەردە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى؛ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇنداق تەلىماتىنى **جىسىملىك** كۈچ بىلەن چەكلەپ قويۇپ، قىلچە ياخشىلىمىغانلىقى — مانا بۇ پاكىتلارنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرىمىز. لېكىن، دۇنيا ئۆزگەرمەيدىغان ھالەتتە تۇرغان چاغدا جىسىملىك كۈچ قەيەردە ئىدى؟ ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ سوئالغا بىرەر جاۋاپ بېرىشتىن تەرسالىق بىلەن باش تارتىدۇ.

ديۇرىڭ ئەپەندى، ئۆز ئۆزىگە ئەبەدى تەڭ دەرىجىلىك بولۇپ قېلىۋېرىدىغان جىسىملىك كۈچ ئۇ چاغدا قەيەردە ئىدى؟ ئۇ نىمىگە تۇرتكە بولغان ئىدى؟ جاۋاپ:

«ئالەمنىڭ ئىپتىدائى ھالىتى، ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزگەرمىگەن، ئۆزى ھېچقانداق زامان جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جۇغلانمىسىنى

ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ماددى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىپتىدائى ھالىتى شۇنداق بىر مەسىلىكى، بۇ مەسىلىدىن پەقەت ئۇزىنىڭ تۇغۇمچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆزى خاراپ قىلىشىنى قالتىس دانالىق دەپ ھېساپلايدىغان كىشىلەرلا باش تارتىشى مۇمكىن.»

دىمەك: ياكى سىلەر مېنىڭ ئۆزگەرمىگەن ئىپتىدائى ھالىتىمنى تەكشۈرمەستىنلا قوبۇل قىلىسىلەر، ياكى مەن، تۇغۇمچانلىق قابىلىيىتىم بولغان ئۇگېن دىيۇرىڭ، سىلەرنى روھىي جەھەتتىكى پىچىۋېتىلگەن ئادەملەر دەپ ئېلان قىلىمەن. بۇ ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەرنى قورقۇتۇشى مۇمكىن. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تۇغۇمچانلىق قابىلىيىتىنىڭ بىرنەچچە ئۈلگىسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، بىز بۇ سىپايى تىل-ھاقارەتكە ۋاقتىنچە جاۋاپ بەرمەي تۇرۇشقا قوشۇلىمىز ۋە يەنە بىر قېتىم سورايمىز: لېكىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى، ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز، جىشىپلىك كۈچ زادى قانداق بولدى؟

دىيۇرىڭ ئەپەندى دەرھال ھودۇقۇپ قالىدۇ.

ئىش يۇزىدە، — دەيدۇ ئۇ دۇدۇقلاپ، — «ئۇنداق ئىپتىدائى چەكتىكى ھالەتنىڭ مۇتلەق ئوخشاشلىغىنىڭ ئۆزى ھېچقانداق ئايلىنىش پىرىنسىپىنى بەرمەيدۇ. بىراق شۇ نەرسە ئېسىمىزدىكى، ماھىيەتتە، بىزگە ئوبدان تونۇشلۇق بولغان مەۋجۇدىيەت زەنجىرىدىكى ھەرقانداق ئەڭ كىچىك يېڭى ھالقىدىمۇ خۇددى شۇ ئەھۋال بار. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ھازىرقى ئاساسىي ئەھۋالدا قىيىنچىلىق تاپماقچى بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئانچە روشەن بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلارغا سەل قارىتىپ قويىدۇرماسلىقتا دىققەت قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەرتىپ بويىچە تەدرىجى ئىلگىرىلەيدىغان ئوتتۇرا ھالەتنى قىستۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ئۈزلۈكسىزلىك كۆۋرۈگىنى قىستۇرۇش مۇمكىنلىگى بار، بۇ ئۆزگىرىش جەريانى تۈگىگىچە كەينىگە چېكىنىشكە ئاسانلىق بېرىدۇ. توغرا، پەقەت ئۇقۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق

ئۆزلۈكسىزلىك ئاساسى ئىدىيىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرمەيدۇ، بىراق بىز ئۈچۈن ئۇ بارلىق قانۇنىيەتلىكنىڭ ۋە بىزگە مەلۇم بولغان ھەرقانداق ئايلىنىشلارنىڭ تۈپ شەكلى بولىدۇ، شۇڭا، بىز ئۇنىڭدىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ھەقلىقمىز. لېكىن، ئەگەر بىز يېقىنقى زامان لىشۇپىسىدە ئالاھىدە قارشى پىكىر (!) قوزغىمىغان ئۇقۇم ئۇلچىمى بويىچە، ئاتالمىش (!) ھەركەتسىز تەڭپۇڭلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ھەتتا ماددىنىڭ قالداق قىلىپ ئۆزگىرىش جەريانىغا بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.» بىراق جىسىملار لىشۇپىسىدىن باشقا، جىسىملار ھەركىتىنىڭ ئەڭ ئۇششاق زەررىچىلەر ھەركىتىگە ئايلىنىشىمۇ بار، ئەمما ئۇ قانداق پەيدا بولىدۇ، «بۇ ھەقتە بىز ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق ئومۇمى پىرىنسىپنى ئىگەللىگىنىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر بۇ جەريانلار قاراڭغۇلۇقتا سەل-پەل كىرىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭلىق بىلەن ئەجەپلەنمەسلىكىمىز كېرەك».

ديۇرىڭ ئەپەندى ئېيتماي بولمايدىغان ھەممە گەپ — مانا شۇ. ئىش يۈزىدە، ئەگەر بىز ئۇنىڭ بۇنداق ھەقىقەتەن ئېچىنارلىق، ئوسال يورغىلاتما گەپ ۋە قۇرۇق گەپلەر بىلەن كوز بويىمچىلىق قىلىشقا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، «ئۆزىنىڭ تۇغۇمچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆزى خاراپ قىلىش»نى قالتىس دانالىق دەپ ھېساپلىشىمىز لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قارغۇلارچە بويسۇنۇشنىمۇ قالتىس دانالىق دەپ ھېساپلىشىمىز لازىم بولاتتى. مۇتلەق ئوخشاشلىقنىڭ ئۆز ئۆزىدىن ئۆزگىرىشكە ئوتەلمەيدىغانلىقىنى ديۇرىڭ ئەپەندى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇتلەق تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۆزىنى ھەركەتكە كىرگۈزەلەيدىغان ھېچقانداق ۋاستە يوق. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەمدى نېمە قالىدۇ؟ خاتا،

ئۇسال ئۈچ مۇقاملا قالىدۇ:

بىرىنچى، بىزگە ئۇبدان تونۇشلۇق بولغان مەۋجۇدىيەت زەنجىرىدىكى ھەرقانداق ئەڭ كىچىك ھالقىنىڭ كېيىنكى ھالقىغا ئايلىنىشىنى ئىسپاتلاش ئوخشاشلا قىيىن. — دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىتابچىلىرىنى ئەمچەكتىكى بالا دەپ ھېساپلىسا كېرەك، ئەتىمالىم. مەۋجۇدىيەت زەنجىرىدىكى ئەڭ كىچىك ھالقىلارنىڭ ئايرىم - ئايلىنىشلىرىنى ۋە باغلىنىشلىرىنى ئىسپاتلاش دەل تەبىي پەننىڭ مەزمۇنى. ئەگەر بۇ جەھەتتىكى بەزى جايلاردا يەنىلا توسقۇنلۇقلار بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، يۈزبەرگەن ھەركەتنى «ھېچنىمە»دىن چۈشەندۈرۈش ھېچكىمنىڭمۇ ھەتتا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭمۇ ئېسىگە كەلمەيدۇ، ھالبۇكى، كىشىلەر ئۇنى ھەمىشە پەقەت ئىلگىرى بولغان ھەركەتلەرنىڭ يوتكىلىشى، ئۆزگىرىشى ياكى داۋاملىشىشىدىن چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بۇ يەردە مەسىلە ناھايىتى روشەن: ھەركەت ھەركەتسىزلىكتىن يەنى **ھېچنىمىدىن** پەيدا بولغان.

ئىككىنچى، بىزدە «ئۆزلۈكسىزلىك كوۋرۈگى» بار. توغرا، پەقەت ئۇقۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بەرمەيدۇ، بىراق بىز ئۇنىڭدىن ھەركەتسىزلىك بىلەن ھەركەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە سۈپىتىدە **پايدىلىنىشقا** ھەقلىقمىز. ئەپسۇسكى، ھەركەتسىزلىكنىڭ ئۆزلۈكسىزلىگى ھەركەت **قىلماسلىقتا**؛ شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ھەركەتنى پەيدا قىلىش ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ سىرلىق بولۇپ قالىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھەركەت يوقلۇقتىن ئومۇمىيۈزلۈك ھەركەتكە ئايلىنىش دىگەن نىمىسنى ھەرقانچە كوپ

چەكسىز ئۇششاق قىسىملارغا بولۇۋەتسىمۇ ۋە بۇنداق ئايلىنىشنى ھەرقانچە ئۇزاق داۋام قىلىدىغان ۋاقىت قىلىپ كورسەتسىمۇ، بىز بەربىر ئۆز جايىمىزدىن بىر مىللىمېتىرنىڭ ئون مىڭدىن بىر ئۈلۈشىچىلىكمۇ ئىلگىرىلىمەيمىز. ياراتقۇچىنىڭ ھەركىتى بولمىسا، بىز ھەرقانداق قىلىپمۇ ھېچنېمىدىن مەلۇم بىر نەرسىگە، بۇ نەرسىنىڭ كىچىكلىكى خۇددى شۇشۇپېدىكى ۋېيفېندەك بولسىمۇ، ئېرىشەلمەيمىز. دېمەك، ئۈزلۈكسىزلىك كوۋرۇكى ھەر ھالدا ئېشەك كوۋرۇكى① ئەمەس، ئۇ پەقەت دىيورىڭ ئەپەندىلا ئوتىدىغان كوۋرۇك.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان لىشۇپىسى ئۈيغۇن كېلىدىغان دائىرىدە — دىيورىڭ ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، ھازىرقى زامان لىشۇپىسى تەپەككۇرنى شەكىللەندۇرۇشتىكى ئەڭ موھىم پىشاگلارنىڭ بىرى — ئۇ قانداق قىلىپ ھەركەتسىزلىكتىن ھەركەتكە ئوتۇشنى زادىلا چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن ئىسسىقلىقنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى تەلىماتى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇكى، جىسىملار ھەركىتى مۇئەييەن شارائىتتا مولېكۇلىلار ھەركىتىگە ئايلىنىدۇ (گەرچە بۇ يەردىكى ھەركەتمۇ باشقا بىر خىل ھەركەتتىن پەيدا بولىدىغان، ھەرگىز ھەركەتسىزلىكتىن پەيدا بولمايدىغان بولسىمۇ)؛ دىيورىڭ ئەپەندى خىجىل بولغان ھالدا، بۇ ئېھتىمال بىز ئۈچۈن قاتتىق جىمجىتلىق

① قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىلغان گەپ: «ئېشەك كوۋرۇكى»نىڭ ئەسلى ‹Eselsbrücke› بولۇپ، كوچمە مەنىسى گالۋاڭ ياكى ھورۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوچۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان سوئال-جاۋاپلار، ئىمتىھان ئالغاندا «ئوغرىلىقچە ئېلىۋالىدىغان ماتېرىياللار» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. — تەرجىماندىن

(تەڭپۇڭلۇق) تىن ھەركەتلىنىش (ھەركەت) كە ئۆتۈشىنىڭ كىۋۇرۇگى بولۇپ قالار، دېگەن ئىپادىسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ جەريانلار «قاراڭغۇلۇققا سەل - پەل كىرىپ كېتىدۇ». ديۇرىڭ ئەپەندى بىزنى ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرماقتا.

بىز ئۇنىڭ پۈتۈن چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈشىگە ئەگىشىپ مۇنداق بىر يەرگە بېرىپ قالدۇق: بىز بارغانسىرى ئۆتكۈرلىشىپ بارىدىغان سەپسەتىگە بارغانسىرى چوڭقۇر پاتىمىز ھەمدە ئاخىردا بارماي بولمايدىغان جاي — «قاراڭغۇلۇق» قا بېرىپ قالىمىز. لېكىن بۇ ديۇرىڭ ئەپەندىنى ھېچقانچە بىئارام قىلمايدۇ. كېيىنكى بەتتىلا ئۇ يۈزى قېلىنلىق قىلىپ مۇنداق تەھقىقلەشتۈرىدۇ: مەن

«توغرىدىن - توغرا ماددىنىڭ ۋە جىسىملىك كۈچنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن، ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك بولغان ئۆزگەرمەيدىغان ھالەت ئۇقۇمىغا ھەقىقى مەزمۇن بېرەلىدىم».

مانا مۇشۇنداق ئادەم تېخى باشقىلارنى «جاھان ئالدامچىسى» دەيدۇ!

بىز «قاراڭغۇلۇق» تا مۇشۇنداق ھېچ تەرەپتىن مەدەت تاپالماي، تېنەپ - گاراڭ بولۇپ يۈرۈشىمىزگە قارىماي، بەختكە يارىشا تېخى بىر ئاز تەسەللىگە يەنە كېلىپ ھەقىقەتەن كىشىنى روھلاندۇرىدىغان تەسەللىگە ئىگە بولىمىز:

«باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ياشىغۇچىلارنىڭ شۇشۇبىسىنىڭ بىزدىكى كۆڭۈللەردىن باشقا كۆڭۈللارنى ئاساس قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!»

## 6. تەبىئەت پەلسەپىسى. ئاسمان جىسىملىرى يەنىخۋاشۇيىسى، ۋۇلىشۇي، خۇاشۇي

تۇۋەندە بىز مەۋجۇت دۇنيانىڭ قايسى شەكىللەر ۋە ئۇسۇللار بىلەن پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

ماددىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چېچىلىش ھالىتى ئاللىقاچانلا ئىئونىيە ئېقىمىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئىدى، لېكىن بولۇپمۇ كانتتىن بۇيان ئېپتىدائىي تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسلار يېڭى رول ئوينىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تارتىلىش ۋە ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشى ھەرقايسى قاتتىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىدە ۋاستىلىك رول ئوينىدى. زامانىمىزدىكى ئىسسىقلىقنىڭ قۇۋۋەت بىرىشى تەلىماتى ئالەمنىڭ دەسلەپكى ھالىتى توغرىسىدىكى ئەقلىي يەكۈنلەرنى خېلى كۆپ دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، «گازسىمان چېچىلىش ھالىتى پەقەت كىشىلەر ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغان لىشۇي تىشىسىنى ئالدىنالا بىر قەدەر ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولغان چاغدىلا، ئاندىن جىددىي ئەقلىي يەكۈنلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بۇ ئىدىيە پاكىت جەھەتتە يەنىلا ئىنتايىن مۇجمەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېپتىدائىي تۇمانلىقمۇ، ئەگەر ئەقلىي يەكۈن داۋاملاشتۇرۇلسا، ھەقىقەتەنمۇ بارغانسىرى قويۇقلىشىۋېرىدۇ، بارغانسىرى سۈزۈكلۈكىنى يوقىتىۋېرىدۇ......ھازىر ھەممە ۋاقىتتىكىچە يەنىلا دىگەندەك ئېنىق بولمىغان ياماراش ئىدىيىسىنىڭ تۇتۇق-مۇجمەل ھالىتىدە تۇرىدۇ»، شۇڭا، «بۇ گازسىمان ئالەم توغرىسىدا» بىزنىڭ ئىگە بولىدىغىنىمىز «ئىنتايىن يۈزەكى بىر خىل ئۇقۇمدىنلا ئىبارەت».

كانتنىڭ ھازىرقى بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈ-

دىغان تۇمان توپلىرىدىن پەيدا بولغانلىغى توغرىسىدىكى تەلىماتى كوپېرنىكتىن بۇيان تيەنۋېنشۇي ئېرىشكەن ئەڭ زور تەرەققىيات. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ زامان جەھەتتە ھېچقانداق تارىخى يوق دېگەن ئىدىيە بىرىنچى قېتىم تەۋرىتىپ تاشلاندى. شۇ چاقىچە كىشىلەر، ھەرقايسى ئاسمان جىسىملىرى ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىن تارتىپلا باشتىن-ئاياق بىر ئوربىتىدا ھەركەت قىلىدۇ ۋە ئوخشاش ھالەتتە تۇرىدۇ، دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدى؛ ئايرىم ئاسمان جىسىملىرىدا ئايرىم ئورگانىك ماددىلار بارا-بارا ئۆلۈۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلەر ھامان، تېگى بىلەن تۈرى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەبەدى ھەركەت ئىچىدە تۇرىدىغانلىغى روشەن ئىدى، لېكىن بۇ ھەركەت ھامان خۇددى ئوخشاش بىر جەرياننىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى-دەك كۆرۈنەتتى. كانت شىڭئېرشاڭشۆيلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغان بۇ ئىدىيىدىن بىرىنچى يوچۇق ئاچتى، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللاندىكى، ئۇ ئىشلەتكەن دەلىللەرنىڭ زور كۆپچىلىگى ھازىرغىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، قاتتىق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، كانتنىڭ تەلىماتى تا ھازىرغىچە قىياستىنلا ئىبارەت. لېكىن كوپېرنىكنىڭ دۇنيا تىشىسىمۇ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قىياستىن باشقا نەرسە ئەمەس[48]. فېنگۇاڭجىڭ پۈتۈن قارشى پىكىرلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يۇلتۇزلار ئاسمىنىدا بۇنداق قىزىق گاز توپلىرى بارلىغىنى ئىسپاتلىغاندىن بۇيان، پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كانت تەلىماتىغا بولغان قارشىلىغىمۇ جىمىپ قالدى. دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ئەگەر بۇنداق تۇمانلىق ھالەت باسقۇچى

بولمىغان بولسا، ئۇزىنىڭ دۇنيا تۇزۇلمىسىنى ئورۇنلىيالمىغان بولاتتى، بىراق ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇچ ئالماق بولۇپ، ئۇزىگە بۇنداق تۇمانلىق ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىغان لىشۇي تىششىنى كورسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بۇنى ئورۇنلاش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇ بۇنداق تۇمانلىق ھالەتكە تۇرلۇك كەمسىتىش سۇپەتلىرىنى ئارتىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زامان پىنى بۇنداق تىشىنى ديۇرىڭ ئەپەندى قانائەتلەنگۇدەك قىلىپ چۇشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. باشقا نۇرغۇن سوئاللارغىمۇ ئۇ ئوخشاشلا جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. نىمىشقا پاقىنىڭ قۇيرۇغى يوق، دىگەن سوئالغا ھازىرقى زامان پىنى شۇ كەمگىچە: «سەۋىۋى ئۇلار قۇيرۇغىنى يوقىتىپ قويغان» دەپلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ جاۋاپقا غەزەپ بىلدۇرۇشنى خالىسا ھەممە بۇنىڭ ھەممىسى دىگەنـدەك ئېنىق بولمىغان «يوقىتىش» ئىدىيىسىنىڭ تۇتۇق ـ مۇجمەل ھالىتىدە تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن يۇزەكى ئۇقۇم، دەيدىغان بولسا، بىز بىرەر كىشىنىڭ ئەخلاقنى تەبىي پەندە بۇنداق قوللىنىشى بىلەن بىر قەدەممۇ ئالغا باسمايمىز. بۇنداق يىرگىنىش ۋە تاقەتسىزلىك ئىپادىلىرى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايغا لايىق كېلىشى مۇمكىن، دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۇچۇن، ئۇلار ھېچقاچان ۋە ھېچقەيەرگىمۇ لايىق ئەمەس. ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئىپتىدائى تۇمانلىقنىڭ لىشۇي تىشىنى تېپىۋېلىشىغا زادى كىم توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ؟

بەختكە يارىشا، بىز ھازىر بىلىمىزكى،

كانتنىڭ تۇمان توپلىرى «ئالەم ئارىلىق ماددىسىنىڭ تامامەن ئوخشاش ھالىتى بىلەن بىردەك بولۇشتىن يىراق تۇرىدۇ، ياكى باشقىچە

قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتى بىلەن بىردەك بولۇشتىن يىراق تۇرىدۇ».

كانتنىڭ تەلىيى ھەقىقەتەن ئوڭغا تارتقانكى، ئۇ مەۋجۇت ئاسمان جىسىملىرىدىن تۇمان شارىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ بارالىغانلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان، ئۇ ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتىنى ھەتتا ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كورمىگەن! كېيىن كەلگەندە كورسىتىپ ئوتەيلى، ئەگەر ھازىرقى زامان تەبىي پېنىدە كانتنىڭ تۇمان شارى ئىپتىدائىي تۇمانلىق دەپ ئاتىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇ پەقەتلا نىسبىي مەنىدە چۈشىنىلگەن بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئىپتىدائىي تۇمانلىق بولۇشى، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ مەۋجۇت ئاسمان جىسىملىرىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئىكەنلىكىدە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بىز بۈگۈنگىچە سۈرۈشتۈرۈپ تاپالىغان ئەڭ دەسلەپكى ماددا شەكلى ئىكەنلىكىدە. بۇ شۇنى مۇتلەق رەت قىلمايدۇكى، بەلكى مۇنداق شەرتنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئېيتىش تېخىمۇ كېرەككى، ماددا ئىپتىدائىي تۇمانلىقتىن بۇرۇن باشقا شەكىللەرنىڭ چەكسىز تىزمىسىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ديۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى بايقايدۇ. بىز پەن بىلەن بىللە ۋاقىتلىق ئىپتىدائىي تۇمانلىق ھالەت باسقۇچىدا ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرغان ۋاقىتىمىزدا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پەنلىرىنىڭ پېنى ئۇنىڭ

«ئالەم ئارىلىق ماددىسىنىڭ ھالىتى»گىچە يىراق سۈرۈشتۈرۈپ بېرىشىغا ياردەم بېرىدۇ، «بۇ ھالەتنى ھازىرقى مەنىدە ساپ جىمجىت ھالەت دەپ چۈشىنىشكىمۇ، ھەركەتلىك ھالەت دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولمايدۇ»،

دېمەك، پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

«ماددا بىلەن جىسىملىك كۆچنىڭ بىرلىكى (بىز ئۇنى ئالەم ئارىلىق ماددىسى دەپ ئاتايمىز)، ئېيتىش مۇمكىنكى، لوگىكا جەھەتتىكى ھەقىقى فورمۇلا بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتىنىڭ ساناشقا بولىدىغان بارلىق تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.»

روشەنكى، بىز ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ئىپتىدائى ھالىتىدىن قۇتۇلۇشتىن تېخى يىراق تۇرماقتىمىز. ئۇ بۇ يەردە ماددا بىلەن جىسىملىك كۆچنىڭ بىرلىكى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ بىرلىك بولسا يەنە لوگىكا جەھەتتىكى ھەقىقى فورمۇلا بولىدۇ ۋاھاكازا. دېمەك، ماددا بىلەن جىسىملىك كۆچنىڭ بىرلىكى توختىشى بىلەنلا ھەركەت باشلىنىدۇ.

بۇ لوگىكا جەھەتتىكى ھەقىقى فورمۇلا گېگېلنىڭ «ئۆزىدىكى» ۋە «ئۆزى ئۈچۈن» فەنچۇلىرىنى رىياللىق پەلسەپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولغان ئۇسال ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گېگېلدا ئۆزىدىكى نەرسە مەلۇم شەيئى، مەلۇم جەريان ياكى مەلۇم ئۇقۇمدا يوشۇرۇنغان، تېخى راۋاجلانمىغان قارىمۇ ـ قارشىلىقلاردا بولىدىغان ئىپتىدائى ئوخشاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن نەرسىدە بولسا بۇ يوشۇرۇنغان ئامىللارنىڭ پەرقى ۋە بولۇنۇشى روشەن كورۈنگەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۈرىشىمۇ باشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ھەركەتسىز ئىپتىدائى ھالەتنى ماددا بىلەن جىسىملىك كۆچنىڭ بىرلىكى دەپ، ھەركەتكە قاراپ ئايلىنىشنى بولسا بۇ ئىككىسىنىڭ بولۇنۇشى ۋە قارىمۇ ـ قارشىلىقى دەپ چۈشىنىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن ئىگە بولىدىغىنىمىز

خىيالىي ئىپتىدائىي ھالەتنىڭ راستلىقى ھەققىدىكى ئىسپات ئەمەس، بەلكى پەقەت مۇنداق بىر نۇقتا: بۇنداق ھالەتنى كېيىنكىنىڭ «ئۆزىدىكى» فەنچۇسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن، بۇ ھالەتنىڭ يەنە شۇنداقلا خىيالىي ئاخىرىنى بولسا «ئۆزى ئۈچۈن» فەنچۇسىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. كېيىن، كېلىپ بولۇشساڭچۇ!

ماددا،—دەيدۇ ديۇرىڭ ئەپەندى،—بارلىق رىيال نەرسىلەرنى ئۇستىگە ئالغۇچى؛ شۇڭا، ماددىدىن تاشقىرى ھېچقانداق جىسىملىك كۈچنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، جىسىملىك كۈچ ماددىنىڭ بىر خىل ھالىتى. ھېچنىمە پەيدا بولمايدىغان ئىپتىدائىي ھالەتتە ماددا ۋە ئۇنىڭ ھالىتى يەنى جىسىملىك كۈچ بىر تۇتاش بولغان. كېيىن، نىمىدۇ بىر نەرسە پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدا، روشەنكى، بۇنداق ھالەتنىڭ ماددىدىن پەرقلىق بولۇشى لازىم بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇنداق سىرلىق جۈملىلەرنى ۋە مۇنداق ۋەدىلەرنى تويغۇدەك ئاڭلايمىز: ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەت جىمجىت ھالەتمۇ ئەمەس، ھەركەتلىك ھالەتمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ تەڭپۇڭلۇقتىمۇ تۇرمايدۇ، ھەركەت ئىچىدىمۇ تۇرمايدۇ. لېكىن ئۇنداق ھالەتتە جىسىملىك كۈچنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر تاشقىرىدىن بولىدىغان تۈرتكە بولمىسا يەنى خۇدا بولمىسا، قانداق قىلىپ مۇتلەق ھەركەتسىزلىكتىن ھەركەتكە ئۆتىدىغانلىقىمىزنى يەنىلا بىلمەيمىز.

ديۇرىڭ ئەپەندىدىن ئىلگىرى ۋېيۋۇجۇيچىلار ماددا ۋە ھەركەت توغرىسىدا گەپ قىلىشقان. ديۇرىڭ ئەپەندى ھەركەتنى جىسىملىك كۈچ دىگەن مۇنداق بىر خىل ئاتالمىش ھەركەتنىڭ تۈپ شەكلىگە يىغىنچاقلايدۇ، بۇ ھال ئۇنى ماددا بىلەن ھەركەت ئوتتۇرىسىدىكى

ھەقىقى باغلىنىشنى چۈشىنەلمەس قىلىپ قويىدۇ، ۋاھالەنكى، بۇنداق باغلىنىش دەسلەپتىكى بارلىق ۋېيۈۋۇجۇيىچىلارغىمۇ ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. ئەمما ئىش خېلىلا ئاددى. **ھەرىكەت ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى.** ھەرىكەتسىز ماددا ھېچقاچان، ھېچقەيەردە بولغان ئەمەس ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئالەم بوشلۇغىدىكى ھەرىكەت، ھەرقايسى ئاسمان جىسىملىرىدا كىچىكرەك جىسىملارنىڭ جىشىبىلىك ھەرىكىتى، ئىسسىقلىق، ئېلېكتر ئېقىمى ياكى ماگنىت ئېقىمىدىن ئىبارەت مولېكۇلىلارنىڭ تەۋرىنىشى، خۇاشۇېدىكى ئاجرىلىش ۋە بىرىكىش، ئورگانىك ھايات — ئالەمدىكى ھەر بىر ماددا ئاتومى ھەر بىر دەقىقىدە ھامان مۇشۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ بىر خىلىدا ياكى يەنە بىر خىلىدا، ياكى بولمىسا بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە خىلىدا بولىدۇ. ھەرقانداق جىمجىتلىق، ھەرقانداق تەڭپۇڭلۇق پەقەتلا نىسبى بولىدۇ، پەقەت بۇنداق ياكى ئۇنداق مۇئەييەن ھەرىكەت شەكىللىرى ئۈچۈنلا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر جىسىم يەر شارىدا جىشىبىلىك تەڭپۇڭلۇقتا يەنى لىشۇې مەنىسىدىكى جىمجىتلىقتا تۇرۇشى مۇمكىن؛ بۇ مۇشۇ جىسىمنىڭ يەر شارى ھەرىكىتىگە ۋە پۈتۈن قۇياش شىتۇڭى ھەرىكىتىگە قاتنىشىشىغا مۇتلەق كاشىلا قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ ئۇششاق ۋۇلىلىق زەررىچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن تەۋرىنىش پەيدا قىلىشىغىمۇ ۋە ئۇنىڭ ماددىسىنىڭ ئاتوملىرىنىڭ خۇاشۇېلىك جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشىگىمۇ كاشىلا قىلمايدۇ. ماددىسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش، ھەرىكەتسىز ماددىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماددىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا ھەرىكەتنى ياراتقىلىمۇ

بولمايدۇ، يوقاتقىلىمۇ بولمايدۇ؛ خۇددى بۇرۇنراق ئۆتكەن پەلسەپە (دېكارت) ئېيتقاندەك: ئالەمدە بولغان ھەركەتنىڭ مىقتارى مەڭگۈ بىر خىل بولىدۇ. دېمەك، ھەركەتنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت يوتكەش مۇمكىن. ئەگەر ھەركەت بىر جىسىمدىن يەنە بىر جىسىمغا يوتكەلسە، ئەگەر ئۇ ئۆزى يوتكەلسە، جۇدۇڭ بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنى يوتكەلگەن، بېيدۇڭ ھەركەتنىڭ سەۋىيى دەپ قاراش مۇمكىن. بىز بۇنداق جۇدۇڭ ھەركەتنى **كۈچ** دەپ، بېيدۇڭ ھەركەتنى **كۈچنىڭ ئىپادىسى** دەپ ئاتايمىز. دېمەك، ناھايىتى روشەنكى، كۈچ بىلەن كۈچنىڭ ئىپادىسى ئوخشاش چوڭلۇقتا بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە **ئوخشاش** ھەركەت ئورۇنلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ماددىنىڭ ھەركەتسىز ھالىتى ئەڭ قۇرۇق ۋە ئەڭ بىمەنە ئىدىيىنىڭ بىرى، پۈتۈنلەي «قىزىتما جۆيلۈشلىرى» بولىدۇ. بۇنداق ئىدىيىگە كېلىش ئۈچۈن، يەر شارىدا مەلۇم بىر جىسىمدا بولۇشى مۇمكىن بولغان نىسبى جىشىپلىك تەكپۈكلۈقنى مۇتلەق جىمجىتلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش، ئاندىن ئۇنى پۈتۈن ئالەمگە يوتكەش كېرەك. ئەگەر ئالەمنىڭ ھەركىتى نوقۇل جىشىپلىك كۈچكە يىغىنچاقلانسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئاسان بولىدۇ. ھەركەتنى نوقۇل جىشىپلىك كۈچ بىلەن چەكلەشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بار، ئۇ بولسىمۇ كۈچنى جىمجىت، بوغۇلغان دەپ، شۇ سەۋەپتىن شۇ دەقىقىدە رول ئوينىمايدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغانلىقى. ئەگەر ھەممىسىلا بولۇپ تۇرغىنىدەك، ھەركەتنىڭ يوتكىلىشى ھەرقايسى ئارىلىقتىكى ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بىرە مۇرەككەپ بولغان جەريان

بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھەقىقىي يوتكىلىشىنى زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالىتىسى ئېلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا كىچىكلىتىۋېتىش مۇمكىن. مەسىلەن، مىلتىقنى بەتلەپ قويغاندىن كېيىن، كىشىلەر تەپكىنى بېسىپ ئوق چىقىرىش ۋاقتىنى يەنى ئوق دورىسىنىڭ يېنىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان ھەركەت يوتكىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاقىتنى ئۆزلىرى ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركەتسىز، ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەتتىكى ۋاقىتتا ماددا كۈچكە تولغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى — ئەگەر ئۇ ھەر ھالدا بىرەر چۈشەنچىگە كەلگەن بولسا — مانا شۇ ئەھۋالنى ماددا بىلەن جىسىملىك كۈچنىڭ بىرلىكى دەپ چۈشىنىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنداق ئىدىيە — سەپسەتە، چۈنكى ئۇ تەبىئەتتىن ئېيتقاندا نىسبىي بولغان، شۇ سەۋەپتىن ئوخشاش بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە باشتىن ـ ئاخىر **بىر قىسىم** ماددىغىلا ئۈيگۈن كېلىدىغان ھالەتنى مەلۇم مۇتلەق نەرسە دەپ قاراپ ئالەمگە يوتكەيدۇ. لېكىن، بىز ھەتتا بۇنى قايرىپ قويۇپ تۇرساقمۇ، بەرىبىر قىيىنچىلىق يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ: بىرىنچىدىن، دۇنيا قانداق قىلىپ تولدۇرۇلغان، چۈنكى بۇگۈنكى كۈندە مىلتىق ئۆز ئۆزىدىن بەتلەنمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كېيىن تەپكىنى كىمنىڭ بارمىقى باسقان؟ بىز خالىغانچە ئايلىنىپ يۈرسەكمۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاخىر يەنە خۇدانىڭ بارمىقىغا قايتىپ كېلىمىز.

بىزنىڭ رىياللىق پەيلاسوپىمىز تېيەنشۈينىشۈيدىن لىشۇيگە ۋە ۋۇلىشۇيگە ئوتىدۇ ھەمدە ئىسسىقلىقنىڭ قۇۋۋەت بىرىشى تەلىماتى ئۆزى كەشىپ قىلىنغاندىن بۇيانقى بىر ئەۋلات داۋامىدا، ماھىيەتتە

روبېرت مېيېر ئۆزى پەيدىن-پەي قازانغان مۇۋەپپەقىيەتتىن ئېشىپ كەتمىدى، دەپ ھەسرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە تېخى ئىنتايىن قاراڭغۇلۇقمىش؛

بىزگە «ھەمىشە ئەستە تۇتۇش» كېرەككى، «ماددىنىڭ ھەركەت ھالىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا جىمجىت ھالىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كېيىنكىسىنى جىسمىيلىك ئىش بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ...... ئەگەر بىز ئىلگىرى تەبىئەت دۇنياسىنى ئۇلۇق ئىش قىلغۇچى دەپ ئاتىغان بولساق ۋە ھازىر بۇ ئاتالغۇنى قاتتىق تەلەپ بىلەن قوللىنىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، بىز يەنە، ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەت ۋە جىمجىت ھال جىسمىيلىك ئىشقا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەك بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز يەنە جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئۆتىدىغان كۆۋرۈكتىن مەھرۇم بولىمىز؛ ئەگەر يوشۇرۇن ئىسسىقلىق دىگەن نىمە تا ھازىرغىچە نەزىرىيە ئۈچۈن يەنىلا بىر توسالغۇ بولسا، ئۇ ھالدا، بىز بۇ يەردىمۇ بۇنداق كەمتۈكلۈكنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم، ھېچ بولمىسغاندا، ئالەمگە تەتبىق قىلغاندا بۇنداق كەمتۈكلۈكنى ئىنكار قىلالماسلىقىمىز كېرەك».

بۇ مۇقەددەس يارلىقچە قۇرۇق گەپلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا غەرەزنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۆزى بايان قىلغان مۇتلەق ھەركەتسىزلىكتىن ھەركەت پەيدا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلۇپ چىقالمايدىغان قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كوڭلىدە ئېنىق سېزىدۇ، لېكىن يەنە بىردىن-بىر قۇتقۇزغۇچىدىن يەنى ئاسماننى ۋە يەرنى ياراتقۇچىدىن مەدەت تىلەشتىن خىجىل بولىدۇ. ئىسسىقلىق لىشۆيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىشۆيدىنمۇ جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە، تەڭپۇڭلۇقتىن ھەركەتكە ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكىنى تاپالمىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ديۇرىڭ ئەپەندى نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ

ھەركەتسىز ھالىتىدىن ھەركەتكە ئۆتۈشىنىڭ كوۋرۇكىنى جەزمەن تاپماقچى بولىدۇ؟ بۇنداق بولغاندا، ئېھتىمال، ئۇ قىيىن ھالىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇۋالسا كېرەك.

ئادەتتىكى لىشۇېدە جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئۆتۈشىنىڭ كوۋرۇكى تاشقىرىدىن بولىدىغان تۇرتكە. ئەگەر 50 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى تاشنى 10 مېتىر ئېگىزلىككە كوتىرىپ، بوشلۇقتا ئېسىپ قويۇپ، ئۇ ئوز ئوزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەتتە ۋە جىمجىت ھالدا تۇرىدىغان قىلىپ قويۇلسا، ئۇ ھالدا، بۇ جىسمىنىڭ ھازىرقى ئورنى جىسىملىك ئىشقا ۋەكىللىك قىلمايدۇ دەپ، ياكى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئورنى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى جىسىملىك ئىش بىلەن ئولچىگىلى بولمايدۇ، دەپ ئېيتىش ئۇچۇن، ئاڭلىغۇچىلار ئەمچەكتىكى باللار بولۇشى شەرت. تاشنىڭ ئاغامچىغا ئوز ئوزىدىن ئېسىلىپ قالمىغانلىقىنى ئوتكەن ـ كەچكەن ھەر بىر كىشى ديۇرىڭ ئەپەندىگە كوپ قىينالمايلا چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇ تاشنى قايتىدىن چۈشسۇن دىسە، ئۇنىڭ چۈشۈش ۋاقتىدا قىلىدىغان جىسىملىك ئىشى خۇددى ئۇنى 10 مېتىر ئېگىزلىككە كوتىرىش ۋاقتىدا زورۇر بولغان جىسىملىك ئىش بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق لىشۇي قولىلانمىسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەتتا تاشنىڭ بوشلۇقتا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئاددى پاكىتمۇ بىر خىل جىسىملىك ئىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، چۈنكى ئەگەر ئۇ بەك ئۇزاق ئېسىقلىق تۇرسا، خىۋاشۇېلىك ئاجرىلىشنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تاشنىڭ ئېغىرلىقىنى كوتىرىدىغان سىجىللىق يوقىلىپ، ئاغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، بارلىق جىسىملىك جەريانلارنى، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ سوزى بىلەن

ئېيتساق، شۇنداق «ئاددى توپ شەكىللەر»گە يىغىنچاقلاش مۇمكىن؛ يېتەرلىك تۇرتكىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ جىمجىت ھالەتتىن ھەركەتلىك ھالەتكە ئۆتۈشنىڭ كوۋرۇگىنى تاپالمايدىغان گۇڭگېچىكىشى تېخى بولۇپ باققان ئەمەس.

ھەركەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىدىن يەنى جىمجىتلىقىدىن تېپىشى لازىم ئىكەنلىكى بىزنىڭ شىكەيەرشاگىشۇپېچىمىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، بىر قىيىن مەسىلە ۋە ئاچچىق دورا. بۇ — ھەقىقەتەنمۇ روشەن زىددىيەت، لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق **زىددىيەت — سەپسەتە**①. لېكىن شۇنىسى ھامان پاكىت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ: ئېسىقلىق تۇرغان تاش تاشنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقىغا قاراپ توغرا ھېساپلاپ چىققىلى بولىدىغان ۋە تۇرلۇك ئۇسۇللار — مەسىلەن، تىك چۈشۈرۈش، يانتۇ تەكشىلىكتە دومىلىتىپ چۈشۈرۈش، ئوقى ئەتراپىدا چۆگىلىتىش — بىلەن خالىغانچە پايدىلىنىشقا بولىدىغان جىسىملىك ھەركەتنىڭ مۇئەييەن مىقدارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بەتلەنگەن مىلتىقنىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق. بىيەنجىگىلىق نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، ھەركەتنى ئۇزىنىڭ ئەكس تەرىپىدە يەنى جىمجىتلىقتا ئىپادىلەش ھەرگىز ھېچقانداق قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ. بىيەنجىگىلىق نۇقتىنەزەر ئۈچۈن، بۇ بارلىق قارىمۇ-قارشىلىق، خۇددى بىزنىڭ كورۇپ ئوتكىنىمىزدەك، پەقەتلا نىسبى بولىدۇ؛ مۇتلەق جىمجىتلىق، شەرتسىز تەڭپۇڭلۇق مەۋجۇت ئەمەس.

---

① قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىلغان گەپ: «زىددىيەت» ئەسلىدە (Widerspruch)، «سەپسەتە» ئەسلىدە (Widersinn)، ھەر ئىككى سوزنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئوخشاشلا (wider). — تەرجىماندىن

ئايرىم ھەركەت تەكشۈرۈلمىدۇ، ئوموم ھەركەت يەنە تەكشۈرۈلۈدۇ. شۇڭا، جىمجىتلىق ۋە تەكشۈرۈلۈش مەيدانىغا كېلىشى چەكلەنگەن ھەركەتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇنداق ھەركەت ئۆز نەتىجىسى بىلەن ئۆلچىنىشى، ئۆز نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىشى ھەمدە مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئۆز نەتىجىسىدىن قايتا كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. لېكىن مەسىلىنى بۇنداق ئاددىي چۈشەندۈرۈشتىن دېيۈرىك ئەپەندى قانائەتلەنمەيدۇ. سىپى ئۆزىدىن بولغان شىكىبىرشاگىشۇيچىلەرگە ئوخشاش، ئۇ ئاۋال ھەركەت بىلەن تەكشۈرۈلۈق ئوتتۇرىسىدا ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بىر خەندەك پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن نېمە ئۈچۈن ئۆزى پەيدا قىلغان ئەنە شۇ خەندەك ئۈستىدە بىرەر كوۋرۈك تاپالمايدىغانلىقىدىن ھەيران بولىدۇ. ئۇ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شىكىبىرشاگىشۇيدىن ئىبارەت روسىنانتىغا① ئوبدان مىنىۋېلىپ، كانتنىڭ «ئۆزىدىكى نەرسە»سىنىڭ كەينىدىن قوغلىشى مۇمكىن ئىدى؛ چۈنكى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، تېپىش تەس بولۇۋاتقان بۇ كوۋرۈك ئاستىغا يوشۇرۇنغىنى ئەنە شۇنداق «ئۆزىدىكى نەرسە»دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

لېكىن، ئىسسىقلىقنىڭ قوۋۋەت بېرىشى تەلىماتى ۋە بۇنداق نەزىرىيە ئۈچۈن «يەنىلا بىر توسالغۇ بولغان» بوغۇلغان ئىسسىقلىق ياكى يوشۇرۇن ئىسسىقلىق زادى قانداق گەپ؟

ئەگەر مۇزلاش نۇقتىسىدا تۇرغان بىر قاداق مۇزنى نورمال ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدا ئىسسىتىپ ئوخشاش ھارارەتتىكى بىر قاداق سۇغا ئايلاندۇرساق، ئۇ ھالدا، ئوخشاش بىر قاداق سۇنى

---

①روسىنانت — «دون-كىخوت» رومانىنىڭ قەھرىمانى دون-كىخوت مىنىدىغان ئاتنىڭ ئىسمى. — تەرجىماندىن

سىلسىيە نول گىرادۇستىن 79.4 گىرادۇسقىچە ئىسسىتىش ئۈچۈن ياكى 79.4 قاداق سۇنىڭ هارارىتىنى 1 گىرادۇس ئۆرلىتىش ئۈچۈن يېتىدىغان ئىسسىقلىق مىقتارى يوقىلىدۇ. ئەگەر بۇ بىر قاداق سۇنى قايناش نۇقتىسىغىچە يەنى 100 گىرادۇسقىچە ئىسسىتساق، ئاندىن ئۇنى 100 گىرادۇستىكى پارغا ئايلاندۇرساق، ئۇ هالدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچا سۇ پارغا ئايلىنىپ بولغىچە، 7 ھەسسە چوڭلۇقتا دىگۇدەك ئىسسىقلىق مىقتارى يوقىلىدۇ، يەنى 537.2 قاداق سۇنىڭ هارارىتىنى 1 گىرادۇس ئۆرلىتىشكە يېتىدىغان ئىسسىقلىق مىقتارى يوقىلىدۇ.[49] بۇنداق يوقالغان ئىسسىقلىق **بوغۇلغان** ئىسسىقلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سوۋۇتۇش يولى بىلەن پارنى قايتىدىن سۇغا، سۇنى قايتىدىن مۇزغا ئايلاندۇرساق، ئىلگىرى بوغۇلغان شۇ ئىسسىقلىق مىقتارى يەنە **بوشىنىپ چىقىدۇ**، يەنى ئىسسىقلىق سۇپىتىدە سېزىلىدىغان، ئۆلچىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. پار قويۇقلىشىپ سۇغا ئايلانغان ۋە سۇ مۇز بولۇپ قاتقان چاغدا، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشى دەل پارنىڭ 100 گىرادۇس سوۋۇتۇلغاندا ئاندىن پەيدىن - پەي سۇغا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە مۇزلاش نۇقتىسىدا تۇرغان مۇئەييەن مىقتاردىكى سۇنىڭ پەقەت ناھايىتى ئاستا مۇزغا ئايلىنىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت. ھازىرقى مەسىلە مۇنداق: ئىسسىقلىق بوغۇلغان چاغدا زادى قانداق بولىدۇ؟

ئىسسىقلىقنىڭ قوۋۋەت بېرىشى تەلىماتى — بۇنداق تەلىمات بويىچە، ئىسسىقلىق جىسىمنىڭ ھەركەتچان ئەڭ ئۇششاق زەررىچىلىرى (مولىكۇلىلىرى) دە ھارارەت ۋە توپلىنىش ھالىتىگە قاراپ پەيدا بولىدىغان چوڭ ياكى كىچىك تەۋرىنىشتىن ئىبارەت، بۇنداق

تەۋرىنىش مۇئەييەن شارائىتتا ھەرقانداق باشقا ھەركەت شەكىللىرىگە ئايلىنالايدۇ ــ بۇنى يوقالغان ئىسسىقلىق ئىش قىلدى، ئىشقا ئايلاندى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇز ئېرىگەندە ھەرقايسى مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى زىچ، مەھكەم باغلىنىش تۇگەيدۇ ھەمدە بوشاپ قالغان قاتارغا ئايلىنىدۇ؛ قايناش نۇقتىسىدىكى سۇ پارغا ئايلانغاندا، مۇنداق ھالەت پەيدا بولىدۇ: ھەرقايسى مولېكۇلىلار بىر بىرىگە ھېچقانداق كورۇنەرلىك تەسىر كورسەتمەيدۇ، بەلكى ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ھەتتا ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىدۇ. روشەنكى، جىسىمنىڭ ھەرقايسى مولېكۇلىلىرىنىڭ گاز ھالەتتە ئىگە بولغان ئېنېرگىيىسى سۇيۇق ھالەتتىكىسىدىن كوپ زور بولىدۇ، سۇيۇق ھالەتتە ئىگە بولغان ئېنېرگىيىسى بولسا قاتتىق ھالەتتىكىسىدىن تېخىمۇ زور بولىدۇ. كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، بوغۇلغان ئىسسىقلىق يوقالمىغان، ئۇ پەقەت ئوزگەرگەن، مولېكۇلىلىق جاكىلى شەكلىنى ئالغان. ھەرقايسى مولېكۇلىلار بىر بىرىگە نىسبەتەن بۇنداق مۇتلەق ياكى نىسبى ئەركىنلىكنى ساقلاپ تۇرالايدىغان شارائىت توگىشى بىلەنلا، دىمەك، ھارارەت ئەڭ توۋەن دەرىجىگە يەنى 100 گرادۇستىن ياكى نول گرادۇستىن توۋەن چۈشۈشى بىلەنلا، بۇ جاكىلى بوشاپ كېتىدۇ، ھەرقايسى مولېكۇلىلار يەنە ئىلگىرى بىر بىرىدىن ئاجرالغان ۋاقتىدا ئىشلەتكەن كۈچكە ئوخشاش كۈچ بىلەن قايتىدىن بىر بىرىگە قوشۇلىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ بۇنداق كۈچ يوقىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يوقىلىشى پەقەت قايتىدىن ئىسسىقلىق بولۇپ ئىپادىلىنىش ئۈچۈن بولىدۇ، بەلكى ئىسسىقلىق مىقتارى دەل ئۇنىڭ ئىلگىرى بوغۇلغان ۋاقتىدىكىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنداق چۈشەندۈرۈش، پۈتۈن

ئىسسىقلىقنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى تەلىماتىغا ئوخشاش، تەبىئىكى، بىر خىل قىياس، چۈنكى تا ھازىرغىچە مولېكۇلىلارنى ھېچكىممۇ كۆرۈپ باقىقىنى يوق، تەۋرىنىپ تۇرىدىغان مولېكۇلىلار توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تېخى ناھايىتى ياش ھەممە تەلىماتقا ئوخشاشلا، ئۇنىڭدا جەزمەن بىرمۇنچە كەمچىلىكلەر بار، لېكىن ئۇ ھېچ بولمىغاندا، بۇ جەرياننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ھەركەتنى ھەم يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقى، ھەم ياراتقىلى بولمايدىغانلىقى بىلەن قىلچە دوقۇرۇشمايدۇ، ھەتتا ئۇ ئىسسىقلىقنىڭ ئايلىنىش ۋاقتىدا نەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، يوشۇرۇن ئىسسىقلىق ياكى بوغۇلغان ئىسسىقلىق ئىسسىقلىقنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى تەلىماتى ئۈچۈن ھەرگىز توسالغۇ ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ تەلىمات يۇقۇرىدا ئېيتىلغان جەريان توغرىسىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەنچىنى بىرىنچى بولۇپ بېرىدۇ، توسالغۇ بولالايدۇ، دېيىلسە، كۆپ دېگەندە ۋۇلشۇپشۇناسلارنىڭ باشقا بىر خىل شەكىلدىكى مولېكۇلىلىق ئېنېرگىيىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىسسىقلىقنى «بوغۇلغان ئىسسىقلىق» دەيدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ۋە لايىق بولماي قالغان سۆز بىلەن داۋاملىق ئاتاۋېرىشىلا توسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، جىسىملىك ئىشنىڭ ئىسسىقلىقنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدىن ئېيتقاندا، قاتتىق جىسىملارنىڭ توپلىنىش ھالىتى، سۇيۇقلۇقلارنىڭ توپلىنىش ھالىتى ۋە گازلارنىڭ توپلىنىش ھالىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ھالەتنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتى ۋە جىمجىت ھالى ھەققەتەن جىسىملىك ئىشقا ۋەكىللىك

قىلىدۇ. قاتتىق يەر پوستىمۇ دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش، ھازىرقى توپلىنىش ھالىتىدە ئىنتايىن ئېنىق مىقتاردىكى تارالغان ئىسسىقلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇنداق ئىسسىقلىق مىقتارى، ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئوخشاشلا بەلگىلىك مىقتاردىكى جىسىملىك كۈچكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەر شارى پەيدا بولغان گاز توپلىرى سۇيۇق جىسىملارنىڭ توپلىنىش ھالىتىگە، ئاندىن يەنە كۆپ قىسمى قاتتىق جىسىملارنىڭ توپلىنىش ھالىتىگە ئۆزگىرىش جەريانىدا، مۇئەييەن مىقتاردىكى مولېكۇللۇق ئېنېرگىيە ئىسسىقلىق تەرىقىسىدە ئالەم بوشلۇقىغا تارىلىپ تۇرغان. شۇڭا، ديۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىچە سىرلىق قىلىپ پىچىرلىغان قىيىنچىلىق دېگەن نىمە مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا بۇنى ئالەمگە تەتبىق قىلغاندا، دەرۋەقە، كەمچى-لىكلەر ۋە كەمتۈكلۈكلەرگە دۈچكەلسەكمۇ (بۇ بىزنىڭ بىلىش قورالىمىزنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ)، لېكىن نەزىرىيە جەھەتتىن يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇغا ھېچ يەردە دۈچكەلمەيمىز. جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى بۇ يەردىمۇ تاشقىرىدىن بولىدىغان تۈرتكە — تەڭپۇڭلۇقتا تۇرغان دۇيشياڭلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا جىسىملار پەيدا قىلغان سوۋۇتۇش ۋە ئىسسىتىش. بىز ديۈرىڭنىڭ بۇنداق تەبىئەت پەلسەپىسىنى قانچە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلساق، ھەركەتسىزلىكتىن پەيدا بولغان ھەركەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ياكى بىرەر كۆۋرۈك تېپىپ، ساپ جىمجىت ھالەتنى، جىمجىتلىقنى مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق **ئۆز ئۆزىدىن** ھەركەتلىك ھالەتكە، ھەركەتكە ئۆتكۈزۈش يولىدىكى بارلىق ئىنتىلىشتىن ئۈمىت كۈتۈش شۇنچە مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاخىر ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ئىپتىدائىي ھالەتتىن ۋاقىتىنچە ساق-سالامەت قۇتۇلغان بولدۇق. دېۋرىڭ ئەپەندى خۇاشۇبىگە كوچىدۇ ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ھازىرغىچە رىياللىق پەلسەپىسى ئىگە بولغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ 3 ئۆزگەرمەسلىك قانۇنىنى قويىدۇ، ئۇ بولسىمۇ:

1. ئومۇمەن ماددىنىڭ مىقتارى، 2. ئاددىي (خۇاشۇبلىك) ئېلېمېنتلارنىڭ مىقتارى، 3. جىنسىيلىك كۈچىنىڭ مىقتارى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ماددىنى ھەم ياراتقىلى بولمايدىغانلىقى، ھەم يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقى، ماددىنىڭ ساپ تەركىۋىي قىسىملىرىنى (چۈنكى ماددا شۇلاردىن تۈزۈلگەن) ھەم ياراتقىلى بولمايدىغانلىقى، ھەم يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقى ۋە ھەركەتنى ھەم ياراتقىلى بولمايدىغانلىقى، ھەم يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقى — مانا بۇ كونا، جىمى ئالەمگە ئايان بولغان پاكىتلار ئىنتايىن قېنىقارسىز قىلىپ ئىپادىلەنگەن، دېۋرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئورگانىك بولمىغان دۇنيا توغرىسىدىكى تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە بىزگە بېرەلەيدىغان بىردىن-بىر ھەقىقىي ئەجابىي نەرسە مانا شۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئاللىقاچاندىن مەلۇم ئىدى. بىراق بىزگە مەلۇم بولمىغىنى دەل بۇنىڭ «ئۆزگەرمەسلىك قانۇنى» بولغانلىقى، بەلكى ئۆزگەرمەسلىك قانۇنى سۈپىتىدە ئېيتقاندا، «شەيئىلەر تىشىسى ئەندىزىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى» بولغانلىقى. بىز يەنە يۇقۇرىدا كانت ئۈستىدە توختالغان ۋاقىتتا كۆرگىنىمىزدەك

ئەھۋالىنى كورىمىز[1]: دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەممىگە ئايان بولغان مەلۇم بىر كونا نەرسىنى كوتىرىپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا دىيۇرىڭ نامىلىق ماركىنى چاپلايدۇ ۋە ئۇنى: «ئۇزۇل ـ كېسىل ئوزىگە خاس خۇلاسىلەر ۋە نۇقتىنەزەرلەر...... تىشى ياراتقۇچى ئىدىيە...... تۇپ خاراكتىرلىق پەن» دەپ ئاتايدۇ.

لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە ئۇمىتسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك. مەيلى ئەڭ تۇپ خاراكتىرلىق پەن ۋە ئەڭ ياخشى جەمىيەت تۇزۇلۇشىدە قانداق كەمتۇكلۇك بولسا بولسۇن، بىر نۇقتىنى دىيۇرىڭ ئەپەندى تولۇق قارارلاشتۇرۇپ ئېيتىدۇ:

«ئالەمدە ھازىر بار ئالتۇن جەزمەن مەڭگۇ بىر مىقتاردا بولۇشى كېرەك، بەلكى ئومۇمى ماددىلارغا ئوخشاش، ئۇنى ھەم كوپەيتكىلى بولمايدۇ، ھەم ئازايتقىلى بولمايدۇ.»

ئەپسۇسكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزنىڭ بۇنداق «ھازىر بار ئالتۇن»غا نىملەرنى سېتىۋېلىشىمىزنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئېيتمايدۇ.

## 7. تەبىەت پەلسەپىسى. ئورگانىك دۇنيا

«بېسىم ۋە ئۇرۇلۇش توغرىسىدىكى لىشۇېدىن تۈيغۇلار ۋە تەپەككۇرلار باغلىنىشىغىچە ئارىلىق باسقۇچلاردىن تۈزۈلگەن بىر بىر تۇتاش ۋە بىردىن ـ بىر پەلەمپەي مەۋجۇت.»

بۇنداق كېسىپ ئېيتىش بىلەن، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئوزىنى ھاياتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سەل ـ پەل ئىلگىرىلىگەن چۇشەنچە بېرىشتىن خالاس قىلىدۇ، ۋاھالەنكى، ئالەمنىڭ تەرەق-

[1] مۇشۇ كىتاپنىڭ 81 ـــ 86 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

قىياتىنى ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالەتكىچە سۈرۈشتۈرگەن ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ئۆزىنى خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك ھېس قىلىدىغان بىر مۇتەپەككۇرنىڭ بۇ يەردىمۇ تەپسىلى ئەھۋالىنى ھەقىقى بىلىشىدىن ئۈمىت كۈتۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان گېگېلنىڭ ئۆلچەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىقى① قوشۇمچە قىلىنمىغان ئەھۋالدا، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ كېسىپ ئېيتقان سۆزىنىڭ پەقەت تەڭ نىسبىلا توغرا بولىدۇ. بارلىق تەدرىجىلىكتىن قەتئىي نەزەر، بىر ھەركەت شەكلىدىن يەنە بىر ھەركەت شەكلىگە ئايلىنىش ھامان بىر خىل سەكرەش، بىر خىل ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىق بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى لىشۈېسىدىن ئايرىم ئاسمان جىسىملىرىدىكى كىچىكرەك جىسىملار لىشۈېسىگە ئايلىنىش شۇنداق بولىدۇ، جىسىملار لىشۈېسىدىن مولېكۇلىلار لىشۈېسىگە — جۇملىدىن ئەسلى مەنىدىكى ۋۇلىشۈې تەتقىق قىلىدىغان ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق، ئېلېكتىر، ماگنىت ھەركەتلىرىگە — ئايلىنىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مولېكۇلىلار ۋۇلىشۈېسىدىن ئاتوملار ۋۇلىشۈېسىگە — خۇاشۈېگە ئايلىنىشمۇ ئوخشاشلا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىق سەكرەش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ؛ ئادەتتىكى خۇاشۈېلىك تەسىردىن بىز ھايات دەپ ئاتايدىغان ئاقسىل ماددىنىڭ خۇاشۈېلىك رىياكسىيە جەريانىغا ئايلىنىش تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.[50] ھايات دائىرىسى ئىچىدە سەكرەشلەر كېيىن بارغانسېرى شالاڭلىشىدۇ ۋە كورۇنەرلىك بولماي قالىدۇ. — شۇنداق قىلىپ يەنە گېگېل دىيۇرىڭ ئەپەندىنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

① مۇشۇ كىتابنىڭ 78 - بېتىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

مەقسەت ئۇقۇمى ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئورگانىك دۇنياغا ئوتتۇشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇمۇ گېگېلدىن كوچۇرۇۋېلىنغان، گېگېل «لوگىكا ئىلمى»دا ــ ئۇقۇم نەزىرىيىسىدە ــ مەقسەت نەزىرىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن خۇاشۇپىلىك رىياكسىيە جەريانىدىن هاياتىقا ئوتىدۇ. قەيەرگىلا قارىمايلى، ديۇرىڭ ئەپەندىدە هامان گېگېلىنىڭ مەلۇم «يىرىك بۇيۇمى»نى كورىمىز، ئەمما ئۇ بۇنى قىلچە تەڭلىكتە قالماي ئوزىنىڭ توپ خاراكتىرلىق پىنى قىلىپ تەقدىم قىلىدۇ. بۇ يەردە مەقسەت ۋە ۋاستىلەر توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئورگانىك دۇنياغا قوللىنىشىنىڭ زادى قايسى دەرىجىدە توغرىلىغى ۋە مۇۋاپىقلىغىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىسەك، بەك يىراققا كەتكەن بولاتتۇق. قانداق بولسا بولسۇن، هەتتا گېگېلىنىڭ «ئىچكى مەقسەت» دىگىنىنى قوللىنىشمۇ ــ يەنى غەرەزلىك هەركەت قىلىدىغان ئۈچىنچى نىمە (ئېهتىمال خۇدانىڭ ئەقىل ـ پاراستى) تەرىپىدىن تەبىئەت دۇنياسىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بەلكى شەيئىنىڭ ئوزىنىڭ مۇقەررەرلىگىدە مەۋجۇت بولغان مەقسەتىنى قوللىنىشمۇ ــ پەلسەپە مەلۇماتى كەم كىشىلەرنى هەر دائىم ئاڭلىق ۋە غەرەزلىك هەركەتلەرنى پىكىر قىلماستىنلا تەبىئەت دۇنياسىغا كىرگۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ديۇرىڭ ئەپەندى باشقىلاردا سەل ـ پەل «جياڭشىنشۇ» خاهشى كورۈلگەن چاغدا چەكسىز هەققانى غەزەپ بىلدۈرەتتى، مانا ئەمدى ئۇ ئوزى ئېنىق قىلىپ كېسىپ ئېيتىدۇ:

«تەبىئى ئىقتىدار تۇيغۇلىرى ئاساسەن ئوزلىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان قانائەتلىنىشنى كوزدە تۇتۇپ يارىتىلغان».

ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ:

بىچارە تەبىئەت دۇنياسى «دۇپشياڭلار دۇنياسىنىڭ تەرتىۋىنى ھەمىشە تەكرار ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر»، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، «بۇ ئىشلار تەبىئەت دۇنياسىدىن ئادەتتىكى كىشىلەر ئېتىراپ قىلغاندىنمۇ كۆپرەك نازۇكلۇققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ». لېكىن تەبىئەت دۇنياسى ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ ياكى ئۇ نەرسىنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلىش بىلەنلا قالماي، ئۇ ئائىلە دىدەكلىرىنىڭ ئىشىنى ئىشلەشكە تېگىشلىك بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇ نازۇكلۇققا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي — بۇنىڭ ئۆزىلا جۇگۇەن ئاڭلىق تەپەككۇردىكى ئىنتايىن كېلىشكەن مۇۋەپپەقىيەت، — ئۇ ئىرادىگىمۇ ئىگە؛ چۈنكى، تەبىي ئىقتىدارنىڭ تولۇقلىمىسىغا كەلسەك — تەبىي ئىقتىدار رىيال تەبىي رولنى يەنى ئۆزۈقلىنىش، كۆپىيىش ۋە باشقىلارنى قوشۇمچە ئىجرا قىلىدۇ، — «بىز ئۇلارنى بىۋاستە ئەمەس، پەقەت ۋاستىلىك ھالدا تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەر دەپ قارىشىمىز لازىم».

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاڭلىق يوسۇندا تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ھەركەت قىلىدىغان تەبىئەت دۇنياسىغا يېتىپ كەلدۇق، شۇنىڭ ئارقىسىدا بىز ئەمدى ھەقىقەتەن جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئۆتىدىغان ئەمەس، بەلكى فەنشېنلۇندىن زىرەنشېنلۇنغا ئۆتىدىغان «كوۋرۇك» ئۈستىدە تۇرماقتىمىز. دىيۇرىڭ ئەپەندى «تەبىئەت پەلسەپىسى يېرىم شېرىيىتى» بىلەن سەل-پەل شۇغۇللانماقچى بولدىمىكىن؟

بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇرگانىك دۇنيا توغرىسىدا، بىزنىڭ رىياللىق پەيلاسوپىمىزنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت تەبىئەت پەلسەپىسى يېرىم شېرىيىتىگە قارشى، «شاللاق يۈزەلىككە ۋە ئىلمىي سىرلىقلاشتۇرۇش دېيىلگەن جاھان ئالدامچىلىغى»غا قارشى، **دارۋىنىزىمنىڭ** «شېرلاشتۇرۇش

خۇسۇسيەتلىرى»گە قارشى كۈرەش بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئەڭ ئاۋال دارۋىننى ئەيىپلەپ، دارۋىن مالتۇسنىڭ نوپۇس نەزەرىيىسىنى ئىقتىساتشۇناسلىقتىن تەبىي پەنگە كۆچۈرۈپ كەلدى، ئۇ مال باققۇچىلار ئىدىيىسى بىلەن چەكلىنىپ قالدى، ئۇ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش ئارقىلىق ئىلمىي بولمىغان يېرىم شېرىيەتكە بېرىلىپ كەتتى، پۈتۈن دارۋىنىزىم، لاماركتىن كۆچۈرۈۋالغان نەرسىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئىنسان تەبىتى بىلەن دۈيكاڭ بولغان بىر خىل ھايۋان تەبىتىدىنلا ئىبارەت، دەيدۇ.

دارۋىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي ساياھىتىدىن: ئوسۇملۇكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تۈرى مۇقىم بولمايدۇ، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دىگەن قاراشنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ پىكرنى ئۆز يۇرتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ كورۇش ئۈچۈن، ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەرنى سۈنئى يېتىشتۈرۈشتىن باشقا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۈزىتىش ئورنى يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە ئەنگلىيە راسا ئولچەملىك مەملىكەت ئىدى: باشقا مەملىكەتلەرنىڭ، مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ ئۆتۈغى، كولىمىدىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ بۇ جەھەتتە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ناھايىتى ئارقىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ كوپ قىسمى يېقىنقى بىر ئەسىردە قازىنىلغان، شۇڭا پاكىتلارنى ئېنىقلاشتا ئانچە چوڭ قىيىنچىلىق يوق. ئۇ چاغدا دارۋىن بۇنىداق يېتىشتۈرۈش تۈرداش ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەردە سۈنئى ھاسىل قىلىغان پەرقىنىڭ باشقا تۈردە دەپ ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەردىكى پەرقتىنمۇ چوڭراق بولىدىغانلىغىنى تاپتى. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن،

تۈرلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقى تەستىقلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈر بەلگىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئومۇمى بولۇشى مۇمكىنلىكىمۇ تەستىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن، دارۋىن يەنە: ئۇلاردا يېتىشتۈرگۈچىنىڭ ئاڭلىق غەرىزى بولماي تۇرۇپمۇ جانلىق ئورگانىك جىسىملاردا سۈنئى يېتىشتۈرۈشتىن ھاسىل بولغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە ھاسىل قىلالايدىغان سەۋەپلەر تەبىەت دۇنياسىدا يەنىلا مەۋجۇتمىكىن، دىگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ بۇ سەۋەپلەرنى تەبىەت دۇنياسى پەيدا قىلىدىغان تورەلمىلەرنىڭ ئىنتايىن كوپ ساندا بولۇشى بىلەن ھەقىقەتەن يېشىپ يېتىلگەن ئورگانىك جىسىملارنىڭ ناھايىتى ئاز ساندا بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيغۇنسىزلىقتا تاپتى. ھالبۇكى، ھەر بىر تورەلمە ئوسۇپ يېتىلىشكە ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا ياشاش ئۇچۇن كۈرەش پەيدا بولىدۇ، بۇنداق كۈرەش توغرىدىن-توغرا جىسمانى ئېلىنىش ياكى يۇتۇۋېتىش بولۇپلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەتتا ئوسۇملۈكلەردە يەنە ماكان ۋە كۈن نۇرى ئۇچۇن كۈرەش بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۇ كۈرەشتە گەرچە كىچىككىنە بولسىمۇ، لېكىن ياشاش ئۇچۇن كۈرەشكە پايدىلىق بولغان مەلۇم ئايرىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە يەككىلىكلەر يېشىپ يېتىلىش ۋە كوپىيىشتە ئەڭ ئۈمىتلىك بولىدۇ. بۇ ئايرىم خۇسۇسىيەتلەر شۇ سەۋەپتىن نەسىلگە تارتىپ داۋاملىشىش مايىللىقىغا ئىگە بولىدۇ، ئەگەر بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئوخشاش بىر تۈردىكى كوپ يەككە-لىكلەردە كورۈلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار جۇغلانغان نەسىلگە تارتىش ئارقىلىق، بەلگىلىنىۋالغان يونۇلۇش بويىچە كۈچىيىۋېرىدۇ؛

بۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان يەككىلىكلەر بولسا ياشاش ئۈچۈن كۈرەشتە ئاسانراق هالاك بولىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا يوقىلىدۇ. تۈرلەر ئەنە شۇنداق تەبىي تاللىنىش يولى بىلەن، ئۈيغۇنلاشقانلىرى ياشاش يولى بىلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى دارۋىننىڭ بۇ نەزىرىيىسىگە قارشى چىقىدۇ، ئۇ: دارۋىننىڭ ئۆزى ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش دىگەن ئىدىيىنىڭ مەنبەسىنى مىللى ئىقتىسادچى، نوپۇس نەزىرد- يىچىسى مالتۇسنىڭ نۇقتىنەزىرىنىڭ ئومۇملىشىشىدىن ئىزلەش كېرەك، دىمەك، بۇ نەزىرىيىمۇ ئاھالە ئۆسۈشۈقچىلىقى مەسىلىسى توغرىسىدىكى پوپلارچە مالتۇس نۇقتىنەزىرىگە خاس ھەممە كەمتۈكلۈككە ئىگە، دەيدۇ. ــ ئەمىلىيەتتە دارۋىن، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش ئىدىيىسىنىڭ **مەنبەسىنى** مالتۇستىن ئىزلەش كېرەك، دەپ ئېيتىشنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش نەزىرىيىسىنىڭ پۈتۈن ھايۋاناتلار دۇنياسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا تەتبىق قىلىنغان مالتۇس نەزىرىيىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. دارۋىن مالتۇس تەلىماتىنى ساددىلىق بىلەن قارغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا ھەرقانچە زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا بولسۇن، ھەرقانداق ئادەم بىر قاراپلا بايقى- ۋالالايدۇكى، كىشىلەر مالتۇسنىڭ كوز ئەينىگىنى تاقىمايمۇ تەبىەت دۇنياسىدىكى ياشاش ئۈچۈن كۈرەشنى كورەلەيدۇ، تەبىەت دۇنياسى ئىسراپچىلىق بىلەن پەيدا قىلىۋاتقان سان - ساناقسىز تورەلمىلەر بىلەن پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسىگە يېتەلەيدىغان ئاز سانلىق تورەلمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كورەلەيدۇ؛ ئەمىلىيەتتە، بۇنداق زىددىيەتنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ياشاش

ئۇچۇن كۇرەشتە بەلكى بەزىدە ئىنتايىن شەپقەتسىز بولغان ياشاش ئۇچۇن كۇرەشتە ھەل قىلىنىدۇ. خۇددى رىكاردو ئىش ھەققى قانۇنىيىتىنى ئىسپاتلاشتا قوللانغان مالتۇس دەلىللىرى ئالىلىقاچان ئۇن-تۇنسىز بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئىش ھەققى قانۇنىيىتى ئۆزىنىڭ كۈچىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلىغىنىغا ئوخشاش، ياشاش ئۇچۇن كۇرەشمۇ ھېچقانداق مالتۇس چۈشەندۈرۈشى بولماي تۇرۇپمۇ، بۇرۇنقىدەكلا تەبىەت دۇنياسىدا داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىەت دۇنياسىدىكى ئورگانىك جىسىملارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس نوپۇس قانۇنىيىتى بار، بىراق بۇنداق قانۇنىيەت تېخى زادىلا تەتقىق قىلىنمىدى، بۇنداق قانۇنىيەتنى تەستىقلاش بولسا تۇرلەرنىڭ جىنخۇا بولۇش نەزىرىيىسى ئۇچۇن جەزمەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ھەل قىلغۇچ تۇرتكىنى كىم بەردى؟ باشقا بىرى ئەمەس، دەل دارۋىن.

دىيۇرىڭ ئەپەندى مەسىلىنىڭ بۇ ئىجابى تەرىپىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن ساقلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ياشاش ئۇچۇن كۇرەش مۇقەررەر ھالدا ئۇستى-ئۇستىگە تاپا-تەنىگە ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاڭسىز بولغان ئوسۇملۇكلەر ئىچىدە ۋە ئوت-چوپ يەيدىغان يۇۋاش ھايۋاناتلار ئىچىدە قانداقتۇ ياشاش ئۇچۇن كۇرەشتىن سوز ئېچىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس:

«دەل مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھايۋان تۇرى ئىچىدە پەقەت تالىشىش ۋە يۇتۇش يولى بىلەن ئوزۇقلا ئىگە بولىدىغان چاغدىلا، ياشاش ئۇچۇن كۇرەش بولىدۇ.»

ئۇ ياشاش ئۇچۇن كۇرەش ئۇقۇمىنى مۇشۇنداق بىر تار دائىرىدە چەكلەپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ھايۋان تۇرى ئىچىگە چەكلەپ

قويغان ئۇقۇمنىڭ ھايۋان تەبىئىتىگە ئۆزىنىڭ تولۇپ-تېشىپ ياتقان ھەققانى غەزىۋىنى ئىختىيارىي ھالدا چىقىرالايدۇ. لېكىن بۇنداق غەزەپ دېۋىرلىك ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلسا بولىدۇ، دەل ئۇنىڭ ئۆزى ياشاش ئۈچۈن كۈرەشكە مۇشۇنداق چەكلىمە قويغان بىردىن-بىر ئادەم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىلا جاۋاپكار بولسا بولىدۇ. دېمەك، «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بارلىق پائالىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنى چۈشىنىشنى ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدىن ئىزلەيدۇ» غان دارۋىن ئەمەس، — دارۋىن پۈتۈن ئورگانىك دۇنيانى دەل مۇشۇ كۈرەشكە كىرگۈزگەن، — بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ئىزلەۋاتقانلار دېۋىرلىك ئەپەندى ئۆزى ياساپ چىققان خىيالىي دىۋە-پەرىلەر. ئۇنىڭدىن باشقا، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش دېگەن بۇ **نامىنى** دېۋىرلىك ئەپەندىنىڭ ئالىجاناپ غەزىۋىنىڭ قۇربانى قىلىش مۇمكىن. ئومۇملۇكلەردىمۇ بۇنداق **پاكىت** بار، بۇنى ھەر بىر چوپلۇك، ھەر بىر شاللىق، ھەر بىر دەرەخلىق ئۇنىڭغا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلە نامدا ئەمەس، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» ياكى «ياشاش شارائىتىنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە جىسىمانىي تەسىر» دەپ ئاتاشتىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ پاكىتنىڭ قانداق قىلىپ تۈرلەرنىڭ ساقلىنىشىغا ياكى ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدا. بۇ مەسىلە توغرىسىدا دېۋىرلىك ئەپەندى ھامان قاشىرىۋېلىپ ئۈنچۈقماي تۇرىدۇ. دېمەك، تەبىئى تاللىنىش جەھەتتە ھازىرچە ھەممە ئۆز پېتىچە قېلىۋېرىدۇ.

لېكىن، دارۋىنىزىم «ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە پەرقلىرىنى ھېچنىمىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ».

راست، دارۋىن تەبىئى تاللىنىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە،

ئايرىم يەككىلىكلەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان **سەۋەپلەر** ئۈستىدە ئويلانمىغان، ئۇ ئالدى بىلەن بۇنداق ئايرىم ئېغىشلارنىڭ قانداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا بىر سورت، ئۆزگەرگەن تۇر ياكى تۈرنىڭ بەلگىلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. دارۋىننىڭ نەزىرىدە، مەسىلە، ئالدى بىلەن، بۇ سەۋەپلەرنى تېپىشتىن كورە ـــ تا ھازىرغىچە بۇ سەۋەپلەرنىڭ بىر قىسمى تامامەن نامەلۇم، بىر قىسمىنىمۇ پەقەت ئەڭ ئومۇمى ھالدىلا بايان قىلىش مۇمكىن، ـــ ئۇلارنىڭ رولىنى مۇقىملاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكىلنى تېپىشتا ئىدى. دارۋىن ئۆزىنىڭ كەشپىياتىغا تولىمۇ كەڭ تەسىر كورسىتىش دائىرىسى بېرىۋېتىپ، بۇ كەشپىياتنى تۇرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ بىردىن ـ بىر پىشاڭى دەپ قاراپ قويىدى، تەكرار كورۇلىدىغان ئايرىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەپلىرىگە سەل قاراپ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئومۇملاشقان شەكىللىرىگە ئەھمىيەت بېرىۋەتتى، بۇ ـــ بىر كەمچىلىك، دارۋىن بىلەن كوپ ساندىكى ھەقىقى ئالغا باسقان كىشىلەرگە ئورتاق كەمچىلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر، دارۋىن ئۆزىنىڭ ئايرىم ئۆزگىرىشلىرىنى ھېچنىمىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە پەقەت «جانلىق مەۋجۇداتلارنى يېتىشتۈرگۈچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى»نى قوللىنىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، جانلىق مەۋجۇداتلارنى يېتىشتۈرگۈچىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر شەكتەيىنىڭ خىيالىي ئۆزگىرىشلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى رىيال ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ **ھېچنىمىدىن** كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋە پەرقلەر زادى قەيەردىن كېلىدۇ، دىگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا تۈرتكە بەرگۈچى بۇ

يەردىمۇ باشقا بىرى ئەمەس، يەنىلا شۇ دارۋىن.

يېقىندا، بولۇپمۇ ھېككېل تۈپەيلىدىن، تەبىي تاللىنىش ئىدىيىسى كېڭەيدى، تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈيغۇنلىشىش بىلەن نەسلگە تارتىشنىڭ ئۆزئارا تەسىر كورسىتىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈيغۇنلىشىش جەريانىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان تەرەپ دەپ، نەسلگە تارتىش جەريانىدا تۈرلەرنى ساقلايدىغان تەرەپ دەپ ھېساپلىنىدىغان بولدى. ھەتتا بۇنىمۇ دىيۇرىڭ ئەپەندى توغرا ئەمەس دەپ ھېساپلايدۇ.

«تەبىئەت دۇنياسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ياكى تارتىۋېلىنغان تۈرمۈش شارائىتىغا ھەققىي ئۈيغۇنلىشىش ئىدىيە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تۈرتكە ۋە پائالىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۈيغۇنلىشىش پەقەت بىر خىل ساختا كۆرۈنۈشلا بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا رول ئوينايدىغان سەۋەبىيەت بولسا ۋۇلشۇبىلىك، خۇاشۇبىلىك ۋە ئوسۇملۇكلەر شېكىلشۇبىسلىك نەرسىلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى باسقۇچىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولىدۇ.»

بۇ دورەممۇ نام دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدۇ. لېكىن، مەيلى ئۇ بۇ جەرياننى قانداق ئاتىسا ئاتاۋەرسۇن، بۇ يەردە مەسىلە پەقەت شۇ يەردىكى، ئورگانىك جىسىملار تۈرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇشۇنداق جەريانلار كەلتۈرۈپ چىقىرامدۇ، يوق؟ دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ دورەممۇ ھېچقانداق جاۋاپ بەرمەيدۇ.

«ئەگەر بىرەر خىل ئوسۇملۇك ئۆزىنىڭ ئوسۇش جەريانىدا ئەڭ كوپ كۈن نۇرى ئالالايدىغان يولنى تۇتسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق تەسىر كورسىتىش رولى ۋۇللىق كۈچلەر بىلەن خۇاشۇبىلىك ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ؛ ئەگەر بىرەر كىشى بۇ يەردە ئۈيغۇنلىشىش توغرىسىدا تەمسىللەر بىلەن ئەمەس، بەلكى سوزنىڭ تۈپ مەنىسى بويىچە سوزلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ جەزمەن جىياگشېنشۇلۇق چىگىشلىكنى ئۇقۇمغا ئېلىپ كېلىدۇ.»

بۇ ئادەم باشقىلارغا ئەنە شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى بولسا تەبىەت دۇنياسىنىڭ بۇ ئىش ياكى ئۇ ئىشنى كىمنىڭ **ئىرادىسى** بويىچە قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ، تەبىەت دۇنياسىنىڭ **نازۇكلۇغى** توغرىسىدا ھەتتا تېخى تەبىەت دۇنياسىنىڭ **ئىرادىسى** توغرىسىدا سوزلەيدۇ! ھەقىقەتەنمۇ جياڭشېنشۇلۇق چىگىشلىك، بىراق نەدە؟ ھېككېلدىمۇ، ياكى دىيۇرىڭ ئەپەندىدىمۇ؟

جياڭشېنشۇلۇق چىگىشلىكلا ئەمەس، بەلكى شۇنداقلا لوگىكا جەھەتتىكى چىگىشلىك. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ مەقسەت ئۇقۇمىنى تەبىەت دۇنياسىدا رول ئوينىتىشتا پۇتۇن كۇچى بىلەن چىڭ تۇرغانلىقىنى كوردۇق:

«ۋاستە بىلەن مەقسەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەرگىز ئاڭلىق غەرەزنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ.»

لېكىن، ئۇ شۇنچە كەسكىن قارشى تۇرغان، ئاڭلىق غەرەزمۇ بولمىغان، ئىدىيەلەرنىڭ ۋاستىسىمۇ بولمىغان ئۇيغۇنلىشىش ئەگەر بىر خىل ئاڭسىز مەقسەتلىك پائالىيەت بولمىسا، يەنە نىمە بولىدۇ؟

دىمەك، ئەگەر دەرەخ پاقىسىنىڭ ۋە يوپۇرماق يەيدىغان ھاشارەتلەرنىڭ رەڭگى يېشىل بولسا، چوللەردىكى ھايۋاناتلارنىڭ رەڭگى ساغۇش بولسا، ئىككى قۇتۇپتىكى ھايۋاناتلارنىڭ رەڭگى ئاساسەن قاردەك ئاق بولسا، ئۇلار جەزمەن ئاڭلىق ھالدا ياكى مەلۇم ئىدىيە بويىچە بۇنداق رەڭ ئالغان ئەمەس؛ ئەكسىچە، بۇ رەڭلەرنى ۋۇللىق كۇچلەر ۋە خۇاشۇېلىك ئامىللاردىنلا چۇشەندۇرگىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنى ھامان ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەسكى، بۇ ھايۋاناتلار دەل ئەنە شۇنداق رەڭلەر ئارقىسىدىلا ئۆزلىرى

ياشايدىغان مۇھىتقا مەقسەتكە لايىق **ئۇيغۇنلىشالىغان**، بەلكى دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئاز چېلىقىدىغان بولغان. شۇنداقلا، بەزى ئۇسۇملۇكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ھاشارەتلەرنى تۇتۇۋېلىشىغا ۋە يېيىشىگە ياردەم بېرىدىغان ئەزالىرى بۇنداق پائالىيەتكە ئۇيغۇن، ھەتتا مەقسەتكە لايىق ھالدا ئۇيغۇن. دېمەك، ئەگەر ديۇرىك ئەپەندى، ئۇيغۇنلىشىش جەزمەن ئىدىيە ئارقىلىقلا بولۇشى مۇمكىن، دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ، مەقسەتلىك پائالىيەتمۇ ئوخشاشلا جەزمەن ئىدىيە ئارقىلىق ئورۇنلىنىشى لازىم، ئۆزلۈكىدىن، ئاڭلىق بولۇشى لازىم، دېگەن پىكرىنى پەقەت باشقا سۆز بىلەن ئېيتقان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، رىياللىق پەلسەپىسىدە ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاش، بىز يەنە مەقسەتلىك پائالىيەت قىلىدىغان ياراتقۇچىنىڭ يېنىغا، خۇدانىڭ يېنىغا كېلىمىز.

«ئىلگىرى بۇنداق چۈشەندۈرۈش زىرەنشىنلۇن دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئەھمىيەتسىز قارىلاتتى (دەيدۇ ديۇرىك ئەپەندى)؛ لېكىن ھازىر بۇ تەرەپتە كىشىلەر يەنە ئارقىغا چېكىنگەندەك تۇرىدۇ.»

بىز ئۇيغۇنلىشىشتىن نەسلىگە تارتىشقا ئۆتىمىز. ديۇرىك ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، دارۋىنىزىم بۇنىڭدىمۇ تامامەن چىغىر يولغا كىرىپ قالغان. دارۋىن، پۈتۈن ئورگانىك دۇنيا بىر ئىپتىدائىي جانلىق مەۋجۇداتتىن تارالغان، ئۇنى بىردىن-بىر جانلىق مەۋجۇداتنىڭ ئەۋلادى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغانمىش. گويا دارۋىننىڭ نەزىرىدە، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇرداش تەبىئەت مەھسۇللىرىنىڭ مۇستەقىل پاراللېل قاتارى ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، جىنسىي كۆپىيىش ياكى باشقا كۆپىيىش

ئۇسۇللىرىنىڭ يىپلىرى ئۈزۈلگەن هامان، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرۈش نۇقتىسىنەزىرى بىلەن بىللە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدىكەن.

دارۋىن بارلىق مەۋجۇت ئورگانىك جىسىملارنى بىر ئىپتىدائىي جانلىق مەۋجۇداتتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ھوكۇم چىقىرىش، ئەدەپلىكرەك قىلىپ ئېيتساق، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى». دارۋىن «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نىڭ 6 نەشرىنىڭ ئاخىرىدىن 2-بېتىدە ناھايىتى ئېنىق ئېيتىدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ:

«بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار ئالاھىدە ئىجادىيەت مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئاز ساندىكى بىرنەچچە خىل جانلىق مەۋجۇداتنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادى»51.

ھېككېل تېخىمۇ يىراق كېتىدۇ، ئۇ مۇنداق پەرەز قىلىدۇ:

«ئوسۇملۇكلەر دۇنياسىنىڭ تامامەن مۇستەقىل بىر ئۇرۇغى بولغان، هايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ باشقا بىر ئۇرۇغى بولغان»، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «يەنە بىرمۇنچە مۇستەقىل باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار ئۇرۇغى بولغان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەر بىر ئۇرۇق يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككىسىدىن تامامەن مۇستەقىل ھالدا ئۆزگىچە خاس، ئۆز ئۆزىدىن تۇغۇلىدىغان يوەنچۈك شىكتەيىدىن راۋاجلانغان.» («تەبىئەتنىڭ يارىلىش تارىخى»، 397- بەت)52

دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ ئىپتىدائىي جانلىق مەۋجۇداتنى پەقەت ئىپتىدائىي يەھۇدى ئادەمئاتا بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈنلا كەشپ قىلغان؛ لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن — يەنى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن، ئەپسۇسلىنارلىغى

شۇكى، [گېورگى] سىمىتنىڭ ئاسسىرىيىدىكى كەشپىياتى ئارقىسىدا، بۇ ئىپتىدائىي يەھۇدىينىڭ ئەسلىدە ئىپتىدائىي سىمىت بولۇپ چىققانلىقى، ئىنجىلدىكى دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ۋە توپان سۈيىگە دائىر ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار بىلەن ۋاۋىلونلار، كالدېيلار ۋە ئاسسىرىيىلىكلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان قەدىمقى زاماندىكى كۆپپارلىقتىكى دىنىي رىۋايەتلەرنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنىڭ تەستىقلانغانلىقى ئۇنىڭغا نامەلۇم بولۇپ كەلگەن.

ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن ھامان، ئۇ دەرھال تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ، دەپ دارۋىنغا قىلىنغان بۇ ئەيىپلەش — ھەقىقەتەن قاتتىق لېكىن رەت قىلىپ بولمايدىغان ئەيىپلەش. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ پۈتۈن تەبىي پېنىمىزمۇ بۇنداق ئەيىپلەشكە ئۇچرىشى كېرەك. ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن ھامان، تەبىي پەن «تۇيۇق يول»غا كىرىپ قالىدۇ. ھازىرغىچە، جانلىق مەۋجۇداتلار ئۆز ئۆزىدىن كۆپەيگەندىن باشقا، تەبىي پەن تېخى جانلىق مەۋجۇدات ياسىيالمايدۇ، ھەتتا تېخى خۇاشۇېلىك ئېلېمېنتلاردىن ئاددى يۇەنشېگجۇنى ياكى باشقا ئاقسىل جىسىملارنى ياسىيالمايدۇ. دېمەك، ھاياتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تەبىي پەن بۇ كەمگىچە: ھاياتنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ھالدا خۇاشۇېلىك يول بىلەن بولغان، دەپلا قارارلاشتۇرالايدۇ. لېكىن، رىياللىق پەلسەپىسى، ئېھتىمال، بۇ يەردە يانتاياق بولالار، چۈنكى ئۇنىڭدا بىر بىرى بىلەن ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان مۇستەقىل پاراللىل قاتاردىكى تەبىئەت مەھسۇللىرى بار. بۇ مەھسۇللار قانداق پەيدا بولغان؟ تەبىي تۇغۇلۇش يولى بىلەن پەيدا بولغانمۇ؟ لېكىن، بۇ كەمگىچە، ھەتتا تەبىي

توغۇلۇش نەزىرىيىسىنىڭ ئەڭ دادىل ۋەكىللىرىمۇ بۇنداق يول بىلەن شىجۇنلەر، شىجۇن تورەلمىلىرى ۋە باشقا ئىنتايىن ئىپتىدائىي ئورگانىك جىسىملارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىلا قۇۋۋەتلەيدۇ، ھاشا-رەتلەر، بېلىقلار، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋاناتلار توغرىسىدا گەپ قىلمايدۇ. ئەگەر بۇ تۇرداش تەبىەت مەھسۇللىرى — روشەنكى، ئورگانىك ماددىلار، چۈنكى بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى پەقەت ئورگانىك ماددىلار — نىڭ ئوزئارا ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمايدىغان بولسا، «ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىپى ئۈزۈلگەن» ھامان، ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئاتا - بوۋىسى ياراتقۇچىنىڭ ئايرىم ھەركىتى بىلەنلا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز يەنە ياراتقۇچىنىڭ يېنىغا، زىرەنشېنلۇن دىگەن نىمگە قايتىپ كېلىمىز.

ئۇنىڭدىن قالسا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دارۋىنىڭ ئىنتايىن يۈزە يېرى مۇنداق:

«بەلگىلەرنىڭ جىنسىي قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاددى ھەركىتىنى بۇ بەلگىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تۈپ پىرىنسىپى قىلىۋالىدۇ.»

بۇمۇ بىزنىڭ بۇ تۈپ خاراكتىرلىق پەيلاسوپىمىزنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى. ئەكسىچە، دارۋىن ناھايىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «تەبىي تاللىنىش» دىگەن ئاتالغۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئۆزگىرىش-لەرنىڭ **ساقلىنىشىنى** كوزدە تۇتىدۇ، دەيدۇ (63 - بەت). لېكىن، دارۋىن ھېچقاچان ئېيتمىغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە زورمۇ - زور تېڭىشتەك بۇنداق يېڭى ئۇسۇل ديۇرىڭنىڭ تووەندىكى چوڭقۇر مەنىلىك قارىشىنى قوبۇل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ:

«ئەگەر جىنسىي كوپىيىشنىڭ ئىچكى ئەندىزىسىدە بىرەر مۇستەقىل ئۆزگىرىش پىرىنسىپىنى تاپقىلى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق ئىدىيە ئېھتىمال ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بولار، چۈنكى، ئومۇمىيۈزلۈك تۇغۇلۇش پىرىنسىپىنى جىنسىي يول بىلەن كوپىيىش پىرىنسىپىغا قوشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىش ھەمدە يۇقۇرىراق نۇقتىنەزەردىن چىقىپ، تەبىي تۇغۇلۇش دىگەن نىمىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇتلەق قارىمۇ-قارشى نەرسىسى دەپ ئەمەس، بەلكى دەل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى دەپ قاراش — بۇ ناھايىتى تەبىي ئىدىيە.»

بۇنداق قالايمىقان سوزلەرنى يېزىپ چىقالىغان ئادەم گېگېلنىڭ «كەسپىي تىلى»نى ئەيىپلەشنى نومۇس دەپ بىلمىگىنىنى!

دىيۇرىڭ ئەپەندى تەبىي پەن دارۋىن تەلىماتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىگە بولغان غايەت زور ئىلگىرىلەشتىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ئۇ بۇنداق غەزىۋىنى بىلدۈرۈشتە ئىپادىلىگەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان، زىددىيەتلەر بىلەن تولغان كوتۇلداش ۋە ئاغرىنىشلار يېتەرلىك بولدى. مەيلى دارۋىن بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى تەبىي پەن ئالىملىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى لاماركنىڭ ئۇلۇق تۆھپىسىنى بىرەر ئۇسۇل بىلەن كىچىكلىتىشنى كوڭلىگە كەلتۈرمىگەن؛ بەلكى دەل ئۇلار ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنى يېڭىۋاشتىن يۇقۇرى كوتەرگەن. بىراق بىز شۇنىڭغا سەل قارىماسلىغىمىز كېرەككى، لامارك زاماندا تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى توغرىسىدا ئالدىن مولچەرلەنىمگەن يەنى ئاتالمىش بىشارەت تەرىقىسىدە بولمىغان جاۋاپىنى بېرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، پەن تېخى تولۇق ماتىرىيال ئىگەللىمىگەن ئىدى. لېكىن لامارك زامانىدىن بۇيان، توپلاش ياكى جىيىپۇ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان

جىۋۋشۇي ۋە دۇگىۋۋشۇي ساھەلىرىدە نۇرغۇنلىغان ماتېرىيال جۇغلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ جەھەتتە ھەل قىلغۇچ موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يېپ ـ يېڭى ئىككى پەن ـــ ئوسۇملۇك ۋە ھايۋانات تورەلمىلىرىنىڭ يېتىلىشىنى تەتقىق قىلىش (پېيتەي-شۇي)، يەر شارى يۈزىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ساقلانغان ئورگانىك جىسىملارنىڭ قالدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىش (گۇشېڭۋۇ-شۇي) مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئورگانىك جىسىملار تورەلمىلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ئورگانىك جىسىملارغا قاراپ بارا ـ بارا يېتىلىشى بىلەن ئوسۇملۇكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ يەر شارى تارىخىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىش تەرتىۋى ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە ياپسالقنىڭ بارلىغى تېپىلدى. مانا بۇنداق ياپسالىق جىنخۇالۇننى ئەڭ ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن جىنخۇالۇننىڭ ئۆزى تېخى ناھايىتى ياش، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇبھىسىزكى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىلىنىدىغان ئىزلىنىش تۇرلەرنىڭ جىنخۇا جەريانى توغرىسىدىكى ھازىرقى ئىدىيىلەرنى جۇملىدىن ئەينى دارۋىنىزىملىق ئىدىيىنى زور دەرىجىدە تۈزىتىدۇ.

لېكىن ئورگانىك ھاياتىنىڭ جىنخۇاسى توغرىسىدا رىياللىق پەلسەپىسى بىزگە قانداق ئىجابى نەرسە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

«......تۇرلەرنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان پەرەز». لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇرداش تەبىئەت مەھسۇللىرىنىڭ مۇستەقىل پاراللېل قاتارى»مۇ كۈچكە ئىگە.

بۇنىڭغا ئاساسەن، تۇرداش بولمىغان تەبىئەت مەھسۇللىرىنىڭ يەنى ئۆزگىرىۋاتقان تۇرلەرنىڭ بىرى ئىككىنچىسىدىن تارىلىدۇ، تۇرداش تۇرلەر ئۇنداق بولمايدۇ، دەپ ھېساپلاش كېرەك بولاتتى.

لېكىن بۇمۇ پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئەنە شۇ ئۆزگىرىۋاتقان تۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ،

«ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى، ئەكسىچە، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنتايىن ئىككىنچى ئورۇندىكى ھەركىتىدىنلا ئىبارەت».

شۇنداق قىلىپ، ئاخىر سوز، گەرچە «ئىككىنچى ئورۇندا» بولسىمۇ، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بارىدۇ. بىزنىڭ خۇشال بولمىغىنىمىز شۇكى، ديۈرىڭ ئەپەندى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە شۇنچە كوپ زەھەرلىك ۋە مۇجمەل سوزلەر بىلەن بوھتان چاپلىغىنىدىن كېيىن، ئاخىر يەنە ئۇنى ئارقا ئىشىكتىن كىرگۈزدى. تەبىي تاللىنىشتىمۇ شۇنداق بولدى، چۈنكى ئۇ ياشاش ئۈچۈن كۆرەشكە ــ تەبىي تاللىنىش دەل شۇ ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ ــ پۈتۈن ھەققانى غەزىۋىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، بىردىنلا مۇنۇلارنى بىلدۈرىدۇ:

«شۇنىڭ ئۈچۈن، جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تۈپ ماھىيىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىزىنى تۇرمۇش شارائىتلىرىدىن ۋە ئالەم مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىزلەش كېرەك بولىدۇ، دارۋىن تەكىتلىگەن تەبىي تاللىنىشنى پەقەت ئىككىنچى ئورۇندا دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ».

شۇنداق قىلىپ، ئاخىر سوز، گەرچە ئىككىنچى ئورۇندا بولسىمۇ، تەبىي تاللىنىش توغرىسىدا بارىدۇ؛ بۇنداق بولغاندا، تەبىي تاللىنىش بىلەن بىللە، ياشاش ئۈچۈن كۆرەشمۇ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەنە پوپىلارچە مالتۇسنىڭ ئاھالە ئوشۇقچىلىقى نەزىرىيىسىمۇ كېلىدۇ! ھەممىسى مانا شۇ، قالغىنى توغرىسىدا ديۈرىڭ ئەپەندى بىزنى لاماركقا مۇراجەت قىلىشقا يوللايدۇ.

ئاخىردا، ئۇ بىزنى بىيەنتەي ۋە يېتىلىش دىگەن سوزلەرنى كەلسەـ

كەلمەس ئىشلەتمەڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بيەنتەي ــ ئىبنىق بولمىغان بىر ئۇقۇم، يېتىلىش دىگەن ئۇقۇمغا بولسا پەقەت يېتىلىشنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىي تەستىقلانغاندىلا ئاندىن يول قويۇش مۇمكىن. ئەگەر بىز بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «قوشۇلۇش»نى قوللانساق، ئىنتايىن مۇكەممەل بولىدۇ. يەنە ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ: ھەممە ئوز پېتىچە قىلىۋېرىدۇ، پەقەت نامىنى ئوزگەرتسەكلا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىنتايىن مەمنۇن بولىدۇ. ئەگەر بىز چۇجىنىڭ تۇخۇمدىكى يېتىلىشى دىسەك، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ قويىمىز، چۈنكى بىز يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ئىنتايىن تولۇق بولمىغان دەرىجىدىلا تەستىقلىيالايمىز. بىراق ئەگەر بىز ئۇنىڭ «قوشۇلۇشى» دىسەك، ھەممىسى روشەن بولىدۇ. دىمەك، بىز بۇنىڭدىن كېيىن: بۇ بالا ناھايىتى ياخشى يېتىلىۋاتىدۇ، دىگەننى ئىككىنچى ئاغزىمىزغا ئالمايمىز، بەلكى: بۇ بالا ئىنتايىن ياخشى قوشۇلۇۋاتىدۇ، دەيمىز. ئەمدى بىزگە دىيۇرىڭ ئەپەندىنى ئالىجاناپ غورۇرلۇق جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى زوچۇيجيا بولۇش سالاھىيىتى جەھەتتىمۇ «نىبېلۇنگلار ئۈزۈكى»نىڭ ئاپتورى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكى بىلەن تەبرىكلەش قالىدۇ.53

## 8. تەبىئەت پەلسەپىسى. ئورگانىك دۇنيا (ئاخىرى)

«ئويلاپ كورۈڭلار ...... بىزنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى بولۇمىمىزنى ئۇنىڭ بارلىق ئىلمىي ئالدىنقى شەرتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن

قانداق دەلىللەنگەن بىلىملەر كېرەككىن. ئۇنىڭ ئاساسى، ئالدى بىلەن، شۇشۇينىڭ بارلىق زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، لىشۇي، ۋۇلىشۇي ۋە خۇاشۇيدىكى زىل بىلىمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى، شۇنىڭدەك شېڭلىشۇي، دۇڭۋۇشۇي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ ئومۇمىي تەبىي پەن يەكۈنلىرى بولىدۇ.»

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ شۇشۇي ۋە تەبىي پەن ساھەسىدىكى بىلىمدانلىقىنى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن، قانداقتۇ يىلتىزلىرىغىچە ئۆتۈپ بارىدىغان دەلىللەنگەن بىلىمنىڭ يوشۇرۇ-نۇپ ياتقانلىقىنى بۇ چالا بولۇمنىڭ ئۆزىدىن بايقىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ تېخىمۇ چالا يەكۈنلىرىدىن بولسا تېخىمۇ بايقىغىلى بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ۋۇلىشۇي ۋە خۇاشۇي توغرىسىدا دىيۇرىڭچە مۇقەددەس يارلىقنى توقۇپ چىقىش ئۈچۈن، ۋۇلىشۇيدە ئىسسىق-لىقنىڭ جىسىملىك داڭلىقىنى كۆرسىتىدىغان تەڭلىمىنىلا بىلىش، خۇاشۇيدە بارلىق جىسىملارنىڭ ئېلېمېنتلارغا ۋە ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكمىلىرىگە بۆلۈنىدىغانلىقىنىلا بىلىش كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىمكى دىيۇرىڭ ئەپەندى 131 ـ بەتتە ئېيتقىنىغا ئوخشاش «تارتىلىش رولىغا ئىگە ئاتوملار» دىگەن سۆزنى ئېيتالايدىكەن، ئۇ: ئاتوم بىلەن مولېكۇلىنىڭ پەرقى توغرىسىدا، ئۆزىنىڭ تامامەن «قاراڭغۇلۇق»تا تۇرغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاتوملار ئارقىلىق ئالەمنىڭ تارتىلىشى ياكى باشقا جىسىملىك ۋە ياكى ۋۇلىلىق ھەركەت شەكىللىرى ئەمەس، بەلكى پەقەتلا خۇاشۇيلىك تەسىر چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئورگانىك دۇنيا توغرىسىدىكى باپنى ئوقۇيدىغان بولساق، قۇرۇق، بىر بىرىگە زىت

بولغان، ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەردە مۇقەددەس يارلىقتا ئوخشاش قىلچە ئەھمىيەتسىز ۋالاقلاشلارنى ئوقۇغان ۋە مۇتلەق يارامسىز بولغان ئاخىرقى يەكۈننى ئوقۇغان چاغدا، ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردە ئۆزى بىلمەيدىغانلىغى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرغان نەرسىلەر توغرىسىدا سوزلەپتۇ، دىگەن قاراش ئىختىيارسىز پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورگانىك جانلىق مەۋجۇداتلار توغرىسىدىكى تەلىماتىدا (شېڭۇۋشۇبدە) بۇنىڭدىن كېيىن يېتىلىش ئورنىغا قوشۇلۇش دىگەن سوزنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تەكلىپ قىلغانلىغىنى ئوقۇغان چاغدا، بۇنداق قاراش تېخىمۇ شۇبھىسىز بولۇپ قالىدۇ. كىمكى بۇنداق قىلىشنى تەكلىپ قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورگانىك جىسىملارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى توغرىسىدا ھېچنىمىنى بىلمەيدىغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ.

بارلىق ئورگانىك جىسىملار، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھۈجەيرىلەردىن يەنى ناھايىتى ئۇششاق بولغان، پەقەت يۇقۇرى دەرىجىدە چوڭايتىش ئارقىلىقلا كورگىلى بولىدىغان، ئىچىدە ھۈجەيرە ئۆزىگى بولغان ئاقسىل ماددىنىڭ ئۇششاق پارچىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ھۈجەيرىنىڭمۇ تاشقى پەردىسى بولىدۇ، ئىچىدە ئاز-تولا سۇيۇقلۇق بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھۈجەيرە ئورگانىزمى **بىر** ھۈجەيرىدىن تۈزۈلىدۇ؛ مۇتلەق كوپ ساندىكى ئورگانىك جانلىق مەۋجۇداتلار كوپ ھۈجەيرىلىك بولۇپ، نۇرغۇن ھۈجەيرىلەرنى توپلىغان فۇخېتى بولىدۇ. بۇ ھۈجەيرىلەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانىك جىسىملاردا يەنىلا بىر تىپتا بولىدۇ، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانىك جىسىملاردا بولسا بارغانسىرى باشقىچە شەكىلگە، خىلغا ۋە پائالىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن،

ئادەم ئورگانىزمىدا سوگەكلەر، گوشلەر، نېرۋىلار، بۆلجۆك گوشلەر، سىڭىرلار، كومۇچەكلەر، تېرە، قىسقىسى، جىمى توقۇلمىلار يا ھۆجەيرىلەردىن تەشكىل قىلىنىدۇ، يا ھۆجەيرىلەردىن پەيدا بولىدۇ. لېكىن بارلىق ئورگانىك ھۆجەيرە ئورگانىزملاردا، ئۆزى ئاددى بولغان، ئادەتتە تاشقى پەردىسى بولماي، ئىچىدە ھۆجەيرە ئۆزىگى بولغان ئاقسىل ماددا پارچىلىرىغا ئىگە بيەنشىڭچۇڭدىن تارتىپ ئادەمگىچە، ئەڭ ئۆششاق بىر ھۆجەيرىلىك گۆزاۋدىن تارتىپ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئوسۇملۇككىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھۆجەيرىلەرنىڭ كوپىيىش ئۇسۇلى ئورتاق بولىدۇ: بولۇنۇش. دەسلەپتە ھۆجەيرىلەر ئۆزىگى ئوتتۇرىدا قورۇلىدۇ، ئۆزەكنى ئىككىگە ئايرىيدىغان بۇنداق قورۇلۇش بارغانسىرى كۈچىيىدۇ، ئاخىردا ئۇ ئىككىگە ئايرىلىدۇ ۋە ئىككى ھۆجەيرە ئۆزىگى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق جەريان ھۆجەيرىنىڭ ئۆزىدىمۇ پەيدا بولىدۇ، ئىككى ئۆزەكنىڭ ھەر بىرى ھۆجەيرە ماددىسىنىڭ توپلىنىش مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ توپلانما بىلەن يەنە بىر توپلانما بارغانسىرى قاتتىق قورۇلۇش ئارقىسىدا باغلىنىپ كېتىدۇ، ئاخىرغا كېلىپ بولۇنۇپ كېتىدۇ ۋە مۇستەقىل ھۆجەيرە سۈپىتىدە داۋاملىق ياشاۋېرىدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ تۇخۇمى ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تورەلمە پوپىگى ھۆجەيرىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئۇزلۇكسىز تەكرارلىنىدىغان بولۇنۇشلىرى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا يېتىلىپ تامامەن يېتىلگەن ھايۋاناتقا ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا، چوڭ بولغان ھايۋاناتلاردا خورىغان توقۇلمىلارنىڭ تولۇقلىنىشىمۇ شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ. بۇنداق جەرياننى قوشۇلۇش دىيىشنى، ئۇ جەرياننى يېتىلىش دەپ ئاتاش

پىكىرىنى بولسا «ساپ خام خىيال» دېيىشنى، شۈبھىسىزكى، بۇ جەرياندىن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان كىشىلا — بۇنداق كىشىنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس — ئېيتالايدۇ؛ بۇ يەردىكىسى دەل **پەقەت** ۋە بەلكى ھەقىقەتەنمۇ كەم ـ كوتىسىز يېتىلىش بولۇپ، ئەسلا قوشۇلۇش ئەمەس!

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئومۇمى چۈشەنچىسى توغرىسىدا بىز كېيىن يەنە توختىلىمىز. ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئالاھىدە چۈشەنچىسى بولسا تۆۋەندىكىچە:

«ئورگانىك بولمىغان دۇنيامۇ ئۆز ئۆزىدىن ئورۇنلىنىدىغان پائالىيەتلەر تىزىمىدىن ئىبارەت؛ لېكىن پەقەت ھەقىقىي بولۇنۇش باشلانغان چاغدىلا، پەقەت ماددىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى بىر ئىچكى نۇقتىدىن كىچىكرەك گەۋدىگە ئايلىنىشى مۇمكىن بولغان تورەلمە شىكتەيى بويىچە، ئالاھىدە نەيچىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان چاغدىلا، ئاندىن ھەقىقىي ھايات توغرىسىدا تارراق ۋە قاتتىقراق مەنىدە سۆزلەش مۇمكىن.»

بۇ سۆز، ئۇنىڭ يېشىپ بولالمايدىغان گادىرماش گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىدىن ئېيتماي، تارراق ۋە قاتتىقراق مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىمەنىلىكىنىڭ ئۆز ئۆزىدىن ئورۇنلىنىدىغان پائالىيەت تىزىمى (مەيلى ئۇ نېمىگە قارىتىلغان بولسۇن). ئەگەر ھايات پەقەت ھەقىقىي بولۇنۇش باشلانغاندا ئاندىن باشلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزگە ھېككېلنىڭ پۈتۈن باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنى ئۆلۈك دەپ ئېلان قىلىش لازىم بولىدۇ، بەلكى بولۇنۇش ئۇقۇمى توغرىسىدىكى چۈشەنچە بويىچە، ئېھتىمال، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆلۈك دەپ ئېلان قىلىشقا توغرا كېلەر. ئەگەر ھايات پەقەت بۇنداق بولۇنۇش كىچىكرەك تورەلمە شىكتەيى ئارقىلىق ئايلانغان

چاغدا ئاندىن باشلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھېچ بولمىغاندا، بىر ھۇجەيرىلىك ئورگانىك جىسىملارنى ئوز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئورگانىك جىسىملار جانسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ماددىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئالاھىدە نەيچىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى ھاياتنىڭ ئالامىتى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن تاشقىرى، بىزگە يەنە پۈتۈن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۈچەي قوساق ھايۋاناتلارنى (ئېشىپ كەتكەندىمۇ شۈيمۇدىن باشقىسىنى)، دىمەك، بارلىق شۈيشىلەرنى ۋە باشقا جژچۈڭلارنى[54] جانلىق مەۋجۇداتلار قاتارىدىن ئۇچۇرۇپ تاشلاش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ماددىنىڭ ئاي-لىنىپ تۇرۇشى بىر ئىچكى نۇقتىدىن، ئالاھىدە نەيچىلەر ئارقىلىق بولۇشى ھاياتنىڭ تۈپ ئالامىتى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزگە يۈرىگى بولمىغان ياكى بىرنەچچە يۈرىگى بولغان ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈك دەپ ئېلان قىلىش لازىم بولىدۇ. ئۆلۈك دەپ ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلارغا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، يەنە بارلىق سازاڭلار، دېڭىز يۇلتۇزلىرى ۋە لۇنچۇڭلار (ھېكسلېينىڭ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە: Annuloida ۋە[55] Annulosa)، قاتتىق پوستلۇق ھايۋاناتلارنىڭ بىر قىسمى (راكلار)، ئاخىرىدا ھەتتا ئومۇرتقىلىق بىر خىل ھايۋانات يەنى ۋېنچاڭيۈي (Amphioxus)مۇ كىرىدۇ؛ ئاندىن يەنە بارلىق ئوسۇملۇكلەرمۇ كىرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ديۇرىڭ ئەپەندى ھەقىقى ھاياتنىڭ ئالامىتىنى تارراق ۋە قاتتىقراق مەنىدە چۈشەندۇرمەكچى بولغاچقا، ئۇ ھاياتنىڭ بىر بىرىگە تامامەن زىت كېلىدىغان 4 خىل ئالامىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بىرى پۈتۈن ئوسۇملۇكلەر دۇنياسىنىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭمۇ تەخمىنەن يېرىمىنى

ئەبىدى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ھېچكىم، ئۇ بىزگە «ئۇزۇل - كېسىل ئۆزىگە خاس خۇلاسىلەر ۋە نۇقتىنەزەرلەر» يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەندە، ئۇ بىزنى ئالدىغان ئىكەن، دەپ ئېيتالمايدۇ!

ئۇ باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ:

«تەبىئەت دۇنياسىدا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكتىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىككىچە بولغان بارلىق توقۇلمىلار بىر ئاددىي تىپنى ئاساس قىلىدۇ»، بۇنداق تىپ «ئەڭ مۇكەممەل بولمىغان ئۇسۇملۇكلەرنىڭ تازا ئىككىنچى ئورۇندىكى ھەركىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىدىن پۈتۈنلەي كورۇنۇپ تۇرىدۇ.»

بۇنداق ھۆكۈممۇ يەنە شۇ «پۈتۈنلەي» سەپسەتە. كىشىلەر پۈتۈن ئورگانىك دۇنيادا كوزگە چېلىقتۇرىدىغان ئەڭ ئاددىي تىپ — ھۇجەيرە؛ ئۇ — ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك توقۇلمىلارنىڭ ئاساسى. ئەكسىچە، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانىك جىسىملاردا ھۇجەيرىدىنمۇ كوپ تۆۋەن تۇرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر: باشلانغۇچ بىيەنىشكىچۈك، ھېچقانداق بولۇنۇش بولمىغان ئاددىي ئاقسىل ماددا پارچىلىرى، بىر قاتار باشقا يۇەنچۈكلار ۋە ھەممە گۆەنزاۋلار (Siphoneen) بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانىك جىسىملار بىلەن باغلانغانكى، پەقەتلا ئۇلارنىڭ تۈپ تەركىۋىي قىسمى ئاقسىل ماددا، شۇڭا ئۇلار ئاقسىل ماددىنىڭ جۈنبىشىنى ئورۇنلايدۇ، يەنى ياشايدۇ ۋە ئولىدۇ.

كېيىن ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«شېكلى جەھەتتە تۇيغۇ مەلۇم نېرۋا ئاپاراتىنىڭ، گەرچە ئۇ ناھايىتى

ئاددى بولىسمۇ، مەۋجۇتىلۇغى بىلەن باغلانىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ھايۋاناتىلارنىڭ ئالاھىدە بەلىگىسى — تۇيغۇ بولغانىلىغى، يەنى ئۇزىنىڭ ھالىتىنى جۇگۇەن جەھەتتىن ئاڭلىق چۈشىنەلەيدىغانلىغى. ئۇسۇملۇك بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى روشەن چەك تۇيغۇغا سەكرەشنىڭ ئورۇنلىنىشىدا. بۇ چەك ھەممىگە ئايان بولغان ئوتكۇنچى شەكىللەر تەرىپىدىن يوق قىلىنمايدۇ، ئېيتىش كېرەككى، ئۇ دەل ئەنە شۇ تاشقى جەھەتتىن بەلگىلىك بولمىغان ياكى بەلگىلىك بولۇشى مۇمكىن بولمىغان شەكىللەر تۇپەيلىدىن لوگىكا جەھەتتىكى زورۇرىيەتكە ئايلىنىدۇ.»

ئۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«تەتۇرىچە، ئۇسۇملۇكلەردە تۇيغۇدىن تامامەن ۋە مەڭگۇ ئەسەر يوق، ھەتتا ھېچقانداق تۇيغۇ قابىلىيىتىمۇ يوق.»

بىرىنچىدىن ،گېگېل مۇنىداق دەيدۇ («تەبىئەت پەلىسەپىسى»، 351 - بولۇم، قوشۇمچە ئىزاھات):

«تۇيغۇ تۇر پەرقى يەنى ھايۋاناتلارنىڭ مۇتلەق ئالامىتى دىمەكتۇر.»

دىمەك، يەنىلا گېگېلنىڭ «يىرىك بۇيۇمى»، ئۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ خام - خۇتا يۇتۇشى ئارقىسىدا، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت دىگەن ئالىجاناپ ئورۇنغا كوتىرىلگەن.

ئىككىنچىدىن، بىز بۇ يەردە ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتكۇنچى شەكىلنى، تاشقى جەھەتتىن بەلگىلىك بولمىغان ياكى بەلگىلىك بولۇشى مۇمكىن بولمىغان شەكىللەرنى (تازا بىر ئاغزىغا كەلگەننى جويلۇش!) بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمىز. بۇنداق ئارىلىق شەكىللەر مەۋجۇت، بەزى ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئۇسۇملۇك ياكى ھايۋانات ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېيتالمايمىز، شۇ سەۋەپتىن بىز ھامان ئۇسۇملۇكلەر بىلەن ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدا

روشەن چەك سىزالمايمىز — بۇ ھال دىيۇرىڭ ئەپەندىدە، بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش لوگىكا جەھەتتىن زورۇر، دېگەن ئوينى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە، بۇ ئالامەت ئاساسقا ئىگە ئەمەس، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ! لېكىن ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋاناتلار ئوتتۇرىسىدىكى گۇمانلىق ساھە توغرىسىدا قايتا توختىلىشىمىزنىڭ زادى ھاجىتى يوق؛ سەللا تېگىپ كەتسە يوپۇرماقلىرىنى پۈرۈۋالىدىغان ياكى چېچەكلىرىنى يىغىۋالىدىغان سەزگۈر ئۆسۈملۈكلەردە، ھاشارەت يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەردە تۇيغۇدىن قىلچە ئەسەر يوقمۇ، ھەتتا ھېچقانداق تۇيغۇ قابىلىيىتىمۇ يوقمۇ؟ دىيۇرىڭ ئەپەندى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ «ئىلمىي بولمىغان يېرىم شېرىيەت»كە ئىگە بولمىسا، بۇ ھەقتە ئۈزۈپ بىرنىمە دېيەلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى، شەكلى جەھەتتە تۇيغۇ مەلۇم نېرۋا ئاپپاراتىنىڭ، گەرچە ئۇ ناھايىتى ئاددى بولسىمۇ، مەۋجۇتلۇقى بىلەن باغلانغان، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇمۇ يەنە ئۇنىڭ ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى. بارلىق ئىپتىدائىي ھايۋاناتلاردىلا ئەمەس، بەلكى جىژچۆگىلاردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە، نېرۋا ئاپپاراتىدىن ھېچقانداق ئەسەر كۆرۈنمەيدۇ. ئادەتتە پەقەت سازاڭلاردىن تارتىپلا نېرۋا ئاپپاراتى بارلىقى بىلىنىدۇ، مانا شۇ ھايۋاناتلاردا نېرۋا بولمىغاچقا تۇيغۇ يوق دېگەننى بىرىنچى بولۇپ تەشەببۇس قىلغۇچى دەل دىيۇرىڭ ئەپەندى. تۇيغۇ مۇقەررەر ھالدا نېرۋا بىلەن باغلانمايدۇ، لېكىن بۇ كەمگىچە تېخى ھەقىقى ئېنىقلانمىغان مەلۇم ئاقسىل جىسىملار بىلەن باغلانغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ شىكۇۋشۇي بىلىمىنى ئۇنىڭ قىلچە ھېيىقماستىن دارۋىنغا قويغان تۆۋەندىكى سوئالى تولۇق ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

«ھايۋاناتلار ئۇسۇملۇكتىن راۋاجلانغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولامدۇ؟»

ھايۋاناتلار ۋە ئۇسۇملۇكلەر توغرىسىدا ھېچنىمە بىلمەيدىغان كىشىلا بۇنداق سوئالنى قويۇشى مۇمكىن.

ئومۇمى ھايات توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە تۆۋەندىكىلەرنىلا ئېيتالايدۇ:

«قويۇرۇپ چىقىلغان ئەندىزىلەشتۇرۇش (بۇنىسى زادى قانداق ھۇنەر-كىن؟) ئارقىلىق بولىدىغان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ھامان ھەقىقى ھايات جەريانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.»

بىزنىڭ ھايات توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، «قويۇرۇپ چىقىلغان ئەندىزىلەشتۇرۇش»كە يولۇققاندا، بىز يەنە ئەڭ ساپ بولغان ديۇرىڭ كەسپىي تىلىنىڭ قىلچە ئەھمىيەتسىز جويلۇشلىرىگە چوڭقۇر پېتىپ قالىمىز. شۇڭا، ئەگەر بىزنىڭ ھاياتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلگۇمىز كەلسە، ئۆزىمىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، شېڭلىشۇي-خۋاشۇېشۇناسلار ۋە خۋاشۇي-شېڭلىشۇېشۇناسلار، ئورگانىك جىسىملاردىكى كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ھاياتتىكى ئەڭ ئومۇمى ۋە ئەڭ كۆرۇنەرلىك ھادىسە، دەپ ھېساپسىز كۆپ قېتىم ئېيتىپ كەلدى، ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردە بولسا ئۇنى شارتتىدىلا ئۆزىنىڭ نازاكەتلىك ھەم روشەن سۆزى قىلىپ تەرجىمە قىلىۋالدى.

لېكىن، ئەگەر ھايات ئورگانىك جىسىملاردىكى كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى دەپ بەلگىلىنىدىغان بولسا، بۇ ھاياتنى ھايات دەپ بەلگىلەش بىلەن باراۋەر بولىدۇ؛ چۈنكى ئورگانىك جىسىم-لاردىكى كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ياكى قوپۇرۇپ چىقىلغان ئەندىزىلەشتۈرۈش ئارقىلىق بولىدىغان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى دېگەن سوزنىڭ ئوزى يەنە ھايات ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش زورۇر بولغان، ئورگانىك جىسىملار بىلەن غەيرى ئورگانىك جىسىملارنىڭ پەرقى يەنى جانلىق مەۋجۇداتلار بىلەن غەيرى جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ پەرقى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش زورۇر بولغان سوز بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چۈشەندۈرۈش بىزنى بىر قەدەممۇ ئالغا باستۇرمايدۇ.

كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشىنىڭ ئوزى ھايات بولمىغان تەقدىردىمۇ يۈزبېرىدۇ. خۇاشۇيدە شۇنداق بىر قاتار جەريانلار باركى، يېتەرلىك خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇلىدىغانلا بولسا، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭىۋاشتىن تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ يەردە بەلگىلىك بىر جىسىم بۇ جەرياننى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، گۈڭگۈرتنى كويدۇرۇش يولى بىلەن گۈڭگۈرت كىسلاتاسى ئىشلەشنى ئالايلى. گۈڭگۈرت كويدۇرۇلسە، گۈڭگۈرت ئىككى ئوكسىدى — $SO_2$ ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭغا سۇ پارلىرى ۋە نېترات كىسلاتاسى قوشۇلسا، گۈڭگۈرت ئىككى ئوكسىدى ھىدروگېن ۋە ئوكسىگېننى ئوزىگە ئېلىپ، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى — $H_2SO_4$ غا ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا نېترات كىسلاتاسى ئوكسىگېن چىقىرىدۇ-دە، نىتروگېن ئوكسىدىغا ئايلىنىدۇ، بۇ نىتروگېن ئوكسىدى شۇ زاماتلا يەنە ھاۋادىن يېڭى

ئوكسىگېن ئېلىپ، نىتروگېننىڭ يۇقۇرى ئوكسىدلىرىغا ئايلىنىدۇ، لېكىن شۇ زاماتلا يەنە بۇ ئوكسىگېننى كۈڭگۈرت ئىككى ئوكسىدىغا بېرىدۇ-دە، شۇنداق بىر جەريانىنى يېڭىۋاشتىن تەكرارلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەزىرىيە جەھەتتە ئىنتايىن ئاز مىقتاردىكى نېترات كىسلاتا-سىلا چەكسىز مىقتاردىكى كۈڭگۈرت ئىككى ئوكسىدىنى، ئوكسىگېننى ۋە سۇنى كۈڭگۈرت كىسلاتاسىغا ئايلاندۇرۇشقا يېتىدۇ. — ئۇنىڭدىن قالسا، سۇيۇقلۇقلار ئۆلۈك ئورگانىك پەردە ھەتتا ئورگانىك بولمىغان پەردە ئارقىلىق سىڭىشكە كىرىشكەن چاغدىمۇ، خۇددى تراۋبېنىڭ سۇنئىي ھۈجەيرىلىرىدىكىگە[56] ئوخشاش، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىسىنىڭ ئېلىشى يۈزبېرىدۇ. بۇ كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى بىزنى بىر قەدەممۇ ئالغا باستۇرمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چۈنكى ھاياتنى چۈشەندۈ-رىدىغان ئۆزىگە خاس كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشىنىڭ ئۆزى يەنە ھايات ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە مۇھتاج. دېمەك، باشقا چىقىش يولى تېپىشىمىز لازىم بولىدۇ.

**ھايات ئاقسىل جىسىملارنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى**، بۇنداق مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى ماھىيەتتە شۇ ئاقسىل جىسىملارنىڭ خۋاشۇې-لىك تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئۆزىدىن يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە، ئاقسىل جىسىم ھازىرقى زامان خۋاشۇېسى مەنىسىدە چۈشىنىلىدۇ، ھازىرقى زامان خۋاشۇېسى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاددەتتىكى ئاقسىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى ئاقسىل ماددا دەپمۇ ئاتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاقسىل جىسىم دېگەن نامنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ نام مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ئاددەتتىكى

ئاقسىل ئوزىگە يېقىن بولغان ھەممە ماددىلار ئىچىدە ئەڭ جانسىز بولۇپ، ئەڭ بېيدۇك رول ئوينايدۇ، ئۇ تۇخۇم سېرىغى بىلەن بىللە پەقەت تورەلمىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلۇقلا بولىدۇ. لېكىن، ئاقسىل جىسىملارنىڭ خۇاشۇېلىك تۇزۇلۇشى تېخى بىزەمۇ مەلۇم بولمىغان چاغدا، بۇ نام ھەر ھالدا باشقا ھەممە ناملاردىن ياخشىراق، چۈنكى ئۇ بىر قەدەر ئومۇمى.

مەيلى قەيەردە بولسۇن، ھاياتنىلا ئۇچرىتىدىكەنمىز، ھاياتنىڭ مەلۇم ئاقسىل جىسىم بىلەن باغلانغانلىقىنى كورىمىز، شۇنىڭدەك، مەيلى قەيەردە بولسۇن، پارچىلىنىش جەريانىدا بولمىغان ئاقسىل جىسىمنىلا ئۇچرىتىدىكەنمىز، مۇستەسناسىز ھالدا ھايات ھادىسىلىرىنىمۇ كورىمىز. شۇبھىسىزكى، جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزىمىدا بۇ ھايات ھادىسىلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇنۇشلىرىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغان باشقا خۇاشۇېلىك بىرىكمىلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر؛ ساپ ھاياتقا نىسبەتەن، بۇ بىرىكمىلەر زورۇر ئەمەس، پەقەت ئۇلار ئوزۇق تەرىقىسىدە جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزىمىغا كىرىپ ئاقسىل ماددىغا ئايلانغان بولمىسىلا. بىز بىلىدىغان توۋەن دەرىجىلىك جانلىق مەۋجۇداتلار ئاددى ئاقسىل ماددا پارچىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىراق ئۇلار ھاياتنىڭ ھەممە ماھىيەتلىك ھادىسىلىرىنى ئىپادىلىگەن.

لېكىن بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئورتاق بولغان بۇ ھايات ھادىسىلىرى زادى قەيەردە كورۈلىدۇ؟ ئالدى بىلەن شۇ يەردە كورۈلىدۇكى، ئاقسىل جىسىم ئوز ئەتراپىدىن ئوزىگە لايىق باشقا ماددىلارنى ئالىدۇ، ئۇلارنى ئوزلەشتۇرىدۇ، ئورگانىزىمدىكى باشقا كونىراق قىسىملار بولسا ئاجرىلىپ بارىدۇ ۋە چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

باشقا جانسىز جىسىملاردىمۇ تەبىى جەرياندا ئۆزگىرىش، ئاجرىلىش ياكى بىرىكىش ھاسىل بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرىكىدەك نەرسە بولۇشتىن قالىدۇ. قىيا تاش ئۇۋۇلغاندىن كېيىن قىيا تاش بولۇشتىن قالىدۇ؛ مېتال ئوكسىدلانغاندىن كېيىن داتقا ئايلىنىدۇ. لېكىن جانسىز جىسىملاردا بۇزۇلۇشقا سەۋەپ بولغان نەرسە ئاقسىل ماددىدا بولسا **ياشاشنىڭ تۈپ شەرتى** بولىدۇ. ئاقسىل جىسىمدىكى ھەرقايسى تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى، ئۆزۈۋقلىنىش بىلەن چىقىرىپ تاشلاشنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشى توختىغان دەقىقىدىن تارتىپ، ئاقسىل جىسىمنىڭ ئۆزى ياشاشتىن توختاپ، ئاجرىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ، يەنى **ئۆلىدۇ**. دېمەك، ھايات، ئاقسىل جىسىمنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى، ئالدى بىلەن، ئاقسىل جىسىمنىڭ ھەر بىر دەقىقىدە ھەم ئۆزى، شۇنىڭ بىللە يەنە باشقا نەرسە بولۇشىدا؛ بۇنداق ئەھۋال جانسىز جىسىملاردا يۈزبەرگەندىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنى سىرتتىن بولىدىغان مەلۇم جەريان پەيدا قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ھايات يەنى ئۆزۈۋقلىنىش ۋە چىقىرىپ تاشلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ئۆز ئۆزىدىن ئورۇنلىنىدىغان بىر خىل جەريان، بۇنداق جەريان ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگۈچىدە — ئاقسىل ماددىدا ئەسلىدىن بار بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىر بولغان بولۇپ، بۇنداق جەريانسىز ئاقسىل ماددىنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر خۇاشۇي كۆنلەرنىڭ بىرىدە سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئاقسىل ماددا ياسىيالايدىغان بولسا، بۇنداق ئاقسىل ماددا جەزمەن ھايات ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، گەرچە بۇنداق

هايات هادىسىلىرىنىڭ ناهايىتى ئاجىز بولۇشى ئېھتىمال بولسىمۇ. ئەلۋەتتە، خۇاشۇيىنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنداق ئاقسىل ماددا ئۇچۇن لايىق ئوزۇق تېپىش-تاپالماسلىقى تېخى بىر مەسىلە.

ئاقسىل ماددىنىڭ ئاساسىي رولىدىن—ئوزۇقلىنىش ۋە چىقىرىپ تاشلاش بىلەن بولىدىغان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشىدىن، ئاقسىل ماددىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋرىشىملىكىدىن بارلىق باشقا ئەڭ ئاددىي هايات ئامىللىرى كېلىپ چىقىدۇ: تەسىرچانلىق—ئۇ ئاقسىل ماددا بىلەن ئۇنىڭ ئوزۇقلۇغىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدە بولىدۇ؛ قورۇلۇشچانلىق—ئۇ ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچتا ئوزۇق قوبۇل قىلىشتا كۆرۈنىدۇ؛ ئوسۇش قابىلىيىتى—ئۇ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتىلا بولۇنۇش ئارقىلىق بولىدىغان كۆپىيىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىچكى هەركەت—بۇنداق هەركەت بولمىسا، ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىشمۇ، ئۆزلەشتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ هايات توغرىسىدىكى تەبىرىمىز، ئەلۋەتتە، تازا تولۇق ئەمەس، چۈنكى ئۇ **بارلىق** هايات هادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن يىراق، بەلكى ئەڭ ئومۇمى ۋە ئەڭ ئاددىي هايات هادىسىلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. پەندە بارلىق تەبىرلەر پەقەت كىچىككىنىلا قىممەتكە ئىگە. هاياتنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى هەقىقى تەپسىلى بىلگۈمىز كەلسە، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىن تارتىپ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگىچە بولغان بارلىق ئىپادە شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشىمىز لازىم بولىدۇ. بىراق ئادەتتىكى قوللىنىش ئۈچۈن، بۇنداق تەبىر ناهايىتى قولايلىق، بەزى جايلاردا هەتتا كەم بولسا بولمايدۇ؛ بىز ئۇلارنىڭ خالى بولغىلى بولمايدىغان كەمچىلىكلىرىنى ئۇنتۇمىساقلا، ئۇلارمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

يەنىلا دېۋىرلىك ئەپەندىگە قايتايلى. ئەگەر، ئۇنىڭ يەر شارىدىكى شېڭۋۇشۇي ساھەسىدە تەقدىرى ئۆگىدىن كەلمەيرەك قالدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ ئۆزىنى قانداق بەزلەشنى بىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلار ئاسمىنىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ.

«سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدە قۇرۇلۇشىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن كېگۇەن دۇنيانىڭ ئۆزى خوشاللىق ۋە قايغۇ تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بىز خوشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى — بەلكى دەلمۇ-دەل بىزگە ئوبدان تونۇش بولغان ئۇسۇلدا — بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك قارىمۇ-قارشىلىق بەلكى ئالەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان دۇنيالىرىدا ماھىيەت ئېتىۋارى بىلەن ئوخشاش بولغان تۇيغۇ تەرىپىدىن ئىپادىلىنىشى مۇقەررەر، دەپ ھېساپلايمىز...... لېكىن بۇنداق بىردەكلىكنىڭ ئەھمىيىتى كىچىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ — تۇيغۇلار ئالىمىنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى...... شۇڭا، بىز ئۈچۈن، جۇگۇەن ئالەم دۇنياسى كېگۇەن ئالەم دۇنياسىدىن بەكرەك يات ئەمەس. بۇ ئىككى ساھەنىڭ تۈزۈلۈشلىرى ئۈستىدە ئوخشاش تىپ بويىچە پىكىر قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندا يەر شارىدىن باشقىسىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر خىل ئاڭ ئىلمىنىڭ باشلانمىسىغا ئىگە بولىمىز.»

تۇيغۇلار ئالىمىنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇغىدا ساقلاپ يۈرگەن ئادەم ئۈچۈن، يەر شارىدىكى تەبىي پەندە بىرنەچچە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ نېمە كارايىتى؟ بولدىلا!

## 9. ئەخلاق ۋە قانۇن. مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەر

دېۋىرلىك ئەپەندى توپ-توغرا 50 بەت داۋامىدا كونا مۇقام بىلەن سىرلىق سۆزلەر بوتقىسىنى، قىسقىسى، ساپ ئاساسسىز

**سوزلەرنى** ئاڭ ئاملىلىرى توغرىسىدىكى تۇپ خاراكتىرلىق پەن تەرىقىسىدە كىتاپخانىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا تەقدىم قىلىدۇ، بىز ھەرگىز بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىزىپ كورسەتمەكچى ئەمەسمىز. پەقەت مۇنداق بىر جۇملىنىلا نەقىل كەلتۇرىمىز:

«كىمكى تىل ئارقىلىقلا تەپەككۇر قىلالايدىكەن، ئۇ نىمىنىڭ چۇشياڭ ۋە ساپ تەپەككۇر ئىكەنلىكىنى مەڭگۇ بىلمەيدۇ.»

بۇنداق بولسا، ھايۋاناتلار ئەڭ چۇشياڭ ۋە ئەڭ ساپ تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇپ چىقىدۇ، چۇنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى تىلنىڭ مەجبۇرى ئارىلىشىشى بىلەن ھېچقاچان تۇتۇقلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەقىقەتەن، دىيۇرىڭنىڭ پىكىرلىرىدىن ۋە بۇ پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتىكى تىلىدىن بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەرقانداق تىلغا نەقەدەر ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ نىمىس تىلىنىڭ بۇ پىكىرلەرگە نەقەدەر ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى كورۇش مۇمكىن.

ئاخىردا، توتىنچى قىسىم بىزنى قۇتقۇزىدۇ، بۇ قىسىم، ئۇنىڭدىكى ئايىغى ئۇزۇلمەيدىغان ئالىجوقا سوزلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھېچ بولمىغاندا بەزىدە **ئەخلاق ۋە قانۇن** جەھەتتە بىزگە تۇتامغا چىققۇدەك بەزى نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بۇ قېتىم بىز باشتىلا باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىمىز:

ئەخلاق ئاملىلىرى جەزمەن «بىردەك ماسلاشتۇرۇلغان ئۇسۇللار بىلەن ...... ئادەمدىن باشقا بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلاردا يېڭىۋاشتىن كورۇلىدۇ، بۇ جانلىق مەۋجۇداتلاردا تەبى ئىقتىدار شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ھايات پائالىيىتىنى پائالىيەتچان ئىدرەك ئاڭلىق ھالدا تەڭشەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ ...... بىراق بۇنداق يەكۇنگە بىز ئانچە قىزىقمايمىز......

لېكىن بۇنىڭدىن باشقا، تووۋەندىكى ئۇي باشتىن-ئاخىر نەزەر دائىرىمىزنى پايدىلىق ھالدا كېڭەيتىدىغان بىر خىل پىكىر بولۇپ قالىدۇ: تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزچە، باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا شەخسنىڭ ۋە ئومۇمنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق بىر خىل ئەندىزىگە رىئايە قىلىشى لازىمكى، بۇنداق ئەندىزە...... ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەركەت قىلىدىغان جانلىق مەۋجۇداتىنىڭ ئومۇمى تۇپ قائىدىسىنى تاشلىۋېتەلمەيدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن چەتلەپ كېتەلمەيدۇ.»

ئەگەر بۇ يەردە ئىستىسنا قىلىنغان ھالدا، بۇ باپنىڭ ئاخىرىدا ئەمەس، بەلكى بېشىدىلا، دىيۇرىڭنىڭ ھەقىقەتى مۇمكىن بولغان باشقا بارلىق دۇنيالارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدا ئۇنىڭ تولۇق ئاساسى بار. ئەگەر، دىيۇرىڭنىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە ئادالەت قارىشى ھەممە **دۇنياغا** مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ ئالدىن بەلگىلەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى بىر قەدەر ئاسانلا پايدىلىق ھالدا ھەممە **دەۋرگە** كېڭەيتىش مۇمكىن بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە گەپ يەنە كەم-كوتىسىز ھالدا ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت مەسىلىسى توغرىسىدا بارىدۇ.

ئەخلاق دۇنياسىنىڭمۇ «ئومۇمى بىلىم دۇنياسىنىڭكىگە ئوخشاش...... ئۆزىگە خاس مەڭگۈلۈك پىرىنسىپلىرى ۋە ئاددى ئامىللىرى بار»، ئەخلاق پىرىنسىپلىرى «تارىختىن ۋە ھازىرقى كۈندىكى مىللى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ پەرقىدىن يۇقۇرى...... » تۇرىدۇ، «تەرەققىيات جەريانىدا بىر قەدەر تولۇقراق ئەخلاقي ئاڭنى ۋە ۋىجدان دىگەن نىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئالاھىدە ھەقىقەتلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاساسلىرى بىلىۋېلىنسىلا، شۇشۇنىڭ بىلىۋېلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇۋاپىقلىقنى ۋە ئۇنۇملۈك دائىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. چىن ھەقىقەت ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ......شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىشنىڭ توغرىلىقىنى زاماننىڭ ۋە رىيال ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش تامامەن

ئاخماقلىق». شۇڭا قەتئى بىلىمنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە كۈندىلىك بىلىشنىڭ يېتەرلىكلىكى بىزنىڭ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن ئەھۋال ئاستىدا بىلىم پرىنسىپلىرىنىڭ مۇتلەق مۇۋاپىقلىقىدىن ئۈمىتسىزلىنىشىمىزگە يول قويمايدۇ. «ئۇزاق گۇمانلىنىشنىڭ ئۆزى بىر خىل كېسەللىكنىڭ ئاجىزلىق ھالىتى بولىدۇ، بەلكى ئىنتايىن چىڭشىلىكنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق چىڭشىلىك بەزىدە ئۆزىنىڭ ھېچنېمە بولغان شىتۇڭلاشقان ئېڭىدا مەلۇم تۇراقلىق كورۇنۇش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەخلاق مەسى- لىسىدە ئومۇمى پرىنسىپلارنى ئىنكار قىلىش ئورپ-ئادەتلەر ۋە پرىنسىپ- لارنىڭ جۇغراپىيە ۋە تارىخ جەھەتتىكى خىلمۇ-خىللىقى بىلەن مەھكەم باغلانغان بولىدۇ، بەلكى ئەخلاق جەھەتتىكى يامانلىق بىلەن بۇزۇقلۇقنىڭ مۇقەررەر زورۇرىيىتى ئېتىراپ قىلىنىدىكەن، بىردەك ماسلاشتۇرۇلغان ئەخلاق تەبىئى ئىقتىدارنىڭ جىددى ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي رولى ئىنكار قىلىنىدۇ. گويا ئايرىم ساختا تەلىماتقا قارشى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق ئەخلاقىقا يېتىدىغان قابىلىيىتىنىڭ ئۆزىگە قارشى بولغان بۇنداق چىرىتىش خاراكتېرىدىكى گۇمانلىنىش ئاخىردا ھەقىقى ھېچنېمە ھەتتا ماھىيەتتە نوقۇل شۇيۇۋجۇيىدىنمۇ يامان نەرسە بولۇپ قالىدۇ...... ئۇ ئۆزىچە ئۆزىنىڭ ئاغدۇرۇلغان ئەخلاق قارىشىنىڭ قالايمىقانچىلىقى ئېچىدە ناھايىتى ئاسانلا ھوكۇمرانلىق رول ئوينىيالايمەن ۋە پرىنسىپسىز ئۆكتەم- لىككە بارلىق ئىشكلەرنى كەڭ ئېچىپ بېرەلەيمەن دەپ ماختىنىدۇ. لېكىن ئۇ قاتتىق خاتا قىلىدۇ، چۈنكى، ئىدرەكنىڭ سەپسەتىدىكى ۋە ھەقىقەتتىكى مۇقەررەر تەقدىرى كورسىتىلىدىغانلا بولسا، بۇ بىردىن-بىر سېلىشتۇرمىنىڭ ياردىمى بىلەن، تەبىئى قانۇنىيەتلەرنىڭ مۇمكىن بولغان خاتالىقىنىڭ توغرا نەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كورسەتكىلى بولىدۇ.»

بىز ھازىرغىچە دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت، تەپەككۇرنىڭ ئەلالىقى، بىلىشنىڭ مۇتلەق

ئىشەنچلىكلىكى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى بۇ چىرايلىق سوزلەرنى جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ كەلدۇق، چۈنكى بۇ مەسىلە بىز هازىر كېلىپ يەتكەن مۇشۇ نۇقتىدىلا هەل قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ ئايرىم هوكۇملىرىنىڭ قايىسى دەرىجىدە «ئەلا ئەهمىيەت»كە ۋە «شەرتسىز هەقىقەت هوقۇقى»غا ئىگە ئىكەنلىكىنىلا تەتقىق قىلىش كۇپايە قىلاتتى؛ بۇ يەردە بولسا بىز مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچكېلىمىز: ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ مەهسۇللىرى زادى ئەلا ئەهمىيەتكە ۋە شەرتسىز هەقىقەت هوقۇقىغا ئىگە بولالامدۇ، ئەگەر ئىگە بولالىسا، ئۇ هالدا قايىسلىرى ئىگە بولالايدۇ. مەن **ئادەمنىڭ** بىلىشى دېگىنىمدە، باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ياشىغۇچىلارنى هاقارەتلەش نىيىتىدە بولۇۋاتقىنىم يوق (مەن تېخى ئۇلار بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە ئىگە بولغىنىم يوق)، بەلكى پەقەت هايۋاناتلارمۇ بىلەلەيدىغان بولغاچقا شۇنداق دەۋاتىمەن، گەرچە ئۇلارنىڭ بىلىشى هەرگىز ئەلا بولمىسىمۇ. ئىت ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئۆزىنىڭ خۇداسى دەپ بىلىدۇ، بۇ خوجايىن بولسا ئەڭ چوڭ ئۇششۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئەلامۇ؟ بۇ سوئالغا «هەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاپ بېرىشتىن ئىلگىرى، بىز ئاۋال ئادەمنىڭ تەپەككۇ-رىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى تەتقىق قىلىپ كورۇشىمىز كېرەك. ئۇ شەخسىنىڭ تەپەككۇرىمۇ؟ ياق. لېكىن، ئۇ پەقەت ئىلگىرىكى، هازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى سان - ساناقسىز ئادەملەرنىڭ شەخس تەپەككۇرى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەن هازىر، ئىنسانىيەت يېتەرلىك دەرىجىدە ئۇزاق داۋام قىلىدىغانلا بولسا، بىلىش ئەزالىرىدا ۋە بىلىش دۇيشىياڭلىرىدا بۇنداق

بىلىشكە چەك بەلگىلەنمىگەنلا بولسا، بۇ بارلىق ئادەملەرنىڭ (جۈملىدىن كەلگۈسىدىكى ئادەملەرنىڭ) مېنىڭ ئىدىيەمدە يىغىنچاقلانغان بۇنداق تەپەككۇرى **ئەلا** بولىدۇ، مەۋجۇت دۇنيانى بىلەلەيدۇ، دەيدىغان بولسام، ئۇ هالدا، مەن پەقەت خېلىلا چىرىك هەم خېلىلا تېتىقسىز قۇرۇق گەپلەرنى قىلغان بولىمەن. چۈنكى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پىكىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يەكۈنى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزنى هازىرقى بىلىشىمىزگە تولىمۇ ئىشەنمەس قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى هەممە ئېهتىماللاردىن قارىغاندا، بىز تېخى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىدا تۇرىۋاتقاندەك قىلىمىز، كەلگۈسىدە **بىزنىڭ** خاتالىغىمىزنى تۈزىتىدىغان ئەۋلاتلار هەمىشە ئىنتايىن مەنستىمەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆز بىلىشىدىكى خاتالىغىنى تۈزىتىش ئېهتىمالى بولغان بىز ئەجداتلاردىن كۆپ دەرىجىدە نۇرغۇن بولسا كېرەك.

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى تۆۋەندىكى نۇقتىنى بىر خىل مۇقەررەرلىك دەپ ئېلان قىلىدۇ: ئاڭ، دىمەك شۇ جۈملىدىن تەپەككۇر ۋە بىلىشمۇ بىر قاتار شەخسلەردىلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ساغلام ۋە سەگەك هالەتتە تۇرغان هەر بىر شەخسكە بىرەر پىكىرنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرالايدىغان هېچقانداق هاكىمىيەتنى بىلمەگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، بىز بۇ شەخسلەرنىڭ هەر بىرىنىڭ تەپەككۇرى ئەلالىققا ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. لېكىن، سىز هەر بىر شەخسنىڭ تەپەككۇرى يېتەلىگەن بىلىشنىڭ ئەلا ئەهمىيىتى ئۈستىدە بارسا، ئۇ هالدا، هەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇنىڭدىن پەقەت سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىرغىچە بولغان بارلىق تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بۇ بىلىشلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەللەشتۈرۈش

زورۇر بولغان ئامىللار مۇكەممەللەشتۈرۈش زورۇر بولمىغان ياكى توغرا بولغان ئامىللاردىن مۇستەسناسىز ھالدا ھامان كوپ دەرىجىدە نۇرغۇن بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرنىڭ ئەلالىغى زادىلا ئەلا بولمىغان ھالدا تەپەككۇر قىلىۋاتقان بىر قاتار ئادەملەر ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ شەرتسىز ھەقىقەت ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بىلىش بىر قاتار نىسبىي سەپسەتىلەردە ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ ئىككىلىسى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ چەكسىز داۋاملىشىشى ئارقىلىقلا تولۇق ئەمەلگە ئاشالايدۇ.

بۇ يەردە بىز يەنە يۇقۇرىدا ئۇچرىغان زىددىيەتكە دۇچ كېلىمىز[1]: بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ خاراكتىرى مۇقەررەر ھالدا مۇتلەق دەپ قارىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى يەنە تامامەن چەكلىك تەپەككۇر قىلىۋاتقان شەخسلەردە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ زىددىيەت پەقەت چەكسىز بولغان ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا، ھېچ بولمىغاندا بىز ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چەكسىز بولغان ئىنسانىيەتنىڭ كەينى-كەينىدىن كېلىدىغان ئەۋلاتلىرىنىڭ ئالمىشىشى داۋامىدىلا ھەل قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئەلا، شۇنداقلا يەنە ئەلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلىش قابىلىيىتى چەكسىز، شۇنداقلا يەنە چەكلىك. ئۇنىڭ تەبىتى، ۋەزىپىسى، ئىمكانىيىتى ۋە چېكىگە يەتكەن تارىخىي مەقسىدىدىن ئېيتقاندا، ئەلا ۋە چەكسىز؛ ئۇنىڭ ئايرىم ئەمەلگە ئېشىشىدىن ۋە ھەر قېتىمقى رىياللىغىدىن ئېيتقاندا، يەنە ئەلا

---

[1] مۇشۇ كىتاپنىڭ 63-بېتىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئەمەس ۋە چەكلىك.

مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئىنسانىيەت بىر چاغلاردا مەڭگۈلۈك ھەقىقەت بىلەنلا، ئەلا ئەھمىيەتكە ۋە شەرتسىز ھەقىقەت ھوقۇقىغا ئىگە تەپەككۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەنلا ئىش كورىدىغان دەرىجىگە يەتسە، ئۇ ھالدا، ئىنسانىيەت ئېھتىمال شۇنداق يەرگە يەتكەن بولاتتىكى، ئۇ يەردە بىلىم دۇنياسىنىڭ چەكسىزلىكى رىياللىق ۋە مۇمكىنلىكتىن ئېيتقاندا تامامىلانغان بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ساناپ چىقىلغان چەكسىز سان دېگەن مەشھۇر موجىزە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولاتتى.

لېكىن، شۇنچە ئېنىقلانغان ھەتتا ھەرقانداق گۇمانلىنىش بىزگە ئەقىلدىن ئازغانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ كورۈنىدىغان ھەقىقەتلەرمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ئىككى يەردە ئىككى — تۆت، ئۈچ بۇلۇڭلۇقنىڭ ئۈچ ئىچكى بۇلۇڭىنىڭ يىغىندىسى ئىككى تىك بۇلۇڭغا تەڭ، پارىژ فرانسىيىدە، ئادەم تاماق يېمىسە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ دېگەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ھەقىقەتلەر ئەمەسمۇ؟ بۇ يەنىلا **مەڭگۈلۈك** ھەقىقەت، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت مەۋجۇت دېگەن سوز ئەمەسمۇ؟

ھەقىقەتەن شۇنداق. بىز ئەزەلدىن مەلۇم بولغان ئۇسۇل بويىچە، پۈتۈن بىلىش ساھەسىنى 3 چوڭ قىسىمغا بولەلەيمىز. بىرىنچى قىسىمغا غەيرى جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنى تەتقىق قىلىدىغان ياكى ئازدۇر-كوپتۇر شۇشۇيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئىش كورەلەيدىغان بارلىق پەنلەر يەنى شۇشۇي، تيەنۋېنشۇي، لىشۇي، ۋۇلىشۇي، خۇاشۇيلەر كىرىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى ئىنتايىن ئاددى شەيئىلەرگىمۇ داغدۇغىلىق سوزلەرنى ئىشلىتىشنى ياخشى كورىدىغان

بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ پەنلەرنىڭ **مەلۇم** مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى
مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت دەپ
ئېيتىشمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەنلەر **زور** پەنلەر دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. لېكىن ھەرگىز بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. ئۆزگىرىدىغان سانىنىڭ تەتبىق قىلىنىشى
ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى چەكسىز كىچىكلىك ۋە چەكسىز چوڭلۇققا
كېڭەيتىلگەنلىكى ئارقىسىدا، ئىلگىرى ئەخلاقتا شۇنچە قەتئىي
ئۇيغۇن دېيىلگەن شۇشۈېمۇ تۇنجى گۇناھنى ئۆتكۈزدى؛ ئۇ پاراسەت
ئالمىسىنى يەپ قويدى، بۇ ئۇنىڭغا ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە
ئىگە بولۇش لېكىن شۇنداقلا يېڭىلىشىش پەيدا قىلىش يولىنى
ئېچىپ بەردى. شۇشۈېدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق
مۇۋاپىقلىقى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدىكى راستلىقى
توغرىسىدىكى پاك ھالەت كەلمەسكە كەتتى؛ بەس-مۇنازىرە
دۇنياسى ئاستا-ئاستا مەيدانغا كەلدى ۋە بەلكى بىز مۇنداق بىر خىل
دەرىجىگە بېرىپ يەتتۇق: زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ۋېيفېن ۋە
جىفېننى ئىشلىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلگەنلىكىدىن
ئەمەس، بەلكى نوقۇل ئىشىنىشىدىن بولغان، چۈنكى ھازىرغىچە
بۇنىڭدىن چىقىرىلغان نەتىجە ھامان توغرا بولۇپ كەلمەكتە.
تيەنۋېنشۈې ۋە لىشۈې جەھەتتىكى ئەھۋال تېخىمۇ خاراپ،
ۋۇلىشۈې ۋە خۇاشۈې جەھەتتە بولسا كىشىلەر غوژ-غوژ ھەرىنىڭ
ئارىسىدا قالغاندەك خىلمۇ-خىل قىياسلار ئىچىدە تۇرماقتا.
ئەھۋال بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىز
ۋۇلىشۈېدە مولېكۇلىلار ھەركىتىنى تەتقىق قىلىمىز، خۇاشۈېدە مولې-
كۇلىلارنىڭ ئاتوملۇق تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىمىز، ئەگەر يورۇقلۇق

دولقۇنلىرىنىڭ ئۆزئارا كاشىلا قىلىشى بىر خىل ياسالما بولمىسا، بىزنىڭ بۇ قىزىق نەرسىلەرنى مەلۇم بىر چاغلاردا ئۆز كوزىمىز بىلەن كورۈشىمىزدىنمۇ مۇتلەق ئۈمىت يوق. ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ۋاقتىنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىنتايىن كەمدىن ـ كەم بولۇپ قالىدۇ.

دىجىشۇبدە ئەھۋال ئۇنىڭدىنمۇ خاراپ، دىجىشۇي ئوزىنىڭ خاراكتىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاساسەن، بىزلا ئەمەس، ھېچقانداق كىشى باشتىن كەچۈرمىگەن جەريانلارنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتلەرنى قېزىپ چىقىشقا ناھايىتى زور كۈچ كېتىدۇ، قولغا كېلىدىغىنى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ.

پەنلەرنىڭ ئىككىنچى تۈرىگە جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزىمنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر كىرىدۇ. بۇ ساھەدە شۇنداق چىگىش ـ مۇرەككەپ ئوزئارا مۇناسىۋەتلەر ۋە سەۋەپ ـ نەتىجە باغلىنىشلىرى ئەۋج ئالىدۇكى، ھەر بىر ھەل قىلىنغان مەسىلە سانسىز يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر مەسىلىمۇ كوپىنچە بىزە ـ بىزەدىن ئېلىپ بېرىلغان، كوپ ھاللاردا نەچچە يۈز يىللاپ ۋاقىت كېتىدىغان بىر قاتار تەتقىقات ئارقىلىقلا ھەل قىلىنىشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل ئوز-ئارا باغلىنىشلارنى شىتۇڭلۇق چۈشىنىش زورۇرىيىتى ھامان بىزنى ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئەتراپىدا قويۇق قىياسلار تۇرمانى پەيدا قىلىشقا قايتا ـ قايتا مەجبۇر قىلىدۇ. سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋاناتلاردا بولىدىغان قان ئايلىنىشىدەك ئاددى پاكىتنى توغرا ئېنىقلاش ئۈچۈن، گالېندىن تارتىپ مالپىگىغىچە قانچە ئۇزۇن

بىر قاتار ئارىلىق باسقۇچى لازىم بولىدى، قان دانچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز نىمە دىگەن ئاز، مەسىلەن ئېيتايلى، مەلۇم بىر كېسەللىك ھادىسىسى بىلەن ئۇنىڭ سەۋەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق باغلىنىشلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بىزدە بۇگۈن تېخى قانچىلىك ئارىلىق ھالقىلىرى كەم! ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇجەيرىلەرنىڭ كەشپ قىلىنىشىغا ئوخشاش كەشپىياتلارمۇ پات-پات بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنداق كەشپىياتلار بىزنى ئىلگىرى شېكۈۋۈشۈپدە ھەقىقى تۇرغۇزۇلغان بارلىق ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىشكە ۋە بەلكى بۇ ھەقىقەتلەرنى توپ-توپى بىلەن مەڭگۈگە چورۇپ تاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى بۇ يەردە ھەقىقەتەن چىن، ئوزگەرمەيدىغان ھەقىقەتنى تۇرغۇزماقچى بولسا، ئۇ، ھەممە ئادەم چوقۇم ئولىدۇ، چىشى سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسىدە سۈت بەزلىرى بولىدۇ، دىگەنگە ئوخشاش كونا مۇقاملار بىلەن قانائەتلىنىشى لازىم؛ ئۇ ھەتتا يۇقۇرى تۈزۈلۈشلۈك ھايۋاناتلار ئوزۇقنى مېڭە بىلەن ئەمەس، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر بىلەن ھەزىم قىلىدۇ، دەپمۇ ئېيتالمايدۇ، چۈنكى مېڭىگە مەركەزلەشكەن نېرۋا پائالىيىتى ھەزىم قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ.

لېكىن، پەنلەرنىڭ ئۈچىنچى تۈرىدە يەنى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى، قانۇن شەكىللىرى ۋە دولەت شەكىللىرىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پەلسەپە، دىن، سەنئەت ۋە شۇ قاتارلىق ئىدىيىۋى ئۈستقۇرۇلمىلىرىنى تارىخي تەرتىپ ۋە ھازىرقى نەتىجىلەر بويىچە تەتقىق قىلىدىغان تارىخ پېنىدە مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر. ئورگانىك

دۇنــيادا بىرگە ھېچ بولــمىغاندا بۇنداق جەريانــلارنىڭ ئىزچــل قاتارىنى تەتقىق قىلىشــقا توغــرا كېلىدۇ، بۇ جەريانــلار، بىزنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشىمىز بېرىپ يەتكەن دائىرىدىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە خىلمــۇ قانۇنىيــتى بولغان ھالــدا تەكــرارلىنىپ تۇرماقــتا. ئارىستوتېلدىن بۇيان ئورگانىــك جىسىمــلارنىڭ تۈرى يىغىپ ئېيتقاندا ئۆزگەرمىگەن. ئەكسىچە، جەمئىيەتلەر تارىخىدا، بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائى ھالىتىدىن يەنى تاش قورال دەۋرى دەپ ئاتىلىدىغان دەۋردىن ئايرىلىپ چىققىنىمىزدىن بۇيان، ئەھۋالنىڭ تەكرارلىنىــشى ئومۇمى قائىدە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەسنا تەرىقىدــىلا بولۇپ كەلــدى؛ مەلۇم بىر جايدا مۇشۇنداق تەكرار-لــىنىش يۈزبەرگەن تەقــدىردىــمۇ، ئۇ ھەرگىز تامامەن ئوخــشاش ھالەتــتە يۈزبەرمەيــدۇ. بارلــىق مەدىنى مىلــلەتــلەردە ئىپتىدائى ئومۇم يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە بۇنداق مۈلۈكچىلىك-نىڭ يىمىرىلىش شەكىلــلىرىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخى ساھەسىدىكى پېنىمىز شېگۈۋشۈپ ساھەسىدىكى پەندىنىمۇ كوپ ئارقــىدا قالــغان؛ بۇلا ئەمەس، ئەگەر مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ئىجــتىمائى مەۋجۇدــيەت شەكىلــلىرى بىلەن سىياسى مەۋجۇدىيەت شەكىللىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى مۇستەسنا تەرىقىدە بىلىۋېلىش مۇمكىن بولىدىــغان بولــسا، بۇ ھال ئادەتــتە مانا شۇ شەكىللەر يېــرىم ئاجىزلاشقان ۋە پارچىلىنىشــقا يۈزتۇتــقان چاغدا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە بىلىش ماھىيەتتە نىسبى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ مۇئەييەن جەمىيەت شەكىللىرى ۋە دولەت شەكىللىرىنىڭ باغــلىنىشىنى ۋە ئاقىۋــتىنى چۈشىنىش بىلەنــلا چەكــلىنىدۇ، بۇ شەكىلــلەر مۇئەيــيەن دەۋردە ۋە مۇئەيــيەن مىللەتــتىلا مەۋجۇت

بولىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تەبىتى بويىچە ئېيتقاندا ۋاقىتلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمىكى بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتلەرنىڭ، چىن، زادىلا ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقەتلەرنىڭ پېيىگە چۈشىدىغان بولسا، ئۇ، ئادەم ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەمگەك قىلمىسا ياشيالمايدۇ، ئادەملەرنىڭ تولىسى شۇ كەمگىچە ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا بولۇنگەن، ناپولېون 1821 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلگەن، دىگەنگە ئوخشاش كونا مۇقاملار ھەم ئادەتتىكى پاراڭلاردىن باشقا ھېچقانداق ئۇتۇم ھاسىل قىلالمايدۇ.

لېكىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دەل مۇشۇ ساھەدە بىز مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت دىگەنگە ئوخشاش نىمىلەرگە پات - پاتلا دۇچكېلىمىز. ئىككى يەردە ئىككىنىڭ توت بولىدىغانلىقى، قۇشنىڭ تۇمشۇغى بولىدىغانلىقى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ ئېلان قىلغۇچىلار پەقەت شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن: ئىنسانىيەت تارىخى ساھەسىدىمۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، مەڭگۈلۈك ئەخلاق، مەڭگۈلۈك ئادالەت ۋە باشقىلار مەۋجۇت، بۇلار شۇشۇنىڭ بىلىۋېلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇۋاپىقلىق ۋە ئۇنۇملۇك دائىرە تەلەپ قىلىدۇ، دىگەن يەكۇننى چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ چاغدا بىز شۇنى ئالدىن توغرا مولچەرلىيەلەيمىزكى، ئىنسانلارنىڭ بۇ دوستى بىرەر پۇرسەت بولسىلا بىزگە: ئىلگىرىكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرنى ئىشلەپ چىققۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئازدۇر - كوپتۇر ئېشەك ۋە ئالدامچى بولغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىشقا پېتىپ

قالغان، خاتالىق ئۆتكۈزگەن؛ لېكىن **ئۇلارنىڭ** يېڭىلىشى ۋە **ئۇلارنىڭ** خاتالىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ۋە بەلكى بۇ ھال ھەقىقەت ۋە توغرىلىقنىڭ **مەندە** ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ بايانات چىقىرىدۇ؛ ھالبۇكى، ئەمدىلا چىققان بۇ ھوكۇما تەييارلاپ قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتنى، مەڭگۈلۈك ئەخلاقنى ۋە مەڭگۈلۈك ئادالەتنى پوپكىسىدا كوتىرىپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز قېتىملاپ، مىڭ قېتىملاپ بولۇپ ئۆتكەن، مانا ئەمدى يەنە بەزىلەرنىڭ بۇنىڭغا قاندىغىسىغا شۇنچىۋالا ئىشىنىپ كېتىدىغانلىقى، تېخى گەپ باشقىلارغا ئەمەس، ئۆزىگە تاقالغان چاغدىمۇ ئىشىنىدىغانلىقىلا ئەجەبلىنەرلىك. لېكىن بۇ يەردە بىز ھېچ بولمىغاندا مۇنداق بىر ھوكۇمانى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇ باشقا بىرى ھەرقانداق شەخسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت تېپىپ بېرەلىشىنى ئىنكار قىلغان چاغدا، ئادەتتە ھامان يۈكسەك ھەققانى غەزەپ بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئىنكار قىلىش ھەتتا نوقۇل گۇمانلىنىشمۇ ئاجىزلىق ھالىتى، ئىنتايىن چىگىشلىك، ھېچنىمە، نوقۇل شۈيۋۇجۇيىدىنمۇ يامانراق چىرىتىش خاراكتېرىدىكى گۇمانلىنىش، قالايمىقانچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىملىق نەرسە بولىدۇ. بارلىق ھوكۇمالارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ پېپەنلىك ـ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارمايدۇ ۋە ھوكۇم قىلمايدۇ، بەلكى بىۋاستە مەنىۋى جەھەتتىن ئەيىبلەيدۇ.

بىز يۇقۇرىدا ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر يەنى لوگىكا ۋە بىيەنجېڭفا ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن ئىدى. بىراق بۇ يەردىمۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت-لەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىراق بولۇشىمۇ چاغلىق. دىيۈرىڭ ئەپەندى

ئەسلى مەنبەدىكى بىيەنجىڭفانى ساپ ئاساسسىز سوز دەپ ئېيلان قىلىدۇ، لوگىكا توغرىسىدا يېزىلغان ۋە ھازىر يېزىلىۋاتقان نۇرغۇن كىتاپلار بولسا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتلەرمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىن خېلىلا كوپ دەرىجىدە ئاز ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىزگە، بىز ھازىر تۇرغان بىلىش باسقۇچى ئىلگىرىكى بارلىق باسقۇچلارغا ئوخشاشلا ئاخىرقى باسقۇچ ئەمەس، دەپ ئەنسىرەشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. بۇ باسقۇچ نۇرغۇن بىلىش ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ھەرقانداق مەخسۇس ساھەنىڭ كەسپ ئەھلى بولۇپ قېلىشنى ئويلىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بىلىش، ئوز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ياكى ئۇزاق داۋام قىلىدىغان ئەۋلاتلار قاتارى ئۈچۈن نىسبى بولىدۇ، بەلكى مۇقەررەر ھالدا پەيدىن-پەي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، ياكى ئاسمان جىسىملىرى يەنخۇاشۇيىسى، دىجىئولوگىيە ۋە ئىنسانلار تارىخىدىكىگە ئوخشاش، تارىخىي ماتېرىياللار يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ھەتتا مەڭگۈ كەمتۈك بولۇپ تۇرىدۇ، مۇكەممەل بولمايدۇ، كىمكى ئۇنى چىن، ئۆزگەرمەيدىغان، ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئولچىمى بىلەن ئولچىمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ھەقىقى غەرىزى بۇ يەردىكىگە ئوخشاش شەخسەن ئۆزىنىڭ خاتالىقتىن خالى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە بىمەنىلىكىنىلا ئىسپاتلايدۇ. ھەقىقەت ۋە سەپسەتە، خۇددى ئىككى قۇتۇپ قارىمۇ-قارشىلىغىدا ھەركەت قىلىدىغان بارلىق لوگىكىلىق فەنچۇلارغا

ئوخشاش، پەقەت ئىنتايىن چەكلىك دائىرىدىلا مۇتلەق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ؛ بۇنى بىز باياتىن كۆرۈپ ئۆتتۇق، ھەتتا دىيۇرىڭ ئەپەندىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ دەل. بارلىق ئىككى قۇتۇپ قارىمۇ - قارشىلىغىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىيەنجېڭفانىڭ دەسلەپكى بىلىمىدىن سەل - پەل خەۋىرى بولسىلا، ئۇ بۇنى بىلگەن بولاتتى. پەقەت بىز يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن تار دائىرىنىڭ سىرتىدا ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنىڭ قارىمۇ - قارشىلىغىنى تەتبىق قىلىدىغان بولساق، بۇنداق قارىمۇ - قارشىلىق نىسبىي بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەلمۇ - دەل، ئىلمىي بايان قىلىش ئۇسۇلى ئۈچۈنمۇ يارامسىز بولىدۇ؛ لېكىن، ئەگەر بىز بۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا بۇنداق قارىمۇ - قارشىلىقنى مۇتلەق ئۈنۈملۈك نەرسە تەرىقىسىدە تەتبىق قىلىشقا ئۇرۇنساق، تامامەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايمىز؛ قارىمۇ - قارشى ئىككى قۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ قارىمۇ - قارشى تەرىپىگە ئايلىنىدۇ، ھەقىقەت سەپسەتىگە، سەپسەتە ھەقىقەتكە ئۆزگىرىدۇ. بىز ئاتاقلىق بويل قانۇننى مىسالغا ئالايلى، بۇ قانۇن بويىچە، ھارارەت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، گازنىڭ ھەجمى ئۆزىگە بولغان بېسىمغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. رېنيو بۇ قانۇننىڭ بەزىبىر ئەھۋالغا لايىق كەلمەيدىغانلىغىنى تاپقان. ئەگەر رېنيو رىياللىق پەيلاسوپى بولسا، ئۇنىڭدا، بويل قانۇنى ئۆزگىرىشچان، شۇڭا ئۇ چىن ھەقىقەت ئەمەس، شۇڭا پەقەت ھەقىقەت ئەمەس، شۇڭا سەپسەتە، دەپ ئېلان قىلىش مەجبۇرىيىتى بولاتتى. لېكىن، ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ بويل قانۇنىدا بولغان سەپسەتىدىنمۇ كۆپ چوڭ سەپسەتە پەيدا قىلغان بولاتتى؛ ئۇنىڭ بىر تال ھەقىقەتى،

بەلكىم، سەپسەتىلەر دوۋسى ئىچىدە غايىپ بولغان بولاتتى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇ، بەلكىم، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى توغرا يەكۈنىنى سەپسەتىگە ئايلاندۇرغان بولاتتى، بۇ سەپسەتە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بويل قانۇنى ئۆزىنىڭ يۈزىدىكى ئازغىنا سەپسەتىسى بىلەن بىللە ھەقىقەت بولۇپ چىقاتتى. لېكىن رېنىيو ئالىم ئىدى، بۇنداق باللار ئويۇنىنى ئويىنىمىدى، بەلكى داۋاملىق تەتقىق قىلدى ھەمدە بويل قانۇنىنىڭ تەخمىنىي ھالدا توغرا ئىكەنلىكىنى بولۇپمۇ بېسىم بىلەن سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان گازلاردا، بېسىم سۇيۇقلۇققا ئايلىنىش باشلانغان نۇقتىغا يېقىنلاشقان چاغدا، بويل قانۇنىنىڭ ئۆز كۈچىنى يوقىتىدىغانلىقىنى تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بويل قانۇنى پەقەت مۇئەييەن دائىرىدىلا توغرا. لېكىن بۇ دائىرىدە ئۇ مۇتلەق ھالدا، ئاخىرقى ھېساپتا توغرىمۇ؟ شۇنداق، دەپ كېسىپ ئېيتالايدىغان بىرمۇ ۋۇلشۇبشۇناس يوق. ئۇ مۇنداق دەپ قالار: بۇ قانۇن مۇئەييەن بېسىم ۋە ھارارەت دائىرىسىدە مۇئەييەن گاز ئۈچۈن كۈچكە ئىگە؛ بەلكى بۇنداق تېخىمۇ تار دائىرىدىمۇ ئۇ مۇنداق ئىمكانىيەتنى يەنى كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتلار ئارقىلىق تېخىمۇ قاتتىق چەك قويۇشنى ياكى قانۇنىنىڭ فورمۇلىرىنى ئۆزگەرتىشنى چەتكە قاقمايدۇ①. كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى،

① مەن يۇقۇرىدىكى بۇ قۇرلارنى يازغاندىن بېرى مېنىڭ بۇ سوزلىرىم تەستىقلانغاندەك تۇرىدۇ، مېندېلېيېپ بىلەن بوگۇسكىنىڭ بىر قەدەر زىل ئەسۋاپلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئەڭ يېڭى تەتقىقاتى بويىچە57، بارلىق ھەقىقى گازلار بېسىم بىلەن ھەجىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشچان مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ ھىدروگېنىنىڭ كېڭىيىش شىشۇسى بۇ كەمگىچە قوللىنىلغان تۇرلۇك بېسىملار سىجىللىغى ئاستىدا پىلوس بولۇپ چىقتى (ھەجىمنىڭ

مەسلەن، ۋۇلشۇبدىكى ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئەنە شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقى ئىلمىي ئەسەرلەر ئادەتتە سەپسەتە ۋە ھەقىقەت دىگەنگە ئوخشاش جىياۋتىياۋلىق ئەخلاقىي سوزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئوزىنى تارتىدۇ، رىيالىلىق پەلسەپىسىگە ئوخشاش ئەسەرلەردە بولسا بۇ نەرسىلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچرىتىمىز، بۇنداق ئەسەرلەر بىزنى قۇپ-قۇرۇق ۋالاقلاش-لارنى ئەلا تەپەككۇرنىڭ ئەلا يەكۇنى تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولىدۇ.

لېكىن، ساددا كىتاپخان، بەلكىم، ديۇرىڭ ئەپەندى ئوزىنىڭ رىيالىلىق پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەلكى ھەتتا چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى قەيەردە ئېنىق ئېيتتى؟ دەپ سوراپ قالار. قەيەردە دەمسىز؟ مەسىلەن، بىز 2-باپتا قىسمەن نەقىل كەلتۇرگەن ئۇنىڭ ئوزىنىڭ تىشىسى ھەققىدىكى مەدھىيىسىدە[①] (13-بەت). ياكى يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۇرۇلگەن

---

تارىيىشى بېسىمىنىڭ ئېشىشىدىن ئاستا بولىدى)؛ ئاتموسفېرا ۋە باشقا تەتقىق قىلىنغان گازلار ئۈچۈن، ھەر بىر خىل گازدا بېسىمىنىڭ نول نۇقتىسى بولىدۇ، بېسىم نولدىن كىچىك بولسا، بۇ شىشۇ پىلۇس بولىدۇ، بېسىم نولدىن چوڭ بولسا، بۇ شىشۇ مىنوس بولىدۇ. دىمەك، بۇ كەمگىچە ئەمىلىيەتتە تېخىچىلا يارامىلىق بولۇپ كېلىۋاتقان بويىل قانۇنىنى بىر قاتار ئالاھىدە قانۇنلار بىلەن تولۇقلاش لازىم بولىدۇ. (ھازىر — 1885-يىلى — ھېچقانداق «ھەقىقى» گازنىڭ زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىمىز. ھەممە گازلارنى سۇيۇقلۇق ھالەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.)

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 47 — 49-بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

سوزىدە[1]، ئۇ ئۇ يەردە: ئەخلاقىي ھەقىقەتلەر، ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاساسلىرى بىلىۋېلىنىسلا، شۇشۇ بىلىۋېلىنىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇۋاپىقلىقنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇزىنىڭ ھەقىقى پىپەنلىك نۇقتىسىنەزىرىدىن چىقىپ، ئۇزىنىڭ يىلتىزلىرىغىچە ئوتۇپ بارىدىغان تەتقىقاتى ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى ئاساسلارغا، توپ ئەندىزىگە يېرىپ يېتىش مۇمكىنلىگىنى، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي ھەقىقەتلەرگە ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەنلىك خاراكتېرىنى بەرگەنلىگىنى كېسىپ ئېيتىمىدىمۇ؟ ئەگەر ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇزى ئۇچۇنمۇ، ئۇزىنىڭ زامانى ئۇچۇنمۇ بۇنداق تەلەپلەرنى قويمىغان ئىكەن، ئەگەر ئۇ، پەقەت غۇۋا تۇرغان كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر چاغلاردا ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت ئورنىتىلىشى مۇمكىن، دېمەكچى بولغان ئىكەن، دېمەك، ئەگەر ئۇ «چىرىتىش خاراكتې-رىدىكى گۇمانلىنىش» ۋە «ئىنتايىن چىگىشلىك»كە ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى تەخمىنەن، پەقەت تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئېيتماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، «بۇنداق ۋاڭ-چۇڭنى نىمە ئۇچۇن كوتىرىدۇ؟ بۇ ئەپەندى نىمە قىلماقچى؟» 58

ئەگەر، ھەقىقەت ۋە سەپسەتە مەسىلىسىدە ھېچقانداق ئالغا ئىلگىرىلىمىدۇق، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەسىلىسىدە تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىمىدۇق. بۇ قارىمۇ-قارشىلىق تامامەن ئەخلاق ساھەسىدە يەنى ئىنسانىيەت تارىخىغا تەئەللۇق ساھەدە ھەركەت قىلىدۇ، بۇ يەردە تېرىلغان ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە

---

[1] مۇشۇ كىتاپنىڭ 154 — 155 - بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

يەتكەن ھەقىقەت دەل ئەڭ ئاز بولىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىلىرى بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە، بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە شۇنچە بەك ئۆزگىرىپ كەلگەنكى، ئۇلار پات-پاتلا بىر بىرىگە توغرىدىن-توغرا زىت كېلىدىغان بولغان. لېكىن، ئەگەر بىرەر كىشى رەددىيە بېرىپ، قانداقلا قىلغان بىلەن، ياخشىلىق يامانلىق ئەمەس، يامانلىق ياخشىلىق ئەمەس، دىسە: ئەگەر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ھەممە ئەخلاق تۈگەيدۇ، ھەركىم ئۆزى خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئىنتايىن سىرلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتسەك، بۇنىڭ ئۆزىمۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پىكرى. لېكىن مەسىلە ھەر ھالدا بۇنداق ئاددىيلا ھەل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق ئاددىي بولىدىغان بولسا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدا زادىلا تالاش-تارتىش بولمىغان بولاتتى، نىمىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى، نىمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكىنى ھەركىم بىلگەن بولاتتى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋال قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بىزگە قانداق ئەخلاق تەرغىپ قىلىنىۋاتىدۇ؟ ئالدى بىلەن ئۆتمۈشتىكى دىنىي زامانلاردىن قالغان خرىستىيانلىق-فېئودالىزملىق ئەخلاق، بۇنداق ئەخلاق ئاساسەن يەنە كاتولىك دىنى ۋە پروتېستانت دىنى ئەخلاقلىرىغا ئايرىلىدۇ، بۇلار يەنە ئىيېزۇئىت-كاتولىك دىنى ۋە جېڭتۇڭلۇق پروتېستانت دىنى ئەخلاقلىرىدىن تارتىپ، بوشاڭ ئاقارتىش ئەخلاقىغىچە نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇ ئەخلاقلار بىلەن بىر قاتاردا ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەخلاقى تۇرىدۇ، بۇرژۇئازىيە ئەخلاقى بىلەن بىر قاتاردا يەنە پرولېتارىياتنىڭ كەلگۈسى ئەخلاقى تۇرىدۇ،

شۇڭا، ياۋروپادىكى ئەڭ ئىلغار مەملىكەتلەردىلا، ئوتتمۇش، هازىر ۋە كەلگۈسى بىر ۋاقىتتا پاراللېل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۆز ئالدىغا رول ئويناۋاتقان ئەخلاق نەزەرىيىسىنىڭ 3 چوڭ تۈرىنى بەردى. ئۇلارنىڭ قايسىسى ھەقىقەتلىككە ئىگە؟ ئەگەر مۇتلەق چېكىگە يەتكەنلىك خاراكتېرىدىن ئېيتساق، ھېچقايسىسىمۇ ئىگە ئەمەس؛ لېكىن، ھازىر ھازىرقى ھالەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان، كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئەخلاق يەنى پرولېتارىيات ئەخلاقى جەزمەن ئەڭ كوپ، ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىپ تۇرالايدىغان ئامىللارغا ئىگە.

لېكىن، ئەگەر ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى 3 سىنىپ يەنى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، بۇرژۇئازىيە ۋە پرولېتارىياتىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەخلاققا ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆزىمىز يەتسە، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن پەقەت مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىز: كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا، ئاخىرقى ھېسابتا، ھامان ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ئورنى ئاساس قىلغان ئەمەلىي مۇناسىۋەتلىرىدىن — ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئالىدۇ.

ئەمما، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 3 خىل ئەخلاق نەزەرىيىسىدە ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان نەرسىلەر ھەر ھالدا بار — بۇ ھېچ بولمىغاندا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئەخلاقنىڭ بىر قىسمى ئەمەسمۇ؟ — بۇ 3 خىل ئەخلاق نەزەرىيىسى ئوخشاش بىر تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان 3 باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورتاق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

بار، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن ئورتاق جايلار بار. بۇلارلا ئەمەس، ئوخشاش ياكى ھەر ھالدا ئوخشاشراق ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى ئۈچۈن، ئەخلاق نەزەرىيىسى مۇقەررەر ھالدا ئازدۇر-كۆپتۇر بىر بىرى بىلەن بىردەك بولىدۇ. كوچمە مۇلۇككە بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك راۋاجلانغان ۋاقىتتىن تارتىپ، بۇنداق خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك مەۋجۇت بولغان ھەممە جەمىيەتلەردە ئەخلاق قائىدىسى جەزمەن ئورتاق بولىدى: ھەرگىز ئوغرىلىق قىلما [59]. بۇ قائىدە بۇنىڭلىق بىلەن مەڭگۈلۈك ئەخلاق قائىدىسى بولۇپ قالامدۇ؟ مۇتلەق بولمايدۇ. ئوغرىلىق قىلىش نىيىتى تۈگىتىلگەن جەمىيەتتە يەنى ۋاقىتلارنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئېشىپ كەتسە روھىي كېسەللەرلا ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىن بولغان جەمىيەتتە، ئەگەر بىرەر ئەخلاق تەرغىباتچىسى: ھەرگىز ئوغرىلىق قىلما دىگەن مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى تەنتەنە بىلەن ئېلان قىلماقچى بولسا، ئۇ قانداق كۈلكىگە قالار ئىدى-ھە!

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەرقانداق ئەخلاق جىياۋتىياۋلىرىنى مەڭگۈلۈك، چېكىگە يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوزگەرمەيدىغان ئەخلاق قانۇنىيىتى تەرىقىسىدە بىزگە تېڭىش يولىدىكى بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى رەت قىلىمىز، بۇنداق ئۇرۇنۇشنىڭ بانىسى ئەخلاق دۇنياسىنىڭمۇ تارىختىن ۋە مىللى پەرقلەردىن يۇقۇرى تۇرىدىغان ئوزگەرمەس پىرىنسىپلىرى بار دىگەندىن ئىبارەت. ئەكسىچە، بىز كېسىپ ئېيتىمىزكى، بارلىق ئوتكەن ئەخلاق نەزەرىيىسى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ چاغدىكى جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ مەھسۇلى. ۋاھالەنكى، جەمىيەت ھازىرغىچە يەنىلا سىنىپىي

قارىمۇ ـ قارشىلىق ئىچىدە ھەركەت قىلىپ كەلمەكتە، شۇڭا ئەخلاق باشتىن ـ ئاياق سىنىپنىڭ ئەخلاقى بولۇپ كەلدى؛ ئۇ يا ھوكۇم-ران سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىقى ۋە مەنپەئەتىنى ئاقلىدى، يا ئېزىلگۈچى سىنىپ يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچەيگەن چاغدا، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ بۇ ھوكۇمرانلىققا بولغان قارشىلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى. بۇ يەردە، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمىنىڭ باشقا بارلىق تارماقلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەخلاق ساھەسىدىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلگىرىلەش بولغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. لېكىن بىز تېخى سىنىپىي ئەخلاقتىن چىقىپ كەتمىدۇق. سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقتىن ۋە بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىق توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەردىن تاشقىرى بولغان، ھەقىقى ئىنسان ئەخلاقى پەقەت سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىق يوقىتىلغاندىلا ئەمەس، بەلكى ئەمىلىي تۇرمۇشتىمۇ جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇنداق قارىمۇ ـ قارشىلىق ئەستىن چىققان باسقۇچىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. مانا ئەمدى ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ مەنمەنلىكىگە باھا بېرىش مۇمكىن بولىدى، ئۇ كونا سىنىپىي جەمىيەتتە تۇرۇپ، ئىجتىمائى ئىنقىلاپ ھارپىسىدا مەڭگۈلۈك، زامانىغا ۋە رىيال ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق بولمىغان ئەخلاقنى كەلگۈسىدىكى سىنىپسىز جەمىيەتكە تېڭىشنى تەلەپ قىلدى! ئۇنى بۇنداق كەلگۈسىدىكى جەمىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىنى ھېچ بولمىغاندا ئومۇمى يوسۇندا بولسىمۇ چۈشىنىدۇ دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ ــ بۇ بىزگە ھازىرغىچە تېخى نامەلۇم ــ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق.

ئاخىردا، يەنە «ئۆزۈل ـ كېسىل ئوزىگە خاس» لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن «يىلتىزلىرىغىچە ئوتۇپ بارىدىغان» بولماي قالمايدىغان بىر

كەشپىيات بار:

يامانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە «بىزنىڭچە، ھايۋاناتلار تەركىۋىدە ئەسلىدىن بار ساختىلىققا ئىگە مۈشۈك تىپىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مىجەز-خۇلۇق شەكلىنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىن ئىبارەت ئەھۋال بىلەن بىللە ئوخشاش بىر باسقۇچتا تۇرىدۇ...... شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ مۈشۈك ياكى بارلىق گوش يەيدىغان ھايۋاناتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا بىرەر سىرلىق نەرسە بارمىكىن دىگەن قىزىقىشىدىن باشقا، يامانلىق ھېچقانداق سىرلىق نەرسە ئەمەس».

يامانلىق مۈشۈك دىمەكتۇر. شۇڭا، شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى ۋە ئات تۇيىغى يوق، تىرنىغى ۋە يېشىل كوزىلا بار. گېتې مېفىستو-فىلنى قارا مۈشۈك ئوبرازىدا ئەمەس، قارا ئىت ئوبرازىدا كورسىتىپ كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئوتكۈزگەن. يامانلىق مۈشۈك دىمەكتۇر! بۇ بارلىق دۇنياغىلا ئەمەس، بەلكى مۈشۈككىمۇ① ئۈيغۇن كېلىدىغان ئەخلاق!

## 10. ئەخلاق ۋە قانۇن. باراۋەرلىك

بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن كوپ قېتىم تونۇشۇپ ئوتتۇق. ئۇنىڭ ئۇسۇلى: ھەر بىر تۈر بىلىش دۇيشىياڭنى ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئەڭ ئاددى ئامىللىرىغا ئاجرىتىپ، شۇنداق ئاددى، ئاتالمىش ئوز ئوزىدىن مەلۇم بولغان گۇڭشىلارنى بۇ ئامىللارغا

① قوش مەنىلىك سوز: ‹für die katze› — «مۈشۈككە» دىگەن مەنىنى بېرىدۇ، شۇنداقلا «ھېچ كارغا كەلمەيدۇ، قۇرۇق ئاۋارىچىلىق» دىگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ. — تەھرىردىن

تەتبىق قىلىشتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق چىقىرىلغان خۇلاسىنى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوللىنىشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى مەسىلىلەرمۇ

«ئايرىم، ئاددىي توپ شەكىللەردە، كۆڭلى بويىچە ھەل قىلىنىشى كېرەك، خۇددى شۇشۇبىدىكى ئاددىي.....توپ شەكىللەرگە مۇئامىلە قىلىنغىنىغا ئوخشاش».

شۇنداق قىلىپ، شۇشۇبىلىك ئۇسۇلىنىڭ تارىخ، ئەخلاق ۋە قانۇن جەھەتتە تەتبىق قىلىنىشى بۇ ساھەلەردە نەتىجىگە ئېرىشكەن ھەقىقەتنىمۇ شۇشۇبىلىك ھەقىقىلىقا ئىگە قىلىپ، بۇ نەتىجىلەرنى چىن، ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقەت خاراكتېرىغا ئىگە قىلىشى لازىم.

بۇ ئوتىكەندە ياقىتۇرۇپ قوللىنىلغان، خىيالىي بولغان ياكى شىيەنيەنجۇيى دەپمۇ ئاتىلىدىغان ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادە شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئۇسۇل بويىچە، مەلۇم بىر دۇيشياڭنىڭ ئالاھىدىلىكى دۇيشياڭنىڭ ئۆزىدىن بىلىۋېلىنمايدۇ، بەلكى دۇيشياڭ ھەققىدىكى ئۇقۇمدىن لوگىكىلىق يوسۇندا كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. ئالدى بىلەن، دۇيشياڭدىن دۇيشياڭ ھەققىدىكى ئۇقۇم تۈزۈلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، دۇيشياڭنىڭ ئوبرازى يەنى ئۇقۇم ئارقىلىق دۇيشياڭ ئۆلچىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇقۇم دۇيشياڭغا ئەمەس، بەلكى دۇيشياڭ ئۇقۇمغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم بولىدۇ. ديۈرىڭ ئەپەندىدە ئەڭ ئاددىي ئامىللار، ئۇنىڭ ئۆزى يېتەلەيدىغان چېكىگە يەتكەن چۈشياڭلار ئۇقۇمنىڭ جىزنېگىنى ئورۇنلايدۇ، لېكىن بۇ ھال ئىشنىڭ ماھىيىتىنى قىلچە ئۆزگەرتـ مەيدۇ؛ بۇنداق ئەڭ ئاددىي ئامىللار، ئەڭ كوپ بولغاندىمۇ، ساپ ئۇقۇم خاراكتېرىغىلا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن رىياللىق پەلسەپىسى بۇ

يەردىمۇ ساپ خىيالدىن ئىبارەت، ئۇ رىياللىقنى رىياللىقنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى چۈشەنچىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنداق بىر خىيالچى ئەخلاق ۋە قانۇننى ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ رىيال ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇقۇمدىن ياكى «جەمىيەت»نىڭ ئەڭ ئاددى ئامىللىرى دىگەن نىمىدىن تۈزگەن چاغدا، بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتىرىيال نىمە بولىدۇ؟ روشەنكى، ئىككى خىل نەرسە: بىرىنچىدىن، ئاساس قىلىنغان چۈشىياڭلاردا مەۋجۇت بولۇشى ئېھتىمال بولغان رىيال مەزمۇننىڭ قالدى-قاتتىلىرى، ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ بۇ خىيالچىمىز ئۆز ئېڭىدىن يەنە بىر قېتىم كىرگۈزىدىغان مەزمۇن بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئېڭىدا نىمە تاپقان بولىدۇ؟ مۇتلەق كوپ قىسمى ئەخلاق ۋە قانۇن توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرلەر بولىدۇ، بۇ نۇقتىنەزەرلەر ئۇ ئۆزى تۇرغان ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر ۋە سىياسى مۇناسىۋەتلەرگە ئازدۇر-كوپتۇر ئۇيغۇنلاشقان ئىپادە بولىدۇ — مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ياكى ئىنكار قىلىنىدۇ، قوۋۋەتلىنىدۇ ياكى قارشىلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئېھتىمال، مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن كوچۈرۈۋېلىنغان چۈشەنچىلەر بولىدۇ؛ ئاخىردا، يەنە شەخسنىڭ مەجنۇن خىيالى بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ خىيالچىمىز خالىغانچە چوگىلەپ يۈرىۋەرسۇن، ئۇ ئىشىكتىن تاشلىۋەتكەن تارىخىي رىياللىق يەنە دېرىزىدىن يېنىپ كىرىدۇ، ئۇ، مەن بارلىق دۇنياغا ۋە بارلىق زامانغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەخلاق تەلىماتى ۋە قانۇن تەلىماتى تۈزۈپ چىقتىم، دەپ ھېساپلىغان چاغدا، ئۇ ئەمىلىيەتتە ئۆز زامانىدىكى باۋشۇلۇق ئېقىم ياكى ئىنقىلاۋىي ئېقىم ئۇچۇن بۇرمىلانغان (چۈنكى ئۇنىڭ رىيال ئاساسىدىن ئايرىلغان)، بېشى

تۇۋەنگە، ئايىغى ئاسمانغا قارىغان سۈرەت سىزىپ بېرىدۇ، خۇددى پېتىنقى ئەينەكتە كورۈنگىنىدەك.

شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى جەمىيەتنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاددى ئامىللىرىغا ئاجرىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن ئەڭ ئاددى جەمىيەتنىڭ ئاز دىگەندە **ئىككى** ئادەمدىن تۈزۈلىدىغانلىغىنى تاپىدۇ. ئاندىن دىيۇرىڭ ئەپەندى مۇشۇ ئىككى ئادەم بىلەن كۆڭلى بويىچە ئالاقە قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەردە ئەخلاقنىڭ تۈپ كۆڭلىسىنى ناھايىتى تەبىي ھالدا ھاسىل قىلىدۇ:

«ئىككى ئادەمنىڭ ئىرادىسى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، بىر بىرىگە تامامەن باراۋەر بولىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرى ئالدى بىلەن يەنە بىرىگە ھېچقانداق ئىجابى تەلەپ قويالمايدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئەخلاقىي ئادالەتنىڭ تۈپ شەكلى ئىپادە قىلىپ چىقىلغان»؛ شۇنداقلا، قانۇنىي ئادالەتنىڭ تۈپ شەكلىمۇ ئىپادە قىلىپ چىقىلغان، چۈنكى «تۈپ قانۇن ئۇقۇمىنى شەرھىلەش ئۈچۈن، بىزگە ئىككى ئادەمنىڭ ئىنتايىن ئاددى ۋە تۈپ مۇناسىۋىتىلا كۇپايە قىلىدۇ».

ئىككى ئادەم ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ئىرادىسى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، بىر بىرىگە **تامامەن** باراۋەر بولىدۇ ــ بۇنىڭ ئۆزى **كۆڭلى** بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەتتا ھەددىدىن زىيادە كوپتۈرۈش بولىدۇ. ئالدى بىلەن، ئىككى ئادەم ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، جىنىس جەھەتتىنمۇ باراۋەر بولماسلىغى مۇمكىن، بۇ ئاددى پاكىت بىزگە دەرھال مۇنۇنى ئەسلىتىدۇ: جەمىيەتنىڭ ئەڭ ئاددى ئامىللىرى ــ ئەگەر بۇنداق بالىلارچە قاراشنى ۋاقتىنچە قوبۇل قىلىدىغان بولساق ــ ئىككى ئەر كىشى ئەمەس، بەلكى بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بولۇپ، ئۇلار **ئائىلە** يەنى

ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلغان ئىجتىمائىي بىرىكىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ دەسلەپكى شەكلىنى قۇرىدۇ. لېكىن بۇ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دىتىغا قىلچە ياقمايدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى نەپەر جەمىيەتكە ئاساس سالغۇچىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە باراۋەر قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەتتا ديۇرىڭ ئەپەندىمۇ ئىپتىدائىي ئائىلىدىن ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ئەخلاق ۋە قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئورۇننى تۈزۈپ چىقالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنىڭ بىرى: ياكى ديۇرىڭنىڭ جەمىيەت مولىكۇلىسى (پۈتۈن جەمىيەت ئۇلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن قۇرۇلۇشى لازىم) ھە دىگەندىلا ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان، چۈنكى ئىككى ئەر كىشى بىر بىرى بىلەن مەڭگۈ بالا تاپالمايدۇ؛ ياكى بولمىسا بىز ئۇلارنى ئىككى ئائىلە باشلىغى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنتايىن ئاددىي تۈپ ئەندىزە ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىدۇ: بۇ ئادەملەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆپ دىگەندە پەقەت ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنىلا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، يەنە كېلىپ ئاياللار نەزەرگە ئېلىنمىغانلىقتىن، ئاياللارنىڭ بېقىندىلىغىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىز بۇ يەردە كىتاپخانلارغا بىر كۆڭۈلسىز ئۇقتۇرۇش چىقىرىشقا مەجبۇرمىز: كىتاپخانلار بۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە بۇ ئىككى كارامەت ئادەمدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ساھەسىدە ئوينىغان رولى باشقا ئاسمان جىسىملىرىدا ياشىغۇچىلارنىڭ بۈگۈنگىچە ئوينىغان رولى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ يەردە ياشىغۇچىلار بىلەن بىز ئەمدى ئالاقە قىلماسلىقنى ئۈمىت قىلىمىز. ئىقتىسات، سىياسى ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىشى بىلەنلا، بۇ ئىككى ئادەم ئۇچقاندەك چىقىپ كېلىدۇ، بەلكى مەسىلىنى بىر دەمدىلا «گۇڭگىلى بويىچە» ھەل قىلىپ قويىدۇ. بۇ — بىزنىڭ ھېلىقى رىياللىق پەيلاسوپىمىزنىڭ ئاجايىپ، ئىجادىي، تىنشى ياراتقۇچى كەشپىياتى. لېكىن ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئەگەر بىز ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىشنى خالايدىغان بولساق، بۇ ئىككى ئادەمنى دىيۇرىڭ ئەپەندى كەشپ قىلغان ئەمەس، دېمەي تۇرالمايمىز. ئۇلار پۈتۈن 18 ـ ئەسىر ئۇچۇن ئورتاق بولغان. ئۇلار 1754 ـ يىلدىلا رۇسسونىڭ باراۋەرسىزلىك توغرىسىدىكى ئەسىرىدە[61] ئۇچرايدۇ — ئېيتقاچ كېتەيلى، ئۇ يەردە ئۇلار دىيۇرىڭنىڭ ھۆكمىنىڭ دەل ئەكسى بولغان نەرسىنى گۇڭگىلى بويىچە ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار ئادام سىمىتتىن رىكاردوغىچە ئوتكەن سىياسى ئىقتىساتشۇناسلاردا ئاساسىي رولنى ئويناپ چىقىدۇ؛ بىراق ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئوخشاش بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ — كوپىنچە ئوۋچى ۋە بېلىقچى، — بەلكى ئۇزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئوزئارا ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار ھېچ بولمىغاندا بۇ جەھەتتە باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن 18 ـ ئەسىردە ئۇلار ئاساسەن پەقەتلا چۈشەندۈرۈشكە مىسال بولىدۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە يېرى پەقەت شۇكى، ئۇ بۇنداق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى بارلىق ئىجتىمائى پەننىڭ تۈپ ئۇسۇلى ۋە بارلىق تارىخىي شەكىلەرنىڭ ئۆلچىمى دەرىجىسىگە كوتىرىدۇ. «شەيئىلەر ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى قاتتىق ئىلمىي چۈشەنچە»نى بىر قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇشنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

تۈپ گۇڭگىلى — ئىككى ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بىر بىرىگە

تامامەن باراۋەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيدۇ، دىگەن توپ گۇگۇلىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ھەرگىز ئۈچرىغان ئىككى ئادەمنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئادەم مۇنداق بولۇشى كىرەك: ئۇلار بارلىق رىياللىقتىن، يەر شارىدا يۈزبەرگەن بارلىق مىللى، ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە دىنىي مۇناسىۋەتلەردىن، ھەرقانداق جىنسىي ۋە شەخسى ئالاھىدىلىكلەردىن خالى بولۇشى، نەتىجىدە بۇ ئىككى ئادەمدە ئادەم دىگەن قۇپ-قۇرۇق ئۇقۇمدىن تاشقىرى باشقا ھىچنەرسە قالماسلىقى لازىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار، ئەلۋەتتە، «تامامەن باراۋەر» بولىدۇ. دىمەك، ئۇلار ھەممە يەردە «جىياڭشىنشۇ» خاھىشلىرىنى تىنتىپ ۋە پاش قىلىپ يۈرىدىغان دىيۇرىڭ ئەپەندى چاقىرغان ئىككى مۇكەممەل ئەرۋاھ بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككى ئەرۋاھ، ئەلۋەتتە، ئۇزلىرىنى چاقىرغۇچى تەلەپ قىلغان ھەممىنى ئىشلىشى لازىم، دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بارلىق نەيرەڭلىرى دۇنيادىكى باشقا كىشىلەر ئۈچۈن تامامەن ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ گۇگۇلى نەزىرىيىسىنى يەنە سەل نېرى ئۇتۇپ كورۇپ باقايلى. ئىككى ئىرادىدىن بىرى يەنە بىرىگە ھىچقانداق ئىجابى تەلەپ قويالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا ۋە ئۇزىنىڭ تەلۋىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئادالەتسىزلىك ئەھۋالى كىلىپ چىقىدۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندى بولسا مۇشۇ توپ ئەندىزە بويىچە ئادالەتسىزلىكنى، زورلۇق كۈچنى، قۇللۇقنى چۈشەندۈرىدۇ، بىر جۈملە سوز بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن ئوتمۇشتىكى ئەيىپلىنىشكە تېگىشلىك تارىخنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق رۇسسو يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەسىرىدە دەل

ئىككى ئادەم ئارقىلىق ئوخشاشلا گۈزەللىكى بويىچە ئەكسىچە بولغان نەرسىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان، ئۇ بولسىمۇ A ۋە B دىن ئىبارەت ئىككى ئادەمدىن A زورلۇق كۈچ بىلەن B نى قول قىلالمايدۇ، پەقەت B نى A سىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈش چارىسى بىلەنلا B نى قول قىلالايدۇ؛ بۇ — دىيورىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەكمۇ ۋەيۋۇجۇيلىق نۇقتىسىنەزەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشنى سەل باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلەپ ئۆتەيلى، كېمە غەرق بولغاندىن كېيىن دېڭىزدا قالغان ئىككى ئادەم بىر يالغۇز ئارالغا ئېقىپ بېرىپ قالىدۇ - دە، جەمئىيەت قۇرغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى شەكىل جەھەتتىن تامامەن باراۋەر بولىدۇ ۋە بۇنى ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق سۈپەت جەھەتتە غايەت زور باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت. A كەسكىن ۋە چىداملىق، B لايغەزەل، ھورۇن ۋە چۈشكۈن؛ A زېرەك، B دوت. A ئادەتتە ئاۋال قايىل قىلىش ئارقىلىق، كېيىن ئادەت بويىچە، لېكىن باشتىن - ئاياق ئىختىيار قىلىش شەكلىدە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى B گە تاڭىدۇ، بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت كېرەكمۇ؟ مەيلى ئىختىيار قىلىش شەكلى ھىمايە قىلىنغان ياكى ئاياق ئاستى قىلىنغان بولسۇن، بەرىبىر قۇل قۇل پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇل بولۇش ھادىسىسى پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىردە بولغان، گېرمانىيىدە 30 يىللىق ئۇرۇشتىن[62] كېيىنمۇ كورۈنمەكتە. پرۇسسىيە 1806 - يىلى ۋە 1807 - يىلى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بىكار قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەپقەتلىك لىگچۇلارنىڭ كەمبەغەل، كېسەل ۋە قېرىغان بېقىندىلىرى دىخانلارغا غەمخورلۇق قىلىش مەجبۇرىيىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، شۇ

چاغدا دېخانلار پادىشاغا تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق قۇللۇق ئورۇنىدا تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورىغان — بولمىسا ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ئۇلارغا كىم غەمخورلۇق قىلىدۇ؟ دېمەك، ئىككى ئادەمنىڭ ئەندىزىسى باراۋەرسىزلىك ۋە قۇللۇققىمۇ «ئۇيغۇن» كېلىدۇ، شۇنىڭدەك باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ياردەمگىمۇ «ئۇيغۇن» كېلىدۇ؛ بىز بولساق نەسلى قۇرۇش جازاسىغا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى ئائىلە باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملىشىدىغان قۇللۇق تۈزۈم ئالدىنالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لېكىن، بىز ۋاقتىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ياققا قويۇپ تۇرايلى. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ گۆڭلى نەزىرىيىسى بىزنى قايىل قىلغان بولسۇن، بەلكى بىز ئىككى ئىرادىنىڭ تامامەن باراۋەر ھوقۇقىغا، «ئۇمۇمى ئادەمنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى»غا، «شەخسنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى»غا — ھەقىقى ھەشەمەتلىك سۆزلەرگە قىزىقىپ كەتكەن بولايلى، بۇ سۆزلەر ئالدىدا شتىرنېرنىڭ ئۆز مۈلكىگە ئىگە «بىردىن-بىرچى»[63]سىمۇ چېنىپ قالىدۇ، گەرچە ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئۈلۈشىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلالىسىمۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ھازىر ھەممىدە **تامامەن باراۋەر** ۋە مۇستەقىلمىز. ھەممىدىمۇ؟ ياق، تېخى ھەممىدە ئەمەس.

«رۇخسەت قىلىنىدىغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى»مۇ مەۋجۇت، لېكىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى «سەۋەبىنى ئىككى ئىرادىنىڭ ئۆز پائالىيىتىدىن ئىزلىمەسلىك كېرەك، بەلكى ئۈچىنچى ساھەدىن ئىزلەش كېرەك، مەسىلەن، بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆزىدىن بەلگىلىنىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئىزلەش لازىم».

راست! تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋىيىنى ئىككى ئىرادىنىڭ ئۆز پائالىيىتىدىن ئىزلىمەسلىك كېرەك! ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى بىر ئىرادىنىڭ پائالىيىتى دەل توسالغۇغا ئۇچرايدۇ! بەلكى ئۈچىنچى ساھەدىن ئىزلەش كېرەك! ئۇنداق بولسا، بۇ ئۈچىنچى ساھەنىڭ ئۆزى نېمە؟ بۇ — بېسىمغا ئۇچرىغان ئىرادىنىڭ يەنى يېتەرلىك بولمىغان ئىرادىنىڭ كونكرېت بەلگىلىنىشى! بىزنىڭ رىياللىق پەيلاسوپىمىز رىياللىقتىن شۇنچە يىراقلاشقانكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، چۈشياڭ، مەزمۇنسىز قۇرۇق گەپ — ئىرادە ئۈچۈن، ھەقىقى مەزمۇن يەنى بۇ ئىرادىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەنلىكلىگى «ئۈچىنچى ساھە» بولۇپ قالغان. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، تونۇشمىز كېرەككى، باراۋەرلىكتە مۇستەسنا بولىدۇ. ئۆز ئۆزىدىن بەلگىلىنىشى كەم بولغان ئىرادە ئۈچۈن، باراۋەرلىك كۆچكە ئىگە ئەمەس. **چېكىنىش بىر.**

ئۇنىڭدىن قالسا،

«ياۋايى ھايۋانلىق بىلەن ئادەملىك بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قوشۇلغان جايدا، كىشىلەر ئىككىنچى بىر تولۇق ئىنسان تەبىئەتلىك ئادەم نامىدىن: ئۇنىڭ ھەركەت ئۇسۇلى پەقەتلا ئىنسان تەبىئەتلىك ئادەم دىگەنلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدا ئىپادىلىگىنىدەك بولۇشى لازىممۇ، دىگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن...... شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن باراۋەر بولمىغان ئىككى ئادەم — ئۇلارنىڭ بىرى مەلۇم مەنىدە ئۆزىگە خاس ھايۋان تەبىئەتكە ئىگە — توغرىسىدىكى پەرىزىمىز مانا شۇنداق پەرق بويىچە ئادەملەر گۇرۇھىدا ۋە ھەرقايسى گۇرۇھلار ئارىسىدا...... ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىپىك تۈپ شەكلىدىن ئىبارەت».

بۇ چېنىپ تۇرغان يورغىلاتما گەپلەردىن كېيىنكى بىچارە تىل-

هاقارەتلەرنى كىتاپخانلار ئۆزى كورۇپ چىقسۇن، ئۇ تىل ـ هاقارەتـ
لەردە ديۇرىلىڭ ئەپەندى ئىپىزۇئىت دىندارلىرىغا ئوخشاش چوگىلەپ
يۇرۇپ، ئىنسان تەبىەتلىك ئادەمنىڭ هايۋان تەبىەتلىك ئادەمگە
قانچە بەك تاقابىل تۇرالايدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ هايۋان تەبىەتلىك
ئادەمگە قانچە بەك ئىشەنچسىزلىك، هەربى پوپوزا، دەهشەتـلىك
هەتتا ۋەهىملىك ئالـدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن تاقابىل تۇرالايـ
دىغانلىغىنى ۋە بەلكى بۇنداق قىلىش بىلەن ئۇزگەرمەس ئەخلاقنى
قىلـچە خىلاپـلىق قىلمايدىغانلىغىنى پەتىۋا چىقىرىش يولى بىلەن
بەلگىلىمەكچى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن، ئەگەر ئىكـكى ئادەم «ئەخـلاقىي جەهەتـتىن
باراۋەر بولـمىسا»، ئۇ هالـدا، باراۋەرلىكـمۇ تۇگەيـدۇ. ئۇنـداق
بولغاندىن كېيىن تامامەن باراۋەر ئىككى ئادەمنى چاقىرىشقا كۇچ
سەرپ قىلىش زادىلا ئەرزىمەيتتى، چۇنـكى ئەخلاقىي جەهەتتىن
تامامەن باراۋەر ئىككى ئادەم پەقەت يوق. ــ لېكىن، باراۋەرسىزلىك
بىرىنىڭ ئىنسان تەبىەتلىك ئادەم ئىكەنلىگى، يەنە بىرىنىڭ بولسا
بىر ئاز هايۋان تەبىەتـلىك ئىكەنلىگىدە بولۇشى كېرەك. بىراق،
ئادەمـنىڭ هايۋاناتلار دۇنياسـدىن كېـلىپ چىققانـلىغى پاكـتى
ئادەمنىڭ هايۋان تەبىتىدىن مەڭگۇ تولۇق قۇتۇلالمايدىغانلىغىنى
بەلگىلىگەن، شۇنىڭ ئۇچۇن گەپ مەڭگۇ پەقەت كوپرەك ياكى ئازراق
قۇتۇلالىشىدا، هايۋان تەبىتى ياكى ئىنسان تەبىتى دەرىجىسىنىڭ
پەرقىدىلا بولىدۇ. ئىنسانلارنى تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى
تۇرگە، ئىنسان تەبىەتلىك ئادەم ۋە هايۋان تەبىەتلىك ئادەمگە،
ياخشى ئادەم ۋە يامان ئادەمگە، قوي ۋە ئوشـكىگە ئايـرىش، شۇ
تەرىقىدە تۇرگە ئايرىش، رىياللىق پەلسەپىسىدىن باشقا، خىرىستىيان

دىندىلا تېپىلىدۇ، خرىستىيان دىندىمۇ ئۇزىنىڭ بۇنداق تۇرگە ئايرىشنى يۇرگۈزىدىغان دۇنيا قارىسى ئىزچىل تۇردە بار. لېكىن رىياللىق پەلسەپىسىدە دۇنيا قارىسى كىم بولۇشى كېرەك؟ بۇ مەسىلە خرىستىيان دىنىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش ھەل قىلىنىسا كېرەك، بۇنداق ئۇسۇلدا ئىخلاسمەن قوزىلار ئۇزىنىڭ دەھرى خوشنىسى — ئۇشكىلەرگە نىسبەتەن دۇنيا قارىسى ھوقۇقىنى يۇرگۈزىدۇ، بەلكى ئۇتۇغى كورۇنەرلىك بولىدۇ. رىياللىق پەيلاسوپلىرىنىڭ مەزھىپى مەيدانىغا كەلگەن ھامان، بۇ جەھەتتە جەزمەن مەملىكەت ئىچىدىكى تەقۋادارلاردىن قېلىشمايدۇ. لېكىن، بۇ بىز ئۇچۇن بەرىبىر؛ بىزنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك ئارقىسىدا باراۋەرلىكنىڭ يەنە بىر قېتىم يوقىغا چىقىشىنى ئېتىراپ قىلىشلا قىزىقتۇرىدۇ. **چېكىنىش ئىككى.**

يەنە داۋامىنى كورەيلى:

«ئەگەر بىر ئادەم ھەقىقەت ۋە پەن بويىچە ھەركەت قىلسا، يەنە بىر ئادەم مەلۇم خۇراپاتلىق ياكى بىر تەرەپلىمە قاراش بويىچە ھەركەت قىلسا، ئۇ ھالدا...... ئادەت بويىچە جەزمەن ئۇزئارا تالاش - تارتىش كېلىپ چىقىدۇ...... مەلۇم دەرىجىدىكى قابىلىيەتسىزلىك، قوپاللىق ياكى يامان كەيپلەر ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھامان توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ...... زورلۇق كۈچ باللارغا ۋە ساراڭلارغا تاقابىل تۇرۇشتىلا ئاخىرقى ۋاستە ئەمەس. ئادەملەرنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن تەبىي گۇرۇھى ۋە مەدەنى سىنىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئۇزلىرىنىڭ بىمەنىلىكى ئارقىسىدا دۇشمەنلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئارزۇسىنى بېسىم بىلەن بويسۇندۇرۇشنى يەنى بۇنداق ئارزۇنىڭ ئورتاق ئالاقىگە قايتىشنى ئىلگىرى سۇرۇشنى مۇقەررەر زورۇرىيەت قىلىشى مۇمكىن. ئۇزگە ئىرادە بۇ يەردىمۇ باراۋەر-لىك ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ھېساپلىنىدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۇزىنىڭ زىيانلىق

پائالىيىتى ۋە دۈشمەنلىك پائالىيىتىنىڭ بىمەنىلىكى ئارقىسىدا، ئۇ باراۋەرلەشتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەگەر ئۇ زورلۇق كۈچكە دۈچ كېلىپ قالسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنىڭ ئەكس تەسىرىگىلا ئۇچرىغان بولىدۇ، خالاس.»

شۇنداق قىلىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكلا ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكمۇ ئىككى ئىرادىنىڭ «تامامەن باراۋەرلىكى»نى يېتەرلىك دەرىجىدە رەت قىلىدۇ ھەمدە شۇنداق بىر ئەخلاق ئورنىتىلىدۇكى، بۇنداق ئەخلاق بويىچە، ھەرقايسى مەدەنى بۇلاڭچى دۆلەتلەرنىڭ قالاق مىللەتلەرگە قارىتا قىلغان بارلىق شەرمەندىلەرچە ھەركىتىنى تاكى رۇسلارنىڭ تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقلىرىغىچە[64] ھەققانى دەپ ھېساپلاش مۇمكىن. 1873 ـ يىلى يازدا كائۇفمان جىاڭجۈن تاتار قەبىلىسىدىكى ئيومۇدلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى كۆيدۈرگەن ھەمدە خۇددى بۇيرۇقتا ئېيتىلغاندەك «كاپكازنىڭ ياخشى ئادىتى بويىچە» ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى قىرىپ تاشلىغان، ئۇ چاغدا، بۇ جىاڭجۈنمۇ: ئۆزلىرىنىڭ بىمەنىلىكى ئارقىسىدا دۈشمەنلىك ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ئيومۇدلارنىڭ ئارزۇسىنى بويسۇندۇرۇش يەنى بۇنداق ئارزۇنىڭ ئورتاق ئالاقىگە قايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇقەررەر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى ۋە مەن قوللانغان ۋاستىلەر مەقسەتكە ئەڭ مۇۋاپىق؛ كىمكى مەقسەتكە ئىنتىلسە، ئۇمۇ بۇنداق ۋاستىنى قوللىنىشقا مۇقەررەر ئىنتىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. بىراق ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى باراۋەرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە قىردۇردۇم، بۇنداق قىلغانلىقىم دەل ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە

ئىكەنلىكىنى ئىپتىراپ قىلغانلىقىم بولىدۇ، دەپ ئومۇملارنى زاكىلىق قىلىدىغان دەرىجىدە رەھىمسىزلىككە يەتمىگەن ئىدى. بۇ توقۇنۇشتا خۇدانىڭ تاللىۋالغان بەندىلىرى، ھەقىقەت ۋە پەن بويىچە ھەركەت قىلىدىغانلار دىيىلگەن كىشىلەر، ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا رىيالىلىق پەيلاسوپلىرى نىمىنىڭ خۇراپاتلىق، بىر تەرەپلىمە قاراش، قوپاللىق ۋە يامان كەيىپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلىشى، زورلۇق كۈچىنىڭ ۋە بويسۇندۇرۇشنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قايسى چاغدا زورۇر بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىشى لازىم بولىدۇ. دىمەك، باراۋەرلىك ئەمدى زورلۇق كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدىغان باراۋەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ئىككىنچى ئىرادە بولسا بىرىنچى ئىرادە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپتىراپ قىلىدۇ. **چېكىنىش ئۈچ**، بۇ يەردە بۇ قېتىمقى چېكىنىش ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ شەرمەندىلەرچە قېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ.

ئېيتىقاچ كېتەيلى، ئۆزگە ئىرادە زورلۇق كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدىغان باراۋەرلەشتۈرۈشتە باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ھېساپلىنىدۇ، دىگەن سوز گېگېل تەلىماتىنىڭ بىر خىل بۇرمىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. گېگېل تەلىماتى بويىچە، جازالىنىش جىنايەتچىنىڭ ھوقۇقى:

«جازالىنىش جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ يەردە جىنايەتچى ئەقىل ئىگىسى سۈپىتىدە ھورمەت قىلىنىدۇ.» («قانۇن پەلسەپىسى»، 100 ـ بولۇم، ئىزاھ)

بىز بۇ يەردە تامام قىلساق بولىدۇ. داۋاملىق ديۈرىنىڭ ئەپەندىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇ شۇ تەرىقىدە گۈگۈلى بويىچە

ئورناتـقان باراۋەرلىك، ئومۇمـى ئادەمنىڭ ئـگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقىلارنى بىر ـ بىرلەپ يىمىرىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئىككى ئەر كىشى بىلەن جەمىيەت قۇرغانلىغىنى، دولەت قۇرۇش ئۈچۈن بولسا يەنە ئۈچىنچى كىشىنى ئىشقا سالغانلىغىنى كۆزىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچىنچى كىشى بولمىسا، كوپچىلىكنىڭ قارارى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھالبۇكى، بۇنداق قارار بولمىسا، دىمەك، كوپچىلىكنىڭ ئازچىلىق ئۈستىدىكى ھوكۇمرانلىغىمۇ بولمايدۇ، دولەتمۇ مەۋجۇت بولالـمايدۇ؛ ئۇنىڭ كېيىن قانداق قىلىپ قەدەممۇ ـ قەدەم ئوزىنىڭ ئورتاق جەمىيىتىنىڭ كەلگۈسى دولىتىنى قۇرۇشتەك تېچراق يولغا بۇرۇلۇپ كىرگەنلىگىنى قاراپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق ــ بىز كەلـگۈسىدە ئاخىر بىر كۈن بەختـكە يارـشا ئۇ يەردە ئۇنى زىـيارەت قىـلارمىز. بىز تولۇق كورۇپ ئوتتۇق: ئىككى ئىرادىـنىڭ تامامەن باراۋەرلـىگى پەقەت بۇ ئىكـكى ئىرادىنىڭ **ھېچقانداق ئارزۇسىمۇ بولمىغان** چاغدىلا مەۋجۇت بولـىدۇ؛ ئۇلار چۈشياڭ ئادەمـنىڭ ئىـرادىسى بولۇپ تۇرىۋەرمەي، رىيال شەخسنىڭ ئىرادىسگە، ئىككى رىيال ئادەم-نىڭ ئىرادىسگە ئايلانغان چاغدا، باراۋەرلىك شۇ زاماتلا تۈگەيدۇ؛ بىر تەرەپـتە باللىق، سەۋدايىـلىق، ئاتالمىش ھايـۋان تەبىتى، پەرەز قىلىنـغان خـۇراپاتلىق، يالـغاندىن ئاتالغان بىر تەرەپـلىمە قاراش، قىـياس قىلىنـغان قابىلـيەتسىزلىك، يەنە بىر تەرەپـتە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىنسان تەبىتى، ھەقىقەتنى ۋە پەننى كۆزىتىش قابىلىيىتى؛ قىسـقىسى، ئىككى ئىـرادە ۋە ئۇلارغا ھەمـرا بولغان ئەقىـل ـ پاراسەتـنىڭ سۈپـەت جەھەتـتىكى ھەرقانـداق پـەرقى بويىسۇندۇرۇشقىچە بېرىپ يېتىشى مۇمكىن بولغان باراۋەرسىزلىكنى

ئاقلايدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ باراۋەرلىك بىناسىنى ئەنە شۇنداق تۈپتىن بۇزۇپ تاشلىغان ئىكەن، بىز يەنە نىمىنى تەلەپ قىلىمىز؟

گەرچە بىز ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ باراۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدىكى يۈزە ۋە ئۇسال بايانلىرى بىلەن ئىشنى تاماملىغان بولساقمۇ، لېكىن بىز تېخى بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئىدىيىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئىشنى تاماملىغىنىمىز يوق، بۇ ئىدىيە بولۇپمۇ رۇسسو ئارقىلىق بىر خىل نەزەرىيىۋى رول ئوينىغان ئىدى، زور ئىنقىلاپ ۋاقتىدا ۋە زور ئىنقىلاپتىن كېيىن بىر خىل ئەمەلىي سىياسى رول ئوينىدى، بۈگۈنكى كۈندە بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك سوتسيالىستىك ھەركەتتە يەنىلا ناھايىتى زور تەرغىبات رولىنى ئوينىماقتا. بۇ ئىدىيىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنىڭ تىكلىنىشى ئۇنىڭ پرولېتارىياتقا قارىتا تەرغىبات قىممىتىنىمۇ بەلگىلىگۈسى.

ئادەم سۈپىتىدە ئېيتقاندا، ھەممە ئادەمنىڭ مەلۇم ئورتاق نۇقتىلىرى بار، بۇ ئورتاق نۇقتىلار بېرىپ يەتكەن دائىرىدە ئۇلار باراۋەر بولىدۇ، دىگەن ئىدىيە، تەبىىكى، ناھايىتى قەدىمىي ئىدىيە. لېكىن ھازىرقى زاماندىكى باراۋەرلىك تەلىۋى بۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايدۇ؛ بۇنداق باراۋەرلىك تەلىۋى تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئادەمنىڭ بۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكىدىن، ئادەمنىڭ ئادەم سۈپىتىدىكى بۇنداق باراۋەرلىكىدىن مۇنداق تەلەپ كېلىپ چىقىدۇ: ھەممە ئادەم، ياكى ھېچ بولمىغاندا، بىرەر دولەتنىڭ ھەممە گۇگىنى ياكى بىرەر جەمىيەتنىڭ ھەممە ئەزاسى باراۋەر سىياسى ئورۇنغا ۋە ئىجتىمائى ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم. نىسبى باراۋەرلىك توغرىسىدىكى بۇنداق ئىپتىدائى ئىدىيىدىن

دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى خۇلاسىسىنى چىقىرىش، بۇ خۇلاسىنى ھەتتا مەلۇم تەبىي، ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈشى مۇقەررەر ئىدى ۋە ھەقىقەتەنمۇ ئۆتتى. ئەڭ قەدىمقى زىغالىق گۇڭشىلاردا ئەڭ ئېشىپ كەتكەندىمۇ گۇڭشى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىدىنلا گەپ ئېچىش مۇمكىن، ئاياللار، قۇللار ۋە باشقا يەرلىكلەر تەبىي ھالدا بۇنىڭغا كىرمىگەن. گرېكلەر ۋە رىملىقلاردا كىشىلەردىكى باراۋەرسىزلىك ھەرقانداق باراۋەرلىككە قارىغاندا كۆپ ئېتىۋار بىلەن قارالغان. ئەگەر، گرېكلەر ۋە ياۋايىلار، ھۆرلەر ۋە قۇللار، گۇڭمىنلار ۋە ھىمايە قىلىنىدىغانلار، رىم گۇڭمىنلىرى ۋە رىم پۇقرالىرى (كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا) باراۋەر سىياسىي ئورۇن تەلەپ قىلالايدۇ، دەپ ھېساپلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ قەدىمقى زاماندىكىلەر ئۈچۈن جەزمەن ساراڭلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. رىم دىگوسى دەۋرىدە بۇ پەرقلەرنىڭ ھەممىسى، ھۆرلەر بىلەن قۇللارنىڭ پەرقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەيدىن - پەي يوقالغان؛ شۇنداق قىلىپ، ھېچ بولمىغاندا ھۆرلەر ئۈچۈن خۇسۇسىي باراۋەرلىك پەيدا بولغان، بۇنداق باراۋەرلىك ئاساسىدا رىم قانۇنى راۋاجلانغان، ئۇ-بىز بىلىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان قانۇننىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلى. لېكىن ھۆرلەر بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئومۇمىي **ئادەمنىڭ** باراۋەرلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان قانۇن خۇلاسىلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىز تېخى يېقىندا شىمالىي ئامېرىكا لىيەنباڭىنىڭ قۇل ساقلايدىغان شتاتلىرىدىمۇ بۇنى كۆردۇق.

خىرىستىيان دىنى پەقەت بارلىق كىشىلەرنىڭ **بىر تۈرلۈك** باراۋەرلىكىنى يەنى تۇنجى گۇنا باراۋەرلىكىنىلا ئېتىراپ قىلاتتى، بۇ ئۇنىڭ قۇللار ۋە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دىنى بولۇش خاراكتېرىغا تامامەن لايىق كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىرىستىيان دىنى ئېشىپ كەتسە يەنە خۇدانىڭ تاللىۋالغان بەندىلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، لېكىن بۇنداق باراۋەرلىك دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا تەكىتلەنگەن ئىدى. يېڭى دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىمۇ كۆرۈلىدىغان مال-مۈلۈك ئومۇملىقى ئىزلىرىنى ھەقىقىي باراۋەرلىك ئىدىيىسىدىن كەلگەن دېگەندىن كۆرە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن كەلگەن دېگەن تۈزۈكرەك. راھىبلار بىلەن ئاددىي كىشىلەر قارىمۇ-قارشىلىقىنىڭ تىكلىنىشى بۇنداق خىرىستىيان دىنى باراۋەرلىكىنىڭ بىخلىرىنىمۇ ناھايىتى تېزلا يوقاتتى. — گېرمانلارنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى مىسلىسىز مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەبىقە تۈزۈمىنى پەيدىن-پەي ئورناتتى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى بىرنەچچە ئەسىرگىچە يوقاتتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپا ۋە مەركىزىي ياۋروپانى تارىخىي ھەرىكەتكە كىرگۈزدى، ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم زىچ مەدەنىيەت رايونى ياراتتى ھەمدە بۇ رايوندا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە بىر بىرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان، ئاساسەن مىللىي دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان تىشىنى تۇنجى قېتىم ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن شۇنداق بىر ئاساس تەييارلاندىكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەقەت مۇشۇ ئاساستىلا كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ ئېچىش مۇمكىن بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، فېوداللىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىچىدە شۇنداق بىر سىنىپ تورەلدىكى، بۇ سىنىپ ئۆزىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىياتىدا جەزمەن ھازىرقى زامان باراۋەرلىك تەلىۋىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى. دەسلەپتە شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىنىڭ ئۆزى فېوداللىق تەبىقە ئىدى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دېڭىز يوللىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇق كەشپىيات ئۇنىڭغا يېڭى، تېخىمۇ كەڭ پائالىيەت مەيدانى ئېچىپ بەرگەن چاغدا، ئۇ فېوداللىق جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاساسەن قول ھۈنىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سانائەتنى ۋە مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشنى تەرەققى قىلدۇرۇپ بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. ياۋروپانىڭ تاشقىرىسىدىكى، ئىلگىرى پەقەت ئىتالىيە بىلەن لېۋانت① ئوتتۇرىسىدىلا بولۇۋاتقان سودا بۇ چاغدا ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ھىندىستانغىچە كېڭەيدى، موھىملىغىدىن ئېيتقاندا، ياۋروپادىكى مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالماشتۇرۇشتىن تېزلا ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئالتۇنى ۋە كۈمۈچى ياۋروپاغا يېيىلىپ كەتتى، ئۇ خۇددى پارچىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ئامىل تەرىقىسىدە فېوداللىق جەمىيەتنىڭ بارلىق يوچۇقلىرىدىن، يېرىقلىرىدىن ۋە توشۇكلىرىدىن سىڭىپ كىردى. قول سانائەت ئەمدى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى؛ ئەڭ ئىلغار مەملىكەتلەرنىڭ ئاساسىي سانائەت

① ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ كونا نامى. — تەرجىماندىن

تارماقلىرىدا قول سانائەتنىڭ ئورنىنى ئىشخانا قول سانائىتى ئالدى.

لېكىن جەمىيەتنىڭ سىياسى تۈزۈلۈشى ھەرگىز جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىدىكى بۇنداق كەسكىن ئۆزگىرىشكە يېقىندىن ئەگىشىپ مۇناسىپ ئۆزگىرىش ياسىمىدى. جەمىيەت كۈندىن ـ كۈنگە بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى بولۇپ قېلىۋاتقان چاغدا، دولەت تۈزۈمى يەنىلا فېوداللىق تۈزۈم بولۇپ تۇرىۋەردى. كەڭ كولەملىك سودا بولۇپمۇ خەلقارا سودا خۇسۇسەن دۇنيا سودىسى ئەركىن، ھەركەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان شاكىپىن ئىگىلىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار شاكىپىن ئىگىسى سۈپىتىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەممە باراۋەر بولغان (ھېچ بولمىغاندا شۇ جاينىڭ ئۆزىدە باراۋەر بولغان) ھوقۇق بويىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. قول سانائەتتىن ئىشخانا قول سانائىتىگە ئۆتۈشتە مەلۇم ساندا ئەركىن ئىشچىلارنىڭ بولۇشى — ئەركىن دىگەنلىك، بىر تەرەپتىن، ئۇلار كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن مۇستەقىل پايدىلىنىش ئۈچۈن زورۇر بولغان ۋاستىلەردىن مەھرۇم بولغان دىگەنلىك — ئالدىنقى شەرت قىلىندى، ئۇلار زاۋۇت ئىگىسى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئىجارىگە بېرىدىغان بولدى، دىمەك، شەرتنامە تۈزگۈچى بىر تەرەپ سۈپىتىدە زاۋۇت ئىگىسى بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر بولدى. ئاخىردا، ھەممە كىشىنىڭ ئەمگىكىنىڭ — چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى **ئادەمنىڭ** ئەمگىكى بولىدۇ ۋە پەقەت مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا — باراۋەرلىكى ۋە تەڭ ئۇنۇمى[65] ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىغىنىڭ قىممەت قانۇنىيىتىدە ئاڭسىز لېكىن ئەڭ

كۈچلۈك ئىپادىلەندى، بۇ قانۇنىيەت بويىچە، شاڭپىننىڭ قىممىتى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى①. — لېكىن، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغان چاغدا، سىياسىي تۈزۈم ھەر بىر قەدەمدە كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاسارىتىنى ۋە پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلارنى ئۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى قويىدى. يەرلىك ئىمتىيازلار، دەرىجە پەرقى ئاساسىدىكى چېگرا باجلىرى ۋە تۈرلۈك ئالاھىدە ئەمىر-پەرمانلار، سودا جەھەتتە چەتئەللىكلەرگە ۋە مۇستەملىكىلەردىكى ئاھالىگىلا زەربە بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە پات-پاتلا ئۆز مەملىكىتىدىكى ھەر تۈرلۈك پۇخرالارغىمۇ زەربە بەردى؛ كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىمتىيازلىرى ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ تەرەققىيات يولىغا توسالغۇ بولدى. مەيلى قەيەردە بولسۇن، يول ئەركىن قاتنايدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى، بۇرژۇئا رىقابەتچىلەر ئۈچۈن پۇرسەت باراۋەر ئەمەس ئىدى — ئەركىن قاتناش ۋە پۇرسەتنىڭ باراۋەر بولۇشى بولسا ھەممىدىن موھىم ۋە بارغانسىرى جىددىي بولۇۋاتقان تەلەپ ئىدى.

جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى فېوداللىق كىشەندىن قۇتۇلۇش تەلىپى ۋە فېوداللىق باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىش ئارقىلىق ھوقۇقتا باراۋەرلىكنى تىكلەش تەلىپىنى كۈنتەرتىپكە قويۇش بىلەنلا، بۇنداق تەلەپ تېزلا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمگە ئىگە بولۇشى

① ھازىرقى زامان باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەنە شۇنداق بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىدىن ھاسىل قىلىش ئەڭ ئاۋال ماركس تەرىپىدىن «كاپىتال»دا ئالغا سۈرۈلدى.

مۇقەررەر بولدى. گەرچە بۇ تەلەپ سانائەت ۋە سودىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ دېھقانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش لازىم بولدى، دېھقانلار تامامەن قۇل بولۇپ قېلىش دەرىجىسىگىچە بولغان ھەر خىل دەرىجىدىكى قۇللۇقتا ئۈچراپ تۇراتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئەڭ كوپ قىسمىنى شەپقەتسىز فېودال لىگجولارغا ھەقسىز تەقدىم قىلىشى لازىم ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە لىگجولارغا ۋە دولەتكە ھېساپسىز نەرسە بىلەن تولىنىدىغان ئىجارىنى تولەپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، فېوداللىق ئالاھىدىلىكنى، ئاقسوڭەكلەرنىڭ باج تولىمەسلىك ھوقۇقىنى ۋە ئايرىم تەبىقىلەر-نىڭ سىياسى ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلمايمۇ تۇرالمايتتى. كىشىلەر ئەمدى رىم دىگوسىغا ئوخشاش دۇنيا دىگوسىدا ئەمەس، بەلكى ئوزئارا باراۋەر ئالاقە قىلىۋاتقان ۋە بۇرژۇئازىيە تەرەققىياتىنىڭ بىر بىرىگە ئوخشاش دىگۇدەك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇستەقىل دولەتلەردىن تەركىپ تاپقان تىشدە ياشاۋاتقانلىغى ئۈچۈن، بۇنداق تەلەپ ناھايىتى تەبىى ھالدا ئومۇميۈزلۈك، ئايرىم دولەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىققان خاراكتىرغا ئېرىشتى، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكمۇ ناھايىتى تەبىى ھالدا **كىشىلىك ھوقۇقى** دەپ ئېلان قىلىندى. بۇنداق كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ پەۋقۇلئاددە بۇرژۇئا خاراكتىرىنى ئېنىق ئىپادىلەيدى-غىنى ئامېرىكا ئاساسي قانۇنى بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ئاۋال ئېتىراپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رەڭلىك ئىرقلار قۇللۇق تۇزۇمىنى تەھقىقلەشتۇردى: سىنىپى ئىمتىيازلار قانۇن ھىمايىسىنىڭ سىرتىدا

قالدۇرۇلدى، ئىرقىي ئىمتىيازلار مۇقەددەسلەشتۇرۇلدى.

لېكىن، ھەممىگە مەلۇمكى، بۇرژۇئازىيە فېئودالىلىق دەۋرىنىڭ شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىدىن غوزا يېرىپ چىققان ۋاقىتتىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئەسىر تەبىقىسىدىن ھازىرقى زامان سىنىپىغا ئايلانغان ۋاقىتتىن تارتىپ، بۇرژۇئازىيىگە ئۇنىڭ سايىسى يەنى پۇرولېتارىيات دائىم ۋە مۇقەررەر ھالدا ھەمرا بولۇپ كەلمەكتە. شۇنداقلا، بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك تەلىۋىگىمۇ پۇرولېتارىياتنىڭ باراۋەرلىك تەلىۋى ھەمرا بولۇپ كەلمەكتە. سىنىپىي **ئىمتىيازلارنى** يوقىتىش دېگەن بۇرژۇئازىيە تەلىۋى قويۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا **سىنىپنىڭ ئۆزىنى** يوقىتىش دېگەن پۇرولېتارىيات تەلىۋى مەيدانغا كەلدى — دەسلەپ دىنىي شەكىل ئالدى، دەسلەپكى خىرىستىيان دىنىنى دەستەك قىلدى، كېيىن بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلدى. پۇرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنى سۆزىدىن تۇتۇۋالدى: باراۋەرلىك كۆرۈنۈشتىلا بولماسلىقى، دۆلەت ساھەسىدىلا يولغا قويۇلماسلىقى لازىم، ئۇ يەنە ئەمەلىي بولۇشى كېرەك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ساھەلەردىمۇ يولغا قويۇلۇشى كېرەك.` بولۇپمۇ فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى زور ئىنقىلاپتىن باشلاپ گۇگمىنلارنىڭ باراۋەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغاندىن بۇيان، فرانسىيە پۇرولېتارىياتى ئۇنىڭغا دەلمۇ-دەل تاقابىل تۇرغان ھالدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي باراۋەرلىك تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنداق باراۋەرلىك فرانسىيە پۇرولېتارىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس جەڭگىۋار شوئارى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، باراۋەرلىك تەلىۋىنىڭ پۇرولېتارىيات تىلىدا قوش مەنىسى بار. يا ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى ئىجتىمائىي

باراۋەرسىزلىككە قارىتا، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى، خوجايىنلار بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى، ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغانلار بىلەن ئاچارچىلىقتا قالغانلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىققا قارىتا بولغان زىيالىق رىياكسىيە بولىدۇ — بولۇپمۇ دەسلەپكى چاغلاردا، مەسىلەن، دېخانلار ئۇرۇشىدا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ؛ بۇنداق زىيالىق رىياكسىيە، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاپنىڭ تەبىي ئىپتىدارىنىڭ ئاددىي ئىپادىسى بولىدۇ، ئۇ مانا شۇنىڭدا ۋە پەقەت شۇنىڭدىلا ئۆز ئاساسىنى تاپىدۇ. يا ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك تەلىپىگە قارىتا بولغان رىياكسىيىدىن تۇغۇلىدۇ، ئۇ بۇنداق باراۋەرلىك تەلىپىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر توغرا بولغان، يەنىمۇ راۋاجلاندۇرغىلى بولىدىغان تەلەپلەرنى ئېلىپ، كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىشچىلارنى كاپىتالىستلارغا قارشى تۇرۇشقا قوزغايدىغان تەرغىبات ۋاستىسى بولىدۇ؛ بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ بۇرژۇئازىيە باراۋەرلىكىنىڭ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدىمۇ پرولېتارىياتنىڭ باراۋەرلىك تەلىپىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى **سىنىپلارنى يوقىتىش** تەلىپىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ دائىرىدىن ھالقىپ چىققان ھەرقانداق باراۋەرلىك تەلىپى مۇقەررەر ھالدا بىمەنىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بىز بۇ جەھەتتىكە دائىر مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئوتتۇق، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى خام خىياللىرىغا ئۆتكەندە، بۇنداق مىساللارنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

شۇنداق قىلىپ، باراۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۆزى، مەيلى بۇرژۇئازىيىچە شەكىلدە مەيدانغا چىقسۇن، ياكى پرولېتارىياتچە

شەكىلدە مەيدانغا چىقسۇن، بىر خىل تارىخىي مەھسۇل، بۇ ئىدىيىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مۇئەييەن تارىخىي مۇناسىۋەت لازىم بولدى، ۋاھالەنكى، بۇنداق تارىخىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى يەنە ئۇزاق، ئۆتكەن تارىخنى ئالدىنقى شەرت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق باراۋەرلىك ئىدىيىسى ھەرنىمە بولسىمۇ بولغاي، مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ئەمەس. ئەگەر، ئۇ — بۇنداق ياكى ئۇنداق مەنىدە — ھازىر كەڭ جامائەتچىلىك ئۈچۈن ئۆز ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولسا، ئەگەر ئۇ خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، «پۇخ-رالارنىڭ مۇستەھكەم كونا قارىشىغا ئايلانغان»66 بولسا، بۇ ئۇنىڭ گۈڭلىچە ھەقىقەتلىككە ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى 18-ئەسىر ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغانلىقى ۋە يەنىلا ئېقىمغا ئۇيغۇن بولغانلىقىدىن بولىدۇ. دىمەك، دىيۈرىڭ ئەپەندى توغرىدىن-توغرا ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئىككى ئەر كىشىسىنى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆي ئىشلىرىغا سالالايدىكەن، بۇ ھال بۇ پۇخرالارنىڭ كونا قارىشى ئۈچۈن ئىنتايىن تەبىي بولغانلىقىدىن بولىدۇ. دۇرۇس، دىيۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى **تەبەت** پەلسەپىسى دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى بۇنداق پەلسەپە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن تەبىي بولغان نەرسىلەردىنلا چىقىدۇ. لېكىن نىمىشقا بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تەبىي بولىدۇ؟ — بۇ سوئالنى ئۇ، ئەلۋەتتە، قويمايدۇ.

## 11. ئەخلاق ۋە قانۇن. ئەركىنلىك ۋە زورۇرىيەت

«سىياسى ۋە قانۇن ساھەسى توغرىسىدا بۇ "كۇرس"تا بايان قىلىنغان

پىرىنسىپلار ئەڭ چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن......چىقىش نۇقتىسى: بۇ يەردىكى......مەسىلە قانۇنشۇناسلىق ۋە سىياسىشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىلگىرى-ئاخىر ئىزچىل ھالدا بايان قىلىشقا بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. مېنىڭ دەسلەپكى مەخسۇس تەتقىقاتىم دەل قانۇنشۇناسلىق ئۈستىدە بولدى، مەن بۇنىڭدا داشۆبىدىكى نەزەرىيىۋى تەييارلىق ئۈچۈن ئادەتتە كېتىدىغان 3 يىل بىلەنلا چەكلەنمىدىم، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىللىق سوتچىلىق ئەمەلىيىتىمدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ باردىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ باردىم...... ئەگەر خۇسۇسى قانۇن مۇناسىۋەتلىرىگە ۋە مۇناسىپ قانۇن كەمتۈكلۈكىگە قارىتىلغان پىپەنىم خۇددى بۇ پەننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشەنگەنگە ئوخشاش ئۇنىڭ بارلىق كەمچىلىكلىرىنى ئاڭلىق تۈردە چۈشەنگەن بولمىسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق پىپەن جەزمەن شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئېلان قىلىنالمىغانمۇ بولاتتى.»

ئۆزى توغرىسىدا بۇنداق دېيىشكە ۋەجى بولغان كىشى جەزمەن ئۆزىگە باشتىلا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىنى تۇغدۇرۇشى كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ «ماركس ئەپەندى ئىلگىرى قانۇن ھەققىدە ئېلىپ بارغان، جامائەتچىلىك تەرىپىدىن بىپەرۋالىق بىلەن قىلىنغان دەپ ھېساپلانغان تەتقىقات» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەجەپلەنمەي تۇرالمايدىغىنىمىز شۇكى، بۇنداق ئىشەنچ بىلەن مەيدانغا چىققان خۇسۇسى قانۇن مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان پىپەن بىزگە مۇنۇلارنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ:

«ئىلمىيلىك جەھەتتە، قانۇنشۇناسلىق ...... يىراقتا كەتمىدى»؛ يازما ھەق تەلەپ قانۇنى ھەقىقانى ئەمەس، چۈنكى ئۇ زورلۇق كۈچنى ئاساس

قىلغان مۇلۇكچىلىكنى تەھقىقلەشتۈردۇ؛ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ «تەبىى ئاساسى» ئۆچ ئېلىش، —

بۇنداق ھوكۇمدە ئېشىپ كەتسە پەقەت «تەبىى ئاساس» دىگەن سىرلىق نىقاپلا يېڭى نەرسە بولىدۇ. سىياسىشۇناسلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزگە مەلۇم بولغان ئۆچ ئەر كىشى مەسىلىسىنى قاراپ چىقىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇلاردىن بىرى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قالغان ئىككىسىگە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ كەلمەكتە، بەلكى ئەمدى ھەممىدىن ئاۋال زورلۇق كۈچ ئىشلەتكىنى ۋە قۇللۇقنى يولغا قويغىنى ئىككىنچى ئادەم ئىكەنلىگى ياكى ئۈچىنچى ئادەم ئىكەنلىگىنى ديۇرىڭ ئەپەندى تېخى ئىنتايىن ئەستايىدىل تەتقىق قىلماقتا.

لېكىن، ئوزىگە ئىشەنچ قىلىدىغان بۇ قانۇنشۇناسىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقاتىنى ۋە 3 يىللىق سوتچىلىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چوڭقۇرلاشتۇرغان ئىلمىيلىگىنى تۆۋەندە كورۇپ باقايلى.

لاسسال توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

ئۇ «زىننەت بۇيۇملىرى ساندۇقچىسىنى ئوغرىلاش ئىستىگىنى قوزغىغانلىغى ئۈچۈن» جاۋاپكارلىققا تارتىلغان ئىدى، «لېكىن ھوكۇم چىقىرىلمىغان، چۈنكى ئۇ چاغدا ئاتالمىش فايىۋەن تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىش تېخى مۇمكىن ئىدى ...... بۇنداق يېرىم گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىش».

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان لاسسال ئەنزىسى 1848 ـ يىلى يازدا كيۆلىندا پېيشىن فاتىگى تەرىپىدىن قاراپ چىقىلغان ئىدى[67]، ئۇ يەردە پۈتۈن رېيىن ئولكىسىدىكىدەك فرانسىيە جىنايى ئىشلار

قانۇنى ئاقاتتى. پەقەت سىياسى جەھەتتىكى قانۇنسىزلىق ۋە جىنايەتكىلا ئىستىسنا ھالدا پرۇسسىيە باڭ قانۇنى يۈرگۈزۈلەتتى، لېكىن 1848 ـ يىل 4 ـ ئايدىلا بۇنداق ئىستىسنالىق بەلگىلىمە كامپىخاۋزېن تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. فرانسىيە قانۇنىدا پرۇسسىيە باڭ قانۇنىدا ئېيتىلغاندەك جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە «قوزغاش» دەيدىغان بۇنداق يۈزەكى فەنچۇ زادىلا يوق، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئىستىكىنى قوزغاش دېگەندىن تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. فرانسىيە قانۇنىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە **كۈشكۈرتۈش** دېگەنلا بار، بەلكى بۇ پەقەت «سوغا بېرىش، ۋەدە بېرىش، تەھلىكە سېلىش، ئابرويىدىن ياكى ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، ھىلىگەرلىك بىلەن قۇترىتىش ياكى جىنايەتكارانە شۇملۇقلار ئارقىلىق» (جىنايى ئىشلار فادىيەنى[68] 60 ـ ماددا) قىلىنغاندىلا جازا ھوكۇم قىلىناتتى. پرۇسسىيە باڭ قانۇنىغا بېرىلىپ كەتكەن جىيەنچا ئورگانلىرى، تامامەن دىيۇرلىك ئەپەندىگە ئوخشاش، ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن فرانسىيە قانۇنى بىلەن مۇجمەل پرۇسسىيە باڭ قانۇنىنىڭ ئېنىقسىزلىغى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرققە سەل قاراپ، لاسسال ئۈستىدە مايىللىقا ئىگە ئەرز ـ شىكايەتنى قىلدى ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان دەرىجىدە مەغلۇپ بولدى. پەقەت فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان قانۇنى ساھەسىدىن تامامەن خەۋەرسىز كىشىلا فرانسىيىنىڭ جىنايى ئىشلار ئەرز ـ شىكايىتىدە پرۇسسىيە باڭ قانۇنىدىكىدەك «فايۇەن تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىش»، بۇنداق **يېرىم** گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىش بار، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؛ فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان قانۇنىدا جىنايى ئىشلار ئەرز ـ شىكايىتى

جەھەتتە جازا ھوكۇم قىلىش ياكى گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىشلا بار، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ھوكۇم يوق.

شۇنداق قىلىپ، بىز شۇنداق دېمەي تۇرالمايمىزكى، ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قولىدا ناپولېئون فادىيەنى[69] بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ جەزمەن شۇنداق ئىشەنچ بىلەن لاسسال توغرىسىدا بۇنداق «ئۇلۇق ئۇسلۇپتىكى ئىگە تارىخىي بايانىنامە» ئىشلىيەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇزۇپ ئېيتىشىمىز كېرەككى، دىيۇرىڭ ئەپەندى فرانسىيە زور ئىنقىلاۋىنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قانۇنغا ئايلاندۇرغان **بىردىن - بىر** ھازىرقى زامان ھەق تەلەپ فادىيەنى يەنى فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان قانۇنىنى **پۈتۈنلەي بىلمەيدىكەن.**

باشقا بىر جايدا، دىيۇرىڭ ئەپەندى پۈتۈن قۇرۇقلۇقتا فرانسىيىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە يولغا قويۇلغان، پېيشېنيۇەنلەرنىڭ كوپچىلىك ئاۋازى بىلەن ھوكۇم چىقىرىلىدىغان پېيشېن فاتىڭنى پىپەن قىلغان چاغدا، بىز مۇنداق پەندى - نەسىھەت ئالىمىز:

«شۇنداق، ئېيتايلى، تارىختىمۇ مىسالى بولمىغان ئەمەس دېيىلگەن مۇنداق پىكىر بىلەن ھەتتا ئوبدان تونۇشۇشقىمۇ مۇمكىن بولار: كامالەتكە يەتكەن جەمىيەتتە قارشى ئاۋازغا ئىگە جازا ھوكۇم قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان تۈزۈم بولۇشى كېرەك...... لېكىن، بۇنداق ئىنتايىن جىددىي ۋە چوڭقۇر ئىدىيىلىك چۈشىنىش ئۇسۇلى، خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە بۇنىڭلىق بىلەن مۇۋاپىق كەلمەيدىغاندەك كورۇنىدۇ، چۈنكى بۇنداق شەكىللەر ئۈچۈن، ئۇ تولىمۇ ياخشى.»

دىيۇرىڭ ئەپەندى يەنە بىر قېتىم بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتىكى، ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمى قانۇنى يەنى يىراق قەدىمقى زاماندىن بېرى،

كىم دىگەندە، 14-ئەسىردىن بېرى ئېقىپ كەلگەن يازما بولمىغان ئادەت قانۇنى بويىچە، پېيشىنيۇەنلەرنىڭ بىردەكلىكى جىنايى ئىشلاردا جازا ھۆكۈم قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ھەق تەلەپ ئەرز-شىكايەتلىرىدە كېسىم چىقىرىشتىمۇ مۇتلەق زۆرۈر. دېمەك، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن **تولىمۇ ياخشى** بولغان بۇنداق ئىنتايىن جىددى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىلىك چۈشىنىش ئۇسۇلى ئاللىقاچان ئەڭ زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئەنگلىيىدە قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان ۋە ئەنگلىيىدىن ئىرلاندىيىگە، ئامېرىكىغا تاكى ئەنگلىيىنىڭ بارلىق مۇستەملىكىلىرىگىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان، ئەمدى بۇ ھەقتە، ئەڭ چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقات دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ھېچنىمە بەرمىگەن! بۇنىڭدىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، پېيشىنيۇەنلەرنىڭ بىردەكلىكى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش يولىغا قويۇلغان جايلار پرۇسسىيە باڭ قانۇنى ئاقىدىغان تار دائىرىدىكى رايونلارغا قارىغاندا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پېيشىنيۇەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش يولىغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئومۇمى يىغىندىسىدىنمۇ كەڭ. دىيۇرىڭ ئەپەندى بىردىن-بىر ھازىرقى زامان قانۇنى يەنى فرانسىيە قانۇنىنىلا پۈتۈنلەي بىلمەي قالماستىن، بەلكى ئۇ تا ھازىرغىچە قانۇن نوپۇزلۇقى بولغان رىم قانۇنىدىن مۇستەقىل ھالدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى قىتئەلىرىگىچە تارالغان بىردىن-بىر گېرمان قانۇنىنى يەنى ئەنگلىيە قانۇنىنىمۇ ئوخشاشلا بىلمەيدۇ. نىمە ئۈچۈن بىلمەيدۇ؟ دىيۇرىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

چۈنكى ئەنگلىيىچە قانۇن تەپەككۇرى ئۇسۇلى «رىم كىلاسسىك

قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ساپ ئۇقۇملىرى بويىچە گېرمانىيە جىددىيسىدە يولغا قويۇلغان تەلىم - تەربىيە ئالدىدا ھامان پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى»،

ئۇ ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ تەبىي تىل شەكلىمىز بىلەن سىلىشتۇرغاندا، باللارچە شالغۇت تىلنى قوللىنىدىغان ئىنگلىز تىلى دۇنياسى قانچىلىك بىرنىمە ئىدى؟»

بۇنىڭغا بىز پەقەت سپىنوزانىڭ سوزى بىلەنلا جاۋاپ بېرىمىز: Ignorantia non est argumentum، بىلمىسىزلىك دەلىل ئەمەس[70].

بۇنىڭدىن بىز پەقەت مۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىز: ديۇرىڭ ئەپەندىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقاتى ئۇنىڭ 3 يىل داۋامىدا نەزىرىيىۋى جەھەتتىن ھەق تەلەپ قانۇنى قامۇسىغا[71] بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن، كېيىن يەنە 3 يىل داۋامىدا ئەمىلىيەت جەھەتتىن ئالىجاناپ پرۇسسىيە باڭ قانۇنىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭ ئوزىمۇ جەزمەن خېلى خىزمەت كورسەتكەنلىك بولىدۇ ھەمدە ئىنتايىن ھورمەتلىك كونا پرۇسسىيە يەرلىك فاگۇەنى ياكى لۇيشىسى ئۇچۇنمۇ كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر بارلىق دۇنيا ۋە بارلىق زامان ئۇچۇن قانۇن پەلسەپىسى تۇزمەكچى بولساڭ، فرانسۇزلار، ئىنگلىزلار ۋە ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنى ھامان سەل تەپسىلىرەك بىلىشىڭ لازىم ئىدى، بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى گېرمانىيىنىڭ پرۇسسىيە باڭ قانۇنى ھوكۇم سۇرگەن بىر بۇرجىكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. بىز يەنە داۋامىنى كورەيلى.

«يەرلىك قانۇنلار، ئولكە قانۇنلىرى ۋە باڭ قانۇنلىرىنىڭ قارا-قويۇق ئارىلاشمىسى (بۇ قانۇنلار تولىمۇ خالىغانچە ئۇسۇللار بىلەن تازا

ئوخشاش بولمىغان يونۇلۇشلەر بويىچە بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىپ، بىر دەم ئادەت قانۇنى، بىر دەم يازما قانۇن بولىدۇ، كوپ هاللاردا ئەڭ موهىم ئىشلارنى ساپ قائىدە ـ تۈزۈم شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ)، بۇنداق تەرتىپسىز ۋە زىددىيەتلىك نۇسخىلار ــ ئۇنىڭدا ئايرىملىق ئومۇملىقنى تولۇقسىز قىلىپ قويىدۇ، بەزىدە بولسا ئومۇملىق ئالاهىدىلىكنى تولۇقسىز قىلىپ قويىدۇ،ــ هەقىقەتەن هەرقانداق كىشىدە ئېنىق قانۇنشۇناسلىق ئېڭى پەيدا قىلىشقا لايىق ئەمەس.»

لېكىن، بۇنداق قالايمىقان هالەت قەيەردە مەۋجۇت؟ يەنە شۇ پرۇسسىيە باڭ قانۇنى ئېقىۋاتقان جايلاردا. ئۇ يەرلەردە بۇنداق باڭ قانۇنىنىڭ يېنىدا، ئۇستىدە ياكى ئاستىدا يەنە ئۆلكە قانۇنلىرى، يەرلىك ئەمىر ـ پەرمانلار بار، بەزى جايلاردا يەنە ئومۇمى قانۇنلار ۋە باشقا كەلسە ـ كەلمەس نەرسىلەر بار، ئۇلارنىڭ هەممىسى هەر خىل ـ هەر ياڭزا، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كۈچكە ئىگە هەمدە ئەمەلىيەت ئۇستىدىكى بارلىق قانۇنشۇناسلاردا ديۇرىك ئەپەندى بۇ يەردە تولۇپ تاشقان هېسداشلىق بىلەن قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋاتقان ياردەمگە چاقىرىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزى ياخشى كورگەن پرۇسسىيىدىن كېتىشنىڭ پەقەت هاجىتى يوق، ئۇ رېين ئۆلكىسىگە بېرىپ كەلسىلا، ئۇ يەردە 70 يىلدىن بۇيان بۇلارنىڭ هەممىسى ئەستىن چىقىرىلـ غانلىقىغا هەقىقى ئىشىنىدۇ ــ بۇنىڭغا ئوخشاش ۋاقتى ئوتكەن هالەتلەر ئاللىقاچان يوقىتىلغان باشقا مەدىنى مەملىكەتلەر توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ تېخىمۇ هاجىتى يوق.

يەنە داۋامنى كورەيلى:

«كوللېكتىپ مۇهاكىمە ئورگانلىرى ياكى باشقا مەمۇرى ئورگانلارنىڭ مەخپى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نامىسىز كوللېكتىپ پىكرى ۋە كوللېكتىپ

ھەركىتىنىڭ شەخسىنىڭ تەبىي جاۋاپكارلىغىنى پەردىلىشى ئانچە بەك كەسكىن بولمىغان شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق كوللىكتىپ پىكىر ۋە كوللىكتىپ ھەركەت ھەر بىر ئەزانىڭ شەخسەن قاتنىششىنى يوشۇرىدۇ.»

باشقا بىر جايدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«بىزدىكى هازىرقى ئەھۋالدا، مۇبادا كوللىكتىپ مۇھاكىمە ئورگانلىرىغا شەخسىنىڭ جاۋاپكارلىغىنى پەردىلەتكۈزۈش ۋە قانات ئاستىغا ئالدۇرۇشنى خالىمساق، ئۇ ھالدا، بۇ كىشىنى چوچۇتىدىغان ۋە ئىنتايىن قاتتىق قول تەلەپ ھېساپلىنىدۇ.»

ئەگەر، بىز دېيۇرىڭ ئەپەندىگە: ئەنگلىيە قانۇنى ئىبقۇاتىقان جايلاردا شېنپەنتىڭنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئوچۇق سوراق قىلىشنى باشلىغان چاغدا، يالغۇز ھالدا ئۇزىنىڭ ھوكمىنى قويۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋىۋىنى بايان قىلىشى لازىم ئىكەنلىكىنى، سايلاپ چىقىلمىغان، ئوچۇق قاراپ چىقىش ۋە ئوچۇق ئاۋازغا قويۇش يۇرگۇزۇلمەيدىغان مەمۇرى كوللىكتىپ مۇھاكىمە ئورگانلىرى ئاساسەن **پرۇسسىيە** تۇزۇمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور كوپ ساندىكى باشقا مەملىكەتلەردە يوق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ تەلۋى پەقەت **پرۇسسىيەدە** كىشىنى چوچۇتىدىغان ۋە ئىنتايىن قاتتىق قول ھېساپلىنىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتساق، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئىھتىمال كىشىنى چوچۇتىدىغان خەۋەر بولار.

شۇنىڭدەك، جياۋخۇيىنىڭ تۇغۇت، نىكا، ئولۇم ۋە دەپنە ئىشلىرى جەھەتتىكى مەجبۇرى ئارىلىششىغا ئۇنىڭ بىلدۇرگەن ئاغرىنىشلىرىمۇ، بارلىق چوڭراق مەدىنىي مەملىكەتلەردىن ئېيتقاندا، پەقەت پرۇسسىيىگىلا لايىق كېلىدۇ، بەلكى نوپۇس دەپتىرى تۇتۇلغاندىن بۇيان، ھەتتا پرۇسسىيىگىمۇ لايىق كەلمەيدىغان

بولۇپ قالدى.72 دىۋىرلىك ئەپەندى «ئورتاق جەمىيەتنىڭ» كەلگۈسى تۈزۈمى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن دەپ ھېساپلىغان ئىشنى بىسمارك ھازىر ھەتتا بىر ئاددى قانۇن بىلەنلا ئورۇنلاپ قويىدى. — «قانۇنشۇناسلارنىڭ كەسپىنى ئىجرا قىلىشتا يېتەرلىك تەييارلىق قىلمىغانلىقىغا بولغان ئاغرىنىش»تا، «مەمۇرى ئەمەلدارلار»غىمۇ كېڭەيتىش مۇمكىن بولغان بۇنداق ئاغرىنىشتا، ئوخشاشلا، پرۇسسىيىگە خاس بولغان ئىپىرېمى ماتەم ناخشىسىنى ئېيتىدۇ؛ ھەتتا دىۋىرلىڭ ئەپەندىنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى بىرەر پۇرسەت بولسىلا ئاشكارىلاپ قويىدىغان، كۆلكىلىك دەرىجىدە كوپتۇرۇلگەن ئۇچمەنلىكى پرۇسسىيىگە خاس ئالامەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا، ئېلبا دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا خاس ئالامەت. بارلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلار ۋە خۇراپاتلارنى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مەنسىتمەيدىغان بۇ رىيالىلىق پەيلاسوپىنىڭ ئۆزى شەخسىنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ ئويلىرىغا شۇنچە چوڭقۇر غەرق بولۇپ كەتكەنكى، ئۇ ھەتتا يەھۇدىيلارغا قارشى ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپاتلىرىدا ئېيتىلىپ كەلگەن مىللى بىر تەرەپلىمە قاراشنى «تەبىي ئاساس» ئۈستىگە قۇرۇلغان «تەبىي ھوكۇم» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ھەتتا مۇنداق ئۇلۇق ھوكۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«سوتسىيالىزم — بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان يەھۇدى ئارىلاشمىسىغا ئىگە ئاھالە ھالىتىگە (يەھۇدى ئارىلاشمىسىغا ئىگە ھالەت! نېمە دېگەن تەبىي نېمىس تىلى!) قارشى تۇرالايدىغان بىردىن-بىر كۈچ.»

بەس. بۇنداق كەڭ قانۇنشۇناسلىق بىلىمى بىلەن ماختىنىش، ئەڭ كوپ بولغاندىمۇ، پەقەت كونا پرۇسسىيىنىڭ بىرەر ئەڭ ئاددى قانۇنشۇناسىنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى مەخسۇس بىلىمىنى ئاساس

قىلىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىلگىرى-ئاخىر ئىزچىل تۈردە بىزگە ئۆز خۇلاسىسىنى بايان قىلغان قانۇنشۇناسلىق ۋە سىياسەتشۇناسلىق ساھەسى پىرۇسسىيە باڭ قانۇنى يولغا قويۇلغان جايلار بىلەن ئۆزئارا «ياپسا» كېلىدۇ. ھازىر ھەتتا ئەنگلىيىدىمۇ ھەر بىر قانۇنشۇناسقا خېلى تونۇش بولغان رىم قانۇنىدىن تاشقىرى، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قانۇن بىلىمى بىردىن-بىرلا پەقەت پرۇسسىيە باڭ قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ مەرىپەتلىك، زوڭفالىق مۇستەبىت-لىك فادىيەن بىلەن چەكلىنىدۇ، بۇ فادىيەن شۇنداق نېمىس تىلى بىلەن يېزىلغانكى، گويا دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنىڭدىن ساۋات چىقىرىشقا باشلىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەخلاق جەھەتتىكى ئىزاھلارغا، قانۇن جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىققا ۋە تۇراقسىزلىققا ئىگە، تاياق-توقماقنى سوراقنىڭ ۋە جازانىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان بۇنداق فادىيەن تېخى تامامەن ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى، مەيلى ھازىرقى زامان فرانسىيە ھەق تەلەپ قانۇنى بولسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئۆزىگە خاس تەرەققىياتىغا ئىگە ۋە پۈتۈن قۇرۇقلۇققا مەلۇم بولمىغان، شەخس ئەركىنلىكىگە كاپالەت بەرگەن ئەنگلىيە قانۇنى بولسۇن، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنىدۇ. «پەقەت **ساختا كۆرۈنگەن** ھەرقانداق ئۈزۈك سىزىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئۆزگىرىش ياسايدىغان ھەرىكىتىدە تاشقى تەبىئەت ۋە ئىچكى تەبىئەتنىڭ بارلىق يېرى ۋە ئاسمىنىنى ئېچىپ بېرىدۇ»غان بۇنداق پەلسەپىنىڭ **ھەقىقىي** ئۈزۈك سىزىقى ئەنە شۇ كونا پىرۇسسىيىنىڭ شەرقىدىكى 6 ئۆلكىسىنىڭ[73] چېگرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كوپ بولغاندىمۇ يەنە ئالىجاناپ پىرۇسسىيە باڭ قانۇنى يولغا قويۇلغان

باشقا بىرنەچچە كىچىك جايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇ ئۇچۇق سىزىقنىڭ سىرتىدا، ئۇ يەرنىمۇ، ئاسماننىمۇ ئېچىپ بەرمەيدۇ، تاشقى تەبىئەتنىمۇ، ئىچكى تەبىئەتنىمۇ ئېچىپ بەرمەيدۇ، بەلكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا يۈزبەرگەن ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ئىنتايىن بىلىمسىزلىك مەنزىرىسىنىلا ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئەركىن ئىرادە، ئادەمنىڭ جاۋابكارلىقى، زورۇرىيەت بىلەن ئەركىنلىكنىڭ مۇناسىۋىتى دېيىلگەن مەسىلىلەردىن گەپ ئېچىلمايدىغان بولسا، ئەخلاق ۋە قانۇن مەسىلىسىنى ئوبدان مۇھاكىمە قىلغىلى بولمايدۇ. رېئاللىق پەلسەپىسىدە بۇ مەسىلىگىمۇ جاۋاب بار، بىرلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا ئىككى جاۋاب بار.

«ئەركىنلىك توغرىسىدىكى بارلىق ساختا تەلىماتلارنىڭ ئورنىغا تەجرىبە-لەرنى ئاساس قىلغان مۇنداق بىر مۇناسىۋەتلەر ئالاھىدىلىكى قويۇلۇشى كېرەككى، بۇنداق مۇناسىۋەتلەردە، بىر تەرەپتىن، ئەقلىگە مۇۋاپىق بىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئى ئىقتىدارلىرىدىن چىققان ھاياجانلىنىش — خۇددى بىر تەڭ تەسىر قىلغۇچى كۈچ بولۇپ بىرلىشىدۇ. بۇنداق دۈگلىشۈشنىڭ تۈپ پاكىتلىرى كۈزىتىشتىن ئېلىنىشى لازىم، بەلكى تېخى يۈزبەرمىگەن ئەھ-ۋاللارنى ئالدىن ئۆلچەش ئۈچۈن، خاراكتېر ۋە چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئومۇمى مولچەرلەشمۇ لازىم. شۇنداق قىلغاندا، كىشىلەر نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا چايناپ ۋە ھاپ ئېتىپ كەلگەن ئىچكى ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئاخمىقانە خام خىياللار ئۈزۈل-كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەلۇم ئىجابى، تۇرمۇشنىڭ ئەمىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا لايىق بولغان نەرسە قويۇلىدۇ.»

بۇنداق قاراش بويىچە، ئەركىنلىك مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئەقلىگە مۇۋاپىق بىلىش كىشىنى ئوڭغا تارتىدۇ، ئەقلىگە مۇۋاپىق بولمىغان ھاياجانلىنىش كىشىنى سولغا تارتىدۇ، بۇنداق كۈچلەرنىڭ

پاراللېل توت تەرەپلىگەندە ھەقىقىي ھەركەت دۈجياۋشيەن يونۇلۇشى بويىچە باردۇ. شۇڭا ئەركىنلىك بىلىش بىلەن ھاياجانلىنىش، ئىدرەك بىلەن ئىدرەكسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرىچە قىممەتتە بولىدۇ، ئەمدى ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق ئەركىنلىك-نىڭ دەرىجىسى، تيەنۋېنشۇي ئاتالغۇسى بويىچە ئېيتقاندا، تەجرىبىگە ئاساسەن «رېنچا»[74] بىلەن بەلگىلىنىدۇ. لېكىن بىرنەچچە بەتتىن كېيىن ديۇرىڭ ئەپەندى يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئەخلاق جەھەتتىكى جاۋابكارلىقنى ئەركىنلىك ئۈستىگە قۇرىمىز، لېكىن بۇنداق ئەركىنلىك، بىزچە، ئەسلىدىنلا بار بولغان ۋە كېيىن ھاسىل بولغان ئىدرەك بويىچە ئاڭلىق مۇددىئاغا قارىتا تەسىراتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق ھەممە مۇددىئا، ھەركەتتىكى مۇمكىن بولغان قارىمۇ-قارشىلىقلارنى قانداق سېزىشتىن قەتئىي نەزەر، ھامان مۇقەررەر تەبىي قانۇنىيەت بويىچە رول ئوينايدۇ؛ لېكىن، بىز ئەخلاق پىشاڭنى ئىشلەتكەن ۋاقتىمىزدا، دەل مۇشۇنداق مۇقەررەر مەجبۇرلاشنى مولچەرلىگەن بولىمىز.»

ئەركىنلىك توغرىسىدىكى بۇ ئىككىنچى تەبىر بىرىنچى تەبىرنى خالىغانچىلا كاچاتلايدۇ، بۇمۇ يەنە گېگېل ئىدىيىسىنىڭ ئىنتايىن چاكىنىلاشتۇرۇلۇشىدىنلا ئىبارەت. گېگېل ئەركىنلىك بىلەن زورۇرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىرىنچى بولۇپ توغرا بايان قىلدى. ئۇنىڭچە، ئەركىنلىك زورۇرىيەتنى بىلىشتىن ئىبارەت. «زورۇرىيەت پەقەت **ئۇ چۈشىنىۋېلىنمىغان چاغدىلا قارىغۇلۇق بولىدۇ.**①»[75] ئەركىنلىك تەبىي قانۇنىيەتلەردىن خىيالدا قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشتا ئەمەس، بەلكى بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش، شۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۈردە تەبىي قانۇنىيەتلەرنى مۇئەييەن

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا قادىر بولۇشتا. بۇ مەيلى تاشقى تەبىەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە نىسبەتەن بولسۇن، ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانى مەۋجۇدىيىتى ۋە روھىي مەۋجۇدىيىتىنى ئىدارە قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرگە نىسبەتەن بولسۇن ئوخشاش. بۇ ئىككى خىل قانۇنىيەتنى بىز ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىدىيىدىلا بىر بىرىدىن ئاجرىتالايمىز، رېياللىقتا بولسا بىر بىرىدىن ئاجرىتالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىرادە ئەركىنلىكى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ ياردىمى بىلەن قارار چىقىرىدىغان قابىلىيەتتىنلا ئىبارەت. دېمەك، ئادەمنىڭ مۇئەييەن مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكمى **قانچە ئەركىن بولسا،** بۇ ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى ئالغان **زورۇرىيەتمۇ** شۇنچە چوڭ بولىدۇ؛ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك بولسا بىلمەسلىكنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ گويا تۈرلۈك ۋە بىر بىرىگە زىت مۇمكىن بولغان نۇرغۇن قارارلار ئىچىدە خالىغانچە تاللاپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن دەل بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەركىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇ دەل ئۆزى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان دۇيشياڭ تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ئەركىنلىك تەبىەت دۇنياسىنىڭ زورۇرىيىتىنى بىلىشكە ئاساسەن ئۆزىمىزنى ۋە تاشقى تەبىەت دۇنياسىنى باشقۇرۇشتا؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇقەررەر ھالدا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ. ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئاجرىلىپ چىققان دەسلەپكى ئادەملەر بارلىق ماھىيەتلىك جەھەتتە ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئەركىنسىز بولغان؛ لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەر بىر ئىلگىرىلەش ئەركىنلىككە قاراپ تاشلانغان قەدەم بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جىشىپلىك ھەرىكەتنىڭ ئىسسىقلىققا ئايلىنىشى

يەنى سۇركەش بىلەن ئۇت ھاسىل قىلىش كەشىپ قىلىندى؛
ھازىرغىچە بولغان تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىسسىقلىقنىڭ
جىشىپلىك ھەركەتكە ئايلىنىشى يەنى پار ماشىنىسى كەشىپ قىلىندى.
پار ماشىنىسى ئىجتىمائى ساھەدە غايەت زور ئازات قىلىش خاراك-
تىرلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ — بۇ ئۆزگىرىش
تېخى يېرىم - ياتىمۇ ئورۇنلانمىدى، — لېكىن، قىلچە شۇبھىسىزكى،
دۇنياۋى ئازات قىلىش رولىدىن ئېيتقاندا، سۇركەش بىلەن ئۇت
ھاسىل قىلىش يەنىلا پار ماشىنىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى
سۇركەش بىلەن ئۇت ھاسىل قىلىش بىرىنچى قېتىم ئادەملەرنى
بىر خىل تەبىەت كۈچىنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى،
شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا ئادەملەرنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن
ئاجراتتى. پار ماشىنىسى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا بۇنداق غايەت
زور سەكرەشنى مەڭگۈ پەيدا قىلالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ، بىزنىڭ
قارىشىمىزچە، پار ماشىنىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىگە باغلانغان بارلىق
غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرىدۇ،
مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدىلا شۇنداق
بىر ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولىدۇكى،
بۇنداق تۈزۈمدە ئەمدى يەنە ھېچقانداق سىنىپىي پەرق بولمايدۇ،
يەنە شەخسى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق غەم
بولمايدۇ، بۇنداق تۈزۈمدە بىرىنچى قېتىم ھەقىقى ئادەم ئەركىن-
لىكىدىن سوز ئېچىش، بىلىۋېلىنغان تەبىى قانۇنىيەتلەر بىلەن
ماسلاشقان تۇرمۇشتىن سوز ئېچىش مۇمكىن بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈن
ئىنسانىيەت تارىخى تېخى تولىمۇ ياش، بىزنىڭ ھازىرقى نۇقتىنە-
ئەزەرلىرىمىزنى مەلۇم مۇتلەق ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ تۇرۇۋېلىش

تولىمۇ كۆلكىلىك بولىدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى ئاددى پاكىتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: ھازىرغىچە ئۆتكەن پۈتۈن تارىخنى جىشىپلىك ھەركەتنىڭ ئىسسىقلىقتا ئايلىنىشى ئەمەلىيەتتە كەشپ قىلىنغاندىن تارتىپ ئىسسىقلىقنىڭ جىشىپلىك ھەركەتكە ئايلىنىشى كەشپ قىلىنغانغىچە بولغان مۇشۇنداق بىر دەۋرنىڭ تارىخى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

تەبىكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى تارىختا باشقىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، تارىخ يېڭىلىشىش، بىلىمسىزلىك ۋە ياۋايىلىق، زورلۇق كۈچ ۋە قۇل قىلىش تارىخى بولۇش سۈپىتىدە، رىياللىق پەلسەپىسى يامان كۆرىدىغان دۇيشياڭ ھېساپلىنىدۇ، لېكىن تەپسىلى ئېيتقاندا، تارىخ ئىككى چوڭ باسقۇچقا بولۇنىدۇ: (1) ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتىدىن فرانسىيە ئىنقىلاۋىغىچە، (2) فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىن دىيۇرىڭ ئەپەندىگىچە؛ بۇ يەردە،

19 ـ ئەسىر «ماھىيەتتە يەنىلا ئەكسىيەتچىل، روھىي جەھەتتە ئۇ ھەتتا 18 ـ ئەسىرگە قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق (!)». شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىزىم تورەلمەكتە، شۇنىڭ بىلەن «فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ پېشۋالىرى ۋە قەھرىمانلىرى ئويلاپ چىقارغانغا (!) قارىغاندا تېخىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بىخلىرى» تورەلمەكتە.

رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ ھازىرغىچە ئۆتكەن تارىخقا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىشى تۆۋەندىكى پىكرىنى ۋەج قىلىدۇ:

«ئەگەر كەلگۈسىدىكى مىڭ يىللار قاتارىنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، ئىپتىدائى خاتىرىلەر ئارقىلىق تارىخىي ئەسلىمە قىلىنغان ئازغىنا بىرنەچچە مىڭ يىل ۋە ھازىرغىچە ئۆتكەن ئىنسانىيەت ھالىتى ھېچقانچە ئەھمىيەتكە

ئىگە ئەمەس...... ئىنسانىيەت، بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئېيتقاندا، تېخى ناھايىتى ياش، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىلمىي ئەسلىملەر مىڭ يىللار بىلەن ئەمەس، ئون مىڭ يىللار بىلەن ھېساپلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ تۈزۈمىمىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلمىگەن گودەك ھالىتى ئۇ چاغدا ئەڭ قەدىمقى زامان دەپ قارىلىدىغان بىزنىڭ زامانىمىز ئۈچۈن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولىدىغان ئالدىنقى شەرت بولۇپ قالىدۇ.»

بىز ئاخىرقى جۈملىنىڭ ھەقىقى «تەبىي تىل شەكلى» ئۈستىدە سىنچىلاپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت تۆۋەندىكى ئىككىلا نۇقتىنى كورسىتىپ ئۆتىمىز: بىرىنچىدىن، بۇ «ئەڭ قەدىمقى زامان» ھەممە ئەھۋالدا كەلگۈسىدىكى بارلىق ئەۋلاتلار ئۈچۈن، بەرىبىر ئەڭ قىزىقارلىق تارىخىي دەۋر بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ كېيىنكى تېخىمۇ يۇقۇرى پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئاجرىلىپ چىقىشىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ ھەمدە كەلگۈسىدىكى بىرلەشكەن كىشىلەر مەڭگۇ قايتا دۇچكەلمەيدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ ئەڭ قەدىمقى زامان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كەلگۈسىدىكى، ئەمدى بۇ قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلار توسقۇن بولالمايدىغان تارىخىي مەزگىل مىسلى كورۈلمىگەن ئىلمىي، تېخنىكىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا، بىزنىڭ ئىنتايىن «قالاق» ۋە «ئارقىغا چېكىنگەن» ئەسىرىمىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلمىگەن گودەك ھالىتى ئاساسىدا كەشپ قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتنى، ئۆزگەرمەي-دىغان ھەقىقەتنى ۋە تۈپ خاراكتېرلىق ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىپ،

كەلگۈسىدىكى نەچچە مىڭ يىلغا ئۇرنەك يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئەڭ قەدىمقى زاماننىڭ ئاخىرىنى مۇۋاپىق پەيت قىلىپ تاللاش ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئىنتايىن غەلىتە ئىش بولاتتى. كىشىلەر پەلسەپىدىكى رىخارد ۋاگنېر بولغاندىلا (لېكىن ۋاگنېرنىڭكىدەك قابىلىيىتى بولمىغاندا)، ئاندىن كورمەسلىكى مۇمكىن: ھازىرغىچە ئۆتكەن تارىخ تەرەققىياتىغا قارىتا بۇنداق ھەممە مەڭگۈلۈك ئوخشاشلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاتالمىش ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەنى ئاتالمىش رىياللىق پەلسەپىسىگە ناھايىتى باپ كېلىدۇ.

يېڭى، تۈپ خاراكتېرلىق پەننىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسىملىرىنىڭ بىرى — تۇرمۇشنىڭ شەخسلىششى ۋە تۇرمۇش قىممىتىنىڭ ئۆسۈشى بايان قىلىنىدىغان قىسمى. بۇ يەردە مۇقەددەس يارلىقچە ئادەتتىكى پاراڭلار خۇددى توسقىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك تۈپ-توغرا 3 باپتا شاقىراپ ئاقىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز بىرنەچچە قىسقىغىنا مىسالنىلا كەلتۈرۈش بىلەن چەكلىنىمىز.

«بارلىق تۈيغۇلارنىڭ شۇ سەۋەپتىنمۇ بارلىق جۇگۇەن تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ماھىيىتى ئەھۋالنىڭ پەرقلىقلىقىنى ئاساس قىلىدۇ...... لېكىن تولۇق (!) تۇرمۇش ئۈچۈن، ھەتتا توغرىدىن-توغرا (!) ئىسپاتلاش مۇمكىنكى، داۋاملىق ئۆزگەرمەيدىغان ھال ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش ھالىتىدىن يەنە بىر خىل تۇرمۇش ھالىتىگە ئۆتۈش ئارقىلىقلا تۇرمۇش تۈيغۇسى ئاندىن ئۆسىدۇ، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك تەسىر ئاندىن راۋاجلىنىدۇ...... ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىكتەك بولغان، ئېيتايلى، ئىزچىل ئۆزگەرمەيدىغان قاشاڭ ھالەتتە تۇرىدىغان ۋە گويا ئوخشاش بىر تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرىدىغان ئەھۋال، ئۇنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسا بولسۇن، مەۋجۇدىيەتنى تەستىقلاشتا ھېچقانچە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس...... ئادەت ۋە ئېيتايلى، مەلۇم

ھال بىلەن تونۇشۇش بۇنداق ھالنى تامامەن مەلۇم سۇس ھەم جىمجىت، ئۆلۈك ھالەتتىن ئالاھىدە پەرق قىلمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەڭ كوپ بولغاندىمۇ يەنە تېتىقسىز ئازاپ قوشۇلۇپ، سەلبىي تۇرمۇش ھاياجانى بولۇپ تۇرىدۇ...... قېتىپ قالغان تۇرمۇشتا، شەخس ۋە خەلق ئۈچۈن، مەۋجۇدىيەتكە بولغان بارلىق قىزغىنلىق ۋە بارلىق ھەۋەس يوقىلىدۇ. لېكىن بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ پەرق قانۇنىيىتىمىزدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.»

دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئۆزىگە خاس خۇلاسىلەرنى قانداق سۈرئەت بىلەن ئورۇنلىشىنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئوخشاش بىر نېرۋىغا بولغان ئۇزاق داۋام قىلغان تەسىر ياكى ئوخشاش بىر تەسىرنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشى ھەرقانداق نېرۋىنى ۋە ھەرقانداق نېرۋا شىتوكىنى ھاردۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نورمال ئەھۋالدا نېرۋىغا بولغان تەسىرلەر ئۈزۈلۈپ تۇرۇشى ۋە ئالمىشىشى لازىم=بۇنى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ھەرقانداق شېكىلىشۇي قوللانمىسىدا ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز، بەلكى ھەرقانداق چاكىنا ئادەم ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن بىلىدۇ. دېۋرىڭ ئەپەندى بۇ ئادەتتىكى پاراگىلارنى يېقىندىلا رىياللىق پەلسەپىسى تىلىغا تەرجىمە قىلىۋالدى، بۇنداق كونا مۇقاملارنى يېقىندىلا «بارلىق تۇيغۇلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ماھىيىتى ئەھۋالنىڭ پەرقلىنىشىنى ئاساس قىلىدۇ» دېگەن سىرلىق شەكىلگە كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق كونا مۇقاملار «**بىزنىڭ** پەرق قانۇنىيىتىمىز»گە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پەرق قانۇنىيىتى پۈتۈن بىر قاتار ھادىسىلەرنى «تامامەن چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان» قىلىپ قويىدى، بۇ ھادىسىلەر بولسا ئالمىشىشنىڭ خۇشاللىغىنىڭ

ئىزاھى ۋە مىسالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار ھەتتا ئەڭ ئاددى چاكىنا ئادەمنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى ئۇچۇنمۇ ئىزاھلاش پۈتۈنلەي ھاجەتسىز، بەلكى ئاتالمىش پەرق قانۇنىيىتىنىڭ بايان قىلىنىشى ئارقىسىدا قىلچە ئېنىق بولۇپ قالمايدۇ.

لېكىن «**بىزنىڭ** پەرق قانۇنىيىتىمىز»نىڭ تۇپ خاراكتېرى تېخى بۇ يەردىلا ئەمەس:

«ياشنىڭ ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مەيدانىغا كېلىشى بىزنىڭ پەرق پرىنسىپلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈش ئۇچۇن بىزنى ناھايىتى روشەن مىسال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بوۋاقلار، بالىلار، ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان مۇقىم ھالەتتىن ئىگە بولغان ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تۈيغۇسىنىڭ كۈچى توغرىسىدىكى چۈشىنىشى بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈش مەزگىلىدە ئىگە بولغىنىدىن ئاز بولىدۇ.»

بۇ تېخى كۈپايە قىلمايدۇ:

«ئەگەر مۇنۇ پاكىتنى — تەستىقلانغان ياكى قىلىنغان ئىشنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى نەزەرگە ئالساق، بىزنىڭ پەرق قانۇنىيىتىمىز تېخىمۇ كەڭ تەتبىق قىلىنىشى مۇمكىن.»

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھېلىقىدەك چوڭقۇر ۋە تۇپ خاراكتېرلىق جۈملىلەرنى چىنقىش نۇقتىسى قىلغان مۇقەددەس يارلىقچە جۈيلۈشلەرنى ئەمدى كىتاپخانلار ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە، ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ كىتاۋىنىڭ ئاخىرىدا كورەڭلىگەن ھالدا ئېلان قىلسا بولۇۋېرىدۇ:

«پەرق قانۇنىيىتى ئەينى ۋاقىتتا نەزەرىيە جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە تۇرمۇش قىممىتىنى باھالاش ۋە ئۇستۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ!»

دىيۇرلىك ئەپەندىنىڭ ئۆز كىتاپخانىلىرىنىڭ روھىي قىممىتىگە بەرگەن باھاسىمۇ مۇنداق: ئۇ جەزمەن كىتاپخانىلارنى ساپ ئېشەكلەر ياكى چاكىنا ئادەملەر دەپ ھېساپلايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز تۆۋەندىكى ئىنتايىن ئەمەلىي تۇرمۇش مىزانىغا ئىگە بولىمىز:

«ئومۇمى تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنىڭ كېلىپ تۇرۇشىنى ساقلاشنىڭ ۋاستىسى (چاكىنا ئادەملەرگە ۋە چاكىنا ئادەم بولغۇسى كەلگەن ئادەملەرگىمۇ لايىق ۋەزىپە ئىكەن!) پۈتۈننى تەشكىل قىلىدىغان ئايرىم، ئېيتايلى، تۆپ ھەۋەسنى تەبىئەتنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى بويىچە راۋاجلىنىش ياكى ئۆزئارا ئالمىشىشقا ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. ئوخشاش ئەھۋالغا قارىتا، ھەۋەسنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بوشلۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا يۇقۇرىراق بولغان ۋە ئۇنۇمى ئۇزاقراق داۋام قىلىدىغان ئويغىنىشلاردىن پايدىلىنىپ، تۆۋەنرەك ۋە ئاسانراق قانائەتلىنىدىغان تەسىرلەرنىڭ ئورنىنى پەيدىن-پەي ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەبىي پەيدا بولىدىغان ياكى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ نورمال بېرىشىدا پەيدا بولىدىغان جىددىيلىكنى خالىغان ئۇسۇللار بىلەن جۇغلاشتىن ۋە مەجبۇرى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، ياكى ئۇ سەل-پەل ئويغىنىش ھاسىل قىلغاندا قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك، چۈنكى بۇ قارىمۇ-قارشى يونۇلۇشنىڭ بۇرمىلىنىشى بولىدۇ، شۇنىڭدەك راھەتلىنىشكە قابىلىيەتلىك ئارزۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. تەبىي رىتىمنى ساقلاش بۇ يەردىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش تەكشى ۋە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ھەركەتنىڭ ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىغا: مەلۇم ھالەت پەيدا قىلغان تەسىرنى تەبىئەت ياكى موھىت ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بەرگەن زامانىنىڭ سىرتىغا كېڭەيتىشكە ئىنتىلىشتەك ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ۋەزىپىلەرنىمۇ قويۇۋالماسلىق لازىم» ۋە باشقىلار.

ئەگەر بىرەر يۈۋاش ئادەم ئەڭ ئېتىقسىز كونا مۇقاملار بىلەن دانالىق قىلىدىغان قىرائەتخان ئىشلەپ چىققان چاكىنا ئادەمگە خاس بۇنداق تەنتەنىلىك مۇقەددەس يارلىقنى ئۆزىنىڭ «تۇرمۇشنى چۈشىنىش»تىكى مىزانى قىلىدىغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە «ھەۋەسنى پۈتتۈنلەي يوقاتقان بوشلۇقلار»دىن ئاغرىنمايتتى. ئۇ ھەممە ۋاقىتنى راھەتتە مۇنتىزىم تەييارلىق كورۇشكە ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ھەتتا راھەتلىنىشكە قىلچە ئەركىن ۋاقتى قالمايتتى.

بىز تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىز، تولۇق تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىز لازىم. دېيۈرىڭ ئەپەندىلا بىزنى ئىككى ئىشتىن مەنئى قىلىدۇ:

بىرىنچىدىن، «تاماكا چېكىش پەيدا قىلىدىغان پاسكىنىچىلىق»، ئىككىنچىدىن، «ئادەم يىرگىنىدىغان ياكى نازۇكراق ھېسلار چەتكە قاقىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە» ئىچىملىكلەر ۋە يېمەكلىكلەر.

لېكىن دېيۈرىڭ ئەپەندى «ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى»دا ھاراق زاۋۇدىنى شۇنچە ئەلۋەتتە ماختايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاراقنى بۇنداق ئىچىملىك دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس؛ شۇڭا، بىز: ئۇنىڭ تەقىپ قىلىش بۇيرۇغى ئۈزۈم ھارىغى ۋە پىۋە بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۇ ئەمدى گوشنى مەنئى قىلىدىغانلا بولسا، رىياللىق پەلسەپىسىنى گۇستاۋ سترۇۋى ئوتكەندە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەتكۈزگەن يۇكسەكلىككە يەنى ساپ بالىلار ئويۇنى يۇكسەكلىگىگە كوتىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرگە دېيۈرىڭ ئەپەندى سەل كەڭ قوللۇق قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر شورى قۇرىغان بىچارە

بىر مەھەل رۇمكىغا قاتتىق بېرىلگەن، شۇنىڭ ئارقىسىدا ھەركەتتىن جىمجىتلىقتا ئوتتۇشنىڭ كوۋرۇگىنى بىكاردىن - بىكار ئىزلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئوتتۇشنىڭ كوۋرۇگىنى تېخىچە تاپالماي يۈرگەنلىكىنى ئوزى ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە بىلەن باھا بېرىشىگە جەزمەن ھەممە ۋەجى بار.

## 12. بيەنجېڭفا. سان ۋە سۈپەت

«مەۋجۇدىيەتنىڭ توپ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بىرىنچى قائىدە بەلكى ئەڭ موھىم قائىدە زىددىيەتنى ئىستىسنا قىلىشتىن ئىبارەت. زىددىيەتلىك نەرسە بىر فەنچۇ، بۇ فەنچۇ رىياللىقتا ئەمەس، بەلكى پەقەت پىكىرلەر قوشۇلمىسىغىلا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. شەيئىلەردە ھېچقانداق زىددىيەت يوق، ياكى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقى پەيدا بولغان زىددىيەت ھەتتا بىيىلىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىسى بولىدۇ...... قارىمۇ-قارشى يونىلىشتىن بىر بىرىگە قارشى بولغان كۈچلەرنىڭ دۈيكاڭلىقى ھەتتا دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەۋجۇتلۇغىدىكى بارلىق پائالىيەتنىڭ توپ شەكلى بولىدۇ. لېكىن، ئامىللار ۋە يەكىكىلىكلەر كۈچىنىڭ يونىلىشلىرىدىكى بۇنداق قارشىلىق زىددىيەتلەر بىمەنىلىكى ئىدىيىسىگە ئۈيغۇنلىشىشتىن ناھايىتى يىراق تۇرىدۇ...... بۇ يەردە بىزنىڭ قانائەت ھېس قىلالايدىغىنىمىز شۇكى، ئادەتتە ئاتالمىش لوگىكىلىق سىرلىقلىقتىن كوتىرىلىدىغان تۇمان ھەقىقى زىددىيەتنىڭ چىن بىمەنىلىكىنىڭ روشەن مەنزىرىسى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلىدى؛ ھەرقايسى جايدا زىددىيەت بيەنجېڭفاسىدىن ئىبارەت بۇ بۇتقا — دۈيكاڭلىق دۇنيا ئەندىزىچىلىكى ئورنىغا قويۇلغان ۋە ئىنتايىن قوپال ياسالغان بۇتقا — شاڭ كويدۇرۇپ چوقۇنۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.»

«پەلسەپە كۇرسى»دا بيەنجىڭفا توغرىسىدا ئېيتىلغانلارنىڭ بارى تەخمىنەن شۇ. لېكىن «پىپەنلىك تارىخ»تا زىددىيەت بيەنجىڭفاسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كېكىل تامامەن باشقىچە مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

«كېكىلنىڭ لوگىكا ئىلمى بويىچە، ياكى، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، لوگوس تەلىماتى بويىچە، زىددىيەتلىك لەرسە ھەرگىز ئۆز تەبىتى بويىچە پەقەت جۇگۇەن ۋە ئاڭلىق دەپ قارىلىدىغان تەپەككۇردا مەۋجۇت بولمايدۇ، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ۋە جەريانلارنىڭ ئۆزىدە كېگۇەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ، بەلكى، ئېيتايلى، كەۋدىدە كورۇنىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بېيلى ئەمدى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان پىكىرلەر قوشۇلمىسى بولۇشتىن قالىدۇ، بەلكى بىر خىل ئەمىلىي كۈچ بولىدۇ. بىمەنە نەرسىنىڭ رىياللىغى كېكىلنىڭ لوگىكا بىلەن غەيرى لوگىكىنىڭ بىرلىگى توغرىسىدىكى بىرىنچى ئەزا ئەقىدىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ..... قانچە زىددىيەتلىك بولسا، شۇنچە ھەقىقى بولىدۇ، ياكى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قانچە بىمەنە بولسا، شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ، يېڭىدىن كەشپ قىلىنمىغان بەلكى ۋەھى ئىلاھىيىتىدىن ۋە شېنمىجۇيىدىن كوچۇرۇۋېلىنغان بۇنداق ئەقلىيە سۆزلەر — بيەنجىڭلىق پىرىنسىپ دېيىلگەن نەمىنىڭ قىپ-يالىڭاچ ئىپادىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.»

يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئابزاس سۆزنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بىر قائىدىگە يىغىش مۇمكىن: زىددىيەت ≒ بېيلى، شۇڭا ئۇنىڭ رىيال دۇنيادا كورۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس، باشقا جەھەتتە خېلىلا ئاددى ساۋاتقا ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن، بۇ قائىدىمۇ، ئېھتىمال، تۈزىنىڭ ئەگرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەگرىنىڭ تۈز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دىگەن قائىدىگە ئوخشاش ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق. لېكىن ۋېيفېنشۈي ئاددى ساۋاتنىڭ ھەممە

ئېتىرازىغا قارىماي، تۈز سىزىق بىلەن ئەگرى سىزىقنى مەلۇم شەرت ئاستىدا بىر بىرىگە تەڭ قىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن، تۈز سىزىق بىلەن ئەگرى سىزىقنىڭ تەڭ دەرىجىلىك بولۇشى بېيىلى بولىدۇ، دەپ تۇرىۋالىدىغان ئاددى ساۋات مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. زىددىيەت بىيەنجىڭفاسى دىگەن نەرسە قەدىمقى گىرېكلەردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان پەلسەپىدە زور رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا دىيۇرىڭ ئەپەندىدىمۇ قاتتىق قارشى تۇرغۇچىلارمۇ، زىددىيەت بىيەنجىڭفاسىغا قارشى تۇرغان چاغدا، پەقەت نوقۇل ھوكۇملەر ۋە نۇرغۇن تىل-ھاقارەتلەرگە يولەنمەي، بەلكى باشقا دەلىللەرنى قويۇشى لازىم ئىدى.

بىز شەيئىلەرنى جىمجىت ھەم جانسىز، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، بىر بىرى بىلەن قاتار تۇرىدۇ، ياكى بىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا، شەيئىلەردە ھەقىقەتەن ھېچقانداق زىددىيەت ئۇچراتمايمىز. بىز بۇ يەردە مەلۇم ئالاھىدىلىكلەرنى كورىمىز، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئورتاق بولىدۇ، بىر قىسمى بىر بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ، ھەتتا بىر بىرىگە زىت بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرگە تارالغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھېچقانداق زىددىيەت بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كۆزىتىش دائىرىسى بىلەن چەكلىنىدىغان بولساق، ئادەتتىكى شىڭئېرشاڭشۇيلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللانساقلا بولىدۇ. لېكىن بىز شەيئىلەرنى ئۇلارنىڭ ھەركىتى، ئۆزگىرىشى، ھاياتى ۋە ئۆزئارا تەسىرى جەھەتلىرىدىن كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. بۇ يەردە بىز شۇ زاماتلا زىددىيەتكە كىرىپ قالىمىز.

ھەركەتـنىڭ ئۆزى زىـددىـيەت؛ ھەتـتا ئاددى جىشىپـلىك جاي ئالماشتۇرۇش پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەمەلگە ئاشالايدۇكى، جىسىم ئوخشاش بىر دەقىقىدە ھەم بىر جايدا بولىدۇ، ھەم باشقا بىر جايدا بولىدۇ، ھەم ئوخشاش بىر جايدا بولىدۇ، ھەم ئوخشاش بىر جايدا بولـمايدۇ. زىـددىيەتنىڭ بۇنداق داۋاملىق توغۇلۇپ تۇرۇشى ۋە بىر ۋاقىتتا ھەل قىلىنىپ تۇرۇشى ــ دەل ھەركەتنىڭ ئۆزى.

دىــمەك، بۇ يەردە بىزنىڭ كورىدىــغىنىمىز «شەيئىــلەرنىڭ ۋە جەريانـلارنىڭ ئۆزىدە كېگۈەن ھالـدا مەۋجۇت بولــدۇ، بەلكى، ئېيتايـلى، گەۋدىــدە كورۇنىدۇ»غان زىددىــيەت. لېكىن دېۈرىڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە نىمە دەيدۇ؟ ئۇ مۇنداق دەپ ھوكۇم قىلىدۇ:

قانداقلا بولمىــسۇن، ھازىرغىــچە «ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان لىشۇبىدە قاتتىق جىمجىتلىقتىن ھەركەتكە ئۆتىدىغان كوۋرۇك يوق».

ئەمدى كىتاپخانلار دېۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن بۇ سوزىــنىڭ كەينىدە زادى نىمــنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى ئاخىر كوردى، بۇ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مۇنۇلار: شىكئىرشاگ-شۇبىلىك تەپەككۇر ئىدرىكى جىمجىت ئىدىيىدىن ھەركەت ئىدىيىسىگە مۇتـلەق ئوتەلمەيدۇ، چۈنكى يۇقۇرىدا ئېيتىلـغان زىددىيەت بۇ يەردە ئۇنىڭ يولـىنى توسىــدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەركەت تامامەن چۈشىنىكسىز بولىدۇ، چۈنكى ھەركەت ــ زىددىيەت. ۋاھالەنكى، ئۇ ھەركەت چۈشىنىكسىز بولىدۇ دەپ ھوكۇم قىلىــپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپـلىق قىلىپ، بۇنـداق زىددىيەتـنىڭ مەۋجۇتـلۇغىــنى ئېتىراپ قىلىــدۇ، دىــمەك، شەيئىــلەرنىڭ ۋە جەريانلارنىڭ ئۆزىدە كېگۈەن ھالدا مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل زىددىيەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بەلكى بۇنىڭ بىر خىل ئەمىلىي كۈچ

ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئاددى جىسىملىك جاي ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزىدە زىددىيەت بار ئىكەن، ئۇ ھالدا، ماددىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى ھەركەت شەكلىدە بولۇپمۇ ئورگانىك ھاياتتا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا زىددىيەت تېخىمۇ بار. بىز يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇقكى[1]، ھايات، ئالدى بىلەن، دەل جانلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەر بىر دەقىقىدە ئۆزى ۋە شۇنىڭ بىلەن يەنە باشقا بىر نەرسە بولۇشىدا. شۇڭا، ھاياتمۇ جىسىملارنىڭ ۋە جەريانلارنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئۆز ئۆزىدىن تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆز ئۆزىدىن ھەل بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەت؛ زىددىيەت توختاش بىلەن ھاياتمۇ توختايدۇ، ئۆلۈم يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆرۈپ ئۆتتۇقكى[2]، تەپەككۇر ساھەسىدىمۇ زىددىيەتتىن خالى بولالمايمىز، مەسىلەن، ئادەمنىڭ چەكلەنمىگەن ئىچكى بىلىش قابىلىيىتى بىلەن بۇنداق بىلىش قابىلىيىتىنىڭ پەقەت تاشقى جەھەتتىن چەكلەنگەن بەلكى بىلىش جەھەتتىنمۇ چەكلەنگەن ئايرىم ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەمەلىي مەۋجۇتلۇغى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھېچ بولمىغاندا بىز ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چەكسىز بولغان ۋە ئۈزلۈكسىز بولغان ئەۋلاتلاردا ھەل قىلىنىپ تۇرىدۇ، چەكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ھەركىتىدە ھەل قىلىنىپ تۇرىدۇ.

بىز ئالى ماتېماتىكىنىڭ ئاساسىي نېگىزلىرىدىن بىرى مۇنداق بىر زىددىيەتتىن — مۇئەييەن شەرت ئاستىدا تۈز سىزىق بىلەن ئەگرى

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 150 - بېتىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

② مۇشۇ كىتاپنىڭ 63 - ۋە 156 — 161 - بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

سىزىق بىر نەرسە بولۇشى كېرەك دېگەن زىددىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئوتتۇق. ئالى شۇشۇېدە باشقا بىر زىددىيەتمۇ بار: بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا بىر بىرىنى كېسىپ ئوتىدىغان سىزىقلار كىسىشىش نۇقتىسىدىن 5 ـ 6 سانتىمېتىر چەتلىگەندىلا، پاراللىل سىزىقلار، چەكسىز داۋام قىلدۇرغاندىمۇ بىر بىرىنى كېسىپ ئوتەلمەيدىغان سىزىقلار دەپ ھېساپلىنىشى لازىم. لېكىن، ئالى شۇشۇي مۇشۇ زىددىيەتلەردىن ۋە باشقا تېخىمۇ ئوتكۇر زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ توغرا مۇۋەپپەقىيەتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى باشلانغۇچ شۇشۇي تامامەن ئېرىشەلمەيدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگىمۇ ئېرىشىدۇ.

لېكىن باشلانغۇچ شۇشۇېدىمۇ زىددىيەتلەر تولۇپ ياتىدۇ. مەسىلەن، A نىڭ يىلتىزى A نىڭ دەرىجىسى بولۇشى لازىم، مانا بۇ زىددىيەت دېمەكتۇر، بىراق بەرىبىر $A^{\frac{1}{2}}=\sqrt{A}$ بولىدۇ. مىنۇس سان مەلۇم ساننىڭ پىڭفاڭى بولۇشى لازىم، بۇمۇ زىددىيەت، چۇنكى ھەرقانداق مىنۇس ساننى ئوز ئوزىگە كوپەيتكەندە پىلوس پىڭفاڭ كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئوچۇن، 1 ـ نىڭ پىڭفاڭ يىلتىزى زىددىيەتلا بولۇپ قالماي، بەلكى ھەتتا بىمەنە زىددىيەت، ھەقىقى بىيلى بولىدۇ. بىراق $\sqrt{-1}$ كوپ ھاللاردا ھامان توغرا شۇشۇېلىك ھېساپلاشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولىدۇ؛ بۇلا ئەمەس، ئەگەر $\sqrt{-1}$ بىلەن ھېساپلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، شۇشۇي، مەيلى باشلانغۇچ شۇشۇي ياكى ئالى شۇشۇي بولسۇن، قانداق قىلاتتى؟

شۇشۇېنىڭ ئوزى ئوزگىرىدىغان سانلارنى تەتقىق قىلغانلىقىدىن بىيەنجىڭفا ساھەسىگە كىرىدۇ، بەلكى ناھايىتى روشەنكى، دەل

بىيەنجىڭلىق پەيلاسوپ دېكارت شۇشۇبىنى مۇشۇنداق تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى. بىيەنجىڭلىق تەپەككۇرنىڭ شىڭئىرشاڭشۇبىلىك تەپەككۇرغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىدىغان سانلار شۇشۇبىسىنىڭ تۇراقلىق سانلار شۇشۇبىسىگە بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ زور كوپ ساندىكى شۇشۇبىشۇناسلارنىڭ پەقەت شۇشۇي ساھەسىدىلا بىيەنجىڭفانى ئېتىراپ قىلىشىغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىيەنجىڭلىق يول بىلەن ئېرىشىلگەن ئۇسۇللارنى تامامەن كونا، چەكلىمىلىككە ئىگە شىڭئىرشاڭشۇبىلىك ئۇسۇل بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوللىنىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كۈچلەر دۈيكاڭلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دۈيكاڭلىق دۇنيا ئەندىزىچىلىكىنى تەپسىلىرەك تەھلىل قىلىش پەقەت ئۇ مۇشۇ مەسىلىدە بىزگە يالغۇز **قۇرۇق گەپ** ساتماي، بەلكى بىزنى باشقا بىرەر نەرسە بىلەن تەمىنلىگەندىلا مۇمكىن بولاتتى. لېكىن ئۇ بىر دەم قۇرۇق گەپ ساتقاندىن كېيىن، مەيلى دۇنيا ئەندىزىچىلىكىدە بولسۇن، ياكى تەبىئەت پەلسەپىسىدە بولسۇن، بۇنداق دۈيكاڭلىقنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىنى بىزگە بىر قېتىممۇ كۆرسەتمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تولىمۇ ئوبدان ئىقرار قىلىدۇكى، ديۇرىڭ ئەپەندى بۇنداق «دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى بارلىق پائالىيەتنىڭ تۈپ شەكلى» بىلەن زادىلا ھېچقانداق ئېنىق نەرسە چىقىرالمايدۇ. گېگېلنىڭ «ماھىيەت نەزەرىيىسى» ئەمەلىيەتتە زىددىيەتلەر ئىچىدە ئەمەس، بەلكى قارىمۇ-قارشى يۆنۈلۈشتە ھەركەت قىلىدىغان كۈچلەر توغرىسىدىكى كونا مۇقاملار دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا، ھەققەتەن ئەڭ ياخشىسى بۇ

ئادەتتىكى پاراگىنى قانداق بولسمۇ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن ئەسىرى ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بىەنجېگفاغا قارشى ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن يېڭى بانا بولدى.

«تەبىي ۋە چۈشىنىشلىك لوگىكىنىڭ كەملىگى، بۇنىڭ ئۆزى بىەنجېگفانىڭ گادىرماش گىرەلەشتۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئەرەپ پەدىسىدىكى نەقشىنىڭ خۇسۇسىيىتى..... كىشلەر مەۋجۇت قىسمىغا مۇنداق پىرىنسىپنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ: مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەتتا پۇتۇنلەي (!) ھەممىگە مەلۇم پەلسەپۋى بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئاساسەن، بارچىنى ھەر بىر نەرسىدىن تېپىش مۇمكىن، ھەر بىر نەرسىنى بولسا بارچىدىن تېپىش مۇمكىن؛ بۇنداق گادىرماش ھەم خاتا ئىدىيە بويىچە، ئاخىر بېرىپ بارچىنىڭ ھەممىسى بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.»

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ھەممىگە مەلۇم پەلسەپۋى بىر تەرەپلىمە قاراشنى بۇنىداق چۈشىنىشى يەنە ئۇنىڭ ماركسنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق پەلسەپۋى قائىدىلىرىنىڭ «ئاخىرى» نىمە بولىدىغانلىغىنى، دىمەك «كاپىتال»نىڭ كېيىنكى توملىرىنىڭ مەزمۇنى نىمە بولىدىغانلىغىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئالدىن ئېيتالىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇۋەندىكى باياناتىدىن كېيىن توپ ـ توغرا 7 قۇر ئۆتۈپ ئېيتىلىدۇ، بۇ بايانات مۇنداق:

«لېكىن ئىنسان تىلى ۋە نېمىس تىلى بىلەن ئېيتقاندا، (كېيىنكى) 76 ئىككى تومدا زادى يەنە نىملەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىنىشى كېرەكلىگىنى ھەقىقەتەن بايقىغىلى بولمايدۇ.»

ئۇنىڭدىن باشقا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىزگە ئۇلارنىڭ «كېگۈەن ھالدا مەۋجۇت بولغان، بەلكى، ئېيتايلى،

گەۋدىدە كورۈنىدىغان زىددىيەتلىك نەرسىلەردىن ئىبارەت
«شەيئىلەر»گە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كورسىتىشى بىرىنچى قېتىم
بولۇۋاتمايدۇ. بىراق بۇ ئۇنىڭ كورەڭلەپ داۋاملىق سوزلەۋېرد-
شىگە قىلچە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ:

«لېكىن ساغلام لوگىكا ئوزى ئۇچۇن سىزىلغان ھەجۋى رەسىمنى
يېگىپ چىقىدۇ دەپ ئۇمىت كۇتۇشكە بولىدۇ...... ھاكاۋۇرلۇق
ۋە بيەنجېڭفالىق سىرلىق چەرچىن ماللار تەنزىسى تېخى سەل-پەل نورمال
ھوكۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانىداق كىشىنى بۇنىداق قاملاشمىغان
پىكىرلەر ۋە ئۇسلۇبلار...... بىلەن ئالاقە باغلاشقا ھەرگىز ئېزىقتۇرالمايدۇ.
بيەنجېڭفالىق ئاخمىقانە قاراشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنىڭ يوقىلىشىغا
ئەگىشىپ، بۇنداق ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىمۇ...... ئوزىنىڭ ئالدامچىلىق
تەسىرىنى يوقىتىدۇ، گادىرماش شەيئىلەرنىڭ تازىلانغان خېشىنى ئادەتتىكى
پارلاق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ كوپ بولغاندا چاكىنا نەزىرىيە
خۇسۇسىيىتىنى ئاشكارىلىغان جايغا بېرىپ، مەلۇم چوڭقۇر ئەقىل-پاراسەت
تېپىش يولىدا ئوز ئوزىگە باش ئاغرىغى تېپىشنى ئەمدى ھېچكىممۇ لازىم
دەپ ھېساپلىمايدۇ...... ساغلام لوگىكىغا تىل تەككۇزمەي تۇرۇپ، لوگوس
تەلىماتىنىڭ مىزانى بويىچە (ماركسچە) گىرەلەشتۇرۇشنى قايتىدىن ئىشلەش-
نىڭ ئىمكانىيىتى تامامەن يوق.» ماركسنىڭ ئۇسۇلى «ئوزىنىڭ مۇرىتلىرى
ئۇچۇن بيەنجېڭفالىق موجىزىلەر يارىتىپ بېرىش»تە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

بىز بۇ يەردە تېخى ماركسنىڭ تەتقىقاتىدىكى ئىقتىساتشۇ-
ناسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ توغرىلىقى ياكى توغرا ئەمەسلىكى
مەسىلىسىنى زادىلا مۇھاكىمە قىلمايمىز، پەقەت ماركس قوللانغان
بيەنجېڭلىق ئۇسۇل توغرىسىدىلا توختىلىمىز. لېكىن شۇنىسى
شۇبھىسىز ئېنىق: «كاپىتال»نى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كوپچىلىكى
ئوزلىرىنىڭ نىمە ئوقۇغانلىقىنى تېخى ئەمدىلا ديۇرىڭ ئەپەندى

ئارقىلىق بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ بار، ئۇ 1867 ـ يىلى («قوشۇمچە ماتېرىياللار»، 3 ـ توپلام، 3 ـ سان) دا بۇ كىتاپنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مۇتەپەككۇر ئۈچۈن بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىشلىيەلىگەن ئىدى[77]، ئۇ دەسلەپتە ماركسنىڭ بايانلىرىنى دېيۇرىڭنىڭ نەرسىسى قىلىپ تەرجىمە قىلىۋېلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى، ئەمدى بولسا ئۇ بۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. گەرچە ئۇ شۇ چاغدا خاتالىق ئوتكۇزۇپ، ماركس بىيەنجىڭفاسىنى گېگېل بىيەنجىڭفاسى بىلەن تەڭلەشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا ئۇسۇل بىلەن ئۇسۇل ئارقىلىق ئىگە بولغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى پەرقلەندۇرۇش قابىلىيىتىنى تېخى تولۇق يوقىتىپ قويمىغان ئىدى، ئۇ تېخى: ئۇسۇلنى تومتاقلا قارىلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ رەت قىلىۋەتكەنلىك بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ: ماركسنىڭ نۇقتىسىنەزىرىچە، «ئاخىر بېرىپ بارچىنىڭ ھەممىسى بىر نەرسە» دەپ ئېلان قىلىشى كىشىنى تازا ھەيران قالدۇرىدۇ؛ شۇ تەرىقىدە بولغاندا، ماركس ئۈچۈن، مەسىلەن، كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار، فېودالىلىق، كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى «ھەممىسى بىر نەرسە»، ئاخىردا ھەتتا ماركس بىلەن دېيۇرىڭ ئەپەندىمۇ «ھەممىسى بىر نەرسە» بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئاددىي ئاخماقلىقنىڭ قانداقلارچە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ: يالغۇز «بىيەنجىڭفا» دىگەن سوزنىڭ ئۆزىلا دېيۇرىڭ ئەپەندىنى شۇنداق

بىر خىل نېرۋىسى بۇزۇلغان ۋە مەسئۇل بولۇشقا قادىر بولالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرىدۇكى، ئۇنىڭ ئۇچۇن، مەلۇم خاتا ۋە گادىرماش ئىدىيىلەر ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئېيتقىنى ۋە ئىشلىگىنى نىمە بولسا بولسۇن، ئاخىر بېرىپ «ھەممىسى بىر نەرسە» بولۇپ چىقىدۇ.

بۇ يەردە بىز دىيۇرىڭ ئەپەندى

«مېنىڭ ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانىنامەم» دەپ ئاتايدىغان ياكى «ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتايدىغان نەرسىنىڭ نۇسخىسىنى كورىمىز، «بۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى تۇر ۋە تېپىنى نەزەرگە ئالىدۇ ھەممە يۇم ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى يانچۇقچىلار دەپ ئاتىغان نەرسىلەرگە ئۇششاق-چۈششەك تەرەپتىن پاش قىلىش ئارقىلىق تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تامامەن قوشۇلمايدۇ؛ پەقەت بۇنداق يۇكسەك ھەم ئالىجاناپ ئۇسلۇپقا ئىگە ئۇسۇللا تولۇق ھەقىقەت مەنپەئەتى بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن قۇتۇلغان جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۇستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ.»

بۇنداق ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانىنامە ۋە بۇنداق تۇر ۋە تېپىنى نەزەرگە ئالغان ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۇچۇن ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپلىك، چۈنكى بۇنداقتا ئۇ بارلىق ئېنىق پاكىتلارنى ئۇششاق-چۈششەك تەرەپ دەپ قاراپ ئېتىۋارسىزلىق بىلەن ئوتكۇزۇۋېتىدۇ، ئۇلارنى نولگە باراۋەر قىلىپ قويىدۇ ۋە ھېچنىمىنى ئىسپاتلىمايدۇ، بەلكى ئادەتتىكى قۇرۇق سوزلەر بىلەنلا ھوكۇم چىقىرىدۇ ۋە ئاددىلا سوكىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق تارىخىي بايانىنامىنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇ قارشى تەرەپكە ھېچقانداق ئەمەلىي ئورۇن بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنى جاۋاپ بېرەلىگۇدەك ھەرقانداق

باشقا بىر ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇنىڭغا، پەقەت ئوخشاشلا ئۇلۇق ئۇسلۇپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھوكۇم چىقىرىش، ئادەتتىكى قۇرۇق گەپلەرنىلا يورغىلىتىش ھەمدە ئاخىردا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىمۇ سوكۇش، قىسقىسى، خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ سېلىشلا قالىدۇ، بىراق بۇ ھەركىمنىڭ دىتىغا يېقىشۋەرمەيدۇ. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىگە رەخمەت ئېيتىشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇ يۇكسەك ھەم ئالىجاناپ ئۇسلۇپىنى ئادەتتىن تاشقىرى ھالدا تاشلاپ قويۇپ، بىزگە ئاز دىگەندە ماركسنىڭ لوگوس توغرىسىدىكى كەچۈرۈپ بولمايدىغان تەلىماتىغا دائىر ئىككى مىسالنى كەلتۈرىدۇ.

«مەسىلەن، گېگېلنىڭ سانىنىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى توغرىسىدىكى بۇ گادىرماش مۇجمەل ئىدىيىسى نەقىل كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاۋانسى بېرىلگەن پۇل مۇئەييەن چەككە يەتكەندە پەقەت بۇنداق سانىنىڭ كوپىيىشى ئارقىسىدىلا كاپىتالغا ئايلىنىدۇ، — بۇ نىمە دىگەن كۇلكىلىك بولۇپ چىققان!»

بۇ پىكىر دىيۇرىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن «تازىلانغان» بۇنداق بايانىدا ھەقىقەتەن خېلى غەلىتە بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسنىڭ ئەسلى ئەسىرىدە قانداق دىيىلگەنلىگىنى كورۇپ باقايلى. 313 ـ بەتتە («كاپىتال»نىڭ 2 ـ نەشرى) ماركس ئۇزگەرمەيدىغان كاپىتال بىلەن ئۇزگىرىدىغان كاپىتال توغرىسىدىكى ۋە قوشۇمچە قىممەت توغرىسىدىكى ئالدىدىكى تەتقىقاتىدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: «ھەرقانداق پۇل سوممىسى ياكى قىممەت سوممىسى كاپىتالغا ئايلىنىۋەرمەيدۇ، ئەكسىچە، بۇنداق ئايلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — پۇل ئىگىسىنىڭ ياكى شاكىرت ئىگىسىنىڭ

قولىدا مۇئەييەن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى پۇل ياكى ئالماشتۇرۇش
قىممىتىنىڭ بولىدىغانلىقى.»① ئۇ مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:
مەلۇم بىر ئەمگەك تارمىقىدا ئىشچى ئۆزى ئۈچۈن يەنى ئۆزىنىڭ
ئىش ھەققى قىممىتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈنىگە 8 سائەت
ئىشلەيدۇ، قالغان 4 سائەتتە بولسا كاپىتالىست ئۈچۈن، بىۋاستە
كاپىتالىستىنىڭ يانچۇقىغا كىرىدىغان قوشۇمچە قىممەتنى
ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلايلى. بۇنداق
بولغاندا، بىرەر ئادەم ئۆز ئىشچىلىرىنىڭ بىرىگە ئوخشاش تۇرمۇش
كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بەرگۈدەك قوشۇمچە قىممەتنى ھەر كۈنى
يانچۇقىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ 2 ئىشچىنى خام
ئەشيا، ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ۋە ئىش ھەققى بىلەن تەمىنلىيەلىگۈدەك
قىممەت سوممىسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. ۋاھالەنكى، كاپىتالىستىك
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى يالغۇز تۇرمۇشنى قامداشلا ئەمەس،
بەلكى بايلىقنى كۆپەيتىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ 2 ئىشچىغا
ئىگە ھېلىقى ئادىمىمىز ھەر ھالدا كاپىتالىست ئەمەس. شۇڭا، ئۇ
ئۆزىنىڭ تۇرمۇشنى ئادەتتىكى ئىشچىنىڭكىدىن بىر ھەسسە ياخشى
قىلىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىلغان قوشۇمچە قىممەتنىڭ يېرىمىنى يەنە
كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ 8 ئىشچىنى ياللاش ئىقتىدارىغا
ئىگە بولۇشى يەنى يۇقىرىدىكى قىممەت سوممىسىدىن 4 ھەسسە
ئارتۇق قىممەت سوممىسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ئىزاھاتلار-
دىن كېيىنلا ماركس: «بۇ يەردىمۇ، تەبىي پەندىكىگە ئوخشاش،

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 9-باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

گېگېل ئوزىنىڭ "لوگىكا ئىلمى"دا كەشپ قىلغان تۇۋەندىكى قانۇنىيەتنىڭ توغرىلىغى يەنى ساپ سان ئوزگىرىشلىرى مۇئەييەن نۇقتىغا يەتكەندە سۇپەت پەرقلىرىگە ئايلىنىدىغانلىغى **ئىسپاتلىنىدۇ**[①]»[②] دەپ كورسىتىدۇ. شۇنىڭدەك تۇۋەندىكى پاكىتنى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا شەرهلەيدۇ ۋە دەلىللەيدۇ: هەرقانداق ئازغىنا قىممەت سوممىسى كاپىتالغا ئايلىنىشقا كۇپايە قىلىۋەرمەيدۇ، بەلكى هەر بىر تەرەققىيات دەۋرى ۋە هەر بىر سانائەت تارمىغىنىڭ بۇ ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوزىنىڭ مۇئەييەن ئەڭ تۇۋەن چېكى بولىدۇ.

ئەمدى هەممەيلەن يۇكسەك هەم ئالىجاناپ ئۇسلۇپتىن زوقلانسۇن، ديۇرىڭ ئەپەندى مۇشۇ ئۇسلۇپ ئارقىلىق ماركسنىڭ ئەمىلىيەتتە ئېيتقىنىنىڭ ئەكسىچە بولغان سوزنى ماركسقا تاڭىدۇ. ماركس: پەقەت قىممەت سوممىسى گەرچە شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىغىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن هەر بىر ئايرىم هالدا مۇئەييەن ئەڭ تۇۋەن چەكتە بولغان مىقتارغا يەتكەندىلا كاپىتالغا ئايلىنالايدۇ — بۇ پاكىت گېگېل قانۇنىيىتىنىڭ **توغرىلىغىنىڭ ئىسپاتى**، دەيدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى بولسا ماركسنى مۇنداق دىگۈزمەكچى بولىدۇ: گېگېل قانۇنىيىتى بويىچە، سان سۇپەتكە ئايلىنىدىغان **بولغاچقا**، «**شۇ سەۋەپتىن** ئاۋانسى بېرىلگەن پۇل مۇئەييەن چەككە يەتكەندە......كاپىتالغا ئايلىنىدۇ». بۇنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسى ئىكەنلىگى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 9 ـ باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

«تولۇق ھەقىقەت مەنپەئەتى» ۋە «كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىدىن قۇتۇلغان جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۇستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەر»نى دەپ، خاتا نەقىل كەلتۈرۈش ئادىتى بىلەن بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دارۋىن تەلىماتى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىدا تونۇشۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇنداق ئادەت ئۇزىنىڭ رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ ئىچكى زورۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى بەلكى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن «ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى» ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى ئېنىق كورسىتىۋاتىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماركس ھەرقانداق «ئاۋانسى»نى دەيدۇ، دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۇستىدە سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە پەقەت خام ئەشياغا، ئەمگەك ۋاستىلىرىگە ۋە ئىش ھەققىغە سەرپ قىلىنغان ئاۋانسى كوزدە تۇتۇلىدۇ؛ دىيۇرىڭ ئەپەندى بولسا ئەنە شۇنداق قىلىپ ماركسقا ساپ بىمەنە گەپلەرنى قىلغۇزماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە يۇزىنى داپتەك قىلىپ ئوزى توقۇپ چىققان بىمەنە گەپلەرنى **كۈلكىلىك** دەپ ئاتايدۇ! ئۇ خىيالىي دارۋىننى ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوز كۈچىنى تەستىقلىماقچى بولغان ئىدى، بۇ يەردىمۇ ئۇ ئوخشاشلا خىيالىي ماركسنى ياساپ چىقتى. راستلا «تولۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانىنامە» ئىكەن!

يۇقۇرىدا دۇنيا ئەندىزىچىلىكى توغرىسىدا توختالغاندا كورۇپ ئوتتۇقكى①، كېيىلىنىڭ ئولچەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىغى—بۇ يەردە سان ئوزگىرىشىنىڭ مۇئەييەن نۇقتىسىدا بىردىنلا سۈپەت ئوزگىرىشى بولىدىغانلىقى،—ئارقىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندى

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 78-بېتىگە قاراڭ.— تەرجىماندىن

كىچىككىنە بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ: ئۇ ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتكەن پەيتتە ئۆلچەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىغىنى ئۆزى ئىبتراپ قىلىدۇ ۋە قوللىنىدۇ. بىز ئۇ يەردە ئىنتايىن داڭلىق بىر مىسالنى ــ سۇنىڭ توپلىنىش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش مىسالىنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، سۇ نورمال بېسىم ئاستىدا، سېلسىيە نول گرادۇستا سۇيۇق ھالەتتىن قاتتىق ھالەتكە ئايلىنىدۇ، سېلسىيە يۈز گرادۇستا سۇيۇق ھالەتتىن گاز ھالەتكە ئايلىنىدۇ، دېمەك، بۇ ئىككى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا ھارارەتنىڭ ساپ سان ئۆزگىرىشى بىلەنلا سۇ ھالىتىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدۇ.

بىز يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىن ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن بۇنداق پاكىتلاردىن نەچچە يۈزنى كەلتۈرۈپ بۇ قانۇنىيەتنى ئىسپاتلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، ماركس «كاپىتال»نىڭ پۈتۈن تۆتىنچى قىسمىدا ــ «نىسبى قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى»دا ھەمكارلىق، ئىش تەقسىماتى ۋە ئىشخانا قول سانائىتى، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يىرىك سانائەت ساھەلىرىدىن سان ئۆزگىرىشىنىڭ شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭمۇ شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ سانىنى ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدا سانسىز ئەھۋالنى ئېيتىدۇ، دېمەك، بۇ ئەھۋاللار، ديۈرىڭ ئەپەندى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سانىنىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشىدىن، سۈپەتنىڭ سانغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت. مىسال ئۈچۈن، مۇنداق پاكىتنى ئالايلى: نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىقى، نۇرغۇن كۈچلەرنىڭ قوشۇلۇپ بىر ئومۇمى كۈچ بولۇشى، ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «يېڭى كۈچ» ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق كۈچنىڭ ئۆزىنى ھاسىل قىلغان ئايرىم-

ئايرىم كۆچلەر ئومۇمى يىغىندىسىدىن ماھىيەتلىك پەرقى بار[1].

ئۇنىڭدىن باشقا، دىيۇرىڭ ئەپەندى تولۇق ھەقىقەت مەنپەئەتىنى دەپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن دەل ئەشۇ جايدا ماركس يەنە تۆۋەندىكىچە ئىزاھ بېرىدۇ: «ھازىرقى زامان خۇاشۇيىسىدە تەتبىق قىلىنىدىغان، ئەڭ بۇرۇن لوران ۋە ژىرار ئىلمىي يوسۇندا شەرھلىگەن مولىكۇلا نەزىرىيىسى دەل مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىدۇ.»[2] بىراق بۇنىڭ دىيۇرىڭ ئەپەندى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇ بەربىر مۇنۇلارنى بىلىدۇ:

«دەل يېڭىرىم پەن ۋە مەلۇم چالا پەلسەپىۋى قائىدىلەر بىلىمىدان قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش يارامسىز قورال - ياراق قوراشتۇرۇپ چىققان جايدا، مەسىلەن، ماركس ئەپەندىدە ۋە ئۇنىڭ مۇخالىپى لاسساللدا تەبىي پەنلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئېسىل ھازىرقى زامان تەربىيىسى ئامىلى كەم»،

لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندىدە «لىشۇي، ۋۇلىشۇي ۋە خۇاشۇيىدىكى ئېنىق چۈشىنىشنىڭ ئاساسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى» ۋە باشقىلار ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىز كورۇپ ئۆتتۇق. لېكىن باشقىلارمۇ ھوكۇم قىلالىسۇن ئۈچۈن، بىز ماركسنىڭ ئىزاھىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارنى يەنىمۇ تەپسىلىرەك كوزدىن كەچۈرمەكچىمىز.

بۇ يەردە گەپ كاربون بىرىكمىسىنىڭ ئوخشاشلىق قاتارى

---

[1] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 11 - باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

[2] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 9 - باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

توغرىسىدا بارىدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ھەممىگە مەلۇم، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دەيشۇلۇق تەركىپ فورمۇلىسى بار. ئەگەر بىز، خۇاشۇبدىكى ئومۇمى قائىدە بويىچە، كاربون ئاتومىنى C بىلەن، ھىدروگېن ئاتومىنى H بىلەن، ئوكسىگېن ئاتومىنى O بىلەن، ھەر بىر بىرىكمىدە بولغان كاربون ئاتوملىرىنىڭ سانىنى n بىلەن كورسەتسەك، ئۇ ھالدا، بىز بۇ قاتارلاردىكى مەلۇم بىرنەچچە قاتارنىڭ مولىكۇلا فورمۇلىسىنى تۇۋەندىكىچە كورستەلەيمىز:

$C_nH_{2n+2}$ —— نورمال پارافىنلار قاتارى

$C_nH_{2n+2}O$ —— بىرلەمچى ئىسپىرتلار قاتارى

$C_nH_{2n}O_2$ —— بىر ئاساسلىق مايلىق كىسلاتالار قاتارى

ئەگەر بىز ئاخىرقى بىر قاتارنى مىسالغا ئالىدىغان ھەم تەرتىپ بويىچە $n=1, n=2, n=3$ ۋاھاكازا دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، تۇۋەندىكى نەتىجىگە كېلىمىز (ئىزومېرلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا):

$CH_2O_2$ —— a كىسلاتا —— قايناش نۇقتىسى 100°، ئېرىش نۇقتىسى 1°

$C_2H_4O_2$ —— b كىسلاتا —— قايناش نۇقتىسى 118°، ئېرىش نۇقتىسى 17°

$C_3H_6O_2$ —— c كىسلاتا —— قايناش نۇقتىسى 140°، ئېرىش نۇقتىسى ——

$C_4H_8O_2$ —— d كىسلاتا —— قايناش نۇقتىسى 162°، ئېرىش نۇقتىسى ——

$C_5H_{10}O_2$ —— e كىسلاتا —— قايناش نۇقتىسى 175°، ئېرىش نۇقتىسى ——

ۋاھاكازالار، تا $C_{80}H_{60}O_2$ مېلىسىن كىسلاتاسىغىچە، بۇ 80° تا ئاندىن ئېرىيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە پەقەت قايناش نۇقتىسى يوق، چۇنكى ئۇ پارچىلانماي تۇرۇپ، ھەرگىز پارغا ئايلىنالمايدۇ.

دىمەك، بۇ يەردە بىز ئېلىمىنتلارنىڭ نوقۇل سان جەھەتتىن كوپىيىشى ئارقىسىدا — يەنە كېلىپ ھەمىشە ئوخشاش نىسبەت

بويىچە ــ ھاسىل بولىدىغان سۈپەت جەھەتتىن ئوخشمايدىغان بىر قاتار جىسملارنى كورىمىز. بۇ ھال بىرىكمىنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرى ئوخشاش نىسبەتتە ئۆز سانىنى ئوزگەرتىدىغان جايدا ئەڭ ساپ ھالدا كورۈنىدۇ، مەسىلەن، نورمال پارافىنلار ــ $C_nH_{2n+2}$ ئىچىدە: ئەڭ تۆۋىنى مېتان ــ $CH_4$ گاز بولىدۇ؛ مەلۇم بولغانلىرىدىن ئەڭ يۇقۇرىسى 16 كاربونلۇق ئالكان ــ $C_{16}H_{34}$ رەڭسىز كرىستاللار ھاسىل قىلىدىغان قاتتىق جىسىم بولۇپ، °21 تا ئېرىيدۇ، °278 تا ئاندىن قاينايدۇ. ھەر ئىككى قاتاردا ھەر بىر يېڭى ئەزا $CH_2$ يەنى بىر كاربون ئاتومى ۋە ئىككى ھىدروگېن ئاتومىنى ئالدىنقى ئەزانىڭ مولېكۇلا فورمۇلىسىغا قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، مولېكۇلا فورمۇلىسىدىكى بۇنداق سان ئوزگىرىشى ھەر قېتىم سۈپەت جەھەتتە ئوخشاش بولمايدىغان جىسمنى ھاسىل قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

لېكىن، بۇ بىرنەچچە قاتار پەقەت ئالاھىدە كورۈنەرلىك مىساللاردىنلا ئىبارەت؛ خىمىيىدە ھەرقانداق جايدا دېگۈدەك، مەسىلەن، نىتروگېننىڭ تۆرلۈك ئوكسىدلىرىدا، فوسفور ياكى گۈڭگۈرتنىڭ تۆرلۈك ئوكسىگېنلىك كىسلاتالىرىدا «سانىنىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى»نى، كېيىنكىلەرنىڭ بۇ ئاتالمىش گادىرماش مۇجمەل ئىدىيىسى شەيئىلەردە ۋە جەريانلاردا، ئېيتايلى، گەۋدىدە كورۈنىدىغانلىقىنى كورىمىز، بۇنىڭدىن تاشقىرى، دىيۇرىڭ ئەپەندىدىن باشقا، ھېچكىممۇ گادىرماشلىق ۋە مۇجمەللىك ھېس قىلمايدۇ. ماركس بىرىنچى بولۇپ كىشىلەرنى بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا ئۈندىگەن ئىكەن، دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ كورسەتمىنى ئوقۇغان، ھەتتا ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمىگەن ئىكەن (بولمىسا ئۇ بۇنداق

مسلى كورۇلمىگەن جىنايەتنى جەزمەن بۇنداق جازاسىز ئۇتكۇزۇ-
ۋەتمەيتتى)، بۇنىڭ ئۆزى: زادى كىمدە «تەبىي پەنلىك تەپەككۇر
ئۇسۇلىنىڭ ئېسىل ھازىرقى زامان تەربىيىسى ئاملى» كەم
ئىكەنلىكىنى، ماركستا ياكى ديۇرىڭ ئەپەندىدە ئىكەنلىكىنى،
كىمنىڭ «خۇاشۇبدىكى......ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى»نى بىلمەي-
دىغانلىغىنى كىشىلەرگە ھەتتا ديۇرىڭنىڭ مەشھۇر تەبىەت
پەلسەپىسىگە قارىماي تۇرۇپمۇ تولۇق ئېنىقلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى
بېرىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرىدىغان ۋاقتىمىزدا بىز سانىنىڭ سۇپەتكە ئايلىنىشىغا
يەنە بىر گۇۋاچى تاپماقچىمىز، ئۇ بولسىمۇ ناپولېون. ناپولېون ئات
مىنىشكە ئۇستا بولمىغان لېكىن ئىنتىزاملىق فرانسىيە ئاتلىق
ئەسكەرلىرى بىلەن شۇ چاغدا يەككىمۇ-يەككە ئېلىشىشقا شۇبھىسىز
ماھىر بولغان لېكىن ئىنتىزامسىز ئاتلىق ئەسكەرلەر — مامېليۇك
ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«2 مامېليۇك ئەسكەر 3 فرانسىيە ئەسكىرىنى مۇتلەق يېڭىپ چىقىدۇ، 100 فرانسىيە ئەسكىرى 100 مامېليۇك ئەسكەرگە تەڭ كېلىدۇ، 300 فرانسىيە ئەسكىرى كوپىنچە 300 مامېليۇك ئەسكەر ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، مىڭ فرانسىيە ئەسكىرى بولسا بىر مىڭ 500 مامېليۇك ئەسكەرنى ھامان مەغلۇپ قىلىدۇ.»78

خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، ئالمىشىش قىممىتى سوممىسىنى
كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن، گەرچە ئۇزگىرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن
مۇئەييەن ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئالمىشىش قىممىتى سوممىسى بولۇشى
لازىم، شۇنداقلا، ناپولېوننىڭ نەزىرىدە، زىچ دۇي شەكلى ۋە
پىلانلىق ھەركەتتە مەۋجۇت بولغان ئىنتىزامنىڭ كۇچىنى كورستىش

ئۈچۈن ۋە بۇنداق كۈچنى ھەتتا ئاتلىرى بىر قەدەر ياخشى، ئات مىنىشكە ھەم قىلىچۋازلىق قىلىشقا بىر قەدەر ئۇستا، باتۇرلۇقتا ھېچ بولمىغاندا ئوخشاش بولغان ۋە ئادەم سانى كۆپرەك بولغان غەيرى مۇنتىزىم ئاتلىق ئەسكەرلەرنى بېسىپ چۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مۇئەييەن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر سانى بولۇشى لازىم بولىدۇ. لېكىن بۇ دېۋىرلىك ئەپەندىگە نىمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ ناپولېون ياۋروپا بىلەن بولغان كۈرەشتە تېرە - پېرەڭ بولمىغانمىدى؟ ئۇ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغانمىدى؟ نىمە ئۈچۈن؟ پەقەت ئۇ گېگېلنىڭ گادىرماش مۇجمەل ئىدىيىسىنى ئاتلىق ئەسكەرلەر جەنشۇسىغا تەتبىق قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا!

## 13. بىيەنجېڭفا. ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش

«بۇ تارىخىي ئومۇمىي بايان (ئەنگلىيىدە ئىپتىدائىي كاپىتالنىڭ جۇغلانمىسى دەپ ئاتالغان جۇغلانمىنىڭ پەيدا بولۇشى) ماركسنىڭ كىتاۋىدا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى يېرى ھېساپلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىلىم قولتۇق تايىقىدىن تاشقىرى بىيەنجېڭفا قولتۇق تايىقىغا تايانمىغان بولسا، بەلكىم تېخىمۇ ياخشىراق بولاتتى. ياخشىراق ۋە روشەنرەك ئۇسۇللار كەم بولغانلىقتىن، گېگېلنىڭ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشى بۇ يەردە كىندىكئانىلىق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، كەلگۈسى ئۆتمۈشنىڭ ئىچىدىن تۇغۇلىدۇ. 16 - ئەسىردىن بۇيان يۇقۇرىدىكى ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان شەخسى مۈلۈكچىلىكنىڭ يوقىلىشى بىرىنچى ئىنكار قىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغىنى ئىككىنچى ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن "شەخسى

مۇلۇكچىلىك"نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دەپ ئاتىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭ ئۆزى يەرگە ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرىگە ئومۇمى ئىگىدارلىق قىلىشنى ئاساس قىلغان يۇقۇرى شەكىل بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق يېڭى "شەخسى مۇلۇكچىلىك" ماركس ئەپەندىدە ئەينى ۋاقىتتا "ئومۇمى مۇلۇكچىلىك" دەپمۇ ئاتالغان ئىكەن، بۇ يەردە دەل گېگېلنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى بىرلىكى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق بىرلىكتە زىددىيەت ئىلغىنىدۇ، بۇنداق سوز ئويۇنى بويىچە، ھەم تۈگىتىلىدۇ، ھەم ساقلاپ قېلىنىدۇ...... شۇنداق قىلىپ، مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش تارىخىي رىياللىقنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى ماددى شارائىتىدىكى گويا ئۆز ئۆزىدىن بولغان مەھسۇلى بولىدۇ...... بىرەر چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت گېگېلنىڭ بۇنداق يورغىلاتما گېپىنىڭ ئىناۋىتى بىلەنلا يەر ۋە كاپىتالنىڭ ئومۇمىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ھەقىقى ئىشىنىشى ناتايىن...... ئەمىلىيەتتە، ماركس ئىدىيىسىنىڭ تۇتۇق شالغۇتلۇغى گېگېل بىيەنجېڭفاسىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي قائىدىدىن نەمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولىدىغانلىغىنى ياكى تۈزۈكرەك قىلىپ ئېيتقاندا جەزمەن سەپسەتە كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدىغانلىغىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرمايدۇ. بۇ نەيرەڭ بىلەن تونۇش بولمىغان كىشىلەرگە ئېنىق كورسىتىش كېرەككى، گېگېلدا بىرىنچى ئىنكار قىلىش دىنىي ئەقىدىلەر سوئال-جاۋاۋىدىكى تۇنجى گۇنا ئۇقۇمىنى بېرىدۇ، ئىككىنچى ئىنكار قىلىش بولسا گۇنادىن ساقىت بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغان تېخىمۇ يۇقۇرى بىرلىك ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. بۇنداق دىنىي ساھەدىن كوچۈرۈۋېلىنغان بىمەنە ئوخشىتىش، ئەلۋەتتە، پاكىتلارنىڭ لوگىكىلىق ئاساسى بولالمايدۇ...... ماركس ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھەم شەخسى، ھەم ئومۇمى مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت تۇتۇق دۇنياسى بىلەن تېچلىنىدۇ-دە، بۇ چوڭقۇر بىيەنجېڭفالىق تېپىشماقنى مۇرىتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تېپىشىغا قالدۇرىدۇ.»

ديۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق دەيدۇ.

قىسقىسى، ماركس گېگېلنىڭ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشقا

تايانماي تۇرۇپ، ئىجتىمائى ئىنقىلاپىنىڭ مۇقەررەرلىگىنى، يەرگە بولغان ئومۇمى مۇلۇكچىلىك ۋە ئەمگەك ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمى مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىتىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىگىنى ئىسپاتلىيالمايدىكەن؛ ئۇ دىندىن كوچۇرۇۋېلىنغان بۇنداق بىمەنە ئوخشىتىشقا ئاساسەن ئوزىنىڭ سوتسىيالىستىك نەزىرىيىسىنى ئىجات قىلىغاندا: كەلگۇسىدىكى جەمىيەتتە ھەم شەخسى، ھەم ئومۇمى مۇلۇكچىلىك يەنى گېگېلنىڭ ئىلغانغان زىددىيىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى بىرلىكى ھوكۇمران ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىدىكەن.

بىز ئالدى بىلەن ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنى بىر چەتتە قويۇپ تۇرۇپ، «ھەم شەخسى، ھەم ئومۇمى مۇلۇكچىلىك»كە قاراپ باقايلى. ديۇرىڭ ئەپەندى بۇنى «تۇتۇق دۇنيا» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇ بۇ يەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە راستلا توغرا ئېيتىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ «تۇتۇق دۇنيا»دا ماركس ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئوزى تۇرىدۇ. ئۇ يۇقۇرىدا گېگېلنىڭ «يوقلاڭ خىياللارغا بېرىلىش» ئۇسۇلىنى پىششىق بىلگەنلىگى ئارقىسىدا، ھېچبىر كوچ سەرپ قىلمايلا «كاپىتال»نىڭ تېخى پۇتمىگەن بىرنەچچە تومىنىڭ جەزمەن نىملەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدىغانلىغىنى ئېنىقلىيالايدۇ، شۇنداقلا ئۇ بۇ يەردىمۇ ھېچقانچە كوچ سەرپ قىلماي ماركسنى گېگېل بويىچە توزىتىپ، ماركس بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالمىغان قانداقتۇ مۇلۇكچىلىك-نىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى بىرلىگىنى ماركسقا تاڭىدۇ.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ — ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش. بۇنداق ئىنكار قىلىش شەخسى مۇلۇكچىلىكنى يېڭىۋاشتىن ئورنىتىدۇ،

لېكىن بۇ كاپىتالىزىم دەۋرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنى ئەركىن ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ يەرگە بولغان ۋە ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئورتاق ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان، تارقاق بولغان شەخسى خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۇلۇكچىلىككە ئايلاندۇرۇش ئەمىلىيەتتە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى ئومۇمى مۇلۇكچىلىككە ئايلاندۇرۇشقا قارىغاندا، تەبىئىكى، كۆپ ئۇزاق، كۆپ مۇشەققەتلىك، كۆپ قىيىن بىر جەريان بولىدۇ.»[79] ھەممىسى مانا شۇ. كورۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەھرۇم قىلغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش بىلەن ئورنىتىلغان ھالەت يەرگە بولغان ۋە ئەمگەكنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمى مۇلۇكچىلىكنى **ئاساس قىلغان** شەخسى مۇلۇكچىلىكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دەپ ئاتىلىدۇ. نېمىس تىلىنى بىلىدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۈچۈن، بۇ، ئومۇمى مۇلۇكچىلىك يەرنى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەخسى مۇلۇكچىلىك مەھسۇلاتلارنى يەنى ئىستىمال بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دىگەن سوز. بۇنى ھەتتا 6 ياشتىكى بالىمۇ چۈشىنەلىسۇن دەپ، ماركس 56 ـ بەتتە «ئومۇم ئىگىدارلىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان ھەم ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن شەخسى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىجتىمائى ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشقا سالىدىغان ئەركىن كىشىلەر بىرلەشمىسى»نى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، يەنى سوتسىيالىزىم پىرىنسىپلىرى بويىچە ئۇيۇشقان بىرلەشمىنى

تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ھەمدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىرلەشمىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى جەمىيەتنىڭ مەھسۇلاتى بولىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى يېڭىۋاشتىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى قىلىنىدۇ. **بۇ قىسمى بۇرۇنقىدەكلا جەمىيەتنىڭ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ**[1]. يەنە بىر قىسمى بولسا تۇرمۇش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە بىرلەشمىنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. **شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قىسمى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ**[1].»[2] بۇ سۆزلەر ھەتتا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ گېگىللاشقان كاللىسى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە روشەن بولسا كېرەك.

ھەم شەخسى، ھەم ئومۇمى مۈلۈكچىلىك دېگەن بۇ چىگىش شالغۇت، گېگىل بىيەنجىڭفاسىدىن جەزمەن چىقىرىلىدىغان بۇنداق سەپسەتە، بۇ تۇتۇق دۇنيا، ماركس ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تېپىشىغا قالدۇرغان بۇ چوڭقۇر بىيەنجىڭفالىق تېپىشماق — بۇ يەنە دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەركىن ئىجادىيىتى ۋە ئويدۇرمىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا گېگىلىزىمچى بولغان ماركسنىڭ ئەسلىدە ھەقىقى، تېخىمۇ يۇقۇرى بىرلىكنى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ قىلغىنى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دىتىغا ياقمىغانلىقتىن، دىيۇرىڭ ئەپەندىگە يەنە يۈكسەك ھەم ئالىجاناپ ئۇسلۇبىنى كۆرسىتىشكە ھەمدە ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان نەرسىنى تولۇق ھەقىقەت مەنىپەئەتنى دەپ ماركسقا تېڭىشقىلا توغرا

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 1 - باپ، 4 - بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

كەلگەن. مۇستەسنا ھالدا بولسىمۇ توغرا نەقىل كەلتۈرۈشكە مۇتلەق قادىر بولمىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ «جۇڭگوچە بىلىمدانلىقى»غا ھەققانىي غەزەپ بىلدۈرۈشى تەبىئىي، بۇ كىشىلەر ھامان مۇستەسناسىز ھالدا توغرا نەقىل كەلتۈرىدۇ، لېكىن دەل شۇنىڭ بىلەن «ئۇزىنىڭ ھەر قېتىم نەقىل كەلتۈرۈلگەن يازغۇچى-نىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكىنى قوپاللىق بىلەن ياپىدۇ». دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەقلىق. ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانامە ياشىسۇن!

ھازىرغىچە بىز ھامان مۇنداق بىر پەرەزنى — دىيۇرىڭ ئەپەندى-نىڭ جاھىللىق بىلەن خاتا نەقىل كەلتۈرۈشى، ھېچ بولمىغاندا، ياخشى نىيەتتىن چىققان بولسا كېرەك، بەلكى، يا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشىنىش جەھەتتىكى تامامەن ئىقتىدارسىزلىقىغا ئاساسلانغان، يا ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانامىگە خاس، ئادەتتە بىپەرۋالىق دەپ ئاتىلىدىغان، ئېسىدە قالغىنى بويىچىلا نەقىل كەلتۈرىدىغان ئادىتىگە ئاساسلانغان بولسا كېرەك، دېگەن پەرەزنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. لېكىن بىز بۇ يەردە گويا دىيۇرىڭ ئەپەندىدە سانىمۇ سۈپەتكە ئايلىنىدىغان نۇقتىغا يەتكەندەك تۇرىمىز. ئەگەر بىز مۇنۇلارنى ھېساپقا ئالىدىغان بولساق: بىرىنچىدىن، ماركسىنىڭ كىتاۋىدىكى بۇ جاينىڭ ئۆزى ناھايىتى روشەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كىتاپتا يەنە ھەرقانداق ئۇقۇشماسلىققا مۇتلەق ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان باشقا جايدا قوشۇمچە قىلىنغان؛ ئىككىنچى-دىن، يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «قوشۇمچە ماتېرىياللار»غا بېسىلغان «كاپىتال»غا قىلىنغان پىپەندە بولسۇن، ياكى «پىپەنلىك تارىخ»نىڭ 1 - نەشرىگە بېسىلغان بۇ كىتاپ توغرىسىدىكى پىپەندە

بولسۇن، ديۇرىڭ ئەپەندى «ھەم شەخسى، ھەم ئومۇمى مۇلۇكچە-لىك» دىگەن بۇ غەلىتە نەرسىنى سەزمىگەن، بەلكى ئۇنى پەقەت بۇ كىتاپنىڭ 2 ـ نەشرىدە يەنى «كاپىتال»نى **ئۇچىنچى قېتىم** ئوقۇغان چاغدىلا سەزگەن؛ ديۇرىڭ ئەپەندى «**مەن** ئوزەمنىڭ "كۇرسى"دا ئىقتىسات ۋە قانۇن جەھەتتىن ئومۇمى بايان قىلغان ئىگىلىك گۇڭشېسى»نى كەلگۇسى ئىجتىمائى تەشكىلاتقا قارىمۇ-قارشى ھالدا تېخىمۇ كورەڭلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇچۇن (ئۇ شۇنداق قىلىدۇ ھەم)، سوتسيالىزىم روھى بويىچە تۇزىتىلگەن مۇشۇ 2 ـ نەشرىدە ماركسقا ئۇ توغرىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىمەنە بولغان بىمەنە پىكىرنى بايان قىلدۇرۇشقا جىددى مۇھتاج بولغان؛ ـــ ئەگەر بىز مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېساپقا ئالىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، مۇنداق خۇلاسىگە كەلمەي تۇرالمايمىز: ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردە بىزنى ئۇ بۇ يەردە ماركسنىڭ ئىدىيىسىنى قەستەن «پايدىلىق ھالدا كېڭەيتكەن» ـــ ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇچۇن پايدىلىق ھالدا ـــ دەپ پەرەز قىلىشقا مەجبۇر قىلغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش ماركستا زادى قانداق رول ئوينايدۇ؟ 791 ـ بەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە بەتتە ماركس كاپىتالنىڭ ئىپتىدائى جۇغلانمىسى دىگەن نەرسە توغرىسىدا ئالدىنقى 50 بەتتە ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي تەتقىقات ۋە تارىخىي تەتقىقاتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى ئومۇمى بايان قىلىدۇ.① كاپىتالىزىم دەۋرىگىچە، ھېچ بولمىغاندا ئەنگلىيىدە

①«كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 24 ـ باپ، 7 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە خۇسۇسى ئىگىدارلىغىنى ئاساس قىلغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن. كاپىتالنىڭ ئىپتىدائى جۇغلانمىسى دىگەن نەرسە بۇ يەردە مۇشۇ بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى مەھرۇم قىلىش يەنى ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق يوقىتىش شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولىدۇكى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ تار، تەبى پەيدا بولىدىغان دائىرىسى بىلەنلا چىقىشالايدۇ. شۇڭا ئۇ راۋاجلىنىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە ئۆزىنى يوقىتىدىغان ماددى ۋاستىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق يوقىتىش، بۇنداق شەخسى، تارقاق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىجتىمائى، مەركەزلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلاندۇرۇش كاپىتالنىڭ ئالدىنقى تارىخىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ پرولىتارلارغا ئايلىنىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشى بىلەن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى بىلەنلا ئەمگەكنىڭ يەنىمۇ ئىجتىمائىلىشىشى، يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كاپىتالغا ئايلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن خۇسۇسى مۇلۇكدارلارغا قارىتىلغان يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن مەھرۇم قىلىش يېڭى شەكىل ئالىدۇ. «ھازىر مەھرۇم قىلىنىدىغىنى ئەمدى مۇستەقىل ئوقەت قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كاپىتالىستلار بولدى. بۇنداق مەھرۇم قىلىش كاپىتالىستىك ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ رولى ئارقىلىق يەنى

كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشى ئارقىلىق بولىدۇ. بىر كاپىتالىست نۇرغۇن
كاپىتالىستنى يېڭىدۇ. بۇنداق مەركەزلىشىشكە ياكى ئاز ساندىكى
كاپىتالىستلارنىڭ كۆپ ساندىكى كاپىتالىستلارنى مەھرۇم قىلىشىغا
ئەگىشىپ، كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدىغان ئەمگەك جەريانـ
نىڭ ھەمكارلىق شەكلى كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىدۇ، ئىلىم ـ پەن
كۈندىن ـ كۈنگە ئاڭلىق يوسۇندا ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە تەتبىق
قىلىنىدۇ، يەردىن كۈندىن ـ كۈنگە پىلانلىق تۈردە ئورتاق پايدىـ
لىنىلىدۇ، ئەمگەك ۋاستىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە پەقەت ئورتاق
ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك ۋاستىلىرىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، بارلىق
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىرلەشكەن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ
ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى
ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە تېجەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئايلىنىش جەريانىدىكى
پۈتۈن پايدىنى تالان ـ تاراج قىلغۇچى ۋە لۇكچەك قىلغۇچى كاپىتال
خوجايىنلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازىيىشىغا، نامراتلىق، زۇلۇم، قۇللۇق،
چېكىنىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىـ
شىغا ئەگىشىپ، شۇنداقلا كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىۋاتقان، كاپىتالىسـ
تىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆز تۈزۈلۈشى تەربىيىلەۋاتقان،
بىرلەشتۈرۈۋاتقان ۋە ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
قارشىلىقىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ. كاپىتالنىڭ لۇكچەك
قىلىنىشى بۇنداق لۇكچەك قىلىش بىلەن بىللە ۋە بۇنداق لۇكچەك
قىلىش ئاستىدا گۈللەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ كىشەنلىرىگە
ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە
ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئۇلارنىڭ كاپىتالىستىك قوۋزىقىغا
سىغىشالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ قوۋزاق يېرىلىدۇ.

كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ماتەم سىگنالى چېلىنىدۇ. مەھرۇم قىلغۇچىلار مەھرۇم قىلىنىدۇ.»①

ئەمدى مەن كىتاپخانلاردىن سورايمەن: بېيەنجېڭفانىڭ گادىر-ماش گىرەلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئىدىيىنىڭ ئەرەپ پەدىسىدىكى نەقشى قەيەردە؟ ئاخىر بېرىپ بارچىنىڭ ھەممىسى بىر نەرسە بولىدىغان بۇنداق گادىرماش ھەم خاتا ئىدىيە قەيەردە؟ مۇرتلارغا يارتىپ بېرىلگەن بېيەنجېڭفالىق موجىزىلەر قەيەردە؟ بېيەنجېڭفالىق سىرلىق چەرچىن ماللار تەنزىسى ۋە گېگېلنىڭ لوگوس تەلىماتىنىڭ مىزانى بويىچە قايتىدىن ئىشلەنگەن گىرەلەشتۈرۈش — دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ نەرسىلەرسىز ماركس ئۆز سوزىنى ئوتكۈزەلمەيدۇ — قەيەردە؟ ماركس پەقەت مۇنۇلارنى تارىخىي ھالدا ئىسپاتلايدۇ ۋە بۇ يەردە قىسقىچە ئومۇمى بايان قىلىدۇ: خۇددى ئىلگىرى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ يوقىلىشىنىڭ يەنى ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارنى مەھرۇم قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتىنى پەيدا قىلغانغا ئوخشاش، ھازىر كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزىنى مۇقەررەر ھالدا ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشىنىڭ ماددى شەرت-شارائىتىنى پەيدا قىلماقتا. بۇ — بىر تارىخىي جەريان، ئەگەر ئۇ ئەينى ۋاقىتتا بېيەنجېڭلىق جەريان بولسا، بۇ ماركسنىڭ ئەيىۋى ئەمەس، بۇ ھال دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ئېھتىمال ناھايىتى يامان كورۇنىدىغان بولسىمۇ.

ماركس پەقەت ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسپاتلىرىنى

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 24-باپ، 7-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

پۈتتۈرگەندىن كېيىنلا داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، دىمەك، كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك شەخسى، ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى بىرىنچى ئىنكار قىلىش بولىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىنكار قىلىنىشنى ئۇنىڭ ئۆزى تەبىي جەريانىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئارقىسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ» ۋاھاكازالار (يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەندىكىدەك)①.

شۇڭا، ماركس بۇ جەرياننى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دەپ ئاتىغىنىدا، ئۇ بۇنىڭ بىلەن بۇ جەرياننىڭ تارىخي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بۇ جەرياننىڭ قىسمەن ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقانلىغىنى، قىسمەن يەنە جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىغىنى تارىخي يوسۇندا ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن بۇنى يەنىلا مۇئەييەن بىيەنجىگلىق قانۇنىيەت بويىچە ئورۇنلىنىدىغان جەريان دەپ كورسىتىدۇ. ھەممىسى مانا شۇ. بۇنىڭدىن كورۈنۈپ تۇرىدۇكى، ديۈرىڭ ئەپەندى، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بۇ يەردە كىندىكئانىلىق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلماي بولمايدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، كەلگۈسى ئوتمۇشنىڭ ئىچىدىن تۇغۇلىدۇ، دەپ ھوكۇم قىلىدۇ، ياكى، ماركس كىشىلەردىن ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئىناۋىتى بىلەنلا يەر ۋە كاپىتالنىڭ ئومۇم ئىگىدارلىغىدا بولۇشىنىڭ (بۇنداق ئومۇم ئىگىدارلىغىدا بولۇشنىڭ ئۆزى ديۈرىڭ ئېيتقان «گەۋدىدە

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 24-باپ، 7-بولۇم. — تەرجىماندىن

كۆرۈنىدىغان زىددىيەت») مۇقەررەرلىككە ھەقىقىي ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، مانا بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى — يەنە دېيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ساپ ئويدۇرمىسى.

خۇددى كىشىلەرنىڭ شەكىل لوگىكىسىنى ياكى باشلانغۇچ شۇشۇينى تار ھالدا ئاددىي ئىسپاتلاش قورالى دەپ چۈشىنىشكە بولىدىغىنىغا ئوخشاش، دېيۈرىڭ ئەپەندى بېيەنجىڭفانىمۇ ئەنە شۇنداق قورال دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ ئۆزى بېيەنجىڭفانىڭ تەبىئىتىنى پەقەت چۈشەنمىگەنلىك بولىدۇ. ھەتتا شەكىل لوگىكىسىمۇ ئالدى بىلەن يېڭى نەتىجىلەر ئىزلەش ئۇسۇلى، مەلۇملۇقتىن نامەلۇملۇققا ئۆتۈش ئۇسۇلى بولىدۇ؛ بېيەنجىڭفامۇ شۇنداق، پەقەتلا تېخىمۇ يۇقۇرى ئۇسۇل، خالاس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېيەنجىڭفا شەكىل لوگىكىسىنىڭ تار دائىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تېخىمۇ كەڭ دۇنياقاراشنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇشۇيدىمۇ شۇنداق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. باشلانغۇچ شۇشۇي يەنى تۇراقلىق سان شۇشۇيىسى شەكىل لوگىكىسى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شۇنداق بولىدۇ؛ ئۆزگىرىدىغان سان شۇشۇيىسى — ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم قىسمى ۋېيفېن، جىفېن — بولسا ماھىيەتتە بېيەنجىڭفانىڭ شۇشۇي جەھەتتە قوللىنىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە بۇ ئۇسۇلنىڭ يېڭى تەتقىقات ساھەسىدە ھەر تەرەپتىن قوللىنىلىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاددىي ئىسپاتلاش جەزمەن ئىككىنچى ئورۇنغا چېكىنىدۇ. لېكىن ئالىي شۇشۇيدىكى ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ۋېيفېنشۇيىنىڭ دەسلەپكى ئىسپاتلىرىدىن تارتىپ، باشلانغۇچ شۇشۇي نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا، قاتتىق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا، خاتا بولۇپ

چىقىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىكىگە ئوخشاش، بىيەنجىڭغا ساھەسىدە ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر شەكىل لوگىكىسى بىلەن ئىسپاتلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئەھۋالنىڭ باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش بۇنداق بىر ئاخماق شىڭئېرشاڭشۇبېچى ئۇچۇن، يالغۇز بىيەنجىڭغا بىلەن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش، خۇددى لىيبىنىز ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى شۇشۇبېشۇناسلارغا ۋېيفېن، جىفېن دىڭلىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگىنىگە ئوخشاش، بىكاردىن ـ بىكارغا كۈچ سەرپ قىلغانلىق بولاتتى. ۋېيفېن بۇ شۇشۇبېشۇناسلاردا پەيدا قىلغان پەي تارتىشىپ قېلىش خۇددى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دىيۇرىڭ ئەپەندىدە پەيدا قىلغان پەي تارتىشىپ قېلىشقا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشتا بىز ۋېيفېننىڭمۇ مۇئەييەن رول ئوينايدىغانلىقىنى كېيىن كورىمىز. بۇ ئەپەندىلەردىن شۇ چاغدا تېخى ئولمىگەنلىرى ئاخىر غوتۇلداپ ـ غوتۇلداپ يول قويۇشقان، بۇ ئۇلارنىڭ قايىل قىلىنغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسىنىڭ ھامان توغرا بولۇپ چىققانلىقىدىن بولغان. دىيۇرىڭ ئەپەندى، ئوزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمدىلا 40 تىن ئېشىپتۇ، ئەگەر ئۇ ئۇزۇن ئومۇر كورسە ـــ بىز ئۇنىڭ ئۇزۇن ئومۇر كورىشىگە تىلەكداشمىز، ئۇ ھالدا، ئۇمۇ ئەنە شۇنداق ھالنى بېشىدىن كەچۈرۈپ قالار.

بۇ قورقۇنچلۇق ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تۇرمۇشىنى شۇنچە بىئارام قىلىدۇكى، ئۇ دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، خۇددى خىرىستىيان دىنىدا مۇقەددەس ئەرۋاھنى ھاقارەتلەش گۇناھىغا ئوخشاش، كەچۈرگۈسىز گۇنا

رولىنى ئوينايدۇ، ئۇنداق بولسا، ئۇ زادى قانداق نەرسە؟ بۇ — ئىنتايىن ئاددى، ھەر كۈنى، ھەر جايدا بولۇپ تۇرىدىغان جەريان، كونا ۋېيشىنجۇيىلىق پەلسەپە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ تۇرغان، يەنە كېلىپ دىيۈرىك ئەپەندىگە ئوخشاش قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان شىگىبىرشاگشۇيچىلەر ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق يېپىپ تۇرۇۋاتقان سىرلىق ئەخلەتلەر تازىلىۋېتىلىشى بىلەنلا، ئۇنى ھەرقانداق كىچىك بالىمۇ چۈشىنەلەيدۇ. بىز ئارپا دېنىنى مىسالغا ئالايلى. يۈز مىليونلىغان ئارپا دانلىرى تۈگمەندە تارتىلىدۇ، پىشۇرۇلىدۇ، ئېچىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئىستىمال قىلىنىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئەنە شۇنداق بىر تال ئارپا دېنى ئۆزىگە لازىملىق نورمال شەرت ـ شارائىتقا ئىگە بولسا، مۇۋاپىق تۇپراققا چۈشسە، ئۇ ئىسسىقلىق ۋە نەملىكنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش ياسايدۇ: بىخلىنىدۇ؛ دانىنىڭ ئۆزى بولسا يوقىلىدۇ، ئىنكار قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭدىن ئۈسۈپ چىققان ئۆسۈملۈك يەنى دانىنىڭ ئىنكار بولۇشى ئالىدۇ. بۇنداق ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتىنىڭ نورمال بېرىشى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ ئۆسىدۇ، چېچەكلەيدۇ، دان تۇتىدۇ، ئاخىردا يەنە ئارپا دانلىرى پەيدا بولىدۇ، ئارپا دانلىرى پىشىپ يېتىلىشى بىلەن، غول پەيدىن ـ پەي ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئىنكار قىلىنىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بىز يەنە ئەسلىدىكى ئارپا دېنىغا ئىگە بولىمىز، لېكىن بىر تالغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدەك 10 ھەسسە، 20 ھەسسە ياكى 30 ھەسسە كېلىدىغان دانغا ئىگە بولىمىز. دانلىق زىرائەتلەر تۈرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ئارپا يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكىسىگە ئومۇمەن ئوخشايدۇ.

ئەگەر بىز بىر خىل كورىكەم ئەۋرىشىم ئۇسۇملۇكنى، مەسىلەن،
دالىخۇا گۈلىنى ياكى لەنخۇا گۈلىنى مىسالغا ئالساق، بىز ئۇرۇق
ۋە ئۇرۇقتىن ئۇسۇپ چىققان ئۇسۇملۇك ئۇستىدە باغۋەنىنىڭ
تېخنىكىسى بويىچە ئىش كورسەك، بىزنىڭ بۇ ئىنكار قىلىشنى
ئىنكار قىلىشتىن ئېرىشىدىغان نەتىجىمىز تېخىمۇ كوپ ئۇرۇقلا
بولۇپ قالماستىن، بەلكى سۇپىتى ياخشىلانغان، تېخىمۇ چىرايلىق
گۈللەر ئېچىلىدىغان ئۇرۇق بولىدۇ، بۇ جەرياننىڭ ھەر بىر
تەكرارلىنىشى ھەر بىر يېڭى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشتا بۇنداق
مۇكەممەللىكنى ئۇستۇرىدۇ.—ئارپا دېنىدىكىگە ئوخشاش، بۇنداق
جەريان زور كوپچىلىك ھاشارەتلەردە، مەسىلەن، كېپىنەكلەردىمۇ
بولۇپ تۇرىدۇ. كېپىنەك تۇخۇمىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى بىلەن
تۇخۇمدىن پەيدا بولىدۇ، تۇرلۇك ئوزگىرىشلەر ئارقىلىق جىنسىي
جەھەتتىن يېتىلىدۇ، چاقىلىشىدۇ ۋە يەنە ئىنكار قىلىنىدۇ، يەنى
نەسىللىنىش جەريانى تاماملىنىشى ۋە ئانا كېپىنەكلەرنىڭ نۇرغۇن
تۇخۇم تۇغۇشى بىلەنلا ئۇلار ئولىدۇ. باشقا ئۇسۇملۇكلەر ۋە
ھايۋاناتلارغا كەلسەك، بۇ جەرياننىڭ تاماملىنىشى بۇنداق ئاددى
ئەمەس، ئۇلار ئولۇشتىن بۇرۇن بىر قېتىملا ئەمەس، بەلكى
كوپ قېتىم ئۇرۇق تۇتىدۇ، تۇخۇم تۇغىدۇ، ياكى بالىلايدۇ،
لېكىن بۇ يەردە بۇنىڭ بىز ئۇچۇن كارايىتى يوق؛ بۇ يەردە بىز
پەقەت ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش ئورگانىك دۇنيانىڭ ھەر
ئىككى چوڭ تۇرىدە **ھەقىقەتەنمۇ سادىر بولىدىغانلىقىنى** ئىزاھ-
لىماقچىمىز. ئۇنىڭدىن قالسا، پۇتۇن دىجژشۇي ئىنكار قىلىنغان
ئىنكار قىلىشنىڭ قاتارى، كونا تاش قاتلاملىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز
يىمىرىلىش ۋە يېڭى تاش قاتلاملىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز شەكىللىنىش

قاتارى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دەسلەپتە، سۇيۇق ھالەتتىكى ماددىنىڭ سوۋۇشى بىلەن پەيدا بولغان ئىپتىدائىي يەر پوستى ئوكيان، ھاۋارايى ۋە ئاتموسفېرانىڭ خۇۋاشۇيلىك تەسىرى ئارقىسىدا پارچىلىنىدۇ، بۇ پارچىلار دېڭىز ئاستىغا قەۋەت - قەۋەت بولۇپ تىنىدۇ. دېڭىز تۈۋىنىڭ بىر قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىگە كۆتىرىلىپ چىقىشى ئەڭ دەسلەپكى يەر قاتلىمىنىڭ بىر قىسمىنى يەنە ھول - يېغىن، تۇت پەسىلدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھارارەت، ئاتموسفېرادىكى ئوكسىگېن ۋە كاربون كىسلاتاسىنىڭ تەسىرىنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرگۈزىدۇ؛ يەر ئىچىدىن قاتلاملارنى يېرىپ كۆتىرىلىپ چىققان، كېيىن يەنە سوۋۇغان لاۋالارمۇ ئەنە شۇنداق تەسىرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەچچە يۈز مىليون يىللار داۋامىدا، يېڭى يەر قاتلىمى ئۈزلۈكسىز شەكىللىنىدۇ، كوپ قىسمى يەنە قايتىدىن يىمىرىلىپ، يەنە يېڭى يەر قاتلىمىنى پەيدا قىلىدىغان ماتىريالغا ئايلىنىدۇ. لېكىن نەتىجە ناھايىتى ئىجابى بولۇپ چىقىدۇ: خىلمۇ - خىل خۇاشۇيلىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان، ماشىنا بىلەن تارتىلغاندەك ھالەتتىكى تۇپراق پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىنتايىن مول ۋە خىلمۇ - خىل ئۇسۇملۈكلەرنىڭ ئۇسۇشىگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

شۇشۇيدىمۇ شۇنداق. بىز ھەرقانداق بىر دەيشۇلۇق سانىنى، مەسىلەن، $a$ نى ئالايلى، ئەگەر بىز ئۇنى ئىنكار قىلساق، $-a$ (مىنۇس $a$) غا ئىگە بولىمىز. ئەگەر بىز بۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىپ، $-a$ نى $-a$ غا كوپەيتىدىغان بولساق، $+a^2$ غا ئىگە بولىمىز، يەنى ئەسلىدىكى پىلوس سانىنى تېپىپ چىقىمىز، لېكىن تېخىمۇ يۇقۇرى باسقۇچقا يەنى ئىككىنچى دەرىجە باسقۇچىغا كېلىمىز.

پىلوس $a$ نى ئۆزىنى ئۆزىگە كۆپەيتىپ $a^2$ نى چىقىرىش يولى بىلەن ئوخشاش $a^2$ غا ئىگە بولۇشىمىزنىڭ مۇمكىنلىگىنىڭ بۇ يەردە كارايىتى يوق. چۈنكى بۇنداق ئىنكار قىلىنغان ئىنكار قىلىش $a^2$ دا شۇنچىلىك مۇستەھكەم ساقلىنىپ قالىدۇكى، $a^2$ نىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىككى پېڭفاڭ يىلتىزى يەنى $+a$ ۋە $-a$ سى بولىدۇ. ئىنكار قىلىنغان ئىنكار قىلىشتىن قۇتۇلۇش، پېڭفاڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مىنۇس يىلتىزدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئەھۋال ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەردە ئىنتايىن روشەن ئەھمىيەتكە ئىگە. — يۇقۇرى تەھلىلدە يەنى دىيۇرىك ئەپەندى ئۆزى ئەڭ يۇقۇرى شۇشۇبې-لىك ئەمەل دەپ ئاتايدىغان، ئاددى كىشىلەرنىڭ تىلىدا ۋېيفېن، جىفېن دەپ ئاتىلىدىغان «چەكسىز كىچىك ئومۇمى يىغىندىلارنى تېپىش ئەمىلى»دە ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھېساپلاش ئۇسۇللىرى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟ مەسىلەن، مەندە مەلۇم مەسىلىدە ئىككى ئۆزگىرىدىغان سان $x$ ۋە $y$ بار، ئۇلاردىن بىرى ئۆزگەرسە، يەنە بىرسىمۇ شەرت بەلگىلى-گەن مۇناسىۋەت بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگىرىدۇ. مەن $x$ ۋە $y$ نى ۋېيفېنلاشتۇرىمەن يەنى $x$ ۋە $y$ نى چەكسىز كىچىك سانلار قىلىپ ئالىمەنكى، ئۇلار ھەرقانچە كىچىك ھەقىقى سانلار بىلەن سېلىشتۇ-رۇلغاندا يوقىلىپ كېتىدۇ، $x$ ۋە $y$ تە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ماددى ئاساسى بولمىغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا يەنى ھېچقانداق سانى بولمىغان سان مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا، ھېچنىمە قالمايدۇ. دىمەك $\frac{dy}{dx}$ يەنى $x$ ۋە $y$ نىڭ ئىككى ۋېيفېنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت $\frac{0}{0}$ گە تەڭ بولىدۇ، لېكىن بۇ $\frac{0}{0}$ بولسا $\frac{y}{x}$ نىڭ

ئىپادىسى بولىدۇ. پەقەت شۇنىلا كورسەتكەچ كېتەيكى، يوقلىپ كەتكەن ئىككى سانىنىڭ بۇنداق مۇناسىۋىتىنىڭ، ئۇلار يوقلىدىغان بەلگىلىك پەيتىنىڭ ئۆزى بىر خىل زىددىيەت؛ لېكىن بۇنداق زىددىيەت، خۇددى ئۇ ئالاھەزەل 200 يىلدىن بۇيان شۇشۇپكە زادىلا كاشىلا قىلمىغانغا ئوخشاش، بىزگە كاشىلا قىلالمايدۇ. ئۇنداق بولسا مەن $x$ بىلەن $y$ نى ئىنكار قىلغاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغان بولامدىمەن؟ لېكىن، مەن ئۇلارنى شىگىشېرشاگىشۇپچىلەر ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش ئىنكار قىلىپ، ئەمدى ئۇلار بىلەن كارىم بولمايدىغان بولۇۋالماي، بەلكى شەرتكە مۇۋاپىق ئۇسۇللار بويىچە ئىنكار قىلىمەن. شۇنداق قىلىپ، مەن ئالدىمدىكى فورمۇللار ياكى تەڭلىمىلەردە $x$ بىلەن $y$ نىڭ ئورنىغا $x$ بىلەن $y$ نىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى يەنى $dx$ بىلەن $dy$ نى تاپىمەن. ئەمدى مەن بۇ فورمۇللارنى داۋاملىق ئىشلەيمەن، $dx$ بىلەن $dy$ نى — گەرچە ئۇلار مەلۇم ئالاھىدە قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغان سان بولسىمۇ، ھەقىقى سان دەپ ھېساپلايمەن ھەمدە مەلۇم نۇقتىدا **ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىمەن**، يەنى ۋېيفېن فورمۇلىسىنى جىغىنلاشتۇرىمەن، شۇنداق قىلىپ $dx$ بىلەن $dy$ نىڭ ئورنىغا ھەقىقى سان $x$ بىلەن $y$ نى قايتىدىن تاپىمەن، بۇنىڭ بىلەن، مەن چىقىش نۇقتىسىغا يەنە قايتىپ كەلگەن بولمايمەن، بەلكى ئاددىي جىخېشۇپ ۋە دەيشۇشۇپ بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىنى ھەل قىلغان بولىمەن.

تارىخ جەھەتتىكى ئەھۋالمۇ باشقىچە ئەمەس. بارلىق مەدىنى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى يەرگە بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىكتىن باشلانغان. مۇئەييەن ئىپتىدائى باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن

ھەممە مىللەتلەردە بۇنداق ئومۇمى مۈلۈكچىلىك يېزا ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىشىنىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بىكار قىلىنىدۇ، ئىنكار قىلىنىدۇ، يا قىسقا يا ئۇزاق ئارىلىق باسقۇچلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىككە ئايلىنىدۇ. لېكىن يەرگە بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يېزا ئىگىلىگىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىدا خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كىشىنىگە ئايلىنىدۇ — ھازىر ئۇششاق يەر ئىگىدارچىلىغى ۋە يىرىك يەر ئىگىدارچىلىغى جەھەتتىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنى ئوخشاشلا ئىنكار قىلىش ھەم ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئومۇمى مۈلۈكچىلىككە ئايلاندۇرۇش تەلىۋى مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولىدۇ. لېكىن، بۇ تەلەپ ئىپتىدائى ئومۇمى مۈلۈكچىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى كۆپ يۇقىرى دەرىجىلىك، كۆپ راۋاجلانغان ئومۇمى ئىگىدارلىق شەكلىنى ئورنىتىشنى كۆزلەيدۇ، ئۇ زادىلا ئىشلەپچىقىرىشقا توسالغۇ بولۇپ قالمايدۇ، ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىشنى بىرىنچى بولۇپ كىشەندىن قۇتۇلدۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان خۇاشۈيىسىدىكى كەشپىياتلاردىن ۋە لىشۈيدىكى ئىختىرالاردىن ئىشلەپچىقىرىشتا تولۇق پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

يا بولمىسا يەنە بىر مىسال ئالايلى. قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىسى ئىپتىدائى زىفالىق ۋېيۋۇجۇيى ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋېيۋۇجۇيى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇ تەپەككۇرنىڭ ماددىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. لېكىن، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش زورۇرلۇگى تەندىن ئاجرايدىغان جان توغرىسىدىكى تەلىماتنى،

كېيىن جان ئۇلمەيدۇ دېگەن ھوكۇمنى، ئاخىردا بىر خۇدالىق دىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، كونا ۋېيۋۇجۇيى ۋېيشىنجۇيى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. لېكىن پەلسەپىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى داۋامىدا، ۋېيشىنجۇيىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمىدى، ئۇ ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسى، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش كونا ۋېيۋۇ-جۇيىنىڭ ئاددىي ھالدىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ئەمەس، بەلكى 2 مىڭ يىلدىن بۇيانقى پەلسەپە ۋە تەبىي پەن تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ھەم بۇ 2 مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ كونا ۋېيۋۇجۇيىنىڭ مەڭگۈ-لۈك ئاساسىغا قوشۇلۇشى. بۇ ئەمدى زادى پەلسەپە ئەمەس، بەلكى پەقەت دۇنياقاراش بولىدۇ، ئۇ مەلۇم ئالاھىدە پەنلەرنىڭ پىنىدە ئەمەس، بەلكى رىيال پەندە تەستىقلىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشى كېرەك. دېمەك، پەلسەپە بۇ يەردە «ئىلغىنىدۇ»، يەنى «ھەم تۈگىتىلىدۇ، ھەم ساقلاپ قېلىنىدۇ»؛ ئۇنىڭ شەكلىدىن ئېيتقاندا تۈگىتىلىدۇ، ئۇنىڭ رىيال مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا ساقلاپ قېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ديۈرىڭ ئەپەندى «سوز ئويۇنى»نىلا كورگەن جايدا، زەڭ سېلىپراق قارالسىلا، رىيال مەزمۇنىنىڭ بار ئىكەنلىكى كورۇنىدۇ.

ئاخىردا، ھەتتا رۇسسونىڭ باراۋەرلىك تەلىماتىمۇ (ديۈرىڭنىڭ باراۋەرلىك تەلىماتى ئەنە شۇنىڭ چالا ۋە بۇرمىلانغان كوچۇرمى-سىدىنلا ئىبارەت) گېگېلنىڭ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشى كىندىكئانىلىق ۋەزىپىنى ئىجرا قىلمىسا ئورۇنلىنالماس ئىدى — ۋاھالەنكى، بۇ گېگېل تۇغۇلۇشتىن 20 يىلچە بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى.80 رۇسسونىڭ تەلىماتى بۇنىڭدىن زادى نومۇس ھېس

قىلمىغان ئىدى، بۇ تەلىمات ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بايانلىرىدا ئۆزىنىڭ بىيەنجىڭلىق مەنبەسىنىڭ تامغىسىنى پاقىرىتىپ دىگۈدەك ئېچىپ كورسەتكەن ئىدى. ئادەملەر تەبىي ۋە ياۋايى ھالەتتە تۇرغىنىدا باراۋەر ئىدى؛ رۇسسو تىلنى تەبىي ھالەتنىڭ ياسالمىسى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇ ئوخشاش تۈر دائىرىسىدىكى ھايۋان تۈرىنىڭ باراۋەرلىكىنى بۇ ھايۋان ئادەملەرگىمۇ تېگىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى، يېقىندىن بېرى ھېككېل تۈرگە ئايرىشتا بۇنداق ھايۋان ئادەملەرنى Alali — تىلسىز ئىپتىدائىي ئادەملەر دەپ پەرەز قىلدۇ[81]. لېكىن بۇ بىر بىرى بىلەن باراۋەر بولغان ھايۋان ئادەملەرنىڭ باشقا ھايۋان تۈرىگە قارىغاندا بىر ئەۋزەل خۇسۇسىيىتى باركى، ئۇ بولسىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىش قابىلىيىتى يەنى ئالغا راۋاجلىنىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت؛ بۇنداق قابىلىيەت باراۋەرسىزلىكنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇسسو باراۋەرسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر خىل ئىلگىرىلەش دەپ ھېساپلىغان. لېكىن بۇنداق ئىلگىرىلەش دۇيكالىك خاراكتېرلىق، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىر خىل چېكىنىش.

«كېيىنكى (ئىپتىدائىي ھالەتتىن ھالقىغان) بارلىق ئىلگىرىلەش ئوخشاشلا كۆرۈنۈشتە شەخسنىڭ مۇكەممەللىشىشكە① قاراپ مېڭىشىنىڭ، ئەمەلىيەتتە بولسا تۈرنىڭ زاۋال تېپىشىغا① قاراپ مېڭىشىنىڭ قەدىمى بولدۇ..... مېتاللارنى جىياگوڭ قىلىش ۋە دېخانچىلىق شۇنداق ئىككى ھۈنەر-سەنئەت بولغانكى، ئۇلارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بۇ غايەت زور ئىنقىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقارغان (ئىپتىدائىي ئورمانلار تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلغان، لېكىن شۇنداقلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈپەيلىدىن نامراتلىق ۋە قۇللۇق كېلىپ

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

چىققان)، ئادەمنى[1] مەدەنىيەتلىك قىلغان ۋە ئادەم تۇرىنى[1] زاۋاللىققا ئېلىپ بارغان نەرسە شائىرلارنىڭ نەزىرىدە ئالتۇن بىلەن كۈمۈچ، پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە تومۇر بىلەن ئاشلىق.»

مەدەنىيەتنىڭ ھەر بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا باراۋەرسىزلىكمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مەدەنىيەتكە ئەگىشىپ پەيدا بولغان جەمىيەت ئۆزى ئۈچۈن قۇرغان بارلىق ئاپاراتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەقسىدىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىدۇ.

«خەلق پادىشانى ئەركىنلىكىنى يوقىتىشنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداشنى دەپ تىكلىگەن، بۇ — مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت، بەلكى پۈتۈن دولەت قانۇنىنىڭ تۈپ پىرىنسىپى.»

لېكىن بۇ پادىشالار مۇقەررەر يوسۇندا خەلقنى ئەزگۈچىلەردىن بولۇپ قالىدۇ، بەلكى ئۇلار ئېزىشنى شۇ دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇرىدۇكى، ئۇچىغا چىققان باراۋەرسىزلىك يەنە يېڭىۋاشتىن ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ، باراۋەرلىكنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ: زالىم پادىشا ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ، يەنى ھەممەيلەن نۆلگە تەڭ بولىدۇ.

«بۇ يەر باراۋەرسىزلىكنىڭ چېكىدۇر، بىر دۈگلەك دائىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاخىرقى نۇقتا، ئۇ بىز چىققان نۇقتا بىلەن ئۇچرىشىدۇ[1]: بۇ يەردە ھەممە شەخس باراۋەر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار دەل ھېچنېمە ئەمەس، پۇخرالاردا پادىشانىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى باشقا قانۇن بولمايدۇ.» لېكىن زالىم پادىشا زورلۇق كۈچكە ئىگە بولغان چاغدىلا پادىشا بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر «ئۇنى قوغلىۋەتكەندە، ئۇ زورلۇق كۈچتىن

---

[1] تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

ئاغرىنالمايدۇ..... زورلۇق كۈچ ئۇنى قولىلىغان، زورلۇق كۈچ ئۇنى ئاغدۇرۇپمۇ تاشلايدۇ؛ ھەممە ئۇزىنىڭ توغرا تەبىي يولى بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، باراۋەرسىزلىك يەنە يېڭىۋاشتىن باراۋەرلىككە ئايلىنىدۇ، لېكىن تىلسىز ئىپتىدائى ئادەملەردە بولىدىغان كونا زىغالىق باراۋەرلىككە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى شەرتنامىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك باراۋەرلىكىگە ئايلىنىدۇ. ئەزگۈچىلەر ئېزىلىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ.

دىمەك، بىز رۇسسودا ماركسنىڭ «كاپىتال»دا ئەمەل قىلغىنىغا تامامەن ئوخشايدىغان پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنى كورۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ تەپسىلى بايانلىرىدا ماركس قوللانغان پۈتۈن بىر يۈرۈش بىيەنجېڭلىق سوزلەرنىمۇ كورەلەيمىز: ئوز تەبىتى بويىچە ئېيتقاندا دۇيكاڭلىق بولغان، زىددىيەتلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان جەريانلار، ھەر بىر قۇتۇپنىڭ ئوزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىشى، ئاخىردا، پۈتۈن جەرياننىڭ خېشىنى سۈپىتىدە ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش. دىمەك، ئەگەر، 1754-يىلى رۇسسو تېخى گېگېلنىڭ كەسپىي تىلىنى سوزلىيەلمەيتتى، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ گېگېل تۇغۇلۇشتىن 16 يىل ئىلگىرى گېگېل ۋاباسى، زىددىيەت بىيەنجېڭفاسى، لوگوس تەلىماتى، ئىلاھىيەت لوگىكىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن قاتتىق چىرىتىلىپتۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى رۇسسونىڭ باراۋەرلىك تەلىماتىنى يۈزەلەشتۈرۈش مەقسىدىدە ئۇزىنىڭ ئىككى غالىپ ئەر كىشىسىنى كوتىرىپ چىققان ۋاقتىدا، قاپتالغا يىقىلىپ، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنىڭ قويىنىغا قۇتقۇزۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىككى

ئەر كىشىنىڭ باراۋەرلىكى ئەۋج ئالغان ۋە غايىۋى ھالەت دەپ تەسۋىرلەنگەن ھالەت «پەلسەپە كۇرسى»نىڭ 271 ـ بېتىدە «ئىپتىدائى ھالەت» دەپ ئاتىلىدۇ. 279 ـ بەتكە قارىغاندا، بۇنداق ئىپتىدائى ھالەت مۇقەررەر ھالدا «تالان ـ تاراج قىلىش تۈزۈمى» بىلەن يوقىتىلىدۇ ــ بۇ، بىرىنچى ئىنكار قىلىش. لېكىن، رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ ھىممىتى بىلەن، بىز ھازىر مۇنداق دەرىجىگە يەتتۇق: بىز تالان ـ تاراج قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ديۈرىڭ ئەپەندى كەشىپ قىلغان، باراۋەرلىكنى ئاساس قىلىدىغان ئىگىلىك كۆڭلىشىپىسىنى دەسسىتىمىز ــ بۇ، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش، يۇقۇرى باسقۇچتىكى باراۋەرلىك. ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ شەخسەن ئۆزى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشتەك چېكىدىن ئاشقان جىنايەتنى ئۆتكۈزىدۇ، بۇ ــ قىزىقارلىق بولغان، نەزەر دائىرىمىزنى پايدىلىق ھالدا كېڭەيتىدىغان بىر كۆرۈنۈش!

ئۇنداق بولسا، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش زادى نېمە؟ ئۇ ــ تەبىئەتنىڭ، تارىخنىڭ ۋە تەپەككۇرنىڭ ئىنتايىن ئومۇميۈزلۈك بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن كەڭ رول ئوينايدىغان، مۇھىم بولغان تەرەققىيات قانۇنىيىتى؛ بۇ قانۇنىيەت، خۇددى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھايۋاناتلار دۇنياسى ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا، دىجىشۇيى، شۇشۇيى، تارىخ ۋە پەلسەپىدە رول ئوينىماقتا؛ ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ، گەرچە تۈرلۈك يوللار بىلەن قارشى تۇرسىمۇ ۋە قارشىلىق كورسەتسىمۇ، بۇ قانۇنىيەتكە ھامان سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئەمەل قىلماقتا. ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، مەسىلەن، ئارپا دېنىنىڭ بىخ چىقىرىشىدىن تارتىپ دان تۈتقان غولىنىڭ پەيدىن ـ پەي ئۆلۈشىگىچە بولغان **ئالاھىدە** تەرەققىيات

جەرياني توغرىسىدا، ئەگەر مەن، بۇ ــ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش، دىگەن بولسام، ھېچنىمە دىمىگەن بولىمەن. چۈنكى جىغىنىمۇ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ، شۇڭا، مەن بۇنداق ئومۇمى ھوكۇم بىلەن چەكلىنىدىغان بولسام، مەن: ئارپا غوللىرىنىڭ ھاياتلىق جەرياني جىغىن بولىدۇ، ياكى، ئەگەر خالىساڭلار، سوتسىيالىزىممۇ بولىدۇ، دىگەن سەپسەتىنى قارارلاشتۇرغانلا بولاتتىم. لېكىن، بۇ دەل شىكئېرشاگشۇبچىلەر ھەمىشە بىيەنجىڭفاغا دوڭگەيدىغان نەرسە. مەن بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دىگىنىمدە، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بىر ھەركەت قانۇنىيىتى بىلەن يىغىنچاقلايمەن، دەل شۇنداق بولغاچقا، ھەر بىر ئايرىم ئالاھىدە جەرياننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە دىققەت قىلمايمەن. بىيەنجىڭفا بولسا تەبىئەت، ئىنسانىيەت جەمىيىتى ۋە تەپەككۇرنىڭ ھەركىتى ھەم تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن، خالاس.

لېكىن، ھازىر بەزىلەر، بۇ يەردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىنكار قىلىش زادىلا ھەقىقى ئىنكار قىلىش ئەمەس: ئەگەر مەن ئارپا دانىلىرىنى تۈگمەندە تارتىدىغان بولسام، ئارپا دانىلىرىنى ئىنكار قىلغان بولىدىكەنمەن، ئەگەر مەن ھاشارەتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولسام، ھاشارەتنى ئىنكار قىلغان بولىدىكەنمەن، ئەگەر مەن پىلوس سان $a$ نى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان بولسام، پىلوس سان $a$ نى ئىنكار قىلغان بولىدىكەنمەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار؛ ياكى، مەن قىزىلگۈلنى قىزىلگۈل ئەمەس دىسەم، قىزىلگۈلنى قىزىلگۈل دىگەن سوزنى ئىنكار قىلغان بولىدىكەنمەن؛ ئەگەر مەن بۇ

ئىنكار قىلىشنى يەنە ئىنكار قىلسام ۋە قىزىلگۈل بەرسىبىر قىزىلگۈل دىسەم، بۇنىڭدىن نىمە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ؟ دەپ رەددىيە بېرىدۇ. — بۇ رەددىيىلەر ئەمىلىيەتتە شىگىنېرشاگىشۇپىچىلەر-نىڭ بىيەنجېڭفاغا قارشى تۇرۇشىنىكى ئاساسىي دەلىللىرى، ئۇلار شىگىنېرشاگىشۇپىلىك تەپەككۇرنىڭ تارلىقىغا تامامەن تەگكەش كېلىدۇ. بىيەنجېڭفادا ئىنكار قىلىش ئاددىيلا، ياق، دىيىش، ياكى مەلۇم بىر شەيئىنى، مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئېلان قىلىش، ياكى ئۇنى بىرەر ئۇسۇل بىلەن يوقىتىشلا ئەمەس. سپىنوزا بۇرۇنلا: Omnis determinatio est negatio يەنى ھەرقانداق چەكلىمە ياكى بەلگىلىمە ئەينى ۋاقىتتا ئىنكار قىلىش بولىدۇ،82 دىگەن ئىدى. يەنە ئېيتايلى، ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى بۇ يەردە، ئاۋال، جەريانىنىڭ ئومۇمى خاراكتىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن قالسا، جەريانىنىڭ ئالاھىدە خاراكتىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مەن ئىنكار قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ ئىنكار قىلىشنى يېڭىۋاشتىن ئىلىغىشىم لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بىرىنچى ئىنكار قىلىشنى ئورۇنلىغان چاغدا، ئىككىنچى ئىنكار قىلىش بولىدىغان ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان دەرىجىدە ئورۇنلىشىم لازىم بولىدۇ. قانداق ئورۇنلاش كېرەك؟ بۇ ھەر بىر ئەھۋالنىڭ ئالاھىدە خاراكتىرىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر مەن ئارپا دانلىرىنى تۇگمەندە تارتقان بولسام، ئەگەر مەن ھاشارەتنى دەسسەپ ئولتۇرۇۋەتكەن بولسام، گەرچە مەن بىرىنچى ھەركەتنى ئورۇنلىغان بولساممۇ، ئىككىنچى ھەركەتنى مۇمكىن بولمايدىغان قىلىپ قويىمەن. دىمەك، ھەر بىر خىل شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ، بۇنداق ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىياتقا

ئىگە بولىدۇ، ھەر بىر خىل ئىدىيە ۋە ئۇقۇمنىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ. ۋېيفېن، جىفېندىكى ئىنكار قىلىش مىنوس يىلىتىزلاردىن پىلوس چېكىفاڭلارنى چىقىرىش ۋاقتىدىكى ئىنكار قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. باشقا ھەممىنى ئۇگەنگەنگە ئوخشاش، بۇنىمۇ ئۇگىنىش كېرەك. ئارپا غوللىرىنىڭ ۋە ۋېيفېن، جىفېنلارنىڭ ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشقا كىرىدىغانلىغىنى بىلىش بىلەنلا، ئارپىنى ياخشى تېرىغىلىمۇ بولمايدۇ، ۋېيفېن ۋە جىفېننى ئىشلىگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ خۇددى مۇزىكا ئاھاڭلىرى تارىلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىغى، زىل-بوملۇغىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىق قانۇنىيىتىنى بىلىش بىلەنلا ئىسكىرىپكا چالغىلى بولمايدىغانلىغىغا ئوخشاش.— ناھايىتى روشەنكى، ئەگەر ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش بالىلار ئويۇنى قىلىنىپ: ئاۋال *a* يېزىلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئوچۇرۇۋېتىلسە، ياكى ئاۋال قىزىلگۈل قىزىلگۈل دېيىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قىزىلگۈل ئەمەس دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن بۇنداق تېتىقسىز ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ ئاخماقلىغىدىن باشقا ھېچ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. لېكىن شىكئېرشاڭشۇېچىلەر بىزنى، ئەگەر ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەنسىلەر، ئۇ ھالدا، بۇنىڭ ئوزى توغرا ئۇسۇل بولىدۇ، دەپ ئىشەندۇرمەكچى بولىدۇ.

دىمەك، بىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋاتقىنى باشقا بىرى ئەمەس، يەنە شۇ دىيۇرىڭ ئەپەندى، ئۇ قانداقتۇ، ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىشنى گېگېل كەشپ قىلغان، دىنىي ساھەدىن كوچۇرۇۋالغان، تۇنجى گۇنا ئوتكۇزۇش ۋە گۇنادىن ساقىت بولۇش ھېكايىسى بويىچە ئىشلەنگەن بىمەنە ئوخشىتىش، دەيدۇ. كىشىلەر سەنۋېن

دىگەن سوز پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا سەنۋىن بىلەن سوزلىگىنىگە ئوخشاش[83]، ئۇلار بىيەنجىڭفانىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلىشتىن ئىلگىرىلا بىيەنجىڭچە پىكىر قىلاتتى. ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش دىگەن قانۇنىيەت تەبىەت دۇنياسىدا ۋە تارىختا رول ئوينايتتى، ئۇ بىلىۋېلىنىشتىن ئىلگىرى بىزنىڭ كالللىمىزدىمۇ ئاڭسىز هالدا رول ئوينايتتى؛ بۇ قانۇنىيەتنى پەقەتلا گېگېل بىرىنچى بولۇپ ئېنىق ئىپادىلەپ چىقتى، خالاس. ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ ئىش بىلەن ئوزى بىلدۇرمەي شۇغۇللىنىشنى خالىسا، بىراق ئۇ پەقەت مۇشۇ نامغىلا چىداپ تۇرالمايدىغان بولسا، بىرەر ياخشىراق نام تېپىۋالسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر ئۇ تەپەككۇردىن بۇ ئىشنى چىقىرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۇنى تەبىەت دۇنياسىدىن ۋە تارىختىن چىقىرىۋەتسۇن هەمدە ئۇ شۇنداق شۇشۇپ كەشپ قىلسۇنكى، ئۇنىڭدا $a$ ـ نى $a$ ـ غا كوپەيتكەندە $a^2$+غا تەڭ بولمايدىغان بولسۇن، ۋېيىفېن بىلەن جىفېن بولسا قاتتىق جازا تەهدىدى ئاستىدا تەقىپ قىلىنىغان بولسۇن.

## 14. خۇلاسە

بىز ئەمدى پەلسەپىنى ئاياقلاشتۇردۇق، «كۇرس»تا بولغان كەلگۇسى توغرىسىدىكى خام خىيالىلارغا كەلسەك، بىز دىيۇرىڭ سوتسىيالىزىمدا قىلغان ئوزگىرىشلەرنى تەكشۇرگەندە، ئۇ هەقتە مۇهاكىمە قىلىشقا يەنە پۇرسەت چىقىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە نىمە ۋەدىلەرنى بەردى؟ هەممىنى. ئۇ قايىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى؟ بىرىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى. «رىيال پەلسەپە ئامىللىرى، دىمەك،

تەبىەتتىكى ۋە تۇرمۇشتىكى رىياللىقنى نىشان قىلغان پەلسەپە ئامىللىرى»، «قاتتىق ئىلمىي دۇنىياقاراش»، «تىشى ياراتقۇچى ئىدىيىلەر» ۋە دىيۇرىڭ ئەپەندى ھاكاۋۇرانە تەلەپپۇز بىلەن ھە دەپ ماختىغان دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ باشقا بارلىق توھپىلىرى، تېگىپ كېتىشىمىز بىلەنلا، **ساپ ئادەم ئالدايدىغان سوز** بولۇپ چىقتى. «پىكىر چوڭقۇرلۇقىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزمەي، مەۋجۇ-دىيەتنىڭ تۈپ شەكىللىرىنى پۇختا تۇرغۇزغان» دۇنيا ئەندىزىچە-لىكى ھەقىقەتەنمۇ گېگېلنىڭ لوگىكا ئىلمىنىڭ چەكسىز يۈزە بولغان قايتا ئىشلەنگەن نۇسخىسى بولۇپ چىقتى ۋە ئۇ گېگېلنىڭ لوگىكا ئىلمىگە ئوخشاشلا: مۇشۇ دۇنياغا «قوللىنىش» لازىم بولغان بۇ «تۈپ شەكىللەر» ياكى لوگىكىلىق فەنچۇلار دۇنيادىن ئاۋال ۋە دۇنيانىڭ سىرتىدا مەلۇم جايدا سىرلىق ھالدا مەۋجۇت بولغان، دەپ خۇراپىلارچە ئىشىنىدىغان بولۇپ چىقتى. تەبىەت پەلسەپىسى بىزگە «ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتى»نى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاسمان جىسىملىرى يەنخۇاشۇيىسىنى بەردى، بۇنداق ھالەتنى پەقەت ماددا بىلەن ھەركەتنىڭ باغلىنىشى توغرىسىدىكى ئەسلا قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان گادىرماش ئىدىيە ئارقىلىقلا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ھالەتنىڭ ھەركەتكە كىرىشىگە بىردىن-بىر ياردەم قىلالايدىغان، رىيال دۇنيادىن تاشقىرى بولغان، ئادەملەشتۈرۈلگەن خۇدا مەۋجۇت، دەپ پەرەز قىلغاندىلا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئورگانىك دۇنيانى بايان قىلغان ۋاقىتتا، رىياللىق پەلسەپىسى ئالدى بىلەن دارۋىن ئاچقان ياشاش ئۈچۈن كۈرەش ۋە تەبىى تاللىنىشنى «ئىنسان تەبىىتى بىلەن دۈيكاڭ بولغان بىر خىل

هايۋان تەبىئىتى» دەپ قاراپ ئىنكار قىلىندۇ، كېيىن يەنە بۇ ئىككىسىنى تەبىئەت دۇنياسىدا رول ئوينايدىغان ئامىللار سۈپىتىدە — گەرچە ئىككىنچى ئورۇندىكى ئامىللار بولسىمۇ — ئارقا ئىشىكتىن كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، رىياللىق پەلسەپىسى يەنە پۈرسەت تېپىپ شېكۆۋشۇپ ساھەسىدە ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق بىلىمسىزلىكنى كىشىلەر ئاممىباپ ئىلمىي نۇتۇقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى ھەتتا ئۇقۇمۇشلۇق تەبىقىغە تەۋە قىزلار ئىچىدىمۇ كۆندۈزى چىراق يېقىپ ئىزلەش لازىم ئىدى. ئەخلاق ۋە قانۇن ساھەسىدە رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ رۇسسونى چاكىنىلاشتۇرۇشى ئالدىنقى قىسىمدا كېكېلنى يۇزەلەش-تۇرۇشىدىن ياخشىراق بولمىدى؛ قانۇنشۇناسلىق جەھەتتىمۇ شۇنداق بولدى، گەرچە ھەممە تىرىشچانلىقلار بىلەن كىشىلەرنى ئەكسىچە نەرسىگە ئىشەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ھەتتا ئەڭ چاكىنا كونا پرۇسسىيە قانۇنشۇناسلىرى ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىلىمسىزلىكنى ئىسپادىلىدى. «پەقەت پەرەز قىلىنغان ھەرقانداق ئۇيۇق سىزىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ»غان پەلسەپە قانۇن جەھەتتە بولسا پرۇسسىيە باڭ قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى بىلەن ياپسا كېلىدىغان چىن ئۇيۇق سىزىقى بىلەن قانائەتلىنىدۇ. خۇددى بىز «ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت» ۋە «مۇتلەق ئاساس»نى كۆتۈپ تۇرغىنىمىزغا ئوخشاش، بۇنداق پەلسەپىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆچلۈك رەۋىشتە ئۆزگىرىش ياسايدىغان ھەركىتىدە بىزگە ئېچىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان «تاشقى تەبىئەت ۋە ئىچكى تەبىئەتنىڭ يېرى ۋە ئاسمىنى»نىمۇ كۆتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتە «جۇگۇەن جەھەتتە چەكلەنگەن دۇنيا-

قاراش»نىڭ ھەرقانداق خاھىشىنى «رەت قىلىدىغان» بۇ پەيلاسوپ جۇڭگۇەن جەھەتتە ئۇزىنىڭ ئىنتايىن چالا ئىكەنلىكى تەستىقلانغان بىلىشى، تار شىڭگىرشاگشۇبىلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە كۆلىكىلىك ھالدىكى چوڭچىلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەتتا ئۇزىنىڭ باللارچە ئاجايىپ-غارايىپ خىياللىرى بىلەنمۇ چەكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇزىنىڭ تاماكىنى، مۇشۇكىنى ۋە يەھۇدىيلارنى يامان كورۇشىنى ئومۇمىيۇزلۇك ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەت تەرىقىسىدە يەھۇدىيلارنى ئۇز ئىچىگە ئالغان پۇتۇن ئىنسانىيەتكە تاڭمايدىغان بولسا، بۇنداق رىياللىق پەلسەپىسىنى ياساپ چىقالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا قوللانغان «ھەقىقى پىپەنلىك نۇقتىسىنەزىرى» باشقىلار ھېچقاچان ئېيتىمىغان بەلكى دىيۇرىك ئەپەندى ئۇز قولى بىلەن ياساپ چىققان نەرسىنى ئۇلارغا تەرسالىق بىلەن تېڭىپ تۇرۇۋالغانلىقىدا. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىممىتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ راھىتىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دىگەنگە ئوخشاش چاكىنا تىمىلاردا ئىشلىگەن قەلەندەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىلىدىغان سۇيۇق بوتقىسى[84] چاكىنا ئادەملەرنىڭ ھىدى بىلەن تولغان، بۇ ئۇنىڭ كىتىبىنىڭ فائۇستىغا بولغان غەزىۋىنى تولۇق چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، كىتىبىنىڭ جىددى رىياللىق پەيلاسوپى ۋاگنېرنى ئەمەس، بەلكى ئەخلاقسىز فائۇستىنى باش قەھرىمان قىلغانلىقى كەچۇرگۇسىز ئىش ئىدى. — قىسقىسى، كىگىلنىڭ سوزى بىلەن ئېيتساق، رىياللىق پەلسەپىسى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا دەل «گېرمانىيىنىڭ ئاتالمىش مەرىپەتچىلىك تەلىماتىنىڭ ئەڭ سۇيۇق ئادىپى»دىن ئىبارەت، ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە بىر قاراپلا بايقىۋېلىشقا بولىدىغان ئادەتتىكى كورۇنۇشى مۇقەددەس يارلىقچە پارچە-پۇرات سوزلەرنىڭ ئارىلاش-

تۈرۈلۈشى ئارقىسىدىلا قويۇقلىشىدۇ ۋە دۇغلىشىدۇ. بىز پۈتۈن كىتاپنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتىمىزدا، بىلىۋالغان نەرسىمىز يەنىلا پۈتۈنلەي ئاۋالقىدەك بولىدۇ، بەلكى شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، «يېڭى تەپەككۇر شەكلى»، «ئۈزۈل - كېسىل ئۆزىگە خاس خۇلاسىلەر ۋە نۇقتىنەزەرلەر» ۋە «تىنىش ياراتقۇچى ئىدىيىلەر» ھەقىقەتەن بىزنى تۈرلۈك يېڭى ئاساسسىز سۆزلەر بىلەن تەمىن ئەتتى، لېكىن ئۇنىڭدا بىزنىڭ بىرەر نەرسە ئۆگىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدىغان بىر قۇرمۇ سۆز يوق. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ۋە شاگىرتلىرىنى داقا - دۇمباق چېلىپ ماختاشتا بازاردا ۋاقىراپ يۈرۈپ مال ساتىدىغان ئەڭ پەسكەش سېتىقچىدىنمۇ قېلىشمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ داغدۇغىلىق سۆزلىرىنىڭ كەينىدە ھېچنىمە يوق، قۇپ - قۇرۇق — بۇ ئادەم تېخى قىشت، شىللىق ۋە گېگىلغا ئوخشاش كىشىلەرنى جاھان ئالدامچىلىرى دەپ ئاتاشقا پېتىنىدۇ، ئۇلاردىن ئەڭ ئەرزىمەس بولغىنىمۇ، ھەر ھالدا، دېيۈرىڭ ئەپەندىگە قارىغاندا كاتتا ئادەم ھېساپلىنىدۇ. ھەقىقەتەن جاھان ئالدامچىسى بار، لېكىن كىم؟

# ئىككىنچى قىسىم  سىياسى ئىقتىسات

## 1. دۇيشياڭ ۋە ئۇسۇل

سىياسى ئىقتىسات، ئەڭ كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە ماددى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل جىۋنىڭ. ئىشلەپچىقىرىشنى ئالماشتۇرۇشسىزمۇ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ ئالماشتۇرۇش — دەل ئۇ باشلىنىش بىلەنلا مەھسۇلاتلار ئالماشتۇرۇلۇشى بولغانلىقتىن — ئىشلەپچىقىرىشسىز ۋۇجۇتقا كېلەلمەيدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائى جىۋنىڭنىڭ ھەر بىرى كوپىنچە ئالاھىدە تاشقى رولنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كوپىنچە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى خىل جىۋنىڭ ھەر بىر دەقىقىدە بىر بىرىنى چەكلەپ ۋە بىر بىرىگە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇكى، ئۇلارنى ئىقتىسادىي ئەگرى سىزىقلارنىڭ خېكزوبىياۋسى ۋە زۇكزوبىياۋسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش ۋاقتىدا تۇرغان شارائىتى ھەرقايسى مەملىكەتلەردە ھەر خىل بولىدۇ، ھەر بىر مەملىكەتتە بولسا، ھەرقايسى ئەۋلات دەۋرىدە يەنە ھەر خىل

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسى ئىقتىساتىنىڭ بارلىق مەملىكەت ۋە بارلىق تارىخىي دەۋر ئۈچۈن بىر خىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ياۋايى ئادەملەرنىڭ يا ۋە ئوقلىرى، تاش پىچاقلىرى ۋە مۇستەسنا ھالدىلا كورۇلىدىغان ئالماشتۇرۇش ئالاقىلىرىدىن ملك ئات كۈچىگە ئىگە پار ماشىنىسىغىچە، توقۇمىچىلىق ماشىنىسى، تومۇريول ۋە ئەنگلىيە بانكىسىغىچە ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىلىق بار. ئوتلۇق يەر تارىلىدىكى ئاھالە كەڭ كولەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە دۇنيا سودىسى ئېلىپ بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن، شۇنداقلا چەك ھايانكەشلىكى ياكى جياۋىيسو ۋەيرانچىلىقى يۈزبېرىش دەرىجىسىگىمۇ يەتمىگەن. كىمكى ئوتلۇق يەر تارىلىنىڭ سىياسى ئىقتىسادىنى ھازىرقى زامان-دىكى ئەنگلىيىنىڭ سىياسى ئىقتىسادى بىلەن ئوخشاش بىر قانۇنىيەت ئاستىغا قويماقچى بولسا، ئۇ ھالدا، كونىراپ كەتكەن ئادەتتىكى پاراڭلاردىن باشقا، ئۇ، روشەنكى، ھېچقانداق نەرسىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسى ئىقتىسات — ماھىيەتتە **تارىخىي** پەن. ئۇنىڭ چېتىلىدىغىنى تارىخىي يەنى دائىم ئوزگىرىپ تۇرىدىغان ماتېرىياللار بولىدۇ؛ ئۇ، ئەڭ ئاۋال، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئالاھىدە قانۇن-يەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، بەلكى ئۇ پەقەت مۇشۇنداق تەتقىقاتنى ئورۇنلىغاندىن كېيىنلا، سانى كوپ بولمىغان، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەت-لەرنى تىكلىيەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوز ئوزىدىن مەلۇمكى، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ۋە ئالماشتۇرۇش شەكلىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنىيەتلەر مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش شەكلىگە ئىگە بارلىق تارىخىي دەۋرلەرگىمۇ

ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، مىتال پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، بىر قاتار قانۇنىيەتلەر رول ئوينىشقا باشلىدى، بۇ قانۇنىيەتلەر مىتال پۇل بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان بارلىق مەملىكەت ۋە بارلىق تارىخىي دەۋرلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تارىختا مۇئەييەن جەمىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە يوللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، شۇ جەمىيەتنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھسۇلاتلارنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئۇسۇلى ۋە يولىمۇ پەيدا بولغان. ئومۇم يەر مۇلۇكچىلىكى يولغا قويۇلغان ئۇرۇقداشلىق گۇڭشېسىدا ياكى يېزا گۇڭشېسىدا (بارلىق مەدىنى مىللەتلەر تارىخقا ئەنە شۇنداق گۇڭشې بىلەن ياكى ئۇنىڭ ئىنتايىن روشەن قالدۇقلىرى بىلەن كىرگەن) مەھسۇلاتلارنىڭ خېلىلا باراۋەرلىك ئاساسىدا تەقسىم قىلىنىشى تامامەن ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق؛ ئەگەر ئەزالار ئارىسىدا تەقسىمات جەھەتتە چوڭراق باراۋەرسىزلىك تۇغۇلغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ گۇڭشېنىڭ پارچىلىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. — مەيلى يىرىك دىخانچىلىقتا بولسۇن، ياكى ئۇششاق دىخانچىلىقتا بولسۇن، ھەرقايسىسى ئۆزى تەرەققىي قىلىپ چىققان تارىخىي ئالدىنقى شەرتلەرگە قاراپ، ئىنتايىن پەرقلىق تەقسىمات شەكلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ناھايىتى روشەنكى، يىرىك دىخانچىلىق بەلگىلىگەن تەقسىمات ھامان ئۇششاق دىخانچىلىق بەلگىلىگەن تەقسىماتتىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ؛ يىرىك دىخانچىلىق سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلارنى — قۇلدارلار بىلەن قۇللار، پومېشچىكلار بىلەن مېھنەتكەش دىخانلار، كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقلارنى

ئالدىنقى شەرت قىلدۇ، ياكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: ئۇششاق دېخانچىلىقتا بولسا دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي پەرقلەر ھەرگىز قانداقتۇ بىر ئالدىنقى شەرت ئەمەس، ئەكسىچە، دەل مۇشۇنداق پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇغى ئۇششاق دېخان ئىگىلىكىنىڭ پارچىلىنىشقا باشلىغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ. — بۈگۈنكى كۈنگىچە پەقەت ياكى ئاساسەن تەبىي ئىگىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەملىكەتلەردە مېتال پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ھامان بۇرۇنقى تەقسىماتتىكى يا ئاستا، يا تېز ئۆزگىرىش بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى، دىمەك، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك يەنى كەمبەغەللەر بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ كەلدى. — ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەھەللىۋى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى چوڭ كاپىتالىستلار ۋە ئومۇرلۇك ياللانما ئىشچىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مۇمكىنچىلىك بەرمەيتتى، خۇددى ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتى، بۈگۈنكى ئامانەت-قەرز تۈزۈمى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالماشتۇرۇش شەكلى يەنى ئەركىن رىقابەت مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنى تۇغدۇرىدىغانلىغىغا ئوخشاش.

لېكىن، تەقسىماتتىكى پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، **سىنىپىي پەرقلەر**مۇ كېلىپ چىقتى. جەمئىيەت ئىمتىيازدىن پايدىلانغۇچى ۋە زىيانغا ئۇچرىغۇچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈندى، بىر ئۇرۇقتىكى

ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ تەبىي شەكىللەنگەن گۇرۇھلىرىدىن دەسلەپ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى (مەسىلەن، شەرقتە يەر سۇغۇرۇش) قوغداش، تاشقى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئۇيۇشۇپ چىققان دۆلەتنىڭ ئالدىغا شۇنىڭدىن باشلاپ مۇنداق مەقسەت قويۇلدى: ھۆكۈمران سىنىپنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ھۆكۈمرانلىق شارائىتىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ساقلاش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپقا قارشى تۇرۇش.

بىراق تەقسىمات ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ پەقەت پاسسىپ مەھسۇلىلا ئەمەس؛ ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاشلا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر خىل يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ياكى ئالماشتۇرۇش شەكلى ھە دىگەن ۋاقىتتىلا كونا شەكىلنىڭ ۋە بۇنىڭغا ئۇيغۇن بولغان سىياسى مۇئەسسىسەلەرنىڭلا توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ قالماي، بەلكى كونا تەقسىمات ئۇسۇلىنىڭمۇ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش شەكلى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزلىرىگە ئۇيغۇن بولغان تەقسىماتقا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قانچە جانلانسا، ئۇسۇش ۋە تەرەققىي قىلىش قابىلىيىتىگە قانچە ئىگە بولسا، تەقسىماتمۇ ئۆز ئانىسىدىن ئۆتۈپ كېتىش باسقۇچىغا، ھازىرغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇنۇشۇش باسقۇچىغا شۇنچە چاپسان يېتىپ بارىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قەدىمقى زاماندىكى تەبىي شەكىللەنگەن گۇڭشېلار، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مال-مۈلۈك

جەمئىيەتتىكى پەرقلەر تۈگۈلۈپ پارچىلىنىش باشلانغانغىچە، نەچچە مىڭ يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، ھىندىلار بىلەن سلاۋيانلاردا ھازىرغىچە يەنىلا شۇنداق. ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشى بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولغىنىغا تېخى 300 يىل بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پەقەت يىرىك سانائەت مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان يەنى 100 يىلدىن بۇيانلا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى، لېكىن بۇ قىسقىغىنا مەزگىل ئىچىدە ئۇ تەقسىماتتىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى — بىر تەرەپتىن، كاپىتال ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا توپلاندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېچنىمىسى يوق ئاما چوڭ شەھەرلەرگە مەركەزلەشتى، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇقەررەر ھالدا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

ھەر بىر خىل جەمئىيەتنىڭ تەقسىماتى بىلەن ماددىي ياشاش شارائىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىدە شۇنچە چوڭقۇر ساقلانغانكى، ئۇ خەلقنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىدا دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرغان چاغدا، ھەتتا بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن بولغان تەقسىمات ئۇسۇلىدىن زىيان تارتقان كىشىلەرمۇ بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ. يىرىك سانائەت ئەۋج ئالغان دەۋردىكى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى شۇنداق قىلغان ئىدى. بۇلا ئەمەس، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەمئىيەت ئۈچۈن تېخى نورمال بولۇپ تۇرغان چاغدا، بۇنداق تەقسىماتتىن رازى بولۇش كەيپىياتىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇ چاغدا

ئېتىراز چىقىپ قالغان تەقدىردە، پەقەت ھوكۇمران سىنىپىنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ (سېن-سىمون، فۇرىيې، ئوۋېن)، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئامما ئارىسىدا بولسا دەل ھېچقانداق ئاۋاز قوزغۇلىشىدىن ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ زاۋاللىق باسقۇچىنىڭ خېلى زور مۇساپىسىنى بېسىپ بولغان چاغدا، ئۇنىڭ يېرىمى چىرىپ بولغان چاغدا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنىڭ كوپ قىسمى يوقىلىپ، ئۇنىڭ داۋامچىسى ئىشىك قاققان چاغدا — پەقەت شۇ چاغدىلا، بارغانسىرى باراۋەرسىز بولۇۋاتقان مۇنداق تەقسىمات ئادالەتسىز دەپ تونۇلىدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا، كىشىلەر ۋاقتى ئۆتكەن پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ مەڭگۈلۈك ئادالەت دېگەن نىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئەخلاق ۋە قانۇنغا بۇنداق مۇراجىئەت قىلىش پەن جەھەتتىن بىزنى قىلچە ئالغا باستۇرالمايدۇ؛ مەنىۋى جەھەتتىكى غەزەپ، ھەرقانچە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسۇن، ئىقتىسادىي پەن ھامان ئۇنى دەلىل دەپ قارىيالمايدۇ، بەلكى پەقەت سىمۋول دەپلا قارايدۇ. ئەكسىچە، ئىقتىسادىي پەنىنىڭ ۋەزىپىسى ھازىر كورۇنۇشكە باشلىغان ئىجتىمائى ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پات ئارىدا پارچىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ھەمدە پارچىلىنىۋاتقان ئىقتىساتنىڭ ھەركەت شەكلى ئىچىدە كەلگۈسىدە بولىدىغان، بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتەلەيدىغان ئامىللارنى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى ۋە ئالماشتۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ ئامىللىرىنى تېپىشتىن ئىبارەت. غەزەپ شائىرلارنى ۋۇجۇتقا كەل-

تۇرىدۇ[85]، غەزەپ بۇ ئىللەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ياكى هوكۇمران سىنىپ ئۇچۇن بۇ ئىللەتلەرنى ئىنكار قىلىپ ياكى گۇزەللەشتۇرۇپ كەلگەن ماسلاشقۇچىلارغا دەككە بەرگەندە پۇتۇنلەي ئورۇنلۇق بولىدۇ، لېكىن غەزەپ يۇقۇرىدىكىدەك هاللاردا ئىشلىتىلسىلا، ئۇ **ئىسپاتلاپ** بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ نەقەدەر ئاز بولىدىغانلىقىنى توۋەندىكى پاكىتلاردىن ئېنىق كورگىلى بولىدۇ: هازىرغىچە ئوتكەن پۇتۇن تارىختىكى **هەر بىر** دەۋردىن بۇنداق غەزەپ ئۇچۇن يېتەرلىك ماتېرىيال تاپقىلى بولىدۇ.

تۇرلۇك ئىنسانىيەت جەمىيەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ هەمدە بۇلارغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەهسۇلاتلارنى تەقسىم قىلىشنىڭ شەرتلىرى ۋە شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغان سىياسى ئىقتىسات، — مۇشۇنداق كەڭ مەنىدىكى سىياسى ئىقتىسات تېخى يارىتىلىشى كېرەك. هازىرغىچە بىزنىڭ ئىقتىسادىي پەنگە دائىر ئىگەللىگەن نەرسىلىرىمىز دىگۇدەك پەقەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەنلا چەكلەندى: ئۇ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ قالدۇقلىرىنى پىپەن قىلىشتىن باشلاپ، بۇلارنىڭ ئورنىغا مۇقەررەر يوسۇندا كاپىتالىستىك شەكىللەرنىڭ دەسسەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىجابى تەرەپتىن يەنى ئومۇمى ئىجتىمائى مەقسەتلەرنى ئىلگىرى سۇرۇش تەرىپىدىن شەرهىلىدى، ئاخىردا كاپىتالىستىك ئىشلەپ چىقىرىش ئۇسۇلى ئۇستىدە سوتسىيالىستىك پىپەن يۇرگۇزدى،

دىمەك، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى سەلبىي تەرەپتىن بايان قىلىپ، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەمدى مەۋجۇت تۈرىنىڭ ئىچىدە قانداق قىلىپ قوغدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پىيەن مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئالماشتۇرۇش شەكلى كۈندىن ـ كۈنگە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى چىداشلىق بېرەلمەيدىغان كىشەنگە ئايلاندى؛ بۇ شەكىللەر مۇقەررەر يوسۇندا تۇغدۇرغان تەقسىمات ئۇسۇلى كۈندىن ـ كۈنگە چىدىغىلى بولمايدىغان سىنىپىي ئەھۋالنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، سان جەھەتتىن بارغانسىرى ئازىيىپ لېكىن بارغانسىرى بېيىپ بېرىۋاتقان كاپىتا ـ لىستلار بىلەن سان جەھەتتىن بارغانسىرى كۆپىيىپ ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەھۋالى بارغانسىرى يامانلىشىپ بېرىۋاتقان ھېچنىمىسى يوق ياللانما ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆتكۈرلىشىـ ۋاتقان قارىمۇ ـ قارشىلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى؛ ئاخىردا، كاپىتا ـ لىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۆزى ئەمدى يۈگەنلىيەلمەي قالغان، زور مىقتاردا بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىدا ياشاش ۋە ئۆز قابىلىيەتلىرىنى ئەركىن ئۇستۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بەلكى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان كولەمدە كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، پىلانلىق ھەمكارلىشىش يولىدا ئۇيۇشقان جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈشىنى كۈتمەكتە.

بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىقى ئۈستىدە بۇنداق پىيەننى ئەتراپلىق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىمات شەكىللىرىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايتتى. بۇ شەكىللەردىن

ئاۋال تۇغۇلغان شەكىللەرنىمۇ ياكى ئانچە تەرەققى قىلمىغان مەملىكەتلەردە بۇ شەكىللەر بىلەن بىر ۋاقىتتا بىللە مەۋجۇت تۇرغان شەكىللەرنىمۇ ئوخشاشلا تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش، كەم دىگەندە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ھازىرغا قەدەر، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇشنى پەقەت ماركسلا ئېلىپ باردى، شۇڭا، بۇرژۇئازىيىدىن بۇرۇنقى نەزىرىيىۋى ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتە ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلارنىڭ ھەممىسنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا مەنسۇپ قىلىشىمىز كېرەك.

تار مەنىدىكى سىياسى ئىقتىسات 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بەزى تالانت ئىگىلىرىنىڭ كاللىسىدا تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونۇڭ ـ شۇيېپەي ۋە ئادام سىمىت تەرىپىدىن ئىجابى شەرھىلەنگەن تار مەنە ـ دىكى سىياسى ئىقتىسات ماھىيەتتە 18 ـ ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ شۇ زاماندىكى ئۇلۇق فرانسىيە مەرىپەتچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ـ لىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا شۇ زامانغا خاس بارلىق ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرمۇ بار. بىزنىڭ مەرىپەتچىلەر توغرىسىدا ئېيتقان سوزلىرىمىز① شۇ زاماندىكى ئىقتىساتشۇناسلار ـ غىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېڭى پەن ئۇلارنىڭ دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋە ئېھتىياجلارنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ئەقىلنىڭ ئىپادىسى ئىدى، يېڭى پەن كەشپ قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش قانۇنىيەتلىرى تارىخىي يوسۇندا بەلگىلەنگەن ئىقتىساتنىڭ پائالىيەت شەكىللىرىنىڭ

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 25 — 27 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

قانۇنىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك تەبىي قانۇنىيەتلەر ئىدى: بۇلار ئادەمنىڭ تەبىتىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. لېكىن، سىنجىلاپ كۆزەتسەك، بۇ ئادەم شۇ چاغدا بۇرژۇئازغا ئايلىنىۋاتقان ئوتتۇرا شەھەر ئاھالىسىدىن، ئۇنىڭ تەبىتى بولسا شۇ چاغدىكى تارىخىي يوسۇندا بەلگىلەنگەن مۇناسىۋەتلەردە سانائەت ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت.

بىز بىزنىڭ «پىپەتلىك ئاساس سالغۇچى»مىز بولغان دىيۇرىڭ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلى بىلەن پەلسەپە جەھەتتىن تولۇق تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىياسىي ئىقتىسادنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن ھۆكۈم قىلىشىمىزمۇ تەس ئەمەس. پەلسەپىدە، ئۇ ئاددى يوسۇندىلا ئاغزىغا كەلگىنىنى سوزلەۋەرمەيدىغان چاغدا (تەبەت پەلسەپىسىدىكىدەك)، ئۇنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى 18 ـ ئەسىردىكى نۇقتىنەزەرلەرنىڭ بۇرمىلىنىشى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ يەردە چېتىلىدىغىنى تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى تەبىي قانۇنىيەتلەر، مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەر. ئەخلاقتا ۋە قانۇنغا ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شۇ چاغدا تارىخىي يوسۇندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتلارغا قاراپ بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى مەشھۇر ئىككى ئەر كىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئىككى كىشىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى يا ئېزىدۇ، يا ئەزمەيدۇ، ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئەھۋال تا ھازىرغىچە تېخى كورۈلۈپ باقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىز تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقارساق بەلكىم خاتا بولماس: دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىقتىسادشۇناسلىقنىمۇ ئوخشاشلا ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەتكە، مەڭگۈلۈك تەبىي قانۇنىيەتلەرگە، مەنىداش قايتۇرما

سوز بولغان قىلچە مەزمۇنسىز گۇڭگۇللارغا ئاپىرىپ تاقىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇزى بىلىدىغان ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ھەممە ئەجابىي مەزمۇننى قايتا ئارقا ئىشىكتىن ئوغرىلىقچە كىرگۇزۇشى مۇمكىن؛ ئۇ ئىجتىمائى ھادىسە بولغان تەقسىماتنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن كەلتۇرۇپ چىقارماي، بەلكى ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىشنى ئۇزىنىڭ ھېلىقى ئاتاقلىق ئىككى ئەر كىشىسىگە تاپشۇرۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە بۇرۇندىنلا تونۇش نەيرەڭلەر بولغانلىقتىن، بىز بۇ يەردە قىسقىچىراق توختالساق بولىدۇ.

راست، 2 ـ بەتتە86 ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە

ئۇزىنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىغى ئۇزىنىڭ پەلسەپىسىدە «ئېنىقلانغان نەرسىلەر»گە بېرىپ تاقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە «بەزى موھىم تەرەپلەردە، يۇقۇرى دەرىجىلىك بولغان، تېخىمۇ يۇقۇرى تەتقىقات ساھەسىدە تاماملانغان ھەقىقەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ»غانلىغىنى جاكالايدۇ.

قەيەردىلا بولسا ۋاتىلداپ ماختانچاقلىق قىلىش. قەيەردىلا بولسا ديۇرىڭ ئەپەندى ئېنىقلىغان ۋە تاماملىغان نەرسە ئۇچۇن ديۇرىڭ ئەپەندى زەپەر مارشى ئېيتىدۇ. ھەقىقەتەن تاماملانغان نەرسە—بۇنى بىز ناھايىتى كوپ كوردۇق، لېكىن تۇتەپ تۇرغان شامنى ئۇچۇرگەندەك تاماملانغان①.

شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا

«بارلىق ئىگىلىكنىڭ ئەڭ ئومۇمى تەبىي قانۇنىيەتلىرى»

نى كورىمىز—دىمەك، بىز دەل تېپىپتۇق.

---

① قوش مەنىلىك سوز: «تاماملاش»نىڭ ئەسلىسى «ausmachen»، لېكىن بۇ سوزنىڭ «ئوچۇرۇش» دىگەن مەنىسىمۇ بار. — تەھرىردىن

بىراق بۇ تەبىي قانۇنىيەتلەر ئۆتكەن تارىخنى كىشىلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت بەرسۇن دىسەك، ئۇلارنى پەقەت كىشىلەر «تېخىمۇ توغرىراق بەلگىلىمە — بۇنىڭغا بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى سىياسى جەھەتتىكى تەۋەلىك شەكىل ۋە گۇرۇھلارغا بولۇنۇش شەكلى ئارقىلىق ئېرىشكەن — بىلەن تەتقىق قىلىشى كېرەك. قۇللۇق تۈزۈم ۋە يالLانما قۇللۇق تۈزۈمگە ئوخشاش تىجژلا ۋە ئۇلارنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشى يەنى زورلۇق كۈچكە ئاساسلانغان مۇلۇكچىلىك ھەقىقى سىياسى خاراكتىردىكى ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ شەكىللىرى دەپ قارىلىشى كېرەك، ئۇلار ھازىرغىچە ئۆتكەن دۇنيادا شۇنداق رامكا تۈزدىكى، ئىگىلىكنىڭ تەبىي قانۇنىيەتلىرى پەقەت مۇشۇنداق رامكا ئىچىدىلا ئۆزلىرىنىڭ روللىرىنى روشەن كورسىتەلىدى».

بۇ سوزلەر باشلىنىش نەغمىسى بولۇپ، خۇددى ۋاگنېرنىڭ ئوپېراسىنىڭ ئاساسىي مۇزىكىسىغا ئوخشاش، بىزگە ھېلىقى داڭلىق ئىككى ئەر كىشىنىڭ سەھنىگە چىقىدىغانلىغىنى مەلۇم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ تېخى كوپ ئەرسىلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ دىيۇرىڭنىڭ پۈتۈن كىتاۋىنىڭ باش تېمىسى. دىيۇرىڭ ئەپەندى قانۇن توغرىسىدا توختالغاندا، رۇسسونىڭ باراۋەرلىك نەزىرىيىسىنى ئوسال سوتسىيالىستىك تىلغا تەرجىمە قىلىۋالغىنىدىن باشقا①، بىزگە ھېچنەرسە بېرەلمەيدۇ، ھالبۇكى، بۇنىڭدىن كوپ ياخشى تەرجىمىسى نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان پارىژدىكى ھەر بىر ئىشچىلار كافېيخانىسىدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئۇ ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ دولەتنىڭ ئارىلىشىشى، زورلۇق كۈچىنىڭ ئارىلىشىشى ئىگىلىك جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك تەبىي قانۇنىيەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ روللىرىنى بۇزمىلىدى دىگەن ئاغرىنىشلىرىنى ياخشىراقلىغى ناتايىن بولغان

---

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 178 — 191-بەتلىرىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

سوتسىيالىستىك تىلغا تەرجىمە قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تېگىشلىك رەۋىشتە سوتسىيالىزىمچىلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي يىتىم قالىدۇ. ھەر بىر سوتسىيالىست ئىشچى، قايسى مەملىكەتلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇنۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ: زورلۇق كۈچ پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيىنى قوغدايدۇ، لېكىن ئېكسپىلاتاتسىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ؛ كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىلا ئۇزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسى، بۇنداق مۇناسىۋەت ھەرگىز زورلۇق كۈچ يولى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ، بەلكى ساپ ئىقتىسادىي يول بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

داۋامدىن ئاڭلايمىزكى،

بارلىق ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە «ئىككى خىل جەريانىنى يەنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بىلەن تەقسىمات جەريانىنى ئاجرىتىشقا بولىدۇ». بۇلاردىن باشقا، يۈزەلىكتە داڭ چىقارغان ژ. ب. سەي يەنە ئۈچىنچى خىل جەريانىنى يەنى خوراش جەريانى، ئىستىمال جەريانىنى قوشتى، لېكىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ جەھەتتە ھېچقانداق داۋلى كورسىتىپ بېرەلمىدى. بىراق، ئالماشتۇرۇش ياكى ئايلىنىش پەقەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر شياگمۇسى، مەھسۇلاتلارنى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ھەقىقى ئىستىمال قىلغۇچىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشكىچە بېسىپ ئوتۇشكە تېگىشلىك بولغاننىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىدۇ.

دېيۈرىڭ ئەپەندى گەرچە بىر بىرىنى چەكلەپ تۇرسىمۇ لېكىن ماھىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئايلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى جەريانىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە بىخارامان ھالدا بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش پەقەت «قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى دەل

شۇ ئايلىنىشنىڭ يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە بېسىپ ئۆتكەن غايەت زور تەرەققىياتىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ياكى چۈشەنمەيدىغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ؛ ئۇنىڭ كىتاۋىنىڭ تۆۋەندىكى مەزمۇنىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ. تېخى بۇنىڭ بىلەنلا توختىمايدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى بىراقلا يىغىشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش دەپ ئاتىغان ئىكەن، دېمەك، ئۇ تەقسىماتنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ **يېنىغا** قويۇپ، ئۇنى بىرىنچى جەريان بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان، پۈتۈنلەي سىرتتا تۇرىدىغان ئىككىنچى جەريان قىلىدۇ. لېكىن بىز بىلدۇقكى، تەقسىمات، ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ خۇسۇسىيىتىدىن ئېيتقاندا، ھامان مەلۇم بىر جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەمدە شۇ جەمىيەتنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولىدۇ، بەلكى، بىز مۇشۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئالدىنقى شەرتلەرنى بىلگىنىمىزدىلا، شۇ جەمىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان تەقسىمات ئۇسۇلى ھەققىدە توغرا ھۆكۈم قىلالايمىز. لېكىن بىز شۇنىمۇ بىلىمىزكى، ديۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەخلاق، قانۇن ۋە تارىخ توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرلىرى جەھەتتە «ئېنىقلىغان» پرىنسىپلىرىغا ئاسىلىق قىلىشنى خالىمىسا، بۇ تۈپ ئىقتىسادىي پاكىتنى ئىنكار قىلماي بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى ئەر كىشىسىنى ئىقتىساتشۇناسلىققا ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈشكە ئېھتىياج چۈشكەندە ئىنكار قىلماي تۇرالمايدۇ. تەقسىمات ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن بارلىق باغلىنىشنى ئۈستىلىق بىلەن ئۈزگەندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇق ۋەقە سادىر بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاۋال ئەخلاق ۋە قانۇن ئۈستىدە

مەسلىنىڭ قانـداق ئېچىلـغانـلىقىنى ئەسلەپ كورەيلى. بۇ يەردە دېيۇرىڭ ئەپەندى گەپنى دەسلەپ بىر ئەر كىشىدىن باشلايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كىشى، ئەگەر يەكـكە ـ يىگـانە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنـسا، ياكـى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقا كىشى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق دەپ تەسـەۋۋۇر قىلىنـسا، ئۇ ھالدا بۇ كىشىدە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتـ ـنىڭ بولۇشى مۇمـكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچـقانـداق مەجـبۇرىيەت مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تىلەكلا بار.»

لېكىن مەسئۇلىيىتى بولمىغان، يەكـكە ـ يىگـانە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنـغان بۇ كىشى جەنـنەتـتىكى بەخـتسىز «ئىپـتىدائى يەھۇدى ئادەمـئاتا»دىن باشقا ــ ئۇ يەردە ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ گۇنا ئۆتكۈزۈشكە ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق، ــ يەنە كىم بولۇشى مۇمكىن؟ لېكىن، رىياللىق پەلسەپىسىدىكى بۇ ئادەمـ ـئاتىمۇ تۇنجى گۇنا ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ ئادەمئاتىنىڭ يېنىدا تۇيۇقـسىزدىن بىر كىشى پەيـدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ بۇدرە چاچـلىرى ساڭـگىلاپ تۇرغان ھاۋائانا بولـمىســمۇ، ئىككـىنـچى ئادەمئاتا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمئاتىدا دەرھال مەسئۇلىيەت بولىدۇ، بەلكى......بۇ مەسئۇلىيەتنى بۇزىدۇ. ئۇ بۇ قېرىنداشنى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىـگە كىشى سۈپىتىدە ئۆز قويـنىغا ئالمايدۇ، بەلـكى ئۇنى ئۆز ھوكۇمـرانـلىقىغا مەجبۇرى بويسۇندۇرۇپ، قۇل قىلـدۇ ــ دۇنـيانىڭ پۈتۈن تارىخى تا بۈگۈنـكى كۈنـگىچە ئەشۇ بىرىنچى قېتىم گۇنا ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دەردىنى، باشقىلارنى قۇللۇققا چۈشۈرىدىغان تۇنجى گۇنانىڭ دەردىنى تويغۇدەك تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، دېيۇرىڭ ئەپەنـدىنىڭ قارىشىچە، بۇ

تارىخ ئۇچ يارماققىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

كېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلى، ئەگەر ديۇرىڭ ئەپەندى «ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش»نى تۇنجى گۇنانى ئۆتكۈزۈش ۋە گۇنادىن ساقىت بولۇش توغرىسىدىكى قەدىمىي ھېكايىلەرنىڭ كۆچۈرمىسى دەپ ئاتاپ، ئۇنى شەرمەندە قىلدىم دەپ ھېساپلىغان بولسا، ئۇ ھالدا، **ئۇنىڭ** ئۆزى چىقارغان شۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىسى توغرىسىدا نېمە دېسەك بولاركىن؟ (گۇنادىن ساقىت بولۇش توغرىسىدا، ئۆملىگۈچى قۇرۇت مەتبۇئا-تىنىڭ[87] سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كەلگۈسىدە يەنە «تەپسىلى تەتقىقات» ئېلىپ بارىمىز.) قانداق بولسا بولسۇن، بىز قەدىمقى سېمىت قەبىلىسىنىڭ راۋايىتىنى تاللىۋېلىشنى خالايمىز، بۇ راۋايەت بويىچە، ئەر ۋە ئايال ئۇچۇن گۇناسىز ھالەتتىن چىقىشقا كۈچ سەرپ قىلىش ئەرزىيدۇ، ديۇرىڭ ئەپەندى ئىككى ئەر كىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇنجى گۇنا توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى توقۇپ چىققان تەڭداشسىز شان-شەرەپتىن بەھرىمەن بولىۋەرسۇن.

ئەمدى بىز ئۇنىڭ تۇنجى گۇنانى ئىقتىساتشۇناسلىق تىلىغا قانداق تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى:

«روبىنسون توغرىسىدىكى ئىدىيە، قانداق بولمىسۇن، ئىشلەپچىقىرىش ئۇقۇمى ئۇچۇن مۇۋاپىق تەپەككۇر ئەندىزىسى بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن يەككە-يېگانە ھالدا تەبىەت دۇنياسىغا قارشى چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلۇم نەرسىگە ھېچكىم بىلەن ئورتاق بولمايدۇ...... تەقسىمات ئىدىيىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق نۇقتىلارنى چۈشەندۈرۈش ئۇچۇن، ئىككى كىشىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى مەقسەتكە ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ ئىككى كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ، روشەنكى،

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئۈلۈشلىرىنى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى لازىم بولىدۇ. بەزى ئەڭ مۇھىم تەقسىمات مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنتايىن پۇختا شەرھلەش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تورەلمە ھالەتتىن، ئۇلارنىڭ لوگىكىلىق زورۇرىيىتىدىن تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، مۇنداق ئاددىي ئېرىيۆەنلۈندىن تاشقىرى، يەنىمۇ كۆپ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن ھاجىتى بولمايدۇ......بۇ يەردە، ئىككى كىشى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئورتاق ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، بىر تەرەپنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش چارىسى بىلەن كۈچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بويسۇندۇرۇلغان تەرەپ قۇل ياكى نوقۇل قورال سۈپىتىدە ئىگىلىكتىكى قارا ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بەلكى قورال سۈپىتىدىلا بېقىلىدۇ......باراۋەرلىك ھالىتى ۋە ئەرزىمەس-كېرەكسىز ھالەت بىر تەرەپ بولىدۇ، پۈتۈن ئەقىل ۋە پۈتۈن قابىلىيەت ھەم يەككە ھالدا ئاكتىپ قاتنىشىش يەنە بىر تەرەپ بولىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار ئارىلىق باسقۇچلار مەۋجۇت، بۇلار دۇنيا تارىخىنىڭ خىلمۇ-خىل ھادىسىلىرى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. بۇ يەردە ماھىيەتلىك، ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت تارىختىكى ھەر خىل ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىز تىجرىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت»......

ئاخىردا بولسا پۈتۈن تەقسىمات مەلۇم

«ئىقتىسادىي جەھەتتىكى .تەقسىمات ھوقۇقى»غا ئايلىنىدۇ.

ئەمدى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئاخىر يەنە مەزمۇت دەسسەپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىككى ئەر كىشىسى بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، دەۋرىمىزگە ئۇرۇش ئېلان قىلالايدۇ.[2] لېكىن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ كەينىدە يەنە نامسىز بىرەيلەن تۇرۇپتۇ.

«كاپىتال قوشۇمچە ئەمگەكنى كەشپ قىلمىغان. جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى لۇڭدۇۋەن قىلىش

ھوقۇقىدىن بەھىرىمەن بولىدىغانلىكى جايلاردا ئەمگەكچىلەر، مەيلى ئەركىلىك ياكى ئەركىسىز بولسۇن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەمگەك ۋاقتىنىڭ سىرتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسىگە تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن نورمىدىن تاشقىرى ئەمگەك ۋاقتى قوشۇشى كېرەك، بۇ ئىگىسى مەيلى ئافىنا ئاقسۆڭىكى، ئېتراسكان راھىبى، رىم شەھەر ئاھالىسى، نورمان نەنجۈپسى، ئامېرىكا قۇلدارى، ۋالاكىيە لىڭجۇسى، ھازىرقى زامان پومىشچىكى ياكى كاپىتالىستى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر.» (ماركس. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 2 ـ نەشرى، 227 ـ بەت)[1]

شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى ھازىرغىچە بولۇپ كەلگەن بارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىگە (ئۇلارنىڭ سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىدىن ئېيتقاندا) ئورتاق بولغان تۈپ ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىككى ئەركىشىسىنى ئىشقا سالىسلا، رىياللىق ئىقتىساتشۇناسلىقىنىڭ تۈپ خاراكتېرلىق ئاساسىنى تىكلىيەلەيدۇ. ئۇ بۇ «تىنىش ياراتقۇچى ئىدىيىلەر»نى قىلىچە ئىككىلەنمەي يولغا قويىدۇ. ئەمگەكچىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىشى ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەمگەك ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەقسىز ئەمگەك ــ موھىم نۇقتا ئەنە شۇ. بۇ يەردە روبىنسون دەپ ئاتالغان ئادەمئاتا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئادەمئاتىسىنى يەنى جۇمەنى جانپىدالىق بىلەن ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن

---

[1] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 8 ـ باپ، 2 ـ بۆلۈمگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

جۇمە ئۇزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغاندىن كوپ ئىشلەيدۇ؟ بۇ مەسىلىگىمۇ ماركىستىن بارا ـ بارا جاۋاپ تېپىشقا بولىدۇ. بىراق ھېلىقى ئىككى ئەر كىشى ئۈچۈن بۇ تولىمۇ چۈۋال ـ چاقلىق بولىدۇ. ئىش بىردىنىلا ھەل بولىدۇ: روبىنسون جۇمەنى «بويسۇندۇرۇپ»، ئۇنى «قۇل ياكى قورال سۈپىتىدە ئىگىلىكتىكى قارا ئىشلارنى قىلىشقا» مەجبۇر قىلىدۇ ۋە «قورال سۈپىتىدىلا» باقىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ ئەڭ يېڭى «ئىجادىي سوز» ئارقىلىق بىر ھەركەت بىلەن ئىككى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ھازىرغىچە بولغان تۇرلۇك تەقسىمات شەكىللىرىنى، ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئەجرىدىن ساقلىنىدۇ: ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ زادى كېرەك يېرى يوق، ھەممىسى بويسۇندۇرۇشنى، زورلۇق كۈچىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىز سەل تۇرۇپ يەنە توختىلىمىز. ئىككىنچىدىن، ئۇ شۇنداق قىلىپ پۈتۈن تەقسىمات نەزىرىيىسىنى ئىقتىساتشۇناسلىق ساھەسىدىن ئەخلاق ۋە قانۇن ساھەسىگە يەنى ئېنىق ماددى پاكىتلار ساھەسىدىن ئازدۇر ـ كوپتۇر ئېنىق بولمىغان پىكىر ۋە تۇيغۇلار ساھەسىگە كوچۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەتقىق قىلىشنىڭ ياكى ئىسپاتلاشنىڭ ئەمدى ھاجىتى قالمايدۇ، بەلكى پەقەت مۇنداقلا ئېلان قىلىپ قويسا، ئۇ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەقسىماتىنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي سەۋەپلىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەخلاقلىق ۋە ئادالەتلىك دەپ قارىغان ئۇسۇل بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندى ئادالەتلىك دەپ قارىغان ئۇسۇل ھەرگىز ئۆزگەرمەي قالمايدۇ، شۇڭا چىن ھەقىقەت بولۇشتىن ناھايىتى يىراق، چۈنكى

چىن ھەقىقەت دىۋرىك ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشىچە «زادى ئۆزگەرمەيدۇ». دىۋرىك ئەپەندى 1868 ـ يىلى مۇنداق دەپ ئۈزۈپ ئېيتقان ئىدى («ئىجتىمائى تەكلىپنامەمنىڭ تەقدىرى»):

«مۇلۇكچىلىكنى كۈندىن ـ كۈنگە كورۇنەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش ھەرقانداق يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ خاھىشى بولىدۇ، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىستىقبالى ھوقۇق دائىرىسى بىلەن ھوكۇمرانلىق دائىرىسىنىڭ ئايرىلىشىپ كېتىشىدە ئەمەس، ئەنە شۇنىڭدا.»

ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ

**«ياللانما ئەمگەكنىڭ باشقا بىر خىل تىرىكچىلىك شەكلىگە ئايلىنىشىنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىنسانىيەت تەبىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ۋە ئىجتىمائى ئورگانىزىمنىڭ تەبىي ـ زورۇر تۈزۈلمىسىگە قانداق ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ»**غانلىقىنى[88] ھەرگىز كورەلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1868ـيىلى: خۇسۇسى مۇلۇكچىلىك ۋە ياللانما ئەمگەك تەبىي ـ زورۇر ئىدى، شۇڭا ئادالەتلىك ئىدى؛ 1876ـيىلى[89]: ھەر ئىككىسى زورلۇق كۈچ ۋە «تالان ـ تاراج»نىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، شۇڭا ئادالەتسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ شۇ قەدەر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىگەن بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن نېمىنى ئەخلاقلىق ۋە ئادالەتلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، قانداق بولمىسۇن، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئەڭ ياخشىسى دىۋرىك ئەپەندىنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىزلىك توغرىسىدىكى بىر دەملىك، ئۆزگىرىشچان جۇگۇەن تەسەۋۋۇرلىرىغا ئەمەس، رىيال، كېگۇەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلساقمىكىن.

ئەگەر بىزنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى تەقسىماتىدىكى ھازىرقى

زامان ئۇسۇلىنىڭ (ئۇ نامراتلىق بىلەن دولەتمەنلىك، ئاچ - زارلىق بىلەن كەيپ - ساپالىق ئوتتۇرىسىدا كەسكىن قارىمۇ - قارشىلىق تۇغدۇرىدۇ) كۈندىن - كۈنگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشكە بولغان ئىشەنچىمىز پەقەت بىر خىل ئاڭغا ئاساسلانغان بولسا، يەنى بۇنداق تەقسىمات ئۇسۇلى ئادالەتلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادالەت كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دەپ ھېساپلايدىغان بولساق، بىزنىڭ ھالىمىز خاراپ بولغان بولاتتى، بىزگە ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. مىڭ يىل داۋام قىلىدىغان دۇنيانىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىشىنى خام خىيال قىلىدىغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى شېنمىجۇيىچىلار سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. يېقىنقى زامان تارىخى باشلانغان مەزگىلدە، بۇنىڭدىن 350 يىل ئاۋال، توماس مىنتسېر بۇ نۇقتىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىغان ئىدى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىمۇ خۇددى شۇنداق سادا چىققان ئىدى، لېكىن كېيىن غايىپ بولدى. سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقلارنى ۋە سىنىپىي پەرقلەرنى يوقىتىش ساداسى 1830 - يىلغىچە ئەمگەكچىلەر ۋە جاپا چەككۈچىلەر سىنىپىنىڭ سالقىن مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان بولسا، ھازىر مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تىلەكداشلىقىغا ئېرىشتى؛ بۇ سادا ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ يىرىك سانائەت تەرەققىياتىدىكى ئوخشاش تەرتىپ ۋە ئوخشاش سىجىللىق بىلەن مەملىكەتلەرنى كەينى-كەينىدىن قوزغىۋەتتى؛ بۇ سادا بىر ئەۋلات ئىچىدە شۇنداق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولىدىكى، ئۇزىگە تاقابىل تۇرۇش يولىدا بىرلەشكەن بارلىق كۈچلەرگە قارشى تۇرالايدۇ ھەمدە يېقىن كەلگۈسىدە غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا چىندىن ئىشىنىدۇ، — بۇ نىمە

سەۋەپتىن بولدى؟ بۇ مۇنداق سەۋەپتىن بولـدى: ھازىرقى زامانـ
ـدىكى يىـرىك سانائەت، بىر تەرەپـتىن، پرولېتارىياتنى ۋۇجۇتـقا
كەلـتۈردى، بۇ سىنىپ مەلۇم بىر ئالاھىدە سىنىپـي تەشـكىلاتنى
ياكى مەلۇم ئالاھىدە سىنىپىي ئىمتىيازنى بىكـار قىلىشنى ئەمەس،
بەلـكى سىنىپلارنى تۈپتىن بىكار قىلىشنى تارىخـتا بىرىنچى قېتىم
تەلەپ قىلالايدۇ؛ بۇ سىنىپنىڭ تۇرغان ئورنى ئۇنى بۇ تەلەپـنى
ئىزچىل ئىجرا قىلىشـقا مەجبۇر قىلدى، ئۇنـداق قىلمىسا، جۇڭگو
مەدىكارلىرىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. يەنە بىر
تەرەپتىن، بۇ يىـرىك سانائەت بۇرژۇئازىـيە ئىچىدە شۇنـداق بىر
سىنىپنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردىكى، ئۇ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى
ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە بولغان لۇڭدۇەنلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن
بولىدۇ، لېكىن ھەر بىر تەلۋىلەرچە ھايانكەشلىك مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن كېلىپ تۇرىدىغان ھەر قېتىملىق يىمىرىلىشتە ئۆزىنىڭ
ھوقۇقىنىڭ سىرتىغا ھالـقىپ چىقـقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچـلىرىگە
داۋاملىق ھوكۇمرانلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى؛
بۇ سىنىپـنىڭ رەھبەرلىكىدە، جەمىيەت، خۇددى مەھـكەم يىپىلىپ
قالـغان ئەنچۇەنـغانى ئېچىشـقا شوپۇرنىڭ كۈچى يەتمەي قالـغان
بىر جىچېغا ئوخشاش، تېز سۈرئەت بىلەن ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.
ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇنداق سەۋەپتىن بولدى:
ھازىرقـى زامان كاپىتالـىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلـى ۋۇجۇتقا
كەلتۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئۇ بەرپا قىلـغان بايلىق
تەقسىم قىلىش تۈزۈمى بىلەن بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ
ئۆزى ئوتتۇرىـسىدا كەسكىن زىـددىيەت پەيـدا بولـدى، بەلـكى
بۇ زىددىيەت شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئەگەر پۈتكۈل ھازىرقى

زامان جەمىيىتىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن تەقسىمات ئۇسۇلىدا بارلىق سىنىپىي پەرقلەرنى تۈگىتەلەيدىغان ئۆزگىرىش ياساش كېرەك. ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمىنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىشىغا بولغان ئىشەنچ كۇتۇپخانىسىغا بېكىنىۋالغان قايسىبىر ئالىمنىڭ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە ئەمەس، بەلكى دەل ئازدۇر-كۆپتۇر ئېنىق بولغان شەكىل ۋە قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان زورۇرىيەت ئارقىلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى پرولېتارلارنىڭ كاللىسىغا سىڭگەن، سېزىشكە بولىدىغان مانا شۇ ماددى پاكىتلارغا ئاساسلانغان.

## 2. زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى

«مېنىڭ تىشىيىمدە، ئومۇمىي سىياسىنىڭ ئىگىلىك جەھەتتىكى ھوقۇق شەكىللىرىگە بولغان مۇناسىۋەتتى شۇنچە مۇئەييەن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شۇنچە ئۆزگىچە بەلگىلەنگەن، شۇڭا، تەتقىقاتنىڭ ئاسان يۈرگۈزۈلۈشىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس. سىياسىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكلى تارىختا ئاساس خاراكتېرلىق نەرسە، ئىگىلىكنىڭ تەقەززالىغى بولسا بىر خىل تەسىر ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدىنلا ئىبارەت، شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئىككىنچى دەرىجىدىكى پاكىت بولىدۇ. بەزى ئەڭ يېڭى سوتسىيالىستىك تىشلەر پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان ساختا كۆرۈنۈشلىرىنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىدۇ، ئۇلار سىياسىي بېقىندىلىقنى گويا ئىقتىسادىي ھالەتتىن تۇغۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە، ئىككىنچى دەرىجىدىكى بۇ تەسىرلەرنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن مەۋجۇت، بەلكى ھازىر ئۆزىنى كىشىگە تازا سەزدۈرەلەيدۇ؛ لېكىن مەنبە بولغان نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن ۋاستىلىك ئىقتىسادىي كۈچتىن

ئىزلىمەستىن، بىۋاستە سىياسى زورلۇق كۈچتىن ئىزلەش كېرەك.»

باشقا بىر يەردىمۇ شۇنداق، ئۇ يەردە دىيۇرىڭ ئەپەندى

«مۇنداق قائىدىنى ئاساس قىلىدۇ: سىياسى ھالەت ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھەل قىلغۇچ سەۋەبى، ئەكسىچە بولغان مۇناسىۋەت پەقەت ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئەكس تەسىر بولىدۇ...... كىشىلەر سىياسى جەھەتتە گۇرۇھ-لارغا بولۇنۇشنى ئۆز مەقسىدىگە يېتىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى پەقەت جان بېقىش مەقسىدىگە يېتىش ۋاستىسى قىلسىلا، ئۇ ھالدا، بۇ كىشىلەرنىڭ قانچىلىك رادىكال سوتسىيالىستىك ۋە ئىنقىلاۋىي كورۇنۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلاردا ھامان بىر قىسىم يوشۇرۇن ئەكسىيەتچىلىك ساقلانغان بولىدۇ.»

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىيىسى ئەنە شۇ. ئۇ بۇ يەردە ۋە باشقا نۇرغۇن يەرلەردە ئاددىيلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئىپتىش مۇمكىنكى، ئىلان قىلىپ چۇشۇرۇلىدۇ. قېلىن 3 توملۇق كىتاپنىڭ ھېچقانداق يېرىدە بۇ نەزىرىيىنى ئىسپاتلاشقا ياكى ئەكسىچە پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىشكە قىلچە ئىنتىلىش يوق، دەلىللەر پاخالدەك ئەرزەن بولسىمۇ90، دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە بىرنىمۇ كورسەتمەيدۇ. ئىش ئەسلىدە روبىنسوننىڭ جۇمەنى قۇل قىلغان مەشھۇر تۇنجى گۇناسى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىدى. بۇ بىر خىل زورلۇق كۈچ ھەركىتى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بىر خىل سىياسى ھەركەت ئىدى. بۇنداق قۇل قىلىش ھازىرغىچە ئوتكەن پۇتۇن تارىخنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى ۋە تۇپ پاكىتىنى تەشكىل قىلغان ھەمدە بۇ تارىخقا ئادالەتسىز تۇنجى گۇنانى سىڭدۇرگەن، بەلكى شۇنداق دەرىجىدە سىڭدۇرگەنكى، بۇ قۇللۇققا چۇشۇرۇش كېيىنكى دەۋر-لەردە پەقەت يۇمشىتىلغان ۋە «تېخىمۇ ۋاستىلىك ئىگىلىك تەقەززاسى

شەكلىگە ئايلانغان»؛ ھازىرقى كۈنگىچە ئېقىپ كېلىۋاتقان پۈتۈن «زورلۇق كۈچكە ئاساسلانغان مۇلۇكچىلىك» ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئىپتىدائى قۇللۇقفا چۈشۈرۈشنى ئاساس قىلغان، شۇڭا، ناھايىتى روشەنكى، بارلىق ئىقتىسادىي ھادىسىلەر سىياسى سەۋەپلەردىن چۈشەندۈرۈلۈشى يەنى زورلۇق كۈچتىن چۈشەندۈرۈلۈشى لازىم. كىم بۇنىڭغا قانائەتلەنمەيدىكەن، ئۇ — يوشۇرۇن ئەكسىيەتچى.

ئالدى بىلەن شۇنى كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، پەقەت ديۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش ئوزەمچى بولغان كىشىلا قىلىچە ئوزگىچىلىكى بولمىغان بۇ نۇقتىنەزەرنى شۇنچە «ئوزگىچە» دەپ قارىشى مۇمكىن. دولەتنىڭ ھەيۋەتلىك سىياسى ھەركىتى تارىختا ھەل قىلغۇچ نەرسە بولىدۇ دىگەن ئىدىيە تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئوزىگە ئوخشاش قەدىمىي بولۇپ قالدى، بەلكى بۇنداق ئىدىيە بىزدە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن ماتىرىياللارنىڭ شۇنچە ئاز بولۇشىغا ئاساسىي سەۋەپ بولدى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بۇ ۋاڭ - چۇڭلۇق سەھنىنىڭ ئارقىسىدا جىمجىت كېتىۋاتماقتا ھەمدە ھەقىقى رەۋىشتە تۈرتكىلىك رول ئويناماقتا. بۇنداق ئىدىيە ئوتكەنكى پۈتكۈل تارىخ قارىشىغا ھوكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ھەمدە فرانسىيىنىڭ تىرىلىش دەۋرىدىكى بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى[91] تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم تەۋرىتىلگەن ئىدى؛ بۇ يەردە «ئوزگىچىلىك» بولغىنى — پەقەت ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا يەنە ھېچنىمنى بىلمەيدىغانلىقى.

ئۇنىڭدىن قالسا، بىز ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ، ھازىرغىچە ئوتكەن پۈتۈن تارىخنى كىشىنى كىشى قۇل قىلىشقا يىغىش مۇمكىن، دىگەن

سوزىنى ۋاقىتىنچە توغرا دەپ قارىغىنىمىزدىمۇ، ئىشنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتىشتىن يەنىلا يىراق تۇرىمىز. ئەكسىچە، ئەڭ ئاۋال مۇنىداق سوئال تۇغۇلىدۇ: روبىنسون نىمە ئۈچۈن جۇمەنى قۇل قىلىدۇ؟ پەقەت كوڭۇل ئېچىش ئۈچۈنىلىمۇ؟ پۈتۈنلەي ئۇنىداق ئەمەس. ئەكسىچە، بىز كورىمىزكى، جۇمە «قۇل ياكى نوقۇل قورال سۈپىتىدە **ئىگىلىكتىكى** قارا ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بەلكى قورال سۈپىتىدىلا بېقىلىدۇ». روبىنسوننىڭ جۇمەنى قۇل قىلىشى جۇمەنى روبىنسون ئۈچۈن ئىش قىلدۇرۇشتىنلا ئىبارەت. ئەمما روبىنسون قانداق قىلىپ جۇمەنىڭ ئەمگىگىدىن نەپ ئالالايدۇ؟ بۇ پەقەت جۇمەنىڭ ئوز ئەمگىگى بىلەن ئىشلەپچىقارغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى روبىنسون ئۇنىڭغا ئوزىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنى ساقلىشى ئۈچۈن بېرىشكە مەجبۇر بولغان نەرسىدىن كوپ بولغانلىغىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، روبىنسون ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئېنىق بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇمەنى قۇل قىلغانلىغى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن «سىياسى جەھەتتە گۇرۇھلارغا بولۇنۇشنى ئوز مەقسىدىگە يېتىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنى پەقەت **جان بېقىش مەقسىدىگە يېتىش ۋاستىسى** قىلىدۇ». ھازىر ئۇ ئوزىنىڭ خوجايىنى ۋە ئۇستىسى ديۇرىڭ بىلەن قانداق بىللە تۇرۇشنى ئوزى ئويلاپ كورسۇن.

شۇنىداق قىلىپ، ديۇرىڭ ئەپەندى زورلۇق كۈچنى «تارىختا ئاساس خاراكتىرلىق نەرسە» دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەتەي توقۇپ چىقارغان بالىلارچە مىسال مۇنۇلارنى ئىسپاتلايدۇ: زورلۇق كۈچ پەقەتلا ۋاستە، ئەكسىچە، ئىقتىسادىي مەنپەئەت — مەقسەت. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاستىگە قارىغاندا، مەقسەت

كوپ دەرىجىدە «ئاساس خاراكتىرلىق» بولىدۇ؛ تارىختا مۇناسىۋەت-لەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرىپىمۇ سىياسى تەرىپىگە قارىغاندا ئوخشاشلا كوپ دەرىجىدە ئاساس خاراكتىرلىق بولغان. دېمەك، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىسال ئوزى ئىسپاتلىماقچى بولغان نەرسىنىڭ دەل ئەكسى بولغان نەرسىنى ئىسپاتلايدۇ. روبىنسون بىلەن جۇمە مىسالىدا شۇنداق بولدى، هازىرغىچە ئوتكەن بارلىق هوكۇمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسىدىمۇ شۇنداق بولدى. ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نازاكەتلىك سوزلىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئېزىش ھەرقاچان «جان بېقىش مەقسىدىگە يېتىش ۋاستىسى» (ئەڭ كەڭ مەنىدىكى جان بېقىش مەقسىدى كوزدە تۇتۇلىدۇ)، لېكىن مەيلى قاچان ۋە قەيەردىلا بولسۇن، ئۇ قانداقتۇ «ئوز مەقسىدىگە يېتىش» ئۈچۈن قىلىنغان سىياسى جەھەتتە گۇرۇھ-لارغا بولۇنۇش ئەمەس. پەقەت ديۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش كىشىلا، باج دولەتتە پەقەت «ئىككىنچى دەرىجىدىكى تەسىر» دەپ، ياكى، ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى بۇرژۇئازىيە بىلەن ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچى پۇرولېتارىياتنىڭ نوۋەتتىكى سىياسى جەھەتتە گۇرۇھ-لارغا بولۇنۇشى ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى بۇرژۇئازلارنىڭ «جان بېقىش مەقسىدى» ئۈچۈن يەنى پايدا سىقىپ چىقىرىۋېلىش ۋە كاپىتال جۇغلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئوز مەقسىدىگە يېتىش» ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن.

ئەمدى بىز ئوزىمىزنىڭ ئىككى ئەر كىشىمىزگە قايتايلى. روبىنسون «قولىغا شەمشەر ئېلىپ» جۇمەنى ئوزىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن روبىنسون بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەمشەرنىڭ تاشايىندا باشقا نەرسىگىمۇ مۇھتاج بولىدۇ. قۇلنى قارا ئىشقا سېلىش

ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. قۇلنى ئىشقا سالالىغۇدەك بولۇش ئۈچۈن، ئىككى خىل نەرسىنى ئىگەللەش كېرەك: بىرىنچىدىن، قۇل ئەمگىكى ئۈچۈن زورۇر بولغان قورال ۋە دۇيشياڭ؛ ئىككىنچىدىن، قۇلنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغان ۋاستىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋال ئىشلەپچىقىرىشتا مۇئەييەن باسقۇچقا ۋە تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىكتە مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندىلا، قۇللۇق تۈزۈم مۇمكىن بولىدۇ. قۇل ئەمگىكىنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ئىشلەپچىقىرىش، سودا ۋە بايلىقنىڭ توپلىنىشى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۆسۈشى كېرەك. قەدىمقى زاماندىكى يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىدىغان ژىنفالىق گۇڭشېلاردا قۇللۇق تۈزۈم ياكى زادىلا بولمىغان، ياكى ئىنتايىن بېقىندىلىق رولنىلا ئوينىغان. ئەڭ دەسلەپكى دىخانلار شەھىرى بولغان رىمدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان؛ رىم «دۇنياۋى شەھەر»گە ئايلانغان ۋە ئىتالىيىدە يەر مۈلكى سان جەھەتتىن كۆپ بولمىغان ئىنتايىن باي مۈلۈك ئىگىلىرى سىنىپىنىڭ قولىغا كۈندىن ـ كۈنگە مەركەزلىشىپ بېرىۋاتقان چاغدا، دىخانلار ئاھالىسى ئاندىن قۇللار ئاھالىسى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىدى. پېرسىيە ئۇرۇشى دەۋرىدە كورىنس دىگەن جايدا قۇللارنىڭ سانى 460 مىڭغا يەتكەن، ئېگىن دىگەن جايدا 470 مىڭغا يەتكەن، ھەر بىر ھورگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 10دىن قۇل توغرا كەلگەن[92]. بۇنىڭ ئۈچۈن «زورلۇق كۈچ»نىڭ تاشايىندا باشقا نەرسىلەر يەنى يۇكسەك تەرەققى قىلغان نەپىس سەنئەت سانائىتى ۋە قول سانائىتى ھەم كەڭ سودىمۇ زورۇر بولغان. ئامېرىكىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ زورلۇق

كۈچكە تايىنىشى ئۇنىڭ ئەنگلىيىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىگە تايىنىشىدىن كۆپ ئاز بولدى؛ كۆۋەز تېرىلمايدىغان جايلاردا ياكى كۆۋەز تېرىلىدىغان شىتاتلار ئۈچۈن قۇل ساقلايدىغان چېگرا شىتاتلارغا ئوخشىمايدىغان جايلاردا قۇللۇق تۈزۈم زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلمەيلا ئۆز ئۆزىدىن يوقالدى، بۇ پەقەت قۇللۇق تۈزۈم نەپ بەرمىگەنلىكتىنلا بولغان.

دىيۇرىڭ ئەپەندى شۇنداق قىلىپ ھازىرقى زاماندىكى مۈلۈكچىلىكنى زورلۇق كۈچكە ئاساسلانغان مۈلۈكچىلىك دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى

«شۇنداق بىر خىل ھۆكۈمرانلىق شەكلىكى، بۇنداق ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ ئاساسى قېرىنداشلىرىنى تەبىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىن مەنئى قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ موھىم بولغىنى كىشىلەرنى قۇللۇق مېھنىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىشتا» دىگەن، دىيىلسە،

ئۇ ھالدا، ئۇ پۈتۈن مۇناسىۋەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن.

كىشىلەرنى ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇللۇق مېھنىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلغان ھاللاردا، شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەككى، بۇ مەجبۇر قىلغۇچى ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ئىگەللىگەن بولىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەنلا قۇل قىلىنغۇچىنى ئىشقا سالالايدۇ؛ قۇللۇق تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەن ئەھۋالدا بولسا، بۇنىڭدىن باشقا، قۇلنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىمۇ ئىگەللەش لازىم. شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئوتتۇرا سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن بەلگىلىك مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش لازىم. لېكىن بۇنداق مال ـ مۈلۈك قانداق كېلىدۇ؟ قانداق بولسا بولسۇن،

ناھايىتى ئېنىقكى، مال ـ مۈلۈكنى تالان ـ تاراج قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش، دېمەك **زورلۇق كۈچكە** تايىنىش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ زادى زورۇر ئەمەس. ئۇنى ئەمگەك قىلىش، ئوغرىلاش، سودىگەرچىلىك قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىشقا ئوخشاش چارىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. قانداق بولسا بولسۇن، مال ـ مۈلۈك ئالدى بىلەن ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىنلا تالان ـ تاراج قىلىنغىلى بولىدۇ.

خۇسۇسى مال ـ مۈلۈكنىڭ تارىختا پەيدا بولۇشى ھەرگىز تالان-تاراج ۋە زورلۇق كۈچنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئەكسىچە، خۇسۇسى مال ـ مۈلۈك، گەرچە بىرنەچچە خىل نەرسە بىلەنلا چەكلەنگەن بولسىمۇ، بارلىق مەدەنى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى زىنفالىق گۈڭشېلىرىدا مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق گۈڭشېلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، دەسلەپ باشقا يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان چاغدىلا، ئۇ تەرەققى قىلىپ شاڭپىن شەكلىنى ئالدى. گۈڭشېلارنىڭ مەھسۇلاتى قانچە شاڭپىن شەكلىنى ئالسا يەنى مەھسۇلاتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى قانچە ئازايسا، ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قىسمى قانچە كوپەيسە، گۈڭشېلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىپتىدائىي، زىنفالىق ئىش تەقسىماتى ئالماشتۇرۇش تەرىپىدىن قانچە كوپ سىقىپ چىقىرىلسا، گۈڭشېنىڭ ھەرقايسى ئەزاسىنىڭ مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى ئەھۋالى شۇنچە باراۋەر بولمىدى، كونا ئومۇم يەر مۈلۈكچىلىكى شۇنچە چوڭقۇر دەپنە قىلىندى، گۈڭشېلارمۇ شۇنچە تېز ئۇششاق دېھقان كەنتلىرىگە پارچىلاندى. شەرقنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ۋە ئۇ ياق ـ بۇ ياقتا باسمىچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان

كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمرانلىقى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ كونا گۇڭشېلارنى ھېچنېمە قىلالمىدى؛ يېرىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابىتى نەتىجىسىدە زىنفالىق ئائىلە سانائىتىنىڭ پەيدىن-پەي بۇزۇلۇشى گۇڭشېلارنى كۈندىن-كۈنگە پارچىلاپ باردى. بۇ يەردە، ھازىر موزىل دەرياسى ئەترا-پىدىكى رايوندا ۋە خوخۋالد رايونىدا تېخىچە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «دىخان ئائىلىلىرى گۇڭشېسى»نىڭ ئومۇم ئىگىدارلىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا ئوخشاش، قانداقتۇ زورلۇق كۈچتىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ دىخانلار دەل تېرىلغۇ يەرلەرنى ئومۇم ئىگىدارلىقىدىن خۇسۇسى ئىگىدارلىققا ئالماشتۇرۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھېساپلايدۇ.93 ھەتتا ئىپتىدائى ئاقسۆڭەك-لەرنىڭ شەكىللىنىشمۇ، خۇددى كېلتلاردا، گېرمانلاردا ۋە ھىندىستاندىكى پەنجاپ دىگەن يەردە ئومۇم يەر مۈلۈكچىلىكى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەنگە ئوخشاش، دەسلەپتە زادىلا زورلۇق كۈچكە ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىيلىقتا ۋە ئادەتكە ئاساسلانغان. خۇسۇسى مال-مۈلۈك شەكىللەنگەن ھەرقانداق جايدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇ-رۇش مۇناسىۋەتلىرى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزلەپ — دىمەك، ئىقتىسادىي سەۋەپلەر ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ يەردە زورلۇق كۈچ زادى ھېچقانداق رول ئوينىمىغان. ناھايىتى روشەنكى، تالان-تاراج قىلغۇچى باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى **ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتىن** ئاۋال، خۇسۇسى مال-مۈلۈك تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان بولۇشى كېرەك؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، زورلۇق كۈچ گەرچە ئۆزلەشتۈرۈش ھالىتىنى ئۆز-

گەرنەلسىمۇ، لېكىن خۇسۇسى مال-مۈلۈكنىڭ ئۆزىنى يارىتالمايدۇ.

ھەتتا «كىشىلەرنى قۇللۇق مېھنىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ»غان ئەڭ زامانىۋى شەكلىنى يەنى ياللانما ئەمگەكنىمۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ياكى زورلۇق كۈچكە ئاساسلانغان مۈلۈك-چىلىك ئارقىلىق چۈشەندۈرەلمەيمىز. ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ شاڭپىنغا ئايلىنىشىنىڭ يەنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىمال قىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەدىمقى گۇڭشېلارنىڭ پارچىلىنىشىدا ۋە شۇ سەۋەپتىن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئومۇملىشىشىدا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ماركس «كاپىتال»دا راسا ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، — دىيۇرىڭ ئەپەندى ناھايىتى ئېھتىيات قىلىپ، بۇ ھەقتە ھەتتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، — شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن تەرەققىيات دەرىجىسىگە يەتكەندە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلىنىدۇ؛ بۇ باسقۇچتا «شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ۋە شاڭپىن ئايلىنىشىنى ئاساس قىلغان ئۆزلەشتۈرۈش قانۇنىيىتى ياكى خۇسۇسى ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇنىيىتى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە خاس، ئىچكى، قۇتۇلغۇسىز بېيەنجېڭفاسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قارىمۇ-قارشى نەرسىسىگە ئايلىنىدۇ: دەسلەپكى ھەركەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۆزگىرىپ پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشتىلا ئالماشتۇرۇش بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، بىرىنچىدىن، كاپىتالنىڭ ئەمگەك كۈچىگە ئالماشتۇرۇلىدىغان قىسمىنىڭ ئۆزى تەڭ قىممەتتىكى نەرسىنى تۆلىمەي ئۆزلەشتۈرۈلگەن باشقىلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتى-نىڭ بىر قىسمىلا بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كاپىتالنىڭ بۇ قىسمى ئۆنى

ئىشلەپچىقارغۇچى يەنى ئىشچى تەرىپىدىن تولدۇرۇلۇشى كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولدۇرۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا يەنە يېڭى قوشۇمچە سومما (قالدۇق سومما) قوشۇلۇشى كېرەك...... دەسلەپتە، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىزگە ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى ئاساس قىلىدىغان-دەك بولۇپ كورۇنگەن ئىدى...... ئەمدى (ماركس تەھلىلىنىڭ نەتىجىسىدە) ئىگىدارلىق ھوقۇقى، كاپىتالىستقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ھەقسىز ئەمگىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش ھوقۇقى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئىشچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا، ئۆزىنىڭ مەھسۇ-لاتىنى ئۆزى ئۆزلەشتۈرەلمەسلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئەمگەكتىن ئايرىش گويا ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىغان قانۇنىيەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدەك بولۇپ قالىدۇ»①. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق تالان-تاراج، ھەرقانداق زورلۇق كۈچ ۋە ھەرقانداق ئالدامچىلىقنىڭ مۇمكىنلىكىنى چىقىرىپ تاشلىساقمۇ، بارلىق خۇسۇسى مال-مۈلۈك دەسلەپتە ئۆز-لەشتۈرگۈچىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە ئاساسلىنىدۇ، بەلكى كېيىنكى پۈتۈن جەرياندا پەقەت باراۋەر قىممەت بىلەن باراۋەر قىممەت ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ئۇ ھالدا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىياتىدىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى پەيدا بولاتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى-نىڭ ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز بولغان

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 22-باپ، 1-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

بىر سىنىپ تەرىپىدىن لۇڭدۇەن قىلىنىشى، ئاھالىنىڭ مۇتلەق زور كوپچىلىكىدىن تەشكىل قىلىنغان باشقا بىر سىنىپنىڭ بولسا پۇرولېتارلار ئورنىغا چۈشۈرۈلۈشى مەيدانىغا كېلەتتى، تەلۋىلەرچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سودا ۋېيجىسىنىڭ دەۋرىيلىك ئالمىشىپ تۇرۇشى مەيدانىغا كېلەتتى، ھازىرقى پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى مەيدانىغا كېلەتتى. پۈتۈن جەريان ساپ ئىقتىسادىي سەۋەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ، لېكىن ھەرقانداق تالان-تاراج، زورلۇق كۈچ، دولەت ياكى باشقا سىياسى مۇداخىلىنىڭ قىلچە ھاجىتى بولمايدۇ. «زورلۇق كۈچكە ئاساسلانغان مۈلۈكچىلىك» بۇ يەردە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقى جەريانىنى قىلچە چۈشەنمەسلىكنى يېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چوڭ گەپلا بولۇپ چىقىدۇ.

تارىخىي يوسۇندا ئېيتقاندا، بۇ جەريان بۇرژۇئازىيىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر «سىياسى ھالەت ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھەل قىلغۇچ سەۋەبى» بولسا، ئۇ ھالدا، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسى فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش داۋامىدا راۋاجلانغان بولماسلىغى، بەلكى فېوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىختىيارىي تۇغقان ئارزۇلۇق بالىسى بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمىلىي ئەھۋالنىڭ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق كىشى بىلىدۇ. دەسلەپتە، شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ئېزىلگۈچى بىر تەبىقە ئىدى، ئۇ ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى فېودال ئاقسوڭەكلەرگە باج-خىراج تولەشكە مەجبۇر ئىدى، ئۇ ئۆز قاتارىنى نوڭنۇلار ۋە قۇللاردىن كېلىپ چىققان ھەر خىل-ھەر ياڭزا كىشىلەر بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ ئاقسوڭەكلەرگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەشلەردە جېندىلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئىشغال قىلدى، ئاخىردا، ئەڭ

تەرەققى قىلغان مەملىكەتلەردە ئاقسوڭەكلەر ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئورنىغا ئوز ھوكۇمرانلىغىنى دەسسەتتى؛ فرانسىيىدە ئۇ ئاقسوڭەكلەرنى بىۋاستە ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئەنگلىيىدە ئۇ ئاقسوڭەكلەرنى پەيدىن - پەي بۇرژۇئازىيىلەشتۇردى ۋە ئۇلارنى ئوزىنى پەدەزلەيدىغان يۇقۇرى تەبىقە سۇپىتىدە ئوزىگە سىڭدۇرۇۋالدى. ئۇ قانداق قىلىپ بۇ دەرىجىگە يەتتى؟ پەقەت «ئىگىلىك ئەھۋالى»نى ئوزگەرتىش ئارقىلىق يەتتى، سىياسى ھالەتنى ئوزگەرتىش بولسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يا بالدۇر، يا كېيىن، يا ئىختىيارىي يوسۇندا، يا كۇرەش ئارقىلىق بولدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ فېودال ئاقسوڭەكلەرگە قارشى كۇرىشى شەھەرنىڭ يېزىغا قارشى، سانائەتنىڭ يەر ئىگىدارلىغىغا قارشى، پۇل ئىگىلىگىنىڭ تەبىى ئىگىلىككە قارشى كۇرىشى ئىدى، بۇ كۇرەشتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ قورالى ئۇلارنىڭ **ئىقتىسادىي جەھەتتىكى** قۇدرەتلىك ۋاستىلىرى بولدى، بۇ ۋاستىلەر سانائەتنىڭ (دەسلەپتە قول سانائەتنىڭ، كېيىن كېڭىيىپ ئىشخانا قول سانائىتىگە ئايلانغان سانائەتنىڭ) راۋاجلىنىشى ۋە سودىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا ئۇزلۇكسىز ئوستى. بۇ پۇتكۇل كۇرەش داۋامىدا، سىياسى زورلۇق كۇچ باشتىن - ئاخىر ئاقسوڭەكلەر تەرىپىدە بولدى، پەقەت بىر مەزگىل باشقىچە بولدى، بۇ چاغدا پادىشا ھاكىمىيىتى بىر تەبىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر تەبىقىنى تىزگىنلەش ئۇچۇن، شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىدىن پايدىلىنىپ ئاقسوڭەكلەرگە قارشى تۇردى؛ لېكىن، سىياسى جەھەتتىن تېخى كۇچسىز بولۇپ كەلگەن شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ئوزىنىڭ ئىقتىسادىي كۇچىنىڭ ئوسۇشى ئارقىسىدا خەۋپلىك بولۇشقا باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ، پادىشا ھاكىمىيىتى يەنە ئاقسوڭەكلەر

بىلەن بىرلەشتى، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە ئەنگلىيىدە، ئاندىن فرانسىيىدە شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىنىڭ ئىنقىلاۋىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. فرانسىيىدە «سىياسى ھالەت» تېخى ئۆزگىرىش ياسىمىغان ۋاقىتتا، «ئىگىلىك ئەھۋالى» تەرەققى قىلىپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. سىياسى ھالەتتىن ئېيتقاندا، ئاقسۆڭەكلەر ھەممىگە ئىگە ئىدى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھېچنىمىسى يوق ئىدى؛ ئەمما ئىجتىمائى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسى دۆلەتتە ئەڭ موھىم سىنىپ ئىدى، ئاقسۆڭەكلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائى جۇغلىرىنى يوقاتقان ئىدى، ئۇلار مۇشۇ يوقاتقان جۇغلىرىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە داۋاملىق مۇقىم دارامەتنىلا ئېلىپ تۇراتتى. بۇلارلا ئەمەس، شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا، يەنە بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش (ئىشخانا قول سانائىتىلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا قول سانائەت) تەرەپپىدىن ئاللىقاچان ئارقىدا قالدۇرۇلغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق سىياسى شەكلىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنىشىغا ئۇچرىدى، ئىشلەپچىقىرىشقا توسالغۇ ۋە كىشەن بولۇپ قالغان سان-ساناقسىز كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ئىمتىيازلىرىنىڭ ھەم جايلار ۋە ئۆلكىلەر چېگرا بېجى توساقلىرىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنىشىغا ئۇچرىدى. شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىنىڭ ئىنقىلاۋى بۇنداق ئەھۋالغا خاتىمە بەردى. لېكىن، ئىنقىلاپ دېيۇرىك ئەپەندىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ئىگىلىك ئەھۋالىنى سىياسى ھالەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرمىدى (ئاقسۆ- ڭەكلەر ۋە پادىشا ھاكىمىيىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا دەل شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى)، بەلكى ئەكسىچە، چىرىك سىياسى ئەسكى - تۈسكىلەرنى چۆرۈپ تاشلىدى ۋە يېڭى «ئىگىلىك

ئەھۋالى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىشتا تايىنالايدىغان سىياسى ھالەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. «ئىگىلىك ئەھۋالى» ئۆزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بۇ سىياسى ھاۋا ۋە قانۇن ھاۋاسىدا شۇنداق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندىكى، ئۇ بۇرژۇئازىيىنى ئاقسوڭەكلەرنىڭ 1789 - يىلدا تۇرغان ئورنىغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى: ئۇ جەمىيەتتە بارغانسىرى ئۇشۇقچە نەرسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى جەمىيەتنىڭ توسالغۇسىمۇ بولۇپ قالدى؛ ئۇ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن كۆندىن - كۈنگە ئايرىلىپ باردى، كونا زامان ئاقسوڭەكلىرىگە ئوخشاش، كۈندىن - كۈنگە پەقەت مۇقىم دارامەت ئېلىشنىلا بىلىدىغان سىنىپ بولۇپ باردى؛ ئۇ ئۆز ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھېچقانداق زورلۇق كۈچ نەيرىڭى ئىشلەتمەي، ساپ ئىقتىسادىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە يېڭى سىنىپنى يەنى پرولېتارىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇلاردىن باشقا، ئۇ ئۆز ھەركىتى ۋە پائالىيىتىدىن بۇنداق نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خالىمايتتى، ئەكسىچە، بۇنداق نەتىجە قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئارزۇسىغا قارشى يول تۇتقان ھالدا ئەمەلگە ئاشتى؛ ئۇ ئىگىلىكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلىنىپ ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئېشىپ كەتتىكى، گويا تەبىي زورۇرىيەت ئارقىلىق پۈتكۈل بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدۇ، ياكى ئۆزگىرىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇرژۇئازلار، كۈندىن - كۈنگە پارچىلىنىۋاتقان «ئىگىلىك ئەھۋالى»نى يىمىرىلىشتىن ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھازىر زورلۇق كۈچتىن مەدەت تىلىمەكتە، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى پەقەت مۇنۇلارنىلا ئىسپاتلايدۇ: ئۇلار «سىياسى ھالەت

ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھەل قىلغۇچ سەۋىيى» دەپ، ديۇرىڭ ئەپەندى كىرىپ قالغان ئېزىتقۇ يولغا كىرىپ قالىدۇ، ئۇلار «مەنبە بولغان نەرسىلەر» ۋە «بىۋاستە سىياسى زورلۇق كۈچ» ئارقىلىق ھېلىقى «ئىككىنچى دەرىجىدىكى پاكىتلار»نى يەنى ئىگىلىك ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتەلەيمىز، بەلكى كىرۇپ زەمبىرەكلىرى ۋە ماۋزىر مىلتىقلىرى ئارقىلىق پار ماشىنىسىنىڭ ۋە ئۇ ھەركەتكە كەلتۈرىدىغان ھازىرقى زامان ماشىنىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى، دۇنيا سودىسى ھەم ھازىرقى زامان بانكىسى ۋە ئامانەت-قەرز ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى دۇنيادىن چىقىرىپ تاشلىيالايمىز دەپ، پۈتۈنلەي ديۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش خام خىياللارغا پېتىپ قالىدۇ.

## 3. زورلۇق كۈچ نەزىرىيىسى (داۋامى)

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ ھەممىگە قادىر «زورلۇق كۈچى»نى سەل سىنچىلاپ كورۇپ باقايلى. روبىنسون «قولىغا شەمشەر ئېلىپ» جۇمەنى قۇل قىلىدۇ، ئۇ بۇ شەمشەرنى قەيەردىن ئالغان؟ ھەتتا روبىنسوننىڭ ئېقىش خاتىرىسىدىكى خىيالىي ئارالدىمۇ شەمشەر زادىلا دەرەختە ئوسمەيدۇ، ديۇرىڭ ئەپەندى بولسا بۇ مەسىلىگە ھېچبىر جاۋاپ بەرمەيدۇ. روبىنسون شەمشەرگە ئىگە بولالىغان ئىكەن، بىز ئوخشاشلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، جۇمە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقلانغان تاپانچا تۇتۇپ چىقىدۇ، ئۇ چاغدا پۈتۈن «زورلۇق كۈچ» مۇناسىۋىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولىدۇ: جۇمە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ، روبىنسون بولسا ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىز

روبىنسون بىلەن جۇمە توغرىسىدىكى ھېكايىگە شۇنچە پات ـ پات قايتىقىنىمىز ئۈچۈن كىتاپخانىلاردىن ئەپۇ سورايمىز، بۇ ھېكايە ماھىيەتتە پەندە ئەمەس، پەقەت باللار ئويۇنخانىسىدىلا مەۋجۇت. لېكىن نىمە ئامالىمىز بار؟ بىز ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ گۆكلىچە ئۇسۇلىنى سەممى قوللىنىشقا مەجبۇرمىز. ئەگەر بىز دائىم ساپ باللار ئويۇنى دائىرىسىدە چوگىلەپ يۈرسەك، بۇنىڭدا پىز ئەيىپلىك ئەمەس. قىسقىسى، تاپانچا شەمشەرنى يېڭىدۇ، ئەڭ گودەك گۆكلى قارىشىدىكىلەر بولغاندىمۇ بۇ يەردە چۈشىنىشى كېرەككى، زورلۇق كۈچ نوقۇل ئىرادە ھەركىتى ئەمەس، ئۇ ئىرادە ھەركىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنتايىن رىيال ئالدىنقى شەرتنى بولۇپمۇ قورالالارنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇلاردىن مۇكەممەلرەكلىرى مۇكەممەل ئەمەسرەكلىرىنى يېڭىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ قوراللار، ئەلۋەتتە، ئىشلەپچىقىرىلغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، مۇكەممەلرەك بولغان زورلۇق كۈچ قوراللىرىنى يەنى ئادەتتە ئېيتىلىدىغان قورال ـ ياراقلارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى مۇكەممەل ئەمەسرەك بولغان زورلۇق كۈچ قوراللىرنى ئىشلەپ چىقارغۇچىنى يېڭىدۇ؛ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، زورلۇق كۈچنىڭ غەلىبىسى قورال ـ ياراقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئاساس قىلىدۇ، قورال ـ ياراقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بولسا يەنە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، دىمەك، «ئىقتىسادىي كۈچ»نى، «ئىگىلىك ئەھۋالى»نى، زورلۇق كۈچ ئىگىلىگەن **ماددى** ۋاستىلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

ھازىر زورلۇق كۈچ قورۇقلۇق ئارمىيىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسى، ھەممىمىز ئەپسۇسلانغان ھالدا بىلىمىزكى، بۇ ئىككىسى ئۈچۈن

بولسا «ئىنتايىن كوپ پۇل» كېرەك. لېكىن، زورلۇق كۈچ پۇل ياسىيالمايدۇ، ئەڭ كوپ بولغاندا، ياسالغان پۇلنى تارتىۋېلىشىلا بىلىدۇ، ۋاھالەنكى، بۇنىڭمۇ ھەممە ۋاقىت ئۇنۇم بېرىۋەرمەيدىغان-لىغىنى ئوخشاشلا ئەپسۇسلانغان ھالدا فرانسىيىنىڭ نەچچە مىليارت فرانكىدىن[94] بىلىمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئاخىرقى ھېساپتا، پۇل يەنىلا ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق قولغا كەلتۇرۇلۇشى لازىم؛ دېمەك، زورلۇق كۈچ يەنىلا ئىگىلىك ئەھۋالى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، ئىگىلىك ئەھۋالى زورلۇق كۈچنى زورلۇق كۈچ قورالىرىنى تەييارلاش ۋە ساقلاش ۋاستىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن تېخى بۇلارلا ئەمەس. ئىقتىسادىي ئالدىنقى شەرتكە قۇرۇق-لۇق ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىدىنمۇ بەكرەك تايىنىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. قورال ـ جابدۇق، تۈزۈلۈش، شتات، جەڭ ئۇسۇلى ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇلى شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ۋە قاتناش ئەھۋالىغا تايىنىدۇ. بۇ يەردە ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينايدىغىنى تالانتلىق تۆكشۈەيدە بولىدىغان «ئىدرەكنىڭ ئەركىن ئىجادىيىتى» ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ياخشى قورال ـ ياراقلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئەسكەرلەر تەركىۋىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ تالانتلىق تۆكشۈەينىڭ تەسىرى، ئەڭ كوپ بولغاندا، جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى يېڭى قورال-ياراقلارغا ۋە يېڭى جەڭچىلەرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.①

---

① «ديۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ دەسلەپكى قوليازمىسىدا، تۆۋەندىكى 6 ئابزاس ئەسلىدە مۇنداق ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان بىر بولۇم ئىدى، كېيىن ئېنگېلس ئۇنى

14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، مىلتىق دورىسى ئەرەپلەردىن غەربىي ياۋروپاغا تارقالدى، ئۇ پۇتكۇل ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، بۇنى ھەر بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىدۇ. لېكىن مىلتىق دورىسى ۋە ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەرگىز بىر خىل زورلۇق كۈچ ھەركىتى ئەمەس، بەلكى سانائەتنىڭ يەنى ئىگىلىكنىڭ بىر خىل تەرەققىياتى ئىدى. سانائەتنىڭ نىمىنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى نىمىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، سانائەت ھامان سانائەت. ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىشنىڭ سىياسى مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىدى. مىلتىق دورىسى ۋە ئوت ئالغۇچ قوراللارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سانائەت ۋە پۇل بولۇشى كېرەك ئىدى، بۇ ئىككىسىنى بولسا شەھەر ئاھالىسى ئىگىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوت ئالغۇچ قوراللار باشتىلا شەھەرنىڭ ۋە شەھەرنى تايانچ قىلغان يېڭى گۈللەنگەن پادىشالىق ھاكىمىيەت تىجۇرسىنىڭ فېودال ئاقسوڭەكلەرگە قارشى تۇرۇش قورالى بولدى. ئىلگىرى ئالغىلى بولماي كەلگەن ئاقسوڭەكلەر قورغانلىرىنىڭ تاش تاملىرى شەھەر ئاھالىسىنىڭ زەمبىرەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى؛ شەھەر ئاھالىسىنىڭ مىلتىق ئوقلىرى ئاتلىقلارنىڭ دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى تېشىپ ئۆتتى.

---

چىقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا «پىيادە ئەسكەرلەر جەنۇبىي ۋە ئۇنىڭ ماددى ئاساسى» دەپ ماۋزۇ قويغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 20 ـ توم، 689 — 695 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — تەھرىردىن

ئاقسوڭەكلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئۆزلىرىنىڭ ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر دۇيى بىلەن تەڭلا يوقالدى. شەھەر ئاھالىسى تەبىقە-سىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ، پىيادە ئەسكەرلەر ۋە زەمبىرەكچىلەر بارغانسېرى ھەل قىلغۇچ قىسىم تۈرى بولۇپ قالدى؛ زەمبىرەك-چىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ھەربى ھۈنەر-كەسىپ يېڭى، ساپ سانائەت تارمىقىنى — قۇرۇلۇش تارمىقىنى قوشۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئوت ئالغۇچ قوراللارنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئىنتايىن ئاستا بولدى. زەمبىرەك يەنىلا كالامپاي ئىدى، مىلتىق كوپ قېتىملاپ قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ناھايىتى قوپال ئىدى. پۈتۈن پىيادە ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىلتىق 300 نەچچە يىلدىن كېيىنلا مەيدانغا كەلدى. پەقەت 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدىلا، سىداۋ بېكىتىلگەن چاقما مىلتىق نەيزىنى پىيادە ئەسكەر قوراللىرى ئىچىدىن ئۈزۈل-كېسىل سىقىپ چىقاردى. ئۇ زاماندىكى پىيادە ئەسكەرلەر بەگلەرنىڭ قاتتىق تەلىم ئالغان لېكىن پۈتۈنلەي ئىشەنچسىز بولغان يالانما ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپاتتى، ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ چۈشكۈن ئۇنسۇرلاردىن قوبۇل قىلىناتتى، ئۇلار پەقەت قامچا ئاستىدىلا باش ئىگىپ ئىتائەت قىلاتتى، بۇنداق پىيادە ئەسكەرلەر يەنە كوپ ۋاقىتلاردا ئارمىيىگە زورلاپ كىرگۈزۈلگەن، دۇشمەنلىك نىيىتىدىن يانمىغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەركىپ تاپاتتى؛ بۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېڭى قوراللارنى ئىشلىتىشىگە مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان بىردىن-بىر جەڭ شەكلى سەپ تارتىش جەنشۇسى ئىدى، بۇنداق جەنشۇ فرىدرىخ II نىڭ زامانىدا ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىگە يەتتى. ئارمىيىدىكى پۈتۈن پىيادە ئەسكەرلەر ئۈچ سەپ بولۇپ تىزىلىپ، ئىنتايىن

تار ۋە ئۇزۇن، ئوتتۇرىسى بوش توت تەرەپلىك شەكىلنى ھاسىل قىلاتتى، پەقەت جەڭگىۋار دۈي شەكلىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ھالدىلا ھەركەت قىلالايتتى؛ ئەڭ كوپ بولغاندا، ئىككى قاناتنىڭ بىرىگە سەل ـ پەل ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشكىلا رۇخسەت قىلىناتتى. چاققان ھەركەت قىلالمايدىغان بۇنداق قوشۇن پەقەت ناھايىتى تۈزلەڭ يەر تۈزۈلۈشىدىلا تەرتىپلىك ھەركەت قىلالايتتى، بەلكى يەنىلا ئاستا قەدەم (مىنۇتىغا 75 قەدەم) بىلەن يۈرەتتى؛ جەڭگىۋار دۈي شەكلىنى ئوزگەرتىش ئۇرۇش ۋاقتىدا مۇمكىن بولمايتتى، پىيادە ئەسكەرلەر جەڭگە كىرىشى بىلەنلا، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش پەقەت بىر قېتىملىق زەربە بىلەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بەلگىلىنەتتى.

ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى چاققان ھەركەت قىلالمايدىغان بۇنداق سەپ تارتىش دۈي شەكلى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار گەرچە يۈرۈش-تۇرۇش مەشقى قىلىپ كورمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوزلىرىنىڭ بۇرما نولۇق مىلتىقلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاتالايتتى؛ ئۇلار ئوزلىرىنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى، شۇڭا يالانما ئەسكەرـ لەرگە ئوخشاش جەڭ مەيدانىدىن قاچمىدى؛ ئۇلار، ئىنگلىزلار ئۈمىت قىلغاندەك، ئىنگلىزلارغا تۈزلەڭ يەردە سەپ تارتىش دۈي شەكلى بىلەن قارشىلىق كورسەتمىدى، بەلكى چەبدەس ھەركەت قىلىدىغان تارقاق ئەسكەرلەر توپى بىلەن يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغان ئورمانلاردا ئۇلارغا زەربە بەردى. بۇ يەردە سەپ تارتىش دۈي شەكلى ئاجىزلىق قىلىدۇ، بەلكى كورگىلىمۇ بولمايدىغان، يېقىنلاشـ قىلىمۇ بولمايدىغان دۈشمەن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنداق

قىلىپ، يەنە تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشى — ئەسكەرلەر تەركىۋىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بىر خىل يېڭى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى كەشىپ قىلىندى.

ئامېرىكا ئىنقىلاۋى باشلىغان ئىشنى فرانسىيە ئىنقىلاۋى تاماملىدى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىمۇ شۇنداق بولدى. فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىمۇ پەقەت فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاقنىڭ ياخشى تەلىم ئالغان ياللانما ئارمىيىسىگە تەلىم ئېلىشى ناچار بولغان لېكىن سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولغان ئامما بىلەن، ئومۇمخەلقنى قوراللاندۇرۇش بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە توغرا كەلدى. ئۇنىڭدا پارتىزنى يەنى مەلۇم رايوننى مۇشۇ ئامما ئارقىلىق قوغدىماي بولمايتتى، لېكىن ئەسكىرىي كۈچ كۆپ كېتىدىغان دالا ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانماي تۇرۇپ بۇنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارقاق ئەسكەرلەر توپىنىڭ ئۆزىلا يېتىشمەي قالدى؛ ئاممىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر خىل شەكىل تېپىش كېرەك ئىدى، بۇنداق شەكىل **زوڭدۇي** بولدى. بۇنداق زوڭدۇي دۈي شەكلى تەلىم ئېلىشى ناچارراق بولغان ئارمىيىگىمۇ خېلى تەرتىپلىك ھەركەت قىلىشقا ھەتتا يۈرۈش قىلىش سۈرئىتىنىڭ تېزرەك (ھەر مىنۇتىغا 100 قەدەم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ) بولۇشىغا ئىمكانىيەت بەردى. بۇنداق دۈي شەكلى ئۇلارغا كونا سەپ تارتىش دۈي شەكلىنىڭ ئۆلۈك شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، ھەرقانداق يەر تۈزۈلۈشىدە، دېمەك، سەپ تارتىش دۈي شەكلىگە ئەڭ بەپ يەر تۈزۈلۈشىدە ئۇرۇش قىلىشقا، ئارمىيىنى ھەرقانداق مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاخىردا يۈيىپېيدۇيدىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ جېڭىنىڭ ھەل

قىلغۇچ نۇقتىلىرىدا دۈشمەننىڭ خېڭدۈينى بوسۇپ تاشلىغانغا قەدەر، تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشى بىلەن ماسلىشىپ، خېڭدۈي بولۇپ تۈزۈلگەن دۈشمەننى توسۇش، تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ھالسىرىتىشقا ئىمكانىيەت بەردى. بۇنداق يېڭى ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى تارقاق ئەسكەرلەر بىلەن پىيادە ئەسكەرلەر زۇڭدۈينىڭ ماسلىشىشنى ئاساس قىلاتتى، ئارمىيىنىڭ ھەر خىل قىسىم تۈرلىرىدىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل شى ياكى جۈنلەرگە بولۇنۇشنى ئاساس قىلاتتى، بۇ ئۇسۇل ناپولېون تەرىپىدىن جەنشۇ ۋە جەنلۈي تەرەپلەردىن مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكۈزۈلدى. بۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى شۇنىڭ ئۈچۈن زورۇر بولدىكى، ئالدى بىلەن، فرانسىيە ئىنقىلاۋىدا ئەسكەرلەرنىڭ تەركىۋىدە ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن بۇنداق ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ئۈچۈن يەنە ئىنتايىن موھىم ئىككى تېخنىكىلىق ئالدىنقى شەرت كېرەك ئىدى: بىرىنچىسى، گرىبوۋال لايىھىلىگەن يېنىكرەك دالا زەمبىرىكى جازىسى بولۇپ، ئۇ دالا زەمبىرىكىنى ھازىر تەلەپ قىلىنغان سۈرئەت بىلەن يۆتكىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ ئىككىنچىسى، 1777 ـ يىلى فرانسىيىدە ئىشلىتىلگەن، ئوۋ مىلتىقىغا تەقلىت قىلىپ ياسالغان ئەگرى پايىنەك بولۇپ (بۇنىڭدىن ئىلگىرى مىلتىق قونداقىنىڭ سوزۇلغان قىسمى بولغان پايىنەك تۈز ئىدى)، ئۇ مەرگەنگە مەلۇم بىر كىشىنى قارىغا ئېلىپ، زايا كەتكۈزمەي تەككۈزۈش ئىمكانىيىتىنى بەردى. ئەگەر بۇ ئىلگىرىلەشلەر بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، كونا شەكىلدىكى قوراللار بىلەن تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشنى قىلىشقا مۇمكىن بولمايتتى.

ئومۇمخەلقنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىنقىلاۋىي

تۈزۈم زورلۇق بىلەن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى تەرىپىدىن ناھايىتى تېز ئارىدا چەكلەندى (بايلار باشقىلارنى پۇلغا ياللىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە ئەۋەتسە بولىدىغان بولدى)، ياۋروپا قۇرۇقلۇغىدىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىگىدە بۇنداق شەكىلدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى قوللىنىلدى. پەقەت پرۇسسىيىلا ئۆزىنىڭ زاپاس ئارمىيە تۈزۈمى[95] ئارقىلىق مىللىي مۇداپىيە كۈچىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك ئۇچىدىن ئوقلىنىدىغان بۇرما نولۇق مىلتىق 1830 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان ۋە قىسقا ۋاقىتلىق رولىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، پرۇسسىيە يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق پىيادە ئەسكەرلىرىنى ئەڭ يېڭى شەكىلدىكى قورال بىلەن يەنى قوندىغىدىن ئوقلىنىدىغان بۇرما نولۇق مىلتىق بىلەن قوراللاندۇرغان تۇنجى دۆلەت بولدى. پرۇسسىيىنىڭ 1866 ـ يىلدىكى غەلىبىسى[96] مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك تەدبىرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك

پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئارمىيىسى دەسلەپ تۇتۇشقاندا، ھەر ئىككىسىلا قوندىغىدىن ئوقلىنىدىغان بۇرما نولۇق مىلتىقنى ئىشلەتتى، بەلكى ماھىيەتتە كونا شەكىلدىكى سىدام نولۇق چاقما مىلتىق دەۋرىدىكى جەڭگىۋار دۈي شەكلى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. پەقەت پرۇسسىيىلىكلەر لىيەن زۇگدۇيىنى يېڭى شەكىلدىكى قورالغا تېخىمۇ لايىق كېلىدىغان بىر خىل جەڭ شەكلى قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. لېكىن، پرۇسسىيە جىنۋېيجۈنى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سېن ـ پرىۋادا[97] لىيەن زۇگدۇيىنى ئەستايىدىل سىناپ كۆرگەندە، ئۇرۇشقا ئەڭ كۆپ قاتناشقان 5 تۈەن 2 سائەتكە يېتە ـ يەتمەيلا ئۆزىنىڭ ئۈچتىن بىردىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچى

(176 جۇنگۇەن ۋە 5 مىڭ 114 ئەسكەر) دىن ئايرىلىپ قالدى، شۇ ۋاقتتىن باشلاپ، ليەن زۇڭدۇيىدىن ئىبارەت بۇنداق جەڭ شەكلىمۇ يىلڭ زۇڭدۇيى ۋە سەپ تارتىش دۇي شەكلىگە ئوخشاش ئىرغىتىپ تاشلاندى؛ كېيىن ھەرقانداق زىچ قوشۇننى دۈشمەن مىلتىقلىرىنىڭ ئوت كۈچى ئاستىغا قويۇشتىكى ھەممە ئۇرۇنۇشلار چورۇپ تاشلاندى.

پرۇسسىيە ئارمىيىسى تەرەپتە جەڭ پەقەت غوجمەك ـ غوجمەك تارقاق ئەسكەرلەر توپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ئەمەلىيەتتە، ئىلگىرى زۇڭدۇيلەر دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان ئوقلىرى ئاستىدا دائىم ئۆز ئۆزىدىن تارقاق ئەسكەرلەر توپى بولۇپ يېيىلاتتى، يۇقۇرىنىڭ بۇنداق قىلىقنى دۇي شەكلىنى بۇزۇش دەپ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي تتى. شۇنىڭدەك، دۈشمەن مىلتىغىنىڭ ئوقى يېتىدىغان دائىرىدە، **يۇگۇرۇش** بىردىن ـ بىر ھەركەت شەكلىگە ئايلاندى. ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇنگۇەنلەردىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كورسەتتى؛ قوندىغىدىن ئوقلىنىدىغان بۇرما نولۇق مىلتىقلارنىڭ ئوت كۈچى ئاستىدا ھازىرغىچىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇپ كېلىۋاتقان بىردىن ـ بىر جەڭ شەكلىنى دەل ئەسكەرلەر تەبىي ئىقتىداردىن چىققان ھالدا تېپىۋالدى، بەلكى جاڭگۇەنلىرىنىڭ ھەرقانداق قارشىلىقىغا قارىماي، بۇنداق جەڭ شەكلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا ساقلاپ قالدى.

پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، ئۇ بۇرۇنقى بارلىق ئۇرۇشلاردىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، قورال شۇنداق مۇكەممەللەشتىكى، ھەرقانداق ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىش ئەمدى مۇمكىن بولماي قالدى. كوز يېتىدىغان دائىرىدە بىر يىلڭ ئادەمگە دەللەپ

ئاتقىلى بولىدىغان زەمبىرەك بار بولغان ئىكەن، مىلتىقنىمۇ شۇنداق دائىرىدە بىر ئادەمدىن ئىبارەت نىشانغا دەللەپ ئاتقىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقلاشقا كېتىدىغان ۋاقىت قارىغا ئېلىشقا كېتىدىغان ۋاقىتتىن ئاز ئىكەن، ئۇ ھالدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق يېڭىلاش دالا ئۇرۇشى ئۈچۈن ھەر ھالدا ئانچە موھىم بولماي قالىدۇ. دېمەك، بۇ جەھەتتىنىڭ تەرەققىيات دەۋرى ماھىيەتتە ئاياقلاشتى. ئىككىنچىدىن، بۇ ئۇرۇش ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى بارلىق چوڭ دۆلەتلەرنى ئۆز مەملىكەتلىرىدە تېخىمۇ قاتتىق بولغان پرۇسسىيىچە زاپاس ئارمىيە تۈزۈمىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنداق ئېغىر يۈك ئاستىدا، ئۇلار بىرقانچە يىلغا قالماي چوقۇم يىمىرىلىدۇ. ئارمىيە دۆلەتنىڭ ئاساسىي مەقسىدى بولۇپ قالدى، مەقسەتنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى؛ خەلق پەقەت ئەسكەر بولۇش ۋە ئەسكەر بېقىش ئۈچۈنلا ياشىماقتا. جۇڭگوجۇيى ياۋروپانى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇتماقتا ۋە يالماۋاتماقتا. لېكىن بۇنداق جۇڭگوجۇيىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆز ھالاكىتىنىڭ بىخلىرى بار. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رىقابەت ئۇلارنى، بىر تەرەپتىن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، زەمبىرەك قاتارلىق جەھەتلەرگە ھەر يىلى تېخىمۇ كۆپ پۇل سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن مالىيىنىڭ يىمىرىلىشىنى بارغانسىرى تېزلىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى تۈزۈمىنى بارغانسىرى قاتتىق قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، نەتىجىدە پۈتۈن خەلقنى قورال تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئۈندەيدۇ؛ بۇ ھال خەلقنى مۇئەييەن پەيتتە ھەربىي جاڭگۇەنلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئۆز

ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. خەلق ئاممىسى — يېزا ئىشچىلىرى، شەھەر ئىشچىلىرى ۋە دىخانلار — ئۆز ئىرادىسىگە **ئىگە بولغان** ھامان، بۇنداق پەيت يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، پادىشانىڭ ئارمىيىسى خەلقنىڭ ئارمىيىسىگە ئايلىنىدۇ، ماشىنا خىزمەت قىلىشىنى رەت قىلىدۇ، جۇڭگوجۇيى ئۆز تەرەق-قىياتىنىڭ بىيەنجېڭفاسى ئارقىسىدا ھالاك بولىدۇ. 1848 - يىلدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىزىمى دەل پۇرولېتارىيات دېموكراتىزىمى ئەمەس، **بۇرژۇئا** دېموكراتىزىمى بولغانلىقتىن، دېمەك، ئۇ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورنىغا مەزمۇنەن مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل ئىرادە بېرەلمىگەنلىكتىن ئورۇنلاشقا چامىسى يەتمىگەن ئىشلارنى سوتسىيالىزىم قىلىچە خاتاسىز ئورۇنلايدۇ. بۇ ھال جۇڭگوجۇيىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان بارلىق دائىمى ئارمىيىنى **ئىچكى قىسمىدىن** پارتلىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى زامان پىيادە ئەسكەرلەر تارىخىمىزدىكى بىرىنچى ساۋاق ئەنە شۇ. يەنە بىر ساۋاق بىزنى يەنە دىيۇرىڭ ئەپەندىگە قايتۇرىدۇ، بۇ ساۋاق مۇنداق: ئارمىيىنىڭ ھەممە تەشكىلاتى ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ھەم ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىش - يېڭىلىشلەر ماددى يەنى ئىقتىسادىي شەرتلەرگە باغلىق: ئادەم ۋە قورالدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ماتېرىيالغا باغلىق، يەنى ئاھالىنىڭ سۈپىتىگە ۋە سانىغا باغلىق ھەم تېخنىكىغا باغلىق. ئامېرى-كىلىقلاردەك مۇشۇنداق ئوۋچى مىللەتلا تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشىنى كەشىپ قىلالايدۇ، — ئۇلار ساپ ئىقتىسادىي سەۋەپلەر ئارقىسىدا ئوۋچى ئىدى، خۇددى كونا شتاتلاردىكى ئەنە شۇ ئامېرىكىلىقلار ھازىر ساپ ئىقتىسادىي سەۋەپلەر ئارقىسىدا دىخانلارغا، سانائەت-

چىلەرگە، دېڭىزچىلارغا ۋە سودىگەرلەرگە ئايلانغانغا ئوخشاش، ئۇلار ئەمدى ئىپتىدائىي ئورمانلاردا تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشى قىلمايدىغان، بەلكى ھايانكەشلىك مەيدانلىرىدا تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن تارقاق ئەسكەرلەر ئۇرۇشى قىلىدىغان بولدى، بۇ يەردىمۇ ئۇلار مۇشۇنداق ئۇسۇلنى كەڭ قوللىنىپ ئاممىدىن پايدىلانماقتا. — بۇرژۇئازلارنى بولۇپمۇ دېخانلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازات قىلغان فرانسىيە ئىنقىلاۋىدەك ئىنقىلاپلا ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئارمىيىنى تاپالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنداق ئارمىيە ئۈچۈن ئەركىن ھەركەت شەكلىنى تاپالايدۇ، بۇنداق ھەركەت شەكلى كونا، قېتىپ قالغان سەپ تارتىش دۈي شەكلىنى — ئۆزى قوغدىغان مۇستەبىتچىلىكنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئىنكاسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىز يۇقۇرىدا پەيدىن-پەي كۆرۈپ ئۆتتۇقكى، تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەر ھەربىي مەقسەتكە قوللىنىلغۇدەك بولسا ھەمدە قوللىنىلغان بولسا، ئۇلار ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىدا دەرھال مەجبۇرىي دېگۈدەك بەلكى كۆپ چاغلاردا جىڭخويگۇەننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يېڭىلاش ھەتتا ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىدىكى ۋە ئۇرۇش رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ھەم قاتناش قوراللىرىغا قانچىلىك زور دەرىجىدە تايىنىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھازىر ھەر بىر تىرىشچان شىگۇەن دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. قىسقىسى، ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق چاغدا، «زورلۇق كۈچ»نىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئىقتىسادىي شەرتلەر ۋە بايلىق ياردەم قىلىدۇ، زورلۇق كۈچ ئۇلارسىز زورلۇق كۈچ بولالمايدۇ. كىمكى دىيۇرىڭنىڭ پىرىنسىپلىرىغا

ئاساسلىنىپ ئەكسىچە نۇقتىنەزەر ئارقىلىق ھەربى ئىشلارنى ئىسلاھ قىلماقچى بولسا، ئۇ تاياق يېيىشتىن باشقا ھېچنىمىگە ئېرىشمىگەن بولاتتى①.

ئەگەر بىز سوزىمىزنى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىزغا يوتكىسەك، بۇنىڭدىمۇ پەقەت يېقىنقى 20 يىل ئىچىدىلا تامامەن باشقىچە بولغان تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئوزگىرىش بارلىققا كەلدى. قىرىم ئۇرۇشى[99] ۋاقتىدا، جۇنجيەن 60تىن 100گىچە زەمبىرەك ئورنىتىلغان 2 ياكى 3 قەۋەتلىك ياغاچ كاراپلا ئىدى، بۇنداق كاراپ ئاساسەن يەلكەن بىلەن ماڭاتتى، ئۇنىڭدا ناھايىتى توۋەن ئات كۈچىگە ئىگە بىر پار ماشىنىسى بولۇپ، ياردەمچى رولنىلا ئوينايتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي قورال - جابدۇغى تەخمىنەن 50 گىرمان دەنى② ئېغىرلىقتىكى 32 قاداقلىق زەمبىرەكلەر، پەقەت ئاز ساندىكىلىرىلا 95 گىرمان دەنى ئېغىرلىقتىكى 68 قاداقلىق زەمبىرەكلەر ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئاياقلىشاي دىگەندە، قاپلىمىلىق لەيلىمە زەمبىرەك پوتەيلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇ ناھايىتى كالامپاي بولۇپ ھەركەتلەندۇرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، لېكىن شۇ چاغدىكى زەمبىرەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلار زەخىملەندۇرگىلى بولمايدىغان كارامەت

---

① پرۇسسىيە زۇڭسەنمۇبۇسىدا كىشىلەر بۇنى ئېنىق بىلىدۇ. زۇڭسەنمۇبۇنىڭ شاڭۋېيى ماكس يېھنس ئەپەندى ئوزىنىڭ بىر ئىلمىي دوكلادىدا مۇنداق كورسىتىدۇ: «ھەربى ئىشلارنىڭ ئاساسى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىگىلىك تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئىبارەت.» (1876 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «كيۇلىن گېزىتى»نىڭ 3 - بېتى)98

② بىر گىرمان دەنى 50 كىلوگىرامغا تەڭ. — تەرجىماندىن

نەرسە ئىدى. ئۇزاق ئوتمەي جۇنجيەنلەرمۇ پولات بىلەن قاپلاندى؛ دەسلەپتە ناھايىتى نېپىز ئىدى، 4 ئىنگلىز سۇڭى قېلىنلىقتىكى قاپلىما ناھايىتى ئېغىر ھېساپلىناتتى. لېكىن زەمبىرەكنىڭ تەرەق-قىياتى ئۇنىڭدىن ناھايىتى تېز ئوتۇپ كەتتى، قاپلىما ھەر قېتىم بىر ئىنگلىز سۇڭى قېلىنلىتىلسا، ئۇنى ناھايىتى ئاسان تېشىۋېتىدىغان تېخىمۇ ئېغىر يېڭى زەمبىرەكلەر بارلىققا كېلىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن، بىز 10، 12، 14 ۋە 24 ئىنگلىز سۇڭى قېلىنلىقتىكى قاپلىمىغا ئىگە بولدۇق (ئىتالىيە 3 ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتا قاپلىنىدىغان جۇنجيەن ياسىماقچى)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىز 25، 35، 80 ھەتتا 100 توننا (بىر توننا 20 گېرمان دەنى) ئېغىرلىقتىكى بۇرما نولۇق زەمبىرەكلەرگە ئىگە بولدۇق، بۇنىڭ بىلەن 300، 400، 1 مىڭ 700 تاكى 2 مىڭ قاداقلىق ئوقلارنى قۇلاق ئاڭلىمىغان يىراقلىققا يەتكۈزۈپ ئاتقىلى بولىدۇ. ھازىرقى جۇنجيەن قاپلىملىق، چاقپەلەكلىك، غايەت زور بىر خىل پار كېمىسى بولۇپ، سۇدىكى سالمىغى 8 مىڭدىن 9 مىڭ تونىنغىچە كېلىدۇ، 6 مىڭدىن 8 مىڭغىچە ئات كۈچىگە ئىگە، ئايلانما زەمبىرەك مۇنارى بار، 4 ھەتتا 6 گىچە ئېغىر زەمبىرەك ئورنىتىلغان، تۇمشۇغى-نىڭ سۇغا چوكۇپ تۇرىدىغان يېرىنىڭ ئاستىدا دۈشمەن كاراپىلىرىنى سوقىدىغان چوقچىيىپ تۇرغان مۈڭگۈزى بار. بۇنداق جۇنجيەن ئىنتايىن چوڭ بىر ماشىنا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پار ئۇنى تېز ماڭغۇزۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى رولنى باشقۇرۇش، ياكور چۈشۈرۈش-كوتىرىش، زەمبىرەك مۇنارلىرىنى ئايلاندۇرۇش، زەمبىرەكنىڭ يونۇلۇشىنى توغرىلاش، ئوقلاش، سۇ چىقىرىش، كىچىك كېمىلەرنى چىقىرىش-چۈشۈرۈش (بۇ كىچىك كېمىلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ

پار كۆچى بىلەن ھەركەتلەندۈرۈلدۈ) ۋە باشقىلارغا ئىشلىتىلدۈ. قاپىلىمىنىڭ مۇداپىيە ئىقتىدارى بىلەن زەمبىرەكنىڭ قۇۋۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقە ئاياقلىشىشتىن ئىبخى شۇنچە يىراقكى، جۇنجيەن ھازىر دائىم دىڭگۇدەك تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ، سۇغا چۆشۈرۈلگىچە ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى جۇنجيەن ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان زاۋۇت، — دۇرۇس، ئاساسەن، كوپ مىقتاردا پۇل ئىسراپ قىلىدىغان زاۋۇت. يىرىك سانائەت ئەڭ تەرەققى قىلغان مەملىكەتلەر مۇشۇنداق كاراپلارنى ياساشنىڭ لۇڭدۇەنلىك ھوقۇقىنى ئومۇمەن دىگۇدەك ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان: تۇركىيىنىڭ قاپلىما كاراپلىرىنىڭ ھەممىسى، روسىيىنىڭ قاپلىما كاراپلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ۋە گېرمانىيىنىڭ قاپلىما كاراپلىرىنىڭ كوپچىلىگى ئەنگلىيىدە ياسالغان؛ يارامىلىق قاپىلىمىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك شېففىلدىدا ياسالغان؛ ياۋروپادىكى ئۆز ئالدىغا ئەڭ ئېغىر زەمبىرەك ياسىيالايدىغان 3 پولات-تومۇر زاۋۇدىنىڭ ئىككىسى (ئۇلىچ ۋە ئېلسۋىك) ئەنگلىيىدە، يەنە بىرى (كىرۇپ) گېرمانىيىدە. بۇ شۇنى ئېنىق كورسىتىدۇكى، ديۇرىڭ ئەپەندى ئېيتقان «ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھەل قىلغۇچ سەۋەبى» بولۇپ تۇرغان «بىۋاستە سىياسى زورلۇق كۈچ»، ئەكسىچە، پۈتۈنلەي ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولىدۇ؛ دېڭىزدىكى زورلۇق كۈچ قورالى يەنى جۇنجيەننى ياساشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى باشقۇرۇشنىڭ ئوزىمۇ ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتىنىڭ بىر تارمىغى بولۇپ قالدى. ئىش مۇنداق بولدى: ئەمدى «زورلۇق

كۆچ»كە يەنى دولەتكە ئوخشاش قايغۇردىغان ھېچكىم يوق، دولەتكە ھازىر بىر جۇنجيەن ياساش ئۈچۈن ئىلگىرى بىر پۈتۈن كىچىك جيەندۇي قۇرۇشقا كەتكەندەك كۆپ پۇل سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دولەت بۇ قىممەتلىك جۇنجيەننىڭ ھەتتا سۇغا چۆشۈرۈلگىچە ۋاقتى ئۆتكەن بولىدىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەپتىن قىممىتىنىڭ توۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كورۇشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ «ئىنگلىك ئەھۋالى» كىشىسىنىڭ يەنى گۆڭچىڭشىسىنىڭ ھازىر كاراپىتا ھەتتا «بىۋاستە زورلۇق كۆچ» كىشىسگە يەنى جيەنجاڭغا قارىغاندا كۆپ موھىم بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دولەتنىڭ خۇددى ديۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش نارازى بولۇشى تۇرغان گەپ. بىز بولساق ئۇنداق ئەمەس، بىز شۇنى كورىمىزكى، قاپلىما بىلەن زەمبىرەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقىدە جۇنجيەن تېخنىكىسىنىڭ شۇنداق يۇقۇرى پەللىسگە يەتتىكى، ئۇ پۈتۈش باھاسى قىممەت ھەم ئۇرۇشقا ئەپسىز بولۇپ قالدى[1]؛ بىز شۇنى كورىمىزكى، بۇنداق مۇسابىقە ئارقىسىدا دېڭىز ئۇرۇشى ساھەسىدىمۇ ئىچكى بيەنجېڭلىق ھەركەت قانۇنىيەتلىرى ئېچىلدى، بۇنداق قانۇنىيەتلەر بويىچە، باشقا ھەرقانداق تارىخىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش، جۇنگوجۇيى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ھالاكەتكە

---

[1] يىرىك سانائەت دېڭىز ئۇرۇشىدا ئىشلىتىشكە بەرگەن ئەڭ يېڭى مەھسۇلات بولغان ئاپتوماتىك يۇيلېينىڭ مۇكەممەللەشتۇرۇلۇشى بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغاندەك تۇرىدۇ؛ ئەڭ كىچىك يۇيلېيتىڭ شۇ سەۋەپتىن قۇۋۋىتى ئەڭ زور قاپلىما كاراپىتىن كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇ. (بۇنىڭدىن باشقا، كىتاپخاندىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەرنىڭ 1878-يىلى يېزىلغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشنى سورايمەن.) 100

يۇزلىنىدۇ، ــ بۇ چاغدا، بىزنىڭ قايغۇرۇشقا ھېچقانداق ۋەجىمىز قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە بىز «مەنبە بولغان نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن ۋاستىلىك ئىقتىسادىي كۈچتىن ئىزلەستىن، بىۋاستە سىياسى زورلۇق كۈچتىن ئىزلەش كېرەك»لىگىنىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئىنتايىن ئېنىق كورىمىز. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. زورلۇق كۈچىنىڭ ئۆزىدىكى «مەنبە بولغان نەرسىلەر» نىمە؟ ئىقتىسادىي كۈچ، قولدا يىرىك سانائەتتىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك ۋاستىنىڭ بولۇشى. ھازىرقى زامان جۇنجيەنىنى ئاساس قىلىغان دېڭىزدىكى سىياسى زورلۇق كۈچ ئۆزىنىڭ تامامەن «بىۋاستە» ئەمەسلىگىنى بەلكى دەل ئىقتىسادىي كۈچكە يەنى يېجىن سانائەتنىڭ يۇكسەك تەرەققىياتى، مەلىكىلىك تېخنىكلارغا بويرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقى ۋە مول كومۇر كانلىرىغا **باغلىق** ئىكەنلىگىنى كورسەتمەكتە.

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ يېقىن ئارىدا بولىدىغان دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەڭ ئالى قوماندانلىق ھوقۇقىنى ديۇرىڭ ئەپەندىگە تاپشۇرۇڭ، ئۇ ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ئىختىيارىدا بولغان ھەممە قاپلىما كاراپ جيەندۇيلىرىنى يۇيلېي ۋە باشقا ئۇستىلىقلار بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ «بىۋاستە زورلۇق كۈچى» بىلەنلا يوقاتسۇن.

## 4. زورلۇق كۈچ نەزىرىيىسى (ئاخىرى)

«ئىنتايىن موھىم بىر ئەھۋال مۇنداق: ئىش يۇزىدە، تەبىەت دۇنياسى ئۇستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق، قانداق بولمىسۇن (!)، پەقەت ئادەم

ئۇستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلدى (ھوكۇمرانلىق ئېلىپ بېرىلدى!). ئەگەر ئالدى بىلەن ئادەملەرنى قۇل قىلمىغاندا ۋە ئۇلارنى مەلۇم شەكىلدىكى قۇللۇق قارا ئىشنى ياكى مېھنەتنى قىلىشقا مەجبۇر قىلمىغاندا، ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق جايدا كەڭ كولەمدىكى يەر مۈلكىنى باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. نەرسە ئۇستىدىن قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىقنىڭ تىكلىنىشى ئادەمنىڭ ئادەم ئۇستىدىن قىلىدىغان سىياسى، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر شۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ پومىششىكلارنىڭ قۇللار، بېقىندا دېخانلار ياكى ۋاستىلىك ئەركىسىزلەر ئۇستىدىن قىلىدىغان ھوكۇمرانلىغى ئەسكە ئېلىنمىسا، چوڭ پومىششىكنىڭ بولۇشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ بىر ئادەمنىڭ كۈچىنىڭ، ئەڭ كوپ بولغاندا ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ياردەمچى كۈچىنى قوشقاندا، كەڭ كولەملىك تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئىلگىرى ۋە ھازىر نىمە ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئىدى؟ يەردىن پايدىلىنىش ياكى يەر ئۇستىدىن قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي ھوكۇمرانلىقنى ئايرىم ئادەمنىڭ تەبىي كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەن دائىرىگە قەدەر كېڭەيتىش ھازىرغىچە ئوتكەن تارىختا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولغانكى، يەر ئۇستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق ھوقۇقى تىكلىنىشتىن ئاۋال ياكى دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئادەمنى قۇل قىلىشمۇ تىكلەنگەن ئىدى. تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ كېيىنكى مەزگىللىرىدە بۇنداق قۇل قىلىش يېنىكلىتىلگەن ئىدى...... يۇكسەك مەدىنى دولەتلەردە ئۇنىڭ ھازىرقى شەكلى ئازدۇر - كوپتۇر ساقچى ھوكۇمرانلىغىنىڭ قوماندانلىغىدىكى ياللانما ئەمگەك تۇزۇمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ كولەمدىكى يەرلەر ئۇستىدە ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە (!) چوڭ يەر ئىگىدارلىغى بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ھازىرقى زامان بايلىق شەكلىنىڭ ئەمەلىي ئىمكانىيىتى مۇشۇنداق ياللانما ئەمگەك تۇزۇمىنى ئاساس قىلىدۇ. ئوز ئوزىدىن مەلۇمكى، تەقسىم قىلىنىدىغان بايلىقنىڭ باشقا ھەممە شەكىللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسۇل بويىچە تارىخىي يوسۇندا چۈشەندۇرۇلۇشى لازىم؛ ئادەمنىڭ ئادەمگە ۋاستىلىك تەۋەلىك

مۇناسىۋەتنى هازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان تۈزۈمنىڭ تۈپ بەلگىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆتكەنكى بىۋاستە قۇل قىلىش ۋە مەھرۇم قىلىشنىڭ سەل-پەل شەكلى ئۆزگەرگەن مىراسى دەپ قارىغاندىلا چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.»

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق دەيدۇ.

تېزىس: (ئادەمنىڭ) تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن قىلىدىغان هوكۇمرانلىقى (ئادەمنىڭ) ئادەم ئۈستىدىن قىلىدىغان هوكۇمرانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئىسپات: **كەڭ كۆلەمدىكى يەر مۈلكىنى** باشقۇرۇش ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق جايدا قۇل قىلىنغۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىسپاتقا ئىسپات: ئەگەر قۇل قىلىنغۇچىلار بولمىسا، چوڭ يەر ئىگىلىگۈچىلەر قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ چۈنكى قۇل قىلىنغۇچىلار بولمىسا، چوڭ يەر ئىگىلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەسى ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنىلا تېرىيالايدۇ.

دېمەك: ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرىمەن دېسە، ئۇنىڭ ئاۋال باشقا ئادەمنى قۇل قىلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەندى «تەبىئەت دۇنياسى»نى توغرىدىن-توغرا «كەڭ كۆلەمدىكى يەر مۈلكى»گە ئايلاندۇرىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر مۈلكىنى—كىمنىڭ ئىكەنلىكى نامەلۇم—شۇ زاماتلا يەنە چوڭ پومىششىكلارنىڭ مال-مۈلكىگە ئايلاندۇرىۋالىدۇ، چوڭ پومىششىك قۇل قىلىنغۇچىلارسىز، تەبىي، ئۆزىنىڭ يېرىنى تېرىيالمايدۇ.

بىرىنچى، «تەبەت دۇنياسى ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق» بىلەن «يەر مۈلكىنى باشقۇرۇش» ھەرگىز بىر ئىش ئەمەس. تەبەت دۇنياسى ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىقنىڭ كۆلىمى يېزا ئىگىلىگىدىكىگە قارىغاندا سانائەتتە كوپ كەڭ، بۈگۈنكى كۈنگىچە يېزا ئىگىلىگى ھاۋارايىنى تىزگىنلىيەلمەيلا قالماستىن، تېخى ھاۋارايى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشكە مەجبۇر بولۇپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى، ئەگەر بىز كەڭ كولەمدىكى يەر مۈلكىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولساق، ئۇ هالدا، مەسىلە شۇ يەردە بولىدۇكى، بۇ يەر مۈلكى كىمگە تەئەللۇق؟ بىزنىڭ بارلىق مەدەنى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كورگىنىمىز «چوڭ پومېششىك» ئەمەس، — دېيۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردىمۇ ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان، «تەبەت بىيەنجېڭفاسى» دەپ ئاتىۋالغان[101] نەيرەڭۋازلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، چوڭ پومېششىكنى سىغداپ كىرگۈزىدۇ، — بەلكى يەرگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئۇرۇقداشلىق گۈڭشېسى ۋە يېزا گۈڭشېسى. ھىندىستاندىن تارتىپ ئىرلاندىيىگىچە، كەڭ كولەمدىكى يەر مۈلكىنىڭ باشقۇرۇلۇشى دەسلەپتە دەل ئەنە شۇنداق ئۇرۇقداشلىق گۈڭشېسى ۋە يېزا گۈڭشېسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېرىلغۇ يەرلەر ياكى گۈڭشېنى بىرلىك قىلىپ ئوملىشىپ تېرىلغان، ياكى كىچىك - كىچىك پارچىلارغا بولۇپ، گۈڭشېنىڭ مەلۇم مۇددەتكە تەقسىم قىلىپ بېرىشى بىلەن ھەرقايسى ئائىلىلەر تەرىپىدىن تېرىلغان، ئورمان ۋە ئوتلاقلار بولسا ھامان ئومۇمنىڭ پايدىلىنىشىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىدىن دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق؛ ئۇنىڭ بارلىق

ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ماۋرېرنىڭ ئىپتىدائىي گېرمان ماركا تۈزۈمى توغرىسىدىكى يەنى پۈتۈن گېرمانىيە قانۇنىنىڭ ئاساسى توغرىسىدىكى دەۋر بولگۇچ ئەسەرلىرىنى[102] پۈتۈنلەي بىلمەيدىغانلىقىنى كورسەتتى، شۇنداقلا ئاساسەن ماۋرېرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا كۇندىن - كۇنگە كوپىيىۋاتقان باشقا ئەسەرلەرنىمۇ پۈتۈنلەي بىلمەيدىغانلىقىنى كورسەتتى، بۇ ئەسەرلەردە ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يەرگە بولغان ئىپتىدائىي ئومۇم ئىگىدارلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ ئوتكەنلىكى ئىسپاتلانغان، بەلكى بۇنداق يەرگە بولغان ئومۇم ئىگىدارلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە يىمىرىلىشتىكى ھەر خىل شەكىللىرىمۇ شەرھىلەنگەن ئىدى. — ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇنداق بىلىمسىزلىكى ئۇنىڭ «سىياسى ۋە قانۇن ساھەسى»دە ئىلىپ بارغان «ئەڭ چوڭقۇر مەخسۇس تەتقىقاتى»نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ فرانسيە قانۇنى ۋە ئەنگلىيە قانۇنى ساھەسىدە «ئوزى ئېرىشكەن پۈتۈن بىلىمسىزلىكى»گە[103] ئوخشاش — بۇنداق بىلىمسىزلىك كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇراتتى، — ئۇنىڭ گېرمانىيە قانۇنى ساھەسىدە ئېرىشكەن بىلىمسىزلىكى بولسا كىشىنى تېخىمۇ كوپ ھەيران قالدۇرىدۇ. داشۇۋې جياۋشۇلىرىنىڭ تار نەزەر دائىرىسىدىن شۇنچە غەزەپلەنگەن بۇ كىشى ئەمدىلىكتە گېرمانىيە قانۇنى ساھەسىدە، ئەڭ كوپ دېگەندىمۇ، داشۇۋې جياۋشۇلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى سەۋىيىسىدە تۇرماقتا.

دىيۇرىڭ ئەپەندى، كەڭ كولەمدىكى يەر مۈلكىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن پومىشچىك ۋە قۇل قىلىنغۇچىلار بولۇشى لازىم، دەپ

ھوكۇم قىلدى، بۇنداق سوز پۈتۈنلەي ئۆنىڭ «ئەركىن ئىجادىيەت مەھسۇلى ۋە تەسەۋۋۇر مەھسۇلى». پۈتكۈل شەرقتە گۈڭشىپ ياكى دولەت يەرنىڭ ئىگىسى بولغان، ئۇ يەردىكى تىللاردا ھەتتا پومىشىك دېگەن ئاتالغۇمۇ يوق، بۇ ھەقتە دىيۇرىڭ ئەپەندى مالال كورمەي ئەنگلىيە قانۇنشۇناسلىرىغا مۇراجەت قىلىسا بولىدۇ، ئۇلار «يەرنىڭ ئىگىسى كىم؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھىندىستاندا بىكاردىن-بىكار باش قاتۇرغان ئىدى، خۇددى مەرھۇم شاھزادە ھېينىرىش LXXII رويىس-گېرىتس-شلېيتس-لوبېنشتېين-ئېبېرسۋالدىنىڭ[104] «كېپچىلىك كۈزەتچى كىم؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىكاردىن-بىكار باش قاتۇرغانلىقىغا ئوخشاش. پەقەت تۈركلەرلا ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان شەرق ئەللىرىدە بىر خىل پومىشىكلار فېوداللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. يۇنان قەھرىمانلىق دەۋرىدىلا تەبىقىلەرگە بولۇنگەن پېتى تارىخقا كىرگەن، بۇنداق تەبىقىلەرگە بولۇنۇشنىڭ ئۆزى، روشەنكى، بىزگە نامەلۇم بولغان، ئۇزاق زامانلار بولغان تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭلا مەھسۇلى؛ لېكىن دەل شۇ يەردىمۇ يەر ئاساسەن مۇستەقىل دېخانلار تەرىپىدىن تېرىلغان ئىدى؛ ئاقسوڭەكلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ چوڭراق زېمىن مۈلكى مۇستەسنا ئەھۋال بولغان، لېكىن بۇلار تېزلىكتىلا يوقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئىتالىيەدە يەرنى ئاساسەن دېخانلار ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى؛ رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە چوڭ تىيەنجۇاڭلار يەنى چوڭ جۇاڭيۈەنلەر ئۇششاق دېخانلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا قۇللارنى دەسسەتكەن چاغدا، ئۇلار يەنە ئەينى شۇ ۋاقىتتا دېخانچىلىقنىڭ ئورنىغىمۇ چارۋىچىلىقنى دەسسەتكەن ئىدى، بەلكى خۇددى پلىنىي بىلگەندەك، بۇ ھال ئىتالىيەنى يىمىرىلىشكە يۈزلەندۇرگەن ئىدى[105]. ئوتتۇرا

ئەسىردە دىخانلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى پۈتكۈل ياۋروپادا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇراتتى (بولۇپمۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە)، دىخانلارنىڭ قايسىبىر فېئودالغا خىراج-سېلىق تۆلىشى لازىممىدى، يوقمۇ، نېمە تۆلىشى لازىم ئىدى، دېگەنگە كەلسەك، بۇنىڭ ھازىرقى مەسىلە ئۈچۈن ئانچە كارايىتى يوق. فىرىسان، توۋەن ساكسونىيە، فلاماندىيە ۋە توۋەن رېين كوچمەنلىرى ئېلبا دەرياسىنىڭ شەرقىدە سلاۋيانلاردىن تارتىۋېلىنغان يەرلەرنى تېرىغان، ئۇلار ئەركىن دىخانلار سۈپىتىدە تېرىپ، ناھايىتى توۋەن باج-سېلىق تۆلىگەن، لېكىن ئۇلار ھەرگىز «مەلۇم شەكىلدە مېھنەت قىلىپ بېرىش» شارائىتىدا تۇرغان ئەمەس. — شىمالىي ئامېرىكىدا يەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئەركىن دىخانلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ھالبۇكى، جەنۇبىي قىسمىدا چوڭ پومېششىكلار ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىدىن ۋە بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى تېرىقچىلىق تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، يەرنى شۇ قەدەر ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىدىكى، ئۇ يەرلەردە ئارچىلارلا ئۈنىدىغان بولۇپ قالغان، كېۋەز تېرىش ئىشىنى بولسا بارا-بارا غەرپكە كوچۈرمەي بولمىغان ئىدى. ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىدە ئەنگلىيە ھوكۈمىتىنىڭ سۈنئىي ھالدا يەر ئاقسۆڭەكلىرى پەيدا قىلىش يولىدىكى ھەممە غەرەزلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. قىسقىسى، ھاۋارايى ياۋروپالىقلارنى دىخانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلاجىسىز قىلىپ قويغان ئىسسىق بەلۋاغ ۋە موتىدىل ئىسسىق بەلۋاغدىكى مۇستەملىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قۇللاردىن ياكى مېھنەت قىلىپ بېرىش تۈزۈمى ئاستىدىكى نۇكنۇلاردىن پايدىلىنىپ، تەبىەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرغان ۋە يەر ئۆزلەشتۈرگەن چوڭ پومېششىكلار پۈتۈنلەي خام خىيالنىڭلا مەھسۇلى. ئەكسىچە، قەدىمقى زاماندا

چوڭ پومششكلار كېلىپ چىققان جايلاردا، مەسىلەن، ئىتالىيىدە، ئۇلار بوز يەرنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرغان ئەمەس، بەلكى دېخانلار ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەرنى ئوتلاقلا ئايلاندۇرغان، كىشىلەرنى قوغلىۋېتىپ، كەڭ ـ كەڭ يەرلەرنى قاقاسلىقتا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. يەقەت يېقىنقى زاماندا، ئاھالىنىڭ بىر قەدەر زىچلىشىش ئارقىسىدا يەر باھاسى ئۆستۈرۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپلا بولۇپمۇ نۇگېرمانىيەدە ئۇلار ئاستا-ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيار قىلىشقا بىر قەدەر مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغاندىن تارتىپلا. چوڭ يەر مۈلكىنى ئىگىلىگۈچىلەر بوز يەر ۋە ئوتلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كەڭ كولەمدە قاتنىششقا باشلىغان، لېكىن بۇنى ئاساسەن دېخانلارنىڭ جامائەت يەرلىرىنى تارتىۋېلىش يولى بىلەن ئېلىپ بارغان، ئەنگلىيىدە شۇنداق بولغان، گېرمانىيىدىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جەريان يوقمۇ ئەمەس. مەسىلەن، چوڭ يەر ئىگىلىگۈچىلەر ھەر قېتىم ئەنگلىيىدە بىر ئىنگلىز موسى كېلىدىغان جامائەت يېرىنى ئۆزلەشتۈرگەندە، ھامان شوتلاندىيىدە كەم دېگەندە ئۈچ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرنى قوي باقىدىغان ئوتلاققا ئايلاندۇرغان، ئاخىر بېرىپ ھەتتا ئۇ يەرلەرنى پۈتۈنلەي ئوۋ ئوۋلايدىغان قورۇقلارغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

بۇ يەردە بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ: كەڭ كولەمدىكى يەرلەر، شۇ سەۋەپتىن ئەمىلىيەتتە بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق جايدا» چوڭ پومششكلار ۋە قۇل قىلىنغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن، دېگەن ھوكمىگىلا دۇچ كەلدۇق، بۇنداق ھوكۇم، كورۇپ ئوتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ تارىخ توغرىسىدا ھەقىقەتەن مىسلىسىز دەرىجىدە

بىلمىسىزلىكىنى «ئالدىنقى شەرت» قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بولغان ياكى كۆپ قىسمى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بولغان يەرلەردىن ھەرقايسى دەۋردە قانچىلىكىنىڭ قۇللار تەرىپىدىن (يۇناننىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدىكىگە ئوخشاش) تېرىلغانلىقى ياكى بېقىندا دىخانلار تەرىپىدىن تېرىلغانلىقى (ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى مېھنەت قىلىپ بېرىدىغان تيەنجۇاڭلارغا ئوخشاش) ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چوڭ يەر ئىگىلىكچىلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋردە قانداق ئىجتىمائىي جۈنبىشكە ئىگە بولغانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

دىيۈرىڭ ئەپەندى بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق بىر ئاجايىپ كېلىشكەن خىيالىي سۈرەتنى يېيىپ قويىدۇ — بۇ سۈرەتتە يەنىي نەيرەڭۋازلىقى ياكى تارىخنىڭ ساختىلاشتۇرۇلغانلىقىدىن قايسىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشقا بەكرەك ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلمەيسەن، — شۇنىڭدىن كېيىن كورەڭلىگەن ھالدا مۇنداق ۋاقىرايدۇ:

«ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، تەقسىم قىلىنىدىغان بايلىقنىڭ باشقا ھەممە شەكىللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇسۇل بويىچە تارىخىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلۈشى لازىم!»

بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق، ئۇنىڭغا، ئېيتايلى، كاپىتالنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا كۈچىنىشىنىڭ ئەلۋەتتە ھاجىتى قالمايدۇ.

دىيۈرىڭ ئەپەندى، ئادەمنىڭ ئادەم ئۈستىدىن قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقى ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن قىلىدىغان

ھوكۇمرانلىغىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنىڭ بىلەن: بىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى پۈتۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىگىدە ۋە سانائەتتە ھازىرغىچە بېرىپ يەتكەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقلار ئىچىدە، ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىشتىكى خىلمۇ ـ خىل مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە قانات يايغان جەمىيەت تارىخىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىگىنى ئومۇمەن كورسەتمەكچى بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى «گوگچەنداڭ خىتاپنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان ئاللىقاچان ئادەتتىكى پاراڭ بولۇپ قالغان ئىشتىنلا ئىبارەت، خالاس. مەسىلە دەل سىنىپ ۋە ھوكۇمرانلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىغىنى قانداق چۈشەندۇرۇشتە، ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ مەسىلىگە ھەمىشە «زورلۇق كۈچ» دىگەن مۇشۇ بىر ئاتالغۇ بىلەنلا جاۋاپ بېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ بىزنى بىر قەدەممۇ ئالغا باستۇرالمايدۇ. ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچىلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ھەرقانداق دەۋردە ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلاردىن نۇرغۇن دەرىجىدە كوپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقى زورلۇق كۈچ ھامان ئالدىنقىسىنىڭ قولىدا بولىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئاددى پاكىتلا پۈتۈن زورلۇق كۈچ نەزىرىيە-سىنىڭ بىمەنىلىگىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ھوكۇمرانلىق قىلىش ۋە قۇل قىلىشتىكى خىلمۇ ـ خىل مۇناسىۋەتلەرنى تېخى چۈشەندۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىككى يول بىلەن پەيدا بولغان.

ئادەملەر دەسلەپتە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن قانداق ئاجرالغان بولسا (تار مەنىدە ئېيتقاندا)، ئۇلار تارىختا شۇنداق كىرگەن:

ئۇلار تېخى يېرىم هايۋاناتلىق خاراكتېردا ئىدى، ياۋايى ئىدى، تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا يەنىلا ئاجىز ئىدى، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېخى بىلىپ يەتمىگەن ئىدى؛ شۇڭا، هايۋاناتلارغا ئوخشاشلا چالا ئىدى، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىمۇ هايۋاناتلاردىن ئەقىللىقلىقى ناتايىن ئىدى. ئۇ چاغدا، تۇرمۇش ئەھۋالىدا مەلۇم باراۋەرلىك ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى، ئائىلە باشلىقلىرىغا نىسبەتەن ئىجتىمائى ئورۇندىمۇ مەلۇم باراۋەرلىك مەۋجۇت ئىدى، هېچ بولمىغاندا ئىجتىمائى سىنىپلار يوق ئىدى، بۇنداق باراۋەرلىك كېيىنرەك مەدەنىيلەشكەن مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائى دېخانچىلىق گۈڭشىلىرىدا تېخى داۋاملىق مەۋجۇت تۇرماقتا. مۇشۇنداق گۈڭشىلارنىڭ هەر بىرىدە دەسلەپتىلا مەلۇم ئورتاق مەنپەئەت مەۋجۇت ئىدى، بۇنداق مەنپەئەتنى قوغداش خىزمىتى، گەرچە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولسىمۇ، ئايرىم ئەزالارنىڭ زىممىسىگە چۈشمەي قالمىغان: مەسىلەن، ماجىرالارنى هەل قىلىش؛ ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆز هوقۇقى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشىنى توسۇش؛ سۇ ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش، بولۇپمۇ بەك ئىسسىق جايلاردا؛ ئاخىردا، ئىنتايىن ئىپتىدائى هالەتتە دىنىي جۇنبۇشنى ئىجرا قىلىش. مۇشۇنداق ئەمەللەرنى هەرقانداق ۋاقىتتىكى ئىپتىدائى گۈڭشىلاردا، مەسىلەن، ئەڭ قەدىمقى گېرمان ماركا گۈڭشىلىرىدا هەتتا بۈگۈنكى هىندىستاندىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەمەللەرگە مەلۇم تولۇق هوقۇق بېرىلگەن، بۇ دۆلەت هاكىمىيىتىنىڭ بىخى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پەيدىن-پەي ئۆستى؛ ئاھالىنىڭ بىر قەدەر زىچلىشىشى ئارقىسىدا، بەزى هاللاردا گۈڭشىلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق مەنپەئەت شەكىللەندى، باشقا بەزى هاللاردا يەنە گۈڭشىلار

ئوتتۇرىسىدا بىر بىرىگە توقۇنۇشىدىغان مەنپەئەت شەكىللەندى، بۇ گۇرۇھلارنىڭ قوشۇلۇپ تېخىمۇ چوڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشى بولسا يېڭى ئىش تەقسىماتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئورتاق مەنپەئەتنى قوغداش ۋە توقۇنۇشىدىغان مەنپەئەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ئاپاراتلار قۇرۇلدى. بۇ ئاپاراتلار پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەر بىر يەككە گۇرۇھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئالاھىدە بولغان، بەلگىلىك ئەھۋالدا ھەتتا قارىمۇ ـ قارشى بولغان ئورۇندا تۇردى، ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتىلا تېخىمۇ مۇستەقىل بولۇۋالدى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى قىسمەن ھالدا ئىجتىمائى ئەمەلنىڭ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ـــ بۇنداق ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ قېلىش ھەممە ئىش زىددىيەتلىك ھالدا بارىدىغان دۇنيادا ئۆز ئۆزىدىن دېگۈدەكلا شەكىللەنگەن، ـــ قىسمەن ھالدا باشقا گۇرۇھلار بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا بۇنداق ئاپاراتلارنى قۇرۇشتىكى زۆرۈرىيەتنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولدى. بۇ يەردە بىزنىڭ ئىجتىمائى جۇغلىنىشنىڭ جەمىيەتكە قارىتا بۇنداق مۇستەقىللىشىشىنىڭ قانداق قىلىپ جەمىيەت ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھۆكۈمرانلىققا پەيدىن ـ پەي ئورلەپ بارغانلىقى؛ دەسلەپكى جەمىيەت خادىمىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇكۇشلۇق شارائىتتا جەمىيەتنىڭ خوجايىنىغا پەيدىن ـ پەي ئايلىنىپ بارغانلىقى؛ بۇنداق خوجايىنلارنىڭ قانداق قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرقنىڭ زالىم پادىشالىرى ياكى زۇڭدۇلىرى بولۇپ، يۇناندىكى ئۇرۇق باشلىقلىرى بولۇپ، كېلتلارنىڭ قەۋم باشلىقلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ قالغانلىقى؛ بۇنداق ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا بۇنداق

خوجايىنلارنىڭمۇ قايسى دەرىجىدە بەرىبىر زورلۇق كۈچ ئىشلەتـ
كەنلىكى؛ ئاخىردا، هوكۇمران شەخسلەرنىڭ قانداق قىلىپ
هوكۇمران سىنىپ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقى ـــ مانا بۇلار ئۇستىدە بۇ
يەردە چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ هاجىتى يوق. بۇ يەردە
مەسىلە مۇنداق پاكىتنى ئېنىقلاشتا: سىياسى هوكۇمرانلىق قەيەردىلا
بولمىسۇن، مەلۇم ئىجتىمائى جۇزئىيلىكنى ئىجرا قىلىشنى ئاساس
قىلىدۇ، يەنە كېلىپ سىياسى هوكۇمرانلىق پەقەت ئۇ ئۆزىنىڭ
بۇنداق ئىجتىمائى جۇزئىيلىكنى ئىجرا قىلغان ۋاقىتتىلا داۋاملىشالايدۇ.
پېرسىيىدە ۋە هىندىستاندا گۈللەنگەن ياكى خاراپلاشقان مۇستەبىت
هوكۇمەتلەرنىڭ قانچە بولغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇلارنىڭ
هەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋال دەريا ۋادىلىرىنى سۇغۇرۇشنىڭ باش
باشقۇرغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرلەردە يەرنى سۇغۇرماي
تۇرۇپ دېخانچىلىقنى قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تازا ئېنىق
بىلەتتى. پەقەت مەدىنى ئىنگلىزلارلا هىندىستاندا بۇنىڭغا سەل
قارىغان ئىدى؛ ئۇلار ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە تومىلارنىڭ خاراپ بولۇپ
كېتىشىگە يول قويغان ئىدى، ئەمدىلىكتە، پات ـ پات قەھەتچىلىك
يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هىندىستاندىكى
هوكۇمرانلىقىنى هېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ
هوكۇمرانلىقى بىلەن ئوخشاش دەرىجىلىك قانۇن كۈچىگە ئىگە
قىلىدىغان بۇنداق بىردىن ـ بىر هەركەتكە سەل قارىغانلىقىنى
ئاخىر سەزدى.

لېكىن، سىنىپلارنىڭ بۇنداق شەكىللىنىش جەريانىدىن تاشقىرى،
سىنىپلارنىڭ يەنە باشقا بىر خىل شەكىللىنىش جەريانىمۇ بولغان.
دېخان ئائىلىسى ئىچىدە تەبىى هالدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىش

تەقسىماتى، باياشاتلىق بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە، ئائىلە ئىچىگە تاشقىرىدىن بىر ياكى بىرنەچچە ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. كونىچە ئۇمۇم يەر مۈلۈكچىلىكى يىمىرىلگەن ياكى كەم بولغاندا كونىچە يەرنى ئۇمۇملىشىپ تېرىش تۈزۈمى ھەرقايسى ئائىلىنىڭ پارچە - پارچە يەرلەرنى تېرىش تۈزۈمىگە ئۆرۈن بوشىتىپ بەرگەن جايلاردا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەھۋال بولۇپمۇ كوپ ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققى قىلىپ مۇنداق دەرىجىگە يەتتى: ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچى ئىشلەپچىقىرالىغان نەرسىلەر نوقۇل ھالدا ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغان مىقتاردىن ئېشىپ كەتتى؛ ئېخىمۇ كوپرەك ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك ۋاستىلەر ھازىرلاندى؛ بۇ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلەتكۇدەك ۋاستىلەرمۇ ھازىرلاندى؛ ئەمگەك كۈچى **قىممەتكە** ئىگە بولدى. لېكىن گۇڭ-شېنىڭ ئۈزى ۋە گۇڭشې تەۋە بولغان گۇرۇھ ئىختىيارىي باشقۇرۇ-لىدىغان ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخى ئاجرىتىپ چىقىرالمايتتى. بۇنداق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۇرۇش ئاجرىتىپ چىقاردى، ئۇرۇش بولسا بىرنەچچە خوشنا گۇڭشېلار گۇرۇھى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھادىسىگە ئوخشاش ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى شارت - شۇرتلا ئولتۇرۇپ تاشلايتتى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولسا ھەتتا ئۇلارنى يەۋېتەتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئېرىشىلگەن «ئىگىلىك ئەھۋالى» سەۋىيىسىدە، ئۇرۇش ئەسىرلىرى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن

كىشىلەر ئۇلارنى تىرىك قالدۇرىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، زورلۇق كۈچ ئىگىلىك ئەھۋالىغا ھوكۈمرانلىق قىلمىغان، ئەكسىچە، زورلۇق كۈچ ئىگىلىك ئەھۋالى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان. **قۇللۇق تۈزۈم** تېپىلدى. بۇنداق تۈزۈم تەرەققى قىلىپ كونا گۇڭشېدىن ئۆزۈپ كەتكەن بارلىق مىللەتلەر ئىچىدە تېزلىكتىلا ھوكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولدى، لېكىن ئاخىر بېرىپ يەنە ئۇلارنىڭ خاراپلىشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. پەقەت قۇللۇق تۈزۈملا دېخانچىلىق بىلەن سانائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئىش تەقسىماتىنى مۇمكىن-چىلىككە ئىگە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يەنى يۇنان مەدەنىيىتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. قۇللۇق تۈزۈم بولمىغان بولسا، يۇنان دۆلىتى بولمىغان بولاتتى، يۇنان سەنئىتى ۋە پەنى بولمىغان بولاتتى؛ قۇللۇق تۈزۈم بولمىغان بولسا، رىم دىگوسى بولمىغان بولاتتى. يۇنان مەدەنىيىتى ۋە رىم دىگوسى سېلىپ بەرگەن ئاساس بولمىغان بولسا، ھازىرقى زامان ياۋروپاسىمۇ بولمىغان بولاتتى. بىز شۇنى مەڭگۈ ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىمىز قۇللۇق تۈزۈم ھەم كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، شۇنداقلا يەنە كىشىلەر ئۈچۈن زورۇر بولغان بۇنداق ئەھۋالنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىز: قەدىمقى زامان قۇللۇق تۈزۈمى بولمىغان بولسا، ھازىرقى زامان سوتسىيالىزىمى بولماس ئىدى.

قۇللۇق تۈزۈم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسىلەرنى ئادەتتىكى سوزلەر بىلەن تىللاش، مۇشۇ شەرمەندە ھادىسىلەرگە ئالىجاناپ ھەققانى نەپرەتلەر ياغدۇرۇشتىن ئاسان ئىش يوق. ئەپسۇسكى، بۇنداق قىلىش پەقەت ھەممىگە ئايان بولغان بىرلا ئىش ئۈستىدە گەپ قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇ مۇنىڭدىن ئىبارەت: بۇنداق قەدىمقى تۈزۈم ئەمدىلىكتە بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا ۋە بىزنىڭ بۇنداق ئەھۋال بەلگىلىگەن ھېسسىياتىمىزغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن بۇنداق تۈزۈم قانداق پەيدا بولغان، ئۇ نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ ئوتكەن، ئۇ تارىختا قانداق رول ئوينىغان دىگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزاھقا ئىگە بولمايمىز. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، چوقۇم شۇنداق دەيمىزكى — ھەرقانچە زىددىيەتلىك ۋە غەلىتە ئاڭلىنىشىدىن قەتئى نەزەر، — شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قوللىنىلغانلىقى غايەت زور ئىلگىرىلەش ئىدى. ئىنسانىيەت ياۋايى ھايۋاندىن باشلانغان، شۇڭا، ياۋايى ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياۋايىلارچە، ياۋايى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىشىنىڭ لازىم بولغانلىقى ھەر ھالدا پاكىت. قەدىمقى گۇڭشې، ئۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جايلاردا، نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا ھىندىستاندىن تارتىپ روسىيىگىچە ئەڭ ۋەھشى دولەت شەكلىنىڭ يەنى شەرق مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولغان ئىدى. پەقەت گۇڭشې پارچىلانغان جايلاردىلا، خەلق ئوزىنىڭ كۈچىگە يولىنىپ داۋاملىق ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قۇل ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى

ئۇستۈرۈش ۋە يەلىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىسى ئېنىق: ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تېخى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، زورۇر تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن باشقا ئازغىنىلا قوشۇمچە مەھسۇلات يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-لىرىنىڭ ئۆسۈشى، ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى، دۆلەت ۋە قانۇننىڭ تەرەققىي قىلىشى، سەنئەت ۋە ئىلىم-پەننىڭ يارىتىلىشى تېخىمۇ كەڭ بولغان ئىش تەقسىماتى ئارقىلىقلا مۇمكىن بولغان ئىدى، بۇنداق ئىش تەقسىماتىنىڭ ئاساسى نوقۇل جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئامما بىلەن ئەمگەكنى باشقۇرىدىغان، سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى قولىدا تۇتقان شۇنىڭدەك كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەنئەت ۋە ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللانغان ئاز سانلىق ئىمتىيازلىق ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ ئىش تەقسىماتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق ئىش تەقسىماتىنىڭ ئەڭ ئاددىي، پۈتۈنلەي زىفالىق شەكلى دەل قۇللۇق تۈزۈم ئىدى. قەدىمقى دۇنيانىڭ بولۇپمۇ يۇنان دۇنياسىنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئىلگىرىلەپ سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقىنى ئاساس قىلغان جەمىيەتكە كىرىشى قۇللۇق تۈزۈم شەكلى ئارقىلىقلا ئورۇنلاندى. ھەتتا قۇللار ئۈچۈنمۇ بۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش ئىدى، چۈنكى تۇركۇم-تۇركۇم قۇللارنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىلگىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولسا ھەتتا يەۋېتىلەتتى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ھېچ بولمىغاندا ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولدى.

بۇ يەردە تولۇقلىغاچ كېتەيلى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا،

ھوكۇمران سىنىپ بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن جىمىكى تارىخىي قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى ئادەمنىڭ ئەمگىكىنىڭ مۇشۇنداق نىسبى تەرەققى قىلمىغان ئۇنۇمـ دارلىقىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەملىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇلـ لىنىدىغان ئاھالە ئۆزىنىڭ زورۇر ئەمگىكى ئۈچۈن ناھايىتى كوپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ كېتىپ، نەتىجىدە جەمىيەتنىكى ئەمگەكنى باشقۇرۇش، دولەت ئىشلىرى، قانۇن ئىشلىرى، سەنئەت، ئىلىمـ پەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئومۇمى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئارتۇق ۋاقىت چىقىرالمىغان چاغدا، بۇ ئىشلار بىلەن ئەملىي ئەمگەكتىن ئايرىلغان بىرەر ئىمتىيازلىق سىنىپنىڭ شۇغۇللىنىشى مۇقەررەر ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىنىپ ئوزىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئەمگەك يۈكىنى ئەمگەكـ چى ئاممىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويۇشتا پۇرسەتنى ھېچقاچان قولدىن بەرمىگەن. يىرىك سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئوستۇرۇشى ئارقىلىقلا، ئەمگەكنى جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا مۇستەسناسىز ھالدا تەقسىم قىلىشقا ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، نەتىجىدە بارلىق كىشىلەر جەمىيەتنىڭ نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئومۇمى ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە كەڭ ـ كۇشادە ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدى. دىمەك، مانا ئەمدىلا، ھەرقانداق ھوكۇمران سىنىپ ۋە ئېكىسپىلاـ تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ئارتۇقچە بولۇپ قالدى، بەلكى جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسى بولۇپ قالدى؛ مانا ئەمدىلا، ھوكۇمران سىنىپ ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ، مەيلى ئۇلار ھەرقانچە

«بىۋاسىتە زورلۇق كۈچ»كە ئىگە بولسا بولسۇن، رەھىمسىزلىك بىلەن يوقىتىلىدۇ.

دېمەك، يۇنان مەدەنىيىتى قۇللۇق تۈزۈمنى ئاساس قىلغاچقا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا تەرىنى تۈرگەن ئىكەن، ئۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەج بىلەن، گرېكلارنى پار ماشىنىسى ۋە دىيەنىباۋسى بولمىغان دەپ ئەيىپلىشى مۇمكىن. ئۇ، بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى ياللانما قۇللۇق تۈزۈمىنى پەقەت قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ سەل - پەل شەكلى ئۆزگەرگەن ۋە سەل - پەل يېنىكلىتىلگەن مىراسى دەپلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنكى، ئۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن (يەنى ھازىرقى زامان جەمىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىدىن) چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، بۇنداق ھۆكۈم، يا ياللانما ئەمگەك قۇللۇق تۈزۈمگە ئوخشاشلا قۇل قىلىش ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشنىڭ شەكلى، دېگەندىنلا ئىبارەت بولىدۇ — ھالبۇكى، بۇنى ھەر بىر كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ، — يا خاتا بولىدۇ. چۈنكى بىز ئوخشاش ۋەج بىلەن، ياللانما ئەمگەك ئادەمخور تۈزۈمىنىڭ سەل - پەل يېنىكلىتىلگەن شەكلى دەپلا ئىزاھلىنىشى مۇمكىن، بۇنداق ئادەمخور تۈزۈمنىڭ ئۈرۈشتا مەغلۇپ بولغان دۈشمەنلەردىن پايدىلىنىشنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىكەنلىكى ھەممىلا يەردە ئىسپاتلاندى، دېيىشىمىز مۇمكىن.

بۇنىڭدىن زورلۇق كۈچنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا سېلىشتۇرغاندا تارىختا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرىنچى، بارلىق سىياسىي ھاكىمىيەتلەر باشتا ھامان مەلۇم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جۇڭىنى ئاساس قىلغان ئىدى، جەمىيەت

ئەزالىرىنىڭ ئىپتىدائىي گۇڭشېنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن خۇسۇسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلىنىشى ۋە شۇ سەۋەپتىن ئىجتىمائىي ئورتاق جژنېگنى ئىجرا قىلغۇچىلاردىن تېخىمۇ يىراقلىشىشى ئارقىسىدا بۇنداق ھاكىمىيەتلەر كۈچەيدى. ئىككىنچى، سىياسىي ھاكىمىيەت جەمئىيەتتىن مۇستەقىل بولۇۋالغان ھەمدە خادىملىقتىن خوجايىنلىققا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى يۈنىلىشكە قاراپ رول ئوينايدىغان بولدى. يا قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ روھى ۋە يۈنىلىشى بويىچە رول ئوينىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېزلەشتى. يا ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا خىلاپ ھالدا رول ئوينىدى، بۇنداق ئەھۋالدا، ئاز ساندىكى مۇستەسنالىقنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇ ئادەتتىكىچە ھامان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بېسىمى ئاستىدا يىمىرىلدى. ئاز ساندىكى مۇستەسنالىق دېگىنىمىزدە ئايرىم بويسۇندۇرۇش ۋەقەلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ياۋايىراق بويسۇندۇرغۇچىلار بىرەر ئەلنىڭ ئاھالىسىنى قىرىپ تۈگەتتۈەتتى، ياكى قوغلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، پايدىلىنىشنى بىلمىگەچكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، ياكى خاراپلاشتۇردى. مەسىلەن، ماۋرىتانلار ئىسپانىيىسىدە خىرىستىيانلار ماۋرىتانلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتا پايدىلىنىپ كەلگەن سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ياۋايىراق مىللەتلەر يۈرگۈزگەن بويسۇندۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ ھەر قېتىمقىسى، ئۆز ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلدى، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش

كۆچلىرىنى خاراپ قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇزاق مۇددەتلىك بويسۇن-
دۇرۇش داۋامىدا، ياۋايىراق بويسۇندۇرغۇچىلار، مۇتلەق كوپ
هاللاردا، بويسۇندۇرۇشتىن كېيىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر
قەدەر يۈكسەك «ئىگىلىك ئەهۋالى»غا لايىقلىشىشقا مەجبۇر بولدى؛
ئۇلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىندى،
بەلكى كوپ قىسمى ھەتتا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تىلىنى قوللى-
نىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئەگەر بويسۇندۇرۇشتىكى ئەهۋالنى
قويۇپ تۇرساق، بىرەر ئەلنىڭ ئىچىدىكى دولەت ھاكىمىيىتى
ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئورۇندا
تۇرغان ۋاقىتتا — هازىرغا قەدەر بارلىق سىياسى ھاكىمىيەتلەرنىڭ
ھەممىسى دىگۈدەك مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدا شۇنداق بولۇپ
كەلدى، — كۈرەش ھامان ھەر قېتىم سىياسى ھاكىمىيەتلەرنىڭ
ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات
ھەرقاچان قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ۋە رەھىمسىز ھالدا ئوزىگە
يول ئېچىپ كەلدى، بۇ جەھەتتە يېقىنقى ئەڭ روشەن مىسال بىز تىلغا
ئېلىپ ئوتكەن فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى. ئەگەر ديۈرىڭ ئەپەندى-
نىڭ تەلىماتى بويىچە، بىرەر مەملىكەتنىڭ «ئىگىلىك ئەهۋالى»
ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈمى نوقۇل ھالدا
سىياسى زورلۇق كۈچىگە تايىنىدىغان بولسا، فرىدرىخ-ۋىلگېلم
IV نىڭ 1848-يىلدىن كېيىن «باتۇر ئارمىيە»گە[106] ئىگە بولۇپ
تۇرۇقلۇقمۇ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى
تۈزۈمىنى ۋە باشقا رومانتىك ئارمانلارنى نىمە ئۈچۈن ئوز مەملى-
كىتىنىڭ تومۇرىيولىرى، پار ماشىنىلىرىغا ۋە ئەمدىلا راۋاجلىنىشقا
باشلىغان يىرىك سانائىتىگە سىڭدۇرەلمىگەنلىگىنى؛ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ

كوپ زوراۋان بولغان روسىيە چار پادىشاسىنىڭ[1] نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەرزىنى تولىيەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئەگەر غەربىي ياۋروپانىڭ «ئىگىلىك ئەھۋالى»دىن ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە قەرز ئېلىپ تۇرمىسا، ھەتتا ئۆزىنىڭ «زورلۇق كۈچى»نىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، زورلۇق كۈچ — مۇتلەق يامان ئىش، ئۇنىڭ پىكرىچە، بىرىنچى قېتىملىق زورلۇق كۈچ ھەركىتى تۇنجى گۇنا بولغان، ئۇنىڭ بارلىق بايانلىرى پەقەت شۇ زورلۇق كۈچ ھەركىتىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن پۈتۈن تارىخىنى قانداق قىلىپ تۇنجى گۇنا سۈپىتىدە بۇلغىغانلىقى، بارلىق تەبىي قانۇنلەر ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنىڭ قايسى تەرىقىدە شۇنداق ئىبلىس كۈچ يەنى زورلۇق كۈچ تەرىپىدىن شەرمەندىلىك بىلەن بۇرمىلانغانلىقى ئۈستىدە نالە قىلىشتىن ئىبارەت. زورلۇق كۈچ تارىختا يەنە باشقا بىر خىل رول، ئىنقىلاۋىي رول ئوينايدۇ؛ زورلۇق كۈچ، ماركسنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، يېڭى جەمئىيەتكە ھامىلدار بولغان ھەر بىر كونا جەمئىيەتنىڭ كىندىكئانىسى[2]؛ ئۇ ئىجتىمائىي ھەركەت ئۆزى ئۈچۈن يول ئاچىدىغان ۋە قاتمال، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان سىياسى شەكىللەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان قورال — بۇلار توغرىسىدا ديۈرىڭ ئەپەندى ھېچنىمە دىمىگەن. ئۇ پەقەت ھەسرەت ۋە نالە ئىچىدە: ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئىگىلىكنى

[1] ئالېكساندىر II. — تەھرىردىن

[2] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 24 - باپ، 6 - بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇچۇن زورلۇق كۈچمۇ زورۇر بولسا كېرەك، دىگەن مۇمكىنچىلىكنى ئىنكار قىلدۇ، بۇ ــ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق! چۈنكى زورلۇق كۈچنىڭ ھەرقانداق يوسۇندا ئىشلىتىلىشى زورلۇق كۈچنى ئىشلەتكۈچىلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتەرمىش. ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى ئەخلاقىي جەھەتتىكى ۋە روھىي جەھەتتىكى غايەت زور يۈكسىلىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا شۇنداق دەيدۇ! يەنە كېلىپ بۇ گەپ گېرمانىيىدە ئېيتىلىۋاتىدۇ، ئۇ يەردە خەلقىنىڭ ئىلاجسىزلىقتىن ئېلىپ بېرىشى ئېھتىمال بولغان زورلۇق كۈچ توقۇنۇشىنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر ئارتۇقچىلىقى بار، يەنى ئۇ 30 يىللىق ئۇرۇشنىڭ خورلىشى مىللى ئاڭدا پەيدا قىلغان قۇلچىلىق كەيپىياتىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق قۇرۇق ـ قاخشال، ئەبگا، ئاجىز، دىن تارقاتقۇچىلارچە بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى تارىختا ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغان پارتىيىنى ئۆزىنى قوبۇل قىلىشقا زورلايدۇ!

## 5. قىممەت نەزەرىيىسى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى، لېيپسىگدا بىر كىتاپ نەشر قىلىنغان ئىدى، ئۇ كىتاپ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 30 قېتىمدىن ئارتۇق قايتا نەشر قىلىندى؛ بۇ كىتاپنى ھوكۇمەت دائىرىلىرى، دىن تارقاتقۇچىلار، تۈرلۈك تۈستىكى خەير ـ ئېھسانچىلار شەھەر ۋە يېزىلاردا تارقاتتى، كىشلەرگە تاڭدى ھەمدە دەرسلىك تەرىقىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خەلق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە تونۇشتۇردى. ئۇ روخوۋنىڭ «باللار دوستى»[107] دىگەن

كىتاۋى ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى دىخانلارنىڭ ۋە قول سانائەتچى-
لەرنىڭ باللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىسىنى ھەمدە
جەمىيەت ۋە دۆلەت رەھبەرلىكى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك
مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا
ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تەقدىرىگە، قارا بولكا ۋە ياڭيۇغا،
مېھنەت قىلىپ بېرىش، ناھايىتى تۆۋەن ئىش ھەققى ۋە چوڭلارنىڭ
قامچىسىغا ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارغا خوشاللىق بىلەن
شۈكرى قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا
شۇ ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن مەرىپەتچىلىك ئۇسۇلى
بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار مۇشۇ مەقسەت بىلەن شەھەر ۋە
يېزىلاردىكى ياشلارغا مۇنداق دەپ چۈشەنچە بېرەتتى: تەبىەت
دۇنياسى شۇنداق ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانكى، ئادەملەر
تۇرمۇشنى قامداش ۋە راھەت كۆرۈشنى ئەمگەك ئارقىلىق تاپىدىغان
قىلىنغان، تەقدىر دىخانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنى باي ئاقنانچى-
لاردەك تاماق سىڭمەي قېلىش، ئوت يولىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن
ياكى ئىچى قېتىپ قېلىشتىن ئازاپلىنىپ، ئەڭ ئېسىل مىزىلىك
غىزانىمۇ ئاران-ئاران يۇتىدىغان بولماستىن، ئۆزلىرىنىڭ غىزاسىغا
قوشۇلىدىغان لەززەتنى جاپالىق ئەمگەك بىلەن تاپىدىغان قىلغان،
بۇ دىخانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنى نەقەدەر بەختلىك ھېس قىلدۇ-
رىدۇ-ھە. قېرى روخوۋ ئۆز ۋاقتىدىكى ساكسونىيە دىخانلىرىنىڭ
باللىرى ئۈچۈن بەكمۇ كېرەكلىك دەپ ھېساپلىغان ئادەتتىكى
پاراڭلارنى ئەمدى دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كۇرسى»نىڭ
14-بېتىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە بېتىدە ئەڭ يېڭى
سىياسى ئىقتىساتتىكى «مۇتلەق ئاساس خاراكتېرلىق نەرسە»

سۇپىتىدە بىرگە تەقدىم قىلىنىۋاتىدۇ.

«ئادەمنىڭ ئېھتىياجى دىگەن نەرسە ئۆزىگە خاس تەبىي قانۇنىيەتلىككە ئىگە، بەلكى ئۇنىڭ ئېشىپ بېرىشىدىن قارىغاندا، ئۇ چەكلىك بولىدۇ، پەقەت تەبىي بولمىغان ھالەتتىلا بىر مەزگىل ئىچىدە بۇنداق چەكتىن تاكى بۇنداق تەبىي بولمىغان ھالەتتىن يىرگىنىش، تەركى دۇنيالىق، قىرىلىق، جەمىيەتتىكى مىيىپلىق، ئاخىر بېرىپ قېرىپ ئۆلۈش يۈزبەرگەنگە قەدەر ئېشىپ كېتەلەيدۇ...... تېخىمۇ يىراق ئەستايىدىل مەقسەت قويۇل-مىغان بەلكى ساپ ھوزۇرلىنىش ئۈچۈنلا بولغان ئويۇن-تاماشىلار ئادەمنى تېزلا زېرىكتۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭغا يارىشىدىغان سوز بىلەن ئېيتقاندا، ئادەمنى بارلىق تۇيغۇ قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر خىل شەكىلدىكى ئەمىلىي ئەمگەك ساغلام ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي، تەبىي قانۇنىيىتى بولىدۇ...... ئەگەر تەبىي ئېھتىياج بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭ كۈچ بولمىسا، ئۇ ھالدا، ھەتتا ئۇلارنىڭ باللارچە مەۋجۇتلۇقىنى پەيدا قىلىشىمۇ تەس بولاتتى، تارىخىي رەۋىشتە پەيدىن-پەي ئوسۇپ بارىدىغان تۇرمۇش تەرەققىياتى توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى قالمايتتى. ئەگەر تىرىشچانلىق كورسىتىلمەيلا تولۇق قانائەتلەندۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تەبىي ئېھتىياج بىلەن ئېھتىياج تېزلا قۇرۇپ كېتەتتى ھەمدە بىر خىل قۇرۇق مەۋجۇدىيەت، دىمەك ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ئارام ۋاقتى قالاتتى، بۇ ۋاقىت تەبىي ئېقتىدار بىلەن ئېھتىياج يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلاتتى...... شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قايسىلا جەھەتتىن قارايلى، ھاياجانلىنىش ۋە ئىستەكنىڭ قانائەتلەندۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي توسالغۇلارنىڭ تۈگىتىلىشىگە باغلىق، بۇ-تەبەت دۇنياسىنىڭ تاشقى تۈزۈلۈشى بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى تەبىتىنىڭ پايدىلىق تۈپ قانۇنىيىتى» ۋاھاكازا، ۋاھاكازالار.

كورۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، ھورمەتكە سازاۋەر روخۇنىڭ ئەڭ چاكىنا كونا مۇقاملىرى دىيۇرىڭ ئەپەندىدە ئۇزلىرىنىڭ 100 يىللە-

غىنى تەبرىكلىدى، بەلكى بۇلار بىردىن ـ بىر ھەقىقى پىيەنلىك ۋە ئىلمىي بولغان «ئورتاق جەمىيەت تىششىسى»نىڭ «تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسى» دەپ قارالدى، تېخى!

شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى ھۇلنى سىلىقۇالغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئۇ شۇشۇپىلىك ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىپ، ئالدى بىلەن قېرى ئوكىلىدنىڭ نەمۇنىسى بويىچە بىر گە بىر قاتار تەبىرلەرنى تەقدىم قىلىدۇ[108]. بۇ ئىنتايىن ئاسان، چۈنكى ئۇ تەبىر بەرگەن ۋاقىتتا تەبىر ياردىمى بىلەن ئىسپاتلىنىدىغان كوزقاراشلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەنە شۇ تەبىرلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭدىن ئالدى بىلەن شۇنى كورىمىزكى،

ھازىرغىچە بولۇپ كەلگەن ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ئاساسي ئۇقۇمى بايلىق دەپ ئاتىلىدۇ، بايلىق بولسا ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە ھەقىقى رەۋىشتە دۇنيا تارىخىدا چۈشىنىلىپ كەلگىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق دائىرىسى كېڭەيتىلىپ كەلگىنىدەك، ھامان «ئادەم ۋە نەرسىگە قارىتىلغان ئىقتىسادىي ھاكىمىيەت».

بۇ ـ قوش خاتالىق. بىرىنچىدىن، قەدىمقى ئۇرۇقداشلىق گۇڭگىشىلىرى ۋە يېزا گۇڭگىشىلىرىنىڭ بايلىغى ھەرگىز ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، سىنىپىي قارىمۇ ـ قارشىلىقلار ئىچىدە ھەركەت قىلىۋاتقان جەمىيەتلەردىمۇ بايلىق ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىلا، ئۇ ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىقنى ئاساسەن، تامامەن دىگۈدەك، نەرسە ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىققا **تايىنىش بىلەن** ۋە شۇ **ئارقىلىق** ئېلىپ باردى.

قۇللارنى ئۇۋلاش بىلەن قۇللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىر بىرىدىن بولۇنگەن كەسپكە ئايلانغان دەسلەپكى دەۋردىن تارتىپلا، قۇل ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار قۇللارنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، دىمەك، ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىققا پەقەت نەرسە ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق، سېتىۋېلىش باھاسى ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق، قۇللارنى ئاسراش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك ۋاستىلىرى ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيدىغان بولدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىردە، چوڭ يەر ئىگىدارلىغى تۈزۈمى فېئودال ئاقسوڭەكلەرنىڭ نەرسە بىلەن ئىجارە تولەيدىغان دىخانلارنى ۋە مېهنەت بىلەن ئىجارە تولەيدىغان دىخانلارنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت ئىدى. هازىر، بايلىقنىڭ ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىقنى تامامەن ئۆزى ئىگەللىگەن نەرسىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يۈرگۈزىدىغانلىغىنى 6 ياشلىق بالىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

لېكىن، نىمە ئۈچۈن ديۈرىڭ ئەپەندىگە بايلىق ئۈستىدە مۇنداق خاتا تەبىر بېرىش لازىم بولدى؟ نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا هازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بارلىق سىنىپىي جەمىيەتلەردىكى ئىش يۈزىدىكى باغلىنىشلارنى ئۈزۈپ تاشلاش لازىم بولدى؟ بايلىقنى ئىقتىسادىي ساھەدىن ئەخلاق ساھەسىگە سورەپ كىرىش ئۈچۈن، نەرسە ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق تامامەن ياخشى ئىش، ئەمما ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق يامان ئىش؛ ديۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىنى ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىقنى نەرسە ئۈستىدىن قىلىنىدىغان هوكۇمرانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن تەقىپ قىلغان ئىكەن، ئۇ ئەمدى باتۇرانە تەدبىر

قوللىنىپ، دەرھال بۇنداق ھوكۇمرانلىقنى ئۆزى ياخشى كورىدىغان زورلۇق كۈچ بىلەن چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. بايلىق ئادەم ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە «تالان - تاراج» بولىدىكەن، ئۇنداق بولسا، بىز يەنە پرۇدوننىڭ «مال - مۈلۈك ئوغرىلىق دىمەكتۇر» دىگەن چىرىك نۇقتىنەزىرىنىڭ109 تېخىمۇ يامان كوچۈرمىسىگە دۇچكېلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، بىز بايلىقتا بەختلىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنەزەردىن قارايدىغان بولدۇق: نەرسە ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق سۈپىتىدىكى بايلىق يەنى ئىشلەپچىقىرىلغان بايلىق — ياخشى تەرەپ؛ ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق سۈپىتىدىكى بايلىق يەنى ھازىرغا قەدەر تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن بايلىق — يامان تەرەپ، ئۇنى تاشلىۋېتىش كېرەك! بۇگۈنكى مۇناسىۋەتلەرگە تەتبىقلىغاندا، ئۇ: كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ناھايىتى ياخشى، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا بولىدۇ، ئەمما كاپىتالىستىك تەقسىمات ئۇسۇلى پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، يوقىتىۋېتىش كېرەك، دىگەن بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىماتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىقتىساتشۇناسلىقتا دائىر نەرسىلەرنى يازغان ۋاقىتتا تەبىي بۇنداق سەپسەتە كېلىپ چىقىدۇ.

بايلىقتىن كېيىن، قىممەتكە بېرىلگەن تەبىر مۇنداق:

«قىممەت ئىگىلىك نەرسىلىرى بىلەن ئىگىلىك مۇئامىلىرىنىڭ مۇئامىلىدە ئىگە بولىدىغان ئەھمىيىتى.» بۇنداق ئەھمىيەت «باھاغا ياكى باشقا ھەرقانداق بىر خىل تەڭ قىممەتتىكى نەرسىنىڭ نامى، مەسىلەن، ئىش ھەققى»غە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا: قىممەت باھا دېمەكتۇر. ياكى دېيۈرىڭغا قارىتا ئادىل بولمىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەبىرىنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سوزى بىلەن تەكرار بايان قىلساق، توغرىراغى: قىممەت — ھەر خىل باھا. چۈنكى، ئۇ 19 ـ بەتتە:

«قىممەت ۋە قىممەتنى پۇل بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل باھا»

دەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى، ئوخشاش بىر قىممەتنىڭ ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان باھالىرى بولىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ شۇنداق كوپ ئوخشاش بولمىغان قىممەتلىرىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىۋالغان. ئەگەر گېگېل ئاللىقاچان ئۆلمىگەن بولسا، ئۇ بەلكىم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولاتتى. گېگېل ھەممە ئىلاھىيەتلەرنى ئىشلەتسىمۇ، مۇنداق بىر خىل قىممەتنى — ئۇنىڭ ئۆزى ئىگە بولغان ئوخشاش بولمىغان قىممەت ئۇ ئىگە بولغان ئوخشاش بولمىغان باھاغا ئوخشاشلا كوپ بولىدۇ، دىگەن بىر خىل قىممەتنى يارىتالمايتتى. دەل دېيۈرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش ئوز ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كىشى بولۇش كېرەككى، شۇنداق بولغاندىلا، ئىقتىساتشۇناسلىق ئۈچۈن توۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن يېڭى، تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس سېلىپ بەرگىلى بولىدۇ: باھا بىلەن قىممەت ئوتتۇرىسىدا، بىرىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنمەيدىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچقانداق پەرق يوق.

ئەمما بىز يەنىلا قىممەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، قىممەتنىڭ نىمە بىلەن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بولسا تېخىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا دېيۈرىڭ ئەپەندى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«ئومۇمەن ئېيتقاندا، قىممەت ۋە قىممەتنى پۇل بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل باھا ئاساس قىلىدىغان سىلىشتۇرما ۋە مولچەرلەرنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى ھەممىدىن ئاۋال ساپ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە مەۋجۇت بولىدۇ، تەقسىمات بىلەن بولسا ئالاقىدار بولمايدۇ، تەقسىمات قىممەت ئۇقۇمىغا ئىككىنچى ئاملىنىلا بېرىدۇ. تەبىي شارائىتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى نەرسىلەرنى يارىتىشتا كورستىلىدىغان تۈرلۈك-تۈرلۈك تىرىشچانلىقنى يا چوڭ، يا كىچىك تۇسالغۇلارغا ئۇچرىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يا كوپ، يا ئاز ئىقتىسادىي كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، بۇ تۇسالغۇلارمۇ...... يا چوڭ، يا كىچىك قىممەتنى بەلگىلەيدۇ»؛ قىممەت بولسا «تەبىەت دۇنياسىنىڭ ۋە شارائىتنىڭ يارىتىشقا كورستىدىغان قارشىلىقى»غا ئاساسەن «مولچەرلىنىدۇ...... بىزنىڭ ئۇلارغا (نەرسىلەرگە) سالغان ئوز كۈچىمىزنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئومۇمى قىممەتنىڭ ۋە بىر خىل ئالاھىدە بولغان قىممەت مىقتارىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى بىۋاستە ھەل قىلغۇچ سەۋەپ بولىدۇ.»

ئەگەر بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىرەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، ئۇ، بىرەر ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى شۇ مەھسۇلاتنى ياساشقا كېتىدىغان ئەمگەكنىڭ ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، دىگەن مەنىنى بېرىدۇ، بۇنى ديۇرىڭ ئەپەندىسىزمۇ ئاتام زامان بىلەتتۇق. ئۇ بۇ پاكىتنى ئاددىلا بايان قىلمىدى، بەلكى مۇقەددەس يارلىقچە ئەتەي بۇرمىلىدى. بىر كىشىنىڭ ھەرقانداق نەرسىگە سالغان (بۇنداق كوپتۇرۇلگەن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن) كۈچىنىڭ قانچىلىك بولۇشى قىممەتنىڭ ۋە قىممەت مىقتارىنىڭ بىۋاستە ھەل قىلغۇچ سەۋەۋى بولىدۇ، دىيىش پۈتۈنلەي خاتا. بىرىنچىدىن، گەپ كۈچنى قانداق نەرسىگە سالغانلىقتا؛ ئىككىنچىدىن، قانداق سالغانلىقتا. بىزنىڭ مەلۇم بىر كىشىمىز باشقىلار ئۈچۈن ئىستىمال قىممىتى

بولمىغان نەرسىنى ياساپ چىقسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ بارلىق كۆچى قىلچىلىكمۇ قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ بىرەر خىل نەرسىنى قول ھۈنىرى ئۇسۇلى بىلەن ياساپ چىقىرىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، شۇ خىل نەرسىنى ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇنىڭ ياساپ چىقىشىغا قارىغاندا يىگىرمە ھەسسە ئەرزەن توختىسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ سالغان كۆچىنىڭ يىگىرمىدىن ئۇن توققۇزى ھېچقان-داق قىممەتنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەن بولىدۇ، بىر خىل ئالاھىدە قىممەت مىقتارىنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەن بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئەگەر ئاكتىپ مەھسۇلاتنى يارىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى قارشىلىقىنى ساپ پاسسىپ يول بىلەن يېڭىشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلسا، ئۇ ھالدا، ئىش پۈتۈنلەي بۇرمى-لىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىر كوينەككە ئېرىشىش ئۈچۈن توۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم بولاتتى: ئالدى بىلەن، چىگىتنىڭ تېرىش ۋە ئۇنۇپ چىقىشتا كورستىدىغان قارشى-لىقىنى يېڭىشكە توغرا كېلەتتى، ئاندىن، ئېچىلغان پاختىنىڭ تېرىۋېلىش، ئوراش ۋە توشۇش قاتارلىقلارغا كورستىدىغان قارشىلىقىنى يېڭىشكە توغرا كېلەتتى، كېيىن، پاختىنىڭ يېشىش، تاراش ۋە ئىگىرىشكە كورستىدىغان قارشىلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يىپنىڭ توقۇشقا كورستىدىغان قارشىلىقىنى، توقۇلۇپ چىققان رەختنىڭ ئاقارتىشقا ۋە تىكىشكە كورستىدىغان قارشىلىقىنى، ئاخىردا، تەييار بولغان كوينەكنىڭ كىيىشكە كورستىدىغان قارشىلىقىنى يېڭىشكە توغرا كېلەتتى.

مۇنچىۋالا باللارچە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قويۇش ۋە بۇرمى-لاشلار زادى نېمە ئۈچۈن كېرەك ئىدى؟ «قارشىلىق»نىڭ ياردىمى

بىلەن، «ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى»دىن، مۇشۇ ھەقىقى بولغان ئەمما ھازىرغا قەدەر غايىۋىلا بولۇپ كەلگەن قىممەتتىن زورلۇق كۈچ تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان، ئۆتكەن تارىخ داۋامىدا بىردىن-بىر مۇۋاپىق بولۇپ كەلگەن «تەقسىمات قىممىتى»نى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كېرەك ئىدى.

«تەبىەت دۇنياسى پەيدا قىلغان قارشىلىقلاردىن باشقا ...... يەنە ساپ ئىجتىمائى توسالغۇلارمۇ بار....... ئادەم بىلەن تەبىەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل توسقۇن كۈچ مەيدانغا كەلدى، بۇنداق كۈچ بولسا يەنىلا شۇ ئادەم. تەسەۋۋۇردىكى بىردىن-بىر ۋە يالغۇز ئادەم تەبىەت دۇنياسىغا قارىتا ئەركىن بولىدۇ...... ئەگەر ئىككىنچى بىر ئادەمنى، بۇ ئادەمنىڭ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، تەبىەت دۇنياسىغا ۋە تەبىي بايلىقنىڭ مەنبەسىگە كىرىدىغان ئىشىكنى ئىگىلىۋېلىپ، مەلۇم شەكىلدە ئىشىكتىن كىرىش ھەققى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا، ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى ئادەم......گويا يەنە بىر ئادەمدىن باج ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇۋەندىكى ئەھۋاللارغا سەۋەپ بولىدۇ: تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن يارىتىلغان قىممەت ئەنە شۇنداق سىياسى توسالغۇسىز ۋە ئىجتىمائى توسالغۇسىز يارىتىلغان ياكى ئىشلەپچىقىرىلغان قىممەتتىن چوڭ بولىدۇ..... نەرسىنىڭ قىممىتىنى سۈنئى يول بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ بۇنداق ئالاھىدە شەكىللىرى ئىنتايىن كۆپ خىللىق بولىدۇ، بۇنداق ئۆستۈرۈش، تەبىكى، ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى نىسبى ھالدا تۆۋەنلىتىشنى ئۆزىنىڭ ھەمراسى قىلىدۇ...... شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپتىلا قىممەتنى ئەسلى مەنىسىدىكى تەڭ قىممەتتىكى نەرسە دەپ يەنى تەڭ دەرىجىلىك قىممەتتىكى نەرسە دەپ ئويلاش ياكى بولمىسا ئەمگەك مۇئىسى بىلەن ئۆزىگە تەڭ-باراۋەر بولغان ئەمگەك مۇئىسىنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىكى پىرىنسىپى بويىچە شەكىللىنىدىغان ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى دەپ ئويلاش بىر خىل خام خىيال بولاتتى...... ئەكسىچە، توغرا قىممەت نەزىرىيىسىنىڭ بەلگىسى مۇنداق بولىدۇ: بۇنداق

نەزىرىيدە پەرەز قىلىنىدىغان ئەڭ ئومۇمى مولچەرنىڭ سەۋىۋى مەجبۇرى تەقسىمات ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ئالاھىدە مولچەر شەكىللىرى بىلەن ياپسا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئالاھىدە مولچەر شەكىللىرى ئىجتىمائى تۈزۈمگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەقىقى ئىقتىسادىي قىممەت بولسا تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋەتكە ئاساسەن ئۆلچىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىلا بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەبىى خاراكتىردىكى ۋە تېخنىكا خاراكتىردىكى ساپ ئىشلەپچىقىرىش توسالغۇلىرىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.»

دىمەك، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، بىر نەرسىنىڭ ئەملىيەتتە مەۋجۇت قىممىتى ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپىدىكەن: بىرىنچى، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئەمگەك، ئىككىنچى، «قولىغا شەمشەر ئېلىپ» مەجبۇرى ئۇندۇرۇۋالغان قوشۇمچە باج. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر مەۋجۇت قىممەت بىر خىل لۇگدۇەن باھا ئىكەن. ئەگەر ھازىر بارلىق شائېين مۇشۇنداق قىممەت نەزىرىيسى بويىچە مۇشۇنداق بىر خىل لۇگدۇەن باھاغا ئىگە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پەقەت ئىككى خىللا ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىن. يا سېتىۋالغۇچى بولغان ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ساتقۇچى بولۇپ تۇرغان چاغدا ئېرىشكەن نەرسىنى يېڭىۋاشتىن قولدىن بېرىپ قويىدۇ؛ باھا گەرچە نامدا ئۆزگەرسىمۇ، لېكىن ئەملىيەتتە—ئۆز-لىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە—ئۆزگەرمەي قېلىۋېرىدۇ؛ ھەممىسى شۇ پېتىچە تۇرىۋېرىدۇ، مەشھۇر تەقسىمات قىممىتى بولسا پەقەت ساختا كورۇنۇش بولۇپ چىقىدۇ.—يا ئاتالمىش قوشۇمچە باج ھەقىقى قىممەت سوممىسى بولۇپ يەنى ئەمگەك قىلغۇچى، قىممەت ياراتقۇچى سىنىپ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەمما لۇگدۇەن قىلغۇچى سىنىپ ئۆزلەش-تۈرۈۋالىدىغان قىممەت سوممىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بۇ چاغدا،

بۇ قىممەت سوممىسى پەقەت ھەقسىز ئەمگەكتىن تەركىپ تاپىدۇ؛ قولىغا شەمشەر ئالغان ئادەمنىڭ بولۇشىدىن، ئاتالمىش قوشۇمچە باج ۋە ئاتالغان تەقسىمات قىممىتىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز يەنىلا ماركسنىڭ **قوشۇمچە قىممەت** نەزەرىيىسىگە قايتىپ كېلىمىز.

لېكىن، بىز مەشھۇر «تەقسىمات قىممىتى»گە دائىر بىرنەچچە مىسالنى كۆرۈپ باقايلى. 135 ـ بەتتە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە بەتتە مۇنداق يېزىلغان:

«شەخسىي رىقابەت تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان باھا شەكىللىرىنى ئىقتىسادىي تەقسىمات ۋە ئۆزئارا باج ئېلىش شەكىللىرى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ..... پەرەز قىلىپ باقايلى، مەلۇم بىر خىل زورۇر شاگىپىننىڭ زاپىسى ئۇشتۇمتۇتلا زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتسە، شۇ سەۋەپتىن، ساتقۇچى تەرەپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ ئىنتايىن چوڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ..... بولۇپمۇ غەيرىي نورمال ئەھۋال ئاستىدا، زورۇر شاگىپىن بىلەن تەمىنلەش ئۇزاقراق بىر مەزگىل ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا، باھانىڭ قايسى تەرىقىدە شىددەت بىلەن ئۆرلىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ» ۋاھاكازالار. بۇنىڭدىن باشقا، شەيئىلەرنىڭ نورمال بېرىشىدىمۇ باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈشتەك ئەمەلىي لۇڭدۇەنلىك مەۋجۇت، مەسىلەن، تۆمۈريول، شەھەردىكى زىلەيشۇي گۈگۈسى ۋە كۆمۈر گازى گۈگۈسى قاتارلىقلاردا.

بۇنداق لۇڭدۇەن خاراكتېرىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەممىگە ئايان. ئەمما بۇنداق ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقارغان لۇڭدۇەن باھانى مۇستەسنا ۋە ئالاھىدە ئەھۋال دەپ قارىماي، بەلكى دەل ئۇنى ھازىر ئېقىۋاتقان، قىممەتنى بەلگىلەيدىغان چارىنىڭ تىپىك مىسالى دەپ قاراش ــ بۇنىڭ ئۆزى يېڭىلىق. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟ دىيۇرىڭ

ئەپەندى بۇنىڭغا: مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان، تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قالغان بىر شەھەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭلار! دەپ جاۋاپ بېرىدۇ؛ رىقابەت بازار باھاسىنىڭ بەلگىلىنىشىگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ لۈكچۈەندىن سوراڭلار، ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ!

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنە شۇنداق لۈكچۈەن قىلىش ئەھۋالىدىمۇ، قولىغا شەمشەر ئالغان، گويا لۈكچۈەنىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان شەھەردە، قولىغا شەمشەر ئالغان ئادەم يەنى سىلىڭگۈەن ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان چاغدا ھامان بۇنداق لۈكچۈەنلىكنى چاپسانلا ئاخىرلاشتۇرىدۇ، بەلكى لۈكچۈەن قىلغۇچىلارنىڭ ساقلاقلىق مىلىنى مۇسادىرە قىلىپ، تەڭ تەقسىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولىغا شەمشەر ئالغان ئادەم «تەقسىمات قىممىتى»نى ياساپ چىقىشقا ئۇرۇنسىلا، ھامان ئىشنى مەغلۇبىيەتكە، پۇلنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. گوللاندلار شەرقىي ھىندىستان سودىسىنى لۈكچۈەن قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ لۈكچۈەنلىكىنىمۇ، سودىسىنىمۇ خاراپ قىلىۋەتتى. مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ھوكۇمەت — شىمالىي ئامېرىكا ئىنقىلاۋىي ھوكۇمىتى ۋە فرانسىيە گومىن گوڭخۇيى زورمۇ-زور ئەڭ يۇقۇرى باھا بەلگىلەشكە ئۇرۇنغان ئىدى، نەتىجىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. روسىيە ھوكۇمىتى نەچچە يىلدىن بۇيان روسىيە قەغەز پۇلىنىڭ لوندوندىكى تاختاي باھاسىنى ئۇستۇرۇشكە تىرىشىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ بۇنداق تاختاي باھاسى ئايرىۋاشلانمايدىغان بانكا چېكىنى روسىيىدە ئۈزلۈكسىز تۇردە تارقاتقانلىقى ئارقىسىدا تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ تاختاي باھاسىنى ئۇستۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن،

ئەمدىلىكتە ئوخشاشلا ئۆزلۈكسىز تۆردە لوندوندا قەرەللىك چەك سېتىۋېلىپ، روسىيىگە ماڭدۇرۇپ تۇرماقتا. ئۇ مۇشۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە يىل ئارىلىغىدا 60 مىليون رۇبلى سەرپ قىلدى، ئەمدىلىكتە بىر رۇبلىنىڭ قىممىتى ئۈچ ماركتىن ئېشىپ كېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىككى ماركقىمۇ يەتمەي-دىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر شەمشەر دىيۇرىڭ ئەپەندى ئاتا قىلغان ئىقتىسادىي سېھرىي كۈچكە ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا، نىمە ئۈچۈن بىرەر ھوكۇمەت ئۇزاق مۇددەت ئىچىدىمۇ ناچار پۇلنى ياخشى پۇلنىڭ «تەقسىمات قىممىتى»گە ئىگە قىلالمىدى، ياكى قەغەز پۇلنى ئالتۇننىڭ «تەقسىمات قىممىتى»گە ئىگە قىلالمىدى؟ دۇنيا بازىرىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرىدىغان ھېلىقى شەمشەر نەدىكىن؟

ئۇنىڭدىن قالسا، دىيۇرىڭ ئەپەندى، «تەقسىمات-قىممىتى»نىڭ يەنە بىر خىل موھىم شەكلى بار، بۇنداق شەكىل ئارقىلىق «تەقسىمات قىممىتى» تەڭ ـ باراۋەر بولغان ئەمگەك مىۋىسىنى چىقىم قىلمىغان شارائىتتىمۇ باشقىلارنىڭ ئەمگەك مىۋىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇنداق شەكىل مال ـ مۈلۈك ئىجارىسىدىن يەنى يەر ئىجارىسى ۋە كاپىتال پايدىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ ھازىر بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىزدىن مەقسەت بىزگە مەلۇم مەشھۇر «تەقسىمات قىممىتى» توغرىسىدىكى ھەممىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. — راست ھەممىنىمۇ؟ تېخى پۈتۈنلەي ھەممىنىلا ئەمەس. قۇلاق سېلىڭلار:

«ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ۋە تەقسىمات قىممىتىنى تونۇش جەھەتتە قوش نۇقتىنەزەر ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ھامان بەزى ئورتاق نەرسىلەر ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بارلىق قىممەتنى شەكىللەندۈرىدىغان،

شۇ سەۋەپتىن بارلىق قىممەتنى ئۆلچەشكە يارايدىغان ھېلىقى دۇيشياڭدىن ئىبارەت. بىۋاستە، تەبىي ئۆلچەم كۈچنىڭ سەرپ قىلىنىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي بىرلىكى بولسا ئەڭ يۈزە مەنىدىكى ئادەم كۈچى بولىدۇ. كېيىنكىسى ياشاش ۋاقتىغا بىرىپ تاقىلىدۇ، ياشاشنىڭ ئۆز ئۆزىنى قامدىشى بولسا يەنە ئۆزۈقلۈق جەھەتتە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە بولىدىغان بەلگىلىك ساندىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت ئىشلەپچىقىرىلمىغان نەرسىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى، ياكى تېخىمۇ ئادەتتىكى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ھەقىقى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىگە ئىگە ئەمگەك مىۋىسى بىلەن ياكى نەرسىلەر بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان جايلاردىلا، تەقسىمات قىممىتى ياكى ئۆزلەشتۈرۈش قىممىتى ساپ ياكى مۇتلەق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قىممەتنىڭ ھەر بىر خىل ئىپادىسىدە، شۇ سەۋەپتىن قىممەتنىڭ تەڭ-باراۋەر ئەمگەك مىۋىسىنى چىقىم قىلماي، تەقسىمات ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان تەركىۋىي قىسمىدا كۆرۈلىدىغان ۋە ئىپادىلىنىدىغان ئوخشاش نەرسىلەر ئادەم كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىشى بولىدۇ، ئادەم كۈچى......ھەر بىر شاكىلىندا......گەۋدىلىنىدۇ.»

بۇ ھەقتە ئېيتقۇدەك يەنە نىمە گېپىمىز بار؟ ئەگەر بارلىق شاكىلىن قىممەتلىرى شاكىلىندا گەۋدىلەنگەن ئادەم كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىشى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تەقسىمات قىممىتى، قوشۇلغان باھا، ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلار نەگە كەتتى؟ دىيۈرىڭ ئەپەندى دەرۋەقە بىزگە، ئىشلەپچىقىرىلمىغان نەرسىمۇ يەنى ھەقىقى قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولمىغان نەرسىمۇ تەقسىمات قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىلغان، قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، دىگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، **بارلىق قىممەت**، دىمەك شۇ جۈملىدىن ساپ ۋە مۇتلەق تەقسىمات

قىممىتىمۇ ئۆزلىرىدە گەۋدىلەنگەن كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردە، ئەپسۇسكى، بىز كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىمىغان نەرسىلەردە قانداق گەۋ- دىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. مەيلى قانداقلا بولسۇن، قىممەت توغرىسىدىكى بۇ مالىماتاڭ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچىدىن ئاخىر بىرىپ بىر نۇقتا ئېنىق زاھىر بولۇپ چىققاندەك تۇرىدۇ، ئۇ مۇنداق: تەقسىمات قىممىتى ئىجتىمائى ئورۇن مۇناسىۋىتى بىلەن شاگىپىنغا تېگىلغان قوشۇلغان باھا، شەمشەرنىڭ ياردىمى بىلەن مەجبۇرى ئۆندۈرۈۋېلىنىدىغان باج — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنىمە بولۇپ چىقتى؛ شاگىپىنىڭ قىممىتى پۈتۈنلەي ئادەم كۈچىنىڭ سەرپ قىلىنىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، خۇددى ئادەتتە ئېيتىلىپ يۈرگەندەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىنىدىغان ئەمگەك بىلەن بەلگىلىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يەر ئىجارىسى ۋە بىرنەچچە خىل لۇگدۇەن باھادىن باشقا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ ئاھانىتىگە قالغان رىكاردو-ماركسنىڭ قىممەت نەزىرىيىسىدە خېلى بۇرۇنلا تازا ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ئېيتىپ ئۆتۈلگەن پىكىرلەر ئەمەسمۇ؟ ديۇرىڭ ئەپەندى پەقەت ئۇلارنى ناھايىتى قالايمىقان، ناھايىتى مۇجمەل قىلىپ ئېيتىدۇ، خالاس.

ئۇ شۇلارنى ئېيتىدۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارىمۇ- قارشى نەرسىلەرنىمۇ ئېيتىدۇ. ماركس رىكاردونىڭ تەتقىقاتىنى نەزەردە تۇتۇپ: شاگىپىنىڭ قىممىتى شاگىپىندا گەۋدىلەنگەن ئىجتىمائى زۆرۈر ئەمگەك بىلەن، ئومۇمى ئادەم ئەمگىكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، ئەمگەك بولسا يەنە ئەمگەك ۋاقىتىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەمگەك بارلىق قىممەتنىڭ ئۆلچىمى،

ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىدە قىممەت يوق، دەيدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ قوپال ئۇسۇلى بىلەن بولسىمۇ، ئەمگەك قىممىتىنىڭ ئۆلچىمى، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئەمگەك «ياشاش ۋاقتىغا بىرىپ تاقىلىدۇ، ياشاشنىڭ ئۆز ئۆزىنى قامدىشى بولسا يەنە ئوزۇقلۇق جەھەتتە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە بولىدىغان بەلگىلىك ساندىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ».

بۇ يەردە ساپ ئۆزگىچىلىك تىكلەش ئارزۇسى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئەمگەك ۋاقتى (بۇ يەردە مەسىلە ئەمگەك ۋاقتىغىلا تاقىلىدۇ) بىلەن ياشاش ۋاقتى (بۇنداق ياشاش ۋاقتى ھازىرغا قەدەر ھېچقاچان قىممەتنى ياراتمىغان ياكى ئۆلچىمىگەن)نىڭ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى سوزلىمەي تۇرايلى. شۇنداقلا بۇنداق ياشاش ۋاقتىنىڭ **«ئۆز ئۆزىنى** قامدىشى»نىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تېگىشلىك بولغان «ئورتاق جەمىيەتنىڭ» ساختا كورۇنۇشىنىمۇ سوزلىمەي تۇرايلى؛ دۇنيا مەۋجۇت بولغان ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى توۋەندىكىدەك قامدىشى لازىم: ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغان ۋاستىلەرنى **ئۆزى** ئىستىمال قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىز، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ توغرا سوزلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جۇملە يا ھېچقانداق مەنىگە ئىگە ئەمەس، يا مۇنداق مەنىگە ئىگە: بىر شاگىپنىڭ قىممىتى شۇ شاگىپتا گەۋدىلەنگەن ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، بۇ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ قىممىتى بولسا شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زورۇر بولغان

تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ھازىرقى جەمىيەتكە قارىتا ئېيتقاندا، ئۇ مۇنداق دىگەنلىك بولىدۇ: بىر شاڭپىننىڭ قىممىتى شۇ شاڭپىننىڭ ئىچىدە بولغان **ئىش ھەققى** بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئاخىر دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەقىقەتەن دىمەكچى بولغان نەرسىگە دۇچكەلدۇق. چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىق-نىڭ سوزى بويىچە، بىر شاڭپىننىڭ قىممىتى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

كىرى بۇنداق پىكىرگە قارشى تۇرۇپ، «مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇرىغا قويىدى: قىممەتنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئەمەس، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بەلگىلەيدۇ» («پىپەنلىك تارىخ»، 401- بەت).

بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ياكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز؛ بۇ يەردە شۇنىلا كورسىتىپ ئۆتىمىزكى، ھەممىگە مەلۇم، بۇ خىراجەتلەر ئىش ھەققىدىن ۋە كاپىتالنىڭ پايدىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىش ھەققى شاڭپىندا گەۋدىلەنگەن «كۈچنىڭ سەرپ قىلىنىشى»، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بولىدۇ. پايدا كاپىتالىست ئۆزىنىڭ لۇڭدۇەن قىلىشىدىن، ئۆز قولىدىكى شەمشەردىن پايدىلىنىپ مەجبۇرى ئۇندۇرۇۋالغان باج ياكى قوشۇلغان باھا، تەقسىمات قىممىتى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭنىڭ قىممەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى زىددىيەتكە تولغان قالايمىقان سوزلىرى ئاخىر بېرىپ ئاجايىپ كېلىشكەن چۈشىنىشلىك پىكىر بولۇپ قالىدۇ.

ئادام سىمىتتا شاڭپىننىڭ قىممىتىنى ئىش ھەققى بەلگىلەيدۇ دىگەن پىكىر تېخى قىممەتنى ئەمگەك ۋاقتى بەلگىلەيدۇ دىگەن پىكىر

بىلەن دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلەتتى، رىكاردودىن بۇيان ئالدىنقى پىكىر ئىلمىي ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىلدى، بۇگۇنكى كۈندە ئۇ پەقەت چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقتىلا تېخى ئىبقىپ يۇرمەكتە. دەل مەۋجۇت كاپىتالىستىك ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ئەڭ چاكىنا مەدھىيىچىلىرى قىممەتنى ئىش ھەققى بەلگىلەيدۇ دېگەن پىكىرنى تەرغىپ قىلماقتا ھەمدە تېخى كاپىتالىستىنىڭ پايدىسىنى خېلى يۇقۇرى بولغان بىر خىل ئىش ھەققى، نەپسىنى يىغىشنىڭ ھەققى (كاپىتالىست ئۆزىنىڭ كاپىتالىنى قۇرۇتۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن)، تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ مۇكاپاتى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئىش ھەققى ۋاھاكازا دېيىشمەكتە. دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت ئۇنىڭ پايدىنى تالان - تاراج دەپ جاكالىغانلىقىدىنلا ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دېيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزمىنى ئەڭ يامان چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىق تەلىماتى ئۈستىگە بىۋاستە قۇرغان. ئۇنىڭ سوتسىيالىزمى بۇنداق چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىق بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. ئىككىسى ھاياتـ ماماتتا بىللە.

مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، تووۋەندىكى نۇقتا ناھايىتى ئېنىق: ئىشچىنىڭ ئىشلەپچىقارغىنى بىلەن ئۇنىڭ سەرپ قىلغىنى، خۇددى ماشىنىنىڭ ئىشلەپچىقارغىنى بىلەن ئۇنىڭ سەرپ قىلغىنىغا ئوخشاش، باشقا - باشقا نەرسىلەر. ئىشچىنىڭ 12 سائەتلىك بىر ئىش كۈنى ئىچىدە ياراتقان قىممىتى بىلەن ئۇنىڭ شۇ ئىش كۈنى ئىچىدە ۋە شۇ ئىش كۈنى ئىچىدىكى زورۇر بولغان ئارام ئېلىش ۋاقتى ئىچىدە ئىستىمال قىلغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدا زادىلا ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق. بۇ تۇرمۇش

ۋاستىلىرىدە، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىغىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بويىچە، 3 سائەتلىك، 4 سائەتلىك ياكى 7 سائەتلىك ئەمگەك ۋاقتى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر بىز، بۇ تۈرمۈش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 7 سائەتلىك ئەمگەك زورۇر، دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، دىيۈرىڭ ئەپەندى قوللانغان چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ قىممەت نەزىرىيىسى بويىچە مۇنداق دېيىش كېرەك: 12 سائەتلىك مەھسۇلات 7 سائەتلىك مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىگە ئىگە، 12 سائەت 7 سائەتكە تەڭ، ياكى 12=7 بولىدۇ. تېخىمۇ چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتساق: بىر يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى، ئۇ زىنىڭ قانداق ئىجتىمائى مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىر يىل ئىچىدە بەلگىلىك مىقداردا ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان، ئېيتايلى، 20 گېكتولىتىر بۇغداي ئىشلەپچىقارغان بولسۇن. ئۇ شۇ بىر يىل ئىچىدە 15 گېكتولىتىر بۇغدايىنىڭكىگە توغرا كېلىدىغان قىممەتنى ئىستىمال قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 20 گېكتولىتىر بۇغداي 15 گېكتولىتىر بۇغدايىنىڭكىگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، بەلكى بۇ شۇ بىر بازاردا باشقا جەھەتلەردىنمۇ تامامەن ئوخشاش بولغان شارائىتتا يۈز بېرىدۇ؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، 20=15 بولىدۇ. تېخى بۇمۇ ئىقتىساتشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ!

ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ ھايۋاناتلىق ياۋايىلىق باسقۇچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بارلىق تەرەققىياتى ئائىلە ئەمگىكى ياراتقان مەھسۇلاتلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالىدىغان بولغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان، بىر قىسىم ئەمگەكنى پەقەت ئىستىمال ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغىلا ئىشلەتمەي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغىمۇ

ئىشلەتسە بولىدىغان بولغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان. ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەمگەكنى قامداش خىراجىتىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن شەكىللەنگەن قوشۇمچە مەھسۇلات شۇنىڭدەك ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش فوندىنىڭ ۋە زاپاس فوندىنىڭ مۇشۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلاتتىن شەكىللىنىشى ۋە جۇغلىنىشى ئۇتمۇشتىمۇ، ھازىرمۇ بارلىق جەمىيەتنىڭ، سىياسىنىڭ ۋە ئەقلىي كۈچنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. بۇگۈنگىچە ئۇتكەن تارىختا بۇنداق فوندلار بىر ئىمتىيازلىق سىنىپنىڭ مال ـ مۇلكى بولۇپ كەلدى، سىياسى جەھەتتىكى ھوكۇمرانلىق ھوقۇقى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يېتەكچىلىك ھوقۇقىمۇ بۇنداق مال ـ مۇلۇك بىلەن بىللە شۇ ئىمتىيازلىق سىنىپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەلدى. يېقىن كەلگۈسىدە يېتىپ كېلىدىغان ئىجتىمائى ئۆزگىرىش بۇنداق ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش فوندى ۋە زاپاس فوندنى يەنى بارلىق خام ئەشيا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىمتىيازلىق سىنىپنىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىن تارتىۋالىدۇ ھەمدە بۇلارنى ئومۇمنىڭ مال ـ مۇلكى قىلىپ پۈتۈن جەمىيەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇلار ھەقىقى رەۋىشتە ئىجتىمائى فوندقا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى بىرى. ياكى: شاڭپىننىڭ قىممىتى شۇ شاڭپىننى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەمگەكنى قامداش خىراجىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، يەنى بۈگۈنكى جەمىيەتتە ئىش ھەققى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مۇنداق بولغاندا، ھەر بىر ئىشچى **ئۆزىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتىگە ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىدە ئېرىشىدۇ،** بۇنداق بولغاندا، كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ ياللانما ئەمگەكچىلەر

سىنىپنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىر ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا كېتىدىغان خىراجەت بەلگىلىك بىر جەمىيەتتە كۈنىگە 3 مارك بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلايلى. بۇنداق بولغاندا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ نەزىرىيىسى بويىچە، ئىشچىنىڭ ھەر كۈنلۈك مەھسۇلاتى 3 ماركلىق قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمدى بىز، شۇ ئىشچىنى ياللىغان كاپىتالىست ھېلىقى مەھسۇلاتقا پايدىنى قوشۇپ يەنى بىر ماركلىق باجنى قوشۇپ، ئۇنى 4 ماركقا ساتسۇن، دەپ پەرەز قىلايلى. باشقا كاپىتالىستلارمۇ شۇنداق قىلغان بولسۇن. ئەمما بۇنداق بولغاندا، ئىشچىنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئەمدى 3 مارك ئەمەس، بەلكى يەنىلا 4 مارك لازىم بولىدۇ. باشقا شارائىتلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغانچقا، تۇرمۇش ۋاستىلىرى شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئىش ھەققىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك بولىدۇ، پۇل شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشقا يەنى ھەر كۈنلۈكىنى 3 ماركتىن 4 ماركقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. كاپىتالىستلار پايدا شەكلى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارتىۋالغان نەرسىلەرنى ئىش ھەققى شەكلى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىز زادىلا بىر قەدەممۇ ئالغا باسمىدۇق: ئەگەر قىممەتنى ئىش ھەققى بەلگىلەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، كاپىتالىستنىڭ ئىشچى ئۈستىدىن يۈرگۈزىدىغان ھەرقانداق ئېكسپىلاتاتسىيىسى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئەمما مەھسۇلات قوشۇمچىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ پەرىزىمىز بويىچە، ئىشچى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان قىممەتنى دەل ئىستېمال

قىلىۋەتكەن بولىدۇ. ھالبۇكى، كاپىتالىست ھېچقانداق قىممەت ئىشلەپچىقارمايدىغان بولغاچقا، كاپىتالىستنىڭ زادى نېمە بىلەن جان باقىدىغانلىقىنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىستېمالدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغان بۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلات، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش فوندى ۋە زاپاس فوند ھەر ھالدا مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، يەنە كېلىپ، كاپىتالىستنىڭ قولىدا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ھەقتە پەقەت بىرلا چۈشەندۈرۈشنىڭ بولۇشى مۇمكىن: ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن پەقەت شاگپىننىڭ **قىممىتىنىلا** ئىستېمال قىلىدۇ، شاگپىننىڭ ئۆزى بولسا كاپىتالىستنىڭ داۋاملىق ئىشلىتىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلىدۇ.

ياكى: ئەگەر بۇ ئىشلەپچىقىرىش فوندى ۋە زاپاس فوند ھەقىقەتەن كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ قولىدا بولسا، ئەگەر بۇنداق فوندلار ھەقىقەتەن پايدىنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن ھاسىل بولغان بولسا (بۇ يەردە ھازىرچە بىز يەر ئىجارىسىنى قويۇپ تۇرايلى)، ئۇ ھالدا، بۇنداق فوندلار، مۇقەررەركى، ئىشچىلار سىنىپى كاپىتالىستلار سىنىپىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كاپىتالىستلار سىنىپى ئىشچىلار سىنىپىغا تۆلىگەن ئىش ھەققى ئومۇمى سانىدىن ئېشىپ كېتىشى بىلەن جۇغلانغان قوشۇمچە مەھسۇلاتتىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. لېكىن بۇنداق بولغاندا، قىممەت ئىش ھەققى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمگەكنىڭ مىقدارى بىلەن بەلگىلەنگەن بولىدۇ؛ بۇنداق بولغاندا، ئىشچىلار سىنىپى ئەمگەك مەھسۇلاتى شەكلى بىلەن كاپىتالىستلار سىنىپىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن قىممەت مىقدارى ئۇلار ئىش ھەققى شەكلى بىلەن كاپىتا-

لىستلار سىنىپىدىن ئالىغان قىممەت مىقتارىدىن چوڭ بولىدۇ؛ بۇ شۇنى كورسىتىدۇكى، كاپىتالنىڭ پايدىسى، باشقىلارنىڭ ھەقسىز ئەمگەك مەھسۇلاتىنى ئوزلەشتۇرۇۋېلىشىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرىگە ئوخشاش، ماركس كەشىپ قىلىغان قوشۇمچە قىممەتنىڭ تەركىۋي قىسمىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئىپتىقاچ كىتەيلى، رىكاردو ئوزىنىڭ ئاساسىي ئەسىرىدە ھە دىگەندىلا مۇنداق دەيدۇ:

«بىر شاگىپنىنىڭ قىممىتى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇن زورۇر بولغان ئەمگەك مىقتارىغا باغلىقكى، مۇنداق ئەمگەك ئۇچۇن بىرىلگەن يا يۇقۇرى، يا تووەن ھەققە باغلىق ئەمەس.»[110]

ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇق كەشپىياتى توغرىسىدا، بۇ دەۋر بولىگۇچ كەشپىيات توغرىسىدا، پۇتۇن ئىقتىساتشۇناسلىق «كۇرسى»دا بىر ئېغىز سوزمۇ ئېيتىلمىغان. «پىپەنلىك تارىخ»تا بولسا بۇ كەشپىيات مۇقەددەس يارلىقچە ئىبارىلەر بىلەن ئىنكار قىلىنۋېتىلگەن:

«ئۇ (رىكاردو): يا چوڭ، يا كىچىك نىسبەتلەرنىڭمۇ (بۇ نىسبەتلەر ئىچىدە ئىش ھەققي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ كورسەتكۇچى بولۇشى مۇمكىن (!)) جەزمەن.....خىلمۇ-خىل قىممەت مۇناسىۋەتلىرىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغانلىقىنى خيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەن!»

بۇ سوز ھەققىدە كىتاپخانلار قانداق ئويلىسا بولىۋېرىدۇ، ئەمما ئەڭ بىخەتىرى بۇ ھەقتە زادىلا ئويلىماسلىق.

ئەمدى كىتاپخانلار ديۇرىڭ ئەپەندى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان 5 خىل قىممەت ئىچىدىن ئوزىگە تازا ياققان بىرىنى تاللىۋالسۇن: تەبىئەت دۇنياسىدىن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى، ياكى ئادەمنىڭ تۇخۇمى بۇزۇقلۇغى ياراتقان، ئوزىدە بولمىغان

كۇچىنىڭ سەرپ قىلىنىشى بويىچە ئۆلچىنىشنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلغان تەقسىمات قىممىتىنى، ياكى ئۆچىنچى، ئەمگەك ۋاقتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەتنى، ياكى تۆتىنچى، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەتنى، ياكى ئاخىرىدا، ئىش ھەققى بىلەن ئۆلچىنىدىغان قىممەتنى تاللىۋالسۇن. راستىلا تاللاش ئىمكانىيىتى كوپ، قالايمىقانچىلىق يېتىپ ئاشىدۇ، ئەمدى بىزگە ديۇرىڭ ئەپەندى بىلەن بىللە مۇنداق دەپ ۋاقىراشلا قالىدۇ:

«قىممەت تەلىماتى ئىقتىساتشۇناسلىق تىشىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلايدىغان سىناق تېشى!»

## 6. ئاددى ئەمگەك ۋە مۇرەككەپ ئەمگەك

ديۇرىڭ ئەپەندى ماركستىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىلا سادىر قىلىدىغان، بەكمۇ قاملاشمىغان ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىكى خاتالىقنى تاپقان، بۇنداق خاتالىق ئەينى ۋاقىتتا جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سوتسىيالىستىك كۇپپارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغانمىش.

ماركسنىڭ قىممەت نەزەرىيىسى «بىر خىل ئاددى......تەلىماتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ تەلىمات، ئەمگەك بارلىق قىممەتلەرنىڭ سەۋەبى، ئەمگەك ۋاقتى بولسا بارلىق قىممەتنىڭ ئۆلچىمى، دەپ قارايدۇ. ئاتالمىش مەلىكىلىك ئەمگەكنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىممىتى توغرىسىدا قانداق پىكىر قىلىش كېرەك دېگەن ئىدىيە بۇ يەردە زادىلا ئېنىق ئەمەس...... راست، بىزنىڭ نەزەرىيىمىز بويىچىمۇ، ئىگىلىك نەرسىلەرنىڭ تەبىي تەننەرقىنى سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ۋاقتى ئارقىلىقلا ئۆلچىگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق قىممىتىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ؛ لېكىن

بۇ يەردە، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتى باشلىنىشتىن تارتىپلا پۈتۈنلەي باراۋەر ئىدى، دەپ قارىلىشى كېرەك، شۇنىڭغىلا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەلىكىلىك ئەمگەك ئەھۋالى ئاستىدا، بىر ئادەمنىڭ شەخسى ئەمگەك ۋاقتىغا باشقىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىمۇ قوشۇلىدۇ.....مەسىلەن، ئىشلىتىلگەن قوراللار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ماركس ئەپەندىنىڭ مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە، چۈنكى گويا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ۋاقتى يىغىلغان دەپ مۇجمەل تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئەمەس؛ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بارلىق ئەمگەك ۋاقتى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ۋە پىرىنسىپلىق رەۋىشتە (شۇ سەۋەپتىن، ئالدى بىلەن بىر تۈرلۈك ئوتتۇرىچە نەرسىنى چىقىرىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق) پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتكە ئىگە، بىر ئادەمنىڭ ئەمگىكى ئۈستىدە، خۇددى ھەرقانداق تەييار مەھسۇلاتتىكىدەك، ساپ ئۆزىنىڭلا بولۇپ كۆرۈنگەن ئەمگەك ۋاقتىنىڭ سەرپىياتىدا باشقىلارنىڭ قانچىلىك ئەمگەك ۋاقتىنىڭ يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنىلا ئىزاھلاش كېرەك. مەيلى قول بىلەن ئىشقا سېلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولسۇن، ياكى قول ھەتتا كاللىنىڭ ئۆزى بولسۇن (ئەگەر باشقىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بولمىسا، بۇ نەرسىلەر مەخسۇس ئالاھىدىلىككە ۋە ئەمگەك قابىلىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ)، نەزىرىيىنىڭ قاتتىق تەتبىق قىلىنىشىغا قارىتا ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئەمما ماركس ئەپەندى ئۆزىنىڭ قىممەت توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىدە ھامان مەلىكىلىك ئەمگەك ۋاقتى دىگەن بۇ ئارقىدا تۇرۇپ ۋەسۋەسە سالىدىغان ئەرۋاھتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قەتئىي تەدبىر كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپلارنىڭ نەزىرىدە، غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچىنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بىناكارلىق ئۇستىسىنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزى ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتتە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش گويا ئىنتايىن غەلىتە ئىش بولۇپ كۆرۈنىدۇ».

دىيۇرىڭ ئەپەندىنى مۇنچىۋالا «قاتتىق غەزەپ»كە كەلتۈرگەن ھېلىقى سۆزلەر ماركسنىڭ كىتاۋىدا ئىنتايىن قىسقا. ماركس **شاگىپىننىڭ** قىممىتىنى قانداق نەرسە بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ھەمدە: ئۇنى شاگىپىندا بولغان ئادەم ئەمگىكى بەلگىلەيدۇ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ شۇنىڭغا ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ: ئادەمنىڭ ئەمگىكى «مەخسۇس ماھارىتى بولمىغان ھەر بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئورگانىزمىدا ئوتتۇرىچە بولغان ئاددىي ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپىياتى بولىدۇ...... بىر قەدەر مۇرەككەپ ئەمگەك ئۆزىگە ئۆزى كۆپەيتىلگەن، ياكى توغرىراغى، بىرنەچچە قاتلانغان ئاددىي ئەمگەكتىنلا ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز مىقتاردىكى مۇرەككەپ ئەمگەك كۆپ مىقتاردىكى ئاددىي ئەمگەككە تەڭ بولىدۇ. تەجرىبە ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق ئاددىيلاشتۇرۇش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىر شاگىپىن ئەڭ مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ قىممىتى ئۇنى ئاددىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتىغا باراۋەر قىلىپ قويىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئۆزى مۇئەييەن مىقتاردىكى ئاددىي ئەمگەكنىلا كۆرسىتىدۇ. ھەر خىل ئەمگەكنى ئۇلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بولغان ئاددىي ئەمگەككە سۇندۇرۇشنىڭ تۈرلۈك نىسبەتلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كەينىدە ئىجتىمائىي جەريان تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، گويا ئادەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ»①.

ماركس بۇ يەردە، ئالدى بىلەن، پەقەت **شاگىپىن** قىممىتىنىڭ

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 1-باپ، 2-بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

بەلگىلىنىشى توغرىسىدا يەنى خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر جەمىيەتتە شۇ خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەرىپىدىن خۇسۇسى مەقسەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەمدە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسىلەر قىممىتىنىڭ بەلگىلىنىشى توغرىسىدا سوزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە ئېيتىلغىنى ھەرگىز قانداقتۇ «مۇتلەق قىممەت» ئەمەس (ئۇنىڭ نەدىدۇ بىر يەردە مەۋجۇت بولۇپ ئوتكەنلىكىدىن قەتئى نەزەر)، بەلكى مۇئەييەن ئىجتىمائى شەكلىدە ئېقىۋاتقان قىممەت. بۇنداق قىممەت ئەنە شۇ مۇئەييەن تارىخىي دائىرە ئىچىدە يەككە-يەككە شاكپىتدا گەۋدىلەنگەن ئادەم ئەمگىكى بىلەن يارىتىلىدۇ ۋە ئۆلچىنىدۇ، ئادەمنىڭ ئەمگىكى بولسا ئاددى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپىياتىدىن ئىبارەت. بىراق، ھەرقانداق ئەمگەك ئادەمنىڭ ئاددى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپىياتىدىنلا ئىبارەت بولىۋەرمەيدۇ؛ ئەمگەكنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى ئازدۇر-كوپتۇر كۈچ، ۋاقىت ۋە پۇل سەرپ قىلىش ھېساۋىغا قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماھارەت ۋە بىلىملەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ئەمگەك بىلەن ئاددى ئەمگەك يەنى پەقەت ئاددى ئەمگەك كۈچىنىڭ سەرپىياتىلا ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئوخشاش بىر شاكپىن قىممىتىنى ئىشلەپچىقىرامدۇ، ئىشلەپچىقارمامدۇ؟ روشەنكى، ئىشلەپچىقارمايدۇ. بىر سائەتلىك مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتىنى بىر سائەتلىك ئاددى ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ قىممىتى ئىككى ھەسسە ياكى ئۈچ ھەسسە يۇقۇرى بولغان بىر خىل شاكپىن بولىدۇ. مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇئەييەن مىقتاردىكى

ئاددى ئەمگەك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ لېكىن مۇرەككەپ ئەمگەكنىڭ بۇنداق ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي جەريان تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ، بۇ يەردە، قىممەت نەزەرىيىسىنى بايان قىلغاندا، بۇ جەرياننى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكىلا بولىدۇ، تېخى ئىزاھلاشقا بولمايدۇ.

ماركسنىڭ بۇ يەردە بايان قىلغىنى بۈگۈنكى كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدە ھەر كۈنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بولۇپ تۇرىدىغان ئاددىي پاكىت. بۇ پاكىت شۇنداق تەھقىقكى، ھەتتا ئۇنىڭغا دىيۇرىڭ ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «كۇرسى»دا ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسات تارىخىدا رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان؛ ماركسنىڭ بايانى شۇ قەدەر ئاددىي، چۈشىنىشلىككى، ئۇنى دىيۇرىڭ ئەپەندىدىن باشقا «بۇ يەردە زادىلا ئېنىق ئەمەس» دەپ ھېس قىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ چىقمايدىغانلىقى چوقۇم. دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نۇقتىنەزىرى زادىلا ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ شاگىپىنىڭ قىممىتىنى (ماركس شاگىپىنىڭ قىممىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەن ئاۋال ئۆزى مۇستەقىل ھالدا شۇغۇللانغان ئىدى) مەسىلىنى تېخىمۇ تۇتۇقلاش-تۇرۇۋېتىدىغان «تەبىي تەنەرق»تىنلا ئىبارەت دەپ، ھەتتا ھازىرغا قەدەر ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتە، بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز بويىچە، تېخى زادىلا ئېقىپ باقمىغان «مۇتلەق قىممەت» دەپ خاتا قارايدۇ. ئەمما، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «تەبىي تەنەرق»نى نىمە دەپ چۈشىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ 5 خىل قىممىتى ئىچىدە قايسىبىرىنىڭ «مۇتلەق قىممەت»كە ۋەكىللىك قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇنۇ نۇقتا ئېنىق: ماركس بۇ نەرسىلەرنى زادىلا تىلغا ئېلىپ باقمىغان، پەقەت شاگىپىن قىممىتى

ئۇستىدىلا توختىلىپ ئۆتكەن: «كاپىتال»نىڭ قىممەت توغرىسىدىكى پۈتۈن بىر بابىدا ماركسىنىڭ ئۆزىنىڭ شاگىپىن قىممىتى نەزىرىيىسىنى باشقا ئىجتىمائى شىگىتەيلەرگىمۇ تەتبىقلىغىلى بولىدۇ دەپ ھېساپ-لايدىغان-ھېساپلىمايدىغانلىغىنى، ياكى ھېساپلىسا، قايىسى دەرىجىدە بولىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ئالامەت يوق.

دىيۇرىڭ ئەپەندى سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىش ماركس ئەپەندىنىڭ مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە، چۈنكى گويا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كوپ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ۋاقتى يىغىلغان دەپ مۇجمەل تەسەۋۋۇر قىلىغىنىدەك ئەمەس: ياق، ئۇنداق ئەمەس، بارلىق ئەمگەك ۋاقتى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ۋە پىرىنسىپلىق رەۋىشتە (شۇ سەۋەپتىن، ئالدى بىلەن بىر تۇرلۇك ئوتتۇرىچە نەرسىنى چىقىرىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق) پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتكە ئىگە.»

تەقدىر دىيۇرىڭ ئەپەندىنى زاۋۇت ئىگىسى قىلىپ قويماپتىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز شاگىپىنلىرىنىڭ قىممىتىنى مۇشۇ يېڭى قائىدە بويىچە بودىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭلىق بىلەن مۇقەررەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بۇ — ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بەخت. نىمە دىگەن بەخت! بىز بۇ يەردە تېخى زاۋۇت ئىگىلىرى جەمىيىتىدە تۇرۇۋاتىمىزمۇ؟ ئەسلا ئۇنداق ئەمەس. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ تەبى تەننەرق ۋە مۇتلەق قىممەتلىرى بىلەن بىزنى بىر قېتىم سەكرەتتى، ھەقىقى موللاق ئاتتۇردى، ھازىرقى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قاباھەتلىك دۇنياسىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىگىلىك كۇگۇشىسىغا، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتنىڭ پاك ئاسمىنىغا موللاق ئېتىپ چىقتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن

بىز بۇ يەردە بۇ يېڭى دۇنيانى سەل - پەل كۆزىتىپ قويمىساق بولماس، ۋاقتى - سائىتى كەلمىگەن بولسىمۇ.

دەرۋەقە، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىيىسى بويىچە، ئىگىلىك كۆڭۈشىپسىدىمۇ ئىگىلىك نەرسىلىرىنىڭ قىممىتىنى سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ۋاقتى ئارقىلىقلا ئۆلچىگىلى بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتى باشلىنىشتىن تارتىپلا پۈتۈنلەي باراۋەر ئىدى، دەپ قارىلىشى كېرەك. بارلىق ئەمگەك ۋاقتى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ۋە پرىنسىپلىق رەۋىشتە پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتكە ئىگە، بەلكى ئالدى بىلەن بىر تۈرلۈك ئوتتۇرىچە نەرسىنى چىقىرىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمدى بۇنداق رادىكال ئوتتۇرىچە سوتسىيالىزم ماركسنىڭ مۇجمەل ئىدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، بۇنداق ئىدىيە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كوپ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ۋاقتى يىغىلغان دەپ قارايدۇ؛ ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلى ماركسنى بۇنداق ئىدىيىگە تىقىپ قويغان، ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپلارنىڭ نەزىرىدە، غالىتەك ھارۋا ھەيدىگۈچىنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بىناكارلىق ئۇستىسىنىڭ ئەمگەك ۋاقتى ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتتە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش گويا ئىنتايىن غەلىتە ئىش بولۇپ كورۇنىدۇ!

ئەپىۇسكى، يۇقۇرىدا «كاپىتال»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سوزلەرگە ماركس تېخى قىسقىچە ئىزاھ بەرگەن ئىدى: «كىتاپخانلار دىققەت قىلىشى لازىمكى، بۇ يەردە، ئىشچى

**ئالىدىغان**[1] بىر ئىش كۈنلۈك **ئىش ھەققى**[1] ياكى قىممەت ئەمەس، بەلكى ئىشچىنىڭ بىر ئىش كۈنى **بۇيۇملىشىپ**[1] چىقىدىغان **شاكىپىن قىممىتى**[1] كوزدە تۇتۇلىدۇ.»[2] ماركس بۇ يەردە دىيۇرىڭنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇسۇلىنى ئالدىنالا پەملىگەندەك قىلىدۇ، شۇڭا ئۇزىنىڭ يۇقۇرىدىكى قارىشىنى باشقىلارنىڭ بۇگۇنكى جەمىيەتتە مۇرەككەپ ئەمگەككە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىغە تەتبىق قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەتلەنمەي، تېخى بۇنداق قاراشنى سوتسيالىزىم پىرىنسىپى بويىچە تەشكىللەنگەن جەمىيەتتە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەڭشەيدىغان تەقسىماتنىڭ ماركس ئاساسلانماقچى بولغان تۇپ پىرىنسىپى دەۋالسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق شەرمەندە ئويدۇرمىنى مەخسۇسلا تۇھمەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەتبۇئاتلاردىلا كورگىلى بولىدۇ.

ئەمدى بىز تەڭ قىممەت تەلىماتىنى سەل تەپسىلىرەك تەكشۈرۈپ باقايلى. بارلىق ئەمگەك ۋاقتى، مەيلى غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچىنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بولسۇن، ياكى بىناكارلىق ئۇستىسىنىڭ ئەمگەك ۋاقتى بولسۇن، پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتتە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەمگەك ۋاقتىدىمۇ شۇنداقلا ئەمگەكنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر خىل قىممەت بولىدۇ. ئەمما ئەمگەك بارلىق قىممەتنىڭ ياراتقۇچىسى. پەقەت ئەمگەكلا كەشىپ قىلىنغان تەبىئەت مەھسۇلىغا بىر خىل ئىقتىسادشۇناسلىق مەنىسىدىكى قىممەتنى بېرىدۇ. قىممەتنىڭ

---

[1] تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

[2] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 1-باپ، 2-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئۆزى مەلۇم بىر نەرسىدە بۇيۇملاشقان، ئىجتىمائىي زورۇر ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەكتە ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ بولۇشى **مۇمكىن ئەمەس**. ئەمگەكنىڭ قىممىتى ئۈستىدە سۆزلەش ھەمدە بۇنداق قىممەتنى بەلگىلەپ قويماقچى بولۇش قىممەتنىڭ قىممىتى ئۈستىدە سۆزلىگەنلىك بىلەن، ياكى ئېغىرلىقتا ئىگە جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىنى بەلگىلىمەستىن، ئېغىرلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى بەلگىلىمەكچى بولۇش بىلەن باراۋەر. دېيۈرىڭ ئەپەندى ئىجتىمائىي زەرگەرلىك ئۇنۋانىنى سېن-سىمون، ئوۋېن، فۇرىيېغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ يەنى ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى ياساپ چىققان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي زەرگەرلەرگە زادىلا يەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. دېيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى مۇنۇ مۇلاھىزىنى ماركسقا تاڭغاندا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىغا ئەمدى كىشىلەر ھۆكۈم قىلسۇن، بۇ مۇلاھىزە: مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە، ئەمگەك ۋاقتىدىمۇ شۇنداقلا ئەمگەكتىمۇ بىر خىل قىممەت بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت — ئەمەلىيەتتە ئەمگەكتە ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ **بولۇشى مۇمكىن ئەمەس** ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدەك نېمە ئۈچۈن ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى دەل بىرىنچى قېتىم ماركس شەرھىلەپ بەرگەن ئىدىغۇ!

ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئۇنىڭ **شاگپىن** سۈپىتىدىكى ئورنىدىن ئازات قىلىدىغان سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ئەمگەكتە ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ بولۇشىنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

مۇشۇنداق بىلىش بولغاندا، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ زىفالىق ئىشچىلار سوتسىيالىزىمدىن مىراس قىلىنىۋالغان، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرى تەقسىماتىنى بىر قەدەر يۇقۇرى ئىش ھەققى سۈپىتىدە تەڭشەمەكچى بولغان بارلىق قەستلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنداق بىلىشتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن بىلىش كېلىپ چىقىدۇ: تەقسىمات ساپ ئىقتىسادىي ئوي-پىكىر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلا بولسا، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەنپەئەتى تەرىپىدىن تەڭشىلىدىغان بولىدۇ، ھالبۇكى، ئىشلەپچىقىرىشنى ھەممىدىن بەك ئالغا سۈرەلەيدىغىنى جەمىيەتنىڭ **بارلىق** ئەزالىرىنى ئۇزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى مۇمكىن بولغىنىچە ئەتراپلىق ئوستۇرۇش، ساقلاپ قېلىش ۋە ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدىغان تەقسىمات ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق سىنىپلاردىن مىراس قىلىنىۋالغان تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۈچۈن، بۇ ئىنتايىن غەلىتە ئىش: كەسپىي غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچى ۋە كەسپىي بىناكارلىق ئۇستىسى بولمايدىغان، يېرىم سائەت ئىچىدە بىناكارلىق ئۇستىسى سۈپىتىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرىدىغان كىشىمۇ يەنە ئۇزىنىڭ بىناكارلىق ئۇستىسى سۈپىتىدە ھەركەت قىلىشى زورۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتقا قەدەر بىر مەزگىل غالتەك ھارۋا ھەيدەپ يۈرىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ. كەسپىي غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچىلەرنى ئەبەدىلەشتۈرۈپ قويىدىغان گۈزەل سوتسىيالىزىم ئىكەن!

ئەگەر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ تەڭ قىممىتى ئۇز ئىچىگە ئالغان مەنە ھەر بىر ئەمگەكچى باراۋەر ۋاقىت ئىچىدە باراۋەر قىممەت ئىشلەپچىقىرىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئالدى بىلەن بىر تۈرلۈك ئوتتۇرىچە نەرسىنى چىقىرىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەندىن ئىبارەت

بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، بۇ، روشەنكى، خاتا بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىكى ئىككى ئىشچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ئىش سائىتى ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان مەهسۇلاتلىرى-نىڭ قىممىتىمۇ هامان ئەمگەك سىجىللىغىنىڭ ۋە ماهارىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىغى ئارقىسىدا ئوخشاش بولمايدۇ؛ بۇنداق ئىللەتنى — هالبۇكى، دىيۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش كىشىلا ئۇنى ئىللەت دەپ قارايدۇ، — هەرقانداق ئىگىلىك گۇڭشېسى، كەم دىگەندە، بىزنىڭ مۇشۇ يەر شارىمىزدىكى هەرقانداق ئىگىلىك گۇڭشېسى تۈگىتىۋېتەلمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا، بارلىق ئەمگەكنىڭ پۈتۈنلەي تەڭ قىممەتتە بولۇشىدىن يەنە نىمە قالىدۇ؟ قالىدىغىنى پەقەت ساپ لاپ بىلەن تولغان قۇرۇق گەپ — بۇنداق قۇرۇق گەپنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قىممەتنى ئەمگەك بەلگىلەيدىغانلىغى بىلەن قىممەتنى ئىش هەققى بەلگىلەيدىغانلى-غىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەهۋالنى پەرقلەندۈرۈشكە ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، قالىدىغىنى پەقەت خان ئەمرى يەنى يېڭى ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ تۈپ قانۇنى: باراۋەر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئىش هەققى باراۋەر بولۇشى كېرەك! بۇ يەردە، پېشقەدەم فرانسىيە ئىشچى كوممۇنىزمچىلىرى ۋە ۋېيتلىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىش هەققى باراۋەرلىكى تەلىماتى ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ دەرىجىدە ياخشى ۋەجلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى.

ئەمدى، مۇرەككەپ ئەمگەككە يۇقۇرىراق ئىش هەققى تولەشكە دائىر بارلىق موهىم مەسىلىلەرنى قانداق هەل قىلىش كېرەك؟ خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمىيىتىدە ئەمگەكچىلەرنى بىلىملىك قىلىپ چىقىش خىراجىتىنى خۇسۇسلار ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى

كوتىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىملىك ئەمگەك كۆچىنىڭ يۇقۇرىراق باھاسىمۇ ھەممىدىن ئاۋال خۇسۇسلارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدۇ: مەلىكىلىك قۇل قىممەترەك سېتىلىدۇ، مەلىكىلىك ياللانما ئىشچى يۇقۇرىراق ئىش ھەققى ئالىدۇ. سوتسىيالىزىم پىرىنسىپى بويىچە تەشكىللەنگەن جەمىيەتتە بۇنداق خىراجەتنى جەمىيەت كوتىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇرەككەپ ئەمگەك ياراتقان مىۋە يەنى چوڭراق قىممەتمۇ جەمىيەتكە تەئەللۇق بولىدۇ. ئىشچىنىڭ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئارتۇقچە تەلىۋى بولمايدۇ. بۇ يەردىن تېخى يەنە بىر ئەمەلىي خۇلاسىنى چىقارغاچ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ: ئىشچىنىڭ دىتىغا ياقىدىغان «پۈتۈن ئەمگەك دارامىتى»گە بولغان تەلەپىمۇ بەزىدە مەسىلە يوق ئەمەس.[111]

## 7. كاپىتال ۋە قوشۇمچە قىممەت

«كاپىتال توغرىسىدا، ماركىس ئەپەندى، ئالدى بىلەن، كاپىتال ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت دەيدىغان تارقىلىپ يۈرگەن ئىقتىساتشۇناسلىق ئۇقۇمىنى كوزدە تۇتمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ مەخسۇسلاشقان، بىيەنجېڭلىق — تارىخىي ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ئىدىيە ئۇقۇم ۋە تارىخ بىيەنتەيشۇلىرى بىلەن ئوينىشتىن پەرقسىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاپىتال پۇلدىن كېلىپ چىققانمىش؛ ئۇ بىر تارىخىي باسقۇچنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ باسقۇچ 16 ـ ئەسىردىن يەنى بۇ دەۋردە پەيدا بولغان دەپ پەرەز قىلىنغان دۇنيا بازىرىنىڭ بىخلىرى كورۇنگەن دەۋردىن باشلانغانمىش. روشەنكى، ئۇقۇمنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشتە مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق تەھلىلىنىڭ ئوتكۇرلۇگى يوقىلىدۇ. يېرىمى تارىخىي ۋە يېرىمى لوگىكىلىق بولۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمەلىيەتتە

بولسا پەقەت تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتىدىنلا ئىبارەت بولغان بۇ بىمەنە ئىدىيىلەردە، ئىدرەكنىڭ پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بارلىق ھەقىقى ئۇقۇملارنىڭ قولىلىنىلىشى بىلەن بىللە يوق بولۇپ كېتىدۇ» —

پۈتۈن بىر بەتتە مۇشۇنداق ۋاتىلداشلار داۋام قىلىنىۋېرىدۇ......

«ماركسنىڭ كاپىتال ئۇقۇمى توغرىسىدىكى ئىپادىسى پەقەت جىددى مىللى ئىقتىساتشۇناسلىقتا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى......چوڭقۇر لوگىكىلىق ھەقىقەت قىياپىتىگە كىرىۋالىدىغان شاللاق پىكىرلەرنى پەيدا قىلىشى......ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى مۇمكىن» ۋاھاكازالار.

بۇ گەپكە قارىغاندا، ماركس كاپىتال 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۇلدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايمىش. بۇنىڭ ئۆزى، مېتال پۇل بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى ھايۋاندىن ھاسىل بولغان، دىگەن بىلەن باراۋەر، چۈنكى ئىلگىرى ھايۋانلارمۇ باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش پۇلنىڭ جىزنىڭنى ئۆتىگەن. مۇشۇنداق چولتا ۋە نامۇۋاپىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش پەقەت ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ماركسنىڭ شاگىپىن ئايلىنىشى جەريانى داۋام قىلىشتا تايىنىدىغان ئىقتىسادىي شەكىل توغرىسىدىكى تەھلىلىدە پۇل ئەڭ ئاخىرقى شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «شاگىپىن ئايلىنىشىنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلى — كاپىتالنىڭ **ئەڭ دەسلەپكى ئىپادە شەكلى**[1]. كاپىتال تارىختا دەسلەپتە ھەممىلا يەردە پۇل شەكلىدە، پۇل مۈلكى سۈپىتىدە، سودىگەر كاپىتالى ۋە جازانە كاپىتالى سۈپىتىدە يەر مۈلكى بىلەن

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

قارىمۇ ـ قارشى بولغان...... بۇ تارىخ ھەر كۈنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرمۇ ھەر بىر يېڭى كاپىتال دەسلەپتە يەنىلا پۇل سۈپىتىدە سەھنىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى بازاردا ــ شاڭپىن بازىرىدا، ئەمگەك بازىرىدا ياكى پۇل بازىرىدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم جەريان ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پۇل كاپىتالغا ئايلىنىدۇ.»[①] بۇ ــ ماركس بايان قىلغان يەنە بىر پاكىت. دېيۈرىڭ ئەپەندى بۇ پاكىتنى رەت قىلىشقا ئىلاجىسىز قالىدۇ ـ دە، ئۇنى بۇرمىلاپ، ماركس كاپىتالنى پۇلدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ، دەپ تۇرۇۋالىدۇ!

ماركس يەنە پۇلنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىش جەريانىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلدى، ئۇ پۇلنىڭ كاپىتال سۈپىتىدىكى ئايلىنىش شەكلى پۇلنىڭ شاڭپىننىڭ ئومۇمى تەڭ قىممەتلىكى نەرسىلەر سۈپىتىدىكى ئايلىنىش شەكلىنىڭ ئەكسى بولىدىغانلىقىنى ئالدى بىلەن تاپتى. ئاددى شاڭپىن ئىگىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ساتىدۇ؛ ئۇ ئۆزىگە لازىم بولمايدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن تاپقان پۇلغا ئۆزىگە لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يېڭى كىرىشكەن كاپىتالىست دەسلەپتە ئۆزىگە لازىم **بولمايدىغان** نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ؛ ئۇ سېتىش ئۈچۈن سېتىۋالىدۇ، يەنە كېلىپ قىممەترەك ساتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلغان پۇلنىڭ قىممىتىنى قايتۇرۇۋالىدۇ ھەمدە پۇل جەھەتتىن سەل كۆپەيتىدۇ؛ ماركس بۇنداق كۆپىيىشنى

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 4 ـ باپ، 1 ـ بۆلۈمگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

قوشۇمچە قىممەت دەپ ئاتايدۇ.

بۇنداق قوشۇمچە قىممەت نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ سېتىۋالغۇچىنىڭ شاگىپىنىنى شاگىپىنىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن سېتىۋېلىشىدىن كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ساتقۇچىنىڭ شاگىپىنىنى شاگىپىنىنىڭ قىممىتىدىن يۇقىرى سېتىشىدىن كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالغان پايدىسى بىلەن تارتقان زىيىنى ئۇلارنىڭ سېتىۋالغۇچى ۋە ساتقۇچى بولۇپ ئالمىشىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا ئۆزئارا تەڭشىلىدۇ. قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئالداشتىن كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئالداش، دەرۋەقە، بىر كىشىنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا ئىككىنچى بىر كىشىنى بېيىتالىسىمۇ، ئەمما ئىككى كىشىدە بولغان ئومۇمىي سانىنى كۆپەيتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايلىنىش قىممىتىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتەلمەيدۇ. «بىر مەملىكەتتىكى پۈتكۈل كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنى ئالداش بىلەن بېيىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.»①

بىراق بىز سەزدۇقكى، ھەر بىر مەملىكەتتىكى پۈتكۈل كاپىتالىستلار سىنىپى سېتىشى سېتىۋېلىشىدىن قىممەت بولغاچقا، قوشۇمچە قىممەتنى ئۆزلەشتۈرگەچكە، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۈزلۈكسىز بېيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنىلا دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان: بۇنداق قوشۇمچە قىممەت نەدىن كېلىدۇ؟ دېگەن سوئالىمىزغا قايتايلى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك، بەلكى ھەرقانداق

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1- توم، 4- باپ، 2- بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئالداشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەرقانداق زورلۇق كۈچنىڭ ھەرقانداق مۇداخىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، **ساپ ئىقتىساتشۇناسلىق** ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلىپ مەسىلە مۇنداق بولۇپ قالىدۇ: باراۋەر قىممەت ئۈزلۈكسىز ھالدا باراۋەر قىممەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقسىگە سېتىش سېتىۋېلىشتىن قىممەت بولۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشالايدۇ؟

بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقى — ماركس ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر بولگۈچ تۆھپىسى. بۇ سوتسىيالىزمچىلارنىڭ دەسلەپتە بۇرژۇئا ئىقتىساتچىلىرىغا ئوخشاش قاپ - قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئىزلەپ يۈرگەن ئىقتىسات ساھەسىنى يوپ - يورۇق قۇياش نۇرىغا چومدۇردى. ئىلمىي سوتسىيالىزم شۇنىڭدىن باشلاپ، شۇنى مەركەز قىلىپ راۋاجلاندى.

بۇ مەسىلە مۇنداق ھەل قىلىنغان: كاپىتالغا ئايلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇنداق پۇلنىڭ قىممىتىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ بۇنداق **پۇلدىن** پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، **سېتىۋېلىشتىن** كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇنداق پۇل بۇ يەردە شاگىپىننىڭ باھاسىنىلا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، بۇنداق باھا بولسا، بىز باراۋەر قىممەتلەر ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ دەپ پەرەز قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، شاگىپىنىڭ قىممىتىدىن باشقىچە بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، قىممەتنىڭ كۆپىيىشىنىڭ شاگىپىننىڭ **سېتىلىشىدىن** پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنداق ئۆزگىرىش جەزمەن سېتىۋېلىنغان **شاگىپىندا** يۈز بېرىدۇ، ئەمما شاگىپىننىڭ **قىممىتىدە** يۈز بەرمەيدۇ — چۈنكى شاگىپىن ئۆزىنىڭ قىممىتى بويىچە ئالدى-ساتتى قىلىنىدۇ، — بەلكى

شاگىپىننىڭ **ئىستىمال قىممىتىنىڭ** ئۆزىدە يۈزبېرىدۇ، دېمەك، قىممەتنىڭ ئۆزگىرىشى چوقۇم شاگىپىننىڭ ئىستىمال قىلىنىشى ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. «شاگىپىننىڭ ئىستىمال قىلىنىشى جەھەتتىن قىممەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىزدىكى پۇل ئىگىسى تەلىيى ئوڭغا تارتىپ......بازاردىن شۇنداق بىر خىل شاگىپىننى تېپىشى لازىمكى، ئۇنىڭ ئىستىمال قىممىتى قىممەتنىڭ مەنبەسى بولۇشتەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسۇن، شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ ئەملىي ئىستىمال قىلىنىشىنىڭ ئۆزى ئەمگەكنىڭ بۇيۇملاشتۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك **قىممەتنىڭ يارىتىلىشى**[1] بولسۇن. پۇل ئىگىسى بازاردىن بۇنداق ئالاھىدە شاگىپىننى تاپقان، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك قابىلىيىتى ياكى **ئەمگەك كۈچى**[1].»[2] ئەگەر، خۇددى بىز كورۇپ ئۆتكەندەك، ئەمگەكنىڭ ئۆزىدە ھەرقانداق بىر قىممەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، **ئەمگەك كۈچى** توغرىسىدا ھەرگىز ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمگەك كۈچى **شاگىپىنغا** ئايلىنىش بىلەنلا (ئۇ ھازىر ئەملىيەتتە شاگىپىن)، بىر خىل قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق قىممەتمۇ «باشقا ھەرقانداق شاگىپىننىڭ قىممىتىگە ئوخشاش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن، شۇنداقلا بۇنداق ئالاھىدە سودا بۇيۇمنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەمگەكنىڭ ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ»[2]، دېمەك، ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىنى ئەمگەك قىلالايدىغان ھالەتتە

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 4 ـ باپ، 3 ـ بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ساقلاش ۋە ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇشقا زورۇر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ياساش ئۈچۈن سەرپ قىلىشى زورۇر بولغان ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بىز، بۇنداق تۇرمۇش ۋاستىلىرى ھەر كۈندىكى 6 سائەتلىك ئەمگەك ۋاقتىغا ۋەكىللىك قىلغان بولسۇن، دەپ پەرەز قىلايلى. بىزدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يېڭى كىرىشكەن كاپىتالىست كارخانا باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى سېتىۋالسا يەنى بىر ئىشچىنى ياللىسا، ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ئىشچىغا بەرگەن پۇلىمۇ 6 سائەتلىك ئەمگەككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ بۇ ئىشچىغا بەرگىنى ئۇنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك قىممىتى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىشچى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يېڭى كىرىشكەن بۇ كاپىتالىست ئۈچۈن 6 سائەت ئەمگەك قىلىپ بەرسىلا، ئۇ كاپىتالىستنىڭ خىراجىتىنى يەنى كاپىتالىست ئەمگەك كۈچىگە تۆلىگەن كۈنلۈك قىممەتنى تولۇق قاپلىغان بولىدۇ. ئەمما پۇل بۇنىڭلىق بىلەن كاپىتالغا ئايلانمايدۇ، ھەرقانداق قوشۇمچە قىممەتنىمۇ پەيدا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچىنى سېتىۋالغۇچىمۇ ئۆزى قىلغان سودىنىڭ خاراكتېرىغا قارىتا پۈتۈنلەي باشقىچە قاراشتا بولىدۇ. ئىشچىنىڭ 24 سائەتلىك تۇرمۇشىنى تولۇق قامداشقا پەقەت 6 سائەتلىك ئەمگەكلا كېرەك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئىشچىنىڭ 24 سائەت ئىچىدە 12 سائەت ئەمگەك قىلىشىغا قىلچىلىكمۇ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتى بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەمگەك جەريانىدا ياراتقان قىممىتى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مىقدار. پۇل ئىگىسى ئەمگەك كۈچىنىڭ كۈنلۈك قىممىتىنى تۆلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ بىر كۈنلۈك ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلىتىلىشى يەنى شۇ بىر

كۆنلۈك ئەمگەكمۇ ئۆنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر كۈن ئىشلىتىلىشى **ياراتقان** قىممەت ئۆنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنلۈك قىممىتىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ، بۇ سېتىۋالغۇچى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بەخت ھېساپلىنىدۇ، بىراق شاكپىن ئالماشتۇرۇش قانۇنىيىتى بويىچە، بۇ ھال ساتقۇچى ئۈچۈنمۇ ھەرگىز ئادىل بولمىغان بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ پەرىزىمىز بويىچە، ئىشچى ھەر كۈنى پۇل ئىگىسىنىڭ 6 سائەتلىك ئەمگەكىنىڭ قىممىتىدىكى مەھسۇلاتنى **ئىستىمال قىلغان** بولىدۇ، ئەمما ئۇ پۇل ئىگىسىگە ھەر كۈنى 12 سائەتلىك ئەمگەكنىڭ قىممىتىدىكى مەھسۇلاتنى **تەييارلاپ بەرگەن** بولىدۇ. پۇل ئىگىسى بۇ ئۇشۇق مىقتارغا — 6 سائەتلىك ھەقسىز قوشۇمچە ئەمگەككە يەنى 6 سائەتلىك ئەمگەكتە گەۋدىلەنگەن، ھەق تۆلەنمىگەن قوشۇمچە مەھسۇلاتقا ئىگە بولۇۋالىدۇ. سېھىرگەرلىك قىلىنىپ بولدى. قوشۇمچە قىممەت پەيدا بولدى، پۇل كاپىتالغا ئايلاندى.

ماركس قوشۇمچە قىممەتنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى، قوشۇمچە قىممەتنىڭ شاكپىن ئالماشتۇرۇشنى تەڭشەش قانۇنىيىتىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا قانداق پەيدا بولالايدىغانلىقىنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن كۆرسىتىپ بەردى، شۇڭا ئۇ ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە ئۇنى ئاساس قىلىدىغان ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېچىپ تاشلىدى، پۈتكۈل ھازىرقى زامان ئىجتىمائى تۈزۈمى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇيۇشقان خىشنىنى ئېچىپ بەردى.

ئەمما، كاپىتالنىڭ مۇشۇنداق پەيدا بولۇشىدا بىر ماھىيەتلىك ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرت بار: «پۇل ئىگىسى پۇلنى كاپىتالغا

ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، شاڭپىن بازىرىدىن **ئەركىن ئىشچى**[1] تېپىشى كېرەك، بۇ يەردە ئېيتىلغان ئەركىن دېگەن سوز قوش مەنىگە ئىگە: بىر تەرەپتىن، ئىشچى ئەركىن ئادەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئۆزىنىڭ شاڭپىنى سۈپىتىدە باشقۇرالايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدا ساتقۇدەك باشقا شاڭپىن يوق، ئۇ ھېچنېمىسى يوق دەرىجىدە ئەركىن، ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە ئەمەس.»[2] لېكىن، پۇل ئىگىسى ياكى شاڭپىن ئىگىسىدىن ئىبارەت بىر تەرەپ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچنېمىسى بولمىغان يەنە بىر تەرەپنىڭ بۇنداق مۇناسىۋىتى ھەرگىز تەبىئەت تارىخىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، ھەممە تارىخىي دەۋرلەرگە ئورتاق مۇناسىۋەتمۇ ئەمەس، «ئۇنىڭ ئۆزى، روشەنكى، ئۆتكەن تارىخ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ...... بىر قاتار كونا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكىل-لىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مەھسۇلى.»[2] ھالبۇكى، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ يىمىرىلىشى ئارقىسىدىلا، بۇنداق ئەركىن ئەمگەكچىلەر تارىختا بىرىنچى قېتىم كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئارقىسىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا سودىسى ۋە دۇنيا بازىرىنىڭ يەنە شۇ دەۋردە شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقى ئارقىسىدا، شۇنداق بىر خىل ئاساس بارلىققا كەلدى، بۇنداق ئاساس ئۈستىدە مەۋجۇت نۇرغۇن كۆچمە مۈلۈكلەرنىڭ بارغانسىرى كۆپلەپ كاپىتالغا

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 4-باپ، 3-بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئايلىنىشى مۇقەررەر بولىدۇ، قوشۇمچە قىممەت ئىشلەپچىقىرىشنى مەقسەت قىلىغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بارغان- سېرى مۇتلەق ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر بولىدۇ.

ماركسنىڭ «بىمەنە ئىدىيىسى»، «تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتى» مانا شۇلار، بۇ ئىدىيىلەردە «ئىدرەكنىڭ پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بارلىق ھەقىقى ئۇقۇملارنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن بىللە يوق بولۇپ كېتىدۇ». ئەمدى بىز ديۇرىڭ ئەپەندى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان «چوڭقۇر لوگىكىلىق ھەقىقەت»، «توغرا ئىلمي مەنىدىكى چېكىگە يەتكەن ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىك»نى بۇنداق «شاللاق پىكىرلەر» بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

دىمەك، كاپىتال توغرىسىدا، ماركس «كاپىتال ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت دەيدىغان تارقىلىپ يۈرگەن ئىقتىساتشۇناسلىق ئۇقۇمىنى كوزدە تۇتمايدۇ»؛ ئۇ بۇنىڭ ئەكسىچە مۇنداق دەيدۇ: مۇئەييەن قىممەت سوممىسى پەقەت ئۆزىدىن **پايدىلىنىپ** قوشۇمچە قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن چاغدىلا ئاندىن كاپىتالغا ئايلىنىدۇ. ئەمدى ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دەۋاتقىنى نىمە؟

«كاپىتال ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋاستىلىرىنىڭ ئاساسىي غولى، ئۇ ئىشلەپ- چىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشتا ھەمدە ئومۇمى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇلىرى ئىچىدىكى ئۈلۈشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.»

بۇ سوز يەنىلا ھەرقانىچە سىرلىق ۋە چۈۋالچاق ئېيىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ھەر ھالدا بىر نۇقتا ئېنىقكى، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋاستىلىرىنىڭ ئاساسىي غولى ئىشلەپچىقىرىشنى مەڭگۈ

داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەمما، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇزىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇ «ئومۇمى ئەمگەك كۇچلىرىنىڭ مىۋىلىرى ئىچىدىكى ئۇلۇش»نى ۋۇجۇتقا كەلتۇرمىگەن يەنى قوشۇمچە قىممەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرمىگەن، ياكى ھېچ بولمىغاندا، قوشۇمچە مەھسۇلاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرمىگەن چاغدا كاپىتال بولالمايدىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن دىيۇرىڭ ئەپەندى، كاپىتال دەيدىغان تارقىلىپ يۇرگەن ئىقتىساتشۇناسلىق ئۇقۇمىنى كوزدە تۇتمايدۇ، دەپ ماركسقا ئارتقان گۇنانى ئۇزى سادىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھاكاۋۇرانە ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپمۇ «ناچار نىقاپلىغان»، ماركسنىڭ ئىدىيىسىنى قوپاللىق بىلەن ئوغرىلىغان گۇنانىمۇ سادىر قىلدى.

262 ـ بەتتە بۇ نۇقتا تېخىمۇ تەپسىلى ئالغا سۇرۇلگەن:

«ئىجتىمائى مەنىدىكى كاپىتال (غەيرى ئىجتىمائى مەنىدىكى كاپىتالنى يەنە دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تېپىشىغا توغرا كېلىدۇ) دەل ساپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ؛ چۇنكى كېيىنكىسى تېخنىكىلىق خاراكتېرغىلا ئىگە ھەمدە ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ زورۇر، ئالدىنقىسىنىڭ بەلگىسى بولسا ئۇنىڭ ئۇزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ۋە بىر ئۇلۇشنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرىدىغان ئىجتىمائى كۇچىدە. دۇرۇس، ئىجتىمائى كاپىتالنىڭ كوپ قىسمى ئۇزىنىڭ ئىجتىمائى جىنىيىدا تۇرۇۋاتقان تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىنلا ئىبارەت؛ ئەمما بۇنداق جىنىيىنىمۇ دەل...... يوقىلىشى مۇقەررەر.»

ئەگەر بىز دەل ماركسنىڭ بۇنداق «ئىجتىمائى جىنىيىك»نى، بەلگىلىك قىممەت سوممىسىنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشىغا بىردىن ـ بىر ياردەم بېرىدىغان بۇنداق جىنىيىنى بىرىنچى بولۇپ تەكىتلىگەنلىكىنى ھېساپقا ئالساق، ئۇ ھالدا، ھەقىقەتەن «مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىدىغان ھەر بىر كىشى تېزلا چۇشىنىۋېلىشى

كېرەككى، ماركسنىڭ كاپىتال ئۇقۇمى توغرىسىدىكى ئىپادىسى پەقەت قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»— ئەمما بۇ هال ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىدىكىدەك، جىددى مىللى ئىقتىساتشۇناسلىقتا ئەمەس، بەلكى ناهايىتى روشەن هالدا پەقەت ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ كاللىسىدىلا يۈزبېرىدۇ، ديۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كۇرسى»دا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كاپىتال ئۇقۇمىنى نەقەدەر دائىم قوللانغانلىغىنى ئۆزىنىڭ «پىپەنلىك تارىخى»دا ئۇنتۇپ قالغان.

لېكىن، ديۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تازىلانغان» شەكىلدە بولغاندىمۇ ماركستىن ئۇغرىلىۋالغان كاپىتال تەبىرى بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. ئۇ ماركسقا ئەگىشىپ «ئۇقۇم ۋە تارىخ بىيەنتەيىشۇلىرى بىلەن ئويىنىشىش»قا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق قىلىشىنىڭ «بىمەنە ئىدىيىلەر»، «شاللاق پىكىرلەر»، «ئاساسنىڭ ئاجىزلىغى» ۋاهاكازالاردىن باشقا هېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىغىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خېلى چۈشىنىدۇ. كاپىتالنىڭ «ئىجتىمائى جۈنېڭى» ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئەمگەك مۆۋىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق جۈنېڭىلا بولغاچقا، ئۇ نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن سەل پەرقلىنىدۇ، بۇنداق ئىجتىمائى جۈنېڭ قەيەردىن پەيدا بولىدۇ؟

ديۈرىڭ ئەپەندى، ئۇ «ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەبىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق زورۇرىيىتى»گە ئاساسلانمايدۇ، دەيدۇ.

دىمەك، بۇنداق جۈنېڭ تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان، ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ 262 ـ بەتتە بىزگە تەكرارلاپ بەرگىنى بولسا بىز ئۇن قېتىملاپ ئاڭلىغان نەرسىدىنلا ئىبارەت، ئۇ كاپىتالنىڭ پەيدا

بولۇشنى ئاللىقاچان ھەممىگە مەلۇم بولۇپ بولغان ئىككى ئەر كىشىنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلاردىن بىرى تارىخنىڭ بېشىدا يەنە بىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋېتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇۋېتۇ. لېكىن، ديۇرىڭ ئەپەندى مۇئەييەن قىممەت سوممىسىنىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشىغا ئاساس بولىدىغان ئىجتىمائىي جۈنبىشنىڭ تارىخىي باشلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە بۇنداق جۈنبىشنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتىگە ئالدىن ھۆكۈم قىلىدۇ: ئۇنىڭ «دەل يوقىلىشىمۇ مۇقەررەر». ئەمما تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولىدىغان ۋە يەنە تارىخىي يوسۇندا يوقىلىدىغان ھادىسىلەر، ئاددى كىشىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئادەتتە «بىر تارىخىي باسقۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، ماركسنىڭ نەزىرىدىلا ئەمەس، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدىمۇ كاپىتال بىر تارىخىي باسقۇچ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا مەجبۇر بولىمىز: بۇ يەردە بىز ئېيىزۇئىتلارنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولدۇق. ئىككى كىشى ئوخشاش بىر ئىشنى قىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئاخىر ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ئوخشاش بولماي چىقىدۇ[112]. ئەگەر ماركس، كاپىتال بىر تارىخىي باسقۇچ، دىسە، ئۇ ھالدا، بۇنىسى بىمەنە ئىدىيە، تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتى بولىدىكەن، بۇ يەردە پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بارلىق ھەقىقى ئۇقۇملارنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن بىللە يوق بولۇپ كېتىدىكەن. ديۇرىڭ ئەپەندىمۇ كاپىتالنى بىر تارىخىي باسقۇچ قىلىپ تەسۋىرلىسە، ئۇ ھالدا، بۇنىسى مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق تەھلىلىنىڭ ئۇتكۇرلۇگى ۋە توغرا

ئىلمىي مەنىدىكى چېكىگە يەتكەن ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىكنى ئىسپات-لىغانلىق بولىدىكەن.

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كاپىتال ئىدىيىسى بىلەن ماركسنىڭ كاپىتال ئىدىيىسىنىڭ پەرقى نەدە؟

ماركس مۇنداق دەيدۇ: «كاپىتال قوشۇمچە ئەمگەكنى كەشىپ قىلمىغان. جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستى-لىرىنى لۇڭدۇۋەن قىلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىكى جايلاردا ئەمگەكچىلەر، مەيلى ئەركىنلىك ياكى ئەركىسىز بولسۇن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەك ۋاقتىنىڭ سىرتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسىگە تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن نورمىدىن تاشقىرى ئەمگەك ۋاقتى قوشۇشى كېرەك.»① دېمەك، قوشۇمچە ئەمگەك ۋە بۇنداق قوشۇمچە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ كېتىشى يەنى ئىشچىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاقتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىغان ئەمگەك ۋە ئەمگەك ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە ھازىرغا قەدەر سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلار ئىچىدە ھەركەت قىلىپ كەلگەن بارلىق ئىجتىمائىي شەكىللەرنىڭ ئورتاق نۇقتىسى. ئەمما، بۇنداق قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتلىرى قوشۇمچە قىممەت شەكلىنى ئالغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسى ئەركىن ئەمگەكچى-لەرنى — ئىجتىمائىي ئاسارەتكە ئۇچرىمايدىغان ۋە ئۆزىدە مال-مۈلۈك

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 8-باب، 2-بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

بولمىغان ئەمگەكچىلەرنى — تىپىك ئېكسپىلاتاتسىيە دۇيشىياگى قىلغان ھەمدە **شاگپىن** ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋاقىتتىلا، پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا، ماركسنىڭ نەزىرىدە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئاندىن كاپىتالنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بولسا پەقەت 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كەڭ كولەمدە پەيدا بولغان.

ئەكسىچە، دىيۇرىڭ ئەپەندى «ئومۇمى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مىۋىلىرى ئىچىدىكى ئۈلۈشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ»غان، شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى قوشۇمچە ئەمگەكنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان **ھەرقانداق** مىقتاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتال دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ماركس كەشىپ قىلغان قوشۇمچە ئەمگەكنى ئوغرىلىۋالىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن، بىر مەھەل ئۆزىنىڭ دىتىغا ياقمىغان، ئەمما يەنىلا ماركس كەشىپ قىلغان قوشۇمچە قىممەتنى يوقاتماقچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە كولىنس ۋە ئافىنانىڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ قۇللاردىن پايدىلىنىپ باشقۇرغان كوچمە مۈلۈكلىرى ۋە كوچمەس مۈلۈكلىرىلا ئەمەس، بەلكى رىم دىگوسى دەۋرىدىكى چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ بايلىقىمۇ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېودال لىگجولارنىڭ بايلىقىمۇ پەقەت مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسىلا، قىلچە پەرقسىز ھالدا كاپىتال بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، كاپىتال توغرىسىدا، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى «كاپىتال ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن

ئىبارەت دەيدىغان بۇ تارقىلىپ يۈرگەن ئۇقۇم»نى كوزدە تۇتمايدۇ، بەلكى تامامەن ئەكسىچە بولغان ئۇقۇمنى كوزدە تۇتىدۇ، بۇنداق ئۇقۇم ھەتتا ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يەنى يەر ۋە تەبىي بايلىق مەنبەلىرىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، كاپىتالنى بىراقلا «ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت» دەيدىغان ئىدىيىمۇ چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقتىلا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ديۈرىڭ ئەپەندى شۇنچە قەدىرلەيدىغان چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ سىرتىدا، «ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى» ياكى مۇئەييەن قىممەت سوممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتال بولالايدۇكى، ئۇ پەقەت پايدا ياكى ئوسۇمنى پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئۇ ھەقسىز ئەمگەكنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى قوشۇمچە قىممەت شەكلى بىلەن، يەنە كېلىپ قوشۇمچە قىممەتنىڭ مۇشۇ ئىككى مۇئەييەن كونكرېت شەكلى بىلەن ئوزلەشتۈرىدۇ. پۈتكۈل بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىقى ھامان مۇنداق بىر خىل قاراشنىڭ ئاسارىتىدە بولۇۋاتىدۇ: نورمال شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەرقانداق قىممەت سوممىسىنىڭ ئوز ئوزىدىنلا پايدا ياكى ئوسۇمنى پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. كىلاسسىك ئىقتىساتشۇناسلىقتا كاپىتال بىلەن پايدا ياكى كاپىتال بىلەن ئوسۇم خۇددى سەۋەپ بىلەن نەتىجىگە، ئاتا بىلەن بالىغا، تۇنۇگۈن بىلەن بۈگۈنگە ئوخشاش بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ھەمدە ئوخشاش ئوزئارا مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرىدۇ. كاپىتالنىڭ ئوزى كېلىپ چىققان ۋاقىتتىلا، كوچمە مۈلۈك شاكىلى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەركىن ئەمگەكچىلەرنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە

قىلىدىغان بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بارغانسىرى كاپىتالنىڭ جۇڭخۇغا ئىگە بولغان ۋاقىتتىلا، ئاندىن ھازىرقى زامان ئىقتىساتشۇناسلىقى مەنىسىدىكى «كاپىتال» دىگەن ئاتالغۇ كېلىپ چىقتى، بۇ ئاتالغۇنى بولسا تارىختىكى تۇنجى كاپىتالىستلار مىللىتى يەنى 15 ـ ئەسىر ۋە 16 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيانلار قوللاندى. ئەگەر، ماركىس ھازىرقى زامان كاپىتالىغا خاس ئۆزلەشتۈرۈش شەكلىنى بىرىنچى بولۇپ تەلتوكۇس تەھلىل قىلدى، دىيىلسە، ئەگەر، ماركىس كاپىتال ئۇقۇمىنى بۇ ئۇقۇم ئاخىر چۈشىنىلىشتۇرۇلۇشتا ئاساس قىلغان ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا تايانغان تارىخىي پاكىتلار بىلەن بىردەك ماسلاشتۇردى، دىيىلسە، ئەگەر، ماركىس شۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئىقتىساتشۇناسلىق ئۇقۇمىنى كىلاسسىك بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسلىقىدا ۋە ئىلگىرىكى سوتسىيالىزىمچىلاردا ئۇنىڭ بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن، ئېنىق بولمىغان ۋە داۋالغۇپ تۇرغان ئىدىيىلەردىن قۇتۇلدۇردى، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ دەل ماركسنىڭ مەسىلىنى «چېكىگە يەتكەن ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىك» بىلەن ھەل قىلغانلىقى بولىدۇ، بۇنداق ئىلمىيلىكنى ديۇرىڭ ئەپەندى ئاغزىدىن چۈشۈر-مەيدۇ، بىراق كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇنى بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپالمايمىز.

ئىش يۈزىدە، ديۇرىڭ ئەپەندىدە ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە. ئۇ ئاۋال كاپىتال بىر تارىخىي باسقۇچ دىگەن سوزنى «تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتى» دەپ سوكۇپ، كېيىن ئۆزى يەنە كاپىتال بىر تارىخىي باسقۇچ دىيىش بىلەن قانائەتلەنمەيدۇ. ئۇ يەنە **بارلىق** ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋاستىلىرىنى، «ئومۇمى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋلىرى ئىچىدىكى ئۈلۈش»نى ئۆزلەشتۈرىدىغان

**بارلىق** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارلىق سىنىپىي جەمئىيەتلەردىكى يەر مۈلۈكلىرىنى توپ-توغرىلا كاپىتال دەپ جاكالايدۇ؛ لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى بايانلىرىدا پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە، يەر مۈلكى ۋە **يەر** ئىجارىسىنى كاپىتال ۋە پايدىدىن پەرقلەندۈرۈشكە، پايدا ياكى ئۇسۇم پەيدا قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىلا كاپىتال دەپ ئاتىشىغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بۇلارنى ئۇنىڭ «كۇرسى»نىڭ 156 ـ بېتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرىدىن تېخىمۇ تەپسىلى كۆرگىلى بولىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى ئوخشاشلا ئاۋال ئات، كالا، ئېشەك ۋە ئىتلارنىمۇ «جىنچى» دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىچىگە كىر-گۈزەلەيتتى — چۈنكى كىشلەرمۇ مۇشۇ توشۇش قوراللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەركەت قىلىدۇ ھەمدە بۈگۈنكى كۈندىكى گۆگچېگشلارنى جىنچى دىگەن ئاتالغۇنى ھازىرقى زاماندىكى پاراۋۇز بىلەنلا چەكلەپ قويۇپ، ئۇنى بىر تارىخىي باسقۇچ دەپ قاراپ، بىمەنە ئىدىيىلەرنى، تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتىنى ۋە باشقىلارنى پەيدا قىلدى دەپ ئەيىپلىيەلەيتتى؛ كېيىن ئۇزى ئات، ئېشەك، كالا ۋە ئىتلار بەرىبىر «جىنچى» دىگەن ئاتالغۇنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك، بۇ ئاتالغۇ پەقەت پاراۋۇزغىلا باپ كېلىدۇ دەپ جاكالىيالايتتى. — شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەنە شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولىمىزكى، دەل ديۇرىڭنىڭ كاپىتال ئۇقۇمى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىدىلا مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق تەھلىلىنىڭ بارلىق ئۆتكۈرلۈگى يوقىلىدۇ، پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بارلىق ھەقىقى ئۇقۇملارنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن بىللە يوق بولۇپ كېتىدۇ؛ بىمەنە ئىدىيىلەر، قالايمىقانچىلىق، چوڭقۇر لوگىكىلىق ھەقىقەت قىياپىتىگە

كىرىشۋالىدىغان شاللاق پىكىرلەر ۋە ئاساسىنىڭ ئاجىزلىغى بولسا دىيۇرىڭ ئەپەندىدە ئېچىلغان گۈللەردەك يامراپ تۇرۇپتۇ.

لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كارى چاغلىق، شوھرەت يەنىلا دىيۇرىڭ ئەپەندىگە مەنسۇپ، ئۇ ئۆتكەنكى پۈتۈن ئىقتىساتشۇناسلىقنى، پۈتۈن سىياسىشۇناسلىق ۋە قانۇنشۇناسلىقنى كەشىپ قىلغان، قىسقىسى، ئۆتكەنكى پۈتۈن تارىخنى ئۆز ئەتراپىدا ئايلاندۇرىدىغان ئوقنى كەشىپ قىلغان. ئۇ مۇنداق:

«زورلۇق كۈچ بىلەن ئەمگەك ئىجتىمائى باغلىنىشلارنى ئورناتقاندا ھېساپقا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككى ئاساسى ئامىل.»

بۇ بىر جۈملە سوز ئۆتكەنكى ئىقتىسادى دۇنيانىڭ پۈتۈن ئاساسى قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئاساسى قانۇن ئىنتايىن قىسقا، ئۇنىڭ مەزمۇنى:

بىرىنچى ماددا ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ئىككىنچى ماددا زورلۇق كۈچ تەقسىم قىلىدۇ.

«بۇ ئالەمدىكى تىل بىلەن ۋە نېمىس تىلى بىلەن ئېيتقاندا»، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ئىقتىساتشۇناسلىقتىكى ئەقىل-پاراستىمۇ مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختايدۇ.

## 8. كاپىتال ۋە قوشۇمچە قىممەت (داۋامى)

«ماركس ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، ئىش ھەققى ئىشچىنىڭ ئۆزىنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەمەلى رەۋىشتە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتنىڭ ھەققىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئازراق سائەتلا كۇپايە قىلىدۇ؛ ھەمىشە ئۇزارتىلىپ تۇرىدىغان ئىش كۈنىنىڭ پۈتۈن

قالغان قىسمى بىر خىل قوشۇمچە مەھسۇلات بېرىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئاپتورىمىزنىڭ "قوشۇمچە قىممەت" دىگىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ياكى ئادەتتىكى سوز بىلەن ئېيتقاندا، كاپىتال ھايىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدا ئەمگەك ۋاسىتىلىرى ۋە نىسبى خام ئەشيالارنىڭ ئىچىدە بولغان ئىش ۋاقتىنى قويۇپ تۇرغاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىش كۈنىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرقانداق قوشۇمچە مەھسۇلات كاپىتالىستىك كارخانىچىنىڭ ئالىدىغان قىسمى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش كۈنىنىڭ ئۇزارتىلىشى كاپىتالىستنىڭ قولىغا چۈشىدىغان، ساپ شىلىۋېلىش يولى بىلەن ئېرىشىلىدىغان ھايان بولىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، ماركس ئېيتقان قوشۇمچە قىممەت كىشىلەر ئادەتتىكى تىلدا كاپىتال ھايىنى ياكى پايدىسى دەپ ئاتايدىغان نەرسىدىن بولەك نىمە ئەمەس ئىكەن. بىز ماركسنىڭ ئۆزىنىڭ نىمە دىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقايلى. «كاپىتال»نىڭ 195 ـ بېتىدە قوشۇمچە قىممەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان «ئۆسۈم، پايدا، يەر ئىجارىسى»① دىگەن بىرنەچچە سوز بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. 210 ـ بەتتە ماركس 71 شىللىڭلىق قوشۇمچە قىممەت سوممىسىدا ئىپادىلەنگەن ھەر خىل تەقسىمات شەكىللىرىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرىدۇ: ئۆشرە، يەرلىك باج ۋە دولەت بېجى 21 شىللىڭ، يەر ئىجارىسى 28 شىللىڭ، نوڭچاڭ ئىگىسىنىڭ پايدا ۋە ئۆسۈمى 22 شىللىڭ، قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئومۇمى سوممىسى 71 شىللىڭ.② 542 ـ بەتتە ماركس

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 6 ـ باپقا قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 7 ـ باپ، 1 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

رىكاردونىڭ بىر ئاساسىي كەمچىلىكىنىڭ «قوشۇمچە قىممەتنى ئايرىم تەھلىل قىلمىغانلىقى يەنى ئۇنىڭ ئالاھىدە شەكىللىرىنى، مەسىلەن، پايدا، يەر ئىجارىسى قاتارلىقلارنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ تەھلىل قىلمىغانلىقى»، شۇنداق قىلىپ، قوشۇمچە قىممەت نورمىسىنى باشقۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى پايدا نورمىسى قانۇنىيىتى بىلەن بىۋاستە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركس: «كېيىن بۇ كىتابنىڭ 3 ـ تومىدا ئوخشاش بىر قوشۇمچە قىممەت نورمىسىنىڭ ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان پايدا نورمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، بەلگىلىك ئەھۋالدا، ئوخشاش بولمىغان قوشۇمچە قىممەت نورمىسىنىڭمۇ ئوخشاش بىر پايدا نورمىسى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ. 587 ـ بەتتە مۇنۇلارنى كۆرىمىز: «قوشۇمچە قىممەت ئىشلەپچىقىرىدىغان يەنى ئىشچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن توغرىدىن ـ توغرا ھەقسىز ئەمگەك سىقىپ چىقىرىۋالىدىغان ھەمدە ئۇنى شاكىلىدا مۇقىملاشتۇرىدىغان كاپىتالىست قوشۇمچە قىممەتنىڭ تۇنجى ئوزلەشتۈرگۈچىسى، ئەمما ھەرگىز قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئاخىرقى ئىگىسى ئەمەس. كېيىن ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشتا باشقا جىنىسلارنى ئىجرا قىلىۋاتقان كاپىتالىستلار بىلەن بىللە، يەر ئىگىلىرى قاتارلىقلار بىلەن بىللە قوشۇمچە قىممەتنى ئورتاق بولۇشۇۋېلىشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوشۇمچە قىممەت تۈرلۈك قىسىملارغا بولۇنىدۇ. ئۇنىڭ

---

[1] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 15 ـ باپ، 1 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

ھەرقايسى قىسىملىرى ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى كىشىلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ ھەمدە مەسىلەن، پايدا، ئۆسۈم، سودا پايدىسى، يەر ئىجارىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان، بىر بىرىدىن مۇستەقىل تۈرىدىغان شەكىللەرگە كىرىدۇ. قوشۇمچە قىممەتنىڭ بۇ ئايلىنىش شەكىللىرى 3-تومدىلا تەتقىق قىلىنىدۇ.»① باشقا نۇرغۇن جايلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سوزلەر بار.

بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. ماركس، كېيىن كەلسىلا، ئۇزى ئېيتقان قوشۇمچە قىممەتنى پايدا ياكى كاپىتال ھايىنى بىلەن زادىلا ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە، كېيىنكىسىنىڭ پەقەت قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر خىل كونكرېت شەكلى ئىكەنلىكى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھەمىشە ھەتتا قوشۇمچە قىممەتنىڭ كىچىك بىر قىسمىلا بولىدىغانلىقى ھەققىدە كىتابخانلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاپ تۇرىدۇ. ئەگەر دىيۇرىڭ ئەپەندى، بۇرۇنقىدەكلا، ماركس ئېيتقان قوشۇمچە قىممەت «ئادەتتىكى سوز بىلەن ئېيتقاندا كاپىتال ھايىنى» دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولسا، ئەگەر ماركسنىڭ پۈتۈن كىتاۋى قوشۇمچە قىممەتنى مەركەز قىلىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پەقەت ئىككى خىل ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن: يا ئۇ ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، بۇنداق بولغاندا، بۇ كىتاپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ھېچنىمە بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇچۇن ئۇچىغا چىققان يۈزى قېلىنلىق كېرەك؛ يا ئۇ ھەممىنى چۈشىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئۇ

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 7-قىسمىغا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

قەستەن ئۆيدۈرۈپ چىققان بولىدۇ.

يەنە داۋامىنى كۆرەيلى:

«ماركس ئەپەندىنىڭ شىلۋېلىش توغرىسىدىكى بۇنداق قاراشقا قاراتقان زەھەرلىك ئۇچمەنلىكى پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك. ئەمما، ماركسنىڭ قوشۇمچە قىممەت تەلىماتىدا ئىپادىلەنگەن نەزەرىيىۋى ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپمۇ، ياللانما ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق غەزەپ بىلدۈرۈشكە ۋە ئۇنى تېخىمۇ تولۇق ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ.»

ماركسنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قوللانغان لېكىن نەزەرىيە جەھەتتە توغرا بولمىغان ئىبارىلىرى ئۆزىنىڭ شىلۋېلىشقا قارىتا زەھەرلىك ئۆچمەنلىكنى قوزغاپتۇ؛ بۇنداق ئەسلى ئەخلاقىي بولغان ھېسسىيات خاتا «نەزەرىيىۋى ئىبارىلەر» تۈپەيلىدىن ئەخلاقىي بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئېلىپتۇ، ئۇ ئالجاناپلىقتا ياتمايدىغان ئۆچمەنلىك ۋە پەسكەش زەھەرخەندىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىپتۇ. دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ چېكىگە يەتكەن ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىكى بولسا مۇناسىپ ئالىجاناپ خاراكتېرغا ئىگە بىر خىل ئەخلاقىي ھېسسىيات بولۇپ ئىپادىلىنىپتۇ، شەكىل جەھەتتىمۇ ئەخلاقىي بولغان، يەنە كېلىپ سان جەھەتتىمۇ زەھەرلىك ئۆچمەنلىكتىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر خىل غەزەپ بولۇپ، بىر خىل تېخىمۇ قاتتىق غەزەپ بولۇپ ئىپادىلىنىپتۇ. دىيۈرىڭ ئەپەندى بۇنداق ئۆز ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان چاغدا، بىز بۇنداق تېخىمۇ قاتتىق غەزەپنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

ئۇ داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن: ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلار قوشۇمچە مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق

ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولغان (يۇقىرىدا ئېيتىلغان قوشۇمچە ئەمگەك ۋاقتىنىڭ نىسبىتىدە كۆرسىتىلگەندەك) باھا بويىچە قانداق قىلىپ داۋاملىق ساتالايدۇ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ماركسنىڭ تەلىماتىدىن تاپقىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، سەۋەبى پەقەت شۇكى، ئۇنىڭدا بۇ سوئال زادىلا ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭدا، ياللانما ئەمگەكنى ئاساس قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زىبۇ-زىننەتلىك خاراكتېرى زادىلا ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلەنمىگەن، تەييارتاپلىق ھالىتىنى ئالغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاق قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى ئاساسى ئىكەنلىكى ئەسلا تونۇۋېلىنمايدۇ. ئەكسىچە، بارلىق سىياسىي-ئىجتىمائىي شەيئىلەر ھامان ئىقتىسادىي شەيئىلەردىن چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ.»

لېكىن، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەردىن كۆردۇقكى، ماركس ئەسلا، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە پەرەز قىلغىنىدەك، قوشۇمچە مەھسۇلات ھەممە ئەھۋالدا سانائەت كاپىتالىستلىرى يەنى ئۆزىنىڭ تۈنجى ئۆزلەشتۈرگۈچىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئۆزىنىڭ پۈتۈن قىممىتى بويىچە سېتىلىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتمىغان. ماركس، سودا ھايىنىمۇ قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، بەلكى ھازىرقى ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، زاۋۇت ئىگىسى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سودىگەرگە شاڭپىنىنىڭ قىممىتىدىن **تۆۋەن** سېتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن، سودىگەرگە بىر قىسىم ئولجىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ۋاقىتتىلا، بۇنداق ئەھۋال مۇمكىن بولىدۇ، دەپ ئېنىق ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى بۇنداق قويۇشىنى ماركستىن زادىلا تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق قويۇلۇشى مۇنداق: قوشۇمچە قىممەت قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ كونكرېت

شەكىلگە ــ پايدا، ئۆسۈم، سودا ھايىنى، يەر ئىجارىسى ۋاھاكازالارغا ئايلىنىدۇ؟ ھالبۇكى، ماركس بۇ مەسىلىنى 3-تومدا ھەل قىلماقچى بولغانلىقىنى راستلا ئېيتقان ئىدى. ئەمما، ئەگەر دېيۇرىڭ ئەپەندى «كاپىتال»نىڭ 2-تومىنىڭ نەشردىن چىقىشىنى[76] كۈتۈشكە تاقەت قىلالمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇ ھازىرچە 1-تومنى تەپسىلىرەك ئوقۇپ بېقىشى لازىم ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، نەقىل كەلتۈرۈلگەن سوزلەردىن تاشقىرى، ئۇ يەنە، مەسىلەن، 323-بەتتە مۇنۇلارنى ئوقۇيالايتتى: ماركسنىڭ نەزىرىدە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى رىقابەتنىڭ مەجبۇرى قانۇنىيىتى سۈپىتىدە كاپىتالنىڭ سىرتقى ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە بۇنداق شەكىل بىلەن ئايرىم كاپىتالىستلارنىڭ ئېڭىدىكى مۇددىئا بولۇپ قالىدۇ؛ شۇڭا، كاپىتالنىڭ ئىچكى تەبىئىتىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن رىقابەت ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزگىلى بولىدۇ، خۇددى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئەمەلىي بولغان ئەمما بىۋاستە ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ھەرىكىتىنى تونۇغاندىلا، ئاندىن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىرتقى ھەرىكىتىنى چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش①؛ بۇ توغرىدا، ماركس بىر مىسال كەلتۈرۈپ، مۇئەييەن قانۇنىيەتنىڭ، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ، قانداق قىلىپ بەلگىلىك ئەھۋالدا رىقابەت ئىچىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ھەم ئۆزىنىڭ تۈرتكە كۈچىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېيۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردىن رىقابەتنىڭ قوشۇمچە قىممەتنىڭ تەقسىماتىدا

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 10-باپقا قاراڭسۇن. — تەرجىماندىن

موھىم رول ئوينايدىغانلىغىنى بىلۋالغان بولاتتى، بەلكى سەل پىكىر قىلسىلا، 1 ـ تومدىكى بۇ كورسەتمىلەر قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئوزىنىڭ كونكرېت شەكىللىرىگە ئايلىنىدىغانلىغىنى تونۇۋېلىشقا، ھېچ بولمىغاندا ئومۇمەن تونۇۋېلىشقا ئىش يۈزىدە كۆپايە قىلاتتى.

ئەمما، ديۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن، رىقابەت دەل چۈشىنىشنىڭ مۇتلەق توسالغۇسى بولىدۇ. ئۇ ئوزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلارنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتنى ئوز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىدىن زور دەرىجىدە يۇقۇرى بولغان باھا بويىچە قانداق قىلىپ داۋاملىق ساتالايدىغانلىغىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇ يەردە قوللىنىلغان ئىبارىلەرمۇ ديۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ئادەت بولۇپ قالغان، ئەمىلىيەتتە يەڭگىل بولغان «قاتتىق»لىقىقا ئىگە. **ماركستا** قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ ئوزىدە **ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى زادىلا بولمايدۇ،** ئۇ ـــ كاپىتالىست **بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي** قولغا كەلتۈرىدىغان بىر قىسىم مەھسۇلات. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئوزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلار قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئوزلىرىنىڭ تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بويىچە ساتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار ئۇنى **ھەدىيە قىلىۋېتىشى** لازىم بولاتتى. لېكىن بىز بۇنداق «ئۇششاق لوگىكىلىق تەپسىلاتلار» ئۇستىدە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمىلىيەتتە، ئوزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلار ھەر كۈنى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدىن يۇقۇرى بولغان باھا بويىچە سېتىۋاتامدۇ؟ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا،

تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى «ئەمگەك ياكى كۈچىنىڭ چىقىم

قىلىنىشى بولىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ ئاخىرقى ھېساپتا ئۇزۇقلۇق خىراجىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ»:

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى جەمىيەتتە تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى خام ئەشيا، ئەمگەك ۋاستىلىرى ۋە ئىش ھەققى جەھەتلىرىگە ئەمەلىي سەرپ قىلىنىغان خىراجەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار «باج-سېلىق»قا، پايدىغا شۇنىڭدەك قولىغا شەمشەر ئېلىپ مەجبۇرى ئۆندۈرۈۋالىدىغان قوشۇمچە باجغا ئوخشىمايدۇ. لېكىن، ھەممىگە مەلۇمكى، بىز ياشاۋاتقان جەمىيەتتە، ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلار ئۆزلىرىنىڭ شائىپىنىنى تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرى بويىچە سېتىپ **تۇرمايدۇ**، بەلكى ئاتالمىش قوشۇمچە باج يەنى پايدىنى ئۆنىڭغا قوشۇپ ھېساپلايدۇ ھەمدە ئادەتتە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى، مەن مۇشۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويساملا، بۇرۇنقى بىر زاماندا ئىسۇس ناۋىنىنىڭ ئېيىرىخون سېپىلىنى پۇدەپ ئۆرۈۋەتكىنىدەك[113]، ماركسنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى پۇدەپلا ئۆرۈۋېتەلەيمەن، دەپ ئويلايدۇ، بۇ مەسىلە ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئىقتىسادىي نەزىرىيىسى ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت. بىز ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىتالغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئەگەر ئۆز ئىچىگە ئەينى ۋاقىتتا ئادەمدىن ئىبارەت ماتېرىيالنى تىزگىنلەيدىغان ۋاستىلىك زورلۇق كۈچنى ئالمايدىغان بولسا، ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ، بەلكى پايدىلىنىلىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنداق زورلۇق كۈچنىڭ مەھسۇلى كاپىتال ھايىنى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھايانىنىڭ قانچىلىك بولۇشى مۇشۇنداق ھوكۇمرانلىقنىڭ يۈرگۈزۈلۈش دائىرىسىگە ۋە

سىجىللىقىغا باغلىق...... كاپىتال ھايىنى سىياسى ۋە ئىجتىمائى تىجر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ رىقابەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك رولغا ئىگە. كارخانىچىلار بۇ جەھەتتە بىر تەبىقە سۈپىتىدە ھەركەت قىلىدۇ، ھەر بىر كارخانىچى بولسا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ. كاپىتال ھايىنىنىڭ بەلگىلىك يۇقۇرى دەرىجىدە بولۇشى ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان ئىگىلىك ئۇسۇلىدا بىر خىل زورۇر نەرسە.»

ئەپسۇسكى، ئۇزئارا رىقابەتلىشىدىغان كارخانىچىلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىدىن يۇقۇرى بولغان باھا بويىچە قانداق قىلىپ داۋاملىق ساتالايدىغانلىقىنى بىز ھازىر تېخى بىلمەيمىز. ديۇرىڭ ئەپەندى ئۆز كىتاپخانلىرىنى مۇشۇنداق پىسەنتىگە ئالماي، خۇددى پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ ئۆز زامانىدا قانۇندىن يۇقۇرى تۇرغانلىقىغا ئوخشاش، كاپىتال ھايىنى رىقابەتتىن يۇقۇرى تۇرىدۇ، دىگەن سوزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدۇ. پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ قانۇندىن يۇقۇرى بولغان ئورۇنغا ئېرىشىشتە ئىشلەتكەن ھۈنىرى بىزگە مەلۇم: كاپىتال ھايىنىنىڭ رىقابەتلىشىشكە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مەقسەتكە يېتىشتە قوللىنىدىغان ئۇسۇلىنى دەل ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشى لازىم ئىدى، ئەمما ئۇ بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن كاجلىق بىلەن باش تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ، كارخانىچىلار بۇ جەھەتتە بىر تەبىقە سۈپىتىدە ھەركەت قىلغان، ھەر بىر كارخانىچى بولسا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئەھۋال ھەرگىز بىر ئاز ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ئۇنىڭ: مەلۇم ساندىكى كىشىلەر بىر تەبىقە سۈپىتىدە ھەركەت قىلسىلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر كىشى

شۇنڭلىق بىلەن ئۇزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ، دىگەن سوزنگە قىلچە ئىشىنەلمەيمىز. ھەممىگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇستىلارمۇ، 1789-يىلدىكى فرانسىيە ئاقسوڭەكلىرىمۇ ئىنتايىن قەتئىي رەۋىشتە بىر تەبىقە سۈپىتىدە ھەركەت قىلغان ئىدى، لېكىن ھەممىسى زاۋال تاپتى. پرۇسسىيە ئارمىيىسىمۇ يىپنادا بىر تەبىقە سۈپىتىدە ھەركەت قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۇزىنىڭ جېنىدىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، كېيىن ھەتتا بىر بولۇك-بىر بولۇكتىن تەسلىم بولدى. ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان ئىگىلىك ئۇسۇلىدا كاپىتال ھايىنىنىڭ بەلگىلىك يۇقۇرى دەرىجىدە بولۇشى بىر خىل زورۇر نەرسە دەپ تۇرۇۋېلىشمۇ، ئوخشاشلا، بىزنى قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ، چۈنكى گەپ دەل **نىمە ئۈچۈن** شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇشتە. بىز مەقسەتكە بىر قەدەممۇ يېقىنلاشمىدۇق، دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ:

«كاپىتالنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشى يەرنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئوسكەن. بىر قىسىم يېقىندا يېزا ئەمگەكچىلىرى شەھەرگە كىرىپ، قول سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلانغان ئىدى، ئاخىر زاۋۇتنىڭ ماتىرىياللىغا ئايلاندى. يەر ئىجارىسىدىن كېيىن، كاپىتال ھايىنى مال-مۇلۇك ئىجارىسىنىڭ ئىككىنچى شەكلى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن.»

بۇنداق ھوكۇمنىڭ تارىخىي خاتالىقىنى قويۇپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەرىبىر بىر خىل قۇرۇق ھوكۇم بولۇپ، دەل چۈشەندۇرۇپ ۋە ئىسپاتلاپ ئوتۇشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەقەت مۇنداق

بىر خـۇلاسىگىلا كېلىشىمىز مۇمـكىنكى، دىيۇرىنگ ئەپـەندى ئۆزى قويـغان سوئالـغا يەنى ئۆزئارا رىـقابەتـلـشىـدىغان كارخانىچىلار ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتـلىرىدىن يۇقۇرى بولغان باھا بويىچە قانـداق قىلىپ داۋامـلىق ساتالايـدۇ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ، دىمەك، ئۇ پايدىنىڭ شەكىللىنىشىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ، كاپىتال ھايـىنى — **زورلۇق كۈچىنىڭ** مەھـسۇلى، دەپ ئاددى يوسۇنـدىلا بۇيـرۇق چۈشۈرۈشتىن باشقا ئىلاج تاپالـمايـدۇ، بۇ ھەقىـقەتەن دىيۇرىنگـنىڭ ئىجتىمائـى ئاساسـي قانۇنىنىڭ 2 ـ ماددىـسى بىلەن تامامەن بىردەك، 2 ـ ماددىـدا: زورلۇق كۈچ تەقـسـىم قىلىـدۇ، دىيىلـگەن. بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى چىرايـلىق قىلىپ ئېيتىلغان؛ لېـكىن ئەمدى «سوئال تۇغۇلىدۇ»: زورلۇق كۈچ نىمىنى تەقـسىم قىلىدۇ؟ تەقسىم قىلـغۇدەك نەرسە بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمى-غاندا، ھەتتا ئەڭ قۇدرەتـلىك زورلۇق كۈچتە ئەڭ ياخشى ئارزۇ بولغان بىلەنـمۇ، يەنىلا تەقـسىم قىلـغۇدەك ھېچـنىمە بولـمايدۇ. ئۆزئارا رىقابەتـلـشىدـىغان كارخـانىچىلار يانـچۇغىغا سالـدىغان ھـايان ناھـايـىتى روشەن ھەم لوق نەرسە. زورلۇق كۈچ ئۇنى **تارتىۋېلىشى** مۇمكىـن، لېكـىن ئۇنى **ئىشلەپچىقىرىشى** مۇمـكىن ئەمەس. ئەگەر دىيۇرىـنگ ئەپـەنـدى زورلۇق كۈچـنىڭ كارخا-نىـچىلارنىڭ ھايىنىنى **قانداق قىلىپ** تارتىۋالىدىغانـلىقىنى بىزگە چۈشەندۇرۇپ بېرىشتىن كاچـلىق بىلەن باش تارتـقان بولسا، بۇ ھالدا، ئۇ، بۇنداق ھايانىنى زورلۇق كۈچ **قەيەردىن** تارتىۋالىدۇ، دىـگەن سوئالـغا ھـامان قاتـتىق سۇكۈت بىلەن جاۋاپ بېرىـدۇ. ھېچنەرسە يوق يەردە پادىشامۇ، باشقا ھەرقانداق زورلۇق كۈچـكە

ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يوقىتىدۇ. ھېچنېمىدىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بولۇپمۇ پايدىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر، كاپىتالغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئۆز ئىچىگە ئەينى ۋاقىتتا ئادەمدىن ئىبارەت ماتېرىيالنى تېزگىنلەيدىغان ۋاستىلىك زورلۇق كۈچنى ئالمايدىغان بولسا، ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ، بەلكى پايدىلىنىلىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، يەنە سوئال تۇغۇلىدۇ: بىرىنچى، كاپىتال بۇنداق زورلۇق كۈچكە قانداق ئېرىشىدۇ — بۇ مەسىلىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىككى - ئۈچ تارىخىي ھوكۇم بىلەن ھەرگىز ھەل قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، بۇنداق زورلۇق كۈچ قانداق قىلىپ كاپىتالنىڭ كۆپىيىشىگە ئايلىنىدۇ، پايدىغا ئايلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، زورلۇق كۈچ بۇنداق پايدىنى قەيەردىن تارتىۋالىدۇ.

بىز دىيۇرىڭنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقىنى مەيلى قايسىلا تەرەپتىن ئىگەللەيلى، بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايمىز. بۇ ئىقتىساتشۇناسلىق ئۆزىنى يىرگىندۇرىدىغان بارلىق ئىشلارنى، پايدا، يەر ئىجارىسى، قوساق تويمايدىغان ئىش ھەققى، ئىشچىلارنىڭ قۇل قىلىنىشى ۋاھاكازالارنى پەقەت بىرلا سوز بىلەن چۈشەندۈرىدۇ: زورلۇق كۈچ، بەلكى باشتىن - ئاخىر زورلۇق كۈچ، شۇڭا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «تېخىمۇ قاتتىق غەزىۋى»مۇ شۇنىڭ بىلەن زورلۇق كۈچكە قارىتىلغان غەزەپكە ئايلىنىدۇ. كورۇپ ئوتتۇقكى، بىرىنچىدىن، مۇشۇ تەرىقىدە زورلۇق كۈچنى بانا قىلىش چىرىك يورغىلاتما گەپ بولىدۇ، مەسىلىنى ئىقتىسادىي ساھەدىن سىياسى ساھەگە كوچۇرگەنلىك بولىدۇ، بۇنداق كوچۇرۇش ھېچقانداق

بىر ئىقتىسادىي پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق بانا زورلۇق كۈچنىڭ ئۆزىنىڭ شەكىللىنىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇرىدۇ، بۇ — ھەقىقەتەنمۇ يىتەرلىك دەرىجىدە چىۋەرلىك، چۈنكى ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق بانادىن: بارلىق ئىجتىمائىي ھوقۇق ۋە بارلىق سىياسىي زورلۇق كۈچ ئىقتىسادىي شارائىتتىن كېلىپ چىققان ئىكەن، شۇ جەمىيەتلەرنىڭ تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدىن ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇقەررەر بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ «تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس سالغۇچىسى» بولغان بۇ تاش يۈرەك كىشىدىن پايدا توغرىلىق باشقا چۈشەندۈرۈشلەرنى ئالغىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقايلى. ئۇنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى كۆرۈپ باقساق، ئېھتىمال بىرەر نىمىگە ئېرىشىپ قالارمىز. 158-بەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىش ھەققى — ئەمگەك كۈچىنى قامداش ھەققى ھەمدە ئۇ، ئالدى بىلەن، يەر ئىجارىسى ۋە كاپىتال ھايىنىنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىپلا تەكشۈرۈلىدۇ. بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇناسىۋەتلەرلى ھەققى تۈردە ئۆزۈل-كېسىل ئېنىقلاش ئۈچۈن، دەسلەپ تارىختا ئىش ھەققى بولمىغان ئەھۋالدىكى يەر ئىجارىسى ۋە كېيىنكى كاپىتال ھايىنى يەنى قۇللۇق تۈزۈم ياكى بېقىندا دىخانلىق تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان يەر ئىجارىسى ۋە كاپىتال ھايىنىنى تەسەۋۋۇر قىلايلى...... بېقىش زورۇر بولغىنى قۇل ياكى بېقىندا دىخانلارمۇ، يا بولمىسا ياللانما ئىشچىلارمۇ — بۇ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىكى پەرقلەرنىلا ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئەمگەك

كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشىلگەن ساپ دارامەت خوجايىنىنىڭ كىرىمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ...... بۇنىڭدىن كورۇش مۇمكىنكى......بولۇپمۇ ئاساسىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ــ مۇشۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق تۇپەيلىدىن، بىر تەرەپتە، مەلۇم شەكىلدىكى مال-مۈلۈك ئىجارىسى، يەنە بىر تەرەپتە، مۈلۈكسىز ياللانما ئەمگەك تۇرىدۇ ــ بىر تەرەپتىنلا ئىزلىگەن بىلەن بولمايدۇ، بىر ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىزلەش كېرەك.»

ئەمما، مال-مۈلۈك ئىجارىسى، بىز 188-بەتتە كورگەندەك، يەر ئىجارىسى بىلەن كاپىتال ھايىنىنىڭ ئورتاق ئىپادىسى ئىدى. كېيىن، 174-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«كاپىتال ھايىنىنىڭ بەلگىسى ئەمگەك كۈچى دارامىتىنىڭ ئەڭ موھىم قىسمىنى ئوزلەشتۈرۈش. ئەگەر مەلۇم شەكىلدە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئادەمنىڭ ھوكۈمرانلىغىدا بولىدىغان ئەمگەكتىن ئىبارەت ئالاقىدار نەرسە بولمىسا، كاپىتال ھايىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.»

183-بەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

ئىش ھەققى «ھەممە ئەھۋالدا، ئومۇمەن، ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ۋە ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولۇشىغا كاپالەت بېرىش زورۇر بولغان ھەقتىنلا ئىبارەت».

ئاخىردا 195-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«مال-مۈلۈك ئىجارىسىنىڭ ئېرىشكىنى جەزمەن ئىش ھەققىنىڭ يوقاتقىنى بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق، ئومۇمى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىچىدىن(!) ئەمگەككە تەئەللۇق بولغىنى، مۇقەررەركى، مال-مۈلۈك دارامىتى ئىچىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغىنى بولىدۇ.»

ديۇرىڭ ئەپەندى بىزنى ئارقا-ئارقىدىن ھەيران قالدۇردى. قىممەت نەزىرىيىسىدە ۋە رىقابەت نەزىرىيىسىگىچە بولغان كېيىنكى ھەرقايسى باپلاردا جۇملىدىن رىقابەت نەزىرىيىسىدىمۇ يەنى

1 ـ بەتــتىن 155 ـ بەتــكىچە، شاگــىرتىنىڭ باھاسى ياكــى قىممىتى مۇنداق بولۇنىدۇ: بىرىنچىدىن، تەبىي ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرى ياكــى «ئىشــلەپــچىقىرىش قىممىتى» يەنى خــام ئەشيا، ئەمــگەك ۋاستــىلىرى ۋە ئىــش ھەقــقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت؛ ئىككىنچىدىن، قوشۇمچە باج ياكى «تەقسىمات قىممىتى»، بۇ ــ قولغا شەمشەر ئېلىپ مەجبۇرى ئۈندۈرۈۋېلىنىدىغان، لۇگدۇەن سىنىپىنىڭ قولىغا چۈشىدىــغان باج ـ سېلىق، بۇنداق قوشۇمــچە باج، كورۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بايلىقنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئەمىلىيەتتە قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرتەلمەيــدۇ، چۈنكى ئۇ بىر قول بىلەن تارتىۋېلىنىــدۇ ـ دە، يــەنە بىر قول بىلەن مەجــبــۇرى قايــتۇرۇپ بېرىــلىــدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ كېــلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنى توغــرىســىدا بەرگەن چۈشەنــدۈرۈشــلىرىدىن قارىغانــدا، بۇنــداق قوشۇمچە باج ھېچنېمىدىن پەيدا بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچنە-مىدىن قۇرۇلغان بولــدۇ. دارامەتنىڭ تۈرلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان كېيىنكى ئىككى باپــتا يەنى 156 ـ بەتــتىن 217 ـ بەتــكىچە بولغان ئارىلىقتا، قوشۇمــچە باج زادىلا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەكسىچە، ھەر بىر ئەمــگەك مەھسۇلاتىــنىڭ قىمــمىتى يەنى ھەر بىر شاگىرتىــنىڭ قىممىتى توۋەندىكى ئىككى قىسىمغا بولۇنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئىشلەپ-چىقــىرىش خىراجىتى، بۇنىڭــغا تولەنگەن ئىش ھەقــقىمۇ كىرىدۇ، ئىككىنــچىدىن، «ئەمگەك كۈچىدىن پايــدىلىنىپ ئېرىشىلگەن **ساپ دارامەت**»، بۇ خوجايىنىنىڭ كىرىمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ساپ دارامەت ھەممىگە ئايان بولغان، ھەرقانــداق پــەدەزلەش ۋە بوياش بىلەنــمۇ ياپــقىلى بولمايــدىغان تۈس ئالــدۇ. «بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇناسىۋەتلەرنى ھەقــقى تۈردە ئۈزۈل ـ

كېسل ئېنقلاش ئۇچۇن»، كىتاپخانىلار باياتىن دىيۇرىڭ ئەپەندىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سوزلەرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ماركىستىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن قوشۇمچە ئەمگەك، قوشۇمچە مەھسۇلات ۋە قوشۇمچە قىممەت توغرىسىدىكى سوزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسا، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە «كاپىتال»نى ئوزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچىلا **بىۋاستە كوچۇرۇۋالغانلىغىنى** بايقايدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەرقانداق شەكىلدىكى قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ، مەيلى قۇللۇق تۈزۈمدىكى، بېقىندا دىخانلىق تۈزۈمدىكى، ياكى ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىدىكى قوشۇمچە ئەمگەكنىڭ ھازىرغىچە بارلىق ھوكۇمران سىنىپلار دارامىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەنلىگىنى تونۇيدۇ؛ بۇلار كىشلەر كوپ قېتىم نەقىل كەلتۈرگەن يەردىن يەنى «كاپىتال»نىڭ 277 ـ بېتىدىن چىققان: «كاپىتال قوشۇمچە ئەمگەكنى كەشىپ قىلمىغان......» ۋە باشقىلار[1]. ــ «خوجايىنىنىڭ كىرىمى»نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان «ساپ دارامەت» ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىش ھەققى قىسمىدىن ئېشىپ چىققان قوشۇمچىسى بولماي نىمە؟ دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىش ھەققىنى ھەرقانچە ئورۇنسىز ھالدا ھەق دەپ ئاتىۋالسمۇ، بەرىبىر ئۇ، ئومۇمەن، ئىشچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ۋە ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولۇشىغا كاپالەت بېرىشى زورۇر، دەپ قارايدۇ. ماركس، كاپىتالىست ئىشچىنىڭ ۋۇجۇدىدىن شىلىۋالىدىغان ئەمگەك ئىشچى ئىستىمال قىلىدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا زورۇر بولغان ئەمگەكتىن كوپ بولىدۇ، يەنى

---

[1] مۇشۇ كىتاپنىڭ 290 ـ، 398 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. ــ تەرجىماندىن

كاپىتالىست ئىشچىنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى ئىشچىغا تۆلەيدىغان ئىش ھەققىنىڭ قىممىتىنى قاپلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتتىن ئۇزاق قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، قانداق قىلىپ «ئەمگەك كۈچى دارامىتىنىڭ ئەڭ موھىم قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈش» ئىمكانىيىتىنى تاپالايدۇ؟ دېمەك، ئىشچىنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتكەن ئىش كۈنىنىڭ ئۇزارتىلىشى يەنى ماركس ئېيتقان قوشۇمچە ئەمگەك دەل دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىش» دېگىنىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان نەرسە؛ ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ «ساپ دارامىتى» دېگىنى ماركسنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ۋە قوشۇمچە قىممىتى بولۇپ ئىپادىلەنمىسە نېمە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؟ ئىپادىلەشنىڭ دەل بولمىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، دېۋرىڭنىڭ مال ـ مۈلۈك ئىجارىسى بىلەن ماركسنىڭ قوشۇمچە قىممىتى ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق پەرق بار؟ بۇنىڭدىن باشقا، مال ـ مۈلۈك ئىجارىسى دېگەن بۇ ئاتالغۇنى دېۋرىڭ ئەپەندى روبېرتۇستىن كۆچۈرۈۋالغان؛ روبېرتۇس يەر ئىجارىسى ۋە كاپىتال ئىجارىسى ياكى كاپىتال ھايىنىنى ئومۇمى بولغان **ئىجارە** دېگەن بىر سۆز بىلەن يىغىنچاقلىغان ئىدى، دېۋرىڭ ئەپەندى پەقەت «مال-مۈلۈك» دېگەن سۆزنىلا قوشقان[1]. بۇنداق ئوغرىلىق ھەركىتىگە

---

[1] ھەتتا بۇ سۆزنىمۇ ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس، روبېرتۇس («ئىجتىمائى مەسىلىلەر توغرىسىدا خەتلەر»، ئىككىنچى خەت، 59 ـ بەت): «بۇ نەزىرىيە (ئۇزىنىڭكىنى دېمەكچى) بويىچە، ئىجارە—ئۇزىنىڭ ئەمگىكىنى خوراتماي، پۈتۈنلەي مەلۇم مال ـ مۈلۈككە تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدىغان بارلىق دارامەت» دېگەن ئىدى.114

قارىتا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن، دىۋرىڭ ئەپەندى ماركس 15 ـ باپتا («كاپىتال»نىڭ 539 ـ بېتىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرىدە) شەرھىلىگەن ئەمگەك كۈچىنىڭ باھاسى ۋە قوشۇمچە قىممەت مىقتارىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتنى① ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە: مال ـ مۈلۈك ئىجارىسىنىڭ ئېرىشكىنى جەزمەن ئىش ھەققىنىڭ يوقاتقىنى بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق، دەپ يىغىنچاقلىغان، شۇنداق قىلىپ، ماركسنىڭ مول مەزمۇنلۇق قانۇنىيىتىنى مەزمۇنسىز مەنىداش قايتۇرما سوزگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، چۈنكى مۇئەييەن مىقتار ئىككى قىسىمغا بولۇنگەندە، مۇبادا ئۇنىڭ بىر قىسمى كېمەيمىسە، يەنە بىر قىسمىنىڭ كوپىيىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئوز ئوزىدىن چۈشىنىشلىك. شۇنداق قىلىپ، دىۋرىڭ ئەپەندى ماركسنىڭ ئىدىيىسىنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئوزلەشتۇرىدۇ، مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىسىدا، ماركسنىڭ شەرھىلىرىدە ھەقىقەتەن بار بولغان «توغرا ئىلمي مەنىدىكى چېكىگە يەتكەن ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىك» تامامەن يوقىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز دىۋرىڭ ئەپەندى «پىپەنىلىك تارىخ»تا «كاپىتال» توغرىسىدا كوتەرگەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋاڭ ـ چۇڭلار بولۇپمۇ ئۇ قوشۇمچە قىممەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان ھېلىقى مەشھۇر مەسىلە بىلەن (ئۇنىڭ ئوزىمۇ جاۋاپ بېرەلمەيدىغان بولغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويمىغىنى ياخشى

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 15 ـ باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئىدى) چىقارغان چاڭ ـ توزاڭلار ئۇنىڭ «كۇرسى»دا ماركسقا قىلىنغان قوپال ئوغرىلىقنى يېپىش ئۈچۈن قوللانغان ھەربىي نەيرەڭ ۋە قۇۋلۇق-شۇملۇق ھىلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قارىماي تۇرالمايمىز. دېيۇرىڭ ئەپەندىدە ئۆزىنىڭ كىتاپخانىلىرىنى، «ماركس ئەپەندى كاپىتال دەپ ئاتىغان ھېلىقى كاللەك يىپ»نى تەتقىق قىلماڭلار، تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتى، گېگېلچە گادىرماش، مۇجمەل ئىدىيىلەر ۋە يورغىلاتما گەپلەردىن ۋاھاكازالاردىن پەخەس بولۇڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشقا راستلا ھەممە ئاساس بار. بۇ سادىق ئېكارت[115] گېرمانىيە ياشلىرىنى ۋېناستىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇيۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، ۋېناسنى غىيىپىدا ماركسنىڭ دائىرىسىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ ماركسنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن بۇنداق ساپ دارامىتىنى تەبرىكلەيمىز، ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك ئىجارىسى دىگەن نام ئاستىدا، ماركسنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ئىگىلىۋالغان ھەركىتىنىڭ ئۇنىڭ ماركس قوشۇمچە قىممەتنى پايدا ياكى كاپىتال ھايىنى دەپلا چۈشىنىدۇ دەپ كاجلىق بىلەن (ئىككىلا نەشرىدە شۇنداق تەكرار-لىنىدۇ) خاتا ھوكۇم قىلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ توھپىسىنى دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەشكە مەجبۇرمىز:

«(دېيۇرىڭ) ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، ئىش ھەققى ئىشچىنىڭ ئۆزىنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي رەۋىشتە ئەمگەك بىلەن

شۇغۇللانغان ۋاقتىنىڭ ھەققىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئازراق ساتەتلا كۈپايە قىلىدۇ: ھەممىشە ئۇزارتىلىپ تۇرىدىغان ئىش كۈنىنىڭ پۈتۈن قالغان قىسمى بىر خىل قوشۇمچە مەھسۇلات بېرىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئاپتورىمىزنىڭ (مال ـ مۈلۈك ئىجارىسى) دىگىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ...... مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدا ئەمگەك ۋاستىلىرى ۋە نىسبى خام ئەشيا- لارنىڭ ئىچىدە بولغان ئىش ۋاقتىنى قويۇپ تۇرغاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىش كۈنىدە ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇلگەن ھەرقانداق قوشۇمچە مەھسۇلات كاپىتا- لىستىك كارخانىچىنىڭ ئالىدىغان قىسمى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش كۈنىنىڭ ئۇزارتىلىشى كاپىتالىستىنىڭ قولىغا چۈشىدىغان، ساپ شىلىۋېلىش يولى بىلەن ئېرىشىلىدىغان ھايان بولىدۇ. (دىيۇرىڭ) ئەپەندىنىڭ شىلىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇنداق قاراشقا قاراتقان زەھەرلىك ئۈچمەنلىكى پەقەت چۈشىنىشلىكلا بولىدۇ......»

ئەمما چۈشىنىشلىك بولمىغىنى شۇكى، ئۇنىڭدا قانداق قىلىپ يەنە «تېخمۇ قاتتىق غەزەپ» پەيدا بولىدىكىن؟

## 9. ئىگىلىكنىڭ تەبى قانۇنىيەتلىرى. يەر ئىجارىسى

ھازىرغىچە، بىز ئەڭ ياخشى ئارزۇدا بولساقمۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قانداق قىلىپ ئىقتىساتشۇناسلىق ساھەسىدە

«يېڭى، دەۋرنى قانائەتلەندۇرۇپلا قالماي، بەلكى دەۋرنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالىدىغان بىر خىل تىشىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلغان»

لىغىنى سېزەلمىدۇق.

ئەمما، بىز زورلۇق كۈچ نەزىرىيىسىدە، قىممەت ۋە كاپىتالدا تاپالمىغان نەرسىلەر دىيۇرىڭ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق

ئىگىلىگىنىڭ تەبىي قانۇنىيەتلىرى»نى تەكشۇرگىنىمىزدە، بەلكىم بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا ئىنتايىن ئېنىق زاھىر بولار. چۇنكى، ئۇنىڭ كونۇپ قالغان غەلىتىلىك ۋە ئوتكۇرلۇك بىلەن ئېيتقىنىدەك:

«يۇكسەك ئىلمىيلىكنىڭ غەلىبىسى جىمجىت ھالەتتە تۇرغاندەك بولغان ماتىرىيالنى نوقۇل ھالدا بايان قىلىش ۋە تۇرگە ئايرىشتىن ھالقىپ ئوتۇپ، جانلىق ـ جۇشقۇنلۇق بولغان، نەتىجىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدىغان كۇزىتىش قابىلىيىتىگە يېتىشتە. شۇنىڭ ئۇچۇن، قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئەڭ مۇكەممەل بىلىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چۇنكى ئۇ بىزگە بىر جەرياننىڭ قانداق قىلىپ يەنە بىر جەريان تەرىپىدىن چەكلىنىپ تۇرىدىغانلىغىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.»

بارلىق ئىگىلىكنىڭ بىرىنچى تەبىي قانۇنىيىتى، دەرۋەقە، دەرھاللا ديۇرىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن ئېچىلغان ئىكەن.

ئادام سىمىت «كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان ھالدا بارلىق ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ موھىم ئامىلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئەسلا ئالاھىدە بايانمۇ قىلمىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھازىرقى زامان ياۋروپاسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئوزىنىڭ تامغىسىنى باسقان كۇچىنى ئاڭسىز ھالدا ئىككىنچى ئورۇندىكى رولغا چۇشۇرۇپ قويدى». بۇ «بىرىنچى ئورۇنغا كوتىرىلىشكە تېگىشلىك بولغان تۇپ قانۇنىيەت تېخنىكا بىلەن جابدۇقلاندۇرۇش قانۇنىيىتى، ھەتتا، ئېيتىش مۇمكىنكى، ئادەمنىڭ تەبىي ئىگىلىك كۇچىنى قوراللاندۇرۇش قانۇنىيىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ».

ديۇرىڭ ئەپەندى ئاچقان بۇ «تۇپ قانۇنىيەت» تۇۋەندىكىچە:

بىرىنچى قانۇنىيەت. «ئىگىلىك ۋاستىلىرى، تەبىي بايلىقلار ۋە ئادەم كۇچىنىڭ ئۇنۇمدارلىغى كەشپىياتلار ۋە ئىختىرالار ئارقىسىدا ئوسىدۇ.»

بىز ئەجەپلىنىمىز. ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە پۇتۇنلەي مولېير-نىڭ ئەسىرىدىكى قىزىقچىنىڭ يېڭى ئاقسوڭەككە ئۇنىڭ ئومۇر بويى سەنۋېن بىلەن سوزلەپ يۇرۇپمۇ سەنۋېنىنىڭ نىمە ئىكەنلە-

گىنى بىلمىگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە يېڭىلىق تەرىقىسىدە خەۋەر قىلىپ[83] تاقابىل تۇرغىنىدەك تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ. كەشپىياتلار ۋە ئىختىرالار بەزى ئەھۋالدا ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈستۈرىدۇ (ئەمما كۆپ ئەھۋالدا ئۇنداق بولۇشمۇ ناتايىن، دۇنيادىكى بارلىق مەخسۇس پايدا ئېلىشقا ئىجازەت بېرىش ئىدارىلىرىنىڭ نۇرغۇن كېرەكسىز داڭئەن قەغەزلىرى بۇنىڭ ئىسپاتى)، بۇنى بىز بۇرۇنلا بىلەتتۇق؛ لېكىن بۇ ئىنتايىن كونىراپ كەتكەن ئاددى پاكىتنىڭ بارلىق ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى بولۇپ قالغانلىقى — مانا بۇ ئىزاھ دېيۇرىڭ ئەپەندىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك - دە. ئەگەر ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى «يۈكسەك ئىلمىيلىكنىڭ غەلىبىسى» ئۇدۇل كەلگەنلىكى ئاددى پاكىتلارغا جاراڭلىق نام بېرىپ قويۇشتىنلا، ئۇنى تەبىي قانۇنىيەت دەپ، ھەتتا تۈپ قانۇنىيەت دەپ ماختاشتىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇ ھالدا، پەندە «تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس سېلىش» ۋە ئۆزگىرىش ياساش ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەتتا بېرلىندا چىقىدىغان «خەلق گېزىتى»[116] تەھرىر بۆلۈمىنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، بىز دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پلاتوننىڭ ئۈستىدىن چىقارغان تۆۋەندىكى ھۆكمىنى «بارلىق قاتتىقلىق بىلەن» دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز:

«ئەگەر مۇشۇنداق نەرسە مىللىي ئىقتىسادشۇناسلىقتىكى ئەقىل-پاراسەت دەپ قارىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ئۇ ھالدا، (پىپەنلىك ئاساس)نىڭ[117] ئاپتورى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغان ئىش ئۈستىدە ئادەتتىكىچىلا پىكىر يۈرگۈزۈپ قويىدىغان» — ھەتتا ئاغزىغا كەلگىنىنىلا سۆزلەپ قويىدىغان — «ھەرقانداق كىشى بىلەن بۇنداق ئەقىل-پاراسەتكە ئورتاق بولىدۇ.»

مەسىلەن، ئەگەر بىز، ھايۋانات نەرسە يەيدۇ، دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، بىر ئۇلۇق سوزنى تۇيمايلا دەپ قويغان بولىدىكەنمىز؛ چۈنكى بىز، نەرسە يېيىش بارلىق ھايۋاناتلار ھاياتىنىڭ تۇپ قانۇنىيىتى، دىسەكلا، پۈتۈن دۇڭۇۋشۇۋېدە ئۇزگىرىش ياسىغان بولىمىز.

ئىككىنچى قانۇنىيەت. ئىش تەقسىماتى: «كەسىپلەرنىڭ بولۇنۇشى ۋە پائالىيەتلەرنىڭ تارقاقلىشىشى ئەمگەك ئۇنۇمدارلىغىنى ئۇستۇرىدۇ.»

بۇ سوزنىڭ توغرىلىغى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادام سىمىتتىن تارتىپ، بۇمۇ ئادەتتىكى پاراڭ بولۇپ قالغان؛ بۇ سوزنىڭ **قايسى** دەرىجىدە توغرىلىغىنى بولسا ئۇچىنچى قىسىمدا كورىمىز.

ئۇچىنچى قانۇنىيەت. «ئاردىلىق ۋە تىرانسپورت — ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرى ھەمكارلىغىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ياكى تۇرتكە بولىدىغان ئاساسىي سەۋەپ.»

تۇتىنچى قانۇنىيەت. «سانائەت دولىتىدە ئاھالە يېزا ئىگىلىك دولىتىدىكىگە قارىغاندا تەڭلەشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە زىچ جايلاشقان بولىدۇ.»

بەشىنچى قانۇنىيەت. «ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرقانداق ئىشنىڭ ماددىي مەنپەئەتسىز ئورۇنلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.»

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئوزىنىڭ يېڭى ئىقتىساتشۇناسلىغىنى تىكلەشتە ئاساسلانغان «تەبىي قانۇنىيەتلەر» مانا شۇلار. ئۇ ئوزىنىڭ پەلسەپە جەھەتتە بايان قىلىپ ئوتكەن ئۇسۇللىرىغا ھېلىمۇ سادىق بولۇپ قالىدۇ. ئىنتايىن تېيىقسىز كونا مۇقاملاردىن بەزىدە ھەتتا ئىبارىلىرى نامۇۋاپىق بولغان، ئوز ئوزىدىن مەلۇم بولغان ئىككى-ئۇچ جۇملىنى چىقىرىۋېلىپ، ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتە ئىسپاتلاش لازىم بولمايدىغان گۇڭلى، تۇپ پىرىنسىپ ۋە تەبىي قانۇنىيەتلەرنى

ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ھېچقانداق مەزمۇنى بولمىغان مۇشۇ قانۇنىيەت-لەرنىڭ مەزمۇنىنى شەرھىلەش بانىسى بىلەن، پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل تىملار ئۈستىدە ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتىن كەڭ سەپسەتىۋازلىققا كىرىشىدۇ، بۇ تىملارنىڭ **نامى** مۇشۇ ئاتالمىش قانۇنىيەتلەر ئىچىدە چىقتى، مەسىلەن، كەشپىيات، ئىش تەقسىماتى، قاتناش قوراللىرى، ئاھالە، مەنپەئەت، رىقابەت ۋە باشقىلار. ئۇنىڭ بۇنداق سەپسەتىۋازلىقىنىڭ ئادەتتىكىچە چاكىنىلىقىغا قوشقان خۇرۇچلىرى مۇقەددەس يارلىقچە چوڭ گەپلەرلا بولۇپ، بەزى جايلىرى ناتوغرا چۈشەنچىدىن ياكى ھەر خىل-ھەر ياڭزا ئۈششاق ئىشلار توغرىسىدىكى ئۆز ئۆزىنى قالتىس ھېساپلايدىغان ئويدۇرمىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئاندىن ئاخىر يەر ئىجارىسى، كاپىتال ھايىنى ۋە ئىش ھەققىنى كوردۇق، بىز يۇقۇرىدا پەقەت ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ كېيىنكى ئىككى خىل شەكلىنىلا تەتقىق قىلدۇق، شۇڭا، بۇ يەردە، ئاياقلاشتۇرىدىغان چېغىمىزدا دېيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ يەر ئىجارىسى توغرىسىدىكى قارىشىنىمۇ قىسقىچە تەتقىق قىلماقچىمىز.

بۇ يەردە بىز دېيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ پېشىۋاسى كېرىدىن كوچۈرۈۋالغان تۆرلۈك كوزقاراشلارنى نەزەرگە ئالماي تۇرىمىز؛ بىزنىڭ كېرى بىلەن ئالاقە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، رىكاردونىڭ يەر ئىجارىسى توغرىسىدىكى نۇقتىنەزىرىنى ئاقلاپ، كېرىنىڭ بۇرملاشلىرى ۋە جويلۇشلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىز دېيۈرىڭ ئەپەندى ئۈستىدىلا توختىلىمىز، ئۇ يەر ئىجارىسىگە تەبىر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: يەر ئىجارىسى

«يەر ئىگىسى ئۆزى يەردىن ئېرىشكەن دارامەت.»

دېيۈرىڭ ئەپەندى ئەسلىدىلا ئۆزى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە

تېگىشلىك بولغان يەر ئىجارىسى دىگەن بۇ ئىقتىسادىي ئۇقۇمنى پىكىر قىلمايلا قانۇن ئاتالغۇسىغا تەرجىمە قىلىنىۋالدى، بۇ ھالدا بىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك چۈشەنمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس سالغۇچىمىز، مەيلى خالىسۇن، مەيلى خالىمىسۇن، يەنىمۇ ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ بىر پارچە يەر مۈلكنى ئىجارىكەش نۆكچاك ئىگىسىگە ئىجارىگە بېرىش بىلەن بىر قىسىم كاپىتالنى كارخانىچىغا قەرز بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى سېلىشتۇرىدۇ، ئەمما بۇنداق سېلىشتۇرۇشنىڭ باشقا بەزى سېلىشتۇرۇشلارغا ئوخشاش نامۇۋاپىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېزلىكتىلا بايقىۋالىدۇ.

چۈنكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇشۇنداق سېلىشتۇرما داۋاملىق قوللىنىۋېرىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىجارىكەش نۆكچاك ئىگىسىنىڭ يەر ئىجارىسى تۆلىگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ھايىنى باشقىلارنىڭ كاپىتالىنى قەرز ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرغان كارخانىچىنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلىگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان كاپىتال ھايىنىغا توغرا كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن كىشىلەر ئىجارىكەش نۆكچاك ئىگىسىنىڭ ھايىنىنى ئاساسىي دارامەت دەپ، يەر ئىجارىسىنى قالدۇق دەپ قاراشقا ئادەتلەنمىگەن......تۆۋەندىكى پاكىتلار بۇ مەسىلىنى تۈرلۈك-تۈرلۈك چۈشەنگەنلىكنىڭ ئىسپاتى: يەر ئىجارىسى ھەققىدىكى لەزىرىيىدە، كىشىلەر پومىششىكنىڭ يەرنى ئۆزى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئالاھىدە كۆرسەتمىگەن، بەلكى ئىجارە ھەققى شەكلىدىكى يەر ئىجارىسى بىلەن پومىششىكنىڭ يەرنى ئۆزى باشقۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن يەر ئىجارىسى ئوتتۇرىسىدىكى مىقتار پەرقىنى ئالاھىدە مۇھىم دەپ قارىمىغان. ھېچ بولمىغاندا كىشىلەر ئۆزى باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ئېرىشكەن يەر ئىجارىسىنى: بىر قىسمىنى گويا يەرنىڭ ئۆسۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قىلىپ، يەنە بىر قىسمىنى بولسا كارخانىچىنىڭ قوشۇمچە ھايىنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قىلىپ بولۇپ چۈشەندۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇش زورۇر،

دەپ ھېساپلىمايدۇ. ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىسى ئىشلىتىدىغان ئۆزىنىڭ كاپىتالىنى قويۇپ تۇرغاندا، كىشلەر ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىسىنىڭ ئالاھىدە ھايىنىنىڭ كوپ قىسمىنى بىر خىل ئىش ھەققى دەپ قارايدىغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىرەر كىسىم سوز ئېيتماقچى بولۇش خەۋپلىك بولاتتى، چۈنكى بۇ مەسىلە ئەسلا بۇنداق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان. چوڭراق ئىگىلىككە تاقىلىدىغانلىكى جايلاردا، ئاسانلا كورۈۋېلىش مۇمكىنكى، گەپ ئۆزگىچە ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىلىرىنىڭ ھايىنىنى ئىش ھەققى دەپ قاراشتا ئەمەس. بۇنداق ھايانىڭ ئۆزى دەل يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان قارىمۇ ـ قارشىلىق ئۈستىگە تىكلەنگەن، بۇنداق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشلا بۇنداق دارامەتنىڭ بولۇشىغا مۇمكىنلىك تۇغدۇرىدۇ. ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قالىدىغىنى، روشەنكى، بىر قىسىم يەر ئىجارىسى بولىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، يومىشىلىك ئىگىلىكنى ئۆزى باشقۇرغاندا ئېرىشىدىغان پۈتۈن يەر ئىجارىسى كېمىيىپ كېتىدۇ.»

يەر ئىجارىسى توغرىسىدىكى نەزىرىيە ئىقتىساتشۇناسلىقتا ئالاھىدە ئەنگلىيىچە بىر قىسىم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ مۇقەررەر، چۈنكى پەقەت ئەنگلىيىدىلا شۇنداق بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى مەۋجۇتكى، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا يەر ئىجارىسمۇ ئىش يۈزىدە پايدا ۋە ئۇسۇمدىن ئايرىۋېتىلگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەنگلىيىدە چوڭ يەر مۈلكى ۋە يىرىك دېخانچىلىق ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. يومىشىكلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى چوڭ تىيەنجۇاڭ شەكلىدە بەلكى دائىم ئىنتايىن چوڭ تىيەنجۇاڭ شەكلىدە ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىلىرىگە ئىجارىگە بېرىدۇ، ئىجارىكەش نۇئچاڭ ئىگىلىرى يەرنى يېتەرلىك كاپىتال بىلەن باشقۇرىدۇ ھەمدە بىزدىكى دېخانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرى ئەمگەك بىلەن

شۇغۇللانمايدۇ، بەلكى ھەقىقى كاپىتالىستىك كارخانىچى سۈپىتىدە ياللانما دىخانلارنىڭ ۋە كۈنلۈكچىلەرنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بىز بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى ئۈچ سىنىپنى شۇنىڭدەك ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆزىگە خاس دارامىتىنى كۆرىمىز: پومېششىكلار يەر ئىجارىسىگە ئىگە بولىدۇ، كاپىتالىستلار پايدىغا ئىگە بولىدۇ، ئىشچىلار بولسا ئىش ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى **ھېساپلىغانغا** ئوخشاش، ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسىنىڭ ھايىنىنى بىر خىل ئىش ھەققى دەپ قاراش ھېچقاچان ئەنگلىيە ئىقتىساتشۇناسلىرىدىن بىرەرىنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان؛ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسىنىڭ پايدىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى رەت قىلغۇسىز، روشەن ۋە ھەقىقى ھالدا قانداق بولسا شۇنداق نەرسە دەپ يەنى كاپىتال پايدىسى دەپ ھوكۇم قىلىش كۆپ دەرىجىدە بىخەتەر بولاتتى. ئەگەر، ئىجارى-كەش نۇكچاڭ ئىگىسىنىڭ ھايىنى زادى قانداق نەرسە دىگەن سوئال ئەسلا بۇنداق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغان، دىيىلسە، بۇ تازا كۈلكىلىك بولاتتى. ئەنگلىيىدە بۇ سوئالنى ھەتتا ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى سوئال بىلەن جاۋاپ ئوخشاشلا ئاللىقاچان پاكىتنىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت ئىدى، بەلكى ئادام سىمىتتىن بۇيان بۇ ھەقتە ھېچقانداق گۇمان تۇغۇلمىغان ئىدى.

دىيۇرىڭ ئەپەندى ئېيتقان پومېششىكنىڭ يەرنى ئۆزى باشقۇرۇش ئەھۋالىمۇ ياكى گېرمانىيىنىڭ كۆپچىلىك رايونىدا ئەمەلىيەتتە يۈزبەرگەن يەرنى پومېششىك باشقۇرغۇچىلار ئارقىلىق باشقۇرىدىغان ئەھۋالمۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەگەر پومېششىكمۇ كاپىتال چىقارسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى باشقۇرسا، ئۇ

هالدا، ئۇ يەر ئىجارىسىنى ئالغاننىڭ سىرتىدا كاپىتال پايدىسىنىمۇ ئالىدۇ. بۇگۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا بۇ ئۇز ئۇزىدىن مەلۇملۇق، بەلكى ئۇنىڭ باشقىچە بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر دېيۇرىڭ ئەپەندى، شۇ كەمگىچە كىشلەر ئۇزى باشقۇرۇشى ئارقىسىدا ئېرىشكەن يەر ئىجارىسىنى (دارامەت دەپ ئاتاش كېرەك) بولۇپ چۈشەندۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇش زورۇر دەپ ھېساپلىمايدۇ، دەپ ھوكۇم قىلسا، ئۇ ھالدا، بۇ بەربىر چىن ئەمەس، ئەڭ كوپ دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئۇزىنىڭ بىلىمسىزلىگىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ، خالاس. مەسلەن:

«ئەمگەكتىن كېلىدىغان دارامەت ئىش ھەقىقى دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەلۇم بىر كىشىنىڭ كاپىتالدىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن دارامىتى پايدا دەپ ئاتىلىدۇ..... پۈتۈنلەي يەردىن ئېلىنغان دارامەت يەر ئىجارىسى دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە پومىششىكقا تەئەللۇق بولىدۇ..... ئەگەر ھەر خىل تۈردىكى بۇ بىرنەچچە خىل دارامەت ھەر خىل كىشلەرنىڭ قولىغا چۈشسە، بۇلارنى ناھايىتى ئاسان ئايرىغىلى بولىدۇ؛ ئەمما، ئەگەر بۇلار بىرلا كىشىنىڭ قولىغا چۈشسە، ئۇ ھالدا، بۇلار كەم دېگەندە تۇرمۇشتىكى سوزلەردە دائىم ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئوزىنىڭ بىر قىسىم يېرىنى ئوزى باشقۇرىدىغان① پومىششىك، باشقۇرۇش خىراجەتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەم پومىششىكنىڭ يەر ئىجارىسىگە ئېرىشىشى، ھەم ئىجارىكەش نۇگچاك ئىگىسىنىڭ پايدىسىغا ئېرىشىشى كېرەك①. لېكىن، ئۇ تولا چاغلاردا ئوزىنىڭ ھەممە ھايىنىنى ئاسانلا پايدا دەپ ئاتاپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ يەر ئىجارىسى بىلەن پايدىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، كەم دېگەندە ئادەت تىلىدا شۇنداق قىلىدۇ. بىزنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى ۋە غەربىي ھىندىستاندىكى جۇگجۈچاك ئىگىلىرىنىڭ كوپ قىسمى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا تۇرماقتا؛ ئۇلارنىڭ زور

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

كوپچىلىگى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جۇڭگىزچاڭ-نىڭ يەر ئىجارىسى دىگەن نىمىنى كەمدە-كەم ئاڭلايمىز، ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن پايدىسىنى بولسا دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز...... ئۆز بېغىنى ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىدىغان باغۋەننىڭ بىر ئۆزى پومىششىك، ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسى ۋە ئىشچىلىقنى قوشۇپ ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى ئۇنىڭغا پومىششىكنىڭ يەر ئىجارىسى، ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسىنىڭ پايدىسى ۋە ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىنى تولدىشى لازىم. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ئۇنىڭ ئەمگەك دارامىتى دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە يەر ئىجارىسى ۋە پايدا ئىش ھەققى بىلەن ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ.»

بۇ سوزلەر **ئادام سىمىتنىڭ** 1-تومىنىڭ 6-بابىدىن ئېلىنغان[118].

دىمەك، پومىششىك ئۆزى باشقۇرىدىغان ئەھۋال بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن تەتقىق قىلىنغان، بۇ يەردە ديۇرىڭ ئەپەندىنى شۇنچە تىت-تىت قىلىۋاتقان خەۋپ ۋە بىسارامىلىق پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن تۇغۇلغان.

ئاخىر ئۇ ئېغىر ھالدىن دادىل ھىلە-مىكىرلەر بىلەن قۇتۇلىدۇ:

ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسىنىڭ ھايىنى «يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچ-لىرى»نى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ، روشەنكى، «بىر قىسىم يەر ئىجارىسى»دىن ئىبارەت، شۇ سەۋەپتىن، ئەسلىدە پۈتۈنلەي پومىششىكنىڭ يانچۇغىغا كىرىشكە تېگىشلىك بولغان «ھەممە يەر ئىجارىسى كېمىيىپ كېتىدۇ».

بۇنىڭدىن بىز ئىككى ئىشنى بىلدۇق. بىرىنچىسى، ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىسى پومىششىكنىڭ يەر ئىجارىسىنى «كېمەيتىدۇ»كەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇمى كىشىلەرنىڭ ھازىرغىچە قىلىپ كەلگەن تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسىچە، ديۇرىڭ ئەپەندى، ئىجارىكەش نۇكچاڭ

ئىگىسى يەر ئىجارىسىنى پومىششىكقا تولىمەيدۇ، بەلكى **پومىششىك يەر ئىجارىسىنى ئىجارىكەش نۆكچاڭ ئىگىسىگە تولەيدۇ،** دەپ قارايدۇ — بۇ ھەقىقەتەنمۇ «ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگىچە خاس نۇقتىنەزەر» ئىكەن؛ ئىككىنچىسى، بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يەر ئىجارىسىنى نىمە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلىغىنى ئاخىر كوردۇق؛ دىمەك، ئۇ يەر ئىجارىسىنى يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىنى ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلىپ ئېرىشكەن ھەممە قوشۇمچە مەھسۇلات دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىكەن. ئەمما، بىرقانچە چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئىلگىرىكى ئىقتىساتشۇناسلىقتا بۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلات يەر ئىجارىسى بىلەن كاپىتال پايدىسىغا بولۇۋېتىلگەنلىگى ئۈچۈن، بىز، يەر ئىجارىسى توغرىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندىمۇ «تارقىلىپ يۈرگەن ئۇقۇمنى كوزدە تۇتمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتماي تۇرالمايمىز.

شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، يەر ئىجارىسى بىلەن كاپىتال ھايىنىنىڭ پەرقى پەقەت ئالدىنقىسىنىڭ يېزا ئىگىلىگىدە، كېيىنكىسىنىڭ بولسا سانائەتتە ياكى سودىدا پەيدا بولىدىغانلىغىدا. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئەنە شۇنداق پىپەنلىك بولمىغان ۋە قالايمىقان بولغان نۇقتىنەزەرگە كېلىشى تۇرغان گەپ. كورۈپ ئوتتۇقكى، ئۇ «ھەقىقى تارىخىي نۇقتىنەزەر»نى ئاساس قىلىدۇ، بۇ نۇقتىنەزەر بويىچە، يەر ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھوكۇمرانلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر مەلۇم شەكىلدىكى قۇل ئەمگىكى بىلەن تېرىلسىلا، ئۇ پومىششىكقا قوشۇمچە مەھسۇلات تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، بۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلات دەل يەر ئىجارىسىنىڭ ئۆزى

بولىدۇ، خۇددى سانائەتتە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەمگەك دارامىتىدىن ئاشقان قوشۇمچىسىنىڭ كاپىتال ھايىنى بولغىنىغا ئوخشاش.

«شۇنىڭ ئۈچۈن، ناھايىتى ئېنىقكى، دېھقانچىلىقنى ئەمگەكنىڭ مەلۇم تەۋەلىك شەكلىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقۇرىدىغان جايلاردا، يەر ئىجارىسى ھامان ھەرقاچان، ھەر يەردە كەڭ كولەمدە مەۋجۇت.»

يەر ئىجارىسىنى دېھقانچىلىقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەممە قوشۇمچە مەھسۇلات دەپ تۇرۇۋالغان ئىكەن، دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئالدىدىن يولنى توسۇپ ياتقان يولۋاس چىقىپ قالىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرىنىڭ پايدىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن، پۈتكۈل كىلاسسىك ئىقتىساتشۇناسلىقتا ئېتىراپ قىلىنغان قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ يەر ئىجارىسى ۋە ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرىنىڭ پايدىسىغا بولۇنۇشى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، **ساپ**، دەل يەر ئىجارىسى ئۇقۇمى. دېيۇرىڭ ئەپەندى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرىنىڭ پايدىسىغا ۋە يەر ئىجارىسىگە بولۇنىدىغانلىغىنى قىلچىمۇ بىلمەيدىغان ۋە شۇ سەۋەپتىن كىلاسسىك ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ پۈتۈن يەر ئىجارىسى نەزىرىيىسىنى قىلچىمۇ بىلمەيدىغان بولۇۋالىدۇ؛ گويا پۈتۈن ئىقتىساتشۇناسلىقتا ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرىنىڭ پايدىسى زادى نىمە دىگەن مەسىلە تېخىچە ئەسلا «بۇنداق ئېنىق» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىغانمىش؛ گويا بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقىنى ساختا كورۇنۇش ۋە شۇبھەدىن باشقا پەقەت كىشىلەرگە قىلچىمۇ مەلۇم بولمىغان، زادىلا تەتقىق قىلىنمىغان بىر

خىل دۇيشياگمىش. ئۇنىڭغا بەختسىزلىك كەلتۈرگەن ئەنگلىيىدە دىخانچىلىقتىكى قوشۇمچە مەھسۇلات ھەرقانداق نەزىرىيە ئىقىمىنىڭ ھەرقانداق مۇداخىلىسىگە ئۇچرىماي تۇرۇپمۇ رەھىمسىز ھالدا مۇنداق تەركىۋىي قىسمىغا — يەر ئىجارىسى ۋە كاپىتال پايدىسىغا بولۇنىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى بولسا ئۆزىگە بەختسىزلىك كەلتۈرگەن بۇ مەملىكەتتىن ئۆزى قىزغىن سۇيىدىغان، پىرۇسسىيە باڭ قانۇنىنى يۇرگۈزىدىغان رايونغا قىچىپ بىرىۋالىدۇ. بۇ رايوندا پومىششىكنىڭ ئۆزى باشقۇرۇشى مۇكەممەل زۇڭفالىق شەكىل بىلەن ئەۋج ئالغان، «پومىششىك يەر ئىجارىسىنى ئۆزىنىڭ شۇ بىر پارچە يىرىدىن كەلگەن دارامەت دەپ چۈشىنىدۇ»، يۇنكىر لوپىلارنىڭ يەر ئىجارىسى توغرىسىدىكى قارىشى بولسا پەندىكى نوپۇزلۇق قاراش بولۇش خىيالىدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساھەدە دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ يەر ئىجارىسى ۋە پايدا توغرىسىدىكى قالايمىقان ئۇقۇمىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەپلەپ ئۆتۈپ كىتىشتىن ھەتتا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ: ئىجارىكەش نوڭچاڭ ئىگىسى يەر ئىجارىسىنى پومىششىكقا تولىمەيدۇ، بەلكى پومىششىك يەر ئىجارىسىنى ئىجارىكەش نوڭچاڭ ئىگىسىگە تولەيدۇ، دەيدىغان ئەڭ يىڭى كەشپىياتىغا ئىشەندۇرۇشتىن ئۈمىت كۆتسە بولىدۇ.

## 10. «پىپەنلىك تارىخ» ئۈستىدە مۇلاھىزە

ئاخىردا بىز ئەمدى «مىللىي ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ پىپەنلىك تارىخى»غا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى «زادىلا پىشۋاسى يوق» دەپ ئاتىغان «بۇ كارخانا»غا قاراپ چىقايلى. بەلكىم، بىز بۇ يەردە

كوپ قېتىم ۋەدە قىلىنغان چېكىگە يەتكەن ۋە ئەڭ قاتتىق ئىلمىيلىكنى ئاخىر ئۈچرىتىپ قالارمىز.

ديۈرىڭ ئەپەندى توۋەندىكى كەشپىيات ئۈستىدە تازا داۋراڭ كوتىرىدۇ:

«ئىگىلىك تەلىماتى»نىڭ ئۆزى «ئىنتايىن زامانىۋى ھادىسە» (12 ـ بەت).

دەرھەقىقەت، ماركس «كاپىتال»دا: «سىياسى ئىقتىسات مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە ئىشخانا قول سانائىتى دەۋرىدە ئاندىن ۋۇجۇتقا كەلگەن»① دەيدۇ، «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر»نىڭ 29 ـ بېتىدە: «كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسات...... ئەنگلىيىدە ۋىلىيام پېتتىدىن باشلىنىپ، رىكاردودا ئاياقلىشىدۇ، فرانسىيىدە بۇئاگىل ـ بېردىن باشلىنىپ، سىسموندىدا ئاياقلىشىدۇ»119 دەيدۇ. ديۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىگە ئالدىنالا كورسىتىپ بېرىلگەن مۇشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئالى ئىقتىساتشۇناسلىق پەقەت بۇرژۇئا پېنى ئۆزىنىڭ كىلاسسىك دەۋرى ئاياقلاشقاندىن كېيىن پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق چۈشۈك بىلەن تەڭ باشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىش سوزىنىڭ ئاخىرىدا كورەڭلىگەن ھالدا مۇنۇلارنى جاكالاشقا تولۇق ھوقۇقلۇق:

«بۇ كارخانا، ئەگەر ئۆزىنىڭ تاشقى قىممىدىكى سېزىشكە بولىدىغان خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقىغا تېخىمۇ يېقىنلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، زادىلا پېشۋاسى يوق بولسا، ئۇ ھالدا، ئۆزىنىڭ

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 12 ـ باپ، 5 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ئىچكى قىسمىدىكى پىيەنلىك نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئۇزىنىڭ ئومۇمى مەيدانىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تىبخىمۇ مىنىڭ ئۇزەمنىڭ خۇسۇسى مۇلكۇم.» (9 ـ بەت)

ئەمىلىيەتتە، ئۇ تاشقى قىسمى ۋە ئىچكى قىسمى بولۇپ ئىككى جەھەتتىن ئۇزىنىڭ «كارخانا»سىنى (سانائەتتە قوللىنىلىدىغان بۇ ئاتالغۇنى ھەر ھالدا يامان ئەمەس تاللاپتۇ) «بىردىن ـ بىرچى ۋە ئۇنىڭ مۇلكى»[120] دەپ ئىلان قىلسا بولاتتى.

تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان سىياسى ئىقتىسات ئىش يۈزىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىدىكى ئىقتىساتقا بولغان ئىلمىي چۈشەنچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار ۋە دىڭلىلارنىمۇ، ئالايلى، قەدىمقى يۇنان جەمىيىتىدىكى يازغۇچىلاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇكى، مۇئەييەن ھادىسە، مەسىلەن، شاكىپىن ئىشلەپچىقىرىش، سودا، پۇل، ئۇسۇم تۇغدۇرىدىغان كاپىتال قاتارلىقلار ئىككى جەمىيەت ئۈچۈن ئورتاق. گرېكلارمۇ بۇ ساھەگە بەزىدە ئوۋ ئوۋلاپ بېرىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئۇلارمۇ باشقا ھەممە ساھەدىكىدەك ئوخشاشلا تالانتىنى ۋە ئۇزگىچە قاراشنى ئىپادىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى تارىخىي يوسۇندا ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ نەزىرىيىۋى چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئەمدى بىز دۇنيا تارىخىدىكى دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ نىملەرنى دىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقايلى:

«شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمقى زاماندىكى ئىلمىي ئىگىلىك نەزىرىيىسى توغرىسىدا بىزدە ھەقىقەتەن (!) ئېيتىپ بەرگۈدەك ھېچقانداق ئىجابى نەرسە يوق ئىدى، پەنگە پۈتۈنلەي يات بولغان ئوتتۇرا ئەسىردە بولسا ئۇ توغرىلىق (ئۇ توغرىلىق ئېيتقۇدەك بىرنىمە يوق!) ئېغىزغا ئالغۇدەك

نەرسە تېخىمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ، بىلىمدانلىق تاشقى كورۇنۇشلەرنى ساختىلىق بىلەن كوز-كوز قىلىش پوزىتسىيىسى......ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ پاكلىقىنى بۇلغىغانلىقتىن، دىققەت-ئېتىۋارنى قوزغاش ئۇچۇن، ھېچ بولمىغاندا بىرنەچچە مىسال كەلتۇرمەي تۇرالمايمىز.»

كېيىن ديۇرىڭ ئەپەندى پىپەنلىك مىساللارنى كەلتۇرىدۇ، بۇ پىپەنىدە ھەقىقەتەنمۇ ھەتتا «بىلىمدانلىق تاشقى كورۇنۇشلەر»مۇ يوق بولۇپ كېتىدۇ.

ئارىستوتېلنىڭ كوزقارىشى:

«ھەر بىر مالنىڭ ئىككى خىل ئىشلىتىلىش ئورنى بار: بىر خىلى نەرسە-نىڭ ئوزىدە ئەزەلدىن بار بولىدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۇنداق بولمايدۇ، مەسىلەن، ئوتۇك، ھەم كىيىشكە ئىشلىتىلىدۇ، ھەم ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتى-لىدۇ. ئىككىلىسى ئوتۇكنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى، چۇنكى كىم ئوتۇكنى ئوزىگە لازىم بولىدىغان نەرسىگە، مەسىلەن، پۇلغا ياكى ئوزۇق-تۇلۇككە ئالماشتۇرسا، ئۇنىڭ ئوزى ئوتۇكنى ئىشلەتكەن بولىدۇ. ئەمما بۇ، ئوتۇكنى تەبىي ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئىشلەتكەنلىك ئەمەس، چۇنكى ئۇ ئالماشتۇرۇش ئۇچۇن مەۋجۇت ئەمەس.»121—

بۇ كوزقاراش، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، «ناھايىتى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىپادىلەنگەن، قىرائەتخانىلىق پۇرىقى بىلەن تولغان» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭ ئىچىدىن «ئىستىمال قىممىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق»نى تاپقان كىشىمۇ «يېقىنقى دەۋردە»، «ئەڭ ئىلغار تىشى دائىرىسىدە»، ئەلۋەتتە، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئوزىنىڭ تىشىسىنىڭ دائىرىسىدە، ئىستىمال قىممىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش قىممىتىنىڭ مەڭگۇ تۇگىتىلگەنلىگىنى ئۇنتۇپلا قالغانلىقى بىلەن «كۇلكە»گە قالارمىكىن.

«بەزىلەر پلاتوننىڭ دولەت توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدىنمۇ...... خەلق ئىگىلىگىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ هازىرقى زامانغا خاس باپلارنى تېپىشقا ئۇرۇندى.»

بۇنىڭدا ئېھتىمال «كاپىتال»نىڭ 3-نەشرى، 12-باپ، 5-بولۇم، 369-بېتى كوزدە تۇتۇلسا كېرەك، بىراق، ئەكسىچە، بۇ بولۇمدە دەل كىلاسسىك قەدىمقى زاماننىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدىكى قارىشى هازىرقى زامان قارىشى بىلەن «ئەڭ قاتتىق قارىمۇ-قارشى»لىقىنى شەكىللەندۇرگەنلىكى ئىسپاتلانغان[122]. — پلاتون ئىش تەقسىماتىنى شەهەرنىڭ (گرېكلارنىڭ نەزىرىدە شەهەر دولەتكە تەڭ ئىدى) تەبىي ئاساسى دەپ تەسۋىرلىگەن ئىدى، شۇ زامان ئۇچۇن تالانتلىق هېساپلانغان بۇنداق تەسۋىرلەش[123] دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭلا هاكاۋۇرانە مەنستىمەسلىگىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا هېچنەرسە يوق، ۋاهالەنكى، بۇ شۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنداق پوزىتسىينى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇكى، پلاتون

«شۇ زاماندىكى بازار دائىرىسىدە كەسپلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايرىش ۋە ئالاهىدە مەشغۇلاتلارنى تېخنىكا جەهەتتىن ئايرىش ئۇچۇن قويۇلىدىغان

چېكرا»نى تىلغا ئالمىغان (گرېك سېنوفېن[124] ئاللىقاچان تىلغا

ئالغان ئىدىغۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندى!)، «پەقەت مۇشۇنداق چېكرا توغرىسىدىكى ئىدىيىلا شۇنداق بىلىش بولىدۇكى، باشقىچە بولغاندا ئىلمي دىيىش تەس بولغان ئىدىيىنى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئىقتىسادىي جەهەتتە موهىم هەقىقەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ»

بىراق دىيۇرىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن بۇنداق پەسەنت قىلىنمىغان روشېر «جياۋشۇ» ئەمىلىيەتتە بۇنداق «چېكرا»نى ئايرىپ چىقتى، بۇ «چېگرا»دا ئىش تەقسىماتى ئىدىيىسى تۇنجى قېتىم «ئىلمىي»

ئىدىيىگە ئايلاندى، شۇڭا، ئۇ، ئادام سمىت ئىش تەقسىماتى قانۇنىيىتىنىڭ ئىختىراچىسى ئىدى، دەپ ئېنىق جاكالىدى[125]. شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشى هوكۇمران ئورۇندا تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولغان جەمىيەتتە «بازار» — بۇنىڭدىمۇ بىر مەررە دىۋۇرىك ئەپەندىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتساق — هامان «تىجارەتچى»لەر ئارىسىدا ناهايىتى تونۇش «چېگرا». «كونا قائىدىلەرگە يېپىشۋالىدىغان بىلىم ۋە تەبىي ئىقتىدار»غا قارىغاندا تېخىمۇ كوپرەك نەرسە بولۇشى كېرەككى، شۇنداق بولغاندىلا مۇنۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇ: بازار كاپىتالىستىك ئىش تەقسىماتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەن، ئەكسىچە، ئىلگىرىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىش تەقسىماتى بازارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. («كاپىتال»، 1 - توم، 24 - باپ، 5 - بولۇم «سانائەت كاپىتالى ئۈچۈن ئىچكى بازارنىڭ شەكىللىنىشى»گە قاراڭ)

«پۇلنىڭ رولى ھەممە ۋاقىتتا ئىگىلىك (!) ئوي - پىكرىنىڭ ئەڭ موھىم قوزغاتقۇچىسى بولغان ئىدى. بىراق ئارىستوتېل دىگەن بىر كىشى بۇنداق رول توغرىسىدا نىمىنى بىلىدۇ؟ روشەنكى، ئۇ ئېيتىدائى نەرسە بىلەن نەرسە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئورنىنى پۇلنى ۋاستە قىلىدىغان ئالماشتۇرۇشنىڭ ئالغانلىقىنىلا بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ.»

ئەمما، ئەگەر ئارىستوتېل «دىگەن بىر كىشى» پۇلنىڭ **ئايلىنىشىنىڭ** ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان **شەكلىنى** — بىر خىلدا پۇل نوقۇل ئايلىنىش ۋاستىسى بولۇش جۈزئىيتىنى ئىجرا قىلىدۇ، يەنە بىر خىلدا پۇل پۇل كاپىتالى بولۇش جۈزئىيتىنى ئىجرا قىلىدۇ[126] — ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئاچقان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق قىلىش،

دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ئۇ پەقەت «مەلۇم ئەخلاقىي يىرگىنىش»نىلا ئىپادىلىگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئارىستوتېلىل «دىگەن بىر كىشى» پۇلنىڭ **قىممەت ئۆلچىمى** بولۇش «رولى»نى دادىللىق بىلەن تەھلىل قىلغان بەلكى پۇل تەلىماتى ئۈچۈن شۇنچە موھىم ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ مەسىلىنى ئەمىلىيەتتە توغرا ئوتتۇرىغا قويغان بولسا[127]،ئۇ ھالدا، دېۋرىڭ «دىگەن بىر كىشى» بۇنداق يول قويغىلى بولمايدىغان ئالىجوقا قىلىققا تامامەن سۈكۈت قىلىشنى ماقۇل كورىدۇ، بۇنداق قىلىشتا، ئەلۋەتتە، ھەقىقى يوشۇرۇن سەۋەپلەردىن چىقىدۇ.

ئاخىرقى نەتىجە مۇنداق: دېۋرىڭنىڭ «دىققەت ـ ئېتىۋارنى قوزغاش» ئەيىنگىدە ئەكس ئەتكەن شويلىدا يۇنانىنىڭ قەدىمقى دەۋرى ئەمىلىيەتتە «ئەڭ ئادەتتىكى ئىدىيە» (25 ـ بەت)گىلا ئىگە بولۇپ چىقىدۇ، ئەگەر بۇنداق «ئاخمىقانە ئوي» (19 ـ بەت)، بەرىبىر، ئادەتتىكى ياكى ئادەتتىن تاشقىرى ئىدىيىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولىدىغان بولسا.

دېۋرىڭ ئەپەندى جۇڭگوشاگىجۈيى ئۈستىدە توختالغان بايىقى كەلسەك، ئۇ ھالدا، ئەڭ ياخشىسى «ئەسلى ئەسەر»نى ئوقۇش يەنى ف. لىستنىڭ «مىللى تىتى»سىنىڭ 29 ـ بابى «ئىلىم ئېقىملىرى تەرىپىدىن جۇڭگوشاگىجۈيى تىتىسى دەپ خاتا ئاتالغان سانائەت تىتىسى»نى ئوقۇش لازىم. دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە يەنە قانداق قىلىپ ھەرقانداق «بىلىمدانلىقنىڭ تاشقى كورۇنۇشى»دىن ئېھتىيات بىلەن ئوزىنى قاچۇرىدىغانلىقى تۆۋەندىكى سوزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: لىست 28 ـ باب «ئىتالىيە مىللى ئىقتىساتشۇناسلىرى»دا مۇنداق دەيدۇ:

سىياسى ئىقتىساتىنىڭ ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشى جەھەتتە بولسۇن، ياكى نەزىرىيە جەھەتتە بولسۇن، ئىتالىيە بارلىق ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى».

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنۇلارنى تىلغا ئالىدۇ:

«نېئاپوللۇق ئانتونىو سېررانىڭ 1613 ـ يىلى يازغان قالداق قىلىپ پادىشالىقنى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈچ بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئەسىرى ئىتالىيە بويىچە تۇنجى مەخسۇس سىياسى ئىقتىسات ئەسىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ».[128]

دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ سوزنى چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن، سېررانىڭ «قىسقىچە مۇلاھىزە»سىنى[129] «ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ئەڭ يېڭى ئالدىنقى تارىخىنىڭ دەرۋازىسىغا يېزىلغان مەلۇم بىر كورسەتكۈچ دەپ قارىشى» مۇمكىن.

ئىش يۈزىدە، ئۇنىڭ «قىسقىچە مۇلاھىزە» ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشى مۇشۇنداق «نەسرى ئەدىبىياتتىكى ئاخمىقانە سوزلەر» بىلەنلا چەكلەنگەن. بەختكە قارشى، ئىش ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئىدى: 1609 ـ يىلىلا يەنى «قىسقىچە مۇلاھىزە» مەيدانغا چىقىشتىن 4 يىل بۇرۇن، توماس ماننىڭ «ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان بىلەن بولغان سودىسى توغرىسىدا»سى ئېلان قىلىنغان ئىدى.[130] بۇ ئەسەر 1 ـ نەشرىدىلا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، يەنى ئۇ شۇ زاماندا ئەنگلىيىدە دۆلەتنىڭ سىياسىتى سۈپىتىدە قوغدىلىۋاتقان ئىپتىدائى **پۇل تۈزۈمىگە** ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ جۇڭگۇشاگىجۇيى تىشىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى تىشىسىگە قارىتا قىلىنغان ئاڭلىق **ئۆز ئۆزىدىن ئاجرىشىغا** ۋەكىللىك قىلغان ئىدى. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن بىرقانچە

قېتىم نەشىر قىلىنغان ھەمدە قانۇن چىقىرىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. كېيىن ئاپتور پۇتۇنلەي ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن 1664 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان «ئەنگلىيىنىڭ تاشقى سودىدىن ئالىدىغان بايلىقى» دېگەن كىتاپ 100 يىل داۋامىدا جۇڭگوشاڭجۇيىنىڭ ئىنجىلى بولۇپ كەلدى. دېمەك، جۇڭگوشاڭجۇيىدا «دەرۋازىغا يېزىلغان مەلۇم بىر كۆرسەتكۈچ» سۈپىتىدە دەۋر بولگۈچ بىر ئەسەر بار بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئەسەر تۇماس ماننىڭ ئەسىرى، دەل شۇنداق بولغاچقا، بۇ كىتاپ ھەرگىز ديۈرىڭ ئەپەندىگە خاس «تەرتىپ مۇناسىۋەتلىرىنى كوڭۇل قويۇپ كۆزىتىدىغان تارىخ» ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس.

ھازىرقى زامان سىياسى ئىقتىسادىنىڭ ئاساسچىسى **پېتتى** توغرىسىدا ديۈرىڭ ئەپەندى بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ئۇ

«خېلى شاللاق تەپەككۇر ئۇسۇلى»غا ئىگە، بەلكى «ئۇقۇملارنىڭ ئىچكى ۋە تېخىمۇ نازۇك پەرقلىرىنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ»......«ئۇ چاققان، يەنى كەڭ بىلىمگە ئىگە، ئەمما ئاسانلا بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، ھەرقانداق چوڭقۇر ئىدىيە ئۈستىدە تولۇق تەتقىقات يۈرگۈزمەيدۇ»......ئۇ «خەلق ئىگىلىكى ئۈستىدە ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ» ھەم «بىر خىل باللىق مىجەزى بار، بۇنداق باللىق مىجەزگە قارشى سېلىشتۇرما......گايىدا ئەستايىدىللىراق مۇتەپەككۇرنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ».

«ئەستايىدىلراق مۇتەپەككۇر» ديۈرىڭ ئەپەندى «پېتتى دېگەن بىر كىشى»گە كوڭۇل بولگەن، بۇ نىمە دېگەن ئالىجاناپ كەمتەر پوزىتسىيە! ئەمىسە ديۈرىڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا قانداق كوڭۇل بولىدۇ؟ پېتتىنىڭ

«ئەمگەك ھەتتا ئەمگەك ۋاقتى قىممەتنىڭ ئۆلچىمى دىگەن مۇلاھىزىلىرى» توغرىسىدا «ئۇنىڭ كىتاۋىدا...... مۇكەممەل بولمىغان ئىزلارلا ئۇچرايدۇ.»

پېتتىنىڭ بۇنداق مۇلاھىزىلىرى توغرىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كىتاۋىدا پەقەت ئەنە شۇ بىر ئېغىز سوزلا تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنىمە يوق. ھەقىقەتەنمۇ مۇكەممەل بولمىغان ئىزلار. پېتتى ئۆزىنىڭ «باج-سېلىق توغرىسىدا» (1662-يىل 1-نەشرى) 131
دىگەن ئەسىرىدە شاگېپىن قىممىتىنىڭ مىقتارىنى ئىنتايىن ئېنىق ۋە توغرا تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ ھە دىگەندىلا قىممەتنىڭ مىقتارىنى تېگىشلىك تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئېسىل مېتاللار بىلەن ئاشلىقنىڭ ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئېسىل مېتاللارنىڭ قىممىتىگە بىرىنچى ۋە شۇنداقلا ئاخىرقى «نەزىرىيىۋى» تەبىر بېرىدۇ. بەلكى ئۇ يەنە شاگېپىننىڭ قىممىتىنىڭ **تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك** (equal labour) بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىغىنى ئېنىق قىلىپ ۋە يىغىنچاق قىلىپ سوزلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتىنى تۈرلۈك ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قوللىنىدۇ ھەمدە بەزى چاغلاردا ھەرقايسى سورۇنلاردا ۋە ھەر خىل ئەسەرلەردە ھەتتا بۇ توپ قائىدە تەكرارلانمىغان جايلاردىمۇ بۇ توپ قائىدىدىن موھىم خۇلاسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىلا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن، بۇ نۇقتا (تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك ئارقىلىق باھالاش) ھەرقايسى قىممەتنى تەڭپۇڭ قىلىش ۋە ئۆلچەشنىڭ ئاساسى①، دەپ

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ماركس قويغان، — تەھرىردىن

كېيىپ ئېيتىمەن؛ ئەمما ئۇنىڭ ئۇستۇرۇلمىسىدا ۋە ئەمەلدە تەتبىق قىلىنىشىدا ئەھۋالنىڭ خىلمۇ-خىل ۋە چىگىش-مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن.»

كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، پېتتى ئوزىنىڭ كەشپىياتىنىڭ موھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت تەتبىق قىلىنىشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاڭقارغان. شۇڭا، بەزى كونكرېت مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ باشقا بىر يولغىمۇ مېڭىپ باققان.

يەر بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى تەبىي تەڭلىك مۇناسىۋىتى (a natural Par) نى تېپىپ چىقىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن قىممەت، خالىغىنىمىزچە، «ئىككىسىنىڭ بىرىدە ياكى ئەڭ ياخشىسى ھەر ئىككىسىدە» ئىپادىلەنسۇن.

بۇ ئادىششنىڭ ئوزى تالانتلىقلىق.

دىيۇرىڭ ئەپەندى پېتتىنىڭ قىممەت نەزىرىيىسىگە ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن باھانى بېرىدۇ:

«ئەگەر ئۇنىڭ ئوزى تېخىمۇ ئىنچىكىرەك پىكىر يۈرگۈزگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئىلگىرى ئېيتىلغان قارىمۇ-قارشى قاراشنىڭ ئىزلىرىغا كىشىلەرنىڭ باشقا جايلاردا يولۇقۇشى زادىلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى»؛

بۇ شۇنداق دىگەنلىك بولىدۇكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى «ئىلگىرى» «ئىزلار»نىڭ «مۇكەممەل بولمىغان»لىغىنى تىلغا ئالغاندىن تاشقىرى، باشقا ھېچنەرسە دىمىگەن. بۇ — دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى، ئۇ «ئىلگىرى» قىلچە مەزمۇنى بولمىغان سوز بىلەن بىرەر نەرسىنى ئىشارە قىلىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىدى، «كېيىن» كىتاپخانلارنى، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئىشنىڭ موھىم نۇقتىسىنى «ئىلگىرى»لا بىلىپ بولغان ئىكەن، دەپ ئىشەندۇرۇش،

ئىش يۈزىدە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاپتور بۇنداق موھىم نۇقتىدىن ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

بىز ئادام سىمىتنىڭ كىتاۋىدىن قىممەت ئۇقۇمى توغرىسىدىكى «قارىمۇ ـ قارشى قاراشنىڭ ئىزلىرى»نى كورۇپلا قالماي، قىممەت توغرىسىدىكى ئوتتۇر قارىمۇ ـ قارشى قاراشلارنىڭ ئىككى خىلىنى كورۇپلا قالماي، بەلكى ئۈچ خىلىنى، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا ھەتتا توت خىلىنى كورىمىز، بۇ قاراشلار ئۇنىڭ كىتاۋىدا تېچ ـ ئامان بىللە مەۋجۇت بولۇپ ۋە گىرەلىشىپ تۇرىدۇ. سىياسى ئىقتىساتنىڭ ئاساسچىسىدا بۇنداق ئەھۋالىنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەبىي ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىزدىنىشى، تەجرىبە قىلىشى، ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدىيىنىڭ قالايمىقانچىلىق ھالىتى بىلەن كۈرەش قىلىشى مۇقەررەر ئىدى، ئەمما، 150 يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلغان تەتقىقاتنى (بۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرى قىسمەن ھالدا كىتاپتىن ئومۇمى ئاڭغا كىردى) تاللاپ يىغىنچاقلىغان يازغۇچىدا بۇ ئىشنىڭ كورۇلۇشى بولسا ئىنتايىن غەلىتە ئىش. ئەمدى بىز چوڭ ئىشتىن كىچىك ئىشقا ئوتىمىز، يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتكىنىمىزدەك، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئوزىمۇ، خالىغاننى تالللىۋې-لىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالدىمىزغا 5 خىل ئوخشاش بولمىغان قىممەتنى ھەمدە شۇ ساندىكى قارىمۇ ـ قارشى قاراشنى قويىدۇ. تەبىكى، «ئەگەر ئۇنىڭ ئوزى تېخىمۇ ئىنچىكىرەك پىكىر يۈرگۈز-گەن بولسا»، ئۇ ئوزىنىڭ كىتاپخانلىرىنى پېتتىنىڭ قىممەت توغرىسىدىكى ناھايىتى ئېنىق قاراشلىرىدىن چەتلىتىپ، تامامەن قالايمىقانچىلىققا كىرگۈزۇشكە شۇنچىۋالا كۈچ سەرپ قىلمىغان بولاتتى.

پېتتىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل، بىر گەۋدە قىلىنغان ئەسىرى ئۇنىڭ «پۇل توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»سى بولۇپ، بۇ كىتاب ئۇنىڭ «ئىرلاندىيىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ كۆرۈش» دېگەن كىتاۋى نەشر قىلىنىپ 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1682 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (كېيىنكى كىتاب دىيۇرىڭ ئەپەندى «تازا تارقىلىپ يۈرگەن، قېتىش ـ قوماش قۇراشتۇرۇلغان دەرسلىك»تىن كوچۇرۇۋالغان 1691 ـ يىلدا ئەمەس، 1672 ـ يىلى «تۇنجى قېتىم» نەشر قىلىنغان) [132]. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە بولغان جۇڭشاڭجۇيىلىق قاراشلارنىڭ ئاخىرقى ئىزلىرى بۇ يەردە پۈتۈنلەي يوقالغان. مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن ئېيتقاندا، بۇ ــ بەت سانى كوپ بولمىغان ئېسىل ئەسەر؛ دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەتتا بۇ كىتابنىڭ نامىنىمۇ تىلغا ئالمايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي تەبىي ئەھۋال، چۈنكى ھاكاۋۇر، باشقىلارغا ئۇستازلىق قىلىشنى ياخشى كورىدىغان چاكىنا كىشى ئەڭ تالانتلىق ۋە ئەڭ ئوزگىچە قاراشقا ئىگە ئىقتىسادىي تەتقىقاتچىغا قارىتا؛ نەزىرىيىۋى ئىدىيىنىڭ ئۈچقۇنلىرى رەتلىك ھالدا تەييار «گوڭلى» سۈپىتىدە ھاكاۋۇرانە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى پەقەت «خام-خۇتا» ئەمەلىي ماتېرىياللار ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن، مەسىلەن، ئىجارە بېجى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىن چېچىلاڭغۇ ھالدا ئېتىلىپ چىقىدۇ دەپ، ئوزىنىڭ قاتتىق غەزەپكە تولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشنىلا، ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى پېتتىنىڭ ھەقىقى ئىقتىساتشۇناسلىق ئەسىرىگە ئەنە شۇنداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ، پېتتىنىڭ «سىياسى ھېساپ»نى يەنى ئادەتتە ئېيتىلىپ كەلگەن تۇڭجىنى ئىجات قىلغانلىقىغىمۇ ئەنە شۇنداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇ پېتتىنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ

غەلىتىلىكىگە قارىتا يامان غەرەز بىلەن مۈرىسىنى قىسىپلا قويىدۇ! ئەگەر بىز 100 يىلدىن كېيىن ھەتتا لاۋاسىيېنىڭ بۇ ساھەدە قوللانغان ئاجايىپ ئۇسۇللىرىنى[133] ئەسكە ئالساق، ئەگەر بىز ھازىرقى تۆگجىنىڭ پېتتى ئۇنىڭغا ئىخچام ئوتتۇرىغا قويغان مەقسەتتىن ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالساق، ئۇ ھالدا، 200 يىلدىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى ئەقىللىق ھېساپلايدىغان تەكەببۇرلۇق پەدەزلىكلى بولمايدىغان ئاخماقلىقنىلا كۆرسەتكەن بولۇپ چىقىدۇ.

پېتتىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىدىيىلىرى — بۇ دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «كارخانا»سىدا كۆزگە ئىنتايىن ئاز چېلىقىدۇ — دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە، ئۇششاق - چۈششەك ئويلار، تاسادىپى پىكىرلەر ۋە مۇنداقلا بايان قىلىنغان پىكلۇنلاردىنلا ئىبارەت، ئۇلارغا پەقەت بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىنغان نەقىللەر ئارقىسىدىلا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزىدە زادىلا بولمىغان مەنىلەرنى بېرىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار **ھەقىقى** سىياسى ئىقتىسات تارىخىدىمۇ ھېچقانداق رول ئوينىماي، پەقەت دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تۈپ خاراكتېرلىق پىپەننىڭ ۋە «ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخي بايانىنامە»سىنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھازىرقى زامان كىتاپلىرىدىلا رول ئوينايدۇ. دېيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «كارخانا»سىدا كۆرىدىغان كىتاپخانىلار تۈپى پەقەت قارغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىدىغان، دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايدىغان كىشىلەر ئوخشايدۇ. مەن تېزلىكتىلا بۇ مەسىلىگە قايتىمەن (لوك بىلەن نورس ئۈستىدە توختالغاندا)، ئەمما ھازىر ئالدى بىلەن بۇئاگىلبېر ۋە لاۋغا

قاراپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇئاگىلبېر توغرىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بىردىن ـ بىر كەشپىياتىنى كورسىتىپ ئۆتسەكلا بولىدۇ. ئۇ بۇئاگىلبېر بىلەن لاۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرى بايقالمىغان باغلىنىشلارنى تاپتى. ئۇ مۇنداق: بۇئاگىلبېر، ئېسىل مېتاللار شاكلىن ئايلىنىشىدا نورمال پۇل جىژنىكىنى ئىجرا قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىناۋەتلىك پۇل (un morceau de papier [بىر قەغەز پارچىسى]) ئېلىشى مۇمكىن ئىدى[134]، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، لاۋ، بۇ «ئۇششاق قەغەز پارچىلىرى»نىڭ ھەرقانداق «كۆپەيتىلىشى» دۆلەتنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىپ، بۇئاگىلبېردا

«پىكىرنىڭ بىرىشى جۇڭشاڭجۇيىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇشىنى ئوز ئىچىگە ئالغان»

دەيدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، لاۋنى ئوز ئىچىگە ئالغان. بۇ توۋەندىكى سوز بىلەن ئىنتايىن ئېنىق ئىسپاتلىنىدۇ:

«"نوقۇل ئۇششاق قەغەز پارچىلىرى"غا ئېسىل مېتاللارنىڭ ئويناشقا تېگىشلىك رولى بېرىلىدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا، جۇڭشاڭجۇيىنىڭ شەكتەي ئۆزگىرىشى دەرھال ئورۇنلىنىدۇ.»

مانا شۇنداق ئۇسۇل بىلەن، ئاكىنى يەڭگىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ شەكتەي ئۆزگىرىشىنىمۇ شۇ زاماتىلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. گەرچە دىيۇرىڭ ئەپەندى تەمكىن ھالدا:

«ئەلۋەتتە، بۇئاگىلبېردا بۇنداق ئارزۇ يوق» دەپ قوشۇپ قويىسىمۇ.

ئەمما، شەيتان ئالغۇر، ئېسىل مېتاللار ئەنە شۇنداق رولدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئورنىنى قەغەز پارچىلىرى ئالىدۇ دەپ ھېساپلىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنىڭ ئېسىل مېتاللارنىڭ پۇللۇق رولى توغرىسىدىكى

ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراشلىرىنىڭ ئورنىغا جۇڭشاڭجۇيىچىلارنىڭ خۇراپى قاراشلىرىنى قويۇش ئارزۇسىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭدا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

بىراق، ديۇرىڭ ئەپەندى يەنىلا جىددى كۆلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ تۇرۇپ، سوزىنى داۋام قىلىدۇ:

«لېكىن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزنىڭ ئاپتور بەزى جايلاردا ھەقىقى دەل جايىدا بولغان پىكىرلەرنى راستلا بايان قىلالىغان» (83 ـ بەت).

لاۋ توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى پەقەت تۇۋەندىكى مۇنداق «ھەقىقى دەل جايىدا بولغان پىكىرلەر»نىلا ئېيتالايدۇ:

«روشەنكى، لاۋمۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئاساسنى (يەنى "ئېسىل مېتاللاردىن ئىبارەت ئاساسنى") مەڭگۇ پۇتۇنلەي تاشلىۋېتەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى ئاخىرقى چەككە يەتكۈزىدۇ، دېمەك، پۇتۇن تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشىگە يەتكۈزىدۇ» (94 ـ بەت).

ئەمەلىيەتتە، قەغەز كېيىنەكلەر يەنى نوقۇل پۇل بەلگىلىرىنىڭ جامائەت ئىچىدە ئۇچۇپ يۇرۇشى ئېسىل مېتاللارنىڭ ئاساسىنى «تاشلىۋېتىش» ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنى جامائەتنىڭ چەندازىسىدىن قۇرۇقدىلىپ قالغان دولەت غەزنىسىگە كىرگۇزۇش ئۇچۇن.135

پېتتى ئۇستىدە ۋە ديۇرىڭ ئەپەندى ئىقتىساتشۇناسلىق تارىخىدا ئۇنىڭغا ئويناتقان كىچىككىنە رول ئۇستىدە قايتىپ كېلىپ توختالغان چاغدا، بىز ئالدى بىلەن، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ پېتتىنىڭ بىۋاستە داۋامچىسى بولغان لوك ۋە نورس توغرىسىدا بىزگە نىمىلەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىگىنى ئاڭلاپ باقايلى. لوك يازغان «ئۇسۇمنى تۇۋەنلىتىش ۋە پۇل قىممىتىنى ئۇستۇرۇش توغرىسىدا» بىلەن

نورس يازغان «سودا توغرىسىدا» بىر يىلىدىلا يەنى 1691 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

«ئۇنىڭ (لوكىنىڭ) ئۇسۇم ۋە قۆيما پۇل توغرىسىدا يازغان نەرسىلىرى جۇڭشاڭجۇيى هوكۇمران ئورۇنىنى ئىگەللىگەن دەۋردە تارقالغان، دولەت هاياتىدىكى ۋەقەلەر بىلەن ئالاقىدار بولغان پىكىر يۈرگۈزۈش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن.» (64 ـ بەت)

ئەمدى، لوك يازغان «ئۇسۇمنى تۆۋەنلىتىش»نىڭ نىمە ئۈچۈن 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فرانسىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ سىياسى ئىقتىسادىغا شۇنچە زور تەسىر كورسەتكەنلىكى، يەنە كېلىپ كوپ تەرەپلىمە تەسىر كورسەتكەنلىگى بۇ «دوكلات»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تامامەن ئېنىق بولغان بولۇشى كېرەك.

«ئۇسۇم نورمىسى ئەركىنلىگى توغرىسىدا نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ئوخشاپ كېتىدىغان (لوكىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان) پىكىرلەردە بولدى، ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق خاهىشلار پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنى ئۇسۇمنى چەكلەش ئۇنۇم بەرمەيدۇ دەيدىغان قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدى. دادلى نورس دىگەن بىر كىشى ئەركىن سودا روهى بويىچە «سودا توغرىسىدا»نى يازالىغان ۋاقىتتا، ئۇسۇمنى چەكلەشكە قارشى بولغان نەزىرىيىنىڭ مەلۇم غەلىتە خەۋەر بولۇپ قېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىك ئۈچۈن چوقۇم ناهايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر تارقىلىپ بولغان ئىدى.» (64 ـ بەت)

شۇنداق قىلىپ، لوك ئۇسۇم ئەركىنلىگى نەزىرىيىسىنى ئېلان قىلىش ۋە «غەلىتە خەۋەر» بولمىغان نەرسىلەرنى سوزلەش ئۈچۈن، بەزىبىر زامانداش «تىجارەتچىلەر»نىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلسىلا ياكى شۇ ۋاقىتتا «تارقالغان» ناهايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولۇۋالسىلا كۇپايە قىلاتتى! لېكىن ئەمىلىيەتتە، 1662 ـ يىلى پېتتى ئوزد-

نىڭ «باج-سېلىق توغرىسىدا»سىدا، ئۇسۇمنى يەنى بىز جازانە دەپ ئاتايدىغان پۇل ئىجارىسى (rent of money which we call usury)نى يەر ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسى (rent of land and houses) بىلەن سېلىشتۇرغان ئىدى ھەمدە پۇل ئىجارىسىنى (ئەلۋەتتە يەر ئىجارىسى ئەمەس) قانۇن بىلەن تۇۋەنلەتمەكچى بولغان پومېشچىكلارغا تەبىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يازما ھەق تەلەپ قانۇننى جاكالاشنىڭ قۇرۇق ئاۋارىچىلىق (the vanity and fruitlessness of making civil positive law against the law of nature) [136] ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پېتتى ئۆزىنىڭ «پۇل توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» (1682-يىل) دېگەن كىتاۋىدا، قانۇننىڭ ئۇسۇمنى تەڭشىشى ئېيسل مېتاللارنىڭ چەتكە چىقىرىلىشىنى تەڭشىشگە ياكى قەرەللىك چەكنىڭ تاختاي باھاسىنى تەڭشىشگە ئوخشاشلا دېۋەڭلىك بولىدۇ، دەپ جاكالىغان ئىدى. شۇ ئەسىردە ئۇ يەنە پۇل قىممىتىنىڭ ئۇستۇرۇلۇشى ھەققىدە (مەسىلەن، يېرىم شىللىڭنى بىر شىللىڭ نامىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىر ئۇنتسىيە كۈمۈچتىن ئىككى ھەسسە مىقداردا شىللىڭ قۇيۇشقا توغرا كېلىدۇ) مەڭگۈ ئۆلچەملىك ئەھمىيەتكە ئىگە قاراشلارنى ئېيتقان ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا، لوك بىلەن نورس ھەممىنى دېگۈدەكلا پېتتىدىن كوچۈرۈۋالدۇ. ئۇسۇم توغرىسىدا لوك يەنىلا پېتتىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، پۇل ئۇسۇمىنى يەر ئىجارىسى بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ، نورس بولسا يەنمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇسۇمنى كاپىتال ئىجارىسى (rent of stock) سۈپىتىدە يەر ئىجارىسى بىلەن قارىمۇ-قارشى قويىدۇ، كاپىتالىستلار [Stocklords]نى پومېشچىكلار [Landlords]بىلەن

قارىمۇ ـ قارشى قويىدۇ137. لېكىن، پۈتتى تەلەپ قىلىنغان ئۇسۇم ئەركىنلىكىنى لوك پەقەت شەرتلىك، نورىس بولسا شەرتسىز قوبۇل قىلىدۇ.

دىيۇرىلڭ ئەپەندى ـــ ئۇنىڭ ئۆزى يەنىلا «تېخىمۇ نازۇك» مەنىدىكى ئوتتۇپ كەتكەن جۇڭشاڭجۇيىچى بولسىمۇ، ـــ دادىلى نورىسنىڭ «سودا توغرىسىدا»سىغا «ئەركىن سودا روھى» بويىچە يېزىلغان دەپ باھا بېرىپ، ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. بۇ بىراۋنىڭ ھارۋىي ھەققىدە سوزلىگەندە، ئۇ قان ئايلىنىشى نەزىرىيىسى «روھى» بويىچە يېزىپتۇ، دىگىنىگە ئوخشاش. نورىسنىڭ ئەسىرى ـــ ئۇنىڭ باشقا توھپىلىرىنى قويۇپ تۇرغاندا ـــ ئەركىن سودا (ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئالاقىلىرى) تەلىماتى توغرىسىدىكى كىلاسسىك، باشتىن ـ ئاياق ئىزچىل مۇلاھىزە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، 1691 ـ يىلىدا بۇ راستىلا «مەلۇم غەلىتە خەۋەر» بولغان ئىدى!

بۇنىڭدىن تاشقىرى، دىيۇرىلڭ ئەپەندى بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ:

نورىس بىر «سودىگەر» ئىدى، يەنە كېلىپ بىر ئەسكى نىمە ئىدى، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ «ھېچقانداق ماختاشقا سازاۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس».

ئۇ چاغ دەل قوغدىنىش چېگرا بېجى تۈزۈمى ئەنگلىيىدە ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋاقىت ئىدى، مانا شۇنداق ئەسەر رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغان ئەبلەخلەرنىڭ «ماختاش»لىرىغا قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن! شۇنداقتىمۇ بۇ ھال شۇ ئەسەرنىڭ نەزىرىيە جەھەتتە دەرھال تەسىر كورسىتىشىگە توسالغۇ بولمايدۇ، بۇ تەسىرنى ئۇزاق ئوتمەيلا ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان (بىر قىسمى 17 ـ ئەسىردىلا نەشر

قىلىنغان ئىدى) بىر قاتار ئىقتىسادىي ئەسەرلەردە كۆرگىلى بولىدۇ.

لوك ۋە نورس توغرىسىدىكى مىساللار بىزگە مۇنۇ ئىسپاتىنى بېرىدۇ: پېتتىنىڭ سىياسى ئىقتىساتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك ئېلىپ بارغان دەسلەپكى باتۇرانە سىناقلىرى ئۇنىڭ ئەنگلىيەدىكى داۋامچىلىرى تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ قوبۇل قىلىنغان ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىنغان. 1691 - يىلدىن 1752 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە بۇ جەرياننىڭ ئىزلىرى ھەتتا ئەڭ يۈزەكى كۆزەتكۈچى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن روشەن ئىدى، چۈنكى بۇ مەزگىلدىكى موھىم ئىقتىسادىي ئەسەرلەر، مەيلى پېتتىنى ياقلىغان بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان بولسۇن، ھامان پېتتىغا بېرىپ تاقىلاتتى. دېمەك، نۇرغۇن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار چىققان بۇ مەزگىل، سىياسى ئىقتىسات ئۇستىدىكى تەتقىقاتنىڭ پەيدىن - پەي ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم مەزگىل بولغان ئىدى. «ئۇلۇق ئۇسلۇپقا ئىگە تارىخىي بايانىنامە»، ماركس كەچۈرگۈسىز گۇنا ئۆتكۈزدى، يەنى پېتتىغا ۋە شۇ مەزگىلدىكى باشقا يازغۇچىلارغا «كاپىتال»دا شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ، بۇ «تارىخىي بايانىنامە»نىڭ ئۆزى بولسا ئۇلارنى ئاددى ھالدا تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ «تارىخىي بايانىنامە» لوك، نورس، بۇئاگىلبېر ۋە لاۋدىن جۇڭنۇڭشۇپەيگە توغرىدىن-توغرا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سىياسى ئىقتىساتنىڭ ھەقىقى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا داۋىد يۇم پەيدا بولىدۇ. بىز، دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ رۇخستى بىلەن، يىللارنىڭ تەرتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، شۇڭا يۇمنى جۇڭنۇڭشۇپەينىڭ ئالدىغا قويىمىز.

يۇمنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقتا ئائىت «مۇلاھىزىلەر مەجمۇئەسى» 1752 ـ يىلى نەشر قىلىنغان[138]. «پۇل توغرىسىدا»، «سودا بالانىسسى توغرىسىدا»، «سودا توغرىسىدا» دىگەن بىر گۇرۇپپا ماقالىلاردا يۇم ھەر بىر قەدەمدە، كوپىنچە ھەتتا غەلىتە ئوي ـ پىكىرلىرىدىمۇ جەكوب ۋاندېرلىنتنىڭ «پۇل ھەممىگە قادىر» (1734 ـ يىلى لوندون نەشرى) دىگەن كىتاۋىغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى ئەشۇ ۋاندېرلىنتنى بىلمىگىنى بىلەن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنى ئادام سىمىتتىن كېيىنكى دەۋردە چىققان ئەنگلىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەسەرلىرىدە بەرىبىر ئۇ تىلغا ئېلىنغان.

ۋاندېرلىنتتا ئوخشاش، يۇممۇ پۇلنى نوقۇل قىممەت بەلگىسى دەپ قارايدۇ؛ ئۇ ۋاندېرلىنتنىڭ سودا بالانىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر بىرەر مەملىكەتكە زىيان ياكى پايدا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى سوزمۇ ـ سوز، جۈملىمۇ ـ جۈملە دىگۈدەك كوچۇرۇۋالىدۇ (بۇ نۇقتا ناھايىتى موھىم، چۈنكى ئۇنىڭ قىممەت بەلگىسى نەزىرىيىسىنى باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەردىن كوچۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن)؛ ۋاندېرلىنتتا ئوخشاش، ئۇممۇ سودا بالانىسى تەڭپۇڭلۇغى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنداق تەڭپۇڭلۇق ھەرقايىسى مەملىكەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي ئەھۋالى بويىچە تەبىي ھالدا بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ۋاندېرلىنتتا ئوخشاش، ئۇممۇ ئەركىن سودىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن ئانچە باتۇرلۇق ۋە ئۇزۇل ـ كېسىللىك كورسەتمەيدۇ؛ ۋاندېرلىنتتا ئوخشاش، ئۇممۇ ئېھتىياجنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا تۇرتكە كۇچ ئىكەنلىگىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، لېكىن تېخىمۇ يۇزە شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئۇ ۋاندېرلىنتتا ئوخشاشلا خاتا ھالدا، بانكا پۇلى

ۋە دولەت چىقارغان بارلىق قىممەتكە ئىگە بېلەتلەر شاگىپىن باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ؛ ۋاندېرلىنتقا ئوخشاش، ئۇمۇ ئىناۋەتلىك پۇلغا قارشى تۇرىدۇ؛ ئۇ، ۋاندېرلىنتقا ئوخشاشلا، شاگىپىننىڭ باھاسى ئەمگەكنىڭ باھاسىغا يەنى ئىش ھەققىغە باغلىق، دەپ قارايدۇ؛ ئۇ ھەتتا ۋاندېرلىنتنىڭ، پۇل ساقلىنىشى شاگىپىننىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، دەپ قارايدىغان غەلىتە پىكىرلىرىنى كۆچۈرۈۋالىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇرۇنلا، بەزىلەر يۇمنىڭ پۇل نەزىرىيىسىنى خاتا چۈشەنگەن، دەپ مۇقەددەس يارلىقچە ۋالاقلىغان ئىدى، ئۇ، ماركس يۇمنىڭ نەزىرىيىسىنى خاتا چۈشەنگەنىڭ ئۈستىگە، «كاپىتال»دا ساقچىلىق تەرتىۋىگە خىلاپ ھالدا يۇمنىڭ ۋاندېرلىنت ۋە ج. ماسسى بىلەن خۇپىيانە باغلىنىشى ئۈستىدە توختالغان،① دەپ ماركسنى ئالاھىدە دوق بىلەن تىلغا ئالىدۇ؛ ماسسى توغرىسىدا كېيىن يەنە توختىلىمىز.

خاتا چۈشەنگەن دىگەنگە كەلسەك، ئەھۋال مۇنداق. يۇمنىڭ ھەقىقى پۇل نەزىرىيىسى بويىچە، پۇل قىممەت بەلگىسىدىنلا ئىبارەت، شۇڭا باشقا شارائىت ئوخشاش بولغان ۋاقىتتا، شاگىپىننىڭ باھاسى ئايلىنىشتىكى پۇل مىقتارىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بويىچە ئۆرلەيدۇ، شۇنداقلا ئايلىنىشتىكى پۇل مىقتارىنىڭ ئازىيىش نىسبىتى بويىچە تۆۋەنلەيدۇ، بۇ پۇل نەزىرىيىسى توغرىسىدا، دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىگە خاس

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 3 ـ باپ، 2 ـ بولۇم، b غا ۋە 14 ـ باپقا قارالسۇن. — تەرجىماندىن

چەۋەنـدازلارچە بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان تەقدىردىمۇ، ئۇزىنىڭ پېشىۋالىرىنىڭ خاتا قاراشلىرىنىلا تەكرارلايدۇ. بىراق يۇم يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان نەزىرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇزىگە قارىتا مۇنداق باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (مونتېسكيۇمۇ[139] ئەنە شۇنداق ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلىپ، شۇنداق باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى):

«قىلچە شۇبھە يوقكى»، ئامېرىكا قىتئەسىدە ئالتۇن-كۈمۈچ كانلىرى تېپىلغاندىن بۇيان، «بۇ كانلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ سانائىتىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سانائىتى»مۇ تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇنداق تەرەققىياتنىڭ «سەۋەپلىرىدىن بىرىمۇ ئالتۇن-كۈمۈچنىڭ كوپەيگەنلىكى ئىدى».

بۇنداق ھادىسىنى ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۇرىدۇ:

«گەرچە شائىپىن باھاسىنىڭ ئورلەپ كېتىشى ئالتۇن-كۈمۈچىنىڭ كوپىيىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولسىمۇ، لىكىن بۇنداق ئورلەپ كېتىش بۇنداق كوپىيىشنىڭ كەينىدىلا كەلمەيدۇ، بەلكى بۇنىڭغا پۇل پۈتۈن مەملە-كەتتە ئايلىنىپ يۈرگەن ۋە ھەر ساھەدىكى خەلققە ئۇزىنىڭ تەسىرىنى ھىس قىلدۇرغان ۋاقىتقىچە بىر ئاز ۋاقىت لازىم بولىدۇ.» بۇ ئارىلىقتا ئۇ سانائەتكە ۋە سودىغا ياخشى تەسىر كورسىتىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىنىڭ ئاخىرىدا، يۇم نىمە ئۇچۇن بۇنداق تەسىرنىڭ بولىدىغانلىغىنى بىزگە ئىزاھلاپ بېرىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئىزاھى ئۇزىنىڭ نۇرغۇن پېشىۋالىرىنىڭكىگە ۋە زامانداشلىرىنىڭكىگە قارىغاندا كوپ دەرىجىدە بىر تەرەپلىمە بولسىمۇ:

«پۇلنىڭ پۈتۈن جەمىيەت ئارقىلىق ھەركەت قىلىشىنى كۈزىتىش ناھايىتى ئاسان؛ كۈزىتىش ۋاقىتدا بىز پۇلنىڭ ئەمگەكنىڭ باھاسىنى

ئوستۇرۇشتىن① ئىلگىرى ھەر بىر كىشىنىڭ ئىجتىھاتچانلىقىغا جەزمەن ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى كورىمىز.» 140

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇم بۇ يەردە ئېسىل مېتاللارنىڭ قىممىتىدە بولىدىغان ئىنقىلاپنىڭ تەسىرىنى يەنى ئۇلارنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ تەسىرىنى دېمەك ئېسىل مېتاللار **قىممەتىنىڭ ئۆلچىمى** بولغاندا بولىدىغان ئىنقىلاپنىڭ تەسىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ شاكىپىن باھاسى پەيدىن-پەي تەكشۈك بولغان ئەھۋالدىلا، بۇنداق قىممەتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىلا «ئەمگەك باھاسىنى ئوستۇرىدۇ»غانلىقى يەنى ئىش ھەققىنى ئوستۇرىدىغانلىقىنى؛ شۇڭا ئۇنىڭ ئىشچىلارنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا سودىگەرلەر ۋە سانائەتچىلەرنىڭ پايدىسىنى كوپەيتىدىغانلىقى (ئۇنىڭچە، بۇ—تەبىي ئەھۋال) ھەم شۇنداق قىلىپ «ئىجتىھاتچانلىققا ئىلھام بېرىدۇ»غانلىقىنى توغرا ئېچىپ بېرىدۇ. بىراق ئۇ ھەقىقىي ئىلمىي مەسىلىنى—ئېسىل مېتاللار بىلەن تەمىنلەشنىڭ كوپىيىشى، ئۇلارنىڭ قىممىتى ئوزگەرمىگەن ئەھۋالدا، شاكىپىنىنىڭ باھاسىغا تەسىر كورستەمدۇ، يوقمۇ، كورسەتسە، قانداق كورستىدۇ، دىگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان؛ ئۇ «ئېسىل مېتاللارنىڭ **"ھەرقانداق"** كوپىيىشى»نى ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دېمەك، يۇمنىڭ قىلغانلىرى دەل ماركس يۇم قىلدى دىگەن ئىشلار-دىنلا ئىبارەت («سىياسى ئىقتىسات پېپەنگە دائىر»، 173-بەت)②.

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ماركس قويغان. — تەھرىردىن

② «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 150 — 151-بەتلەرگە قاراڭ. — تەرجىماندىن

بىز بۇ ھەقتە توۋەندە يەنە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز، ئەمما ئاۋال يۇمنىڭ «ئۇسۇم توغرىسىدا»سىغا قاراپ چىقايلى.

يۇمنىڭ لوكقا بىۋاستە قارشى قويغان دەلىلنى يەنى ئۇسۇم نەق بار پۇل مىقتارى بىلەن ئەمەس، بەلكى پايدا نورمىسى بىلەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ دىگەن دەلىلنى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇم نورمىسىنىڭ يۇقۇرى - توۋەن بولۇشنى بەلگىلەيدىغان سەۋەپلەر توغرىسىدىكى باشقا ئىزاھلىرىنى — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسنى 1750 - يىلدىلا يەنى يۇمنىڭ ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «تەبىي ئۇسۇم نورمىسنى بەلگىلەيدىغان سەۋەپلەر توغرىسىدا. ۋىليام پېتتى جۇنىشىنىڭ ۋە لوك ئەپەندىنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تەكشۇرۇش» دىگەن كىتاپتىن تاپقىلى بولىدۇ، بۇ كىتاپ مۇلاھىزە يۇرگۇزۇش جەھەتتە كوپ توغرا، ئەمما ئەدىبىي جەھەتتىن ناچارراق ئىدى. بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى ج. ماسسى بولۇپ، ئۇ ھەر تەرەپلىمە يازغۇچى ئىدى، ئۇنىڭ كىتاپخانىلىرى ناھايىتى كوپ ئىدى، بۇنى شۇ زاماندا ئەنگلىيىدە چىققان ئەسەرلەردىن كورگىلى بولىدۇ. ئادام سمىتنىڭ ئۇسۇم نورمىسى ھەققىدىكى ئىزاھى يۇمنىڭكىگە قارىغاندا ماسسىنىڭكىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. ماسسىمۇ، يۇممۇ — ئىككىلىسى ئۇز تەلىماتلىرىدا رول ئوينىغان «پايدا»نىڭ تەبىتى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيدۇ، ھېچنەرسىمۇ دىمەيدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە مۇنداق دەپ پەندى - نەسىھەت قىلىدۇ: «كىشلەر يۇمغا باھا بەرگەندە، كوپىنچە ئۇنىڭغا ھامان بەكمۇ بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا زادىلا بولمىغان ئىدىيىلەرنى ئۇنىڭغا يۇكلەپ قويىدۇ.»

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى بىزگە ئەنە شۇنداق «مۇئامىلە»نىڭ بىر قاتار روشەن مىساللىرىنى بېرىدۇ.

مەسىلەن، يۇم ئۇسۇم توغرىسىدادا سوزنى مۇنداق باشلايدۇ:

«بىرەر مىللەتنىڭ گۈللىنىش ھالىتىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بەلگىسى — ئۇسۇم نورمىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بۇ—پۈتۈنلەي مۇۋاپىق پىكىر، گەرچە، مېنىڭچە، بۇنداق ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەپ باشقىلارنىڭ ئادەتتە ئويلىغانلىرىدىن باشقىچىراق بولىسمۇ.»141

شۇنداق قىلىپ، يۇم بىرىنچى جۈملىدىلا، ئۇسۇم نورمىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىرەر مىللەتنىڭ گۈللىنىش ھالىتىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بەلگىسى، دىگەن قاراشنى دەلىل كەلتۈرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ زامانىنىڭ ئۆزىدىلا چىرىپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن ئادەتتىكى پاراڭ بولۇپ قالغان ئىدى. بەلكى، ئىش يۈزىدە، بۇ «ئىدىيە»نىڭ ئالەمگە تارقالغىنىغا چايلددىن بۇيان توپ-توغرا 100 يىل ئۆتتى. ئەمما:

«(يۇمنىڭ) ئۇسۇم نورمىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا ئاساسەن مۇنۇ ئىدىيە تەكىتلىنىشى كېرەك: ئۇسۇم نورمىسى ھالەت (قانداق ھالەت؟)نىڭ ھەقىقى چىكيۇيىياۋسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چىكيۇيىياۋنىڭ گىرادۇسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بولسا بىرەر مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ھېچبىر خاتاسىز دىگۇدەك بەلگىسى بولىدۇ.» (130 ـ بەت)

بۇ سوزلەرنى ئېيتقان «بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولغان»، مۇشكۈللۈككە چۈشۈپ قالغان «كىشى» كىم؟ باشقا كىشى ئەمەس، دەل دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى.

بۇنىڭ ئۇستىگە، بىزنىڭ پىپەنچى تارىخشۇناسىمىز يۇمنىڭ بىرەر خىل ئورۇنلۇق ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەندىن كېيىن «ھەتتا

ئۆزىنى شۇنداق ئىدىيىنىڭ ئىجاتچىسى دەپمۇ ئاتىمىغان»لىقىغا ئۆزىنىڭ گودەكلەرچە ھەيران بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئىش دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا كۆرۈلمىسە كېرەك.

كۆرۈپ ئۆتتۇقكى، يۇم ئىبسىل مىتاللارنىڭ ھەرقانداق كۆپىيىشىنى ئۇلارنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆز قىممىتىدە ئىنقىلاپ بولۇشىنى يەنى شاگىپىنىڭ قىممەت ئۆلچىمىدە ئىنقىلاپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كۆپىيىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق ئارىلاشتۇرۇۋېتىش يۇم ئۈچۈن مۇقەررەر ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىبسىل مىتاللارنىڭ **قىممەت ئۆلچىمى** بولۇش جىژنىڭنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق جىژنىڭنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ قىممەتنىڭ ئۆزىنى قىلچىلىكمۇ بىلمەيتتى. «قىممەت» دىگەن سۆز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەلكىم بىرلا يەردە چىقىدۇ، ئۇ يەردە ئۇ لوكنىڭ، ئىبسىل مىتاللاردا «خىيالىي قىممەتلا» بار، دىگەن خاتا قارىشىنى تۈزەتمەكچى بولىدۇ، نەتىجىدە تۈزەتكەنسىرى بۇزۇپ، ئىبسىل مىتاللاردا «ئاساسەن ساختا قىممەت» بار، دەپ ھىساپلاپ قويىدۇ.142

ئۇ بۇ مەسىلىدە پېتتى تۇگۇل ئۆزىنىڭ ئىنگلىز زامانداشلىرىچىلىكمۇ بولالمايدۇ. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ كونا پەدىسى بىلەن **«سودىگەرلەر»**گە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى پۈرژىنىسى دەيدۇ، بۇ نۇقتىنەزەرنى پېتتى ئاللىقاچانلا تاشلىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا يۇم بۇ نۇقتىدىمۇ ئوخشاشلا «ئارقىدا قالغان»لىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ باشقىلارنى يۇمنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە تەتقىق قىلغىنى «ئاساسىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر»

دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولغانلىغىغا كەلسەك، ئۇ ھالدا، كانتىللوننىڭ ئادام سمىت نەقىل كەلتۈرگەن ئەسىرى (بۇ ئەسەرمۇ يۇمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا 1752 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، ئەمما ئۇ چاغدا ئاپتورنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئىدى)[143]گە سېلىشتۇرساقلا، يۇمنىڭ ئىقتىسادىي ئەسەرلىرىنىڭ تار دائىرىلىك ئىكەنلىكىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالىمىز. خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك[1]، دېيۇرىڭ ئەپەندى يۇمغا ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى بەرگەن بولسىمۇ، ـــ يۇم سىياسى ئىقتىسات ساھەسىدىمۇ يەنىلا ھورمەتلەشكە ئەرزىيدىغان شەخس ئىدى ـــ لېكىن بۇ يەردە، ئۇ قانداقتۇ دەۋر بولگۇچ شەخس ھېساپلىنىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە تەتقىق قىلغۇچى دەپمۇ ھېساپلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەسىرىنىڭ شۇ زاماندىكى ئىلىم ساھەسىگە تەسىر كورسەتەلىگەنلىگىنىڭ سەۋەۋى ئاجايىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ شۇ زاماندا گۈللەنگەن سودا ـ سانائەتكە تەرەققىپەرۋەر ۋە ئۈمىتۋار

[1] «خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك» دېگەن سوزلەردە «ئىراق، نىمە ئۈچۈن يۇم......» دېگەن سوزدىن باشلىنىپ «......بۇنداق ئىقتىساتشۇناسلىق چولپان يۇلتۇزىنىڭ ئەھمىيىتى......شۇنچە كاچلىق بىلەن ئۈنچۈقماي كەلگەن ھەسەتخورلۇق ئارقىسىدىلا ھازىرغىچە سەل قارىلىۋېتىپتۇ» دېگەن سوز بىلەن ئاياقلىشىدىغان ئىككى ئابزاس سوز كوزدە تۇتۇلىدۇ (مۇشۇ كىتاپنىڭ 465 ـــ 466 ـ بەتلىرىگە قاراڭسۇن). بۇ ئىككى ئابزاس سوز 1 ـ نەشرى ۋە 2 ـ نەشرىدە «داۋىد يۇم پەيدا بولىدۇ» (مۇشۇ كىتاپنىڭ 454 ـ بەت تووەندىن 3 ـــ 4 ـ قۇرلىرىغا قاراڭسۇن)نىڭ كەينىدە كېلەتتى. ئېنگېلس 3 ـ نەشرىدە تېكىستنىڭ تەرتىۋىنى ئۆزگەرتكەندە بۇ سوزلەرنى ساقلاپ قالغان. ـــ تەھرىردىن

مەدھىيىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغانلىغى، باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، دېمەك شۇ زاماندا ئەنگلىيىدە چاپسان راۋاجلانغان كاپىتالىزىم جەمئىيىتىگە تەرەققىپەرۋەر ۋە ئۈمىتۋار مەدھىيىلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغانلىغى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ «ماختاش»لىرىغا سازاۋەر بولۇشى تەبىي ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشلا كۇپايە قىلىدۇ. دەل يۇمنىڭ زاماندا، ۋاستىلىك باج تۈزۈمىگە ئەنگلىيە خەلق ئاممىسىنىڭ نەقەدەر قاتتىق قارشى تۇرغانلىغىنى ھەركىم بىلىدۇ، بۇنداق تۈزۈمنى سېسىق نامى پۇر كەتكەن روبېرت ۋولپول يەر ئىگىلىرى ۋە بايلارنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنى پىلانلىق تۈردە يېنىكلىتىش ئۈچۈن يۈرگۈزگەن ئىدى. بىراق يۇم ئۆزىنىڭ «ئىجارە بېجى توغرىسىدا» («Of Taxes»)سىدا ئۆزىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مەۋجۇت يۆلەنچۈكى ۋاندېرلىنت ــ ۋاستىلىك باجىنىڭ ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرغۇچىسى، يەرگە سېلىق سېلىشنىڭ ئەڭ قەتئىي ھىمايىچىسى ــ بىلەن ئىسمىنى ئاتىماي مۇنازىرىلىشىدۇ:

«ئەگەر ئىشچى تېخىمۇ ئىجتىھات قىلىش ۋە تېجەش ھەم يەنە ئەمگەكنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرمەسلىك① يولى بىلەن ئىستىمال باجلىرىنى تاپشۇرۇشقا قادىر بولمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇلارنى (ئىستىمال باجلىرىنى) ئەمىلىيەتتە ناھايىتى ئېغىر، بەكمۇ نامۇۋاپىق دەپ ئېيتىش كېرەك.»144

بىزگە روبېرت ۋولپولنىڭ ئۆزى بۇ يەردە سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، بولۇپمۇ بۇنىڭغا «زايوم توغرىسىدا»دا ئېيتىلغان سۆزلەرنى باغلىساق، تېخىمۇ شۇنداق تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ يەردە، زايوم ئىگىلىرىگە سېلىق سېلىشنىڭ تەسلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ماركس قويغان. ــ تەھرىردىن

«ئۇلارنىڭ دارامىتىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى ئىستىمال بېجى ياكى چېگرا بېجى دېگەن نوقۇل شياگمۇنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى بىلەن نىقاپلاش① مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»145

بىر شوتلاندىيىلىكتىن ئۇمىت كۈتۈشكە تېگىشلىك بولغاندەك، يۇمىنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھايىنىغا بولغان قىزىقىشى ھەرگىز ساپ پىلاتونچە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھەر يىلى مىڭ فۇنت كېلىدىغان جىق پۇل كىرىم قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، بۇ يەردە گەپ پېتتى ئۈستىدە بارمىغانلىقتىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ پاكىتنى تۇۋەندىكىدەك چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

«خۇسۇسى ئىگىلىكنى باشقۇرۇشقا ئۇستا بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى ئاز بايلىقنى دەسمى سېلىپلا، ھەرقانداق كىشىنىڭ دىتىغا يېقىش ئۇچۇن يېزىشنىڭ زورۇرىيىتى بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگە بولدى.»

كېيىن، دىيۇرىڭ ئەپەندى يۇم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ ھېچقاچان پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ، پادىشانىڭ ياكى داشۇېنىڭ تەسىرلىرىگە قىلچە يول قويمىغان ئىدى»،

يۇمنىڭ «ۋاگنېر» دېگەن بىر كىشى بىلەن يېزىقچىلىق جەھەتتە شېرىكچىلىكىنىڭ146 بار-يوقلۇغى ھەقىقەتەن نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «**جياۋخۇي** ۋە دولەت»كە ناھايىتى يۇقۇرى مەدھىيە ئوقۇغان خۇيگ پارتىيىسىنىڭ گۇاتۇ ھوكۇمرانلىغىنى قىزغىن ھىمايە قىلغۇچى ئىكەنلىكى، ئوزىنىڭ كورسەتكەن بۇ خىزمەتلىرى بەدىلىگە دەسلەپتە پارىژدىكى ئەلچىخانىنىڭ مىشۇسلىق ئەمىلىگە ئېرىشكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ موھىم، كىرىمى تېخىمۇ كوپ

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ماركس قويغان. — تەھرىردىن

بولغان مائاۋىن دولەت ئىشلىرى داچېنلىق ئەمەلگە ئېرىشكەنلىكى بىزگە مەلۇم.

شىلوسسېر بوۋاي مۇنداق دەيدۇ:

«سىياسى جەھەتتە، يۇم ئۆتمۈشتە باۋشۇ ئىددىيىسىدە ۋە قاتتىق پادىشاپەرەسلىك ئىددىيىسىدە بولۇپ كەلگەن كىشى ئىدى، هازىرمۇ شۇنداق. شۇ سەۋەپتىن، هازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جياۋخۇي تۈزۈمىنى هىمايە قىلغۇچىلارنىڭ هۇجۇمىغا گىببون ئۇچرىغاندەك قاتتىق ئۇچرىمىدى.»147

«تومپاي»، ئاددى خەلقتىن كېلىپ چىققان كوبېت مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شەخسىيەتچى يۇم، بۇ تارىخنى ساختىلاشتۇرغۇچى» ئەنگلىيە راهىپلىرىنى پور، تۇرمۇش قۇرمايدىغان، ئائىلىسى يوق، تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان كىشىلەر دەپ تىللىغان ئىدى، «ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ هېچقاچان ئائىلىسى ياكى خوتۇنى بولمىغان، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تازا بىر پور بولۇپ، خېلى زور دەرىجىدە جەمىيەتنىڭ پۇل-مېلى بىلەن جان باقاتتى، ئەمما بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ جەمىيەتكە ھەققى پايدىلىق ھەرقانداق ئىشنى ھېچقاچان قىلمىغان ئىدى».148

دىيۇرىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

يۇم «كىشىلىك تۇرمۇشقا تۇتقان ئەمەلىي پوزىتسىيىدە، تۈپ جەھەتلەردە كانت دىگەن كىشىگە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن».

بىراق، نىمە ئۈچۈن يۇم «پىپەنىلىك تارىخ»تا مۇنداق كۆككە كۆتىرىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەۋى شۇنىڭدىنلا ئىبارەتكى، بۇ «ئەستايىدىل ۋە زىل مۇتەپەككۇر» شەرەپ بىلەن 18 ـ ئەسىرنىڭ دىيۇرىڭى رولىدا چىقىدۇ. يۇم توغرىسىدىكى مىساللار

«پۈتۈن پەن تارمىغىنىڭ (ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ) يارىتىلىشى تېخىمۇ مەرىپەتلىك پەلسەپىنىڭ ئىشى»

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا، يۇمنىڭ پېشىۋالىق رولىمۇ

بۇ پۈتۈن پەن تارىخىنىڭ خاسىيەتلىك شەخس تەرىپىدىن يېقىن كەلگۈسىدە پۈتتۈرۈلۈشكە ئەڭ ياخشى كاپالەت بېرىدۇ. بۇ شەخس ئەنە شۇ «تېخىمۇ مەرىپەتلىك پەلسەپە»نى مۇتلەق شانلىق رىياللىق پەلسەپىسى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ، بۇ شەخس يۇمغا ئوخشاشلا

«تار مەنىدىكى پەلسەپە تەتقىقاتى»نى «خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەن باغلايدۇ.....مۇشۇ كەمگىچە بۇنىڭ گېرمانىيىدە نەمۇنىسى يوق».

شۇنداق قىلىپ، كورۇپ تۇرۇپتۇقكى، بىر ئىقتىساتشۇناس سۈپىتىدە، قانداقلا بولمىسۇن، يەنىلا ھورمەتكە لايىق يۇم كوپتۇرۇلۇپ بىرىنچى قاتاردىكى ئىقتىساتشۇناسلىق چولپان يۇلتۇزى قىلىپ قويۇلىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇنداق ئىقتىساتشۇناسلىق چولپان يۇلتۇزىنىڭ ئەھمىيىتى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «دەۋر بولگۇچ» مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدىمۇ ھازىرغىچە شۇنچە كاجىلىق بىلەن ئۇنچىقماي كەلگەن ھەسەتخورلۇق ئارقىسىدىلا ھازىرغىچە سەل قارىلىۋېتىپتۇ.

* * *

ھەممىگە مەلۇمكى، **جۇڭگونۇگشۇپېەي كېنى** ئىشلەپ چىققان **«ئىقتىسادىي جەدۋەل»**دە[149] بىزگە بىر تېپىشماق قالدۇرغان ئىدى، بۇ تېپىشماق توغرىسىدا ئىلگىرىكى سىياسى ئىقتىسات تەنقىتچىلىرى ۋە تارىخچىلار ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ جەدۋەل ئەسلىدىلا جۇڭگونۇگشۇپېەينىڭ بىرەر مەملىكەتنىڭ ئومۇمى بايلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئايلىنىشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى روشەن كورستىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ كېيىنكى ئىقتىساتچىلار ئۈچۈن ھېلىمۇ چۈشىنىكسىز بولۇپ

تۇرماقتا. بۇ يەردىمۇ ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە ئاخىرقى بىشارىتىنى بەرمەكچى بولىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەقەت «كېيىنىڭ ئۆزىگە خاس يېتەكچى ئۇقۇملىرىنى ئالدى بىلەن توغرا تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىماتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بۇ ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ كېيىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نىمە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ». ھازىر-غىچە بۇ ئۇقۇملار ھەممىشە «تۇراقسىز ئېنىقسىزلىق» بىلەن ئىزاھلانغان ھەتتا ئادام سىستېمۇ «ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى بىلىۋالالمىغان»لىقتىن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات تېخىمۇ زورۇر بولۇپ قالدى.

ديۇرىڭ ئەپەندى ئەمدى بۇنداق ئەنئەنىۋى «شاللاق بايانىنامە»نى مەڭگۈ ئاياقلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇ توپ-توغرا 5 بەتتە كىتاپخانلارنى مازاق قىلىدۇ، بۇ 5 بەتتە ھەر خىل كوپتۇرمە سوزلەرنى ئىشلىتىشى، ئۈزلۈكسىز تەكرارلىشى، قەستەن تۇتۇقلاش-تۇرۇشى كىشىنى كوڭۈلسىزلەندۇرىدىغان بىر پاكىتنى يەنى كېيىنىڭ «يېتەكچى ئۇقۇملىرى» توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزى كىتاپخانلارنى قارشى تۇرۇشقا ئۈزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن ھېلىقى «تازا تارقىلىپ يۈرگەن، قېتىش-قوماش قۇراشتۇرۇلغان دەرسلىك» بىزگە ئېيتىپ بەرگەندەك كوپ بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا ئىدى. بۇ كىرىش سوزدىكى «بىر ئەڭ گۇمانلىق تەرەپ» شۇكى، مۇشۇ كەمگىچە بىزگە ئىسمىلا مەلۇم بولۇپ كەلگەن «ئىقتىسادىي جەدۋەل»نىڭ ھىدىنى بۇ يەردىمۇ ديۇرىڭ ئەپەندى تاسادىپى پۇراپ قالىدۇ، كېيىن ئاپتور ھەر خىل-ھەر ياڭزا «ئوي-پىكىر»لەرگە، مەسىلەن، «سەرپىيات بىلەن مۇنىڭ پەرقى»

توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىرلەرگە چوموپ كېتىدۇ. بۇنىداق پەرقىنى «گەرچە كېنىنىڭ ئىدىيىسىدىن تەييار ھالدا تاپقىلى بولمىسىمۇ»، لېكىن ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇزىنىڭ ئۆزۈن كىرىش سوزىدىكى «سەرپىيات»تىن ئىنتايىن ئومىرى كوتا «مۆھ»گە ئوتكەن ھامان، بىزگە بۇنداق پەرق توغرىسىدىكى شانلىق ئۇلگىنى يەنى «ئىقتىسادىي جەدۋەل»نىڭ ئوزى ئۇستىدىكى ئىزاھاتنى بېرىدۇ. ئەمدى بىز ئۇنىڭ كېنىنىڭ ئىقتىسادىي جەدۋىلى توغرىسىدا بىزگە ئېيتىپ بېرىشىنى زورۇر تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى نەقىل كەلتۈرەيلى، بەلكى ئۇنىڭ **ھەممىسىنى سوزمۇ ـ سوز، جۇملىمۇ ـ جۇملە نەقىل كەلتۈرەيلى.**

«سەرپىيات» توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ (كېنى)، بۇ ئوز ئوزىدىن چۇشىنىشلىك ئىش يەنى دارامەتنى (دىيۇرىڭ ئەپەندى ھېلىلا ساپ مەھسۇلات توغرىسىدا سوزلىگەن ئىدى) پۇل قىممىتى سۇپىتىدە چۇشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، دەپ ھېساپلايدۇ...... ئۇ دەرھال ئوزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى(!) پۇل قىممىتى بىلەن باغلايدۇ، ئۇ، پۇل قىممىتىــپۇتۇن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىنچى قولدىن سېتىلىشىنىڭ نەتىجىسى، دەپ پەرەز قىلىدۇ. مۇشۇنىداق ئۇسۇل بىلەن (!)، ئۇ «ئىقتىسادىي جەدۋەل»نىڭ شياڭمۇلىرىدا بىرنەچچە مىليارت رەقەمنى (يەنى پۇل قىممىتىنى) ئىشلىتىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن، بىز: كېنىنىڭ ئوزىنىڭ ئىقتىسادىي جەدۋىلىدە «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى»نىڭ «پۇل قىممىتى»نى جۇملىدىن «ساپ مەھسۇلات» ياكى «ساپ دارامەت»نىڭ پۇل قىممىتىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئۇچىنچى قېتىم بىلدۇق. كېيىن بىز تېكىستە مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز:

«ئەگەر كېنى ھەقىقى تەبىي كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا،

ئەگەر ئۇ ئېسىل مېتاللار ۋە پۇل مىقتارى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدىنلا ۋازكېچىپ قالماي، بەلكى پۇل قىممىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدىنمۇ ۋازكەچكەن بولسا...... ئەمما ئۇ قىممەت سوممىسىنىلا ھېساپلاپ چىقىدۇ، بەلكى ئالدىنالا ساپ مەھسۇلاتنى پۇل قىممىتى دەپ تەسەۋۋۇر(!) قىلىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن توتىنچى ۋە بەشىنچى قېتىم: «ئىقتىسادىي جەدۋەل»دە پەقەت پۇل قىممىتىنىڭلا بارلىقىنى ئاڭلايمىز!

«ئۇ (كېنې) چىقىمنى ئالدىنالا چىقىرىۋېتكەن ھەمدە ئاساسەن يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە يەر ئىگىسى ئالىدىغان قىممەت توغرىسىدا ئويلىغانلىقتىن (!) (ئەنئەنىۋى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ شاللاق بايانىنامە)، ئۇنىڭغا (ساپ مەھسۇلاتقا) ئېرىشىدۇ».

ھەممە قىلچە ئۆزگىرىشسىز قېلىۋېرىدۇ؛ بىراق ئەمدى مۇنۇلار كېلىپ چىقىدۇ:

«لېكىن (بۇ "لېكىن" بىر مەرۋايىت!) يەنە بىر تەرەپتىن، ساپ مەھسۇلات تەبىي دۇيشياڭ سۈپىتىدە ئايلىنىشقا كىرىدۇ، ئۇ شۇ سەۋەپتىن بىر خىل ......ئاتالمىش ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپنى......قامدايدىغان...... ئاملىغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇ زاماتلا (!) شۇنداق بىر خىل قالايمىقانچىلىقنى كورۇشكە بولىدۇ، بۇنداق قالايمىقانچىلىق شۇنىڭ ئۈچۈن كېلىپ چىقىدۇكى، پىكىرنىڭ بېرىشىنى بىر خىل ئەھۋالدا پۇل قىممىتى بەلگىلەيدۇ، يەنە بىر خىل ئەھۋالدا بولسا شەيئىنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ.»

ئومۇمەن ئېيتقاندا، **ھەرقانداق** شاڭپىن ئايلىنىشى بۇنداق «قالايمىقانچىلىق»تىن يەنى شاڭپىننىڭ بىر ۋاقىتتىلا «تەبىي دۇيشياڭ» بولۇپ، ھەم «پۇل قىممىتى» بولۇپ شاڭپىن ئايلىنىشىغا كىرىدىغانلىقىدىن خالىي بولالمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز بەربىر «پۇل قىممىتى» دائىرىسىدىلا ئايلىنىپ يۈرىمىز، چۈنكى

«كېنې خەلق ئىگىلىگى دارامىتىنى ئىككى قاتلاپ ھېساپلاشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى».

بىزنىڭ مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىزگە دىيۇرىڭ ئەپەندى رۇخسەت قىلسا: تۆۋەندە، كېنېنىڭ «ئىقتىسادىي جەدۋەل تەھلىلى»دە[150]، ھەر تۈرلۈك مەھسۇلاتلار «تەبىي دۆيشياڭ» قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ، يۇقۇرىدا، ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ ئۆزىدە بولسا ئۇلارنىڭ پۇل قىممىتى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. كېنې كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى، دەرۋىشخانىنىڭ باشلىغى بودوغا جەدۋەلدە تەبىي دۆيشياڭنى ئۇنىڭ پۇل قىممىتى بىلەن **بىر قاتار**غا قويۇشنى تاپشۇرغان.[151]

شۇنچە «سەرپىيات»تىن كېيىن، ئاخىر «مىۋە» قولغا كېلىدۇ. ئاڭلىساڭلار ئەجەپلىنىسىلەر:

«مۇنۇ مەسىلە: خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئايلانمىسىدا يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ساپ مەھسۇلاتنىڭ زادى نىمە بولۇپ قالىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلسىلا، ئىزچىلسىزلىق (كېنې يەر ئىگىلىرىگە بەخشەندە قىلغان رول توغرىسىدىكى) شۇ زاماتلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە، جۇڭنۇڭشۇيپەينىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۈچۈن ۋە ئىقتىسادىي جەدۋەل ئۈچۈن، شىنىمجۇيىغا يۈزلەنگەن بىر خىل قالايمىقانچىلىق ۋە ئۆزبېشىمچىلىقلا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.»

ئىش پۈتتى، ھەممە ياخشى بولدى. شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى «ئىگىلىكنىڭ ئايلانمىسىدا (ئىقتىسادىي جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنىدە) يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ساپ مەھسۇلاتنىڭ زادى نىمە بولۇپ قالىدىغانلىقى»نى بىلمەيدۇ. ئىقتىسادىي جەدۋەل دىيۇرىڭ ئۈچۈن بىر «فاڭيۈەن مەسىلىسى». ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، ئۇ جۇڭنۇڭشۇيپەينى ئەسلا

چۈشەنمەيدۇ. ھەممە بۇرۇلۇشلار، قۇرۇق گەپ سېتىشلار، ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا سەكرىشلەر، ھەييارلىق قىلىشلار، سوز قىستۇرۇشلار، يوتكىلىشلەر، تەكرارلاشلار، كىشىنى گاڭگىردىتىدىغان كاللىپاي سوزلەردىن كېيىن — بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىزنى «ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ كېنېنىڭ ئوزى ئۇچۇن قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى» توغرىسىدىكى ئۇلۇق ئىزاھاتىنى بېرىپ ئاڭلاشقا تەييارلايدۇ، — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن، ديۇرىڭ ئەپەندى ئاخىر **ئوزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى** نومۇسسىزلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ!

بۇ ئوقۇبەتلىك سىردىن قۇتۇلۇۋېلىپ، جۇڭنۇڭشۇپېيەنىڭ مەملىكىتىگە يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقىنىدا ئوزىگە ھاپاچ بولۇۋالغان ھوراتسىيىچە زۇلمەت قايغۇسىدىن[152] قۇتۇلۇۋېلىپ، بىزنىڭ بۇ «ئەستايىدىل ۋە زىل مۇتەپەككۇر» قايتىدىن روھلانغان ۋە تازا داۋراڭ كوتەرگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

«كېنې ئوزىنىڭ ئەسلىدە خېلىلا ئاددى (!) بولغان جەدۋىلىدە ئۇ ياققىمۇ، بۇ ياققىمۇ سىزغان، ساپ مەھسۇلاتنىڭ ئايلىنىشىنى كورسەتمەك بولغان سىزىقلار (جەمى بەش!)» كىشىلەرنى «بۇ ئاجايىپ رەقەملەر بىرىكىشىدە» بىرەر شۇشۇبىلىك خام خىيال يوشۇرۇنغانمىكىن دىگەن ھەقلىق ئويغا سالىدۇ؛ بىزگە كېنېنىڭ فاكيۇەن مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ ۋاھاكازالار.

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئوزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، بۇ سىزىقلار ناھايىتى ئاددى بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭغا يەنىلا چۈشىنىكسىز بولغاچقا، ئۇ ئوزىنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇلى بويىچە، ئۇلاردىن **گۇمان** قىلماي تۇرالمايدۇ. ئەمدى ئۇ كىشىنى بىزار

قىلىدىغان بۇ ئىقتىسادىي جەدۋەلگە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا ئەجەللىك زەربە بېرەلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ:

«ساپ مەھسۇلاتنى بىز مۇشۇ ئەڭ گۇمانلىق تەرەپتىن تەكشۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن» ۋاھاكازالار.

دىمەك، ئۇنىڭ ئۆزى «ئىقتىسادىي جەدۋەل»نى ۋە ئۇنىڭدىكى ساپ مەھسۇلات ئويناپدىغان «رول»نى ئۆزىنىڭ قىلچىلىكمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ — دېيۈرىك ئەپەندى دەل بۇنداق ئەھۋالنى «ساپ مەھسۇلاتنىڭ ئەڭ گۇمانلىق تەرىپى» دەپ ئاتايدۇ! بۇ نىمە دىگەن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ھەييارلىق!

لېكىن، كىتاپخانلىرىمىزنى ئىقتىسادىي بىلىمنى دېيۈرىك ئەپەندىدىن — «بىرىنچى قول»دىن ئېلىپ تۇرغان كىشىلەر مۇقەررەر ئۇچرايدىغاندەك، كېيىنىڭ ئىقتىسادىي جەدۋىلى ئۈستىدە ھېچنىمە بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى قىسقىچە ئىزاھنى بېرىپ ئۆتىمىز:

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭنۇڭشۇپەي جەمىيەتنى ئۈچ سىنىپقا بولىدۇ: (1) ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ، يەنى دىخانچىلىق بىلەن ھەقىقى شۇغۇللىنىدىغان سىنىپ، ئىجارىكەش نۇگچاڭ ئىگىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى؛ ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ دەپ ئاتىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى قوشۇمچە مەھسۇلاتنى — يەر ئىجارىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. (2) بۇنداق قوشۇمچە مەھسۇلاتنى ئۆزلەشتۈرىدىغان سىنىپ، بۇنىڭغا يەر ئىگىلىرى ۋە ئۇلارغا بېقىنىدىغان چاكارلار، پادىشا ۋە دولەت مۇئاش بېرىدىغان ئەمەلدارلار كىرىدۇ، ئاخىردا ئوشرىنى ئۆزلەش-

تۇرگۇچى دىگەن ئالاھىدە سالاھىيەت بىلەن چىقىدىغان جىياۋخۇيمۇ كىرىدۇ. ئىخچام بولسۇن ئۈچۈن كېيىن بۇ سىنىپلارنىڭ بىرىنچىسىنى «ئىجارىكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرى» دەپ، ئىككىنچىسىنى «يەر ئىگىلىرى» دەپ قىسقارتىپ ئاتايمىز. (3) سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئىشلەپچىقارمايدىغان (مۇھ بەرمەيدىغان) سىنىپ، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقارمايدىغانلار دەپ ئاتىلىدۇكى، جۇڭنۇڭشۇپەيىنىڭ نۇقتىنەزىرى بويىچە، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ ئۆزلىرىگە بەرگەن خام ئەشياغا قوشقان قىممىتى ئۆزلىرى ئىستىمال قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ ئۆزلىرىگە بەرگەن تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتىگىلا باراۋەر كېلىدۇ. كېنې ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل»دە بىر مەملىكەتنىڭ (ئەمىلىيەتتە فرانسىيىنىڭ) يىللىق ئومۇمى مەھسۇلاتىنىڭ قايسى تەرىقىدە بۇ ئۈچ سىنىپ ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، قايسى تەرىقىدە ھەر يىللىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى دىياگراما بىلەن ئېنىق ئىزاھلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتى — ئىجارىگە ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كەڭ كۆلەمدىكى دىخانچىلىقنىڭ (كېنېنىڭ زامانىدىكى مەنىدە) ھەممىلا يەردە قوللىنىلغانلىقى، بەلكى، كېنې ئۈچۈن، ئۇنىڭدا نورماندىيە، پىكاردى، ئىل ـ دې ـ فرانس ۋە فرانسىيىنىڭ باشقا بەزى ئۆلكىلىرى ئۈلگە رايون قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجارىسكەش نۇكچاڭ ئىگىلىرى دىخانچىلىقنىڭ ھەقىقى رەھبىرى سۈپىتىدە، «ئىقتىسادىي جەدۋەل»دە پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىدىغان (دىخانچىلىقتىكى)

سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىپ، يەر ئىگىلىرىگە پۇل ئىجارىسى تولەيدۇ. بارلىق ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرىدە جەمى 10 مىلليارت لىفورلۇق ئاساسىي مەبلەغ ياكى يىغىندا مال ـ مۇلۇك بولىدۇ، بۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمى يەنى 2 مىلياردى ھەر يىلى قاپلىنىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىگىلىك كاپىتالىغا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ھېساۋاتتىمۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھەرقايىسى ئولكىلەردىكى ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان نۇكچاكلار ئاساس قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئالدىنقى شەرتلىرى: (1) ئاددى بولسۇن ئۇچۇن مۇقىم باھا ۋە ئاددى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش قوللىنىلىدۇ؛ (2) بىر سىنىپ ئىچىدە بولىدىغان ھەرقانداق ئايلىنىش قايرىپ قويۇلىدۇ ۋە پەقەت سىنىپ بىلەن سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئايلىنىشلا ھېساپقا ئېلىنىدۇ؛ (3) ئىشلەپچىقىرىش يىلى ئىچىدە سىنىپ بىلەن سىنىپ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ھەممە ئالدى ـ ساتتى بىر ئومۇمى سان بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئاخىردا شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، كېيىنكى زامانىدا، فرانسىيىدە بەلكى ئازدۇر ـ كوپتۇر بولسىمۇ پۈتۈن ياۋروپادا دىخان ئائىلىلىرىنىڭ ئائىلە سانائىتى يېمەكلىكلەر تۇرىگە كىرمەيدىغان ئىنتايىن كوپ بۇيۇملارنى بېرىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يەردە ئائىلە سانائىتى دىخانچىلىقنىڭ مۇقەررەر قوشۇمچىسى دەپ قارالغان.

ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئومۇمى ھوسۇل، يەردىن ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئومۇمى مەھسۇلات (شۇنداق بولغاچقا، بۇنداق ئومۇمى مەھسۇلات جەدۋەلنىڭ باش تەرىپىدە كورستىلگەن)، ياكى بىر مەملىكەت (بۇ يەردە فرانسىيە) نىڭ «ئومۇمى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشى». بۇنداق ئومۇمى مەھسۇلاتنىڭ

قىممەت مىقتارى سودا قىلىشىدىغان دولەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى بويىچە ھېساپلىنىدۇ. قىممەت مىقتارى 5 مىلىيارت لىفور بولىدۇ، بۇ سان شۇ چاغدىكى مۇمكىن بولغان تۇگىچىلىق رەقەملەر بويىچە ئومۇمەن فرانسىيىنىڭ بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇل قىممىتىنى كورستەتتى. باشقىچە ئەھۋال ئەمەس، دەل شۇنداق ئەھۋال ئارقىسىدا، كېنې ئىقتىسادىي جەدۋەلدە 5 تۇر لىفورنى[153] ئەمەس، «بىرنەچچە مىليارت رەقەمنى ئىشلەتكەن»، يەنى 5 مىليارتنى ئىشلەتكەن.

قىممىتى 5 مىلىيارت بولغان پۇتۇن ئومۇمى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپنىڭ قولىدا بولىدۇ، دىمەك، ھەممىدىن ئاۋال ئىجارىكەش نوگچاك ئىگىلىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ، بۇ ئىجارىكەش نوگچاك ئىگىلىرى ھەر يىلى 2 مىلىيارت ئىگىلىك كاپىتالىنى سەرپ قىلىپ (10 مىليارت ئاساسىي مەبلەققە مۇۋاپىق)، پۇتۇن ئومۇمى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئىگىلىك كاپىتالىنى قاپلاش ئۇچۇن، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ دىخانچىلىق بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قامداش ئۇچۇن زورۇر بولىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى، خام ئەشيا ۋاھاكازالار ئومۇمى ھوسۇل ئىچىدىن ماددى نەرسە شەكلى بىلەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ ھەمدە يېڭى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. چۇنكى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، بىر قېتىملا بەلگىلەپ قويۇلغان ئولچەملىك مۇقىم باھا ۋە ئاددى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ، شۇڭا ئومۇمى ھوسۇل ئىچىدىن ئالدىنالا ئاجرىتىۋېلىنغان قىسمىنىڭ پۇل قىممىتى 2 مىلىيارت لىفورغا تەڭ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ قىسىم ئومۇمى ئايلىنىشقا كىرمەيدۇ، چۇنكى،

كورسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەرقايسى سىنىپلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئايرىم سىنىپنىڭ ئۆز دائىرىسى **ئىچىدە** بولىدىغان ھەرقانداق ئايلىنىش جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىگەن.

ئەگىلىك كاپىتالىنى قاپلايدىغان سان چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئومۇمى مەھسۇلات ئىچىدە يەنە 3 مىلىيارتلىق قوشۇمچە مەھسۇلات قالىدۇ، ئۇنىڭ 2 مىلياردى تۇرمۇش ۋاستىلىرى، 1 مىلياردى خام ئەشيا. لېكىن ئىجارىكەش نوگچاك ئىگىلىرىنىڭ يەر ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان يەر ئىجارىسى بۇ قوشۇمچە مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنىلا يەنى 2 مىلىيارتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. نىمە ئۈچۈن بۇ 2 مىلىيارتىنىڭلا «ساپ مەھسۇلات» ياكى «ساپ دارامەت» شياكىمۇسىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى بىز چاپسانلا كورىمىز.

يېزا ئىگىلىگىدىكى «ئومۇمى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش»نىڭ قىممىتى 5 ملىيارت بولۇپ، ئۇنىڭ 3 ملياردى ئومۇمى ئايلىنىشقا كىرىدۇ؛ ئەمما يېزا ئىگىلىگىدىكى بۇ «ئومۇمى تەكرار ئىشلەپ-چىقىرىش»تىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي جەدۋەلدە تەسۋىرلەنگەن ھەركەت باشلىنىشتىن **بۇرۇن**، پۈتۈن دولەتتىكى 2 ملىيارت نەق پۇللۇق «زاپاس مەبلەغ» تېخى ئىجارىكەش نوگچاك ئىگىلىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇ زاپاس مەبلەغنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولىدۇ:

ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئومۇمى ھوسۇل بولغاچقا، بۇ چىقىش نۇقتىسى ئەينى ۋاقىتتا بىر ئىگىلىك يىلىنىڭمۇ، مەسىلەن، 1758 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولىدۇ، ئاخىرقى نۇقتىدىن كېيىن يېڭى ئىگىلىك يىلى باشلىنىدۇ. يېڭى ئىگىلىك

يىلى بولغان بۇ 1759 ـ يىلـدا ئومۇمـى مەھسۇلاتـتىن ئايلىنىشـقا كىرگۈزۈشكە ئالدىن بەلگىلەنگەن قىسىم مەلۇم قېتىملىق تولەش ۋە ئالدى ـ ساتتى ئارقىلىق باشقا ئىككى سىنىپ ئوتـتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. لېكىن، بىر بىرىگە ئۇلىنىپ بارىدىغان، تارقاق بولغان، پۈتۈن يىلغا سوزۇلـىدىغان بۇ ھەركەتـلەر ئوز ئالـدىغا ئالاھىـدە بەلگىگە ئىگە بىرنەچچە خىل قىلىق بولۇپ يىغىلىدۇ (بۇ، تەبىكى، شەرتسىز ھالـدا ئىقتىسادىـي جەدۋەل ئۇچۇن زورۇر)، ئۇلارنىڭ ھەر بىر خىلى بىردىنلا پۈتۈن بىر يىلنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1758 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ئىجـارىكەش نوڭچاڭ ئىگىلىرى سىنىپى 1757 ـ يىلى يەر ئىگىلىرىگە يەر ئىجارىسى شەكلىدە تولىگەن پۇل يەنە يېڭىۋاشتىن شۇ سىنىپنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ (قانداق بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ ئوزى ئىزاھلاپ بېرىـدۇ)، ئاتاپ ئېيـتـقانـدا، 2 مىلـيارت يېـڭـىۋاشتىن قايتىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىجارىكەش نوڭـچاڭ ئىگىلىرى سىنىپى بۇ پۇلنى 1759 ـ يىلى يەنە ئايلىنىشـقا سالالايدۇ. بۇ سان، خـۇددى كېنى كورسىتىپ ئوتكەندەك، بىر مەملىكەتـنىكى (فرانسىيەدىكى) پۈتۈن ئايـلىنىش ئۇچۇن ئەمـلـىي زورۇر بولغان ساندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەچكە (تولەش دائىم ئازغىنا ـ ئازغىنا سانلار بىلەن تەكـرار بولۇپ تۇرىـدىغانلىقـتىن)، ئىجارىـكەش نوڭـچاڭ ئىگىـلىرىـنىڭ قولىدىـكى 2 مىلـيارت لىفور مەملـىكەت ئىـچىدە ئايلىنىدىغان پۇلنىڭ ئومۇمى سوممىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يەر ئىجـارىسى ئالـىدىغان يەر ئىـگىلىرى سىنىپى، دەسلەپتە، تولەنگەن پۇلنى ئالغۇچى رولىنى ئوينايدۇ، بۇ ھازىـرمۇ تاسادىپى كورۇنۇپ قالىدۇ. كېنىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بويىچە، ھەقىقى يەر

ئىگىلىرى 2 مىليارت يەر ئىجارىسىنىڭ يەتتىدىن تۆتىگىلا ئىگە بولىدۇ؛ قالغان يەتتىدىن ئىككىسى ھوكۇمەتكە تېگىدۇ، يەتتىدىن بىرى ئۇشرە ئالغۇچىلارغا تېگىدۇ. كېيىنكى زامانىدا جىياۋخۇي فرانسىيىدە ئەڭ چوڭ يەر ئىگىسى ئىدى، بەلكى بۇ دارامەتتىن تاشقىرى، ئۇ يەنە باشقا ھەممە يەر مۈلكىدىن ئۇشرە يىغىۋالاتتى.

«ئىشلەپچىقارمايدىغان» سىنىپنىڭ يىل بويى تولەيدىغان ئىگىلىك كاپىتالى (يىللىق ئاۋانسى) قىممىتى 1 مىليارتلىق خام ئەشيادىن ۋە بەلكى خام ئەشيادىنلا ئىبارەت، چۈنكى ئىش قوراللىرى، ماشىنىلار ۋە باشقىلار شۇ سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ زاۋۇت ماللىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن، بۇ زاۋۇت ماللىرىنىڭ بۇ سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئوينايدىغان خىلمۇ-خىل رولى شۇنىڭدەك بۇ سىنىپنىڭ ئۆز ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان شاكىپىن ئايلىنىشى ۋە پۇل ئايلىنىشى ئىقتىسادىي جەدۋەلدە ھېساپقا ئېلىنمايدۇ. ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ خام ئەشيانى سانائەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغاندا سەرپ قىلىنىغان ئەمگەكنىڭ ھەققى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولۇپ، بۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپتىن بىۋاستە ئالىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى يەر ئىگىلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئالىدۇ. گەرچە «ئىشلەپچىقارمايدىغان» سىنىپنىڭ ئۆزى كاپىتالىستلار ۋە ياللانما ئىشچىلارغا ئايرىلسىمۇ، لېكىن كېيىنكى تۈپ نۇقتىنەزىرى بويىچە، ئۇ پۈتۈن بىر سىنىپ سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپقا ۋە يەر ئىگىلىرىگە يالىنىدۇ. پۈتۈن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتۈن ئايلىنىشىمۇ (بۇ ئايلىنىش ھوسۇلدىن كېيىنكى يىلغا تارقىلىپ بارىدۇ) بىر ئومۇمىي سان

بولۇپ يىغىلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۆۋەندىكى ئەھۋالنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ: جەدۋەلدە تەسۋىرلەنگەن ھەركەت باشلانغان ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپنىڭ ھەر يىللىق شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشى تامامەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۈتۈن ئىگىلىك كاپىتالى ياكى قىممىتى 1 مىليارتلىق خام ئەشياسى قىممىتى 2 مىليارتلىق شاگىپىنغا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ يېرىمى مۇشۇ ئۆزگىرىش مەزگىلىدە ئىستېمال قىلىنغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى بولىدۇ. بۇ يەردە: ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ ئۆزىنىڭ ئائىلە ئېھتىياجلىرى ئۈچۈنمۇ سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىستېمال قىلىدۇغۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەھسۇلاتى ئايلىنىش يولى بىلەن باشقا سىنىپلارغا ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى قەيەردە كۆرسىتىلىدۇ؟ دىگەن باشقىچە پىكىرنىڭ قويۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ سوئالغا بىز تۆۋەندىكى جاۋاپنى ئالىمىز: ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ ئۆز شاگىپىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى ئىستېمال قىلىش بىلەنلا قالمايدۇ، بۇنىڭ تاشايىنىدا مۇمكىن قەدەر كۆپرەك شاگىپىن ئېلىپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئايلىنىشقا سېلىنغان شاگىپىننى ئەمىلىي قىممىتىدىن يۇقۇرى باھادا ساتىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىمۇ لازىم، چۈنكى بىز بۇ شاگىپىنلارنى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ پۈتۈن قىممىتى ئىچىگە كىرگۈزۈپ ھېساپلايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق ئەھۋال جەدۋەلدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، چۈنكى قالغان ئىككى سىنىپ بۇ سانائەت بۇيۇملىرىنى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ پۈتۈن قىممىتىنى تولىگەندىلا ئاندىن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەمدى بىز بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي جەدۋەلدە تەسۋىرلەنگەن ھەركەت باشلانغان چاغدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلىمىز.

ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپ ئوزىنىڭ ئىگىلىك كاپىتالىنى ماددى نەرسە بىلەن قايلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە 3 مىليارتلىق پۈتۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىغا ۋە 2 مىليارت پۇلغا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. يەر ئىگىلىرى سىنىپى ئەمدىلا ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇنىڭدا تېخى ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپتىن 2 مىليارت يەر ئىجارىسى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىلا بولىدۇ. ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپتا 2 مىليارتلىق سانائەت بۇيۇملىرى بولىدۇ. بۇ ئۈچ سىنىپتىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بولىدىغان ئايلىنىشنى جۇڭنۇڭشۇېپەي تولۇق بولمىغان ئايلىنىش دەپ ئاتايدۇ، ھەممە ئۈچ سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئايلىنىشنى بولسا تولۇق ئايلىنىش دەپ ئاتايدۇ.

ئەمدى ئىقتىسادىي جەدۋەلنىڭ ئوزىگە كۆچىمىز.

**بىرىنچى** (تولۇق بولمىغان) **ئايلىنىش:** ئىجارىكەش نوڭچاڭ ئىگىلىرى يەر ئىگىلىرىگە ئۇلارغا تېگىدىغان يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە بەدەلسىز ھالدا 2 مىليارت پۇل تولەيدۇ. يەر ئىگىلىرى بۇنىڭ 1 مىلياردىغا ئىجارىكەش نوڭچاڭ ئىگىلىرىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرى سېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجارىكەش نوڭچاڭ ئىگىلىرى يەر ئىجارىسى تولىگەندە سەرپ قىلغان پۇلنىڭ يېرىمى يەنە ئوزلىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ.

كېنې ئوزىنىڭ «ئىقتىسادىي جەدۋەل تەھلىلى»دە يەر ئىجارى-سىنىڭ يەتتىدىن ئىككىسىنى ئالىدىغان دولەت ۋە يەر ئىجارىسىنىڭ

يەتتىدىن بىرىنى ئالىدىغان جىاۋخۇي توغرىسىدا قايتا توختالمايدۇ، چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئىجتىمائى رولى ھەممىگە مەلۇم. ھەقىقى يەر ئىگىلىرى توغرىسىدا بولسا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇلارنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرىنىڭ خىراجەتلىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئىنتايىن كوپ قىسمى غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، پەقەت «ئۇلارنىڭ يەر مۈلكىنى ئاسراش ۋە ياخشىلاش ھەم ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئوستۇرۇش»كە ئىشلىتىلىدىغان ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. لېكىن «تەبىي قانۇن» بويىچە، ئۇلارنىڭ ھەقىقى جۇنىڭى دەل «ياخشى باشقۇرۇشنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە ئوزلىرىنىڭ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا قالىدىغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن زورۇر بولىدىغان خىراجەتلەرنىڭ غېمىنى يېيىش»تە[154]، ياكى بولمىسا كېيىن چۈشەندۈرۈلگەندەك، avances foncières تا، يەنى يەرلەرنى تەييارلاشقا ھەمدە نۇگچاگلارنى بارلىق كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتلەردە، بۇ خىراجەتلەر ئىجارىكەش نۇگچاگ ئىگىلىرىنى ئوزىنىڭ پۈتۈن كاپىتالىنى ھەقىقى تېرىقچىلىق ئىشلىرىغىلا ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**ئىككىنچى** (تولۇق) **ئايلىنىش:** يەر ئىگىلىرى ئوزلىرىنىڭ قولىدا ئېشىپ قالغان 1 مىلىيارت پۇلغا ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپتىن سانائەت بۇيۇملىرى سېتىۋالىدۇ، ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ بولسا ئەشۇ تەرىقىدە قولىغا كەلگەن 1 مىلىيارت پۇلغا ئىجارىكەش نۇگچاگ ئىگىلىرىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرى سېتىۋالىدۇ.

**ئۈچىنچى** (تولۇق بولمىغان) **ئايلىنىش:** ئىجارىكەش نۇگچاگ

ئىگىلىرى 1 مىليارت پۇلغا ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپتىن سانائەت بۇيۇملىرى سېتىۋالىدۇ؛ بۇلارنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى — دېخانچىلىق سايمانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن زورۇر بولغان باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى. ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك كاپىتالىنى قاپلاش ئۈچۈن، قىممىتى 1 مىليارتلىق خام ئەشيانى سېتىۋېلىپ، يەنە شۇ مىقداردىكى پۇلنى ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرى يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشقا ئىشلەتكەن 2 مىليارت پۇل يەنە يىغىۋاشتىن ئۇلارنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ، ھەركەت شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ،

«خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلانمىسىدا يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ساپ مەھسۇلات زادى نىمە بولۇپ قالىدۇ».

بۇ چوڭ تېپىشماقمۇ يېشىلىدۇ.

يۇقۇرىدا كورۇپ ئۆتتۇقكى، جەريان باشلانغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپنىڭ قولىدا 3 مىليارتلىق قوشۇمچە مەھسۇلات بولىدۇ. بۇنىڭدىن 2 مىليارتلا ساپ مەھسۇلات سۈپىتىدە يەر ئىجارىسى شەكلى بىلەن يەر ئىگىلىرىگە بېرىلىدۇ. قوشۇمچە مەھسۇلاتنىكى باشقا 1 مىليارت ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرىنىڭ پۈتكۈل ئاساسىي مەبلىغىنىڭ ئۇسۇمى بولىدۇ، 10 مىليارت ئۈچۈن، 10 پىرسەنت ئۇسۇم بولىدۇ. بۇنداق ئۇسۇمنى ئۇلار — دېقىقەت قىلىڭلار — ئايلىنىشتىن ئالمايدۇ؛ ئۇ ماددى نەرسە شەكلى بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلىنىدۇ، ئۇلار بۇنى ئايلىنىش ئارقىلىق ئەڭ دەرىجىلىك قىممەتتىكى سانائەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئۇ ئالدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۇسۇم بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرى يەنى دېخانچىلىقتا ئاساسىي ئالاقىدار كىشىلەر ئاساسىي مەبلىغىنى دېخانچىلىقتا سالماس ئىدى. جۇڭنۇڭشۇپپەينىڭ نەزىرىدە، ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرىنىڭ ئۇسۇمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك **قوشۇمچە دارامىتىنى** ئۇزلەشتۇرۇشى، مۇشۇ نۇقتىسىنەزەر بويىچە قارىغان تەقدىردىمۇ، ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرى سىنىپىنىڭ ئۇزىگە ئوخشاشلا، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زورۇر شەرتى بولىدۇ، دېمەك، بۇ تەركىۋىي قىسمىنى مىللى «ساپ مەھسۇلات» ياكى «ساپ دارامەت» فەنچۇسىغا كىرگۇزگىلى بولمايدۇ؛ چۇنكى «ساپ مەھسۇلات» ياكى «ساپ دارامەت»نىڭ بەلگىسى دەل ئۇزىنىڭ مىللى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاستە ئېھتىياجى ھېساپقا ئېلىنماستىنلا ئىستىمال قىلىنىدىغانلىغىدىن ئىبارەت. لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 1 مىليارتلىق فۇند، كېنېنىڭ پىكرىچە، كۆپىنچە بىر يىل ئىچىدە زورۇر بولغان رېمونت ئىشلىرى ئۇچۇن ۋە ئاساسىي مەبلەغنى قىسمەن يېڭىلاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئاپەتتىن ساقلىنىش ئۇچۇن تەييارلىق فۇندى قىلىنىدۇ، ئاخىردا، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە، ئاساسىي مەبلەغنى ۋە ئىگىلىك كاپىتالىنى كۆپەيتىشكە شۇنداقلا تۇپراقنى ياخشىلاش، ئېرىلغۇنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

پۇتۇن جەريان ھەقىقەتەن «خېلىلا ئاددى». ئايلىنىشقا سېلىنىدىغانلىرى: ئىجارىكەش نۇكچاك ئىگىلىرى ئىجارە ئۇچۇن تاپشۇرىدىغان 2 مىليارت پۇل ۋە 3 مىليارتلىق مەھسۇلات، بۇنىڭ ئۇچتىن ئىككىسى تۇرمۇش ۋاستىلىرى، ئۇچتىن بىرى خام ئەشيا؛ ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپنىڭ 2 مىليارتلىق سانائەت

بۇيۇمى. قىممىتى 2 ملىيارتىلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ يېرىمىنى يەر ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىستىمال قىلىدۇ، قالغان يېرىمىنى ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپ ئۆز ئەمگىكى بەدىلىگە ئىستىمال قىلىدۇ. قىممىتى 1 ملىيارتىلىق خام ئەشيا شۇ سىنىپنىڭ ئىگىلىك كاپىتالىنى قاپلايدۇ. ئايلىنىشتىكى قىممىتى 2 ملىيارتىلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ يېرىمى يەر ئىگىلىرىگە تېگىدۇ، قالغان يېرىمى ئىجارىكەش نۇگچاك ئىگىلىرىگە تېگىدۇ، ئىجارىكەش نۇگچاك ئىگىلىرى ئۈچۈن، بۇ بىر قىسىم سانائەت بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەبلىغىنىڭ ئۇسۇمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، بۇنداق ئۇسۇمنى ئۇلار يېزا ئىگىلىگىدىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن بىۋاستە ئالىدۇ. ئىجارىكەش نۇگچاك ئىگىلىرىنىڭ يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇشى ئارقىسىدا ئايلىنىشقا سېلىنىدىغان پۇل ئۇلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشى ئارقىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، دەل شۇنداق ئايلانمىنى كېيىنكى ئىگىلىك يىلىدا يەنە يېڭىۋاشتىن داۋام قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

ئەمدى كىتاپخانلار دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئەنئەنىۋى شاللاق باياننامە»دىن شۇنچە چەكسىز ئەۋزەل، «ھەقىقى پىپەنلىك» ئىزاھلىرىدىن زوقلانسۇن! ئۇ كېيىنىڭ ئۆزى ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل»دە پەقەت پۇل قىممىتىنىلا قوللانغانلىغىنىڭ (يەنە كېلىپ، بۇ يالغان بولۇپ چىقتى) كىشىنى شۇنچە گۇمانلاندۇرىدىغانلىغىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بەش قېتىم بىزگە سىرلىق ھالدا ئېيتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: ئەگەر ئۇ

«خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئايلانمىسىدا يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ساپ مەھسۇلات زادى نېمە بولۇپ قالىدۇ» دەپ سورايدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، «ئىقتىسادىي جەدۋەلدە شېنىمجۇيىغا يۈزلەنگەن بىر خىل قالايمىقانچىلىق ۋە ئۆزبېشىمچىلىقلا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

كورۇپ ئۇتتۇقكى، ئىقتىسادىي جەدۋەلدىكى ئاددى، شۇ زامان ئۈچۈن تالانتلىق بولغان، ئايلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان يىللىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى توغرىسىدىكى بۇنداق ئىزاھلار بۇنداق ساپ مەھسۇلات خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئايلانمىسىدا زادى نېمە بولۇپ قالىدۇ دىگەن مەسىلىگە ئىنتايىن توغرا جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «شېنىمجۇيى» ھەم «قالايمىقانچىلىق ۋە ئۆزبېشىمچىلىق» ديۇرىڭ ئەپەندىدىلا بار بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ جۇڭنۇڭشۇيپەيلىك تەتقىقاتىنىڭ «ئەڭ گۇمانلىق تەرىپى» ۋە بىردىن-بىر «ساپ مەھسۇلاتى» بولۇپ قالدى.

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭنۇڭشۇيپەيىنىڭ تارىخىي تەسىرىنى تونۇشى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىيىسىنى تونۇشى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

ئۇ بىزگە مۇنداق دەپ پەندى-نەسىھەت قىلىدۇ: «تۇرگوغا كەلگەندە، فرانسىيەدە جۇڭنۇڭشۇيپەيى ئەمەلىيەتتىمۇ، نەزىرىيىدىمۇ ئاخىر تۈگىدى.»

ئەمما، ئەگەر مىرابو ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي نۇقتىنەزىرى بويىچە ماھىيەتتە جۇڭنۇڭشۇيپەيچى بولغان بولسا، ئەگەر ئۇ 1789-يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا ئىقتىساتشۇناسلىق بويىچە بىرىنچى نوپۇزلۇق كىشى بولغان بولسا، ئەگەر شۇ قېتىمقى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا جۇڭنۇڭشۇيپەيىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى

نەزىرىيىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان بولسا، بولۇپمۇ يەر ئىگىلىرى «بەدەلسىز» ھالدا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ساپ مەھسۇلاتتىن يەنى يەر ئىجارىسىدىن ئېغىر باج ئالغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىيۇرىڭ «دىگەن كىشى» ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس.

دىيۇرىڭ ئەپەندى قەلەمنى بىر تارتىپلا 1691 - يىلدىن 1752 - يىلغىچە بولغان دەۋرنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇمنىڭ ھەممە پېشۋالىرىنى ھېساپتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، يەنە بىر قەلەم تارتىپلا، يۇم بىلەن ئادام سىمىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان جېمس ستيۇئارت جۇيشىنىمۇ ھېساپتىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. جېمس ستيۇئارتنىڭ چوڭ ئەسىرى، ئۇنىڭ تارىخىي موھىملىقىنى بىر چەتتە قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە سىياسى ئىقتىسات ساھەسىنى بېيىتقان ئىدى[155]؛ بۇ ئەسەر توغرىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «كارخانا»سىدا يېرىم - ياتا سۆزمۇ ئاڭلىمايمىز. بىراق، ستيۇئارتنىڭ ئۆزى توغرىسىدا دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ لۇغىتىدىكى ئەڭ زەھەرلىك تىل - ھاقارەت سۆزلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، بەلكى تېخى ئادام سىمىتنىڭ زامانىدا ستيۇئارت بىر **«داشۇي جياۋشۇسى»** ئىدى دەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق تاپا - تەنە پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. ئەمەلىيەتتە، ستيۇئارت شوتلاندىيىلىك پومىشىك ئىدى، ئۇ ستيۇئارتلار سۇئىقەستىگە قاتناشقان دىگەن گۇمان بىلەن ئەنگلىيىدىن قوغلىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت قۇرۇقلۇقتا تۇرۇش ھەمدە قۇرۇقلۇقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىش ئارقىسىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ئېنىق تونۇشۇپ چىققان ئىدى.

قىسقىچە ئېيتقاندا، «پىپەنلىك تارىخ» بويىچە، ئىلگىرىكى ھەممە ئىقتىساتشۇناسلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇ يەردىكى، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى يا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئولچەملىك» تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسىنىڭ «بىخلىرى» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، يا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يارامسىزلىغى بىلەن دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ئەۋزەللىگىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما قانداق بولسا بولسۇن، ئىقتىساتشۇناسلىق جەھەتتە بەزى قەھرىمانلار مەۋجۇتكى، ئۇلار «تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس»نىڭ «بىخلىرى» بولۇپلا قالماي، بەلكى مەلۇم «دىڭلى»لارنىمۇ تەقدىم قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسىنى — دىيۇرىڭ ئەپەندى تەبەت پەلسەپىسىدە كورسەتكىنىدەك، — «راۋاجلىنىش» ئۈچۈن زورۇقماي، پەقەت «تېرىپ - توشەش» بىلەنلا ئىشنى پۈتتۈرىدىغان قىلىدۇ. بۇنداق قەھرىمانلار ئارىسىدا «تەڭداشسىز ئېسىل ئۇلۇق شەخس» **لىستمۇ** بار، ئۇ گېرمانىيىدىكى زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، فېررىيېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ «ئاجىزراق» بولغان جۇڭشاڭجۇيىلىق تەلىماتىنى ماختاپ «كۆچلۈك-رەك» سوزلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا **كېرى** بولۇپ، ئۇنىڭ تووەندىكى سوزلىرى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ:

«رىكاردونىڭ ئىشى — پۈت تېپىشىش ئىشى...... ئۇ سىنىپىي دۈشمەنلىكنى تۇغدۇرىدۇ......ئۇنىڭ ئەسىرى يەر تەقسىم قىلىش، ئۇرۇش ۋە تالان - تاراج يولى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا ئۈرۈنىدىغان ئېزىنتقۇلار ئۈچۈن قوللانما»[156]؛

ئاخىردا، بۇ قەھرىمانلار ئىچىدە لوندون سىتى رايونىنىڭ

كۇڭفۇزىسى[1] **ماكلېود** مۇ بار.

دىمەك، ھازىر ياكى يېقىن كەلگۈسىدە سىياسى ئىقتىسات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئۇلۇق ئۇسلۇپتا ئىگە تارىخىي بايانىنامە»سىگە تايانغاندىن كۆرە، «تازا تارقىلىپ يۈرگەن، قېتىش - قوماش قۇراشتۇرۇلغان دەرسلىك»تىكى «سۇيۇق - سەلەڭ ئەسەرلەر»، «ئادەتتىكى پاراگىرافلار» ۋە «قەلەندەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىلىدىغان سۇيۇق بوتقا»نى[84] پىششىق بىلىۋېلىش ھەر ھالدا كۆپ ئىشەنچلىك بولاتتى.

* * *

دىيۇرىڭنىڭ سىياسى ئىقتىسادىدىكى «ئۆز ئۆزىدىن ياسالغان تىششى»نى تەھلىل قىلىپ، ئاخىر قانداق نەتىجىگە ئېرىشتۇق؟ مۇنداق بىر پاكىتلا كېلىپ چىقتى: ھەممە مەردانە سۆزلەردىن ۋە تېخىمۇ كاتتا ۋەدىلەردىن كېيىن، «پەلسەپە»دىكىگە ئوخشاشلا ئالدانغان بولۇپ چىقتۇق. قىممەت نەزىرىيىسىدە — «ئىقتىساتشۇناسلىق ئىشىنىڭ پاكلىقىنى سىنايدىغان سىناق تېشىدا» — ئېرىشىلگەن پاكىت مۇنداق بولۇپ چىقتى: دىيۇرىڭ ئەپەندى قىممەتنى بەش خىل پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان، بىر بىرىگە توغرىدىن - توغرا زىت بولغان نەرسە دەپ چۈشىنىدىكەن، شۇڭا، كۆپ بولغاندىمۇ،

---

[1] ماركس يازغان 10 - باپنىڭ قوليازمىسىدا ‹Confucius› (كۇڭفۇزى) ئىدى، «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ نېمىسچە نەشرىدە ‹Confusius› (گالۋالڭ) دىگەن باشقا مەنىلىك ئاھاڭداش سۆز بېسىلغان. — تەھرىردىن

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە تىلەيدىغانلىقىنى ئۆزى بىلمەيدىكەن. شۇنچە چوڭ داۋراڭ بىلەن جاكالانغان «بارلىق ئىگىلىكنىڭ تەبىي قانۇنىيەتلىرى»نىڭ ھەممىسى خەلقى ئالەمگە ئايان بولغان بەلكى كۆپ ھاللاردا ھەتتا ناتوغرا چۈشىنىلگەن ئەڭ يامان بىر خىل ئادەتتىكى پاراڭ ئىكەن. ئۆز ئۆزىدىن ياسالغان تىشىنىڭ ئىقتىسادىي پاكىتلار توغرىسىدىكى بىردىن-بىر چۈشەندۈرۈشى بۇ پاكىتلارنى «زورلۇق كۈچ»نىڭ نەتىجىسى دېيىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئۆزى بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، بارلىق مەملىكەتلەردىكى چاكىنا ئادەملەر ھەرقانداق بەختسىزلىكىكە ئۇچرىغاندا ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلگەن سۆز ئىدى، بۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بىزنىڭ بىلگەنلىرىمىز بۇلارنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا قىلچىلىكمۇ كۆپىيىپ قالمايدۇ. ديۈرىڭ ئەپەندى بۇنداق زورلۇق كۈچنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە رولىنى تەكشۈرمەيدۇ، بەلكى بىزنى «زورلۇق كۈچ» دېگەن **سۆز** بىلەن، ئۇنى بارلىق ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنىڭ چېكىگە يەتكەن سەۋەبى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىزاھى قىلىپ تۇرۇپ، چوڭ مىننەتدار بولغان ھالدا تېچلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئەمگەكنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزاھلاشقا مەجبۇر بولۇپ، ھەممىدىن ئاۋال، بۇ ئېكسپلاتاتسىيىنى ئاددى ھالدا سېلىق سېلىش ۋە قوشۇلغان باھانى ئاساس قىلغان دەۋالىدۇ، كېيىن بۇنداق ئېكسپلاتاتسىيىنى ماركسنىڭ قوشۇمچە ئەمگەك، قوشۇمچە مەھسۇلات ۋە قوشۇمچە قىممەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بىلەن كونكرېت چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇ پرۇدوننىڭ «ئالدىنالا ئۇندۇرۇۋېلىش نەزەرىيىسى»(prélèvement)نى پۈتۈنلەي ئوغرىلىۋالىدۇ. شۇنداق

قىلىپ، ئۇ ئىككىسىنى بىر يولىلا كوچۇرۇۋالدۇ-دە، نەتىجىدە بىر بىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان ئىككى ئىدىيىنى ئوڭۇشلۇق هالدا ياراشتۇردۇ. ئۇ پەلسەپىدە گېگېلنى پۇخادىن چىقىقۇدەك تىللىمىغانلىقىنى هامان ھېس قىلغىنى بىلەن، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۆزلۈكسىز تۈردە گېگېلنىڭ ئىدىيىسىنى ئوغرىلىغان ھەمدە ئۇنى چاكىنىلاشتۇرغان ئىدى، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، «يىپەنلىك تارىخ»تا ماركسقا چاپلىغان چەكسىز تۆھمەتلەرمۇ پەقەت مۇنۇ پاكىتنى: «كۇرس»تا كاپىتال ۋە ئەمگەك توغرىسىدىكى سەل-پەل ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئوخشاشلا ماركسقا قىلىنغان چاكىنىلاشتۇرۇلغان ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى يېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. «كۇرس»تا «چوڭ يەر ئىگىلىرى»نى مەدىنى مىللەتلەرنىڭ تارىخى-نىڭ باشلىنىش جايىغا قويىدۇ، ھەقىقەتەن پۈتۈن تارىخنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولغان ئۇرۇقداشلىق گوڭشېسى ۋە يېزا گوڭشې-لىرىنىڭ ئومۇم يەر مۈلۈكچىلىكى توغرىسىدا بولسا ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ، — بۈگۈن چۈشەنگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن بۇنداق بىلىمسىزلىكنى ئالاھەزەل «يىپەنلىك تارىخ»تا «تارىخى نەزەر دائىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كەڭلىكى» بىلەن ئۆز ئۆزىدىن زوقلىنىدىغان بىلىمسىزلىك تېخىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ، بۇنداق بىلىمسىزلىك توغرىسىدا بىز يۇقۇرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىرنەچچە مىساللارنى كەلتۈردۇق. قىسقىسى: باشلىغان چاغدا ئۆز ئۆزىنى ماختاش، تازا داۋراڭ كوتىرىش، بىر بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ۋەدىلەر بېرىش ئارقىسىدا غايەت زور «سەرپىيات» سەرپ قىلىنغان ئىدى، «مېۋە» بولسا — نولگە تەڭ.

# ئۈچىنچى قىسىم  سوتسىيالىزم

## 1. تارىخ

بىز «كىرىش»تە[1] ئىنقىلاپ ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان 18-ئەسىر فرانسىيە پەيلاسوپلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئەقىلدىن مەدەت تىلەپ، ئەقىلنى بارلىق مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ بىردىن-بىر سەيپەنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلار ئەقىلىي دۆلەت، ئەقىلىي جەمئىيەت قۇرۇشنى، مەڭگۈلۈك ئەقىلگە زىت بارلىق نەرسىلەرنى رەھىمسىز ھالدا تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىشتى. بىز بۇ مەڭگۈلۈك ئەقىلنىڭ ئەمەلىيەتتە دەل شۇ چاغدا راۋاجلىنىپ بۇرژۇئازلارغا ئايلىنىۋاتقان ئوتتۇرا شەھەر ئاھالىسىنىڭ غايىۋىلەشكەن ئىدرىكىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇڭا، فرانسىيە ئىنقىلاۋى بۇ ئەقىلىي جەمئىيەتنى ۋە بۇ ئەقىلىي دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان چاغدا، يېڭى تۈزۈم ئۆزىنىڭ كونا تۈزۈمگە قارىغاندا ھەرقانچە مۇۋاپىق بولسىمۇ، ھەرگىز ئەقىلگە مۇتلەق ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئەقىلىي دۆلەت تامامەن بەربات بولدى. رۇسسونىڭ ئىجتىمائى شەرتنامىسى تېررورلۇق دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشتى، ئۆزىنىڭ سىياسى قابىلىيىتىگە

---

[1] «پەلسەپە»نىڭ 1-بابىغا قارالسۇن157.

بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى، بۇنداق تېرورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەسلەپتە چىرىگەن تەپتىش ھۆكۈمەتتىن مەدەت تىلىدى، ئاخىردا بولسا ناپولېئوننىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىدىن قانات ئاستىغا ئېلىشنى كۈتتى.[158] بۇرۇن ۋەدە قىلىنغان مەڭگۈلۈك تېچلىق ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان تالان-تاراج ئۇرۇشىغا ئايلاندى. ئەقلىي جەمىيەتنىڭ سەرگۈزەشتىسىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولمىدى. بايلىق بىلەن كەمبەغەللىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق ئومۇمىيۈزلۈك بەخت ئىچىدە ھەل بولمىدى، ئەكسىچە بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىقنى تۇتاشتۇرىدىغان كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى ئىمتىيازلىرى ۋە باشقا ئىمتىيازلارنىڭ بىكار قىلىنىشى ئارقىسىدا، بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىقنى يۇمشىتىدىغان جىياۋخۇي خەيرى-ئېھسان مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى؛ سانائەتنىڭ كاپىتالىزىم ئاساسىدىكى تېز تەرەققىياتى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كەمبەغەللىكى ۋە جەۋرى-جاپاسىنى جەمىيەتنىڭ ياشاش شەرتى قىلىپ قويدى. جىنايەتنىڭ قېتىم سانى يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. ئەگەر، ئىلگىرى كىپ-كۈندۈزدىلا ھېچ ئەيمەنمەستىن قىلىنىدىغان فېئوداللىق جىنايەتلەر گەرچە تۈگىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ۋاقتىنچە ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئىلگىرى يوشۇرۇن-ئوغرىلىقچىلا قىلىنىدىغان بۇرژۇئا جىنايەتلىرى ئەمدى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. سودا كۈندىن-كۈنگە ئالدامچىلىققا ئايلاندى. ئىنقىلاۋىي ئەقلىيە سوز بولغان «مېھرىۋانلىق»[159] رىقابەتتىكى ھىلە-نەيرەڭ ۋە ھەسەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشتى. زورلۇق كۈچ زۇلمىنىڭ ئورنىنى پارا، شەمشەرنىڭ ئورنىنى پۇل ئېلىپ،

جەمىيەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىرىنچى پىشاكى بولۇپ قالدى. بىرىنچى كېيىنچە ھوقۇقى فېودال لېگجۇلارنىڭ قولىدىن بۇرژۇئا زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئېپپەت-نومۇسنى سېتىش كوپىيىپ قۇلاق ئاڭلىمىغان دەرىجىگە يەتتى. نېكانىڭ ئۆزىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئېپپەت-نومۇسنى سېتىشنىڭ قانۇن ئېتىراپ قىلغان شەكلى، رەسمىي پۈركەنچىسى بولۇپ قېلىۋەردى ھەمدە يەنە ھەددى-ھېساپسىز زىنانى قوشۇمچە قىلدى. قىسقىسى، مەرىپەت-چىلەرنىڭ چىرايلىق ۋەدىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «ئەقىلنىڭ غەلىبىسى» بىلەن ئورنىتىلغان ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە سىياسى تۈزۈم كىشىنى ئىنتايىن ئۈمىتسىزلەندۈرىدىغان ھەجۋى رەسىم بولۇپ چىقتى. ئۇ چاغدا بۇنداق ئۈمىتسىزلىكنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىشىلەرلا تېخى كەملىك قىلاتتى، بۇنداق كىشىلەر بولسا ئەسىرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەيدانغا كەلدى. 1802-يىلى سېن-سىموننىڭ «جەنۋە خەتلىرى» نەشر قىلىندى؛ فۇرىيې گەرچە ئۆزىنىڭ نەزىرىيە-سىنىڭ ئاساسىنى 1799-يىلىلا سالغان بولسىمۇ، 1808-يىلى ئۇنىڭ بىرىنچى ئەسىرى نەشر قىلىندى؛ 1800-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئوۋېن يېڭى لېناركنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.[160]

لېكىن، بۇ چاغدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە بۇرژۇئازىيە بىلەن پۇرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق تېخى تازا ئەۋج ئېلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئەنگلىيىدە ئەمدىلا پەيدا بولغان يىرىك سانائەت فرانسىيىدە تېخى تامامەن يوق ئىدى. لېكىن، بىر تەرەپتىن، پەقەت يىرىك سانائەتلا ئىشلەپچى-قىرىش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇتلەق زۆرۈر قىلىپ قويىدىغان توقۇنۇشلارنى — يىرىك سانائەت پەيدا قىلغان ھەرقايسى سىنىپلار

ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ پەيدا قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىمۇ ئەۋج ئالدۇرالايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يىرىك سانائەت يەنە دەل مۇشۇ غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىلىق بۇ توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتا زۆرۈر بولغان ۋاستىلەرنىمۇ ئەۋج ئالدۇرىدۇ. شۇڭا، ئەگەر، 1800 ـ يىلى ئەتراپىدا يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم پەيدا قىلغان توقۇنۇشلار تېخى ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش ۋاستىلىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. گەرچە پارىژدىكى مۈلۈكسىز ئامما تېرورلۇق دەۋرىدە ھوكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بىر دەملىككە تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەقەت بۇنىڭ بىلەن ئۆز ھوكۈمرانلىغىنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتتا مۇمكىن ئەمەسلىكىنىلا ئىسپاتلاپ بەردى. شۇ چاغدا بۇ مۈلۈكسىز ئامما ئىچىدىن يېڭى سىنىپنىڭ تورەلمىسى سۈپىتىدە ئەمدىلا ئايرىلىپ چىققان پرولېتارىيات مۇستەقىل سىياسىي ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا تېخى پۈتۈنلەي قادىر ئەمەس ئىدى، ئېزىلگۈچى، ئازاپ چەككۈچى بىر تەبىقە بولۇپ كورۇنەتتى، ئۆزىگە ئۆزى ياردەم بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا ئەڭ كوپ بولغاندىمۇ پەقەت سىرتتىن، يۇقۇرىدىن ياردەم ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

بۇنداق تارىخي ئەھۋال سوتسىيالىزم ئاساسچىلىرىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنىمۇ بەلگىلىدى. پىشىپ يەتمىگەن نەزىرىيە پىشىپ يەتمىگەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا، پىشىپ يەتمىگەن سىنىپىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلدى. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى تەرەققىي قىلمىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە

تېخى يوشۇرۇن تۇراتتى، شۇڭا كاللىدىلا پەيدا بولاتتى. جەمئىيەت پەقەت ئىللەتلەرنىلا كۆرسەتتى، بۇ ئىللەتلەرنى تۈگىتىش تەپەككۇر قىلغۇچى ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يۈرۈش يېڭى، تېخىمۇ مۇكەممەل ئىجتىمائىي تۈزۈمنى كەشپ قىلىشقا ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، مۇمكىن بولغاندا تىپىك ئۈلگىلەر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنى جەمئىيەتكە سىرتتىن تېڭىشقا توغرا كەلدى. بۇنداق يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھەدىگەندە خىيالىي بولۇشى جەزمەن ئىدى، ئۇ قانچە تەپسىلىي ۋە پۇختا تۈزۈلسە، ساپ خام خىيالغا شۇنچە پېتىپ كېتەتتى.

بۇ نۇقتا ئېنىق بولغان ئىكەن، ھازىر پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولۇپ قالغان بۇ جەھەت ئۈستىدە قايتا توختالمايمىز. ھازىر كىشىنىڭ كۆلكىسىنىلا كەلتۈرىدىغان بۇ خام خىياللارنى دىيۇرىڭ قاتارلىق يازغۇچىلىق ھوپىگەرلىرى جىددىي يوسۇندا كوچىلىسۇن، ئۇلار بۇنداق «تەلۋىلەرچە ئوي»دىن ئۆزلىرىنىڭ جىددىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى بىلەن ئۆز ئۆزىدىن مەزە قىلسۇن. ۋاھالەنكى، ھەممىلا يەردە خام خىياللار قېپىنى يېرىپ چىقىپ ئۆزىنى كۆرسەتكەن تالانتلىق ئىدىيە بىخلىرى ۋە تالانتلىق ئىدىيىلەر بىزنى خوشال قىلىدۇ، بۇلارنى بولسا ھېلىقىدەك چاكىنا ئادەملەر كۆرەلمەيدۇ.

سېن-سىمون «جەنۋە خەتلىرى»دە مۇنداق كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«ھەممە ئادەم ئەمگەك قىلىشى كېرەك.»

شۇ ئەسىردە ئۇ، تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق مۈلۈكسىزلەر ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولدى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئۇلارغا جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «قاراڭلار، سىلەرنىڭ شېرىكلىرىڭلار فرانسىيە ئۈستىدە ھوكۇمرانلىق قىلغاندا، ئۇ يەردە قانداق ئىشلار يۈزبەردى: ئۇلار قەھەتچىلىك پەيدا قىلدى!»[161]

لېكىن، فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئاقىۋەتلىرى، شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسى بىلەن مۇلۇكسىزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش ــ بۇنىڭ ئۆزى 1802 ـ يىلىدا ئىنتايىن تالانتلىق كەشپىيات ئىدى. 1816 ـ يىلى سېن ـ سىمون، سىياسى ــ ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى پەن، دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەمدە سىياسىنىڭ تامامەن ئىقتىساتنىڭ ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىدۇ.[162] گەرچە، ئىقتىسادىي ئەھۋال سىياسى تۈزۈمىنىڭ ئاساسى، دىگەن تونۇش بۇ يەردە پەقەت بىخ ھالىتىدىلا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان سىياسى ھوكۇمرانلىق نەرسىلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بولغان رەھبەرلىككە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك، دىگەن ئىدىيە يەنى يېقىنقى ۋاقىتلاردا تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىنغان دولەتنى بىكار قىلىش دىگەن ئىدىيە ئېنىق ئىپادە قىلىپ بېرىلگەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆز زامانداشلىرىدىن ئەۋزەل يېرى شۇكى، 1814 ـ يىلى بىرلەشمە ئارمىيە ئەمدىلا پارىژغا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە 1815 ـ يىلدىكى 100 كۈنلۈك ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇ، فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە بۇ ئىككى دولەتنىڭ گېرمانىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقى ــ ياۋروپانىڭ گۈللىنىشى ۋە تېچلىقىنىڭ بىردىن ـ بىر كاپالىتى، دەپ جاكالايدۇ.[163] 1815 ـ يىلى فرانسۇزلارغا ۋوتېرلوئو جەنىيسىدە[164] غەلىبە قازانغانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە جياۋشۇلىرىغا تىل ئۇرۇشى[165]

ئېلان قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك جاسارەت كېرەك ئىدى.

ئەگەر، بىز سېن - سىموندا تالانتلىق كەڭ نەزەر دائىرىنى، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق نەزەر دائىرىنىڭ بولغانلىقى ئارقىسىدا، كېيىنكى سوتسىيالىزمچىلارنىڭ قاتتىق رەۋىشتە ئىقتىسادىي بولمىغان ئىدىيەلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بىخ ھالىتىدە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى كوردۇق، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، فۇرىيېدا ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارىتا ھەقىقىي فرانسۇزلارغا خاس قىزىقچىلىق بىلەن قىلغان لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن چوڭقۇر بولماي قالمىغان پىپەننى كورىمىز. فۇرىيې بۇرژۇئازىيىنى ئۇلارنىڭ ئېيتقان سوزلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپتىن ئاۋالقى تەلۋە ھوكۇمالىرى ۋە ئىنقىلاپتىن كېيىنكى سېتىلغان خوشامەتچىلىرىنىڭ ئېيتقان سوزلىرىدىن تۇتۇۋالىدۇ. ئۇ بۇرژۇئا دۇنياسىنىڭ ماددىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى نامراتلىقىنى رەھىمسىز تۇردە ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇ بۇنداق نامراتلىقنى مەرىپەتچىلەرنىڭ پەقەت ئەقىل ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان جەمىيەت توغرىسىدىكى، ھەممە كىشىگە بەخت ئاتا قىلىدىغان مەدىنىيەت توغرىسىدىكى، ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز مۇكەممەللەشكەن قابىلىيىتى توغرىسىدىكى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەدىلىرى بىلەنلا سېلىشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى بۇنداق نامراتلىقنى شۇ چاغدىكى بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ چىرايلىق سوزلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرىدۇ؛ ئۇ ئەڭ جاراڭلىق سوزلەر بىلەن ماسلىشمىدىغىنى ھەممىلا جايدا ئەڭ بىچارە رىياللىق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ، ئۇ بۇنداق سوزلەرنىڭ قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بەربات بولغانلىقىنى راسا ئېچىنىپ مەسخىرە قىلىدۇ. فۇرىيې تەنقىدچىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئومۇرۋايەت خۇشخۇي مىجەزى ئۇنى مەسخىرىچى

قىلىپ قويغان، بەلكى زامان ـ زامانلاردىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇق مەسخىرىچىلەردىن بىرى قىلىپ قويغان. ئىنقىلاپنىڭ پەسىيىشىگە ئەگىشىپ ئەۋج ئالغان مەككارلىق بىلەن ئۇستىلىق قىلىش ۋە شۇ چاغدىكى فرانسىيە سودىسىدا ئومۇملاشقان ئۇششاق سودىگەرلىك خۇيىنى ئۇ ئەپلىك ھەم قىزىق سوزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇرژۇئاچە شەكلىنى ۋە ئاياللارنىڭ بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىدىكى ئورنىنى ئۇ تېخىمۇ ئەپلىك پىپەن قىلىدۇ. ئۇ، ھەرقانداق جەمىيەتتە ئاياللارنىڭ ئازاتلىغىنىڭ دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئازاتلىقنى ئۆلچەشنىڭ تەبىي ئۆلچىمى بولىدۇ، دىگەن ئىدىيىنى بىرىنچى بولۇپ ئىپادىلەيدۇ.166 لېكىن فۇرىيېنىڭ ئەڭ ئۇلۇق يېرى ئۇنىڭ جەمىيەت تارىخىغا بولغان قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جەمىيەت تارىخىنىڭ بۇ كەمگىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى 4 تەرەققىيات باسقۇچىغا: نادانلىق، زۇڭفالىق، ياۋايىلىق ۋە مەدىنىلىك باسقۇچىغا بولىدۇ. ئاخىرقى باسقۇچ ھازىر بۇرژۇئازىيە جەمىيىتى دەپ ئاتىلىدىغان جەمىيەتكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ مۇنداق كورسىتىدۇ:

«بۇ مەدىنىي تۈزۈم ياۋايىلىق دەۋرىدە ئاددىي ئۇسۇل بىلەن قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر خىل جىنايەتنىمۇ مۇرەككەپ، تۇتۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ساختا مەۋجۇدىيەت شەكلىگە كىرگۈزىدۇ»؛

مەدىنىلىك بىر «يامان ئايلانما» ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇزى ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭىۋاشتىن پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان بىراق يەنە تۈگىتىشكە ئامالسىز قالغان زىددىيەتلەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان نەتىجىسى ھامان ئۇنىڭ ئۇمىت قىلغىنىنىڭ ياكى ياسالما ئۇمىت قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ

چىقىدۇ.[167] شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىلەن،

«مەدىنىيلىك باسقۇچىدا نامراتلىقنى ئوشۇقچىلىقنىڭ ئۆزى تۇغدۇرىدۇ».[168]

بىز فۇرىيېنىڭ ئۆز زامانىدىكى گېگېلغا ئوخشاشلا بىيەنجېڭفانى ئۇستىلىق بىلەن ئىگەللىگەنلىكىنى كورىمىز. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز مۇكەممەللەشكەن قابىلىيىتى توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلەرگە قارشى تۇرىدۇ ۋە شۇنداقلا، ھەر بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ئۆزىنىڭ يۇقۇرى ئۆرلەش مەزگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆۋەنلەش مەزگىلىمۇ بولىدۇ[169]، دەپ بىيەنجېڭلىق ھالدا كېسىپ ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تېخى بۇ قاراشنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەتبىق قىلىدۇ. خۇددى كانت تەبىي پەندە، يەر شارى كەلگۈسىدە ھالاك بولىدۇ، دىگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانغا ئوخشاش، فۇرىيې تارىخ تەتقىقاتىدا، ئىنسانىيەت كەلگۈسىدە ھالاك بولىدۇ، دىگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىنقىلاپ بورىنى پۈتۈن فرانسىيىنى تازىلاۋاتقان چاغدا، ئەنگلىيىدە جىمراق لېكىن قۇدرىتى بۈيۈكلۈك بىلەن ئاجىزلاشمىغان ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. پار ۋە يېڭى ئىش ماشىنىلىرى ئىشخانا قول سانائىتىنى ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتىگە ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئاساسىنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇردى. ئىشخانا قول سانائىتى دەۋرىدىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستا بېرىشى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەقىقى شىددەتلىك بوران مەزگىلىگە ئايلاندى. جەمئىيەت بارغانسىرى تېزدىن چوڭ كاپىتالىستلارغا ۋە پرولېتارلارغا ئايرىلدى، ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغىنى بۇرۇنقى تۇراقلىق ئوتتۇرا تەبىقە ئەمەس،

بەلكى تۇراقلىق بولمىغان قول سانائەتچىلەر ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر ئاممىسى بولۇپ، ئۇلار خاتىرجەم بولمىغان تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلار ئاھالىنىڭ تازا ئېقىپ تۇرىدىغان قىسمى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تېخى يۇقۇرى ئورلەش مەزگىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇراتتى؛ ئۇ تېخى نورمال، شۇ چاغدىكى شارائىتتا بىردىن-بىر مۇمكىن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىدى. لېكىن شۇ چاغدىلا ئۇ كىشىنى چوچۇتىدىغان ئىجتىمائى يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان ئىدى: ئۆي-ماكانسىز كىشىلەر چوڭ شەھەرلەردىكى كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە تىقىلىشتى؛ بارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ئاسارىتى، زوڭفالىق تۇزۇمىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئائىلە پارچىلاندى؛ ئەمگەك ۋاقتى بولۇپمۇ ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى ئۇزارتىلىپ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتتى؛ پۈتۈنلەي يېڭى موھىتقا تۇيۇقسىز تاشلانغان ئەمگەكچىلەر سىنىپى كوپلەپ چۈشكۈنلەشتى. مانا شۇ چاغدا 29 ياشلىق بىر زاۋۇت ئىگىسى ئىسلاھاتچى سالاھىيەت بىلەن مەيدانغا چىقتى، بۇ ئادەم باللاردەك ساپ، ئالىجاناپ مىجەزگە ئىگە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تۇغما رەھبەر ئىدى. روبېرت ئوۋېن ۋېيۋۇجۇيىچى مەرىپەتچىلەرنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ، ئادەمنىڭ مىجەزى — تۇغما تۇزۇلۇشتىن ۋە ئادەم ئوزىنىڭ ھاياتىدا بولۇپمۇ يېتىلىش مەزگىلىدە تۇرغان موھىتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ مەھسۇلى، دەپ ھېساپلىدى. ئىجتىمائى ئورنى ئوۋېن بىلەن ئوخشاش بولغان كىشىلەرنىڭ زور كوپچىلىكى سانائەت ئىنقىلاۋىنى لاي سۇدا بېلىق تۇتۇشقا ۋە كوپلەپ ھارام بايلىق توپلاشقا ئەپلىك بولغان مالىماتاڭچىلىقتىنلا

ئىبارەت دەپ ھېساپلاشتى. ئۇۋېن بولسا سانائەت ئىنقىلاۋىنى ئۆزى ياخشى كورىدىغان نەزىرىيىنى تەتبىق قىلىشنىڭ ھەم مالىماتاگچىلىقنى تەرتىپكە كىرگۈزۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ھېساپلىدى. ئۇ مانچېستېردا 500دىن ئارتۇق ئىشچىسى بولغان بىر زاۋۇتقا رەھبەرلىك قىلغان چاغدا، بۇ نەزىرىيىنى سىناق قىلدى ھەم ئۇنۇمگە ئېرىشتى. 1800 ـ يىلدىن 1829 ـ يىلغىچە ئۇ ھەسسىدار، قوشۇمچە جىگلىلىق سالاھىيىتى بىلەن شوتلاندىيىدىكى يېڭى لېنارك چوڭ پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇدىغا رەھبەرلىك قىلدى، ئۇ بۇ يەردىمۇ ئەنە شۇنداق روھ بويىچە ئىش كوردى، لېكىن ھەركەت جەھەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئەركىن بولدى، بەلكى ئۇزىنى پۈتۈن ياۋروپاغا داڭ كەتكۈزگەن ئۇنۇمگە ئېرىشتى. يېڭى لېناركنىڭ نوپۇسى ئاستا ـ ئاستا كوپىيىپ 2 مىڭ 500 گە يەتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ تەركىۋى ئەسلىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولىسى ئىنتايىن چۈشكۈنلەشكەن ئۇنسۇرلار ئىدى، بىراق ئۇۋېن بۇ جاينى مۇكەممەل نەمۇنىلىك كوچمەنلەر رايونىغا ئايلاندۇردى، بۇ يەردە ھاراقكەشلىك، ساقچى، جىنايى ئىشلار فاتىگى، ئەرز ـ شىكايەت، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ۋە خەيرى ـ ئېھسان ئىشلىرىنىڭ ئىز ـ تىزى قالمىغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى كىشىلەرنى كىشىلىك ئىززەت ـ ھورمىتىگە خېلى ئۇيغۇن كېلىدىغان موھىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بولۇپمۇ ئوسۇۋاتقان ئەۋلاتلارغا بولغان تەربىيىگە كوڭۇل بولۇش ئارقىسىدىلا ئورۇنلىدى. ئۇ باللار باغچىسىنى كەشپ قىلدى ۋە بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم قۇردى. باللار 2 ياشتىن تارتىپ باللار باغچىسىغا بېرىلەتتى؛ ئۇلار ئۇ يەردە ئىنتايىن كوڭۇللۇك ياشايتتىكى، ئاتا ـ ئانىسى

ئۇلارنى ناھايىتى ئەسلىكتە ئىلىپ كىتەلەيتتى. ئۇۋېننىڭ رىقابەتچىلىرى ئىشچىلارنى كۈنىگە 13 ـ 14 سائەت ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، يېڭى لېناركىدا بولسا ئاران 10 يېرىم سائەت ئەمگەك قىلىناتتى. پاختا توقۇمىچىلىق ۋېيجىسى زاۋۇتىنى 4 ئاي ئىش توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، بوش قالغان ئىشچىلار داۋاملىق تولۇق ئىش ھەققى ئىلىپ تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كارخانىنىڭ قىممىتى يەنىلا بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى، بەلكى ئاخىرغىچە كارخانا ئىگىلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ پايدا يەتكۈزۈپ تۇردى.

ئۇۋېن بۇلار بىلەن قانائەتلەنمىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئىشچىلىرىغا يارىتىپ بەرگەن تۇرمۇش شارائىتى ئۆز نەزىرىدە كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئۇيغۇن كېلىشتىن تېخى يىراق ئىدى؛ ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«بۇ كىشىلەر مېنىڭ قۇللىرىم ئىدى»؛

ئۇ ئىشچىلارغا يارىتىپ بەرگەن بىر قەدەر ياخشى موھىت ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئەتراپلىق، مۇۋاپىق ئۇستۇرۇشكە كۇپايە قىلىشتىن تېخى يىراق ئىدى، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇشتىن تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايتتى.

«بىراق، بۇ 2 مىڭ 500 كىشىنىڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمى جەمىيەتكە ئىشلەپچىقىرىپ بەرگەن ئەمەلىي بايلىقنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن يېرىم ئەسىرگە يەتمەيدىغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى 600 مىڭ كىشى لازىم بولاتتى. مەن ئۆزەمدىن: بۇ 2 مىڭ 500 كىشى ئىستىمال قىلىدىغان بايلىق بىلەن ئىلگىرى 600 مىڭ كىشى ئىستىمال قىلىشقا تېگىشلىك بايلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نەگە كېتىدۇ؟ دەپ سورىدىم.»

جاۋاپ ئىبىق ئىدى. بۇ پەرق كارخانا ئىگىلىرىنىڭ قولىغا چۈشەتتى، ئۇلار 5 پىرسەنت پايي ئۇسۇمى ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە 300 مىڭ فۇنت ئىستىرلىڭ (6 مىليون مارك)دىن ئارتۇق پايدا ئالاتتى. يېڭى لىناركتا شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەنگلىيىنىڭ باشقا بارلىق زاۋۇتلىرى توغرىسىدا سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

«ماشىنىلار ياراتقان مۇشۇ يېڭى بايلىقلار بولمىغان بولسا، ناپولېوننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ۋە ئاقسوڭەككىلەرچە ئىجتىمائى پىرىنسىپلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ يېڭى كۈچنى ئەمگەكچىلەر سىنىپى ياراتقان ئىدى.»170

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ ئەمگەكچىلەر سىنىپىغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. ئوۋېننىڭ قارىشىچە، ئىلگىرى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىلا بېيىتقان ۋە ئاممىنى قۇل قىلدۇرغان يېڭى قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى، ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى سۈپىتىدە ھەممەيلەننىڭ ئورتاق پاراۋانلىقى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئوۋېننىڭ كوممۇنىزمى ئەنە شۇنداق ساپ تىجارەتچىلىك ئۇسۇلى بىلەن، ئاتالمىش سودا ھېساۋاتىنىڭ مىۋىسى تەرىقىسىدە ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەمىلىيەتلىك خاراكتېرىنى باشتىن ـ ئاياق ساقلاپ كەلدى. مەسىلەن، 1823 ـ يىلى ئوۋېن كوممۇنىستىك كوچمەنلەر رايونى ئارقىلىق، ئىرلاندىيىدە نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنىڭغا قۇرۇش خىراجىتى، ھەر يىللىق چىقىم ۋە ئالدىن مولچەرلەنگەن

كىرىم توغرىسىدىكى تەپسىلى ھېساۋاتىنى قوشۇمچە قىلدى.[171] ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پىلانىدا ئۇ تېخنىكا جەھەتتىن تۈرلۈك تەپسىلاتلارنى بەلگىلىدى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئىشلىگەنىكى، ئۇنىڭ جەمى-يەتنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوبۇل قىلىنىدىغان بولسىلا، تۈرلۈك تەپسىلاتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ھەتتا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزىرىدىن قارىغاندىمۇ كەمدىن-كەم قارشىلىق چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

كوممۇنىزىمغا بۇرۇلۇش ئوۋېننىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئۇ تېخى پەقەتلا خەيرى-ئېھسانچى چېغىدا پەقەت بايلىق، مەدھىيە، ئابروي ۋە شوھرەتكىلا ئىگە بولغان ئىدى. ئۇ ياۋروپادا ئەڭ ئابرويلۇق ئادەم ئىدى. ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى كاتتا ئەمەلدار خوجام-لار، ۋاڭ-گۇڭ دارىنلارمۇ ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىغا ماقۇل كورۇپ قۇلاق سالاتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ كوممۇنىزىم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان چېغىدا، ئەھۋال تامامەن ئۆزگەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ھەممىدىن ئاۋال 3 چوڭ توسالغۇ توس-قۇنلۇق قىلىۋاتاتتى: خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك، دىن ۋە مەۋجۇت نىكا شەكلى. ئۇ بۇ توسالغۇلارغا ھۇجۇم قىلغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئىملەرگە دۇچكېلىدىغانلىغىنى — ئەمەلدارلار جەمىيىتىدىن ئومۇمىيۈزلۈك چەتكە قېقىلىدىغانلىغى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي ئورنىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىغىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ توختاپ قالمىدى، ئۇ ھېچنىمىگە قارىماي بۇ توسالغۇلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇ مولچەرلىگەن ئىشلار راستلا يۈزبەردى. ئۇ ئەمەلدارلار جەمىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى،

مەتبۇئاتنىڭ قامال قىلىشىغا ئۇچرىدى، ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىدە پۈتۈن مال-مۈلكى بىلەن ئېلىپ بارغان كوممۇنىزىم سىنىقى مەغلۇپ بولغانلىقى ئارقىسىدا ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغرىدىن-توغرا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە يەنە 30 يىل پائالىيەت ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا ئەنگلىيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشچىلارغا پايدىلىق بارلىق ئىجتىمائى ھەركەتلەر، بارلىق ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئوۋېننىڭ نامى بىلەن باغلانغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ 5 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، 1819-يىلى زاۋۇتلاردا ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىگە چەك قويغان تۇنجى قانۇن ماقۇللاندى[172]. ئۇ ئەنگلىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇ قۇرۇلتايدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولۇپ بىرلەشتى.[173] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تولۇق كوممۇنىستىك جەمئىيەت تۈزۈمىگە ئۆتۈشنىڭ تەدبىرى سۈپىتىدە، بىر تەرەپتىن، ئۇ كوپىراتىپلارنى (ئىستېمال كوپىراتىپلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىنى) ئۇيۇشتۇردى، بۇ كوپىراتىپلار سودىگەرلەرنىڭمۇ ياكى زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەرگىز كەم بولسا بولمايدىغان كىشىلەر ئەمەس ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىن تارتىپ ھېچ بولمىغاندا ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەمگەك بازارلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ يەردە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ئەمگەك سائىتى بىرلىك قىلىنغان ئەمگەك تالونلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى[174]؛ بۇنداق بازار مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايتتى، لېكىن ئۇ پرۇدوننىڭ خېلى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئالماشتۇرۇش

بانكىسىدىن[175] تولۇق دېرەك بەردى، ئۇنىڭ بۇ بانكىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان ھەممىگە شىپا دورا قەغىزى دەپ تەسۋىرلەنمىدى، بەلكى پەقەت جەمىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ كۆپ دەرىجىدە رادىكال بولغان بىرىنچى قەدىمىلا قىلىندى.

ھەممىدىن ئەلا دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىگە مەنسۇپ «ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت» يۇكسەكلىكىدىن مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن تۇۋەنگە قاراپ كۆز قىرىنى سالغان كىشىلەر ئەنە شۇلار ئىدى، بۇنداق مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسى توغرىسىدا بىز «كىرىش»تە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. مەلۇم جەھەتتىن قارىغاندا، بۇنداق مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تولۇق ئاساسى يوقمۇ ئەمەس: ئۇ ماھىيەتتە ئۈچ خىيالپەرەسنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ھەقىقىي چوچۇتارلىق بىلمەسلىكتىن كەلگەن. مەسىلەن، سىن-سىمون توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنىڭ توپ ئىدىيىسى ماھىيەتتە توغرا، بەلكى، بەزى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ چىن ئىجادىيەتكە يېتەكچى خاراكتېرلىق تۈرتكە بېرەلەيدۇ.»

لېكىن، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قولىدا سىن-سىموننىڭ بىرنەچچە ئەسىرى راستلا باردەك قىلغىنىغا قارىماي، بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك 27 بەتتىن سىن-سىموننىڭ «توپ ئىدىيىسى»نى ئىزلىشىمىز خۇددى ئىلگىرى كېنېنىڭ ئىقتىسادىي جەدۋىلىنىڭ «كېنېنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نېمە ئەھمىيەتكە ئىگە» ئىكەنلىكىنى ئىزلىگەنگە ئوخشاشلا قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولۇپ چىقىدۇ، ئاخىردا، بىز تۇۋەندىكى قۇرۇق گەپلەر بىلەن قانائەتلىنىشكە مەجبۇر بولىمىز:

«تەسەۋۋۇر ۋە مېھرىۋانـلارچە قىزغىنـلىق......ۋە كېيىنـكىـگە تەۋە بولغان خىيالىي كوپتۇرمىلەر سېن ـ سىموننىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىگە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ!»

فۇرىيېنىڭ ئەسەرلىرىدىن دىيۇرىڭ ئەپەنـدى رومانـلاردىكىدەك تەپسىلى تەسۋىرلەنگەن كەلگۈسى توغرىسـىدىكى خام خىياللارنىلا بىلـدۇ ۋە شۇلارغىـلا دىققـەت قىلـدۇ، دىيۇرىـڭ ئەپەنـدىنىڭ فۇرىيېـدىن چەكسىز ئۈسـتۈن ئىكەنـلىكىنى ھەقىـقى ئىسـپاتلاش ئۈچۈن، بۇ ھال فۇرىيېنىڭ قانداق قىلىپ «رىيال ھالەتنى **قوشۇمچە** پىيەن قىلىشقا ئۇرۇنغانلىغى»نى تەتقىق قىلىشقا قارىغاندا ھەقىقەتەن «كوپ موھىم». قوشۇمچە ئىكەن! ئەمىلىيەتتە، فۇرىيې ئەسەرلىرىـ نىڭ ھەر بىر بېتىدە دىگۈدەك شۇنچە مەدھىيىلەنـگەن مەدىنىيلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايى ـ ئاپەتلەر ئۈستىدە قىلىنـغان مەسخىرە ۋە پىيەن ئۇچـقـۇنـلىرى چاقـناپ تۇرـدۇ. بۇ خۇددى دىيۇرىڭ ئەپەندى دىيۇرىـڭ ئەپەنـدىنى بارلـىق زامانـلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇق مۇتەپەككۇرى دەپ پەقەت «قوشۇمـچە»لا ئېـلان قىلىدۇ دىـگەنگە ئوخشاش. روبېرت ئوۋېن ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە بېغىشلانـ غان 12 بەتـكە كەلـسەك، ئۇ ھالدا، دىيۇرىـڭ ئەپەندى بۇ يەردە پايدىلانغان ماتىرىـياللار ئىچىدە باشـقا ماتىرىيال مۇتلەق يوق، بەلكى پەقەت چاكىنا سارگـانت يازغان ھالى خـاراپ تەرجىـمىھال بار، بۇ ئەپەندىمۇ ئوۋېننىڭ ئەڭ موھىم ئەسەرلـىرىنى يەنى نىكا ۋە كوممۇنىزىم تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى بىلمەيتتى[176]. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىيۇرىڭ ئەپەنـدى يۈرەكـلىك ھالـدا: ئوۋېـندا «ھەرقانداق قەتئى كوممۇنىزىم بار دەپ پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتالايدۇ. قانـداق بولسا بولـسۇن، ئەگەر دىيۇرىڭ

ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوۋېننىڭ «يېڭى ئەخلاق دۇنياسى توغرىسىدا كىتاپ» دېگەن كىتاۋى بولسىمۇ بولغان بولسا، ئۇ بۇ كىتاپتا باراۋەر ئەمگەك مەجبۇرىيىتى ۋە باراۋەر مەھسۇلات ئېلىش ھوقۇقى بەلگىلەنگەن ئەڭ قەتئىي كوممۇنىزىم بايانلىرىنىلا كورۇپ قالماستىن (خۇددى ئوۋېن ھەمىشە قوشۇمچە ئىزاھلىغىنىدەك، باراۋەرلىك ياش قۇرامغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ)، بەلكى كەلگۇسىدىكى كوممۇ-نىستىك گۇڭشې ئۇچۇن ئىشلەپ چىقىلغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تۈز كورۇنۇشى، ئۇدۇل كورۇنۇشى ۋە ئۇستىدىن كورۇنۇشى بولغان تەپسىلى لايىھىسىنىمۇ كورگەن بولاتتى. لېكىن، ئەگەر دېيۇرىڭ ئەپەندىگە ئوخشاش، «سوتسىيالىزىم ئىدىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى بىۋاستە تەتقىق قىلىش» ماۋزۇلارىنىلا كورۇپ قويۇش ياكى كوپ بولغاندا ئاز سانلىق ئەسەرلەردىكى **ئاساسىي مەزمۇنىنى** كورۇپ قويۇش بىلەن چەكلەپ قويۇلسا، ئۇ ھالدا، ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق ئاخمىقانە ۋە ساپ ئويدۇرما ھوكۇملەرلا كېلىپ چىقىدۇ. ئوۋېن «قەتئىي كوممۇنىزىم»نى تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى 5 يىل داۋامىدا (30-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 40 - يىللارنىڭ بېشىدا) ھامپى ۋىلايىتىدىكى شېيخى[177] كوچمەنلەر رايونىدا كوممۇنىزىمنى يولغىمۇ قويدى، ئۇ يەردىكى كوممۇنىزىمنى قەتئىيلىك جەھەتتە تەڭداشسىز دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەن ئۇزەم ئىلگىرى مۇشۇ كوممۇنىستىك تېپىك سىناققا قاتناشقان-لاردىن بىرنەچچىسىنى تونۇيمەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا، ئوۋېننىڭ 1836 — 1850-يىللار ئارىلىقىدىكى پائالىيىتى توغرىسىدا ساركانت مۇتلەق ھېچنىمە بىلمەيتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن دېيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي بايانىنامە»سىمۇ

بىلىمسىزلىكتە قاپ ـ قاراڭغۇ زۇلمەتكە كىرىپ قالىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئوۋېننى «ھەر تەرەپتىن تولىمۇ مېھرىۋان كەلگەن ھەقىقى غەلىتە مەخلۇق» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، بۇ دىيۇرىڭ ئەپەندى بىزگە ئوزى ھەتتا ماۋزۇسىنى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى بولسىمۇ پۇتۇنلەي دىگۇدەك كورۇپ باقمىغان كىتاپلارنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا سوزلەۋاتقىنىدا، بىز ھەرگىز ئۇنى «ھەر تەرەپتىن تولىمۇ بىلىمسىز كەلگەن ھەقىقى غەلىتە مەخلۇق» دەپ سالمايلى، چۇنكى بۇ گەپ **بىزنىڭ** ئاغزىمىزدىن چىقسا، «تىل ـ ھاقارەت» دەپ ئاتىلىپ قالىدۇ.

كورۇپ ئوتتۇقكى، خىيالپەرەسلەر شۇنىڭ ئۇچۇن خىيالپەرەسكى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تېخى ئانچە تەرەققى قىلمىغان دەۋردە، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشلا مۇمكىن ئىدى. ئۇلار يېڭى جەمىيەتنىڭ ئومۇمى كورۇنۇشلىرىنى ئوز كاللىسىدا پەملەپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى، چۇنكى بۇ ئومۇمى كورۇنۇشلەر كونا جەمىيەتنىڭ ئوزىدە تېخى ئومۇمىيۇزلۇك ئېنىق كورۇنمىگەن ئىدى؛ ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇن ئوزىنىڭ يېڭى بىناسىنىڭ توپ بەلگىسى ئۇچۇن ئەقلىدىن مەدەت تىلەش بىلەن چەكلەنگەنكى، ئۇلار تېخى ئوز زامانىنىڭ تارىخىدىن مەدەت تىلىيەلمەيتتى. لېكىن، ئەگەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئالاھەزەل 80 يىلچە بولغان بۇگۇنكى كۇندە، دىيۇرىڭ ئەپەندى سەھنىگە چىقىپ، بىر يېڭى ئىجتىمائى تۇزۇمنىڭ «ئولچەملىك» تىشىنى ھازىرقى تارىخىي ھالدا راۋاجلانغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن پەملەپ چىقماي ۋە بۇ تىشىنى مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى سۇپىتىدە بايان قىلماي، ئوزىنىڭ ھەممىدىن ئەلا كاللىسىدىن، ئوزىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەت»كە ھامىلدار ئەقلىدىن پەملەپ چىقىدۇ، دىيىلسە، ئۇ

ھالدا، ھەممىلا يەردە تەقلىتچىلەرنى ئىسكەپ يۈرىدىغان دېۋرىنىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزى خىيالپەرەسلەرنىڭ تەقلىتچىسىدىن، ئەڭ يېڭى خىيالپەرەستنىلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ ئۇلۇق خىيالپەرەسلەرنى «ئىجتىمائىي زەرگەرلەر» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداقمۇ بولسۇن، زەرگەرلىك شۇ چاغدا يەنىلا زورۇر ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىن بېرى يىرىك سانائەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا يوشۇرۇنغان زىددىيەتلەرنى كۈچلۈك قارىمۇ-قارشىلىققا راۋاجلاندۇرۇۋەتتىكى، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقان يىمىرىلىشىنى، ئېيتايلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھازىرقى مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىلا، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزى ئاندىن ساقلىنىدۇ ۋە ئالغا راۋاجلىنىدۇ؛ ئۆتكەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى پەيدا قىلغان ۋە كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلىشىۋاتقان قارىمۇ-قارشىلىق ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە تەكرار ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارلىق مەدەنىي مەملىكەتلەرگە يېيىلماقتا ۋە كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشمەكتە؛ شۇنىڭدەك كىشىلەر بۇنداق تارىخىي باغلىنىشلارنى، بۇنداق باغلىنىشلار ئارقىسىدا زورۇرىيەتكە ئايلانغان ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىشنىڭ شەرتلىرىنى، ئوخشاشلا بۇنداق باغلىنىشلار بەلگىلىگەن بۇنداق ئۆزگەرتىشنىڭ تۈپ بەلگىسىنى چۈشىنىۋالدى. ئەگەر، دېۋرىنىڭ ئەپەندى بىر خىل يېڭى خىيالىي ئىجتىمائىي تۈزۈمنى مەۋجۇت ئىقتىسادىي ماتېرىياللاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئەلا كاللىسىدىن ياساپ چىققان، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ ئاددىي «ئىجتىمائىي زەرگەرلىك» بىلەنلا

شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇپ چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ھەركىتى شۇنداق بىر خىل ئادەمگە ئوخشايدۇكى، بۇنداق ئادەم ھازىرقى زامان خۇاشۇېسىنىڭ قانۇنىيەتلىرى تېپىلغان ۋە ئېنىقلانغاندىن كېيىن، يەنە كونا زەرگەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ ۋە ئاتوم ئېغىرلىقىدىن، مولېكۇلىلار فورمۇلىلىرىدىن، ئاتوم قىممىتىدىن، جىېجىڭشۇېدىن، گۇاڭپۇ تەھلىلىدىن پايدىلىنىشتا پەقەتلا **دانىشمەن تېشىنى** — تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## 2. نەزىرىيە

ۋېيۇۋجۇيىلىق تارىخ قارىشى تۆۋەندىكى قائىدىلەرنى ئاساس قىلىدۇ: ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئەگىشىپ كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى — بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى؛ تارىخي يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان ھەر بىر جەمئىيەتتە مەھسۇلاتلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدىغان جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا ياكى تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى نېمە ئىشلەپ-چىقىرىلىدىغانلىقى بىلەن، قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ قانداق ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ چېكىگە يەتكەن سەۋەبلىرىنى كىشى-لەرنىڭ كاللىسىدىن، كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ۋە ئادالەتكە نىسبەتەن كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان بىلىشىدىن ئىزلىمەسلىك كېرەك، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە ئالماش-تۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن ئىزلەش لازىم؛ مۇناسىۋەتلىك

دەۋرلەرنىڭ **پەلسەپىسىدىن** ئىزلەمەسلىك كېرەك، بەلكى مۇناسىۋەتلىك دەۋرلەرنىڭ **ئىقتىساتشۇناسلىقىدىن** ئىزلەش لازىم. مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ۋە ئادىل ئەمەسلىكىگە، «ئەقلىنىڭ مەنىسىزلىككە ئايلانغانلىقى، بەختنىڭ ئازاپقا ئايلانغانلىقى»غا[178] نىسبەتەن كۈندىن - كۈنگە سەگەك بولۇۋاتقان بىلىش پەقەت بىر خىل سىمۋول بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش شەكلىدە تۇيدۇرماستىن ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى، بۇرۇنقى ئىقتىسادىي شەرتلەرگە لايىق بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەمدى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يەنە سېزىلگەن ئىللەتلەرنى تۈگىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭمۇ، مۇقەررەر ھالدا، ئۆزگىرىش ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزىدە ئاز - تولا راۋاجلانغان شەكىلدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋاستىلەرنى كاللىدىن **كەشپ قىلىپ چىقىش** يارىمايدۇ، بەلكى كاللا ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييار ماددىي پاكىتلىرىدىن **تېپىپ چىقىش** لازىم.

ئەمما، ھازىرقى زامان سوتسىيالىزمىنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق؟

مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ھازىرقى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ يەنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئورناتقانلىقىنى ھازىر ھەممەيلەن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇرژۇئازىيىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (ماركىستىن بۇيان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى دەپ ئاتالماقتا) فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يەرلىك ئىمتىيازلىرى، تەبىقە ئىمتىيازلىرى بىلەن ۋە ئۆزئارا بولغان جىسمانى ئاسارەتلەر بىلەن

سىغىشماي قالدى؛ بۇرژۇئازىيە فېئوداللىق تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاش-
لىدى ھەمدە ئۇنىڭ خارابىسى ئۈستىگە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائى
تۈزۈمنى ئورناتتى، ئەركىن رىقابەت، ئەركىن كۆچۈپ يۈرۈش،
شاڭپىن ئىگىلىرىنىڭ باراۋەرلىكى دۇنياسىنى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ
بارلىق گۈزەل نەرسىلىرىنى ئورناتتى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش
ئۇسۇلى ئەمدى ئەركىن راۋاجلىنالايدىغان بولدى. پار ۋە يېڭى
ئىش ماشىنىلىرى كونا ئىشخانا قول سانائىتىنى يىرىك سانائەتكە
ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىگىدە ۋۇجۇتقا
كەلتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قۇلاق ئاڭلىمىغان سۈرئەت
بىلەن ۋە قۇلاق ئاڭلىمىغان كولەمدە راۋاجلىنىپ كەتتى. لېكىن،
خۇددى ئىلگىرى ئىشخانا قول سانائىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا
يەنىمۇ راۋاجلانغان قول سانائەت بىلەن فېئوداللىق كەسىپداشلار
ئۇيۇشمىسى كىشەنلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈزبېرىپ قالغانغا
ئوخشاش، يىرىك سانائەت بىر قەدەر تولۇق راۋاجلانغان چاغدا،
ئۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۇنى چەكلەپ
قويۇشتا ئىشلەتكەن رامكىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈزبېرىدۇ.
يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-
دىن پايدىلىنىشنىڭ بۇرژۇئاچە شەكلىدىن ئېشىپ كەتتى؛ ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئوتتۇرىسىدىكى
بۇنداق توقۇنۇش ئادەمنىڭ تۇنجى گۇناسى بىلەن خۇدانىڭ
ئادالەتلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئوخشاش ئادەمنىڭ
كاللىسىدا پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىي، كېگۆەن ھالدا،
بىزدىن تاشقىرى تۇرغان، ھەتتا بۇنداق توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ياكى ھەرىكىتىگە باغلىق بولمىغان

هالـدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرـدۇ. هازىرقى زامان سوتسىـيالىزىمى ئەنە شۇنداق ئەمىلىي توقۇنۇشنىڭ پىكىردىكى ئىنكاسىدىن، ئۇنىڭ كالـلىدىـكى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دەردىنى بىۋاستە تارتىۋاتـقان سىنىپـنىڭ يەنى ئىشچىـلار سىنىپـنىڭ كالـلىسىدىكى ئىدىـيىۋى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەمىسە، بۇنداق توقۇنۇش قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىغا كەلگىـچە يەنى ئوتتۇرا ئەسىردە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسى ئىگىدارلىقىنى ئاساس قىلغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش— ئۇششاق دىخانلار، ئەركىـن دىخانـلار ياكى بېقىنـدا دىخانلارنىڭ دىخانچىلىقى ۋە شەھەر قول سانائىتى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئەمگەك ۋاسـتىلىرى — يەر، دىخانـچىلىق سايمانـلىرى، دۇكانـلار، قول سانائەت سايمانـلىرى — شەخسنىڭ ئەمگەك ۋاستىسى بولۇپ، شەخسـنىڭ ئىشـلىتىشىگىـلا توغـرا كېـلەتتى، شۇڭـا ئۇلارنىڭ ئۇشـشاق، ئاددى، چەكـلىك بولۇشى مۇقەررەر ئىـدى. لېكـىن، شۇنـداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئادەت بويىـچە ئىشلەپچىقار-غۇچىـلارنىڭ ئۆزىـگە تەئەلـلۇق ئىـدى. بۇ تارقاق، ئۇشـشـاق ئىشلەپچىقىرىـش ۋاستىلىرىـنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە كېڭەيتـىش، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زامانىۋى كۈچلۈك پىشاڭىغا ئايلاندۇ-رۇش — بۇلار دەل كاپىتالىـستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە ئۇنى گەۋدىـلەندۈرگۈچىنىڭ يەنى بۇرژۇئازىيىنىڭ تارىخىي رولى بولدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇنداق رولنى قانداق قىلىپ 15-ئەسىر-دىن تارتىپ ئاددى ھەمكارلىق، ئىشخانا قول سانائىتى ۋە يىرىك سانائەتـتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق تارىخىـي يوسۇندا

ئەمەلگە ئاشۇرغانلىغىنى ماركس «كاپىتال»نىڭ تونىنچى قىسمىدا تەپسىلى شەرھىلىدى. لېكىن، خۇددى ماركسنىڭ ئۇ يەردە ئىسپاتلاپ بەرگىنىدەك، بۇرژۇئازىيە بۇ چەكلىك **ئىشلەپچىقىرىش** ۋاستىلىرىنى شەخسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن **ئىجتىما-ئىلاشقان** يەنى **نۇرغۇن كىشىلەر ئومۇمىلشىپ** ئىشلىتىدىغان ئىش-لەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلاندۇرماي تۇرۇپ، ئۇلارنى قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرالمايتتى. يىپ ئىگىرىش چاقى، قول بىلەن رەخت توقۇش ماشىنىسى ۋە قول بازغىنىنىڭ ئورنىنى يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى، ماتۇر بىلەن ئىشلەيدىغان توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ۋە پار بازغىنى ئالدى؛ كىچىك دۇكانلارنىڭ ئورنىنى يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشى زورۇر بولغان زاۋۇتلار ئالدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئوخشاشلا، ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قاتار شەخسى ھەركەتتىن بىر قاتار ئىجتىمائى ھەركەتكە ئايلاندى، مەھسۇلاتلار بولسا شەخسنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن جەمىيەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندى. ھازىر زاۋۇتلاردىن چىقىدىغان يىپ، رەخت، مېتال بۇيۇملار نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتى بولۇپ، تەرتىپ بويىچە شۇلارنىڭ قولىدىن ئۆتۈشى كېرەك، ئاندىن كېيىنلا تەييار مەھسۇلات بولىدۇ. ئۇلاردىن ھېچقايسىسى: «بۇنى **مەن** ئىشلىگەن، بۇ **مېنىڭ** مەھسۇلاتىم» دەپ ئېيتالمايدۇ.

لېكىن، زىنالىق جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ شەكلى قىلىنغان جايدا، بۇنداق ئىش تەقسىماتى مەھسۇلاتلارغا **شاڭپىن** شەكلىنى ئالدۇرىدۇ، شاڭپىنلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش يەنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش يەككە

ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى. مەسىلەن، دېخانلار دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى قول سانائەتچىلەرگە سېتىپ بېرەتتى، ئۇلاردىن بولسا قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالاتتى. مانا شۇ يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار يەنى شاكىپىن ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيەتكە بىر خىل يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى سىڭىپ كىردى. پۈتۈن جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زىفالىق، **پىلانسىز** ئىش تەقسىماتى ئارىسىدا ئۇ ئايرىم زاۋۇتلاردا ئۇيۇشتۇرۇلغان **پىلانلىق** ئىش تەقسىماتىنى تىكلىدى؛ **يەككە** ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېنىدا **ئىجتىمائىيلاشقان** ئىشلەپچىقىرىش مەيدانغا كەلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىر بازاردا سېتىلىپ تۇردى، شۇڭا باھاسى ھېچ بولمىغاندا ئاساسەن ئوخشاش بولىدى. لېكىن، پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇش زىفالىق ئىش تەقسىماتىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدى؛ ئىجتىمائىيلاشقان ئەمگەك يولغا قويۇلغان زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار تارقاق ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭكىدىن ئەرزەن بولىدى. يەككە ئىشلەپچىقىرىش بىر تارماقنىڭ كەينىدىن يەنە بىر تارماق بويىچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇردى، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈن كونا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرۇۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ئىنقىلاۋىي خاراكتېرىنى كىشىلەر بىلىپ يەتمىدى، نەتىجىدە ئۇ، ئەكسىچە، شاكىپىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىندى. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى شاكىپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە شاكىپىن ئالماشتۇرۇشنىڭ بۇرۇن مەۋجۇت بولغان مەلۇم پىشاكى يەنى سودا

كاپىتالى، قول سانائىتى ۋە يالانما ئەمگەك بىلەن بىۋاستە باغلانغان. ئۇنىڭ ئۆزى شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر خىل يېڭى شەكلى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكتىن، شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش شەكلىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈن كۈچىنى ساقلاپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە راۋاجلانغان شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشتا، ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى كىمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، دىگەن مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا، يەككە ئىشلەپچىقارغۇچى ئادەتتە ئۆز ئىگىدارلىقىدا بولغان، كوپ ھاللاردا ئۆزى ئىشلەپچىقارغان خام ئەشيا بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ قول ئەمگىكى بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاتتى. بۇنداق مەھسۇلاتنى ئۇنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ زادى ھاجىتى يوق ئىدى، بۇنىڭ ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇشى تەبىي ئىدى. دىمەك، مەھسۇلاتقا ئىگىدارلىق ھوقۇقى **ئۆز ئەمگىكىنى** ئاساس قىلاتتى. باشقىلارنىڭ ياردىمىدىن پايدىلانغان ھالەتتىمۇ بۇنداق ياردەم ئادەتتە ئىككىنچى ئورۇندىلا تۇراتتى، بەلكى كوپ ھاللاردا ئىش ھەققىدىن تاشقىرى يەنە باشقا سىمكارمۇ ئالاتتى: كەسپداشلار ئۆيۈشمىلىرىدىكى شاگىرتلار ۋە ئىمكارلار قوساق بېقىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلغاندىن كورە، ئۆزىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىپ ئۇستا بولۇشى ئۈچۈن ئەمگەك قىلاتتى. كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى چوڭ-چوڭ دۇكانلارغا ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرىغا مەركەزلىشىشكە باشلىدى، ھەقىقى ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە

مەھسۇلاتلار يەنىلا ئىلگىرىكىدەكلا شەخسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ تۇردى. ئىلگىرى ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرەتتى، چۈنكى بۇ مەھسۇلاتلار ئادەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، باشقىلارنىڭ ياردەمچى ئەمگىكى بىر خىل مۇستەسنا بولاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا، ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى، گەرچە بۇ مەھسۇلاتلار **ئۇنىڭ** مەھسۇلاتى بولماي، بەلكى پۈتۈنلەي **باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ** مەھسۇلاتلىرى بولسىمۇ، مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق ئۆزلەشتۈرۈۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھازىر ئىجتىمائىيلاشقان ئەمگەك ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ھەقىقى ئىشلىتىدىغان ۋە مۇشۇ مەھسۇلاتلارنى ھەقىقى ئىشلەپچىقىرىدىغان كىشىلەر ئۆزلەشتۈرمەستىن، بەلكى **كاپىتالىستلار** ئۆزلەشتۈرىدىغان بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھىيەتتە ئىجتىمائىيلاشقان بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇلار يەنىلا شۇنداق بىر خىل ئۆزلەشتۈرۈش شەكلىگە بويسۇنغانكى، بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش شەكلى يەككە خۇسۇسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن بۇنداق شەكىلدە ھەر بىر كىشى ئۆز مەھسۇلاتىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە بۇ مەھسۇلاتنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى گەرچە بۇ ئۆزلەشتۈرۈش شەكلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ ئۆزلەشتۈرۈش شەكلىگە بويسۇنىدۇ①.

① گەرچە ئۆزلەشتۈرۈش شەكلى يەنىلا بۇرۇنقى پېتى قېلىۋەرسىمۇ، بىراق ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ خاراكتېرى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان جەريان ئارقىسىدا باشتىن كەچۈرگەن ئىنقىلاپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باشتىن كەچۈرگەن ئىنقىلاپ-

يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا كاپىتالىستىك خاراكتېر ئالدۇرغان بۇ زىددىيەت **ھازىرقى زاماندىكى بارلىق توقۇنۇشلارنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.** يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بارلىق ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بارلىق مەملىكەتلەردە ھوكۇمران ئورۇننى قانچە ئىگىلىسە ۋە شۇنىڭ بىلەن يەككە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەرزىمەس قالدۇق ئورۇنغا قانچە سىقىپ چىقىرىۋەتسە، **ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپىتالىستىك ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن سىغىشمايدىغانلىقىنىڭمۇ شۇنچە ئېنىق ئىپادىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.**

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەڭ دەسلەپكى كاپىتا- لىستلار تەييار ياللانما ئەمگەك شەكلىگە يولۇقتى. لېكىن، ئۇ چاغدا ياللانما ئەمگەك بىر خىل مۇستەسنا، بىر خىل قوشۇمچە كەسىپ، بىر خىل قۇتقۇزۇش چارىسى، بىر خىل ۋاقىتلىق تەدبىر ئىدى. ھەر دائىم كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيدىغان دېھقانچىلىق

---

تىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۆزەمنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۆزلەشتۈرەمدىمەن، ياكى باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۆزلەشتۈرەمدىمەن — بۇ، تەبىئىكى، بىر بىرىگە تولىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۆزلەشتۈرۈش. شۇنى مۇندىغىنىلا ئېيتىپ ئۆتەي: پۈتۈن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياللانما ئەمگەك ناھايىتى قەدىمىي ئىدى؛ ئۇ ئايرىم ۋە تارقاق ھالدا قۇللۇق تۈزۈم بىلەن بىرنەچچە يۈز يىل بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. لېكىن تارىخىي ئالدىنقى شەرت ھازىرلانغاندىلا، بۇ بىخ ئاندىن راۋاجلىنىپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بولدى.

ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈنىنى قامدىغۇدەكلا بىرنەچچە مو يېرى بار ئىدى. كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمى بۈگۈنكى ئىشكارنىڭ ئەتە ئۇستا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بەلگىلىگەن ئىدى. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلىنىشى ۋە كاپىتالىستلارنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشى بىلەنلا، ئەھۋال ئۆزگەردى. يەككە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بارغانسىرى قىممىتى قالمىدى؛ ئۇلارغا كاپىتالىستقا يالىنىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىدى. ياللانما ئەمگەك ئىلگىرى بىر خىل مۇستەسنا ۋە قۇتقۇزۇش چارىسى بولغان بولسا، ئەمدى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمى قائىدىسىگە ۋە تۈپ شەكلىگە ئايلاندى؛ ئىلگىرى بىر خىل قوشۇمچە كەسپ بولغان بولسا، ئەمدى ئىشچىلارنىڭ بىردىن-بىر كەسپىگە ئايلاندى. ۋاقىتلىق ياللانما ئەمگەكچىلەر ئۆمۈرلۈك ياللانما ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشى، فېئوداللار مۇلازىملىرىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئۆي-جايلىرىدىن قوغلىنىشى ۋە باشقىلار ئارقىسىدا ئۆمۈرلۈك ياللانما ئەمگەكچىلەر زور مىقداردا كۆپەيدى. كاپىتالىستلار قولىغا مەركەزلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈل-كېسىل بۆلۈنۈش بولدى. **ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتالىستىك ئۆزلەشتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق بولۇپ ئىپادىلەندى.**

بىز كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ شاڭپىن ئىشلەپچىقارغۇچىلار يەنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئىجتىمائىي باغلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمىيىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كورۇپ ئۆتتۇق. لېكىن، شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان ھەر بىر جەمىيەت مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە: بۇ يەردىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆزى تاسادىپىي ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى كوزدە تۇتۇپ ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆز شاڭپىنلىرىدىن قانچىلىكى بازارغا چىقىدىغانلىقىنى، زادى قانچىلىك لازىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ؛ ئۆز شەخسىي مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشىلەرگە ھەقىقىي لازىملىقى-لازىم ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەننەرقىنى قايتۇرۇۋالالايدىغان - قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى ياكى سېتىلىدىغان - سېتىلمايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى ھوكۇمران ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىشىمۇ باشقا ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئوخشاش ئالاھىدە، ئەسلىدىن بار ۋە ئۆزىدىن ئايرىلمايدىغان قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ؛ بۇ قانۇنىيەتلەر ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىگە قارىماستىن، ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى ئىچىدە، ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى ئارقىلىق ئۆزىگە يول ئاچىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەر بىردىن - بىر ساقلىنىپ قالغان ئىجتىمائىي باغلىنىش شەكلىدە يەنى ئالماشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە مەجبۇرىي رىقابەت قانۇنىيەتلىرى سۈپىتىدە ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچىغا

تەسىر كورسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ قانۇنىيەتلەرنى دەسلەپتە ھەتتا
بۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ بىلمەيدۇ، پەقەت ئۇزاق مۇددەتلىك
تەجرىبىلەر ئارقىسىدا بارا-بارا ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىپ بېرىلىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قانۇنىيەتلەر ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن
ئوتمىگەن ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قارىمۇ-قارشى بولۇپ تۇرغان
ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ قارغۇلارچە
تەسىر كورسىتىدىغان تەبىئى قانۇنىيىتى سۈپىتىدە ئۆزىگە يول
ئاچىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا مەھسۇلات ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى جەمىيەتتە بولۇپمۇ ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە
ئەسىردە، ئىشلەپچىقىرىش ئاساسي جەھەتتىن ئىشلەپچىقارغۇچى-
لارنىڭ ئوز ئىستىمالىنى قامداش ئۈچۈن بولاتتى. ئۇ ئاساسەن
ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ
ئېھتىياجىنىلا قاندۇراتتى. جىسمانى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرى
بار جايلاردا، مەسىلەن، يېزىلاردا، ئىشلەپچىقىرىش يەنە فېئودال-
لارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. شۇڭا، ئۇ يەردە ئالماشتۇرۇش
يوق ئىدى، مەھسۇلاتلارمۇ شاگپىن خاراكتېرىغا ئىگە ئەمەس
ئىدى. دىخان ئائىلىلىرى ئوزلىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى — يېمەك-ئىچمەك، قورال-سايمان ۋە كىيىم-
كېچەكلەرنى ئومۇمەن دېگۇدەك ئوزلىرى ئىشلەپچىقىراتتى. پەقەت
ئۇلار ئوز ئېھتىياجىنى قاندۇرغان ۋە فېئوداللارغا ماددى نەرسە
بىلەن ئىجارە بېجى تولەپ بولغاندىن كېيىنمۇ تېخىمۇ كوپرەك
نەرسە ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولغان چاغدىلا، شاگپىن ئىشلەپ-
چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى؛ ئىجتىمائى ئالماشتۇرۇشقا سېلىنغان
يەنى ئېلىپ چىقىپ سېتىلىدىغان بۇنداق ئارتۇق مەھسۇلات

شاڭپىن بولۇپ قالاتتى. دەرۋەقە، شەھەر قول سانائەتچىلىرى باشتىلا مۇقەررەر ھالدا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىراتتى. لېكىن ئۇلار مۇ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئىشلەپچىقىراتتى؛ ئۇلارنىڭ باغ - باراڭلىرى ۋە كىچىك - كىچىك يەرلىرى بولاتتى؛ ئۇلار جامائەت ئورمانلىرىدا ماللىرىنى باقاتتى ھەم بۇ ئورمانلاردىن ياغاچ ماتېرىيال ۋە ئوتۇن ئالاتتى؛ ئاياللار كەندىر دىن، قوي يۇڭىدىن يىپ ئىگىرەتتى ۋاھاكازالار. ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىشلەپچىقىرىش يەنى شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتاتتى. دېمەك، ئالماشتۇرۇش چەكلىك ئىدى، بازار تار ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تۇراقلىق ئىدى، جايلار تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇراتتى، جايلارنىڭ ئىچكى قىسمى ئىتتىپاق ئىدى؛ يېزىلاردا ماركا[179]، شەھەرلەردە كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى بار ئىدى.

لېكىن، شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرى يوشۇرۇنۇپ ياتقان شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيەتلىرىمۇ ئۆز رولىنى بارغانسىرى ئاشكارا، بارغانسىرى كۈچلۈك جارى قىلدۇردى. بۇرۇنقى ئاسارەتلەر بوشاپ كەتتى، بۇرۇنقى توساقلار بۇزۇپ تاشلاندى، ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆندىن - كۈنگە مۇستەقىل، تارقاق شاڭپىن ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلاندى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئىپادىلىنىپ چىقتى ۋە بارغانسىرى ئاخىرقى چەككە قاراپ ماڭدى. لېكىن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى بۇنداق ھوكۈمەتسىزلىك ھالىتىنى كەسكىنلەشتۇرۇشتە

ئىشلەتكەن ئاساسى قورالى دەل ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ بىۋاستە قارىمۇ-قارشى نەرسىسى: ھەر بىر ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىگە بولغان كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان تەشكىللىچانلىق بولدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى مۇشۇ پىشاڭدىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنقى تېچ تۇراقلىق ھالەتىنى تۈگەتتى. ئۇ قايسىبىر سانائەت تارمىقىدا قوللىنىلسا، ھەرقانداق كونا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۇ يەردە ئۆزى بىلەن بىللە مەۋجۇت تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. ئۇ قول سانائەتنى تىزگىنلىۋېلىپ، كونا قول سانائەتنى يوقىتاتتى. ئەمگەك مەيدانى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. ئۇلۇق جۇغراپىيىۋى كەشپىياتلار ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن مۇستەملىكىلەرنىڭ ئېچىلىشى سېتىش بازارلىرىنى نۇرغۇن ھەسسە كېڭەيتتى ھەمدە قول سانائەتنىڭ ئىشخانا قول سانائىتىگە ئايلىنىشىنى تېزلەتتى. كۈرەش جايلاردىكى ھەرقايسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارىسىدىلا پارتلاپ قالمىدى؛ جاي خاراكتېرلىق كۈرەشلەر تەرەققى قىلىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىق كۈرەشكە، 17 - ئەسىر ۋە 18 - ئەسىردىكى سودا ئۇرۇشلىرىغا[180] ئايلاندى. ئاخىردا، يىرىك سانائەتنىڭ ۋە دۇنيا بازىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بۇ كۈرەشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەشكە ئايلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى مىسلىسىز كەسكىنلىككە ئىگە قىلدى. كاپىتالىستلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدا، سانائەت بىلەن سانائەت ئوتتۇرىسىدا ۋە دولەت بىلەن دولەت ئوتتۇرىسىدا ياشاش مەسلىسى تەبىي ياكى سۈنئىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا باغلىق بولۇپ قالدى. مەغلۇپ بولغانلار رەھىمسىز ھالدا تازىلاپ چىقىرىلدى. بۇنىڭ

ئۆزى تەبىئەت دۇنياسىدىن جەمىيەتكە ھەسسىلەپ ئاشقان تەلۋىلىك بىلەن كوچۇرۇلگەن، دارۋىن ئاچقان ياشاش ئۇچۇن كۇرەش ئىدى. ھايۋاناتلارنىڭ تەبىي ھالىتى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىسى بولۇپ ئىپادىلەندى. ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتالىستىك ئۆزلەشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت **ئايرىم زاۋۇتلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىللىكلىگى بىلەن پۈتۈن جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق** بولۇپ ئىپادىلەندى.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۇپەيلىدىن ئەسلىدە بار بولغان زىددىيەتنىڭ بۇ ئىككى خىل ئىپادە شەكلى ئىچىدە ھەركەت قىلىدۇ، ئۇ فۇرىيې ئاللىقاچان كەشىپ قىلغان «يامان ئايلانما»نى زادىلا چىقىش يولى تاپالمىغان ھالدا داۋاملاشتۇرىدۇ. دۇرۇس، فۇرىيې ئۆز زامانىدا: بۇنداق ئايلانمىنىڭ پەيدىن-پەي كىچىكلەپ بارىدىغانلىغىنى؛ ھەركەتنىڭ، ئېپتايلى، بۇرما شەكلىدە بارىدىغانلىغىنى ھەم مۇقەررەر ھالدا سەييارىلەر ھەركىتىگە ئوخشاش مەركەزگە سوقۇلۇپ تۈگىشىدىغانلىغىنى بايقىيالمايتتى. جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ تۇرتكە كۇچى زور كوپچىلىك كىشىلەرنى كۇندىن-كۇنگە پرولېتارلارغا ئايلاندۇرىدۇ، پرولېتارلار ئاممىسى بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنى ئاخىر تۈگىتىدۇ. جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ تۇرتكە كۇچى يىرىك سانائەتتىكى ماشىنىلارنى چەكسىز ياخشىلاش مۇمكىنلىگىنى ھەر بىر سانائەت كاپىتالىستىنى ھالاكەتكە

يولۇقۇش تەھلىكىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ماشىنىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان مەجبۇرى ئەمىر - پەرمانىغا ئايلانـ دۇرىدۇ. لېكىن، ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئوشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر، ماشىنىلارنىڭ قولىلىنىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ماشىنا بىلەن ئىشلەيدىغان ئاز ساندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ قول بىلەن ئىشلەيدىغان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنى سىقىپ چىقىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشى ماشىنا بىلەن ئىشلەيدىغان بارغانسېرى كوپىيىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سىقىپ چىقىرىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئاخىرقى ھېساپتا، كاپىتالىنىڭ ئىگىلىكتىكى ئوتتۇرىچە ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، ياللىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ياللانما ئەمگەكچىلەر، سانائەتنىڭ ھەقىقى زاپاس ئارمىيىسىنىڭ (مەن 1845 - يىلىلا ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتىغان ئىدىم[1]) ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ زاپاس ئارمىيە سانائەت پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپ تۇرغان مەزگىلدە خالىغانچە ئىشقا سېلىنىدۇ ۋە بۇ مەزگىلنىڭ كەينىدىن مۇقەررەر ھالدا كېلىدىغان يىمىرىلىش ئارقىسىدا يەنە كوچىلارغا تاشلىنىدۇ، بۇ زاپاس ئارمىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ياشاش ئۈچۈن كاپىتالغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، ئىش ھەققىنى كاپىتالىستنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق تۆۋەن سەۋىيىدە تۇتۇپ تۇرۇشتىكى تەڭشەك

[1] «ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالى»، 109 - بەت («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 369 - بەتكە قارالسۇن. — تەرجىماندىن)

بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ماشىنا، ماركسنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، كاپىتالنىڭ ئىشچىلار سىنىپىغا ئاقابىل تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ قالىدۇ، ئەمگەك ۋاستىلىرى ئىشچىلارنىڭ قولىدىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تارتىۋالىدۇ، ئىشچىلارنىڭ ئوز مەھسۇلاتى ئىشچىلارنى قۇل قىلىش قورالىغا ئايلىنىدۇ[1]. شۇنىڭ بىلەن، ئەمگەك ۋاستىلىرىنى ئىقتىسات قىلىش ھەدىگەندىلا ئەينى ۋاقىتتا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەڭ رەھىمسىز ئىسراپ قىلىش ۋە ئەمگەكنى نورمال شارائىتتىن مەھرۇم قىلىش بولۇپ قالىدۇ[2]؛ ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋاستىسى بولغان ماشىنا ئىشچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ پۈتۈن ئومۇرلۈك ۋاقتىنى كاپىتال ئۈندۈرۈش ئۈچۈن خالىغانچە ئىشلىتىدىغان ئەمگەك ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئەمگىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا يېڭى ئىستېمالچىلارنىڭ پەيىسگە چۈشكەن يىرىك سانائەت بولسا مەملىكەت ئىچىدە ئاممىنىڭ ئىستېمالىنى ئاچ-زارلىققا چىدىغۇدەك ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدە چەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوزىنىڭ ئىچكى بازىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. «نىسبى ئۇشۇق ئاھالىگە ياكى سانائەتنىڭ زاپاس ئارمىيىسگە كاپىتالنىڭ جۇغلىنىش كولىمى ۋە

---

[1] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 13-باپ، 5-بولۇمگە ۋە 9-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

[2] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 13-باپ، 8-بولۇم، b گە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئىقتىدارى بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى باشتىن-ئاخىر ساقلاتقۇزىدىغان قانۇنىيەت ئىشچىلارنى كاپىتالغا ھېپېستاسنىڭ شىنىسى پرومېتېيۇسنى قىيا تاشقا قېقىپ ئۇيۇتۇۋەتكىنىدىنمۇ مەھكەمرەك ئۇيۇتۇۋېتىدۇ. بۇ قانۇنىيەت كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نامراتلىقنىڭ جۇغلىنىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. دېمەك، بىر قۇتۇپتا بايلىقنىڭ جۇغلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قۇتۇپتا يەنى **ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى كاپىتال سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىدىغان**[1] سىنىپ تەرەپتە نامراتلىق، ئەمگەك ئازاۋى، قۇللۇق، نادانلىق، تومپايلىق ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ جۇغلىنىشى بولىدۇ.» (ماركس. «كاپىتال»، 671-بەت)[2] ھالبۇكى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن مەھسۇلاتلارنىڭ باشقىچە تەقسىم قىلىنىشىنى كۈتۈش دېيەنچىنىڭ ئېلېكتىر قۇتۇپلىرى دېيەنچىغا ئۇلانغان چاغدا سۇنىڭ تەركىبىگە ئايرىلماسلىقىنى، پىلۇس قۇتۇپتىن ئوكسىگېن ۋە مىنۇس قۇتۇپتىن ھىدروگېن چىقماسلىقىنى ئۈمىت قىلىش بىلەن باراۋەر بولاتتى.

بىز ھازىرقى زامان ماشىنىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە ياخشىلىنىشى مۇمكىنلىكى قانداق قىلىپ جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئارقىسىدا ھەر بىر سانائەت كاپىتالىستىنى ئۆزىنىڭ ماشىنىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشقا، ماشىنىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۇستۇرۇشكە

---

① تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — تەھرىردىن

② «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 23-باپ، 4-بۆلۈمگە قاراڭلار. — تەرجىماندىن

مەجبۇر قىلىدىغان مەجبۇرى ئەمر ـ پەرمانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى كورۇپ ئوتتۇق. كاپىتالىستلار ئۇچۇن، ئۇزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كولىمىنى كېڭەيتىشنىڭ نوقۇل ئەمىلىي مۇمكىنلىكمۇ ئوخشاشلا مەجبۇرى ئەمر ـ پەرمانغا ئايلىنىدۇ. يىرىك سانائەتنىڭ غايەت زور كېڭىيىش ئىقتىدارى — گازنىڭ كېڭىيىش كۇچى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەتتاكى باللار ئويۇنى بولۇپ قالىدۇ — ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېچقانداق توسالغۇغا قارىمايدىغان، سۈپەت جەھەتتىن ۋە سان جەھەتتىن كېڭىيىپ بارىدىغان **ئېھتىياج** بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق توسالغۇ يىرىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستىمال قىلىنىشى، سېتىلىش يولى ۋە بازىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. لېكىن، بازارنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق تەرەپكە قاراپ كېڭىيىش ئىقتىدارى، ئالدى بىلەن، تامامەن ئوخشاش بولمىغان، كۇچى كوپ ئاجىز بولغان قانۇنىيەتلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولىدۇ. بازارنىڭ كېڭىيىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭىيىشىگە يېتىشەلمەيدۇ. توقۇنۇش مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىنى بىتچىت قىلماي تۇرۇپ، زىددىيەتنى ھەل قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئۇ دەۋرىي خاراكتېرلىق بولۇپ قالىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش يېڭى «يامان ئايلانما»نى تۇغدۇرىدۇ.

پاكىتمۇ شۇنداق، 1825 ـ يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمـ يۈزلۈك ۋېيجى پارتلىغاندىن بۇيان، پۈتۈن سانائەت ۋە سودا دۇنياسى، بارلىق مەدىنى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئالماشـ تۇرۇشى جۇملىدىن ئۇلارنىڭ ئاز ـ تولا تېخى مەدىنىلەشمىگەن بېقىندىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئالماشتۇرۇشى ھەر ئون يىلدا دىگۈدەك بىر قېتىم ئىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ. سودا توختايدۇ،

بازار تولۇپ كېتدۇ، مەھسۇلاتلار كاساتلشپ قالدۇ، پۇل ئنتاين قس بولۇپ كېتدۇ، ئامانەت-قەرز توختايدۇ، زاۋۇتلار تاقلدۇ، ئشچلار ئاممسى ئۆزى ئشلەپچقارغان تۇرمۇش ۋاستلرى ھەددىدن ئارتۇق كوپ بولغانلغى ئۈچۈن تۇرمۇش ۋاستلردن قسلدۇ، سۇنۇش ئارقا-ئارقدن يۇزبېردۇ، كم ئازتۇق قلپ سېتش كەينى-كەيندن بولۇپ تۇردۇ. تۇرغۇن ھالەت برنەچچە يل داۋام قلدۇ، ئشلەپچقرش كۇچلرى ۋە مەھسۇلاتلار كوپلەپ ئسراپ ۋە ۋەيران قلندۇ، ئاخر بېرپ، بېسلپ قالغان نۇرغۇن شاڭپنلار ئازدۇر-كوپتۇر تۆۋەنلتلگەن باھادا سېتلدۇ، ئشلەپچقرش ۋە ئالماشتۇرۇش ھەركتى بارا-بارا ئەسلگە كېلدۇ. ھەركەت بارا-بارا چاپسانلشدۇ، چامداپ مېڭش قاتراپ مېڭشقا ئايلندۇ، سانائەتنڭ قاتراپ مېڭشى يۇگۇرۇشكە ئايلندۇ، يۇگۇرۇش يەنە سانائەت، سودا، ئامانەت-قەرز ۋە ھايانكەشلك ئشلردكى ھەققى توسالغۇلۇق ئات بەيگسدە بولدغان قاتتق تاقلاپ يۇگۇرۇشكە ئايلندۇ، ئاخردا برنەچچە قېتم ئۆلە-تىرلشكە قارماي سەكرەشتن كېين، يەنە ھالاكەت ھېڭغا يېڭۋاشتن چۈشدۇ. مانا مۇشۇنداق تەكرارلنش توختماي بولۇپ تۇردۇ. 1825-يلدن بۇيان، بۇنداق ئەھۋالنى توپ-توغرا 5 قېتم ئۆز بېشمزدن كەچۇردۇق، ھازر (1877-يلى) ئالتنچى قېتم كەچۇرۇۋاتمز. بۇ ۋېيجلەرنڭ خاراكترى شۇنداق روشەن كورۇنگەنكى، فۇرېي برنچى قېتملق ۋېيجنى crise pléthorique يەنى ئوشۇقچلق كەلتۇرۇپ چقارغان ۋېيجى دەپ ئاتغنندا، بارلق ۋېيجلەرنڭ ماھيتنى دەل جايدا چۈشەندۇرۇپ بېردۇ.[181]

ۋېيجىلەردە، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كاپىتالىستىك ئۆزلەشتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىن پارتلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. شاڭپىن ئايلىنىشى ۋاقىتىنچە توختاپ قالىدۇ؛ ئايلىنىش ۋاستىسى يەنى پۇل ئايلىنىشنىڭ توسالغۇسى بولۇپ قالىدۇ؛ شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شاڭپىن ئايلىنىشنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرى تەتۈرسىگە ئالمىشىپ قالىدۇ. ئىقتىسادىي توقۇنۇشلار ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىغا يېتىدۇ: **ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىغا قارشى چىقىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆزى ئېشىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قارشى چىقىدۇ.**

زاۋۇتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان تەشكىللاتى جەمئىيەتتىكى ئۆزى بىلەن يانداش تۇرىدىغان ھەم ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى بىلەن سىغىشالمايدىغان دەرىجىگە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. كاپىتالىستلارنىڭ ئۆزىمۇ كاپىتالنىڭ شىددەت بىلەن توپلىنىشى ئارقىسىدا بۇ پاكىتنى ھېس قىلىدۇ، بۇنداق توپلىنىش ۋېيجى ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ ۋە تېخىمۇ نۇرغۇن ئۇششاق كاپىتالىستلارنىڭ سۇنۇشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پۈتۈن ئاپاراتى ئۇنىڭ ئۆزى ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كارغا كەلمەي قالىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىكار تۇرۇپ قالىدۇ، شۇڭا، سانائەتنىڭ زاپاس ئارمىيىسىمۇ بىكار تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر

بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى، يالىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشچىلار — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە ئومۇمى بايلىقنىڭ بارلىق ئامىللىرى ئوشۇقچە بولۇپ قالغاندەك بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق «ئوشۇقچىلىق نامراتلىقنىڭ ۋە قىسچىلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ» (فۇرىيې)، چۈنكى دەل ئەنە شۇنداق ئوشۇقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى-نىڭ كاپىتالغا ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى كاپىتالىستىك جەمىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئاۋال كاپىتالغا، ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇلماي تۇرۇپ ئۆز رولىنى جارى قىلالمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ كاپىتاللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش زورۇرىيىتى خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش مۇشۇ ۋاستىلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. يالغۇز بۇ زورۇرىيەتلا ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ نەرسە پىشاكى بىلەن ئادەم پىشاكىنىڭ بىرىكىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزىلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلىشىغا، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك قىلىشى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. دېمەك، بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى داۋاملىق يۈگەنلەشكە قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزى كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان كۈچ-قۇۋۋىتى ئارقىلىق، بۇنداق زىددىيەتنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆزىنى كاپىتال سۈپىتىدىكى خۇسۇسىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، **ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-**

**رىش كۈچلىرى سۈپىتىدىكى خاراكتېرىنى ئىش يۈزىدە ئېتىراپ قىلىشنى** تەلەپ قىلىدۇ.

شىددەت بىلەن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسىيىتىگە قارشى بولغان بۇنداق قارشىلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىئىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇنداق كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان زورۇرىيەت كاپىتالىستلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنى كاپىتال مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بارلىق مۇمكىن بولغان دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بارغانسېرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى دەپ قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مەيلى سانائەتنىڭ ئامانەت-قەرز چەكسىز كېڭىيىپ كەتكەن يۇقىرى ئۆرلەش مەزگىلى بولسۇن، ياكى چوڭ كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ سۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يىمىرىلىشنىڭ ئۆزى بولسۇن، نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى، خۇددى تۈرلۈك ھەسسىدارلىق گۇڭسىلىرىدا ئۇچراتقىنىمىزدەك، ئىجتىمائىيلاشقان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. بەزى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە قاتناش ۋاستىلىرى، مەسىلەن، تۆمۈريوللارنىڭ كۆلىمى باشتىلا شۇنداق چوڭ بولىدۇكى، ئۇلار ھەرقانداق باشقا كاپىتالىستىك ئىگىلىك شەكلىنى چەتكە قاقىدۇ. مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا بۇنداق شەكىلمۇ يېتەرلىك بولماي قالىدۇ: كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ رەسمىي ۋەكىلى — دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان رەھبەرلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ[1]. بۇنداق دۆلەت مۈلكىگە

[1] مەن «مەجبۇر بولىدۇ» دەۋاتىمەن، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ياكى قاتناش ۋاستىلىرى ھەسسىدارلىق گۇڭسىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشى لايىق بولمىغان دەرىجىگە ھەقىقىي راۋاجلىنىپ يەتكەن، شۇنىڭ ئارقىسىدا

ئايلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى قاتناش ئاپپاراتلىرى يەنى پوچتا، دىيەنباۋ ۋە تۆمۈريول جەھەتتە كۆرۈندۇ.

ئەگەر، ۋېجىلەر بۇرژۇئازىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھاۋامىلىق يۈگەنلەشكە قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاپپارات-لىرىنىڭ ۋە ئالماشتۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەسسەدارلىق گۇڭسىسىغا ۋە دۆلەت مۈلكىگە ئايلىنىشى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كاپىتالىستلارنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي جژىنېڭىنى ھازىر يالل‍انغان خىزمەتچىلەر ئىجرا قىلىدىغان بولدى. كاپىتالىستلارغا كەلگەن پايدىنى ئېلىشتىن، ئۆسۈم چەكلىرىنى قىرقىشتىن، تۈرلۈك كاپىتا-لىستلار بىر بىرىنىڭ كاپىتالىنى تارتىۋالىدىغان جياۋيىسولاردا

---

دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئەھۋالدىلا، دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش — ئۇنى ھازىرقى دۆلەت يولغا قويغان ھالەتتىمۇ — ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جەمئىيەت ئۆزى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە بىر يېڭى تەييارلىق باسقۇچىغا يەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن يېقىندا، بىسمارك دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈشكە تۇتۇش قىلغاندىن بۇيان، بىر خىل ساختا سوتسىيالىزم كېلىپ چىقتى، ئۇ بەزىدە ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ بىر خىل سېپى ئۆزىدىن بولغان قۇللۇقچىلىق كەيپىياتىغا ئايلىنىپ، ھەرقانداق بىر خىل دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈشنى ھەتتا بىسماركچە دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈشنىمۇ توغرىدىن-توغرا سوتسىيالىستىك دەۋاتىدۇ. روشەنكى، ئەگەر تاماكىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇشى سوتسىيالىستىك بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ناپولېئون بىلەن مېتتېرنىخمۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەگەر،

ھايانكەشلىك قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىجتىمائىي پائالىيەت قالمىدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى باشتا ئىشچىلارنى سىقىپ چىقارغان ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا كاپىتالىستلارنى سىقىپ چىقاردى، پۈتۈنلەي ئىشچىلارغا قىلىنغان مۇئامىلىگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئوشۇقچە ئاھالە ئىچىگە ھەيدىۋەتتى، گەرچە ھازىرچە ئۇلارنى سانائەتنىڭ زاپاس ئارمىيىسى ئىچىگە ھەيدىۋەتمىگەن بولسىمۇ.

لېكىن، مەيلى ھەسسىدارلىق گۇڭسىسىغا ئايلىنىش بولسۇن، ياكى دۆلەت مۈلكىگە ئايلىنىش بولسۇن، ھېچقايسىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كاپىتاللىق خۇسۇسىيىتىنى تۈگەتمىدى. ھەسسىدارلىق گۇڭسىسىدا بۇ نۇقتا ناھايىتى روشەن. ھازىرقى زامان دۆلىتى بولسا بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ

---

بېلگىيە ھۆكۈمىتى ساپ-ئاددىي سىياسىي ۋە مالىيە جەھەتتىكى ئۆي بىلەن ئۆزىنىڭ ئاساسىي تۆمۈريوللىرىنى ئۆزى ياسىغان، دېمىسە، ئەگەر، بىسمارك، ھېچقانداق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زۆرۈرىيەت بولمىسىمۇ، پەقەت تۆمۈريوللارنى ئۇرۇش ۋاقتىدا تېخىمۇ ئوبدان لايىقلاشتۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆمۈريول خىزمەتچىلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋاز بەرگۈچى ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاساسەن يىخۇيىنىڭ قارارىغا بېقىنمايدىغان بىر خىل يېڭى كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈنلا، پرۇسسىيىنىڭ ئاساسىي تۆمۈريوللىرىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزگەن، دېمىسە، ئۇ ھالدا، بۇلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ سوتسىيالىستىك قەدەم ئەمەس ئىدى، بىۋاسىتىمۇ، ۋاسىتىلىكمۇ، ئاڭلىقمۇ، ئاڭسىزمۇ قەدەم ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، پادىشالىق تاشقى سودا گۇڭسىسى[182]، پادىشالىق پار-پۇر زاۋۇدى ھەتتا قورۇقلۇق ئارمىيىسى تىككۈچىلىك زاۋۇدىمۇ سوتسىيالىستىك مۇئەسسەسە بولۇپ قالغان بولاتتى.

ئورتاق تاشقى شارائىتلىرىنى قوغداپ، ئۇنى ئىشچىلارنىڭ ۋە ئايرىم كاپىتالىستلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن قۇرغان تەشكىللاتتىنلا ئىبارەت. هازىرقى زامان دۆلىتى، ئۇنىڭ شەكلى قانداق بولسا بولسۇن، ماھىيەتتە كاپىتالىستىك ماشىنا، كاپىتالىستلار دۆلىتى، غايىۋى باش كاپىتالىست. ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانچە دەرىجىدە ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، شۇنچە دەرىجىدە ھەقىقى باش كاپىتالىست بولۇپ قالىدۇ، تېخىمۇ كۆپ گۇڭمىنلارنى شۇنچە دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. ئىشچىلار يەنىلا ياللانما ئەمگەكچى، پرولېتار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. كاپىتال مۇناسىۋەتلىرى يوقىتىلمىغان بولىدۇ، ئەكسىچە ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يەتكۈزۈلگەن بولىدۇ. لېكىن ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولۇشى توقۇنۇشنىڭ ھەل بولغانلىقى ئەمەس، لېكىن ئۇ توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ شەكلى جەھەتتىكى ۋاستىسىنى، توقۇنۇشنى ھەل قىلىشنىڭ يىپ ئۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

بۇنداق ھەل قىلىش ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىئىتىنى ئىش يۈزىدە ئېتىراپ قىلىشتىن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىشلەپچىقىرىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولسا پەقەت ئىجتىمائىي باشقۇرۇشتىن باشقا ھەرقانداق باشقۇرۇش باپ كەلمەيدىغان دەرىجىگە راۋاجلىنىپ يەتكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جەمئىيەت ئاشكارا ۋە بىۋاستە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك. ئەمدى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ

ئىجتىمائىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى دەۋرىي خاراكتېرلىق ھالدا بۇزۇپ تاشلايدۇ ھەمدە پەقەت قارغۇلارچە رول ئوينايدىغان تەبىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە مەجبۇرى ۋە ۋەيران قىلغۇچى ھالدا ئۆزىگە يول ئاچىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق ئىجتىمائىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئاڭلىق پايدىلىنىلىدۇ ھەمدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ۋە دەۋرىي خاراكتېرلىق يىمىرىلىشلەرنىڭ سەۋەبى بولۇشتىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك يېشاڭغا ئايلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي كۈچلەر، تامامەن تەبىەت كۈچلىرىگە ئوخشاش، بىز تېخى ئۇلارنى بىلىپ يەتمىگەن ۋە ھېساپقا ئالمىغان چاغدا، قارغۇلۇق، مەجبۇر قىلىش ۋە ۋەيران قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن، بىز ئۇلارنى بىلىۋالساق، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، يۆنۈلۈشى، تەسىرىنى چۈشەنسەك، ئۇ ھالدا، ئۇلارنى بارغانسېرى ئۆز ئىرادىمىزگە بويسۇندۇرۇش ھەم ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىدىمىزگە يېتىش پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندىكى قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى چۈشىنىشتىن تەرسالىق بىلەن باش تارتىدىغانلا بولساق — كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئاقىلغۇچىلىرى بولسا دەل بۇنداق چۈشىنىشكە قارشىلىق قىلىدۇ، — ئۇ ھامان، يۇقۇرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، بىزگە خىلاپلىق قىلىش، بىزگە قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، بىزنى ئۆز

هوكۇمرانلىغى ئاستىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتى چۈشىنىۋېلىنىسىلا، ئۇ بىرلەشكەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ قولىدا ئالۋاستىدەك هوكۇمراندىن مومىن قۇلغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق خۇددى چاقماقتىكى ئېلېكترنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى بىلەن دىيەنباۋجەدىكى ۋە خۇگۇاڭدېڭ چىرىغىدىكى بويسۇندۇرۇلغان ئېلېكتر ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە، خۇددى ئوت ئاپىتى بىلەن كىشىلەر ئىشلىتىدىغان ئوت ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. كىشىلەر بۈگۈنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاخىر بىلىۋېلىنغان تەبىئىتى بويىچە بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مۇئامىلە قىلغان چاغدا، جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ هوكۇمەتسىزلىك هالىتى پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ هەر بىر ئەزاسىنىڭ ئېهتىياجى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا قىلىنغان ئىجتىمائىي، پىلانلىق تەڭشەشكە ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ چاغدا، كاپىتالىستىك ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى يەنى مەهسۇلاتلار دەسلەپتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قۇل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنى قۇل قىلىدىغان ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى هازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەبىئىتىنى ئاساس قىلغان مەهسۇلات ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىغا ئورۇن بېرىدۇ: بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىشنى قامدايدىغان ۋە كېڭەيتىدىغان ۋاستىلەر سۈپىتىدە جەمىيەت بىۋاستە ئۆزلەشتۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش ۋە لەززەتلىنىش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە شەخسلەر بىۋاستە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كۈندىن-كۈنگە ئاهالىنىڭ زور كۆپچىلىگىنى پرولېتارلارغا ئايلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلۈم تەهلىكىسى ئاستىدا بۇ ئۆزگىرىشنى ئورۇنلاشقا

مەجبۇر بولغان بىر خىل كۆچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كىشىلەرنى ئىجتىمائىيلاشقان غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بارغانسىرى دولەت مۈلكىگە ئايلاندۇ- رۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزى بۇ ئۆزگىرىشنى ئورۇنلاشنىڭ يولىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. **پرولېتارىيات دولەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالىدۇ ھەمدە ھەممىدىن ئاۋال ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى دولەت مۈلكىگە ئايلاندۇرىدۇ.** لېكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى پرولېتارىيات سۈپىتىدە يوقىتىدۇ، ھەممە سىنىپىي پەرقلەرنى ۋە سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقلارنى يوقىتىدۇ، دولەتنىمۇ دولەت سۈپىتىدە يوقىتىدۇ. ھازىرغىچە سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىقلار ئىچىدە ھەركەت قىلىۋاتقان جەمئىيەتكە دولەت زورۇر، يەنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ساقلاپ قالىدىغان بولۇپمۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بەلگىلىگەن ئېزىش شارائىتىدا (قۇللۇق تۈزۈم، ئوكنۇلۇق تۈزۈم ياكى بېقىندا دىخانلىق تۈزۈم، يالانما ئەمگەك تۈزۈمى) تىزگىنلەپ تۇرىدىغان تەشكىل زورۇر. دولەت پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ رەسمى ۋەكىلى، جەمئىيەتنىڭ گەۋدىلىك ئۇيۇشۇشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، لېكىن، دولەتنى بۇنداق دېگەنلىك پەقەت ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەنھا ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان شۇ سىنىپنىڭ دولىتى: قەدىمقى زاماندا قۇل ئىگىلىگەن گۇگىمنلار دولىتى، ئوتتۇرا ئەسىردە فېودال ئاقسوڭەكلەر دولىتى، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بۇرژۇئازىيە دولىتى دېگەنلىك. دولەت ئاخىر ھەقىقى تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى

بولغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ئارتۇقچە نەرسە قىلىپ قويىدۇ. باستۇرۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي سىنىپ قالمىغان چاغدا، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقمۇ، بۈگۈنكىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان ياشاش ئۈچۈن بولغان كۆرەشمۇ تۈگىتىلگەن، بۇ ئىككىسىدىن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇشلار ھەم چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگىتىلگەن چاغدا، باستۇرۇشقا تېگىشلىك ھېچنىمە قالمايدۇ، دۆلەتتىن ئىبارەت بۇنداق ئالاھىدە باستۇرۇش كۈچىگىمۇ ئېھتىياج قالمايدۇ. دۆلەتنىڭ ھەقىقىي تۈردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بىرىنچى ھەرىكىتى يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەت نامىدىن ئۆزلەشتۈرۈشى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل ھەرىكىتىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئارىلىشىشى ھەرقايسى ساھەلەردە ئىلگىرى - ئاخىر ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قېلىپ، ئۆز ئۆزىدىن توختايدۇ. ئۇ چاغدا، ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئورنىنى نەرسىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بولغان رەھبەرلىك ئالىدۇ. دۆلەت «بىكار قىلىنىدۇ» ئەمەس، **ئۇ ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ بارىدۇ.** «ئەركىن خەلق دۆلىتى»[183] دېگەن سۆزنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش لازىم، تەرغىبات ئەھمىيىتى جەھەتتە بۇ سۆزنىڭ ۋاقىتىنچە ساقلىنىپ تۇرۇشى يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەتسىزلەر ئوتتۇرىغا قويغان بىر كۈن ئىچىدە دۆلەتنى بىكار قىلىش دېگەن ئاتالمىش تەلەپنىمۇ ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش لازىم.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تارىختا مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى دائىم كەلگۈسىنىڭ غايىسى سۈپىتىدە ئايرىم شەخسلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ـ پۈتۈن گۇرۇھنىڭ خىيالىدا خىرە گەۋدىلىنەتتى. لېكىن، بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي شارائىتى ھازىرلانغان چاغدىلا مۇمكىن بولدى، تارىخىي زۆرۈرىيەت بولدى. خۇددى باشقا بارلىق ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشلەرگە ئوخشاش، بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئەمەلگە ئاشالىشى كىشىلەرنىڭ سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن زىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكىدىن ئەمەس، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ سىنىپنى بىكار قىلىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم يېڭى ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ھازىرلانغانلىقىدىن بولغان. جەمئىيەتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپقا، ھوكۇمرانلىق قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپقا بۆلۈنۈشى ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئانچە راۋاجلانمىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەمگەك يەتكۈزۈپ بەرگەن مەھسۇلاتلار جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنىڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا پەقەت ئازراق ئېشىنىدىغان بولغان، شۇنىڭ ئارقىسىدا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ياكى پۈتۈن ۋاقتىنى دېگۈدەك ئەمگەك ئېلىپ تۇرغان چاغدا، بۇ جەمئىيەت مۇقەررەر ھالدا سىنىپلارغا ئايرىلىدۇ. ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئەمگەككە بېغىشلىغان زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ يېنىدا بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلغان سىنىپ

ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، ئۇ جەمىيەتنىڭ ئورتاق ئىشلىرى: ئەمگەكنى باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ئەدلىيە، ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېمەك، ئىش تەقسىماتى قانۇنىيىتى — سىنىپلارغا ئايرىلىشنىڭ ئاساسى. لېكىن بۇنىڭ ئۆزى سىنىپلارنىڭ بۇنداق ئايرىلىشنىڭ زورلۇق كۈچ ۋە تالان- تاراج، قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ئالدامچىلىق يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپلا ئەمگەكچى سىنىپنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆز ھۆكۈمران-لىقىنى مۇستەھكەملىشى ھەممە جەمىيەت ئۈستىدىكى رەھبەرلىكنى ئامما ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئايلاندۇرۇشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

لېكىن، سىنىپلارغا ئايرىلىش يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار بويىچە مەلۇم تارىخىي ۋەجىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەت مەلۇم مەزگىلدە، مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدىلا شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق ئايرىلىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تولۇق تەرەققىياتى تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. دۇرۇس، ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشى مۇنداق بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇكى، بۇ باسقۇچتا، مۇئەييەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۇنىڭ ئارقىسىدا سىنىپىي پەرقنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دەۋر خاتالىقى، ۋاقتى ئۆتكەن ھادىسە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىنى ئالدىنقى شەرت

قىلىدۇكى، بۇ باسقۇچتا، مەلۇم ئالاھىدە ئىجتىمائى سىنىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈشى، شۇنىڭ ئارقىسىدا سىياسى ھوكۇمرانلىقنى، مائارىپ لۇگدۇۋەنلىگى ۋە مەنىۋى رەھبەرلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئارتۇقچە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادى، سىياسى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتلار ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ باسقۇچ ھازىر يېتىپ كەلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن سۇنۇشى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ سىر بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى سۇنۇشى بولسا قانۇنىيەتلىك ھالدا ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىمقى ۋېيجىدە جەمىيەت ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئەمما ئۆزى پايدىلىنالمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا نەپەس ئالالماي قالىدۇ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئىستىمال قىلغۇدەك نىمىنىڭ يوقلۇغى ئىستىمالچىلارنىڭ كەملىگىدىن بولىدۇ، دىگەن بىمەنە زىددىيەت ئالدىدا ئىلاجسىز قالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كېڭىيىش ئىقتىدارى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا سالغان كىشەننى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بۇنداق كىشەندىن ئازات بولۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېز راۋاجلىنىشىنىڭ بىردىن-بىر ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە چەكسىز ئۆسۈشىنىڭمۇ بىردىن-بىر ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى بولىدۇ. لېكىن تېخى بۇلار بىلەنلا قالمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمىيەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەۋجۇت سۈنئى توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپلا قالماستىن،

بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ روشەن ھالدىكى ئىسراپ ۋە ۋەيران قىلىنىشىنىمۇ تۈگىتىدۇ، بۇنداق ئىسراپ ۋە ۋەيران قىلىنىش ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئايرىلماس ھەمرىيى بولۇۋاتىدۇ ھەمدە ۋېيجىلەر مەزگىلىدە ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش ھازىرقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىياسى ۋەكىللىرىنىڭ كەيپ-ساپا ئۈچۈن قىلىدىغان ئىسراپچىلىغىنى تۈگىتىش ئارقىسىدا پۈتۈن جەمىيەتكە نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە مەھسۇلاتلارنى تېجەپ بېرىدۇ. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق، جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى پاراۋان ۋە كۈندىن-كۈنگە باياشات ماددى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ جىسمانى قۇۋۋىتى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتى-نىڭ تولۇق ئەركىن ئۇسۇشى ۋە ئىشقا سېلىنىشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن بولىدۇ، بۇنداق مۇمكىنچىلىك ھازىر بىرىنچى قېتىم مەيدانغا كەلدى، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن **مەيدانغا كەلدى**①.

---

① ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كاپىتالىزىمنىڭ بوغۇشى ئاستىدا تۇرغاندىمۇ غايەت زور كېڭىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىرنەچچە رەقەم ئومۇمەن ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. گىففېننىڭ ئەڭ يېڭى ھېساۋاتىغا184 قارىغاندا، ئۇلۇق بىرىتانىيە بىلەن ئىرلاندىيىنىڭ پۈتۈن بايلىغى تەخمىنەن تۆۋەندىكىچە:

1814-يىلى......2 ملىيارت 200 ملىيون فۇنت ئىستېرلىڭ=44 ملىيارت مارك

1865-يىلى......6 ملىيارت 100 ملىيون فۇنت ئىستېرلىڭ=122

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمىيەت ئۆزلەشتۈرگەن ھامان، شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش تۈگىتىلىدۇ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچى- قارغۇچىلار ئۈستىدىن قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ ئورنىنى پىلانلىق، ئاڭلىق ئۇيۇشتۇرۇش ئالىدۇ. ياشاش ئۈچۈن كۆرەش توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم ئەمدى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن مەلۇم مەنىدە ئاخىرقى ھېساپتا ئايرىلىپ، ھايۋاناتلارچە ياشاش شارائىتىدىن ھەقىقىي ئادەمچە ياشاش شارائىتىغا ئۆتىدۇ. كىشىلەرنى ئورىۋالغان، بۈگۈنگىچە كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن تۇرمۇش شارائىتى ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە ۋە تىزگىنلىشىدە بولىدۇ، كىشىلەر بىرىنچى قېتىم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاڭلىق ۋە ھەقىقىي خوجايىنى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بىرىكىشىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرى، خۇددى كىشىلەرگە يات بولغان ۋە كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاش تا

---

مىليارت مارك

1875 ـ يىلى......8 مىليارت 500 مىليون فۇنت ئىستېرلىڭ=170

مىليارت مارك

ۋېيجىلەردە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ ۋەيران قىلىنىش ئەھۋالىغا كەلسەك، 1878 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن گېرمانىيە سانائەتچىلىرى ئىككىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ 185 قىلغان ھېساۋاتىغا قارىغاندا، يېقىنقى بىر قېتىملىق يىمىرىلىشتە يالغۇز گېرمانىيە تۆمۈر سانائىتىنىڭ تارتقان پۈتۈن زىيىنى 455 مىليون ماركقا يەتكەن.

هازىرغىچە كىشىلەر بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغان بۇ قانۇنىيەتلەر، ئۇ چاغدا كىشىلەر تەرىپىدىن مەلىكىلىك هالدا قوللىنىلىدىغان بولىدۇ، دېمەك، ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بىرىكىشى تەبىئەت دۇنياسى ۋە تارىخ ئۇلارغا تاڭغان نەرسە سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن هەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ. تارىختا هۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن كېگۈەن، يات كۈچلەر ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرىدۇ. پەقەت ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆزلىرى تامامەن ئاڭلىق تۈردە يارىتىدۇ؛ پەقەت ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، كىشىلەر رول ئوينىتىدىغان ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئاساسىي جەھەتتە ۋە كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان دەرىجىدە ئۇلار كۈتكەن نەتىجىلەرنى بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەتنىڭ زورۇرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە سەكرىشى بولىدۇ.

دۇنيانى ئازات قىلىدىغان بۇ ئىشنى ئورۇنلاش هازىرقى زامان پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى. بۇ ئىشنىڭ تارىخىي شارائىتىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئورۇنلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، بۈگۈنكى كۈندە ئېزىلىۋاتقان سىنىپقا ئۆز هەرىكىتىنىڭ شارائىتىنى ۋە خاراكتېرىنى تونۇتۇش ــ مانا بۇلار پرولېتارىيات هەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىپادىسى يەنى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەزىپىسى.

## 3. ئىشلەپچىقىرىش

يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كورۇپ چىققاندىن كېيىن، كىتاپخانلار ئالدىنقى باپتا قىلىنغان سوتسىيالىزمنىڭ تۇپ بەلگىلىرى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىنىڭ دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دىتىغا زادى ياقمايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا ئەجەپلەنمەس. ئەكسىچە، دىيۇرىڭ ئەپەندى جەزمەن ئۇنى ئوزى ئىرغىتىپ تاشلىغان بارلىق نەرسىلەر دوۋىلىنىپ ياتقان ئازگالغا تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ يەردە يەنە «تارىخىي خىياللار بىلەن لوگىكىلىق خىياللارنىڭ شالغۇتى»، «بىمەنە ئىدىيىلەر»، «گادىرماش مۇجمەل ئىدىيىلەر» ۋە باشقىلار دوۋىلىنىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىزم زادىلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئەمەس، قوپال ماددى بولغان، يالغۇزلا قوساق تويغۇزۇشنى كوزدە تۇتقان ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ مەھسۇلى تېخىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى تېخىمۇ كوپ دەرىجىدە ياخشى. ئۇنىڭ سوتسىيالىزمى ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت؛

ئۇ — «جەمىيەتىنىڭ تەبىي تىشىسى»، ئۇ «ئومۇمىيۈزلۇك ئادىللىق پىرىنسىپى» ئۈستىگە ھۇل سالغان،

ئەگەر ئۇ ئىلگىرىكى جىنايى تارىخ كەلتۈرۈپ چىقارغان مەۋجۇت ئەھۋالىنى ياخشىلاش مەقسىدىدە نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنى ساپ ئادىللىق پىرىنسىپى ئۈچۈن بەختسىزلىك دەپ قاراشقىلا توغرا كېلىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى ئوزىنىڭ سوتسىيالىزمنى ئىجات قىلغاندا، باشقا ھەممىنى ئىجات

قىلغىنىدىكىگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئىككى ئەر كىشىسى ئارقىلىق ئىش كۆرىدۇ. بۇ ئىككى قورچاق ئۆتكەندىكىدەك خوجايىنلىق ۋە قۇللۇق رولىنى ئويناپ چىقمايدۇ، بۇ قېتىم باشقىچە تۈرگە كىرىش ئۈچۈن بۇ ئىككى قورچاق باراۋەرلىك ئويۇنىنى ئويناپ چىقىدۇ، — شۇنىڭ بىلەن دىيۇرىڭنىڭ سوتسىيالىزمىنىڭ ئاساسى سېلىنىپ چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىي ھالدا، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دەۋرىي خاراكتېرلىق سانائەت ۋەيىجىلىرى بىز ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك دەپ ھېساپلىغاندەك تارىخىي ئەھمىيەتكە ھەرگىز ئىگە ئەمەس.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋەيىجى «نورمال ھالەت»تىن تاسادىپىي چەتلەش بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ «تېخىمۇ قائىدىلىك، تەرتىپلىك تەرەققىيات» ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ يەتكۈزۈپ بېرىش بولىدۇ، خالاس. ۋەيىجىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى بىلەن چۈشەندۈرىدىغان «ئادەتتىكى ئۇسۇل» ئۇنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە «تېخىمۇ توغرا چۈشەنچە»گە كېلىشىنى ھەرگىز قاندۇرالمايدۇ. دەرۋەقە، «ئايرىم ساھەلەردىكى ئالاھىدە ۋەيىجىلەر» ئۈچۈن، بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى «كارغا ياراپ قالار». مەسىلەن، «كۆپلەپ سېتىلىشقا يارامىلىق ئەسەرلەر، ئەركىن كۆچۈرۈپ بېسىلسا بولىدۇ، دەپ ئۇشتۇمتۇتلا ئېلان قىلىنىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىتاپ بازىرىغا تولۇپ كېتىدۇ».

دەرۋەقە، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنىڭ بۇنداق دۇنياۋى بەختسىزلىكنى مەڭگۈ پەيدا قىلمايدىغانلىقىنى كاراۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ خوشاللىق بىلەن ھېس قىلىۋەرسە بولىدۇ.

لېكىن، غايەت زور ۋەيىجىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، «زاپاس بىلەن سېتىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يارىنىڭ ئاخىر شۇنداق ئېغىر دەرىجىدە كېڭىيىپ كېتىشى»

ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى «خەلق ئىستېمالىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن......سۈنئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن......خەلق ئېھتىياجى (!) ئۆزىنىڭ تەبى ئۆسۈشى جەريانىدا يولۇققان توسالغۇدىن» بولىدۇ.

ئۇ ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ بۇنداق ۋەيجىلەر نەزەرىيىسىگە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىر ئېتىقاتچى تېپىۋاپتۇ.

لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئاممىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىستېمالىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ئەۋلادىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىشى ھېچقانداق يېڭى ھادىسە ئەمەس. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، بۇنداق ھادىسە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئاممىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشى بولغان تارىخىي دەۋرلەردىمۇ، مەسىلەن، 15 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە ئاممىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن بولغان ئىدى. ئۇلار ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىللىق پۈتۈن مەھسۇلاتىنى ئىشلىتىشتىن يىراق تۇراتتى. شۇڭا، ئەگەر، ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى دائىملىق تارىخىي ھادىسە ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ۋەيجىلەر ئىچىدە پارتلاپ چىققان ئومۇميۈزلۈك شاكىپىن كاساتچىلىقى بولسا پەقەت يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان روشەنلەشتى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، پەقەت ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ چاكىنا ئىقتىساتشۇناسلىقىنىڭ پۈتۈن يۈزە قاراشلىرىلا يېڭى توقۇنۇشلارنى **يېڭى** ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇق-چىلىقى ھادىسىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى كونا، نەچچە مىڭ يىل

مەۋجۇت بولغان ئىستىمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ھادىسىسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى شۇشۇيدە بىر تۇراقلىق سان بىلەن بىر ئۆزگىرىدىغان سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزگىرىدىغان سانىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىق پاكىتىدىن ئەمەس، بەلكى تۇراقلىق سانىنىڭ باشتىن-ئاياغ ئۆزگەرمەيدىغانلىق پاكىتىدىن چۈشەندۈرۈلگەنگە ئوخشاش. ئاممىنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى — ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەممە جەمئىيەت شەكىللىرىنىڭ جۈملىدىن كاپىتالىستىك جەمئىيەت شەكلىنىڭمۇ بىر مۇقەررەر شەرتى؛ لېكىن، پەقەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىلا بۇنداق ئەھۋالنى ۋېيجى دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ. دېمەك، ئاممىنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىمۇ ۋېيجىنىڭ ئالدىن ھەل قىلىنىدىغان شەرتى، بەلكى ۋېيجىدە ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىنىغان بىر خىل رولنى ئوينايدۇ؛ لېكىن ئۇ بىزگە بۇرۇن ۋېيجىنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا ۋېيجىنىڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ دۇنيا بازىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئىنتايىن ئاجايىپ-غارايىپ. بىز ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ھەقىقى گېرمانىيە يازغۇچىسى سالاھىيىتىدە سانائەت جەھەتتىكى ھەقىقى ئالاھىدە ۋېيجىلەرنى لېيپسىگدىكى كىتاپ بازىرىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان ۋېيجى بىلەن، دېڭىزدىكى بورانىنى ئىستاكاندىكى سۇدىكى بوران بىلەن چۈشەندۈرۈشكە كۆچەپ ئۇرۇنغانلىقىنى كورۇپ ئوتتۇق. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

ھازىرقى كارخانا ئىشلەپچىقىرىشى «ئۆزىگە سېتىش يولىنى ئاساسەن مۇلۇكدار سىنىپنىڭ ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن ئىزلەش»كە مەجبۇر بولىدۇ،

دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ 16 بەتتىن كېيىنلا بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۇسۇل بويىچە تومۇر سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىق ھازىرقى زامان سانائىتى دەپ تەسۋىرلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، ھالبۇكى، دەل بۇ ئىككى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىلا مۈلۈكدار سىنىپ تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى بولسا ئاممىنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. بىز دىيۇرىڭ ئەپەندىدە قۇرۇق، زىددىيەتلەر بىلەن تولغان جۆيلۈشلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەيمىز. توقۇمىچىلىق سانائىتىدىن مىسال ئالايلى. كىچىكرەك شەھەر ئولگېمدە — مانچېستېر ئەتراپىغا جايلاشقان، توقۇمىچىلىق سانائىتى بولغان، 50 مىڭدىن 100 مىڭغىچە ئاھالىگە ئىگە ئون نەچچە شەھەرنىڭ بىرىدە، يالغۇز مۇشۇ شەھەردىلا، 1872 - يىلدىن 1875 - يىلغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە، 32 - نومۇرلۇق يىپنىلا ئىگىرىدىغان ئۇرچۇقلار 2 مىليون 500 مىڭدىن 5 مىليونغا كۆپەيگەن، دېمەك، ئەنگلىيىنىڭ بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھرىدە بىر خىل يىپنى ئىگىرىدىغان ئۇرچۇقنىڭ سانى پۈتۈن گېرمانىيىنىڭ (ئېلزاسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توقۇمىچىلىق سانائىتىدە بولغان ئۇرچۇقنىڭ ئومۇمىي سانىغا يەتكەن. ئەگەر ئەنگلىيە ۋە شوتلاندىيىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ باشقا تارماقلىرى ۋە رايونلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كېڭىيىش پەيدا بولغانلىقى ئېتىۋارغا ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىنتايىن يۈزى قېلىن ئادەملا ھازىرقى پاختا يىپ ۋە پاختا رەختلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كاساتچىلىقىنى ئەنگلىيە توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىقى بىلەن

ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىدىكى ئاممىنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن①.

بەس. ئىقتىساتشۇناسلىق توغرىسىدىكى بىلىمسىزلىكتە لېيپسىگ-دىكى كىتاپ بازىرىنى هازىرقى زامان سانائىتى ئەهمىيىتىدىكى بازار دەپ قاراش دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەملەر بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ هېچ ئورنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنىلا كورسىتىپ ئوتىمىزكى، ۋېبىجىلەر توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى كېيىنكى مۇلاهىزىلىرىدە بىزگە شۇنىلا ئېيتالايدۇ: بۇ پەقەت

«هەددىدىن ئارتۇق چىقىش بىلەن بوشىشىش ئارىلىقىدا بولىدىغان ئادەتتىكى ئويۇن-تاماشا»، هەددىدىن ئارتۇق هايانكەشلىك «خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ پىلانسىز كوپىيىشىدىنلا كېلىپ چىقمايدۇ»، بەلكى «ئايرىم كارخانىچىلارنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشى ۋە شەخسەن ئەتراپلىق ئويلان-ماسلىقىنىمۇ تەمىنلەش ئوشۇقچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەۋى دەپ هېساپلاش لازىم».

ئەمەسە، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ۋە شەخسەن ئەتراپلىق ئويلانماسلىقىنىڭ «پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەۋى» نىمە؟ بۇ دەل كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مانا شۇنداق پىلانسىزلىقىدىن ئىبارەت، بۇنداق پىلانسىزلىق خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ پىلانسىز كوپىيىشىدە كورۇنىدۇ. ئىقتىسادىي پاكىتنى ئەخلاقىي ئەيىپلەش

---

① ۋېبىجىلەرنى ئىستىمال سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈش سىسموندىدىن باشلانغان، ئۇنىڭدا بۇنداق چۈشەندۈرۈشنىڭ هەر هالدا مەلۇم ئەهمىيىتى بار ئىدى. روبېرتۇس بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى سىسموندىدىن ئالغان ئىدى، ديۇرىڭ ئەپەندى بولسا ئۇنى يەنە روبېرتۇستىن ئۇزىنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان يۈزە ئۇسۇلى بىلەن كوچۈرۈۋالغان.

دېيىش ۋە بۇنداق قىلىقنى يېڭى سەۋەپنىڭ تېپىلىشى دەپ خاتا ھېساپلاشمۇ ھەددىدىن ئارتۇق «ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش»نىڭ دەل ئۆزى.

ۋېجىلەر توغرىسىدىكى مەسىلىنى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتۇرايلى. بىز ئالدىنقى باپتا ۋېجىنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋېجىسى سۈپىتىدىكى، ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەجبۇرى ۋاستىسى سۈپىتىدىكى ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن، ديۈرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئىجابى ئىجادىيىتىگە، ئۇنىڭ «جەمئىيەتنىڭ تەبىئى تىشىسى» دېگىنىگە قاراپ باقايلى.

«ئومۇميۈزلۈك ئادىللىق پرىنسىپى» ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن زېرىكتۈرەرلىك ماددى پاكىتلار ئالدىدا ھېچقانداق تىل قىسىنچىسى بولمىغان بۇ تىشى ئىگىلىك گۇڭشېلىرىنىڭ لىيەنباڭدىن تەشكىل قىلىنغان، ھەرقايىسى گۇڭشېلار ئارىسىدا

«مۇئەييەن قانۇنلار ۋە مەمۇرى قائىدىلەرگە ئاساسەن يولغا قويۇلىدىغان كوچۇش ئەركىنلىكى ۋە گۇڭشېغا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش زورۇرىيىتى»

مەۋجۇت.

## ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاۋال

«ئىنسانىيەت تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كەڭ ئەندىزە» بولۇپ، ئېيتايلى، ماركس دېگەن بىر ئادەمنىڭ «ئېزىتقۇ يولغا كىرىپ قالغان ئۆزۈل-كېسىلسىزلىكى»دىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ — «كىشىلەرنىڭ ئومۇمى

بىرلىكى، بۇ كىشىلەر بىر رايوننىڭ يەرلىرى ۋە بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جامائەت ھوقۇقى ئارقىسىدا ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئورتاق ھەرىكەت قىلىدۇ، دارامەتنى ئورتاق تەقسىم قىلىدۇ». جامائەت ھوقۇقى «تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە قارىتىلغان ساپ جامائەت مۇناسىۋىتى ئەھمىيىتىدە......نەرسىگە قارىتىلغان ھوقۇق».

بۇنىڭ مەنىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەلگۈسىدىكى ئىگىلىك گۈڭشېسىنىڭ قانۇنشۇناسلىرى باش قاتۇرسۇن، بىز بۇ جەھەتتە ھېچقانداق سىناق قىلماقچى ئەمەسمىز. بىز پەقەت شۇنىلا بىلىمىزكى،

بۇنداق ئومۇم ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن «ئىشچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى» ھەرگىز بىر ئىش ئەمەس، كېيىنكىسى گويا ئۆزئارا رىقابەتنى چەتكە قاقمايدۇ، ھەتتا ياللانما ئەمگەكنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆز ئارىسىدا مۇنداق دەپ قويىدۇ:

«جامائەت مۈلكى» ئىدىيىسى، ماركستا كۆرگىنىمىزدەك، «كەم دېگەندە ئېنىقسىز ۋە گۇمانلىق، چۈنكى كەلگۈسى توغرىسىدىكى بۇ ئىدىيە ھامان شۇنداق تاشقى كۆرۈنۈش ئالغانكى، گويا ئۇ ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنى كۆرسىتىدىغاندەك قىلىدۇ».

بۇ — دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان قەستەن بۇرمىلايدىغان نۇرغۇن «پەسكەش ئۇسۇلى»نىڭ يەنە بىر خىلى، «بۇ ئۇسۇللارنىڭ چاكىنىلىق خۇسۇسىيىتىگە ‹ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك› پەقەت نومۇسسىز دېگەن چاكىنا سۆزلا تامامەن لايىق كېلىدۇ»؛ بۇ يوتىسىغا ئۇرۇپلا تاپقان يالغان گەپ بولۇپ، خۇددى دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ئويدۇرمىسىغا ئوخشايدۇ، بۇ ئويدۇرما مۇنداق:

«جامائەت مۈلكى»، ماركسىنىڭ قارىشىچە، «شەخسنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەمىيەتنىڭ مۈلكى».

قانداق قىلغان بىلەنمۇ بىر نۇقتا ئېنىقتەك تۇرىدۇ: بىر ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرىگە بولغان جامائەت ھوقۇقى، ھېچ بولمىغاندا ھەرقانداق باشقا ئىگىلىك گۇڭشېلىرى ھەتتا جەمىيەت ۋە دولەت ئۈچۈن، تەنھا ئىگىلىۋالغان مۈلۈك ھوقۇقى بولىدۇ.

لېكىن، بۇ ھوقۇق ئۆزىنى «تاشقى دۇنيادىن.....ئايرىپ قويىدىغان» بولماسلىقى كېرەك، «چۈنكى ھەرقايسى ئىگىلىك گۇڭشېلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن قانۇنلار ۋە مەمۇرى قائىدىلەرگە ئاساسەن يولغا قويۇلىدىغان كوچۇش ئەركىنلىكى ۋە گۇڭشېغا يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش زورۇرىيىتى مەۋجۇت.....خۇددى.....ھازىر بىرەر سىياسى تەشكىلاتقا كىرىش ۋە سۇنجېنلارنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىغا قاتنىششقا ئوخشاش».

دېمەك، باي ۋە كەمبەغەل ئىگىلىك گۇڭشېلىرى مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئاھالىسىنىڭ كەمبەغەل گۇڭشېدىن ئايرىلىپ چىقىپ، باي گۇڭشېغا قىستىلىپ كىرىشى يولى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا، ديۈرىڭ ئەپەندى گەرچە ھەرقايسى گۇڭشېلار ئارىسىدا مەھسۇلاتلار ئۈستىدە بولىۋاتقان رىقابەتنى مەملىكەت خاراكتېرلىق سودا تەشكىلاتى ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈستىدە بولىۋاتقان رىقابەتنىڭ ئامان-ئېسەن مەۋجۇت تۇرىۋېرىشىگە يول قويىدۇ. نەرسە رىقابەتنىڭ سىرتىغا قويۇلىدۇ، ئادەم بولسا بۇرۇنقىدەكلا رىقابەتكە بويسۇنىۋېرىدۇ.

لېكىن بىز بۇنىڭدىن نىمىنىڭ «جامائەت ھوقۇقى» ئىكەنلىكىنى

ئېنىق بىلىشتىن يەنىلا يىراق تۇرىمىز. ئىككى بەتتىن كېيىن دىيۇرىك ئەپەندى بىزگە مۇنۇلارنى ئېلان قىلىدۇ:

سودا گۇگۇشىلىرى «ئەڭ ئاۋال سىياسى-ئىجتىمائى ساھەگە ئوخشاش كەڭ» كېڭىيىدۇ؛ «بۇ ساھەنىڭ ئەزالىرى بىرلىككە كەلگەن ھوقۇق جۇتىسى بولۇپ بىرلىشىدۇ ھەمدە بۇنداق سالاھىيەت ئارقىسىدا پۈتۈن يەرلەرگە، ئوي-جايلارغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرىگە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ».

شۇنداق قىلىپ، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى ھەر ھالدا ئايرىم گۇگۇشىلار ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەت ئىكەن. «جامائەت ھوقۇقى»، «نەرسىگە قارىتىلغان ھوقۇق»، «تەبىەت دۇنياسىغا قارىتىلغان جامائەت مۇناسىۋىتى» ۋە باشقىلار «كەم دىگەندە ئېنىقسىز ۋە گۇمانلىق» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەتتا بىر بىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇنداق ھوقۇق ئەمىلىيەتتە — كەم دىگەندە ھەر بىر يەككە ئىگىلىك گۇگۇشىسى ھوقۇق جۇتىسى بولغان چاغدا — «شەخسىنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەمىيەتنىڭ مۈلكى» بولىدۇ، شۇڭا بۇ كېيىنكى «مۇجمەل شالغۇت»نى يەنىلا دىيۇرىك ئەپەندىنىڭ ئۆزىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن.

قانداق بولسا بولسۇن، ئىگىلىك گۇگۇشىسى ھامان ئۆزىنىڭ ئەمگەك ۋاستىلىرىگە ئىشلەپچىقىرىش مەقسىدىدە ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ دىيۇرىك ئەپەندىدە كورگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئاساسەن ھوكۇم قىلساق، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈنلەي بۇرۇنقى پەدىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، پەقەتلا كاپىتالىستىنىڭ ئورنىنى گۇگۇشى ئالىدۇ، خالاس. ئەڭ كوپ دىگەندە شۇنىمۇ كورىمىزكى، پەقەت ئەمدىلا ھەر بىر ئادەم كەسپىنى ئەركىن تاللىۋالالايدۇ ھەم تەڭ دەرىجىلىك ئەمگەك

مەجبۇرىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

بۇ كەمگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ھەممە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ شەكلى ئىش تەقسىماتىدىن، بىر تەرەپتىن، جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئاپاراتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. ديۇرىڭنىڭ «ئورتاق جەمىيىتى» ئىش تەقسىماتىغا قانداق قارايدۇ؟

بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشىدىن ئىبارەت.

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دۆيكاڭلىق «شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى بويىچە ئېيتقاندا مۇقەررەر بولىدۇ». لېكىن، «ئەگەر، دېھقانچىلىق بىلەن سانائەت ئوتتۇرىسىدىكى يارنى...... تىندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆتۈش مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئۆتۈشنىڭ كەلگۈسىدە زور دەرىجىدە ئۆسۈشىدىن ئۈمىت كۈتۈشكە بولىدۇ». ھازىر دېھقانچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئىككى خىل سانائەت بېسىپ كىردى: «بىرىنچىسى، ھاراق سانائىتى، ئىككىنچىسى، قىزىلچا قەنت سانائىتى ...... ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش شۇنداق زور ئەھمىيەتكە ئىگىكى، ئاسانلا تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەنگەندىن كۆرە، بەلكى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىنىدۇ». ئەگەر «مەلۇم كەشپىياتلار» ئارقىسىدا، «تېخىمۇ كەڭ سانائەت دائىرىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولۇپ، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش بويىچە، يېزىلاردا مەھەللىۋىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ھەمدە خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە تايىنىش لازىم» بولسا، ئۇ ھالدا، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق بۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشقان بولاتتى، بەلكى «مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ

ئەڭ كەڭ ئاساسى قولغا كەلتۈرۈلگەن بولاتتى». ئەمما، «شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش باشقا ئۇسۇل بىلەنمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. تېخنىكا جەھەتتىكى زورۇرلۇكتىن تاشقىرى، ئىجتىمائىي ئېھتىياج مەسىلىسى بارغانسىرى كوپرەك ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنىڭ ئۆلچىمى بولغان چاغدا، يېزىلاردىكى كەسپلەر بىلەن تېخنىكىلىق جياگۇڭ قىلىش خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى شتۇكلۇق زىچ ئالاقىلەردىن كېلىپ چىقىدىغان پايدىلارغا ئەمدى ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدۇ».

هالبۇكى، ئىگىلىك گۇڭشېسىدا دەل ئىجتىمائىي ئېھتىياج مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنداق بولسا، گۇڭشې يۇقۇرىدا ئېيتىلغان دېخانچىلىق بىلەن سانائەتنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىدىغان پايدىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئالدىرىمامدۇ؟ ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ بۇ مەسىلىدە تۇرىدىغان مەيدانى توغرىسىدا ديۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تېخىمۇ توغرا چۈشەنچە»سىنى ئۆزى ياخشى كورىدىغان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوزلەر بىلەن بىزگە ئېيتىپ بەرمەي تۇرالمايدىغاندۇ؟ ئەگەر كىتابخانلار ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولسا، ئالدانغان بولاتتى. يۇقۇرىدىكى چالا، ملىجىڭ شۇنىڭدەك پرۇسسىيە باڭ قانۇنى يولغا قويۇلغان، هاراق چىقىرىلىدىغان ۋە قەنت ياسىلىدىغان رايونلاردا ئېلىپ يۈرىدىغان ئادەتتىكى پاراڭلار ــ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ شەھەر بىلەن يېزىنىڭ هازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقى توغرىسىدا بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى مانا شۇلار.

ئىش تەقسىماتى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلايلى. بۇ يەردە ديۇرىڭ ئەپەندى ئاز ـ تولا «توغرىراق» بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇ

«بىر خىل كەسىپكە ئۆزىنى مەخسۇس بېغىشلىشى لازىم بولغان ئادەم» ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئەگەر كەپ بىرەر يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنى قۇرۇش توغرىسىدا بارسا، «ئۇ ھالدا مەسىلە پەقەت: مەلۇم بىر خىل نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىرىشىدىغان بەلگىلىك ساندىكى ئادەمنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن زورۇر بولغان ئىستېمالنى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ـ مۇمكىن ئەمەسلىكىدىلا بولىدۇ(!)». ئورتاق جەمىيەتتە ھەرقانداق بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى «نۇرغۇن ئاھالىگە مۇھتاج بولمايدۇ». ئورتاق جەمىيەتتە «تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە پەرقلىنىدىغان» ئادەملەرنىڭ «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگەرگەن تۈرلىرى»مۇ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىدە ھەممە پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئۆزگەرمەي كونا پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. دۇرۇس، بۇ كەمگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن جەمىيەتلەردە ھامان «خاتا ئىش تەقسىماتى» ھوكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى؛ لېكىن، بۇنداق خاتا ئىش تەقسىماتىنىڭ قەيەردە ئىپادىلىنىدىغانلىغى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىك كۈچىشىدا نىمىنىڭ ئالىدىغانلىغىغا كەلسەك، بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىز پەقەت تۆۋەندىكى سوزنىلا ئاڭلايمىز:

«ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى مەسىلىگە كەلسەك، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق، پەقەت ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك تەبىئى ئەھۋاللار ۋە شەخسى قابىلىيەتلەر نەزەرگە ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇنى ھەل بولدى دىيىشكە بولىدۇ.»

قابىلىيەتتىن باشقا، شەخسنىڭ ھەۋىسىمۇ رول ئوينايدۇ:

«كىشىلەرنى تېخىمۇ كوپ قابىلىيەتنىڭ بولۇشىنى ۋە ئالدىنالا تەربىيەلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيدىغان تەسىر تامامەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپكە بولغان ھەۋەسكە شۇنىڭدەك باشقا بىر خىل شەيئى بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل مۇشۇ بىر خىل شەيئى بىلەن

شۇغۇللىنىشتىن (بىر خىل شەيئى بىلەن شۇغۇللىنىش!) لەززەت ئېلىشقا ئاساسلانغۇسى.»

ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئورتاق جەمئىيەتتە بىر خىل رىقابەت نىيىتى كېلىپ چىقىدۇ، بەلكى

«ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى قىزىقىش ھاسىل قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى پەقەت پايدا ئېلىشنىڭ ۋاستىسى دەپلا قارايدىغان ئاخمىقانە ئۇقەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرۇش خۇسۇسىيىتىدىن قالىدۇ».

ئىشلەپچىقىرىش زىيالىق يوسۇندا راۋاجلانغان ھەممە جەمئىيەتتە (بۈگۈنكى كۈندىكى جەمئىيەتمۇ شۇنداق جەمئىيەتكە كىرىدۇ) ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ھوكۇمرانلىق قىلمايدۇ، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ھەر بىر يېڭى ئىشلەپچىقىرىش پىشاگى مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى قۇل قىلىدىغان يېڭى ۋاستىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەممىدىن ئاۋال يىرىك سانائەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئەڭ كۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش پىشاگى — ئىش تەقسىماتىنىڭ ئالاھىدىلىگى. بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتى يەنى شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشى دەرھال يېزا ئاھالىسىنى نەچچە مىڭ يىللاپ نادانلىققا چۈشۈردى، شەھەر ئاھالىسىنى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەخسۇس ھۈنىرىگە قۇل بولۇشقا گىرىپتار قىلدى. ئۇ يېزا ئاھالىسىنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۇسۇشىنىڭ ئاساسىنى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ جىسمانى جەھەتتىن ئۇسۇشىنىڭ ئاساسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەگەر، دىخان يەرنى، شەھەر ئاھالىسى ھۈنەرنى

ئىگىلىدى، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، يەر ئوخشاشلا دىخاننى، ھۈنەر ئوخشاشلا قول سانائەتچىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئەمگەك بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكتىن، ئادەمنىڭ ئوزىمۇ ئۈنىڭغا ئەگىشىپ بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەلۇم بىر يەككە پائالىيەتنى مەشق قىلىش ئۈچۈن، باشقا بارلىق جىسمانى ۋە روھىي قابىلىيەتلەر ئۈنىڭ قۇربانى بولىدۇ. ئادەمنىڭ بۇنداق غەيرى نورمال ئۇسۇشى ئىش تەقسىماتى بىلەن تەڭ ماڭىدۇ، ئىش تەقسىماتى ئىشخانا قول سانائىتىدە ئەڭ يۇقۇرى تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ئىشخانا قول سانائىتى بىر خىل ھۈنەرنى تۈرلۈك ئىنچىكە ئىش ھالقىلىرىغا ئايرىپ، ئۈنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم ئىشچىغا ئۈنىڭ ئومۈرلۈك كەسپى قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈنى ئومۈر بويى مۇئەييەن مەشغۇلاتقا ۋە مۇئەييەن قورالغا ماتاپ قويىدۇ. «ئىشخانا قول سانائىتى ئىشچىلارنى غەيرى نورمال نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىشتىياقى ۋە قابىلىيە-تىنى بېسىپ، ئىشچىلاردا بىر تەرەپلىمە ماھارەتنى سۈنئىي ھالدا يېتىشتۈرىدۇ...... يەككىلىكنىڭ ئوزىمۇ پارچىلىنىپ، مەلۇم قىسمەن ئەمگەكنىڭ ئاپتوماتىك قورالى بولۇپ قالىدۇ» (ماركس)①، بۇنداق ئاپتوماتىك قورال نۇرغۇن ئەھۋاللاردا ئىشچىلارنىڭ جىسمانى ۋە روھىي جەھەتتىكى ھەقىقىي غەيرى نورمال ئۇسۇشى ئارقىلىقلا مۇكەممەل دەرىجىگە يېتىدۇ. يىرىك سانائەت ماشىنىلىرى ئىشچىنى ماشىنىلىقتىن ماشىنىنىڭ نوقۇل بېقىندىسىغا چۈشۈرىدۇ. «ئوتىكەندە بىر خىل قىسمەن قورالنى ئومۈر بويى مەخسۇس

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1- توم، 12- باپ، 5- بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئىشلەتكەن بولسا، ئەمدى بىر قىسمەن ماشىنىغا ئۇمۇر بويى مەخسۇس قارايدۇ. ماشىنىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىشتىن مەقسەت ئىشچىنى كىچىكىدىن تارتىپلا قىسمەن ماشىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت» (ماركس)[1]، ئىشچىلارلا ئەمەس، بەلكى ئىشچىلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان سىنىپمۇ ئىش تەقسىماتى ئارقىسىدا ئۆز پائالىيىتىنىڭ قورالى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ؛ روھى سۇنۇق بۇرژۇئاز ئۆزىنىڭ كاپىتالى ۋە پايدا ئېلىش ئارزۇسى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ؛ لۇيىشى ئۆزىنىڭ قېتىپ قالغان قانۇن ئىدىيىسى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ، بۇنداق ئىدىيە مۇستەقىل كۈچ سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىدۇ؛ ھەممە «ئۇقۇمۇشلۇق تەبىقىلەر» تۈرلۈك مەھەللىۋى چەكلىمە ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەر تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانى ۋە روھىي جەھەتتىن يىراقنى كورەلمەسلىكى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس تەربىيە ئېلىش ۋە ئەنە شۇ مەخسۇس ماھىرلىقىنىڭ ئۆزىگە ئۇمۇرلۈك ماتىلىپ قېلىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان غەيرى نورمال ئۇسۇشى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىدۇ، ـــ ھەتتا بۇنداق مەخسۇس ماھىرلىق پۈتۈنلەي ئىشقا سېلىنمىغان چاغدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

خىيالپەرەسلەر ئىش تەقسىماتى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىلەرنى تولۇق چۈشىنەتتى، بىر ياقتىن ئىشچىلارنىڭ غەيرى نورمال

[1] «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 13 ـ باپ، 4 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ئۇسۇشىنى، يەنە بىر ياقتىن ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ غەيرى نورمال ئۇسۇشىنى، بۇنداق ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ ئوخشاش بىر ھەركەتنى بىر قېلىپتا، جىشىپلىك ھالدا ئۆمۈر بويى تەكرارلاش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئوۋېنمۇ، فۇرىيېمۇ پۈتۈن كونا ئىش تەقسىماتىنى يوقىتىشنىڭ بىرىنچى تۈپ شەرتى سۈپىتىدە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاھالىنىڭ 1600 — 3000 كىشىلىك توپلارغا بولۇنۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە جايلىشىشىنىڭ كېرەكلىكىنى؛ ھەر بىر توپنىڭ ئۆز رايونىنىڭ مەركىزىدىكى غايەت زور سارايغا جايلىشىپ، ئۆي ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىشقان ئىدى. گەرچە فۇرىيې بەزى جايلاردا شەھەرنى ئېغىزغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆزى يەنە پەقەتلا بىر بىرىگە تۇتاشقان ئەنە شۇنداق توتتىن بەشكىچە سارايدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئىككى خىيالپەرەسنىڭ پىكرىچە، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ھەم دىخانچىلىق بىلەن، ھەم سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ فۇرىيېنىڭ قارىشىچە، ھۈنەر ۋە ئىشخانا قول سانائىتى سانائەتتە ئەڭ ئاساسىي رولنى ئوينىماقتا ئىدى، ئەكسىچە، ئوۋېننىڭ قارىشىچە، يىرىك سانائەت ئەڭ ئاساسىي رولنى ئوينىغان ئىدى، بەلكى، ئۆي ئىشى ئەمگىكىدىمۇ پار كۈچى ۋە ماشىنىدىن پايدىلىنىش كېرەك، دەپ ھېساپلىناتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ھەر بىر ئادەم ئۇچۇن دىخانچىلىقتىمۇ، سانائەتتىمۇ ئىش تۈرىنى مۇمكىن قەدەر كوپرەك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى ھەمدە شۇنىڭغا يارىشا ياشلارنى مۇمكىن قەدەر ئەتراپلىق تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى

تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئەتراپلىق ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئەتراپلىق ئۇستۇرۇشى كېرەك؛ ئەمگەك ئۆزىنىڭ تەقسىمات ئارقىسىدا يوقاتقان كىشىنى جەلپ قىلىش كۈچىگە قايتىدىن ئىگە بولۇشى ۋە بۇ ئالدى بىلەن ئىش تۈرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھەم شۇنىڭغا يارىشا ئەمگەكنىڭ ھەر بىر «نوۋىتى» (فۇرىيېنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا)[186] بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمەسلىك يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى لازىم. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى دىيۇرىڭ ئەپەندى ۋارىسلىق قىلغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن كوپ ئېشىپ كەتتى. بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق شەيئىلەرنىڭ تەبىتى بويىچە ئېيتقاندا مۇقەررەر بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ؛ ئۇ گويا بەلگىلىك ساندىكى «ئادەم»نىڭ **مەلۇم بىر خىل** نەرسە ئىشلەپچىقىرىشى قانداقلا بولمىسۇن پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولۇشى مۇقەررەر دەيدىغان تار ئىدىيە بىلەن چەكلىنىدۇ؛ ئۇ تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە پەرقلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگەرگەن تۈرلىرى»نى ئەبەدى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ، بۇ ئادەملەر باشقا بىر خىل شەيئى بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل مۇشۇ بىر خىل شەيئى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن لەززەت ھېس قىلىدۇ، دىمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇل بولۇشى ۋە بىر تەرەپلىمە ئۇسۇشىدىن **مەمنۇن بولىدىغان** دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. «لەقۋا» فۇرىيېنىڭ ئەڭ بەگۋاش خىياللىرىدىكى تۈپ پىكىرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ، «قوپال، كۈچسىز ۋە چالا» ئوۋېنىنىڭ ئەڭ چالا ئىدىيىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ، ئۆزى تېخى پۈتۈنلەي ئىش تەقسىماتى

تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان دىيۇرىنىڭ ئەپەندىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئاخماقلارچە چوڭ تۇتىدىغان پەتەك بولۇپ چىقىدۇ.

جەمىيەت پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن جەمىيەت پىلانى بويىچە پايدىلىنالايدىغان بولغان چاغدا، جەمىيەت ئادەملەرنىڭ تا ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قۇلى بولۇش ئەھۋالىنى يوقىتىدۇ. تەبىئىكى، ھەر بىر ئادەم ئازاتلىنىپ چىقمىسا، جەمىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ئازاتلىنىپ چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كونا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ كونا ئىش تەقسىماتى يوقىتىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىنى مۇنداق ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى ئېلىشى لازىم: بۇ تەشكىلاتتا، بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق ئادەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا ئۆزى قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئۈلۈشنى باشقىلارغا ئارتىپ قويالمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ھەر بىر ئادەمگە ئەتراپلىق ئۇسۇش ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن قابىلىيىتى يەنى جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنى كورسىتىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمدى ئادەمنى قۇل قىلىش ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ئازات قىلىش ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ، دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىر خىل يۈكتىن بىر خىل راھەتكە ئايلىنىدۇ.

ھازىر بۇلار ئەمدى قانداقتۇ خام خىيال ئەمەس، قانداقتۇ سەمىمىي ئارزۇ ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ

ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت پاكىتنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مەيدانغا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشىنىڭ بولۇشىلا، پەقەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى كەلتۈرۈپ چىقارغان توسالغۇلار ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى، مەھسۇلاتلارنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىشلا ئەمگەك ۋاقتىنى ئەمگەككە ئومۇمىيۈزلۈك قاتنىشىش ئەھۋالى ئاستىدا ھازىرقى چۈشەنچە بويىچە قارىغاندا ئىنتايىن ئاز بولغان دەرىجىگە ئازايتىشقا كۇپايە قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، كونا ئىش تەقسىماتىنى يوقىتىشمۇ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل تەلەپ ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ يىرىك سانائەت تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭ شەرتىگە ئايلاندۇرۇلغان. «ماشىنا بىلەن بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشخانا قول سانائىتىگە ئوخشاش بىر خىل ئىشچىلارنى بىر خىل جۈزئىيلار بىلەنلا شۇغۇللاندۇرۇشنىڭ، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ماشىنىلارغا قاراپ تۈركۈم-تۈركۈم ئىشچىلارنى تەقسىم قىلىدىغان ئەھۋالنى مۇقىملاشتۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتى ئىشچىنى ئەمەس، ماشىنىنى كۆزدە تۇتقاچقا، ئادەملەرنى ئۈزلۈكسىز يەڭگۈشلەپ تۇرۇشمۇ ئەمگەك جەريانىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ...... ئاخىردا، ياشلار ماشىنىنى ئىشلىتىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە بىر خىل ئىشچىلارنى ماشىنا ئىشچىسى قىلىپ مەخسۇس يېتىشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.»① لېكىن، ماشىنىلارنى

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 13-باب، 4-بۆلۈمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

قوللىنىشىنىڭ كاپىتالىستىك ئۇسۇلى كونا ئىش تەقسىماتىنى ۋە ئۇنىڭ قېتىپ قالغان مەخسۇسلاشتۇرۇشىنى، گەرچە بۇلار تېخنىكا جەھەتتە ئارتۇقچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، داۋاملىق قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماشىنىنىڭ ئۆزى بۇنداق دەۋر خاتالىقىغا قارشى چىقىدۇ. يىرىك سانائەتنىڭ تېخنىكا ئاساسى ئىنقىلاۋىي بولىدۇ. «هازىرقى زامان سانائىتى ماشىنىلار، خۇاشۇيلىك جەريانلار ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئىشچىلارنىڭ جژنېڭدا ۋە ئەمگەك جەريانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بىرىكىشىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا ئاساسىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزگىرىش ياسايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىنىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىنقىلاپ قىلدۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز تۈردە نۇرغۇنلىغان كاپىتالنى ۋە كۆپلىگەن ئىشچىلارنى بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىن يەنە بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا تاشلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىرىك سانائەتنىڭ تەبىئىتى ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشىنى، جژنېڭنىڭ يۆتكەپ تۇرۇلۇشىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەركەتچانلىقىنى بەلگىلەيدۇ ...... بىز بۇ مۇتلەق زىددىيەتنىڭ......قانداق قىلىپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۈزلۈكسىز قۇربانلار بېرىپ تۇرۇشى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ چەكسىز ئىسراپچىلىقى ۋە جەمئىيەتتىكى ھوكۇمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭى ئارقىلىق بىمالال ئىپادىلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ ــ سەلبىي تەرەپ. ئەمما، ئەگەر، ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشى ھازىر پەقەت يەڭگىلى بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ ھەرقانداق جايدا توسالغۇغا ئۇچرىغان چاغدا بولىدىغان قارىغۇ

بۇزغۇنچىلىق رولى بىلەن ئۇزىگە يول ئاچىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، يىرىك سانائەت يەنە ئۆزىنىڭ بالايى ـ ئاپەتلىرىنىڭ ئۆزى ئارقىلىق توۋەندىكى بىر نۇقتىنى: ئەمگەكنىڭ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلۇشىنى ئېتىراپ قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنىڭ مۇمكىن قەدەر ھەر تەرەپلىمە ئۇسۇشىنىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىيۈز ـ لۈك قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ نورمال ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا لايىقلاشتۇرۇشنى ھايات ـ مامات مەسىلىسى قىلىپ قويىدۇ. يىرىك سانائەت يەنە توۋەندىكى بىر نۇقتىنى: كاپىتالنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە ئېھتىياجىغا لايىق بولۇپ، زاپاس ھالەتتە تۇرىدىغان، ھەر ۋاقىت پايدىلىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇنلىغان كەمبەغەل ئىشچى ئاھالىسىنىڭ ئورنىغا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەمگەك ئېھتىياجىغا لايىق بولۇپ، خالىغانچە يوتكەشكە بولىدىغان ئادەملەرنى قويۇشنى؛ پەقەت بىر خىل ئىجتىمائى قىسمەن جۇزئىكنى ئۇستىگە ئالىدىغان قىسمەن شەخسنىڭ ئورنىغا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى جۇزئىكنى ئۇزئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان پائالىيەت ئۇسۇلى قىلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئۇسكەن شەخسنى قويۇشنى ھايات ـ مامات مەسىلىسى قىلىپ قويىدۇ.» (ماركس. «كاپىتال»)①

يىرىك سانائەت بىزگە تېخنىكا جەھەتتىكى مەقسەت ئۈچۈن، ھەر يەر ـ ھەر يەردە ئازدۇر ـ كوپتۇر ئىشلەپ چىقىشقا مۇمكىن بولغان مولىكۈللار ھەركىتىنى ماسسا ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇشنى

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 13 ـ باپ، 9 ـ بولۇمگە قارالسۇن. ـــ تەرجىماندىن

ئۆگەتتى، شۇنداق قىلىپ يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى مەھەللىۋى چەكلىمىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە قۇتۇلدۇردى. سۇ كۈچى مەھەللىۋى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، پار كۈچى بولسا ئەركىن بولىدۇ. ئەگەر، سۇ كۈچى مۇقەررەر ھالدا يېزا خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، پار كۈچى ھەرگىز مۇقەررەر ھالدا شەھەر خاراكتېرىغا ئىگە ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ كاپىتالىستىك قوللىنىلىشىلا ئۇنى ئاساسەن شەھەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە زاۋۇت يېزىلىرىنى زاۋۇت شەھەرلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ پائالىيەت شارائىتىنى بۇزىدۇ. پار ماشىنىسىنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى ۋە يىرىك سانائەتنىڭ ھەممە ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ دىگۈدەك ئاساسي ئېھتىياجى بىر قەدەر پاكىز سۇ بولىدۇ. لېكىن زاۋۇت شەھەرلىرى ھەرقانداق سۇنى سېسىق پۇرىغى چىقىپ تۇرىدىغان پاسكىنا سۇغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا، گەرچە شەھەرگە مەركەزلىشىش كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۈپ شەرتى بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر سانائەت كاپىتالىستى يەنە ھەمىشە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇقەررەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن چوڭ شەھەرلەردىن يېزا رايونلىرىغا كوچۇپ بېرىپ ئوقەت قىلىشقا كۈچەپ ئىنتىلىدۇ. لانكا ۋىلايىتى ۋە يورك ۋىلايىتىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى رايونلىرىدىكى بۇ جەريانىنى تەپسىلى تەتقىق قىلىپ كورۇشكە بولىدۇ؛ ئۇ يەرلەردە كاپىتالىستىك يىرىك سانائەت ئۆزلۈكسىز تۈردە شەھەردىن يېزىغا كوچۇرۇلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى چوڭ شەھەرلەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن. مېتال جىياگۇڭ قىلىش سانائىتى رايونلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بار، ئۇ يەردە بىر قىسىم باشقا سەۋەپلەرمۇ ئەنە شۇنداق

نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنداق يېڭى يامان ئايلانمىنى يوقىتىش، ھازىرقى زامان سانا-ئىتىدىكى بۇ ئۆزلۈكسىز يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان زىددىيەتنى يوقىتىشمۇ پەقەت سانائەتنىڭ كاپىتالىستىك خاراكتې-رىنى يوقاتقاندىلا مۇمكىن بولىدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بىر تۇتاش ئومۇمىي پىلان بويىچە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان جەمىيەتلا سانائەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ساقلىنىشى ياكى تەرەققىياتىغا ئەڭ ئۇيغۇن بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جايلىشىشىغا يول قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلىشى مۇمكىن بولۇپلا قالمىدى. ئۇنىڭ ئۆزى خۇددى دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە جامائەت ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلانغىنىغا ئوخشاش، سانائەت ئىشلەپچى-قىرىشىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىۋاستە ئېھتىياجىغا ئايلاندى. شەھەر بىلەن يېزىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىقلا، ھاۋانىڭ، سۇنىڭ ۋە تۇپراقنىڭ ھازىرقى زەھەرلىنىشىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، بۇنداق قوشۇلۇش ئارقىلىقلا، ھازىرقى كۆندە شەھەرلەردە ئاغرىق-سىلاق سەۋەبىد-دىن كۆندىن-كۆنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان ئاممىنىڭ تەرەتلىرىنى كېسەل پەيدا قىلمايدىغان بەلكى ئوسۇملۈككە ئوغۇت بولىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

كاپىتالىستىك سانائەت ئۆزىگە كېرەكلىك خام ئەشيالار چىقىدى-غان جايلارنىڭ مەھەللىۋى چەكلىمىسىدىن ئۆزىنى نىسبىي ھالدا قۇتۇلدۇردى. توقۇمىچىلىق سانائىتى جياگۇڭ قىلىدىغان خام

ئەشىيالارنىڭ كوپ قىسمى جىنكۇ قىلىنىدۇ. ئىسپانىيىنىڭ تومۇر رودىسى ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىدە جىاگۇڭ قىلىنىدۇ؛ ئىسپانىيە-نىڭ ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ مىس رودىسى ئەنگلىيىدە جىاگۇڭ قىلىنىدۇ. ھەر بىر كومۇر كان رايونى مەملىكەت سىرتىدىكى، يىلدىن-يىلغا كېڭىيىۋاتقان يىراق سانائەت رايونلىرىنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياۋروپانىڭ پۈتۈن دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىدا پار ماشىنىلىرى ئەنگلىيىنىڭ، بەزى جايلاردا گېرمانىيىنىڭ ۋە بېلگىيىنىڭ كومۇرى بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رامكىلىرىدىن قۇتۇلغان جەمىيەت بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. بۇ جەمىيەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق ئوسكەن ئەۋلادىنى تەييارلايدۇ، ئۇلار پۈتۈن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى بىلگەن بولىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى پۈتۈن بىر قاتار ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى باشتىن-ئاياق ئەمەلىي ھالدا باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق جەمىيەت يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يارىتىدۇ، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى يىراق جايلار-دىن خام ئەشيا ياكى يېقىلغۇلارنى توشۇشقا سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەكتىن كەڭ-كۇشادە ئېشىپ چۈشىدۇ.

يىرىك سانائەتنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇمكىن قەدەر تەكشى جايلاشتۇرۇلۇشى — شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشىنى يوقىتىشنىڭ شەرتى، شۇڭا بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشىنى يوقىتىشمۇ قاندافتۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس. راست، مەدەنىيلىك چوڭ شەھەرلەردە بىزگە نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كورسىتىش ئارقىسىدىلا ئاندىن تۈگەتكىلى بولىدىغان

بىر خىل مىراسنى قالدۇردى. لېكىن بۇنداق مىراس تۈگىتىلىشى كېرەك ۋە جەزمەن تۈگىتىلىدۇ، بۇ بىر ئۇزاق جەريان بولغان تەقدىردىمۇ. پرۇسسىيە مىللىتىنىڭ گېرمان دىگوسىنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىدىن قەتئىي نەزەر، بىسمارك ھامان كورەشلىگەن ھالدا گورگە كىرىپ ياتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئارزۇسى — چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.187

ئەمدى ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ تووۋەندىكى باللارچە ئىدىيىسىنى كوزدىن كەچۈرۈپ بېقىش مۇمكىن: ئۇنىڭ قارىشىچە، كونا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا تۇپتىن ئۆزگىرىش ياسىماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن كونا ئىش تەقسىماتىنى بىكار قىلماي تۇرۇپ، جەمىيەت پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرەلەرمىش؛ پەقەت «...... تەبىئى ئەھۋاللار ۋە شەخسى قابىلىيەتلەر نەزەرگە ئېلىنىدىغان» بولسا، ھەممە ھەل بولارمىش. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركۈم-تۈركۈم ئادەملەر بولسا مەلۇم بىر خىل نەرسە ئىشلەپچىقىرىش تەرىپىدىن بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ، تۈركۈم-تۈركۈم «ئاھالە»نىڭ بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا بويۇنتۇرۇقلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىنسانىيەت بولسا، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، مەلۇم ساندىكى، تۈرلۈك غەيرى نورمال ئۆسكەن «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگەرگەن تۈرلەر»گە بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ، خۇددى ھازىرقى «غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچى» بىلەن «بىناكارلىق ئۇستىسى»غا ئوخشاش. جەمىيەت پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئادەم بويۇنتۇرۇقلىنىدۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قۇلى قىلىپ قالدۇرۇلىدۇ، ئۇلاردا پەقەت **قايسى بىر خىل** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسىنى

تاللىۋېلىش ھوقۇقىلا بولىدۇ. شۇنداقلا دېيۇرېك ئەپەندىنىڭ قانداق قىلىپ شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشىنى «شەيئىلەرنىڭ تەبىئى بويىچە ئېتىقاندا مۇقەررەر بولىدۇ» دەپ قارىغانلىقىنى ھەمدە پەقەت ھاراق سانائىتى ۋە قىزىلچا قەنت سانائىتىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بىرىكىشى بويىچە ئېيتقاندا ساپ پروسىسىغا خاس بولغان ئىككى ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىلا كىچىككىنە پەسەيتىش دورىسى تاپقانلىقىنى؛ ئۇنىڭ قانداق قىلىپ سانائەتنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جايلاشتۇرۇلۇشىنى كەلگۈسىدىكى بەزى كەشپىياتلارغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خام ئەشيا ئېلىشقا بىۋاستە تايىنىشقا **مۇھتاج** بولۇشىغا باغلىق قىلىپ قويغانلىقىنى—بۇ خام ئەشيالار ھازىر ئۆزى چىقىدىغان جايلاردىن بارغانسىرى يىراق جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ!—ئۇنىڭ ئاياقلاشتۇرغان چاغدا يەنە قانداق قىلىپ تۇۋەندىكى ۋەدە بىلەن قۇيرۇقىنى يېپىشقا كۇچەپ ئۇرۇنغانلىقىنى كوزدىن كەچۈرۈش مۇمكىن: ئىجتىمائى ئېھتىياج ئاقىۋەت دېخانچىلىق بىلەن سانائەتنى بىرلەشتۈرىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھاكىمىلەرگە **خىلاپ بولغان** تەقدىردىمۇ يەنى بۇنداق قىلىش ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قۇربانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغاندەك تۇرسىمۇ!

دەرۋەقە، كونا ئىش تەقسىماتىنى ۋە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئايرىلىشىنى يوقىتىدىغان ھەمدە پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگىرىش ياسايدىغان ئىنقىلاۋىي ئامىللارنىڭ ھازىرقى زامان يىرىك سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ ئامىللارنىڭ ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا بۈگۈنكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى بايقىۋېلىش ئۈچۈن، پروسسىيە باڭ قانۇنى

يولـغا قويۇلۇۋاتـقان رايونـلاردىكىگە قارىـغانـدا سەل كەڭـرەك نەزەر دائىرىـگە ئىـگە بولۇش لازىم بولىدۇ، ئۇ يەردە هاراق ۋە قىزىلچا قەنتى — ئاساسي سانائەت مەهسۇلاتى، سودا ۋېيـجىسىنى بولسا كىتاب بازىرىدىكى ئەهۋالغا قاراپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، هەقىقى يىرىك سانائەتنى ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن، ئۇنىڭ هازىـرقى رىيال ئەهـۋالىدىن بولۇپـمۇ يىرىك سانائەتـنىڭ يۇرتـى بولغان ۋە ئۇنى ئۇلچەمـلىك تەرەقـقىياتـقا بىردىن ـ بىر ئىگە قىلغان مەملىكەتتىن چۈشىنىش لازىم بولـىدۇ؛ بۇنداق بولغاندا، هازىرقى زامان ئىلمىي سوتـسىيالىزىمنى چاكىنىلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ديۇرىڭ ئەپەنـدىنىڭ **ئالاهىدە پرۇسسىيە سوتسىيالىزىمى** دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش ئىىسمىزگە كەلمەيدۇ.

## 4. تەقسىمات

بىز يۇقۇرىـدا كورۇپ ئۆتتۇقـكى①، ديۇرىڭـنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىقى مۇنـداق بىر قائىـدىگە: كاپىتالىـستىك **ئىشلەپچىقىرىش** ئۇسۇلى ناهايىتى ياخشى، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا بولىدۇ، ئەمما كاپىتالىستىك **تەقسىمات** ئۇسۇلى ناهايـتى يامان، جەزمەن تۇگىتىلىشى كېرەك، دىگەن قائىدىگە يىغىلىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئورتاق جەمىيىتى» مۇشۇ قائىدىنىڭ خىيالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىگە ئەمدى كوزىمىز يەتتى. پاكىت مۇنۇلارنى كورسىتىدۇ: ديۇرىـڭ ئەپەنـدى كاپىـتالىزىم جەمىيىتـنىڭ ئىشـلەپـچىقىرىش

① مۇشۇ كىتاپنىڭ 355 ـ بېتىگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ئۇسۇلىغا (ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا) زادىلا دىگۇدەك ھېچقانداق ئەيىپ قويمايدۇ، ئۇ كونا ئىش تەقسىماتىنىڭ بارلىق تۈپ تەرەپلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدۇ. دەرھەقىقەت، ئىشلەپچىقىرىش — تەھقىق پاكىتلار بىلەن ئىش كۆرىدىغان بىر ساھە، شۇڭا «ئەقلىگە مۇۋاپىق خام خىيال» ئۆزىنىڭ ئەركىن كۆڭلىنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا بۇ ساھەدە ئىنتايىن كىچىك بوشلۇق بېرىدۇ، چۈنكى رەسۋا بولۇش خەۋپى بەك چوڭ. تەقسىمات بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، تەقسىماتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زادىلا ئالاقىسى يوق، ئۇنىڭ قارىشىچە، تەقسىمات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپ ئىرادە ھەركىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ — تەقسىمات ئۇنىڭ «ئىجتىمائى زەرگەرلىگى» ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان مەيدان.

ئىگىلىك گۇڭشېسىدا ۋە نۇرغۇن ئىگىلىك گۇڭشېلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا گۇڭشېسىدا باراۋەر ئىستىمال ھوقۇقى باراۋەر ئىشلەپچىقىرىش مەجبۇرىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ يەردە «بىر خىل ئەمگەك......باراۋەر باھالاش پرىنسىپى بويىچە باشقا بىر خىل ئەمگەك بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ...... قوشۇلغان توھپە ۋە بېرىلگەن ھەق بۇ يەردە ھەقىقى باراۋەر ئەمگەك مىقتارى بولىدۇ.» ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق «ئادەم كۈچىنىڭ تەكشۈكلۈگى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپرەك ياكى ئازراق بولۇشىغا، يا بولمىسا ھەتتا تاسادىپى ھالدا قىلچە ئىشلەپچىقارمىغانلىقىغا قارىماستىن»، كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ؛ چۈنكى ھەرقانداق ھەركەت، پەقەت ئۇ ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىسىلا، ئەمگەكنىڭ چىقىم قىلىنىشى دەپ قارالسا بولىدۇ، — دىمەك، گەرەتكە ئويناش ۋە سەيلى قىلىشمۇ شۇ قاتارغا كىرىدۇ. ئەمما، كوللىكتىپ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ شۇ مۇناسىۋەت

بىلەن بارلىق مەھسۇلاتلارنىڭمۇ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئالماش-تۇرۇش ئايرىم كىشىلەر ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى بىر ياقتىن، ھەر بىر ئىگىلىك گۇڭشېسى بىلەن ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەزاسى ئارىسىدا، يەنە بىر ياقتىن، ھەرقايسى ئىگىلىك گۇڭشېسى بىلەن سودا گۇڭشېسى ئارىسىدا بولىدۇ. «بولۇپمۇ ئايرىم ئىگىلىك گۇڭشېلىرى ئۆزىنىڭ دائىرىسىدە تامامەن پىلانلىق سېتىش يولى بىلەن ئۇششاق سودىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.» ئۈلگۈجە ساتىدىغان سودىمۇ خۇددى شۇنداق ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەركىن ئىگىلىك جەمىيىتى تىشىسى...... بۇرۇنقىدەك غايەت زور ئالماش-تۇرۇش تەشكىلاتى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ پائالىيىتى ئېسىل مېتاللار يەتكۈزۈپ بەرگەن پۇل ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىزنىڭ ئەندىزىمىزنىڭ بارلىق مۇجمەل ئىدىيىلەرگە ــ ھەتتا ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق شەكىللىرىمۇ تېخى بۇنداق مۇجمەل ئىدىيىلەردىن قۇتۇلغىنى يوق ــ ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ تۈپ خۇسۇسىيەت-لىك مۇتلەق زورۇرىيەتنى تونۇشتا.»

بۇنداق ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىگىلىك گۇڭشېسىغا ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ ئاۋال ئۆزلەشتۈرگۈچىسى سۈپىتىدە، ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە ئاساسەن، «نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر خىلى ئۈچۈن بىر تۇتاش باھا بەلگىلەش» لازىم بولىدۇ. «ھازىر ئىشلەپ-چىقىرىش تەننەرقى دېگەن نەرسىنىڭ......قىممەت ۋە باھاغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى (ئورتاق جەمىيەتتە)......كېتىدىغان ئەمگەك مىقتارىنى مۆلچەرلەش بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بۇنداق مۆلچەر ئاخىر ئەمگەككە قاتناشقان ئادەم سانىنى نەزەرگە ئېلىشقا يىغىلىدۇ، بۇنداق مۆلچەر ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ تەبىئىي مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ، جەمىيەتنىڭ قىممەتنى كۆپەيتىش ھوقۇقىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان باھا نىسبىتىنى تۇغدۇرىدۇ. ئېسىل مېتاللار-نىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ھازىرقى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا پۇلنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بولۇۋېرىدۇ...... بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ

تۈرۈپتۇكى، ئۆزگەرتىلگەن ئىجتىمائىي تۈزۈمدە قىممەتنىڭ ھەل قىلغۇچ پرىنسىپى ۋە ئۆلچىمىنى شۇنىڭدەك مەھسۇلاتلار ئالماشتۇرۇلغاندا پايدىلىنىلىدىغان نىسبەتنىڭ ھەل قىلغۇچ پرىنسىپى ۋە ئۆلچىمىنى يوقىتىپ قويۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم تازا لايىغىدا ئىگە بولىمىز.»

ئاتاقلىق «مۇتلەق قىممەت» ئاخىر ئىشقا ئاشتى.

لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، كۆكچى چوقۇم ھەر بىر كىشىنى ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەرنى كۆكچىدىن سېتىۋېلىشقا قابىلىيەتلىك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەر بىر كۆكچى ئەزاسىغا ئۇنىڭ خىزمەت ھەققى ھېساۋىدا ھەر كۈنى، ھەر ھەپتىدە ياكى ھەر ئايدا بەلگىلىك ساندا پۇل بېرىپ تۇرىدۇ — بۇ سان ھەممە كىشى ئۈچۈن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. «شۇنىڭ ئۈچۈن، ئورتاق جەمئىيەتنىڭ نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىش ھەققى يوقىتىلىشى كېرەك دېيىشىڭمۇ ياكى ئىش ھەققى ئىقتىسادىي دارامەتنىڭ بىردىن-بىر شەكلى دېيىشىڭمۇ ھېچقانداق پەرقى يوق.» بىراق، تەڭ دەرىجىلىك ئىش ھەققى ۋە تەڭ دەرىجىلىك باھا «سۈپەت جەھەتتىكى ئىستېمال باراۋەرلىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەن تەقدىردىمۇ، سان جەھەتتىكى ئىستېمال باراۋەرلىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ»، شۇنداق قىلىپ، «ئومۇمىيۈزلۈك ئادىللىق پرىنسىپى» ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشقا ئاشىدۇ.

كەلگۈسىدىكى بۇنداق ئىش ھەققى دەرىجىسىنىڭ قانداق بەلگىلىنىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە ديۇرىڭ ئەپەندى بىزگە پەقەت مۇنۇنىلا ئېيتىدۇ:

بۇ يەردىمۇ باشقا بارلىق ئەھۋاللاردىكىدەك، «تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك بىلەن تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك» ئالماشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا 6 سائەتلىك ئىش ئۈچۈن، شۇ 6 ئىش سائىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن پۇل سوممىسىغا ئىگە بولۇش كېرەك.

لېكىن، «ئومۇمىيۈزلۈك ئادىللىق پرىنسىپى»نى قوپال تەڭ

تەقسىماتچىلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، كېيىنكىسى بۇرژۇئازىلارنى بارلىق كوممۇنىزىمغا بولۇپمۇ زىيالىق ئىشچىلار كوممۇنىزىمىغا شۇنچە غەزەپ بىلەن قارشى تۇرۇشقا قوزغايدۇ. بۇ ئادىللىق پرىنسىپى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكىدەك ئوتتۇشمەيدىغان ئەمەس.

«ئىقتىسادىي ھوقۇقنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىكى باراۋەرلىكى ئادىللىق تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە يەنە ئىختىيارىي ھالدا ئالاھىدە مەدھىيە ۋە ھۆرمەت ئىپادىلىرىنى قوشۇشنى چەتكە قاقمايدۇ..... جەمئىيەت بىر قەدەر ياخشى ئىشلىگەن خىزمەتلەرنى ئىستىمالنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىش يولى بىلەن تەقدىرلىگەن چاغدا، جەمئىيەت پەقەت ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ.»

دېۋرىڭ ئەپەندى كەپتەرنىڭ پاكلىقى بىلەن ئىلاننىڭ زىرەكلىكىنى[188] قوشۇپ، كەلگۈسىدە دېۋرىڭنىڭ ئىستىمالنىڭ مۇۋاپىق كۆپەيتىلىشى توغرىسىدا كىشىنى شۇنچە تەسىرلەندۈرگەن ھالدا غەم قىلغان چاغدا، دېۋرىڭ ئەپەندىمۇ ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىستىك تەقسىمات ئۇسۇلى ئاقىۋەت يوقىتىلىدۇ. چۈنكى

«مۇبادا مۇنداق ئەھۋالدا بىرەر كىشىنى قوشۇمچە خۇسۇسىي ۋاستىلەرگە ھەقىقىي ئىگە دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ئۇ بۇ قوشۇمچە ۋاستىلەر ئۈچۈن ھېچقانداق كاپىتالچە قوللىنىش تاپالمايدۇ. بىر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەم ئىشلەپچىقىرىشنى كوزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بۇ قوشۇمچە ۋاستىلەرنى ئالماقچى بولسا، ئۇلار پەقەت ئالماشتۇرۇش ياكى سېتىۋېلىش يولى بىلەنلا ئالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۆسۈم ياكى پايدا تۆلىمەيدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن، «باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىراس»قا يول قويۇش

مۇمكىن. ئۇنىڭدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ، چۈنكى «مەلۇم مىراس ھامان ئائىلە پرىنسىپىنىڭ مۇقەررەر ھەمرىيى بولىدۇ». مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ «غايەت زور بايلىقنىڭ جۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە مال - مۈلۈكنىڭ ساقلىنىشى......ئەمدى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يارىتىشنى ۋە پۈتۈنلەي سۈتخورلۇق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى مەقسەت قىلالمايدۇ».

شۇنداق قىلىپ، ئىگىلىك گۈگۈشىسى گويا ئوڭۇشلۇق ھالدا قۇرۇلۇپ چىققاندەك تۇرىدۇ. بىز ئەمدى بۇنداق گۈگۈشىنىڭ ئىگىلىكنى قانداق يولغا قويىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

بىز، دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ھەممە قىياسلىرى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان، دەپ پەرەز قىلىمىز؛ دېمەك بىز، ئىگىلىك گۈگۈشىسى ھەر بىر گۈگۈشى ئەزاسى كۈنىگە 6 سائەت ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا شۇ 6 ئىش سائىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن پۇل سوممىسى، ئېيتايلى، 12 مارك بېرىپ تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىمىز. شۇنداقلا بىز، باھا ھەقىقى رەۋىشتە قىممەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، يەنى بىزنىڭ ئالدىنقى شەرتىمىز بويىچە، ئۇ پەقەت خام ئەشيا خىراجىتى، ماشىنىلارنىڭ ئۇپرىشى، ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ خورىشى ۋە تۆلە- نىدىغان ئىش ھەققىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ پەرەز قىلىمىز. ئىش قىلىدىغان 100 ئەزاسى بار بىر ئىگىلىك گۈگۈشىسى كۈنىگە قىممىتى 1 مىڭ 200 ماركلىق شاگىپىن ئىشلەپچىقارسا، بىر يىلنى 300 ئىش كۈنى ھېساپلىغاندا، 360 مىڭ ماركلىق شاگىپىن ئىشلەپ- چىقىرىدۇ، گۈگۈشى ئەنە شۇنداق سانىنى ئەزالارغا بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كۈنىگە 12 مارك ياكى يىلىغا 3 مىڭ 600 مارك ئالىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ دارامىتىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. بىر

يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەتتا يۈز يىلدىن كېيىنمۇ، بۇ گۈڭشى دەسلەپكى ۋاقىتتىكىدىن بايراق بولمايدۇ. ئەگەر گۈڭشى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى فوندىغا تېگىشىنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا، بۇ مەزگىلدە ئۇ دىيۇرىك ئەپەندىنىڭ ئىستىمالىنى مۇۋاپىق تۇردە كۆپەيتىشكە پۈتۈنلەي ئىلاجىسىز قالىدۇ. جۇغلانما پۈتۈنلەي ئۈنتۈلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى: جۇغلانما جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى، پۇلنىڭ ساقلىنىشى بولسا جۇغلانمىنىڭ مۇۋاپىق شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىگىلىك گۈڭشىسى تەشكىلاتى گۈڭشى ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسى جۇغلانما توپلىشىنى توغرىدىن-توغرا تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىنى يىمىرىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئىگىلىك گۈڭشىسىنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ زىددىيەتتىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ گۈڭشىغا پەقەت دىيۇرىك ئەپەندى مەغرۇرلىنىدىغان «سېلىق سېلىش»، باھانى ئۆستۈرۈشتىن مەدەت تىلەپ، ئۆزىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى 360 مىڭ ماركىغا ئەمەس، بەلكى 480 مىڭ ماركىغا سېتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، باشقا بارلىق ئىگىلىك گۈڭشىلىرىمۇ شۇنداق ئەھۋالدا بولغانلىقتىن، ئۇلارمۇ شۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر گۈڭشى باشقا بىر گۈڭشى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان چاغدا، ئۆزىنىڭ نورمىدىن تاشقىرى دارامىتىگە باراۋەر بولغان «باج-سېلىق» تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، نەتىجىدە «باج-خىراج» يەنىلا تامامەن ئۆز ئەزالىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ياكى بولمىسا، گۈڭشى بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئاسان ھەل قىلىدۇ: ھەر بىر گۈڭشى ئەزاسى 6 سائەت ئەمگەك قىلىدۇ، گۈڭشى ھەر بىر كىشىگە 6 سائەتلىك ئەمگەكتىن كەم (ئېيتايلى، 4 ئىش

سائىتىلىك) مەھسۇلات بېرىپ تۇرىدۇ، دېمەك، كۈنىگە 12 مارك ئەمەس، بەلكى پەقەت 8 مارك بېرىپ تۇرىدۇ، بىراق شاگىرتلارنىڭ باھاسى ئىلگىرىكىدەك بولۇۋېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، گۆگۈشى ئالدىنقى ئەھۋالدا يوشۇرۇن، ئەگىتىپ قىلىنىشقا ئۇرۇنغان ئىشنى ئەمدى توغرىدىن-توغرا، ئاشكارا قىلىدۇ: ئۇ ساپ كاپىتالىستىك ئۇسۇل بويىچە گۆگۈشى ئەزالىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن ھەق بېرىپ تۇرىدۇ، گۆگۈشى ئەزالىرى پەقەت گۆگۈشىدىنلا سېتىۋالىدىغان شاگىرتلار بولسا تولۇق قىممىتى بويىچە ھېساپلىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ گۆگۈشى ھەر يىلى جەمى 120 مىڭ ماركلىق ماركس ئېيتقان قوشۇمچە قىممەتنى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىگىلىك گۆگۈشىسىغا، زاپاس فوندقا ئىگە بولالايمەن، دېسە، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ كەڭ كوممۇنىستىك ئاساستىكى «ئالىجاناپ» ماددى نەرسە ئىش ھەققى تۈزۈمى[1] ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاشقىلا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرى: ياكى ئىگىلىك گۆگۈشىسى «تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەكنى تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك» بىلەن ئالماشتۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، فوند جۇغلاپ ئىشلەپچىقىرىشنى قامدىيالايدىغىنى ۋە كېڭەيتەلەيدىغىنى گۆگۈشى ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىلار بولىدۇ. ياكى گۆگۈشى بۇنداق فوندنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ «تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەكنى

---

[1] ماددى نەرسە ئىش ھەققى تۈزۈمى (truck system) ئىنگلىزلار ئاتاپ يۈرگەن، گېرمانىيىدىمۇ تازا داڭ چىقارغان ئىش ھەققى تۈزۈمى بولۇپ، بۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا، زاۋۇت ئىگىلىرى ئۆزى دۇكان ئېچىپ، ئىشچىلارنى مۇشۇ دۇكاندىن شاگىرت سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەك» بىلەن ئالماشتۇرالمايدۇ.

ئىگىلىك كۈچىشىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئالماشتۇرۇشنىڭ شەكلى قانداق بولىدۇ؟ ئالماشتۇرۇش مىتال پۇل ئارقىلىق بولىدۇ، دېيۈرىڭ ئەپەندى بۇنداق ياخشىلاش ئىگە بولغان «ئىنسانىيەت تارىخى ئەھمىيىتى» بىلەن ئۆزىچە خېلى يوغانچىلىق قىلىدۇ. لېكىن كۈچىش بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا مۇنداق پۇل **ئەمەس**، ھەرگىز پۇلنىڭ جۇزئىكىنى ئوتىمەيدۇ. ئۇ ساپ ئەمگەك تالۇنلىرى بولۇپ قالىدۇ، ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت «ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئورتاق ئەمگەككە شەخسەن قوشقان ئۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئورتاق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستىمال قىلىنىدىغان قىسمىدىن شەخسەن ئالىدىغان ئۈلۈشى»نىلا ئىسپاتلايدۇ، مانا شۇ جەھەتتە، ئۇمۇ «تىياتىر بېلىتىگە ئوخشاش، ”پۇل“ ئەمەس»①. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرقانداق گۇۋاھنامىنى قويۇشقا بولىدۇ، مەسىلەن، ۋېيتلىڭ «سودا دەپتىرى»نى قويغان ئىدى، بۇ دەپتەردە، بىر يېقىغا ئىش سائىتى خاتىرىلىنىدۇ، يەنە بىر يېقىغا ئەمگەك بەدىلى سۈپىتىدە بەھرىمەن بولىدىغان ۋاستىلەر خاتىرىلىنىدۇ[189]. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىگىلىك كۈچىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا پۇل پەقەت ئۆۋېننىڭ «ئىش ۋاقتى پۇلى» رولىنىلا ئوينايدۇ، بۇ دېيۈرىڭ ئەپەندى ئىنتايىن تەكەببۇرلۇق بىلەن مەنسىتمەيدىغان «مەجنۇن خىيال» ئىدى، لېكىن، ئۇ ئۆزى بۇنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىگىلە-

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 3-باپ، 1-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

گىگە تەتبىق قىلىشقا يەنە مەجبۇر بولىدۇ. ئورۇنلانغان «ئىشلەپچىقىرىش مەجبۇرىيىتى»نىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىگە بولغان «ئىستىمال هوقۇقى»نىڭ ئولچىمىنى كورسىتىدىغان گۇۋانامە، مەيلى بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز، بىر خىل چۇما ياكى بىر مېتال ئاقچا بولسۇن، بۇنىڭ ئوزى **ئەنە شۇ** مەقسەت ئۇچۇن تامامەن ئوخشاش. ئەمما باشقا مەقسەتلەر ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس. بۇنى كېيىن كورىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئەگەر، ئىگىلىك گۇڭشېسى بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا مېتال پۇل پۇلنىڭ جژنېڭىنى ئوتىمەي، نىقاپلانغان ئەمگەك تالۇنلىرىنىڭ جژنېڭىنى ئوتەيدۇ، دېيىلسە، ئۇ هالدا، هەرقايسى ئىگىلىك گۇڭشېلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتا ئۇ پۇلنىڭ جژنېڭىنى تېخىمۇ ئوتىمەيدۇ. بۇ يەردە، ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مېتال پۇل تامامەن ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە كۇەيجىلا كۇپايە قىلىدۇ، تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك مەهسۇلاتلىرىنىڭ تەڭ مىقداردىكى ئەمگەك مەهسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئەگەر كۇەيجى تەبىي ئەمگەك ئولچىمى — ۋاقىتنى يەنى ئىش سائىتىنى بىرلىك قىلىپ هېساپلايدىغان بولسا، بۇ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئىش سائىتىنى ئالدىنالا پۇلغا ئايلاندۇرغىنىغا قارىغاندا كوپ ئاددى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئالماشتۇرۇش ساپ ماددى نەرسە ئالماشتۇرۇش بولىدۇ؛ بارلىق هەددىدىن ئارتۇق تەلەپلەر ئاسانلا ۋە ئاددى هالدا باشقا گۇڭشېلارغا يوتكەش چارىسى بىلەن تەڭشىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر مەلۇم بىر گۇڭشې باشقا گۇڭشېلار ئالدىدا راستىلا زىيان تارتقان بولۇپ چىقسا، «ئالەمدىكى ئالتۇن»نىڭ هەممىسى، ئوزىنىڭ قانداق قىلىپ «تەبىىتى

جەھەتتىن پۇل بولىدۇ»غانلىقىدىن قەتئى نەزەر، ھامان بۇ گۇڭشىنى (ئەگەر ئۇ باشقا گۇڭشىلارغا قەرزدار بولۇشنى خالىمايدىغان بولسا) ئۆز زىيىنىنى ئۆز ئەمگىكىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن تولۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتاپخانلار ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇڭلاركى، بىز بۇ يەردە ھەرگىز كەلگۈسىنىڭ بىناسىنى لايىھەلەۋاتقىنىمىز يوق. بىز پەقەت دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ قىياسلىرىنى قوللىنىۋاتىمىز ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر خۇلاسىلەرنى چىقىرىۋاتىمىز.

دىمەك، مەيلى ئىگىلىك گۇڭشىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتا بولسۇن، ياكى ھەرقايسى گۇڭشىلار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتا بولسۇن، «تەبىئىي جەھەتتىن پۇل بولىدۇ»غان ئالتۇن ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇغما تەبىئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، دېۋرىڭ ئەپەندى ئالتۇنغا «ئورتاق جەمئىيەت»تىمۇ پۇل جىنىنىڭ ئوتەتكۈزىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، بىز بۇنداق پۇل جىنىڭى ئۈچۈن باشقا پائالىيەت سەھنىسى ئىزلىمەي تۇرالمايمىز. ۋاھالەنكى، بۇنداق سەھنە مەۋجۇت. گەرچە دېۋرىڭ ئەپەندى ھەركىمگە «تەڭ مىقتاردا ئىستىمال» قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمنى ئۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياسىدا، ھەركىمنىڭ ئۆز پۇلىنى خالىغانچە ئىشلىتەلەيدىغانلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ. دىمەك، ئۇ توۋەندىكى ئىشنىڭ تۇغۇلۇشىنى: بەزى ئادەملەرنىڭ بىر ئاز پۇل-مال توپلىشى، يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ تاپقان ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇشىنى يېتەرلىك قامداپ كېتەلمەسلىكىنى توسۇشقا ئىلاجسىز قالىدۇ. ئۇ ھەتتا بۇنداق ئىشنى مۇقەررەر

قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى ئۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكىگە
ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىدا
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتى تېخىمۇ تۇغۇلىدۇ.
لېكىن بۇنداق بولغاندا، تەڭ مىقداردا ئىستىمال قىلىشتا ناھايىتى چوڭ
چاك پەيدا بولىدۇ. بويتاق ئادەم ئۆزىنىڭ كۈندىلىك 8 مارك ياكى
12 مارك ئىش ھەققى بىلەن بەھۇزۇر ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتەلەيدۇ،
ئەمما قۇرامىغا يەتمىگەن 8 بالىسى بار تۇل ئەر مۇنچىلىك ئىش
ھەققى بىلەن ئارانلا كۈن ئۆتكۈزەلەيدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن،
كۆكشى پۇلىنىڭ تولىنىشىنى ھېچقانداق ئويلانماستىنلا قوبۇل
قىلىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇللارغا ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئەمەس،
بەلكى باشقا يوللار بىلەن ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ
بېرىدۇ. سىبىق پۇرىغى يوق[190]. كۆكشى ئۇنىڭ نەدىن كەلگەن-
لىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ھەممىنىڭ شارائىتلىرىنى
تۇغدۇرۇپ، ئىلگىرى پەقەت ئەمگەك تالۇنلىرى رولىنى ئوينايدىغان
مېتال پۇللارنى ھەقىقى پۇل جژنېڭنى ئۆتەشكە باشلايدىغان قىلىپ
قويىدۇ. ئەمدى، بىر تەرەپتىن پۇل ساقلاشقا ۋە يەنە بىر تەرەپتىن
قەرز پەيدا بولۇشقا پۇرسەت ھەم مۇددىيا كېلىپ چىقىدۇ. پۇلغا
مۇھتاج بولغۇچىلار پۇل ساقلىغۇچىلاردىن قەرز ئالىدۇ. قەرز
ئېلىنغان پۇل كۆكشى تەرىپىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە تولىنىدۇ،
شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە ھازىرقى جەمىيەتتىكىدەك پۇلغا يەنى ئادەم
ئەمگىكىنىڭ ئىجتىمائى گەۋدىلىنىشىگە، ئەمگەكنىڭ ھەقىقى ئۆلچى-
مىگە، ئومۇمى ئايلىنىش ۋاستىسىگە ئايلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق
«قانۇنلار ۋە مەمۇرى قائىدىلەر»، خۇددى كەررە جەدۋىلى ياكى
سۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋى ئالدىدا ئىقتىدارسىز بولغانغا

ئوخشاش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقتىدارسىز بولىدۇ. پۇل ساقلىغۇچىلار پۇلغا مۇھتاج بولغۇچىلارنى ئۇسۇم تولەشكە مەجبۇر قىلالايدىغان بولغاچقا، پۇلنىڭ جژنېكىنى ئۇتەيدىغان بۇنداق مېتال پۇل بىلەن بىللە جازانىخورلۇقمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ.

هازىرغىچە بىز پەقەت دىيۇرىگىنىڭ ئىگىلىك گۇڭشېسىغا قاراشلىق ساھەدە مېتال پۇل ساقلاشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىشىنىڭ تەسرىنىلا كوزدىن كەچۇردۇق. لېكىن بۇ ساھەنىڭ سىرتىدا قالغان جىنايى دۇنيادا ئۇ چاغدا ھەممە يەنە كونا پېتى كېتىۋېرىدۇ. دۇنيا بازىرىدا ئالتۇن - كۇمۇچ يەنىلا **دۇنيا پۇلى،** ئومۇمى سېتىۋېلىش ۋاستىسى ۋە تولەش ۋاستىسى، بايلىقنىڭ مۇتلەق ئىجتىمائى گەۋدىلىنىشى بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئېسىل مېتاللارنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى بىلەن بىللە، ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ ئايرىم ئەزالىرىدا پۇل ساقلاش، باي بولۇش ۋە جازانىخورلۇق قىلىشنىڭ يېڭى مۇددىئاسى يەنى گۇڭشېغا قارىتا ۋە گۇڭشې دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئەركىن ھەم مۇستەقىل ھەركەت قىلىش ۋە شەخسەن جۇغلىغان بايلىقنى دۇنيا بازىرىدا سېتىش مۇددىئاسى پەيدا بولىدۇ. جازانىخورلار ئايلىنىش ۋاستىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان سودىگەر- لەرگە، بانكا ئىگىلىرىگە، ئايلىنىش ۋاستىسىنىڭ ۋە دۇنيا پۇلىنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىلىرىغا، دېمەك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھوكۇم- رانلىق قىلغۇچىلىرىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ، گەرچە بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى نۇرغۇن يىللارغىچە نامدا يەنىلا ئىگىلىك گۇڭشېسىنىڭ ۋە سودا گۇڭشېسىنىڭ مۇلكى بولۇپ تۇرسىمۇ. دېمەك، بانكا ئىگىلىرىگە ئايلانغان پۇل ساقلىغۇچىلار ۋە جازانىخورلار شۇنداقلا ئىگىلىك

گۈگۈشىسىنىڭ ۋە سودا گۈگۈشىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىرى بولىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «ئورتاق جەمىيىتى» ئەمەلىيەتتە باشقا سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ «مۇجەمەل ئىدىيىلىرى»گە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۇل مۇئامىلىسى خوجايىنلىرىنى يېڭىۋاشتىن پەيدا قىلىشتىن تاشقىرى باشقا مەقسەتنى كوزلىمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن قۇرۇلىدىغان ۋە پۇت تىرەپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ پۇل مۇئامىلىسى خوجايىنلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ چەندازىسى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن، پۈتۈن كۈچىنى ئايىماي خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولى، بەلكىم، پۇل ساقلىغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا پۇلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە تېزرەك......گۈگۈشىدىن قۇيرۇغىنى تىكىۋېتىشىدىن ئىبارەت بولار.

نېمىسلار كونا سوتسىيالىزىمدىن ئومۇمىيۈزلۈك خەۋەرسىز ئەھۋالدا، ساددا-گول بىر ياش: مەسىلەن، ئەۋېنىنىڭ ئەمگەك تالۇنلىرىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرارمۇ؟ دىگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن. گەرچە بۇ يەردە بۇنداق ئەمگەك تالۇنلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھىلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، لېكىن، دىيۇرىڭنىڭ «ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەندىزىچىلىكى» بىلەن ئوۋېنىنىڭ «قوپال، كۈچسىز ۋە چالا ئىدىيىلىرى»نى بىر قۇر سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، بىز توۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى كورستىپ ئوتسەك بولار: بىرىنچىدىن، مۇبادا ئوۋېنىنىڭ ئەمگەك تالۇنلىرىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنى ھەقىقى پۇلغا ئايلاندۇرۇش لازىم بولاتتى، ھالبۇكى، دىيۇرىڭ ئەپەندى ھەقىقى پۇلنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بىراق

ئۇنىڭ ئاددى ئەمگەك تالۇنلىرىنىڭ تاشايىنىدىكى باشقا جىنىبىڭلارنى ئوتىشنى مەنئى قىلماقچى بولىدۇ. ئوۋىندا ئەگەر ھەقىقى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش كورۇلىدىغان بولسا، دىيۇرىڭدا پۇلنىڭ ئىچكى ۋە كىشلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىتى ئۆزىگە يول ئاچىدۇ: پۇل دىيۇرىنىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ پۇلنىڭ تەبىتىنى بىلمەسلىكى ئارقىسىدا ئۇنىڭغا تاڭماقچى بولغان كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشكە قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس توغرا قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوۋىنىنىڭ قارىشىچە، ئەمگەك تالۇنلىرى پەقەت ئىجتىمائى بايلىققا پۇتۇنلەي ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئەركىن پايدىلىنىشنىڭ ئوتكۇنچى شەكلىلا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ كوپ دىگەندە يەنە كوممۇنىزىمنى ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىگە ئاسانراق قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئەگەر مەلۇم بىر خىل كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش ئوۋىننىڭ جەمىيىتىنى ئەمگەك تالۇنلىرىنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ جەمىيەت دەل ئۆزى كۆتكەن مەقسەتكە يىتىش يولىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولاتتى، بىر قەدەر مۇكەممەل تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولاتتى. ئەكسىچە، دىيۇرىڭنىڭ ئىگىلىك گۇگشىسى پۇلنى بىكار قىلغان ھامان، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ «ئىنسانىيەت تارىخى ئەھمىيىتى»دىن قالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ، ئەمدى ئۇ دىيۇرىڭنىڭ ئىگىلىك گۇگشىسى بولماي، مۇجمەل ئىدىيىلەر دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ، دىيۇرىڭ ئەپەندى بولسا ئۇنى بۇنداق مۇجمەل ئىدىيىلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن قانچە - قانچە جاپالىق، ئەقىلگە مۇۋاپىق خىياللار ئەمگىكى سەرپ قىلغان

ئىدى-ھە[1].

دىيۇرىڭنىڭ ئىگىلىك گۇڭشېسى ئۇچرىغان بۇ بارلىق ئاجايىپ ئادىششلار ۋە قالايمىقانچىلىقلار قەيەردىن پەيدا بولغان؟ پەقەتلا دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كالللىسىدا ساقلانغان قىممەت ۋە پۇل ئۇقۇمى توغرىسىدىكى مۇجمەل ئىدىيىلەردىن پەيدا بولغان، بۇنداق مۇجمەل ئىدىيىلەر ئاخىردا ئۇنى ئەمگەك قىممىتىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما، دىيۇرىڭ ئەپەندى گېرمانىيىدە بۇنداق مۇجمەل ئىدىيىلەرنى ھېچبىر لۇڭدۇەن قىلىۋالمىغانلىقى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن رىقابەتچىلىرىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇ يەردە پەيدا قىلغان «چىڭگىش كاللەك يىپ»نى بىز «ھازىرچە تاقەت قىلىپ تۇرۇپ يېشىپ چىقىشنى خالايمىز».

ئىقتىسادشۇناسلىق بىلىدىغان بىردىن-بىر قىممەت شاڭپىن قىممىتى. شاڭپىن دېگەن نېمە؟ بۇ — بىر بىرىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر ئايرىلغان خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار، دېمەك، ئالدى بىلەن خۇسۇسى مەھسۇلاتلار. لېكىن، بۇ خۇسۇسى مەھسۇلاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن يەنى ئىجتىمائى

---

[1] ئېيتقاچ كېتەيلى، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆۋېننىڭ كوممۇنىستىك جەمئىيىتىدە ئەمگەك تالونلىرىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدۇ. ئۇ بۇنداق ئەمگەك تالونلىرىنى سارگانتنىڭ كىتاۋىدىن191 بىلىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلار پەقەت مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر بولغان ئەمگەك ئالماشتۇرۇش بازارلىرىدا174 ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، بۇنداق ئالماشتۇرۇش بازارلىرى ئەمگەكنى بىۋاستە ئالماشتۇرۇش چارىسى بىلەن مەۋجۇت جەمئىيەتتىن كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە كۆچۈشكە ئىنتىلىدۇ.

ئىستىمال ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان چاغدىلا، شائىپىن بولالايدۇ؛ ئۇلار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىستىمالغا كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزئارا ئىجتىمائىي باغلىنىشتا بولۇپ، جەمىيەت تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى گەرچە ھەر بىر ئايرىم كىشىنىڭ خۇسۇسى مەھسۇلاتى بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا (ئەمما قەستەن ئەمەس ۋە گويا ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا) ئىجتىمائىي مەھسۇلاتمۇ بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ خۇسۇسى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقى نەدە ئىپادىلىنىدۇ؟ روشەنكى، ئىككى خىل خۇسۇسىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئادەمنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ئۇلار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئىستىمال قىممىتىگە ئىگە؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار گەرچە تولىمۇ ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك خۇسۇسى ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا شۇنداقلا ئادەم ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتى، ئومۇمى ئادەم ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتى. ئۇلار باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئىستىمال قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار ئالماشتۇرۇشقا كىرەلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمى ئادەم ئەمگىكى، ئادەمنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاددىي سەرپىياتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئالماشتۇرۇشتا ھەرقايسىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇنداق ئەمگەكنىڭ مىقتارى بويىچە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغاندا، بىر بىرىگە باراۋەر ياكى بىر بىرىگە باراۋەر ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. ئوخشاش ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئوخشاش ئىككى خۇسۇسى مەھسۇلات تەڭ مىقتاردا بولمىغان خۇسۇسى ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، لېكىن ھامان پەقەت تەڭ مىقتاردىكى ئومۇمى ئادەم ئەمگىكىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. مەلىكىلىك بولمىغان تومۇرچى 5 تاقا سوقۇشقا كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە باشقا بىر مەلىكىلىك تومۇرچى 10 نى سوقالايدۇ. لېكىن، جەمئىيەت بىر ئادەمنىڭ تاسادىپىي مەلىكىسىزلىكىنى قىممەتكە ئايلاندۇرمايدۇ، ئۇ پەقەتلا شۇ چاغدا نورمال ئوتتۇرىچە مەلىكىلىك دەرىجىسىدە بولغان ئەمگەكنى ئومۇمىي ئادەم ئەمگىكى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى تومۇرچىنىڭ 5 تاقىسىدىن بىرى ئالماشتۇرۇشتا ئىككىنچى تومۇرچىنىڭ شۇنىڭغا باراۋەر ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە سوققان 10 تاقىسىنىڭ بىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قىممەتكە ئىگە بولمايدۇ. خۇسۇسىي ئەمگەك پەقەت جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر ئەمگەك بولغان چېغىدىلا، ئومۇمىي ئادەم ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەن مەلۇم بىر شاگىپىننى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە دېگىنىمدە، مەن مۇنداق دېمەكچى بولىمەن: (1) ئۇ جەمئىيەتكە كېرەكلىك مەھسۇلات؛ (2) ئۇ خۇسۇسىلار تەرىپىدىن خۇسۇسىي غەرەز بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان؛ (3) ئۇ گەرچە خۇسۇسىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گويا ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەرىپىدىن بىلىۋېلىنمىغان ۋە ئىختىيار قىلىنمىغان ھالدا يەنە ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى، بەلكى ئىجتىمائىي ئۇسۇل يەنى ئالماشتۇرۇش بىلەن مىقدارى بەلگىلىنىدىغان مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى؛ (4) مەن بۇ مىقدارنى ئەمگەكنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمەس، بىرقانچە ئىش سائىتى بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى **باشقا بىر شاگىپىن** بىلەن ئىپادىلەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر مەن، بۇ بىر دانە سائەت بىلەن بۇ بىر پارچە رەختىنىڭ قىممىتى بىر بىرىگە باراۋەر، بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ

قىممىتى 50 ماركقا توغرا كېلىدۇ، دېسەم، ئۇ هالدا، مەن: بۇ بىر دانە سائەت، بۇ بىر پارچە رەخت ۋە بۇ پۇللاردا تەڭ مىقتارلىق ئىجتىمائىي ئەمگەك بار، دىگەن بولىمەن. دىمەك، ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتىنىڭ جەمىيەتتە ئۆلچەپ چىقىلغانلىقىنى ۋە بەلكى بىر بىرىگە باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ تېپىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. ئەمما بۇنداق ئۆلچەش ئەمگەك ۋاقتىنى باشقا ئەھۋاللاردا ئىش سائىتى ياكى ئىش كۈنىگە ئوخشاشلار بىلەن ئۆلچىگەنگە ئوخشاش توغرىدىن ـ توغرا، مۇتلەق بولمايدۇ، بەلكى ئايلانما يول بىلەن، نىسبىي هالدا، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا، بەلگىلىك مىقتاردا بولغان بۇ ئەمگەك ۋاقتىنىمۇ مەن ئىش سائىتى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى ئىش سائىتىنىڭ سانى باشتىن ـ ئاياق ماڭا نامەلۇم، — بەلكى ئوخشاشلا ئۇنى پەقەت ئايلانما يول بىلەن، نىسبىي هالدا تەڭ مىقتاردىكى ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان باشقا بىر شاڭپىن بىلەنلا ئىپادىلەپ بېرەلەيمەن. بىر دانە سائەتنىڭ قىممىتى بىر پارچە رەختنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلىدۇ.

لېكىن، شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە شاڭپىن ئالماشتۇرۇش ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمىيەتنى بۇنداق ئايلانما يولدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ جەمىيەتنى بۇ يولنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قىسقارتىشقىمۇ مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار ئومۇمىي بولغان ئادەتتىكى شاڭپىنلاردىن نوپۇزلۇق بىر خىل شاڭپىننى تاللىۋالىدۇ، قالغان بارلىق شاڭپىنلارنىڭ قىممىتى مەڭگۇ بۇ خىل شاڭپىن بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل شاڭپىن ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ بىۋاستە گەۋدىلىنىشى قىلىنىدۇ،

شۇڭا توغرىدىن-توغرا، شەرتسىز ھالدا بارلىق شاگپىنلار بىلەن ئالمىشالايدۇ، بۇ خىل شاگپىن — پۇل. پۇل قىممەت ئۆلچىمى ئىچىگە بىخ ھالىتىدە كىرگەن بولىدۇ، ئۇ پەقەت راۋاجلانغان قىممەتتىنلا ئىبارەت. ئەمما، شاگپىننىڭ قىممىتى بىلەن شاگپىننىڭ ئۆزى بىر بىرىدىن پەرق قىلىنغان ھالدا پۇلدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا، شاگپىن ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە شاگپىن ئالماشتۇرىدىغان جەمئىيەتتە يېڭى ئامىل، يېڭى ئىجتىمائىي جىژنىبىڭغا ۋە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بىر ئامىل پەيدا بولىدۇ. بىز ھازىرچە پەقەت بۇ پاكىتنىلا ئېيتىپلا قويىمىز، ئەمما تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلمايمىز.

شاگپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىقى ھەرگىز بىزگە نىسبىي ھالدىلا مەلۇم بولغان ئامىلنى تەكشۈرىدىغان بىردىن-بىر پەن ئەمەس. ۋۇلشۇبىدىمۇ بىز مۇئەييەن بېسىم ۋە ھارارەتتە، مۇئەييەن ھەجىمدىكى گازدا قانچىلىك گاز مولېكۇلىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن بىز بويل قانۇنىنىڭ توغرا دائىرىسى ئىچىدە، ئوخشاش بېسىم ۋە ھارارەتتە، مۇئەييەن ھەجىمدىكى بىر خىل گاز بىلەن ئوخشاش ھەجىمدىكى باشقا ھەرقانداق گازدا ئوخشاش ساندا مولېكۇلا بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئوخشاش بولمىغان گازلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى ھەجىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان بېسىم ۋە ھارارەت شارائىتىدىكى مولېكۇلىلار سىغىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن؛ ئەگەر بىز سېلسىيە نول گرادۇس ۋە 760 مىللىمېتىر بېسىم ئاستىدىكى بىر لېتىر گازنى بىرلىك قىلىپ ئالساق، ئۇ ھالدا، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مولېكۇلىلار سىغىمىنى مۇشۇ بىرلىك بىلەن ئۆلچىيەلەيمىز. —

خۇاشۇبىدىمۇ بىز ھەر بىر ئېلىمىنتنىڭ مۇتلەق ئاتوم ئېغىرلىغىنى بىلمەيمىز. ئەمما، بىز ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىسبىتىنى بىلگەنلىگىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى نىسبى ھالدا بىلەلەيمىز. شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىدىغان ئىقتىسات- شۇناسلىق ھەر بىر شاگىپىننىڭ نىسبى ئەمگەك مىقتارىغا ئاساسەن شۇ شاگىپىننى سېلىشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە نامەلۇم بولغان، ھەر بىر شاگىپىندا بولغان ئەمگەك مىقتارى ئۈچۈن نىسبى ئىپادە تاپىدۇ، شۇنداقلا، خۇاشۇبىمۇ ھەر بىر ئېلىمىنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىغا ئاساسەن شۇلارنى سېلىشتۇرۇپ، بىر ئېلىمىنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى يەنە بىر ئېلىمىنتنىڭ (گۈگۈرت، ئوكسىگېن، ھىد- روگېن) ئاتوم ئېغىرلىغىنىڭ ھەسسە سانى ياكى كەسىر سانى قىلىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە نامەلۇم بولغان ئاتوم ئېغىرلىغىنىڭ چوڭ-كىچىكلىگى ئۈچۈن نىسبى ئىپادە ھاسىل قىلىدۇ. شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىش ئالتۇننى مۇتلەق شاگىپىن، باشقا شاگىپىنلارنىڭ ئومۇمەن تەڭ قىممەتتىكى نەرسىسى، بارلىق قىممەتلەرنىڭ ئۆلچىمى دەرىجىسىگە كۆتىرىدۇ، شۇنداقلا، خۇاشۇبىمۇ ھىدروگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى بىر دەپ ئېلىپ ھەممە باشقا بارلىق ئېلىمىنتلارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى ھىدروگېننىڭكىگە ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھىدروگېن ئاتوم ئېغىرلىغىنىڭ ھەسسە سانى قىلىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھىدروگېننى خۇاشۇبىدىكى پۇل شاگىپىنى دەرىجىسىگە كۆتىرىدۇ.

لېكىن، شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىش ھەرگىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچى- قىرىشنىڭ بىردىن-بىر شەكلى ئەمەس. قەدىمقى ھىندىستان گۇڭشېلىرىدىمۇ، جەنۇبىي سىلاۋيانلارنىڭ ئائىلە گۇڭشېلىرىدىمۇ

مەھسۇلاتلار شاگىپىنغا ئايلاندۇرۇلمايتتى. گۆگشىي ئەزالىرى توغرىدىن ـ توغرا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن جەمىيەت بولۇپ بىرىككەن ئىدى، ئەمگەك ئادەتتە ۋە ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىناتتى، مەھسۇلاتلار پەقەت ئىستىمال ئۈچۈنلا بولسا شۇنداق قىلىناتتى. توغرىدىن ـ توغرا ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە توغرىدىن ـ توغرا تەقسىم قىلىش بارلىق شاگىپىن ئالماشتۇرۇشقا ئورۇن قالدۇرمايدۇ، دىمەك مەھسۇلاتلارنىڭ شاگىپىنغا ئايلىنىشى (ھېچ بولمىغاندا گۆگشىنىڭ ئىچكى قىسمىدا) ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ **قىممەتكە** ئايلىنىشىمۇ ئورۇن قالدۇرمايدۇ.

جەمىيەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنى توغرىدىن ـ توغرا ئىجتىمائىلاشقان شەكىلدە ئىشلەپچىقىرىشقا قوللانغان ھامان، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمگىكى، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىش يولى ھەرقانچە ئوخشىمايدىغان بولسا بولسۇن، ھە دىگەندىلا توغرىدىن ـ توغرا ئىجتىمائى ئەمگەككە ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا، بىرەر مەھسۇلات ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائى ئەمگەك مىقتارىنى ئاۋال ئايلانما يول بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ؛ بۇ مەھسۇلاتقا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن قانچىلىك مىقتاردا ئىجتىمائى ئەمگەك كېتىدىغانلىقىنى كۈندىلىك تەجرىبە توغرىدىن ـ توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جەمىيەت مۇنۇلارنى: بىر پار ماشىنىسىدا، يېقىندا ئېلىنغان 100 لېتىر بۇغدايدا، مۇئەييەن سۈپەتلىك 100 پىگفاڭ مېتىر پاختا رەختتە قانچىلىك ئىش سائىتى بارلىقىنى ئاددى ھالدا ھېساپلاپ چىقىرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ۋاقىتتا يەتكەندە، مەھسۇلاتلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمگەك مىقتارىنى جەمىيەت توغرىدىن ـ توغرا ۋە مۇتلەق يوسۇندا بىلگەچكە،

ئۇ بۇ ئەمگەك مىقتارلىرىنى يەنىلا داۋاملىق نىسبىي، تۇراقسىز، تولۇقسىز، ئىلگىرى نائىلاج قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان ئۆلچەم بىلەن ئىپادىلەشنى يەنى بۇ ئەمگەك مىقتارلىرىنى ئۇلارنىڭ تەبىي، باراۋەر، مۇتلەق ئۆلچىمى — **ۋاقىت** بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى بىر خىل مەھسۇلات بىلەن ئىپادىلەشنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. شۇنداقلا، خۇاشۇپمۇ ئاتوم ئېغىرلىقىنى باراۋەر ئۆلچەم بىلەن يەنى ئەمەلىي ئېغىرلىق بىلەن يەنى $10^{12}$دىن بىر ياكى $10^{24}$دىن بىر گىرام بىلەن مۇتلەق هالدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلا بولسا، ئۇمۇ تۇرلۇك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى يەنە ئايلانما يول بىلەن، هىدروگېن ئاتومى بىلەن ئىپادىلەشنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. دېمەك، يۇقۇرىدىكى ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، جەمىيەتنىڭ مەهسۇلاتلارغا قىممەت بەلگىلىشىنىڭمۇ هاجىتى قالمايدۇ. 100 پىڭفاڭ مېتىر رەخت ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئېيتايلى، 1000 ئىش سائىتى كەتسە، جەمىيەت بۇ 100 پىڭفاڭ مېتىر رەخت 1000 ئىش سائىتى **قىممىتىگە** ئىگە دەپ، بۇ ئاددى پاكىتنى ۋاستىلىك ۋە ئەهمىيەتسىز ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەپ تۇرمايدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق ئەهۋالدىمۇ، هەر بىر خىل ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمگەك كېتىدىغانلىقىنى جەمىيەتنىڭ بىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە، ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەمگەك كۈچىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم بولىدۇ. تۇرلۇك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئۈنۈمى (ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆلچىنىشى ۋە ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىشقا كېتىدىغان ئەمگەك مىقتارى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشى) بۇ پىلاننى ئۆزۈل-كېسىل بەلگىلەيدۇ. كىشىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن ئاددى بىر تەرەپ قىلالايدۇ،

داڭلىق «قىممەت»نىڭ[1] بۇنىڭغا قول سېلىشىنى لازىم تاپمايدۇ.

قىممەت ئۇقۇمى شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتلىرىنىڭ ئەڭ ئومۇمى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەڭ كەڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا، قىممەت ئۇقۇمىدا پۇلنىڭ بىخلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە شاڭپىن ئالماشتۇرۇشىنىڭ بارلىق يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان شەكىللىرىنىڭ بىخلىرىمۇ بار. قىممەت خۇسۇسىي مەھسۇلاتتا بولغان ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن شۇ مەھسۇلاتتا بولغان خۇسۇسىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ مۇمكىنلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر بىرەر خۇسۇسىي ئىشلەپچىقارغۇچى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا، يەنىلا كونا ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ بۇ پەرقنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. مەلۇم بىر خىل شاڭپىننىڭ پۈتۈن خۇسۇسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى ئىشلەپچىقارغان شاڭپىن جەمىيەتكە ئېھتىياجلىق ساندىن ئېشىپ كەتكەن چاغدىمۇ ئەنە شۇنداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ. بىر شاڭپىننىڭ قىممىتىنىڭ پەقەت باشقا بىر شاڭپىن

---

① ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىنى بەلگىلىگەن چاغدا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇنۇمىنىڭ ۋە ئەمگەكنىڭ سەرپ قىلىنىشىنىڭ ئۆلچىنىشى دەل سىياسىي ئىقتىساتتىكى قىممەت ئۇقۇمىدىن كوممۇنىستىك جەمىيەتتە قېلىپ قالىدىغان پۈتۈن نەرسە، بۇنى مەن 1844 ـ يىلى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدىم («گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىلنامىسى»، 95 ـ بەت)192. لېكىن، كۆرۈپ تۇرۇپتۇقكى، بۇ قاراشنىڭ ئىلمىي ئىسپاتلىنىشى پەقەت ماركسنىڭ «كاپىتال»نى يېزىشى ئارقىسىدىلا مۇمكىن بولدى.

بىلەن ئىپادىلىنەلىشى ۋە پەقەت باشقا بىر شاكىپىن بىلەن ئالماشتۇرۇلغاندىلا ئىشقا ئاشالىشى بۇ يەردە مۇنداق بىر خىل مۇمكىنچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ياكى ئالماشتۇرۇشنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ياكى شاكىپىننىڭ ھەقىقى قىممىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئاخىردا، ئەگەر بازارغا ئالاھىدە شاكىپىن — ئەمگەك كۈچى چىقىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتىمۇ باشقا ھەرقانداق شاكىپىننىڭ قىممىتىگە ئوخشاشلا ئۇنى ئىشلەپچىقارغان ئىجتىمائى زورۇر ئەمگەك ۋاقتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. دېمەك، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممەت شەكلىدە پۈتۈن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىق، سانائەتنىڭ زاپاس ئارمىيىسى ۋە ۋەيرانچىلىقنىڭ بىخلىرى بولغان بولىدۇ. «ھەقىقى قىممەت» ياساپ چىقىش چارىسى ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش «ھەقىقى» جىاۋخۇاڭ ياساپ چىقىش چارىسى ئارقىلىق كاتولىك دىنىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىنغانلىقىنى ئەڭ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىقتىسادىي فەنچۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇش چارىسى ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا ئۇزۇل-كېسىل ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان جەمىيەتنى قۇرۇش بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

ئەگەر شاكىپىن ئىشلەپچىقىرىدىغان جەمىيەت شاكىپىننىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان قىممەت شەكلىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ پۇل شەكلىگە ئايلاندۇرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، قىممەتكە يوشۇرۇنغان

ھەر خىل بىخىلار ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاۋالقى ۋە ئەڭ موھىم نەتىجە شاگىپىن شەكلىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولىدۇ. ھەتتا ئىلگىرى بىۋاستە ئۆز ئىستىمالى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نەرسىلەرمۇ پۇل تەرىپىدىن شاگىپىن شەكلى تېگىلىپ ئالماشتۇرۇشقا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاگىپىن شەكلى ۋە پۇل ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن توغرىدىن-توغرا بىرلەشكەن ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا بېسىپ كىرىدۇ، ئۇلار بۇ ئىجتىمائى تەشكىلاتنىڭ تۈرلۈك ئالاقىلىرىنى بىر-بىرلەپ بۇزۇپ، ئۇنى توپ-توپ خۇسۇسى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا بولۇپ تاشلايدۇ. دەسلەپتە، خۇددى ھىندىستاندا كۆرۈنگەندەك، پۇل گۈگۈشىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ئورنىغا شەخسنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىنى قويىدۇ؛ كېيىن، پۇل بەلگىلىك ۋاقىتتا قايتىدىن تەقسىم قىلىنىپ تۇرىدىغان ئومۇم تېرىلغۇ يەر مۇلۇكچىلىكىنى ئۈزۈل-كېسىل بولۇۋېتىش يولى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ (مەسىلەن، موزىل ۋادىسىدىكى دېخان ئائىلىلىرى گۈگۈشلىرىدا[93] كورۈلگەن ۋە روسىيە گۈگۈشلىرىدىمۇ كورۈلۈشكە باشلىدى)؛ ئاخىردا، پۇل قېلىپ قالغان جامائەت ئورمانلىرى ۋە يايلاقلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ جەرياننى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسلانغان باشقا يەنە قانداق سەۋەپلىرى بولسا بولسۇن، پۇل باشتىن-ئاياق ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈگۈشىغا تەسىر كورسىتىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر دىيۇرىگىنىڭ ئىگىلىك گۈگۈشىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسا، پۇل جەزمەن ئوخشاشلا تەبىي زورۇرىيەت بىلەن، بارلىق «قانۇنلار ۋە مەمۇرى قائىدىلەر»گە قارىماستىن، ئۇنىمۇ پارچىلاپ تاشلايدۇ.

بىز يۇقۇرىدا («ئىقتىساتشۇناسلىق»، 6-باپتا) كورۇپ ئوتتۇقكى، ئەمگەكنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سوزلەش ئوز ئوزىگە زىت. مۇئەييەن ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر ئاستىدا، ئەمگەك مەھسۇلاتىلا ئىشلەپچىقىرىپ قالماي، بەلكى قىممەتمۇ ئىشلەپچىقىرىدىغانلىغى ئۇچۇن، بۇنداق قىممەت بولسا ئەمگەك بىلەن ئولچىنىدىغانلىغى ئۇچۇن، خۇددى ئېغىرلىقنىڭ ئوزىنىڭ ئالاھىدە ئېغىرلىغى، ئىسسىقلىقنىڭ ئالاھىدە هارارىتى بولالمىغىنىغا ئوخشاش، ئەمگەكنىڭمۇ ئالاھىدە قىممىتى بولالمايدۇ. لېكىن، «ھەقىقى قىممەت» توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس پىكىر قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائى هاماقەتلەرنىڭ كورۇنەرلىك بەلگىسى شۇ يەردىكى، ئۇلار، هازىرقى جەمىيەتتە ئىشچىلار ئوز ئەمگىگىنىڭ پۈتۈن «قىممىتى»نى ئالمايدۇ، سوتسىيالىزىمنىڭ ۋەزىپىسى بولسا بۇنىداق ئەھۋالنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت، دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن، ئالدى بىلەن ئەمگەكنىڭ قىممىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىگى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى؛ بۇ كىشلەر ئەمگەكنى ئەمگەكنىڭ باراۋەر ئولچىمى يەنى ۋاقىت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمگەكنىڭ مەھسۇلاتى بىلەن ئولچەشكە ئۇرۇنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئەمگەكنىڭ قىممىتىنى تاپماقچى بولىدۇ. بۇنداق نۇقتىنەزەر بويىچە، ئىشچىلار «پۈتۈن ئەمگەك دارامىتى»نى[111] ئېلىشى كېرەك. ئەمگەك مەھسۇلاتىلا ئەمەس، بەلكى ئەمگەكنىڭ ئوزىمۇ توغرىدىن - توغرا مەھسۇلات بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى، بىر ئىش سائىتى باشقا بىر ئىش سائىتىنىڭ مەھسۇلاتى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئەمما، بۇنىڭدا دەرهال ئىنتايىن «گۇمانلىق» بىر قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. **پۈتۈن مەھسۇلات** تەقسىم قىلىنىۋېتىلىدۇ. جەمىيەتنىڭ ئەڭ موھىم تەرەققىيپەرۋەر جىزنېگى يەنى جۇغلانما

تارتىۋېلىنىدۇ ۋە ھوكۈمرانلىق قىلىنىدۇ. شەخسلەر ئۆزىنىڭ «دارامىتى»نى خالىغانچە ئىشلەتسە بولىدۇ، جەمىيەت، ئەڭ ياخشى ئەھۋالدىمۇ، ئىلگىرىكىدەك باي ياكى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرىدا جۇغلانغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ جەمىيەتنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشى پەقەت كەلگۈسىدە جۇغلىنىدىغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يېڭىۋاشتىن شەخسلەرنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈنلا بولغان بولىدۇ. بۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۈچۈن بىر شاپىلاق بولىدۇ، ساپ بىمەنىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىش بولىدۇ.

جانلىق ئەمگەك يەنى پائالىيەتچان ئەمگەك كۆچى ئەمگەك مەھسۇلاتى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۇمۇ ئۆزى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتقا ئوخشاشلا شاگىپىن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، بۇنداق ئەمگەك كۆچىنىڭ قىممىتى ھەرگىز ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن ئىجتىمائى ئەمگەك بويىچە يەنى ھازىرقى ئىش ھەققى قانۇنىيىتى بويىچە بەلگىلىنىدۇ.

لېكىن، بۇ دەل بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئەھۋال. ئاپلە-نىشتىكى ئەمگەك يەنى ئەمگەك كۆچى ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەھسۇلاتى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى لازىم. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ **قىممىتى** بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ **ئىستىمال قىممىتى** بىلەن ئالماشتۇرۇلۇشى كېرەك؛ قىممەت قانۇنىيىتى باشقا بارلىق شاگىپىنلارغا ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، ئەمما ئەمگەك كۆچىگە قارىتا ئۇ بىكار قىلىنىشى كېرەك. «ئەمگەك قىممىتى»نىڭ كەينىگە

يوشۇرۇنغىنى دەل مانا شۇنداق ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىدىغان گادىرماش ئىدىيە.

«ئەمگەك بىلەن ئەمگەك باراۋەر باھالاش پىرىنسىپى بويىچە ئالماشتۇرۇلىدۇ» دىگەن سوزنىڭ ئەگەر مەنىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇ، تەڭ مىقتاردىكى ئىجتىمائى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدۇ، دىگەنلىك بولىدۇ، دىمەك، قىممەت قانۇنىيىتى دەل شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالى شەكلى يەنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى بولۇپ چىقىدۇ. ھازىرقى جەمىيەتتە، ئۇ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر خۇسۇسى ئىشلەپ-چىقارغۇچىلار جەمىيىتىدە ئۆزىگە بىردىن-بىر يول ئاچالايدىغان ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەنى شەيئىلەردە ۋە مۇناسىۋەتلەردە مەۋجۇت بولغان، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ياكى تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولمىغان، قارغۇلارچە رول ئوينايدىغان تەبىي قانۇنىيەت سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە يول ئاچىدۇ. ديۇرىڭ ئەپەندى بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىك كۇمۇنىسىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى دەرىجىسىگە كوتىرىدۇ ھەمدە كۇمۇنىنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى پۈتۈنلەي ئاڭلىق ھالدا يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەۋجۇت جەمىيەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ئۆزىنىڭ خىيالىي جەمىيىتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا مەۋجۇت جەمىيەت كىرەك، لىكىن ئۇنىڭ ئىللەتلىرى كىرەك ئەمەس، ئۇ پرۇدون بىلەن پۈتۈنلەي بىر جىددە ھەركەت قىلىدۇ. پرۇدونغا ئوخشاش، ئۇ شاگىپىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئىللەتلەرنى تۈگەتمەكچى

بولىدۇ، چارىسى بۇ ئىللەتلەرگە شاكىپىن ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت، ۋاھالەنكى، بۇ ئىللەتلەر دەل ئەنە شۇ قانۇنىيەتنىڭ رولىدىن پەيدا بولىدۇ. پرۇدونغا ئوخشاش، ئۇ قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رىيال نەتىجىلىرىنى خىيالىي نەتىجىلەر بىلەن يوقاتماقچى بولىدۇ.

بىزنىڭ هازىرقى زامانىمىزدىكى دون-كىخوت هەرقانچە كورەڭلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئېسىل روسىنانتى — «ئومۇمىيۈزلۈك ئادىللىق پىرىنسىپى»غا مىنىپ، ئۆزىنىڭ هەيۋەتلىك سانچو پانساسى — ئابراهام ئېنىسنى ئەگەشتۈرۈپ، مامبرىنىنىڭ دوبۇلغىسى — «ئەمگەك قىممىتى»نى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىقلار يۈرۈشى قىلغىنى بىلەن، بىز يەنىلا ئۇنىڭ چاچ ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قەدىمقى مەشهۇر مىس چىلاپچىدىن باشقا هېچنىمىنىمۇ ئۇيىگە ئېلىپ قايتالماسلىقىدىن ئەنسىرەيمىز، ئىنتايىن ئەنسىرەيمىز.193

## 5. دولەت، ئائىلە، تەربىيە

ئالدىنقى ئىككى باپتا بىز دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ «يېڭى ئورتاق جەمىيەت تۈزۈلمىسى»نىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي مەزمۇنىنى ئومۇمەن يىغىنچاقلاپ ئۆتتۇق. يەنە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدىغىنى كوپ بولسا شۇ بولاتتىكى، «تارىخىي نەزەر دائىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كەڭلىگى» دىيۈرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاهىدە مەنپەئەتىنى قوغدىشىغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بىزگە مەلۇم بولغان ئىستىمالنى مۇۋاپىق كوپەيتىشكە كەلسەك، ئۇنىڭغا تېخىمۇ گەپ سىغمايدۇ. كونا ئىش تەقسىماتى ئورتاق جەمىيەتتە داۋاملىق

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئىگىلىك كۆكشىسىنىڭ بىناكارلىق ئۈستىلىرى ۋە غالتەك هارۋا هەيدىگۈچىلەردىن تاشقىرى يەنە كەسىپىي يازغۇچىلارنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى لازىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدا ئاپتورلۇق هوقۇقىنى قانداق هەل قىلىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مەسىلە ديۇرىنىڭ ئەپەندىنى باشقا هەرقانداق مەسىلىدىنمۇ بەكرەك ئاۋارە قىلىدۇ. مەيلى قەيەردە بولسا بولسۇن، مەسىلەن، لۇئى بلان ۋە پرۇدون تىلغا ئېلىنغان چاغدا، ئاپتورلۇق هوقۇقى هامان كىتاپخانىلارنى مەهكەم چىرمىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىردا، «كۇرس»نىڭ توپ - توغرا 9 بېتىدە ئاپتور ئاپتورلۇق هوقۇقى توغرىسىدا زېرىكمەي تەپسىلى توختىلىدۇ هەمدە سىرلىق «ئەمگەك هەققى» شەكلى بىلەن (لېكىن ئۇنىڭ بىلەن مۇۋاپىق كوپەيتىلىدىغان ئىستىمالنىڭ بىللە بولىدىغان - بولمايدى- غانلىقىنى ئېيتمايدۇ) ئۇنى ئورتاق جەمىيەتنىڭ دېگىز گاڭگۇسىغا تېچ - ئامان ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بۇرگىنىڭ جەمىيەتنىڭ تەبىي تىشىسىدىكى ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا بىر باپ يېزىش گويا ئوخشاشلا ئورۇنلۇق بولاتتى هەمدە قانداق بولمىسۇن ئانچە لاۋزا بولمىغان بولاتتى.

كەلگۈسىدىكى دولەت تۈزۈمى توغرىسىدا «پەلسەپە كۇرسى» تەپسىلى بەلگىلىمىلەر تۈزىدۇ. بۇ جەهەتتە رۇسسو گەرچە ديۇرىنىڭ ئەپەندىنىڭ «بىردىن - بىر موهىم پېشۋاسى» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سالغان ئاساسى دىگەندەك چوڭقۇر بولمىغان؛ ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر داۋامچىسى بۇنى تۇپتىن تولۇقلايدۇ، چۈنكى ئۇ رۇسسونى ئىنتايىن سۇيۇلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا گېگېل قانۇن پەلسەپى- سىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن ئوخشاشلا تەڭشەپ ئېتىلگەن قەلەندەرگە

سەدىقە قىلىپ بېرىلىدىغان سۈيۈق بوتقىنى[84] قوشۇپ قويىدۇ. «شەخسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى» دېيۈرىڭنىڭ كەلگۈسى دولىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرىدۇ؛ ئۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا بوغۇلماسلىقى كېرەك، بەلكى بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم كامالىغا يەتكەن ھالەتكە يەتكۈزۈلۈشى لازىم. بۇ قانداق سادىر بولىدۇ؟ ئىنتايىن ئاددىي يوسۇندا.

«ئەگەر، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ھەممە جەھەتلەردە كېلىشىم بار، دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئەگەر بۇ كېلىشىملەر ناھەق دەخلى-تەرۇزگە ئۆزئارا ياردەملىشىش بىلەن قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ھاكىمىيەتنى قوغدايدىغان كۈچ پەقەت كۈچىيىدۇ، ئەمدى يالغۇزلا ئاممىنىڭ شەخسكە نىسبەتەن ياكى كوپچىلىكنىڭ ئازچىلىققا نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكىدىن ھېچقانداق ھوقۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىلمايدۇ.»

رىياللىق پەلسەپىسى نەيرىڭىدىكى جانلىق كۈچلەر ئۆتۈش ئەڭ قىيىن بولغان توسالغۇلاردىن ئەنە شۇنداق ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ۋاھالەنكى، ئەگەر كىتاپخان، ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدىن ھېچقانچە زىرەكرەك بولۇپ قالمىدىم، دەپ ھېساپلايدىغان بولسا، دېيۈرىڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا، بۇ ئىشقا بۇنداق يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، چۈنكى

«كوللېكتىپ ئىرادىنىڭ رولىنى چۈشەنگەندە، زەررىچە خاتالىقمۇ شەخسنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھالاك قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق ئىگىلىك ھوقۇقى دەل ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ھوقۇقىنى بىردىن-بىر كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغان نەرسە».

دېيۈرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىتاپخانلىرىنى مەسخىرە قىلغىنىدا، كىتاپخانلارغا گويا كىتاپخانلارغا لايىقتەك پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە

قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا تېخىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلالايتتى؛ رىيالىلىق پەلسەپىسىنىڭ شاگىرتلىرى بۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ دىققەت قىلمىغان ئىدى.

شەخسنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاساسەن شۇ يەردىكى،

«يەككە - يىگانە شەخس دولەتكە مۇتلەق بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىنغان»، ئەمما بۇنداق مەجبۇر قىلىش پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى «ھەقىقى تۈردە تەبىي ئادالەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان» چاغدىلا ھەققانى بولىدۇ. بۇ مەقسەت ئۈچۈن «قانۇن چىقىرىش ۋە ئەدلىيە» مەۋجۇت بولغۇسى، لېكىن ئۇلار «پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ئىلكىدە بولۇشى كېرەك»؛ ئۇنىڭدىن قالسا يەنە مۇداپىە بىرلەشمىسى مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇ «ئارمىيە ئىچىدىكى ياكى ئىچكى بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىجرائىيە ئورگان ئىچىدىكى ئورتاق ھەركەت»تە ئىپادىلىنىدۇ.

شۇڭا، ئارمىيىمۇ، ساقچىمۇ، شىيەنبىڭمۇ مەۋجۇت بولغۇسى. ديۈرىڭ ئەپەندى ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ باتۇر پرۇسسىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرسىتىدۇ؛ بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك پرۇس-سىيىلىكلەر بىلەن كېلىپ چىقىش جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇ پرۇسسىيىلىكلەر، مەرھۇم روخوۋ داچېنىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ شىيەنبىڭلىرىدىن پەخەس بولىدۇ». بىراق كەلگۈسىدىكى بۇ شىيەنبىڭلار ھازىرقى شىيەنجىڭ-لاردەك خەتەرلىك بولمايدۇ. شىيەنبىڭلار ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە شەخسلەرگە مەيلى قانداق چېقىلمىسۇن، شەخسلەر ھامان **بىر خىل تەسەللىگە** ئىگە:

«شەخسلەر ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەركىن جەمىيەت تەرەپتىن ئۇچرايدىغان ئادىللىق ياكى ئادىل بولماسلىق ھەرگىز تەبىي ھالەت كەلتۈرىدىغاندىن بەتتەررەك بولمايدۇ!»

شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ خالى بولغىلى بولمايدىغان ئاپتورلۇق ھوقۇقى بىلەن بىزنى يەنە بىر قېتىم پۇتلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىزگە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى دۇنياسىدا بىر خىل «ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم ھالدا تامامەن ئەركىن ۋە ئومۇميۈزلۈك لۈيىشى تۈزۈمى» مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ.

«ئەمدى قىياس قىلىنىدىغان ئەركىن جەمىيەت» بارغانسىرى شالغۇتلىشىپ بارىدۇ. بىناكارلىق ئۇستىلىرى، غالتەك ھارۋا ھەيدىگۈچىلەر، يازغۇچىلار، شىيەنبىڭلار، يەنە لۈيىشىلار! بۇ «مۇستەھكەم ۋە پىپەنلىك پىكىر دۇنياسى» تۈرلۈك دىنلارنىڭ تۈرلۈك جەننەتلىرىگە ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ، ئۇ يەردە مۇرىتلار ئۆزىنىڭ بۇ ئالەمدىكى تۇرمۇشىنى شېرىن قىلغان مۇقەددەس نەرسىلەرنى ھامان يېڭىۋاشتىن تاپىدۇ. دىيۇرىڭ ئەپەندى دەل «ھەركىم ئۆز ئۇسۇلى بويىچە جەننەتكە كىرەلەيدۇ»غان194 دولەتكە مەنسۇپ. بىزگە يەنە نىمە كېرەك؟

بىزگە نىمە كېرەكلىكىنىڭ بۇ يەردە ھېچ كارايىتى يوق. گەپ دىيۇرىڭ ئەپەندىگە نىمە كېرەكلىكىدە. دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ فرىدرىخ II گە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ كەلگۈسى دولىتىدە ھەرگىز ھەركىم ئۆز ئۇسۇلى بويىچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بۇ كەلگۈسى دولەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق يېزىلغان:

«ئەركىن جەمىيەتتە ھېچقانداق تائەت ـ ئىبادەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى جەمىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى: تەبىەت دۇنياسىنىڭ كەينىدە ياكى تەبىەت دۇنياسىنىڭ ئۈستىدە قۇربانلىق قىلىش ياكى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش بىلەن تەسىرلەندۈرۈش مۇمكىن بولغان مەۋجۇدات بار، دەپ

قارايدىغان باللارچە ئىپتىدائىي ئويلارنى تۈگەتكەن بىرلىدۇ.» «شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا چۈشىنىلگەن ئورتاق جەمئىيەت تىشى......دىنى سىھرىگەرلىكنىڭ بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۈگىتىشى لازىم، دىمەك، تائەت ـ ئىبادەتنىڭ بارلىق تۈپ تەركىۋىي قىسىملىرىنىمۇ تۈگىتىشى لازىم.»

دىن مەنئى قىلىندى.

لېكىن، بارلىق دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئىنكاستا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر بۇ ئالەمدىن تاشقىرىقى كۈچلەر شەكلىنى ئالىدۇ. تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئالدى بىلەن تەبىەت كۈچلىرى مۇشۇنداق ئىنكاسقا ئىگە بولغان ئىدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات داۋامىدا بولسا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردە ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئادەملەشتۈرۈشنى باشتىن كەچۈردى. سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىقتا ئاساسەن، بۇ ئەڭ دەسلەپكى جەريان، ھېچ بولمىغاندا، ھىندى-ياۋروپا مىللەتلىرىدىن قارىغاندا، ئوزىنىڭ مەنبەسى ـــ ھىندىستاننىڭ ۋېدا كىتاپلىرىغىچە سۈرۈشتۈرۈلۈشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپمۇ ھىندىلار، پارسلار، گرېكلار، رىملىقلار، گېرمانلار ئىچىدە، بەلكى ماتېرىيال يەتكەن دائىرىدىن ئېيتقاندا، كېلتلار، لېتۋانلار ۋە سلاۋيانلار ئىچىدە تەپسىلى ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن. ئەمما تەبىەت كۈچلىرىدىن باشقا، كوپ ئوتمەيلا ئىجتىمائى كۈچلەرمۇ رول ئوينايدۇ، بۇنداق كۈچلەر تەبىەت كۈچلىرىنىڭ ئوزىگە ئوخشاش، ئادەم ئۈچۈن يات بولىدۇ، دەسلەپتە چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇ ئوخشاشلا كورۈنۈشتىكى تەبىي زورۇرىيەت بىلەن ئادەمگە

هوكۈمرانلىق قىلىندۇ. دەسلەپتە پەقەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ
سىرلىق كۈچلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرگەن خىيالىي ئوبرازلار ئەمدى
يەنە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، تارىخىي كۈچلەرنىڭ
ۋەكىلىگە ئايلىنىدۇ①. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات باسقۇچىدا
نۇرغۇن خۇدالارنىڭ پۈتۈن تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئىجتىمائىي
خۇسۇسىيىتى ھەممىگە قادىر بىر خۇداغا كۆچۈرۈلىدۇ، ھالبۇكى،
بۇ خۇدانىڭ ئۆزى يەنە چۈشياك ئادەمنىڭ ئىنكاسىلا بولىدۇ.
شۇنداق قىلىپ بىر خۇدالىق دىن كېلىپ چىقتى، تارىختىن ئېيتـ
قاندا، ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى يۇنان چاكىنا پەلسەپىسىنىڭ
ئاخىرقى مەھسۇلى ئىدى، ئۇنىڭ نەق گەۋدىلىنىشى يەھۇدىلارنىڭ
بىردىن-بىر مىللىي خۇداسى يەھۋا بولدى. لايىق، ئەپلىك
بولغان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان بۇ شەكىلدە، دىن كىشىلەر
تېخى ئۆزىگە يات تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ
ھوكۈمرانلىغى ئاستىدا تۇرغان چاغدا، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە
ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇنداق كۈچلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ

---

① خۇدالارنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ كېيىنچە ئالغان بۇنداق ئىككى ياقلىمـ
لىقلىغى سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىق (ئۇ بىر تەرەپلىمە ھالدا، خۇدا
تەبىئەت كۈچلىرىنىڭلا ئىنكاسى، دەپ ھېساپلايدۇ) سەل قارىغان، ئەپسانـ
شۇناسلىقنى كېيىن قالايمىقانچىلىققا سېلىپ قويغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى.
شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە گېرمان قەبىلىلىرىدە ئۇرۇش خۇداسى قەدىمقى
ئىسكاندىناۋىيىچە تىر دەپ ئاتالدى، قەدىمقى يۇقۇرقى نېمىسچە سىو دەپ
ئاتالدى، بۇ يۇنانچە زېۋسكە، لاتىنچە «يۇپىتېر» («دىۋ-پىتېر»نىڭ ئورنىنى
باسقان)غا توغرا كېلىدۇ؛ باشقا گېرمان قەبىلىلىرىدە ئېر، ئېور يۇنانچە
ئارېسقا، لاتىنچە مارسقا توغرا كېلىدۇ.

بىۋاستە شەكلى يەنى ھېسسىياتلىق شەكلى سۈپىتىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇمكىن. لېكىن، بىز نۇرغۇن قېتىم كۆردۇقكى، ھازىرقى بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە، كىشىلەر مەلۇم يات كۈچنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆزى ياراتقان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ئىنكاس جەريانىدىكى ئەمەلىي ئاساس داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكى دىنىي ئىنكاسىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىقى بۇنداق يات ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئىش بۇنىڭلىق بىلەن قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ. بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىقى پۈتۈن ۋېيجىنى توسۇپمۇ ئالالمايدۇ، ھەر بىر كاپىتالىستنى زىياندىن، قەرزدارلىقتىن ۋە سۇنۇشتىن ياكى ھەر بىر ئىشچىنى ئىشسىزلىقتىن ۋە نامراتلىقتىن خالاسمۇ قىلالمايدۇ. ھازىر يەنىلا شۇنداق: نىيەت بەندىدىن، ئىش خۇدادىن (يەنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ يات ھۆكۈمران كۈچىدىن) بولىدۇ. نوقۇل بىلىش، ئۇ بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ بىلىشىدىن تېخىمۇ ئىلگىرى كەتكەن ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىققا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋال ئىجتىمائىي **ھەركەت** بولۇشى زۆرۈر. بۇنداق ھەرىكەت ئورۇنلانغان چاغدا، جەمئىيەت پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پىلانلىق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى

قۇللۇق هالەتتىن قۇتۇلدۇرغان چاغدا (هازىر كىشىلەر ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان لېكىن قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان يات كۈچ سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى بولغان بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىنىۋاتىدۇ)، نىيەت بەندىدىن، ئىشمۇ بەندىدىن بولغان چاغدا، هازىرمۇ دىندا ئەكس ئېتىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى يات كۈچ يوقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئىنكاسىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناهايىتى ئاددى، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ چاغدا ئىنكاس قىلغۇدەك هېچنەرسە قالمايدۇ.

بىراق ديۇرىڭ ئەپەندى دىننىڭ بۇنداق ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈشىنى جىم ـ جىت كۈتۈپ تۇرالمايدۇ. ئۇ تېخىمۇ ئۆزۈل ـ كېسىل ئىش قىلىدۇ. ئۇ بىسماركنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ؛ ئۇ قاتتىق 5 ـ ئاي پەرمانلىرىنى[195] ئېلان قىلىدۇ، كاتولىك دىنىغىلا قارشى تۇرۇپ قالماستىن، بەلكى هەممە دىنلارغىمۇ قارشى تۇرىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى شيەنبىڭلىرىنى دىنغا هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دىننىڭ دىنغا ئۆزىنى ئاتاپ قويۇشى ۋە ئۆمۈر كۆرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بىز قاياققا قارىمايلى، هامان ئالاهىدە پرۇسسىيە سوتسىيالىزمىنى كۆرىمىز.

ديۇرىڭ ئەپەندى دىننى ئەنە شۇنداق ئۇكۇشلۇق هالدا يوقاتقاندىن كېيىن،

«پەقەت ئۆز ئۆزىگە ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا تايىنىدىغان هەم ئۆزىنىڭ كوللېكتىپ كۈچىنى بىلىش دەرىجىسىگىچە پىشىپ يەتكەن ئادەم شەيئىلەرنىڭ جەريانىغا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۈپ ماهىيىتى ئۆزىگە ئېچىپ بەرگەن هەممە يوللارغا باتۇرلۇق بىلەن قەدەم تاشلىيالايدۇ».

ئەمدى بىز كېيىمىزنى يوتكەپ، ئۆز ئۆزىگە تايىنىدىغان ئادەمنىڭ دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قانداق «شەيئىلەرنىڭ جەريانى»غا باتۇرلۇق بىلەن قەدەم تاشلىيالايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ئادەمنىڭ ئۆز ئۆزىگە تايىنىشتا ۋاستە قىلىدىغان بىرىنچى شەيئىلەر جەريانى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ جەريانى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن،

تەبىي قۇرامىغا يەتمىگەن مەزگىلدە، ئۇ ھامان «بالىلارنىڭ تەبىي تەربىيىچىسى» يەنى ئانىنىڭ ئاسرىشىدا بولۇپ تۇرىدۇ. «بۇ مەزگىل، قەدىمقى رىم قانۇنىدا ئېيتىلغىنىدەك، ياشلىق مەزگىلىگىچە، تەخمىنەن 14 ياشقىچە سوزۇلۇشى مۇمكىن.» تەربىيە كۆرمىگەن چوڭراق ئۇسمۇر بالا ئانىنىڭ ئىززىتىگە ئانچە ھۆرمەت قىلمىغان چاغدىلا، ئاتىنىڭ ياردىمى بولۇپمۇ جەمىيەتنىڭ تەربىيە تەدبىرلىرى بۇنداق كەمچىلىكنى تۈگىتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەققىي ئاتىلىق ھوقۇقى مۇناسىۋىتى» راستلا بار بولسا، بالا ياشلىق مەزگىلىگە يەتكەندىن كېيىن، «ئاتىنىڭ تەبىي ھامىيلىقى»دا بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، گوڭشى ھامىيلىق قىلغۇچىنى بەلگىلەيدۇ.

دېۋرىڭ ئەپەندى ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپمۇ، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى دەسسەتكىلى بولىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئۇ بۇ يەردىمۇ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن شەكلىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپمۇ، ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئائىلىسىنى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي ئاساسىدىن ئايرىۋەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئائىلە شەكلى ئۇنىڭغا شۇنچە ئۆزگەرمەس بولۇپ كۆرۈنىدۇكى، ئۇنى ھەتتا «قەدىمقى رىم

قانۇنى»نى (سەل «ئېسىل» كورۇنۇش ئالغان بولسىمۇ) ئائىلىنىڭ مەڭگۇ ئەمەل قىلىدىغان ئۇلچىمى قىلىشقا ھەمدە ئائىلىنى «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدۇ»غان بىرلىك يەنى مال-مۇلۇككە ئىگە بىرلىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە خىيالپەرەسلەر ديۇرىڭ ئەپەندىدىن كوپ ئۇستۇن تۇرىدۇ. خىيالپەرەسلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھالدا جەمىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇشى ۋە خۇسۇسى ئوي ئىشى ئەمگىكىنىڭ جامائەت ئىشىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياشلار تەربىيىسىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئوزئارا ھەقىقى ئەركىن مۇناسىۋەتمۇ توغ-رىدىن - توغرا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ماركس ئىسپاتلى-دىكى («كاپىتال»، 515 - بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر)، «يىرىك سانائەت ئاياللارنى، ئوغۇل - قىز ئوسمۇرلەرنى ۋە باللارنى ئائىلە دائىرىسىنىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائى ھالدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئائىلە ۋە ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى شەكلى ئۇچۇنمۇ يېڭى ئىقتىسادىي بازىس يارىتىدۇ.»[1]

ديۇرىڭ ئەپەندى «ھەر بىر ئىجتىمائى ئىسلاھاتچى - خام خىيالچىدا، تەبىكى، ئۇزىنىڭ يېڭى ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا ئۇيغۇن بولغان تەربىيە نەزىرىيىسى ئالدىنالا تەييارلانغان بولىدۇ» دەيدۇ.

مۇشۇ نۇقتىنەزەر بىلەن ئولچىگەندە، ديۇرىڭ ئەپەندى ئىجتى-مائى ئىسلاھاتچى - خام خىيالچىلار ئىچىدە «ھەقىقى غەلىتە نەرسە» بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۇسى مەكتەپلەرگە كوڭۇل بولۇشى،

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 13 - باپ، 9 - بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدىن قېلىشمايدۇ، بۇ — ھەقىقەتەن كارامەت ئىش. ئۇ پۈتۈن «كۆز يەتكۈدەك كەلگۈسى» ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۈچۈنمۇ تەپسىلىي ھالدا مەكتەپ پىلانى ۋە دائىمىي پىلانى تۈزۈپ بېرىدۇ. بىراق، ئەمدى بىز پەقەت ئەڭ ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ئورتاق جەمئىيەتتە ئوغۇل ـ قىز ياشلارغا نىمىلەرنىڭ ئۆگىتىلىدىغانلىقىنىلا تەكشۈرۈپ باقايلى.

ئومۇمىي خەلق مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلارغا «ئۆز ئۆزىدىن ۋە پىرىنسىپ جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالايدىغان نەرسىلەر»نى، شۇنىڭ بىلەن، بولۇپمۇ «دۇنياقاراشقا ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئالاقىدار بولغان بارلىق پەنلەرنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئاساسىي خۇلاسىلىرى»نى ئوقۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق مەكتەپ ئەڭ ئاۋۋال شۇشۆينى ئوقۇتىدۇ، بەلكى بارلىق پىرىنسىپلىق ئۇقۇملار ۋە ئۇسۇللارنى، ئاددىي ساناش ۋە قوشۇشتىن تارتىپ تا جىفېنغىچە «تولۇق ئۆگىتىپ بولىدۇ».

لېكىن، بۇ، بۇنداق مەكتەپتە ھەقىقەتەن ۋېيفېن ـ جىفېن ئۆگىنىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، مۇنداق دېيىش تۈزۈككى، بۇنداق مەكتەپتە ئوموملاشتۇرۇلغان شۇشۆينىڭ يېپ ـ يېڭى ئامىللىرى ئوقۇتۇلىدۇ، بۇ ئامىللار ئاددىي باشلانغۇچ شۇشۆي ۋە ئالىي شۇشۆينىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە دېيۈرىڭ ئەپەندى ئۆزى بۇنداق كەلگۈسى مەكتەپنىڭ «دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنى» «ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئومۇمەن بىر ئىزنا بولۇپ تۇرىدۇ» غانلىقىنى ئۈزۈپ ئېيتسىمۇ.

ئەمما، ئەپسۇسكى، ئۇ بۇنداق «ئوموملاشتۇرۇلغان شۇشۆي ئامىللىرى»نى تا ھازىرغىچە تاپالمايۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇ قىلالمىغان

ئىشنى «ئەمىلىيەتتىمۇ يېڭى ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ئەركىن ۋە ئۇسۇۋاتقان كۈچلىرىنىڭ قىلىشىنى كۈتۈش لازىم بولىدۇ».

لېكىن، ئەگەر كەلگۈسى شۇشۇي ئۈزۈمى ھازىرچە تېخى ئىنتايىن ئاچچىق بولسا، ئۇ ھالدا، كەلگۈسىدىكى تيەنۋېنشۇي، لىشۇي ۋە ۋۇلىشۇيدە قىينچىلىق ئازراق بولىدۇ ھەمدە ئۇلار

«پۈتۈن مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ خېشىنى» بولۇپ قالىدۇ، «جىۋۇشۇي ۋە دۇڭۋۇشۇي»گە كەلسەك، «ئۇلارنىڭ نەزىرىيىسى قانداق بولسا بولسۇن، ئاساسەن ھامان بايانىنامە خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ»، كوپ بولغانىدىمۇ «بىر خىل كوڭۈللۈك سوھبەت ماتېرىيالى» بولىدۇ.

«پەلسەپە كۇرسى»نىڭ 417 ـ بېتىدە ئەنە شۇنداق دېيىلگەن. ديۈرىڭ ئەپەندى تا بۈگۈنگىچە ئاساسەن بايانىنامىچە بولغان جىۋۇشۇي ۋە دۇڭۋۇشۇينىلا بىلىدۇ. ئورگانىك دۇنيانىڭ سېلىشتۇرما جىيېپۇشۇيسىنى، پېيتەيشۇيسىنى ۋە گۇشېڭۋۇشۇيسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئورگانىك شىگتەيشۇيگە كەلسەك، ديۈرىڭ ئەپەندى ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. شېڭۋۇشۇي ساھەسىدە يېپ ـ يېڭى پەنلەر دوۋزنا ـ دوۋزنىلاپ دىگۇدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ بالىلارچە تۇيغۇسى ھامان رافنىڭ «بالىلار ئۈچۈن تەبىئەت تارىخى»دىن «تەبىي پەنلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئېسىل ھازىرقى زامان تەربىيىسى ئاملى»نى ئالىدۇ ۋە ئورگانىك دۇنيانىڭ بۇ ئاساسىي قانۇنىنىمۇ پۈتۈن «كوز يەتكۇدەك كەلگۈسى»گە تاڭىدۇ. بۇ يەردە، ئۇ دەل ئۆز ئادىتى بويىچە قىلغىنىدەك، خۇاشۇينىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ.

مېيشۇي جەھەتتىكى تەربىيىگە كەلگەندە، ديۈرىڭ ئەپەندى ھەممىنى يېڭىۋاشتىن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇرۇنقى شېرىيەت

بۇنىڭغا لايىق كەلمەي قالىدۇ. بارلىق دىن مەنئى قىلىنغان يەرلەردە، بۇرۇنقى شائىرلار ئادەتلىنىپ قالغان «ئەپسانىۋى ياكى باشقا دىنچە قۇراشتۇرۇش»قا مەكتەپتە ئەلۋەتتە تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدۇ. «مەسىلەن، گېتې پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىغان شېرىيەت شېنمىجۇيىسى»مۇ كىشىلەرگە ياقماي قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دىيۇرىڭ ئەپەندى «خام خىيال (ئۇ ئىدرەك بىلەن بىردەك ماسلىشىدۇ)نىڭ تېخىمۇ يۇقۇرى تەلىۋىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان» ۋە «دۇنيانىڭ مۇكەممەللىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ»غان ھەقىقى غايىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئېسىل شېرىي ئەسەرنى بىزگە ئۆزى بېرىش ئۈچۈن بەل باغلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ دىلىغۇل بولمىسۇن. ئىگىلىك گۈگۈشىسى پەقەت ئىدرەك بىلەن بىردەك ماسلىشىدىغان ئىسكەندىرىيە دەۋرىدىكى تېز قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگەندىلا، دۇنيانى بويسۇندۇرۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

تىلچىلىقتا كەلسەك، ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان كەلگۈسى گۈگمەن ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئانچە باش قاتۇرۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق.

«ئۆلۈك تىللار پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلىنىدۇ...... بىراق جانلىق چەتئەل تىللىرى...... يەنىلا ئىككىنچى ئورۇندىكى نەرسە بولىدۇ.» پەقەت مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە كېڭىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ھەركىتىگە ئايلانغان جايلاردىلا، چەتئەل تىللىرى ئېھتىياج بويىچە ئاسان شەكىللەر بىلەن ھەر بىر كىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان بولىدۇ. «ھەقىقى پايدىلىق تىل تەربىيىسى» مەلۇم ئومۇمى گىراماتىكىدىن بولۇپمۇ «ئانا تىلى ماتېرىيالى ۋە شەكلى»دىن تېپىلىدۇ.

دىيۇرىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مىللى تارلىقى يەنىلا تولىمۇ دۇنياۋىلىشىپ كەتكەن. ئۇ ھازىرقى

دۇنيادا ھېچ بولمىغاندا ئادەمنىڭ تار مىللىي نۇقتىنەزەرلەردىن
ھالقىپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىككى پىشاڭنى يوقاتماقچى
بولىدۇ: قەدىمقى زامان تىل بىلىمى ۋە ھازىرقى زامان تىل
بىلىمى، ئالدىنقىسى، ھېچ بولمىغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەر
ئارىسىدىكى كىلاسسىك تەربىيە ئالغان كىشىلەرگە بىر ئورتاق،
كەڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ، كېيىنكىسى ھەرقايسى
مەملىكەت خەلقىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ھەم ئۆز مەملىكىتىنىڭ
تاشايىندا يۈزبەرگەن ئىشلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئانا تىلىنىڭ گىراماتىكىسىنى تازا پىششىق
ئۇقۇش لازىم. لېكىن، «ئانا تىلى ماتىرىيالى ۋە شەكلى»نى
چۈشىنىش ئۈچۈن، ئانا تىلىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ
پەيدىن-پەي راۋاجلىنىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقىش كېرەك بولىدۇ،
ئەگەر، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلگەن شەكىللىرىگە، ئىككىن-
چىدىن، بىر تىپتىكى جانلىق ۋە ئۆلۈك تىللارغا ئېتىۋارسىز
قارىلىدىغان بولسا، بۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما
بۇنداق بولغاندا، بىز ئېنىق مەنئى قىلىنغان رايونغا يەنە بىر قېتىم
كىرىپ قالىمىز. دىيۈرىڭ ئەپەندى پۈتۈن ھازىرقى زامان تارىخىي
گىراماتىكىنى ئۆزىنىڭ تەربىيە پىلانىدىن چىقىرىپ تاشلىغان
ئىكەن، ئۇنىڭ تىل ئوقۇتۇشىدا پەقەت بىر خىل كونىچە، پۈتۈنلەي
كونا كىلاسسىك تىلچىلىقتا تەقلىت قىلىنغان تېخنىكىلىق گىراما-
تىكىلا قالىدۇ، بۇنداق گىراماتىكا تارىخىي ئاساسىنىڭ كەملىكى
ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كاززاپلىقى ۋە ئۆزبېشىمچىلىقىنى
ساقلاپ قالغان بولىدۇ. كونا تىلچىلىقتا بولغان نەپرەت ئۇنى كونا
تىلچىلىقنىڭ ئەڭ يامان مەھسۇلاتىنى «ھەقىقى پايدىلىق تىل

تەربىيىسىنىڭ مەركىزى» قىلىدۇرىدۇ. روشەنكى، بىز ئاللاقە قىلىۋاتقان بۇ تىلچى يېقىنقى 60 يىلدىن بۇيان بۇنداق كۈچلۈك ۋە بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا راۋاجلانغان پۈتۈن تارىخي تىلشۇناسلىقنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تىل تەربىيىسىنىڭ «ئېسىل ھازىرقى زامان تەربىيىسى ئامىلى»نى بوپپى، گىرىم ۋە دىتستىن ئەمەس، مەرھۇم ھېيزې ۋە بېككېردىن ئىزلەيدۇ.

ئەمما ئوسۇپ يېتىلىۋاتقان كەلگۈسى گۈڭمىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈپەيلىدىن «ئۆز ئۆزىگە تايىنىش» ئىمكانىيىتىدىن تېخى يىراق تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساس سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، مەدەت تىلەيدىغىنى

«ئەڭ ئاخىرقى پەلسەپە ئاساسلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش». لېكىن دىيۇرىڭ ئەپەندى بۇ يەردە يول سېلىۋالغاندىن كېيىن، «بۇنداق چوڭقۇر-لاشتۇرۇش......ئەمدى غايەت زور ۋەزىپە بولماي قالىدۇ». ئەمەلىيەتتە، «ئەگەر مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇمى ئەندىزىچىلىكى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئاز ساندىكى پۈختا بىلىمدىن خاتا، چۈۋالچاق بېزەكلەر چىقىرىپ تاشلىنىدىغان بولسا، ئەگەر (دىيۇرىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن) ئىسپاتلانغان رىياللىقنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىلا يەردە ئېتىراپ قىلىش قارارىغا كېلىنسە»، ئۇ ھالدا، باشلانغۇچ پەلسەپىمۇ كەلگۈسىدىكى ياشلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك بولىدۇ. «ھەممەيلەن بىز چەكسىزلىك ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭغا بولغان پىپەنىنى مىسلى كورۇلمىگەن تەسىرگە ئىگە قىلىدۇرۇشتا قوللانغان ئىنتايىن ئاددى ئىپادە ئۇسۇللىرىنى يادىمىزغا ئالساق»، «ھازىرقى زامانچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈش تۈپەيلىدىن شۇنچە ئاددى يوسۇندا شەكىللەنگەن ئومۇمىيۈزلۈك زامان، ماكان ئىدىيىسىنىڭ ئامىللىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئاخىرقى ھېساپتا تۈپ بىلىملەر قاتارىغا ئۆتۈشىنىڭ مۇمكىن

ئەمەسلىكىنى پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ...... (دېۋرىڭ ئەپەندىگە خاس) ئەڭ توپ ئىدىيە يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە تىشىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىماسلىقى كېرەك.» ئەكسىچە، ماددىنىڭ ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك ھالىتى ۋە سانغىلى بولىدىغان چەكسىز سان شۇنداق ۋەزىپە ئالغانكى، ئۇلار «ئادەمنى پۈت تىرەپ تۇرىدىغان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئاتالمىش مۇتلەق نەرسىنى ئۆز ئايىغىدا دەسسەپ تۇرغانلىقىنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن چۈشىنىدىغان قىلىدۇ».

كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، كەلگۈسىدىكى خەلق مەكتىۋى سەل «ئېسىل»راق پرۇسسىيە ئوتتۇرا مەكتىۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنداق مەكتەپتە گرېكچە ۋە لاتىنچىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ساپراق ۋە يارامىلىقراق شۇشۇي بولۇپمۇ رىياللىق پەلسەپىسىنىڭ ئاممىلىرى ئالىدۇ، نېمىسچە ئوقۇتۇش بولسا مەرھۇم بېككېر دەۋرىگە يەنى 4 ـ ، 5 ـ يىللىقلار دەرىجىسىگە دىگۇدەك چۈشۈرۈلىدۇ. ئىش يۈزىدە، دېۋرىڭ ئەپەندىنىڭ «بىلىشى» (بىز ھازىر بۇنداق بىلىشنىڭ ئۇ تېگىپ ئۆتكەن ھەممە ساھەلەردە تازا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىلىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدۇق)، ياكى تۈزۈكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئالدىنالا ئۈزۈل ـ كېسىل «چىقىرىپ تاشلىغان»دىن كېيىن قېلىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن تولۇغى بىلەن «ئاخىرقى ھېساپتا توپ بىلىملەر قاتارىغا ئوتۇشى»نىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى «پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ»، ۋاھالەنكى، ئۇ رىياللىقتا بولسا ئەزەلدىن بۇ قاتاردىن ئايرىلىپ باققان ئەمەس. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەمگەكنىڭ تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ھەر ساھەدىكى تېخنىكىلىق تەلىم ۋە ئىلمىي تەربىيىنىڭ ئەمەلىي

ئاساسىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلىقى، تەبىئىي، دېۋرىك ئەپەندى-
نىڭ قۇلىغىمۇ كىرىدىپ قالغان بولسا كېرەك؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دەل
بۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ئۆرتاق جەمىيەتكە قوللىنىدۇ.
لېكىن، خۇددى كورۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، كونا ئىش تەقسىماتى
دېۋرىڭنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسىي جەھەتتىن
ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىنىدۇ، شۇڭا مەكتەپتىكى بۇنداق تېخنىكىلىق
تەربىيە كېيىنكى ھەرقانداق ئەمەلىي ئىشلىتىلىشتىن مەھرۇم
قىلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىگە بولغان ھەرقانداق ئەھمىيىتى-
دىن مەھرۇم قىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا تەربىيە مەقسىدى
بولىدۇ: ئۇ تەنتەربىيىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك، تەنتەربىيە
توغرىسىدا بىزنىڭ بۇ تۆپ ئۆزگەرتىش ياسىغۇچىمىز ھېچنىمىنىمۇ
بىلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ ھەقتىمۇ بىرگە بىرنەچچە جۈملە
سوزنىلا ئېيتالايدۇ، مەسىلەن:

«ياشلار ۋە قېرىلار خىزمەت دېگەن سوزنىڭ ئەڭ قاتتىق ئەھمىيىتى
ئاستىدىلا خىزمەت قىلىشى لازىم.»

بۇنداق قۇرۇق، مەزمۇنسىز گەپ سېتىش، «كاپىتال»نىڭ 508 —
515-بەتلىرىدە ئېيتىلغانلار بىلەن سېلىشتۇرۇلسىلا، ھەقىقەتەن بىچا-
رىلىكتە چېكىگە يەتكەن بولۇپ چىقىدۇ، ئۇ يەردە ماركس مۇنداق
قاراشنى جارى قىلدۇرىدۇ: «خۇددى بىز روبېرت ئوۋېندا تەپسىلى
كورۇشىمىز مۇمكىن بولغىنىدەك، زاۋۇت تۈزۈمىدىن كەلگۈسى تەر-
بىيىنىڭ يۇمران بىخلىرى ئۈنۈپ چىقتى، كەلگۈسى تەربىيە مەلۇم
ياشقا تولغان بارلىق باللار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن
ئەقلىي تەربىيە ۋە تەنتەربىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بولىدۇ، ئۇ
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى ئەتراپلىق ئوسكەن كىشىلەرنى تەييارلاشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى بولىدۇ.»[1]

بىز كەلگۈسىدىكى داشۆي مەسىلىسى ئۈستىدە قايتا توختالمايلى، بۇنداق داشۆيدە رىياللىق پەلسەپىسى بارلىق بىلىمنىڭ خېشىنىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە تىببى شۆيۈەندىن باشقا، قانۇن شۆيۈەنىمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلىدۇ؛ «مەخسۇس تېخنىكا مەكتەپلىرى» ئۈستىدىمۇ قايتا توختالمايلى، بۇنداق مەكتەپلەر توغرىسىدا بىز شۇنىلا بىلىمىزكى، ئۇلاردا «ئىككى-ئۈچ خىل دەرس»لا بولىدۇ. ياش كەلگۈسى كۆكىمىن مەكتەپتىكى پۈتۈن دەرسلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىر «ئوز ئوزىگە تايىنىدىغان» بولىدۇكى، ئوزىگە خوتۇن تاللىيالايدۇ، دەپ پەرەز قىلايلى. بۇ يەردە ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا قانداق شەيئىلەر جەريانىنى ئېچىپ بېرىدۇ؟

«نەسىل كوپىيىشىنىڭ سىرپەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش، شاللاش، ئارىلاش-تۇرۇش ھەتتا يېڭى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتىنى كوزدە تۇتۇپ، ئىنسان تەبىئىتى ياكى غەيرى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنبەسىنىڭ زور قىسمىنى جىنسىي باغلىنىشتىن ۋە تاللاشتىن ئىزلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەلۇم تۇغۇت نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن ساقلىنىش يولىدىكى قايغۇدىن ئىزلەش لازىم. بۇ ساھەدە ئەۋج ئالغان تومپايلىق ۋە نادانلىق ئۈستىدىن سوت قىلىشنى، ئەمىلىيەتتە، كېيىنكى دەۋرگە قالدۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئەمما، بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، مۇنۇ نۇقتىنى باشتىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك: ئادەمنىڭ ئېھتىياتچان تۇغما تەبىئىتى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك

---

① «كاپىتال»، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 13-باپ، 9-بولۇمگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن

ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان تۇغۇت سۈپىتى، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ سانىغا قارىغاندا تېخىمۇ موھىم بولىدۇ. دەرھەقىقەت، بارلىق دەۋرلەردە ۋە بارلىق قانۇنلار ھالىتىدە، غەيرى نورمال ئادەملەر ھالاك قىلىنىپ كەلدى؛ لېكىن نورمال ئادەمدىن ئادەمگە ئۇخشمايدىغان بولۇپ قالغان غەيرى نورمال ئادەمگە ئېلىپ بارىدىغان بۇ شوتىنىڭ نۇرغۇن پەلەمپىيى بار...... ئەگەر زەئىپ ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئىشنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق.»

باشقا بىر جايدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«تۇغۇلمىغانلارنىڭ مۇمكىن قەدەر ياخشى تۇزۇلۇشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى پەلسەپىنىڭ كۆزىتىشى ئۈچۈن چۈشىنىش تەس ئىش ئەمەس...... تورىلىش، ھېچ بولمىغاندا تۇغۇلۇشمۇ بۇ جەھەتتە ئالدىنى ئېلىش ياكى مۇستەسنا ئەھۋالدا تالىنىش چارىسىنى قوللىنىش ئۈچۈن بىر خىل پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.»

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلەر ئانچە سەنئەتلىك بولمىغان شۇنىڭ بىلەن مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتلىك بولغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان چاغدا، يەنى قېنى بار، تېنى بار ئادەم يارىتىشنى ئورۇنلاشقا كىرىشكەن چاغدا، ئادەمنى مەرمەر تاش بىلەن غايىۋىلەشتۈرگەن يۇنان سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىي ئەھمىيىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇنداق سەنئەت ساپ تاشچىلىق سەنئىتى ئەمەس، ئۇنىڭ مېشۇبىسى ئۆلۈك شەكىللەرنى كۆزىتىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز» ۋە باشقىلار.

بىزنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان كەلگۈسى گۆگمىنىمىز ئاسماندىن چۈشىدىكەن. تۇرمۇش قۇرۇش ساپ تاشچىلىق سەنئىتى بىلەن ئالاقە قىلىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈك شەكىللەرنى كۆزىتىشمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ــ مانا بۇلارنى ئۇ دېيۇرىك ئەپەندىسىزمۇ

جەزمەن بىلىدۇ؛ لېكىن ديۇرىڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھېسداشلىق كوڭلىنى بۇ كوڭۇلگە مەنسۇپ تەن بىلەن قوشۇپ ئېلىش ئۇچۇن، شەيئىلەرنىڭ جەريانىدا ۋە ئۇنىڭ ئوزىنىڭ ماھىيىتى ئوزىگە ئېچىپ بەرگەن ھەممە يوللاردا بارالايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. ئەمدى «تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ جىددى ئەخلاق» ئۇنىڭغا: مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، دەپ ۋاقىراپ ئازار بېرىدۇ. مەسىلە ئەڭ ئاۋال: جىنسىي باغلىنىش ۋە تاللاش ساھەسىدە ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان تومپايلىق ۋە نادانلىقنى تاشلاشتا ھەم يېڭىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ مۇمكىن قەدەر ياخشى تۇزۇلۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى نەزەرگە ئېلىشتا بولىدۇ. بۇ تەنتەنىلىك پەيتتە، بىزنىڭ ياش گۇگمىنىمىز قېنى بار، تېنى بار ئادەم يارىتىشنى ئورۇنلايمەن دەپ يۇرۇپ، ئاتالمىش قېنى بار، تېنى بار پىدىياس بولۇپ قالىدۇ. قەيەردىن قول سېلىش كېرەك؟ ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ يۇقۇرىدىكى سىرلىق بايانلىرى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق كورسەتمە بەرمەيدۇ، گەرچە ديۇرىڭ ئەپەندى ئوزىمۇ بۇنى بىر خىل «سەنئەت» دىگەن بولسىمۇ. ئومۇمەن ھازىر گېرمانىيە كىتاپخانىلىرىدا تۇپلەنگەن تۇرلۇك كەڭ تارالغان كىتاپچىلارغا ئوخشاش، ئېھتىمال ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ «كوڭلىدە ئومۇمەن» بۇنداق سەنئەت قىبلىنامىسى باردۇ؟ ئىش يۇزىدە، بىز بۇ يەردە ئەمدى ئورتاق جەمىيەتتە تۇرغاندىن كورە، «سېھىرلىك نەي»دە[196] تۇرىمىز، پەقەتلا گۇگجىخۇيىنىڭ باداڭ قوساق پوپى زاراسترو بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ جىددى ئەخلاقچىمىزنىڭ ئالدىدا ھەتتا «ئىككىنچى دەرىجىلىك دىندار»مۇ بولالمايدۇ. بۇ پوپنىڭ قىتىمال ئاشىق ـ مەشۇق ئۇستىدە ئېلىپ بارغان سىنىغى

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئىككى شەخسىنگە «ئەخلاقلىق، ئەركىن نېكا» ھالىتىگە ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىشتىن ئىلگىرى تاڭغان قورقۇنچلۇق سىنىغى ئالدىدا ھەتتا ھەقىقى باللار ئويۇنىلا بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن: گەرچە بىزنىڭ «ئۆز ئۆزىگە تايىنىدۇ»غان كەلگۈسىدىكى تامىنومىز ئىككى پۇتى بىلەن ئاتالمىش مۇتلەق نەرسىنىڭ ئۈستىدە دەسسەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر پۇتى ئادەتتىكى ئورۇندىن 2 ـ 3 پەلەمپەي نېرىراق تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاغزى يامان كىشىلەر ئۇنى توكۇر دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنداق ئېھتىمالنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن: ئۇ ئەڭ ياخشى كورىدىغان كەلگۈسى پامىنا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مۇتلەق نەرسە ئۈستىدە تولۇق تۇز تۇرماي، ئوڭ مۇرىسى سەل-پەل قىيسىيىپراق تۇرغانلىغى ئۇچۇن، ھەسەتخور كىشىلەر بۇنداق قىيسىيىشنى كىچىك دوك دەپ ئاتايدۇ. ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ جىددى زاراستىرومىز ئۇلارنىڭ قېنى بار، تېنى بار ئادەم يارىتىش سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەنئى قىلامدۇ، يا ئۇلارغا قارىتا تورىلىش ۋاقتىدىكى «ئالدىنى ئېلىش چارىسى»نى ياكى «تۇغۇلۇش» ۋاقتىدىكى «تاللىنىش چارىسى»نى قوللىنامدۇ؟ ئىشنىڭ ئوندىن سەككىز ـ توققۇزى باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ، يەنى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار، زاراسترو ـــ ديۇرىڭنى قايرىپ قويۇپ، پەتنە كەسكۈچىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ.

ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار! ـــ دەپ ۋاقىرايدۇ ديۇرىڭ ئەپەندى. ـــ مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەسمەن. مەن دەپ باقاي.

«پايدىلىق جىنسىي باغلىنىش جەھەتتە تېخىمۇ يۇقۇرى، ھەقىقى ئىنسانى

مۇددىا بولغان چاغدا.....جىنسىي تىلەك — ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىپادىسى قىزغىن ئىشقى - مۇھەببەت — نىڭ بۇ ئالەمدىكى ئالىجاناپ شەكلى دەل ئىككى تەرەپنىڭ باغلىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى بولىدۇ، بۇ باغلىنىش نەتىجە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ گۈزەل بولىدۇ..... ئەسلىدە ئىناق مۇناسىۋەتتىن ئىناقلىق بەلگىلىرىگە ئىگە ھوسۇل ئېلىنىدۇ، بۇ پەقەت ئىككىنچى خىلدىكى ئۇنۇملا بولىدۇ. بۇ يەردىن يەنە شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: ھەرقانداق زورلاشتىن جەزمەن زىيانلىق تەسىر تۇغۇلىدۇ» ۋە باشقىلار.

ئۇنداق بولغاندا، ئورتاق جەمئىيەتلەر ئىچىدىكى بۇ ئەڭ گۈزەل ئورتاق جەمئىيەتتە ھەممە تازا ئوبدان ھەل قىلىنىدۇ. توكۇر يىگىت بىلەن دوك قىز بىر بىرىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق بولغان «ئىككىنچى خىل ئۇنۇمى» ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كاپالەت بېرىلىدۇ؛ بۇ خۇددى رومانلاردا ئېيتىلغاندەك، ئۇلار مۇھەببەت باغلايدۇ، ئەر - خوتۇن بولىدۇ، ھەممە «تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ جىددى ئەخلاق» بولسا، بۇرۇنقىغا ئوخشاش، ئاخىر بېرىپ ئىناق بولغان بىر تاغار جويلۇش بولۇپ چىقىدۇ.

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ ئاياللار توغرىسىدا زادى قانداق ئالىجاناپ ئىدىيىدە بولغانلىقىنى ئۇنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتكە قىلغان تۆۋەندىكى تاپا - تەنىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«ئادەم ئادەمنى سېتىۋېلىش - سېتىشنى ئاساس قىلغان ئەزگۈچى جەمئىيەتتە، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش مەجبۇرى نىكانىڭ ئەرلەرگە پايدىلىق مۇقەررەر قوشۇمچىسى دەپ قارىلىدۇ؛ بۇنىڭغا ئىرغىشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ ئاياللار ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ — چۈشىنىش ئەڭ ئاسان لېكىن شۇنداقلا ئەڭ ئەھمىيەتلىك پاكىتنىڭ بىرى.»

ديۇرىڭ ئەپەندىنىڭ بۇ ياغلىما گەپلىرىگە ئاياللار تەرەپنىڭ

بىلدۈرىدىغان رەخمىتىنى مەن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئىپلىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئانچە ئالاھىدە بولمىغان بىر خىل كىرىم — ئاياللار بېرىدىغان ئۇستەكتىن دېيۇرىڭ ئەپەندى-نىڭ پۇتۇنلەي خەۋىرى يوقمىدۇ؟ دېيۇرىڭ ئەپەندى ئۆزى بىر چاغلاردا جېيەنشىگۈەن197 بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېرلىندا تۇرىدۇ، ئۇ يەردە، تېخى مەن ئۇ يەردىكى چاغدا يەنى بۇنىڭدىن 36 يىل ئىلگىرى، ۋېيگۈەنلەر ئۇ ياقتا تۇرسۇن، جېيەنشىگۈەن [Schürzenstipendarius]مۇ ھەمىشە ئۇستەك ئالغۇچى[Referendarius] بىلەن قاپىيىداش كېلەتتى!

* * *

جەزمەن ھەرقاچان قۇرۇق - قاخشال، تېتىقسىز ۋە كىشىنى بۇرۇقتۇم قىلىدىغان بۇ تىممىز بىلەن چىرايلىقچە، خوشال-خورام خوشلىشايلى. بىز ھەر بىر بەس - مۇنازىرە نۇقتىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، بىزنىڭ ھوكىمىز ھامان كېگۈەن، شۇبھە-سىز پاكىتلار بىلەن باغلانغان ئىدى؛ مانا شۇ پاكىتلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسىلەر ھەمىشە ئۇتكۇر ھەتتا رەھىمسىز بولۇشتىن خالى بولالمىدى. ھازىر، بىز پەلسەپە، ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئورتاق جەمىيەت توغرىسىدىكى سوزىمىزنى ئاياقلاشتۇرماقچى بولغان چاغدا، بىز نۇقتىلار بويىچە بىر - بىرلەپ پىپەن قىلىشقا توغرا كەلگەن بۇ يازغۇچىنىڭ ئومۇمى ئوبرازى كوز ئالدىمىزدا زاھىر بولغان چاغدا، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى جەھەتتىكى مۇھاكىمىلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن بولدى؛ ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئەسلى چۇشەنگىلى بولمايدىغان

بىرمۇنچە يېڭىلىششىلىرىنى ۋە مەنمەنلىكلىرىنى شەخسىي سەۋەپلەرگە ئارتىشىمىز، دىيۇرىك ئەپەندى توغرىسىدىكى پۈتۈن ھۆكمىمىزنى بولسا: **جاۋاپكارلىقتىن چىقىقۇدەك قابىلىيىتى يوق تۇرۇقلۇق ماختانچاقلىق قىلىدىغان تەلۋە**، دىگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن.

# «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» ئىنگلىزچە نەشرىگە مۇقەددىمە[198]

بۇ كىتاپچە ئەسلىدە تېخىمۇ چوڭ بىر پۈتۈن كەۋدىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. تەخمىنەن 1875 ـ يىلى بېرلىن داشۆبىسىنىڭ **جياڭشىسى** ئو . ديۇرىڭ بوشى تۇيۇقسىزلا ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئۆزىنىڭ ئەمدى سوتسىيالىزمغا ئىشىنىدىغان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئۇ گېرمانىيە جامائەتچىلىكىگە بىر يۈرۈش تەپسىلى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى تەقدىم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇكەممەل ئەمەلىي پىلانىنىمۇ تەقدىم قىلدى. تەبىئىكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پېشقەدەملىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقتى؛ ھەممىدىن ئاۋال، ئۇ ئىچىگە تولۇپ كەتكەن قەھرى ـ غەزىپىنى ماركسنىڭ ئۈستىگە توكتى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بىر ۋاقىتتا: گېرمانىيە سوتسىيالىستلار پارتىيە-سىنىڭ ئىككى گۇرۇھى — ئېيزىناخچىلار بىلەن لاسسالچىلار — قوشۇلۇشنى ئەمدىلا ئىشقا ئاشۇرغان[199]، شۇنىڭ ئارقىسىدا كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى بۇ پۈتۈن كۈچىنى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ئىشلىتىشكە قابىلىيەتلىك بولغان ۋاقىتتا يۈزبەردى. گېرمانىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى

چاپسانلىق بىلەن بىر خىل كۇچكە ئايلانماقتا ئىدى. لېكىن، ئۇنى بىر خىل كۇچكە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن، بىرىنچى شەرت ئەمدىلا ئېرىشىلگەن بۇ بىرلىكنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئىدى. ھالبۇكى، دىيۇرىڭ بوشى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق ئۆز ئەتراپىدا بىر مەزھەپنى، كەلگۈسىدىكى تەنھا بىر پارتىيىنىڭ خېشىنىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، خالىساقمۇ-خالىمىساقمۇ، بىزنىڭ چاقىرىلغان جەڭگە قارشى ئاتلىنىپ، كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم بولدى.

بىراق، بۇ ئىش گەرچە بەك قىيىن ئىش بولمىسىمۇ، روشەنكى، ھەشمى يېتىپ ئاشقۇدەك ئىش ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بىز نېمىسلاردا بىر خىل ئىنتايىن چولتا Gründlichkeit يەنى ئۇزۇل-كېسىل چوڭقۇر ئويلاش روھى ياكى چوڭقۇر ئويلايدىغان ئۇزۇل-كېسىللىك روھى بار، سەن ئۇنى نېمە دەپ ئاتىساڭ ئاتاۋەر. ئارىمىزدىكى ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزى يېڭى تەلىمات دەپ ھېساپلىغان نەرسىنى شەرھىلىگەن چاغدا، ھەممىدىن ئاۋال ئۇنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تىشى قىلىپ چىقىشقا جەزمەن بىر ئامال قىلىدۇ. ئۇ جەزمەن، لوگىكىنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىنىڭ ۋە ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەزەلدىن پەقەت ئاخىردا مۇشۇ يېڭى كەشىپ قىلىنغان، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان نەزىرىيىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنلا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە دىيۇرىڭ بوشى بۇنداق مىللى ئۆلچەمگە تامامەن دەل كەلدى. توپ-توغرا پۈتۈن بىر يۈرۈش «پەلسەپە تىشىسى» — روھ، ئەخلاق، تەبىئەت ۋە تارىخ جەھەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەل؛ پۈتۈن بىر يۈرۈش «سىياسى ئىقتىسات ۋە سوتسىيالىزم تىشىسى»؛ ئاخىردا يەنە «سىياسى ئىقتىساتنىڭ پېپەنلىك تارىخى» — سەككىز

كەيىنلىق 3 چوڭ ئەسەر[33]، تاشقى كورۇنۇش جەھەتتىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىمۇ خېلى ۋەزنى بولغان، بارلىق پىشقەدەم پەيلاسوپلارغا ۋە ئىقتىساتشۇناسلارغا بولۇپمۇ ماركسقا هۇجۇم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان ئۇچ يونۇلۇش دەلىل-ئىسپاتلار ئارمىيىسى — ئىش يۇزىدە، بۇنىڭ ئوزى «پەندە» بىر قېتىم تولۇق «ئوزگىرىش» قىلىشقا ئۇرۇنۇش — ئەنە شۇلارغا مېنىڭ تاقابىل تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. مەن ھەممە ۋە ھەر خىل مەسىلىگە: زامان ۋە ماكان ئۇقۇمىدىن تارتىپ فۇبىنۇئېيجۇ تۇزۇمىگىچە[200]، ماددا ۋە ھەركەتنىڭ مەڭگۇلۇكلۇگىدىن تارتىپ ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ ئوتكۇنچىلىگىگىچە، داروىن ئاچقان تەبىي تاللىنىشتىن تارتىپ كەلگۇسى جەمىيەتتىكى ياشلار تەربىيىسىگىچە توختىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قانداق بولسا بولسۇن، مۇخالىپىمنىڭ ھەممىنى ئوز ئىچىگە ئالغان تىشىسى ئۇنىڭ بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىدە ماركس بىلەن مېنىڭ ئەنە شۇ نۇرغۇن تۇرلۇك-تۇرلۇك مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى شەرھىلىشىمگە (بەلكى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىزچىل شەكىل بىلەن شەرھىلىشىمگە) پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. مېنى باشقا جەھەتلەردىن ئېيتقاندا جاپا چەككەنگە تۇشلۇق نەتىجە چىقمايدىغان بۇ ۋەزىپىنى ئۇستۇمگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان ئاساسىي سەۋەپ ئەنە شۇ ئىدى.

مېنىڭ جاۋاۋىم دەسلەپ بىر قاتار ماقالىلار تەرىقىسىدە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ جۇڭپاڭ ئورگان گېزىتى — لېيپسىگدا چىقىدىغان «ئالغا گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى، كېيىن ئۇلار توپلىنىپ، «Herrn Eugen Dühring's Umwälzung der Wissenschaft» («ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئوزگىرىش») دىگەن نامدا كىتاپ قىلىندى، بۇ كىتاپنىڭ 2-نەشرى 1886-يىلى سيۇرىختا

نەشر قىلىندى.

ھازىرقى فرانسىيە جۇڭخۇيۇەنىنىڭ لىل شەھىرىدىن سايلانغان ئەزاسى دوستۇم پول لافارگىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، بۇ كىتابنىڭ 3 بابىنى كىتابچە قىلىپ تۈزدۈم، ئۇ بۇنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە 1880 ـ يىلى **«خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم»**[201] دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى. پولەكچە نەشرى ۋە ئىسپانچە نەشرى[202] مۇشۇ فرانسۇزچىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. 1883 ـ يىلى بىزنىڭ گېرمانىيىلىك دوستلىرىمىز بۇ كىتابچىنى ئەسلىدىكىسى بويىچە نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ نېمىسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن يەنە ئىتالىيانچە، رۇسچە، دانىيىلىكچە، گوللاندچە ۋە رۇمىنچە تەرجىمىلىرى[203] نەشر قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى بۇ ئىنگلىزچە نەشرى قوشۇلۇپ، بۇ كىتابچە 10 خىل يېزىقتا تارقالدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، سوتسىيالىستىك ئەسەرلەرنىڭ باشقا ھەرقاندىغى ھەتتا بىزنىڭ 1848ـ يىلى نەشر قىلىنغان «كوممۇنىستىك خىتاپنامە»مىزنىڭ ۋە ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنىڭمۇ مۇنچىلىك كوپ تەرجىمىسى يوق. گېرمانىيىدە بۇ كىتابچە 4 قېتىم بېسىلىپ، جەمى 20 مىڭچە نۇسخىغا يەتتى.

«ماركا» دېگەن قوشۇمچە گېرمانىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئىچىدە گېرمانىيە يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بىرقانچە ئاساسىي بىلىمنى تارقىتىش مەقسىدىدە يېزىلغان ئىدى. بۇ پارتىيىنىڭ شەھەر ئىشچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاپ بولۇشىدىن ئۈمىت تۇغۇلغان، ئەمدى يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلار خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشىشى لازىم بولغان چاغدا، بۇ بولۇپمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ

قوشۇمچە شۇنىڭ ئۇچۇن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە كىرگۈزۈلدىكى، بارلىق گېرمان قەبىلىلىرىگە ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي يەر ئىگىلەش شەكلى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىش تارىخى گېرمانىيىدىكىگە قارىغاندا ئەنگلىيىدە كىشىلەرگە تېخىمۇ مەلۇم ئەمەسلىكى نەزەرگە ئېلىندى. بۇ قوشۇمچىنى يەنىلا ئەسلىدىكى پېتىچە ساقلاپ قالدىم، ماكسىم كوۋالېۋسكىي يېقىندا ئوتتۇرىغا قويغان قىياس توغرىسىدا توختالمىدىم، بۇ قىياس بويىچە، تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئوتلاقلار ماركا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇنۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يەرلەرنى بىرنەچچە ئەۋلاتنى ئوز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى چوڭ زۇڭفالىق تۈزۈمدىكى ئائىلە گۇڭشېسى (ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەنۇبىي سلاۋيان زادروگاسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ) ئومۇمىي تېرىغان؛ كېيىن، گۇڭشېنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، ئومۇمىي باشقۇرۇش بەك ئەپسىز بولۇپ قالغان چاغدا، گۇڭشېنىڭ يەرلىرىنى بولۇش ئەھۋالى كېلىپ چىققان.204 كوۋالېۋسكىي بەلكىم تولۇق ھەقلىقتۇر، بىراق مەسىلە تېخى مۇھاكىمە ئۇستىدە.

بۇ كىتابتا قوللىنىلغان ئىقتىساتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ يېڭىلىرى ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرىدە205 قوللىنىلغانلىرى بىلەن بىردەك. بىز ئېيتقان «شاڭپىن ئىشلەپچىقىرىش» ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى شۇنداق بىر باسقۇچنى كورسىتىدۇكى، بۇ باسقۇچتا نەرسىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىستىمالىنى تەمىن ئېتىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش مەقسىدىنىمۇ كوزدە تۇتىدۇ؛ يەنى ئىستىمال قىممىتى سۇپىتىدە ئەمەس، بەلكى **شاڭپىن سۇپىتىدە** ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇ باسقۇچ ئالماشتۇرۇش ئۇچۇن ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن

تارتىپ تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ بۇ باسقۇچ پەقەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىلا يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن كاپىتالىست ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بولمىغان ئىشچىلارنى پۇل چىقىرىپ ياللايدىغان ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆز چىقىمىدىن ئېشىپ كەتكەن ئارتۇق قىسمىنى يانچۇغىغا سالىدىغان شارائىتتىلا تولۇق تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ. بىز ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە بولىمىز: (1) قول سانائىتى — ئۇششاق قول سانائەت ئۇستىلىرى ئاز سانلىق ئىمكارلار ۋە شاگىرتلارغا باشچىلىق قىلىدۇ، ھەر بىر ئىشچى پۈتۈن نەرسە ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ (2) ئىشخانا قول سانائىتى — خېلى كۆپ ساندىكى ئىشچىلار بىر چوڭ كارخانىغا توپلىنىپ، ئىش تەقسىماتى پىرىنسىپى بويىچە پۈتۈن نەرسە ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەر بىر ئىشچى ئىش ھالقىسىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئورۇنلايدۇ، شۇڭا مەھسۇلات تەرتىپ بويىچە بارلىق ئىشچىنىڭ قولىدىن ئۆتكەندىلا پۈتۈپ چىقىدۇ؛ (3) ھازىرقى زامان سانائىتى — مەھسۇلات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئىشچىنىڭ خىزمىتى ماشىنىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋە تەڭشەش بىلەنلا چەكلىنىدۇ[1].

ماڭا ناھايىتى ئايدىڭكى، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى خېلى كۆپ بىر

---

[1] «يېڭى دەۋر» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان نېمىسچە تەرجىمىسىدە بۇ مۇقەددىمىنىڭ باشتىن تارتىپ «ماشىنىنىڭ ھەرىكىتىنى..... تەڭشەش بىلەنلا چەكلىنىدۇ» دېگەن يەرگىچە بولغان بىرنەچچە ئابزىسى ئېلىپ تاشلانغان. — تەھرىردىن

قىسمى ئەنگلىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئەگەر بىز قۇرۇقلۇقتىكىلەر ئەنگلىيىدىكى «سالاپەتلىك شەخسلەر»①نىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى سەل-پەل ئېتىۋارغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ هالدا، ئىش هازىرقىدىنمۇ بەتتەر بولاتتى. بۇ كىتاپ بىز «تارىخىي ۋېيۋۇجۇيى» دەپ ئاتايدىغان نەرسىنى قوغدايدۇ، هالبۇكى، ۋېيۋۇجۇيى دېگەن ئاتالغۇ زور كۆپ ساندىكى ئەنگلىيە كىتاپخانلىرىنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ. «بىلگىلى بولماسلىق نەزىردىيىسى»گىمۇ چىدايدۇ، ئەمما ۋېيۋۇجۇيىغا زادى يول قويالمايدۇ.

ۋاهالەنكى، 17 - ئەسىردىن بۇيان پۈتۈن هازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ ماكانى دەل ئەنگلىيە بولۇپ كەلدى.

«ۋېيۋۇجۇيى — ئۇلۇق برىتانىيىسىنىڭ ئۆز بالىسى، ئەنگلىيە مەدرىس پەيلاسوپى دىنىس سكوتت: ”ماددا تەپەككۇر قىلالامدىكىن؟“ دەپ ئۆز ئۆزىگە سوئال قويغان ئىدى.

بۇنداق موجىزىنى ئەمەلگە ئاشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇ خۇدانىڭ قۇدرىتىگە ئىلتىجا قىلدى، يەنى ئىلاهىيەتنى ۋېيۋۇجۇيىنى تەرغىپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنىلا بىر ۋېيمگلۇنچى[206] ئىدى. ۋېيمگلۇن ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، ئاساسەن ئەنگلىيە مەدرىس پەيلاسوپلىرى② ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى.

ئەنگلىيە ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ هەقىقى بوۋىسى بېكون. ئۇنىڭ

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «سالاپەتلىك شەخسلەر» دېگەن سۆزنىڭ كەيىندە «يەنى ئەنگلىيىنىڭ چاكىنا ئادەملىرى» دېگەن سۆز بار. — تەھرىردىن

② نېمىسچە تەرجىمىسىدە «مەدرىس پەيلاسوپلىرى» ئەمەس، «ۋېيۋۇجۇيىچىلار». — تەرجىماندىن

قارىشىچە، تەبىئەت پەلسەپىسى بىردىن-بىر ھەقىقى پەلسەپە؛ ھېسسى تەجرىبىنى ئاساس قىلغان ۋۇلىشۇي بولسا تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى. ئاناكساگورا ۋە ئۇنىڭ تۇگسۇتىسىنى[207]، دېموكرىت ۋە ئۇنىڭ ئاتومىنى ئۇ ھەمىشە نوپۇزلۇق ھېساپلاپ دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، تۇيغۇ ئىشەنچلىك، پۈتۈن بىلىمنىڭ مەنبەسى. پەنلەرنىڭ ھەممىسى تەجرىبىنى ئاساس قىلىدۇ، سەزگۈ ئەزالىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىياللارنى ئەقلىي تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن رەتلەيدۇ. يىغىنچاقلاش، تەھلىل قىلىش، سېلىشـتۇرۇش، كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىشلار ئەنە شۇنداق ئەقلىي ئۇسۇلنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ماددىنىڭ ئەسلىدە بار خۇسۇسىيىتى ئىچىدە ھەركەت — بىرىنچى خۇسۇسىيەت، بەلكى ئەڭ موھىم خۇسۇسىيەت، بۇ يەردە دىيىلمۇاتقان ھەركەت جىسىملىك ۋە شۇشۇبىلىك ھەركەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسەن ماددىـنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ھاياتىي كۈچى، جاگىلى ياكى ياكوپ بېمېرنىڭ ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، ماددىنىڭ "Qual"①

---

① «Qual» پەلسەپىدىكى قوش مەنىلىك سۆز. «Qual»نىڭ سۆزمۇ-سۆز مەنىسى غەم-قايغۇ، بىرەر ھەركەت قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئازاپ-ئوقۇبەت دىگەن بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، شېنمىجۇيىچى بېمېر بۇ نېمىسچە سۆزگە لاتىنچە qualitas [سۈپەت] دىگەن سۆزنىڭ بەزى مەنىسىنى كىرگۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ «Qual» دىگەن سۆزى سىرتتىن كېلىدىغان ئازاپ-ئوقۇبەتنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، پائالىيەتچانلىقنىڭ مەنبەسىدىن ئىبارەت، بۇنداق مەنبە «Qual»نىڭ ھوكۇمرانلىقىدىكى شەيئى، مۇناسىۋەت ياكى شەخسنىڭ زىغالىق تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇنداق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (ئېنگېلسنىڭ ئىنگلىزچە نەشرىدە بەرگەن ئىزاھى، نېمىسچە نەشرىدە بېرىلمىگەن.)

["ئازاپ-ئوقۇبتى"][1].

ۋېيۋۇجۇيىنىڭ ئۆزى يەنە ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئاساسچىسى بېكوندا ھەر تەرەپلىمە تەرەققى قىلىشنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بىر تەرەپتىن، ھوزۇر-ھالاۋەت بېرىدىغان، شائىرانە سېھرىي كۈچ بىلەن ئورالغان ماددا گويا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۈلۈمسىرەش بىلەن كىشىنىڭ پۈتۈن قەلبىنى جەلپ قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكمەتلىك سۆزلەر شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان تەلىماتتا بولسا ئىلاھىيەتنىڭ ئۆزۈل-كېسىلسىزلىكى تولۇپ تېشىپ ياتاتتى.

ۋېيۋۇجۇيى كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالدى. خوببېس بېكوننىڭ ۋېيۋۇجۇيىسىنى سىستېمىلاشتۇردى. تۇيغۇنى ئاساس قىلغان بىلىم ئۆزىنىڭ شېرىيەتلىك گۈزەللىكىنى يوقاتتى ۋە ئۇ شۇشۇيشۇناسلارنىڭ چۇشياڭ تەجرىبىسىگە ئايلاندى[2]؛ جىئخېشۇي پەنلەرنىڭ ئايال پادىشاسى دەپ ئېلان قىلىندى.

---

[1] نېمىسچە تەرجىمىسىدە، "ئازاپ-ئوقۇبەت" دىگەن سۆزدىن كېيىن، يەنە «مۇقەددەس ئائىلە»دىن ئىنگلىزچە نەشرىدە ئېلىپ تاشلانغان مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئېلىنغان: «ماددىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسلىدە بولغان، جانلىق، ماھىيەتلىك كۈچ، بۇ كۈچلەر ماددىنى خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ ھەمدە تۈرلۈك ئالاھىدە پەرقلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.» — تەھرىردىن

[2] نېمىسچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆز «ئۇ جىئخېشۇيشۇناسلارنىڭ چۇشياڭ تەجرىبىسىگە ئايلىنىدۇ» دېيىلگەن: بۇ سۆزدىن كېيىن يەنە ئىنگلىزچە نەشرىدە ئېلىپ تاشلانغان مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئېلىنغان: «ۋۇلىلىق ھەركەت جىسىملىك ھەركەتنىڭ ياكى شۇشۇيلىك ھەركەتنىڭ قۇربانى بولىدۇ.» — تەرجىماندىن

ۋېيۋۇجۇيى ئىنسانىيەتتىن نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. ۋېيۋۇجۇيى ئۆزىنىڭ مۇخالىپىنى يەنى ئىنسانىيەتتىن نەپرەتلىنىدىغان، تەنىنى كېرەك قىلمايدىغان ۋېيلىڭلۇنىنى يەڭمەكچى بەلكى ئۇنىڭ ئۆز دائىرىسىدە يەڭمەكچى ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەپسىنى يىغىپ جىنيۇيجۇيىچىغا ئايلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھېسسى نەرسىدىن ئەقلىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ؛ بىراق، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەقلىگە خاس بولغان، ئاقىۋىتى بىلەن ھېساپلاشمايدىغان پۈتۈن ئۈزۈل-كېسىللىكىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

خوببېس بېكوننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن بىلىملىرىنى سەزگۈ ئەزالىرى بەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ ئۇقۇمىمىز ۋە ئىدىيەمىز رېيال دۇنيانىڭ ھېسسى شەكلىنى يوقاتقان كۆلەڭگىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەلسەپە پەقەت بۇ كۆلەڭگىلەرگە ناملا قويۇپ بېرەلەيدۇ. بىر نام بىرمۇنچە كۆلەڭگىگە قوللىنىلىشى مۇمكىن. ھەتتا نامنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەگەر، بىر تەرەپتىن، ھەممە ئىدىيە ھېسسى دۇنيانى مەنبە قىلىدۇ دەپ ھېساپلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە بىر سۆزنىڭ مەنىسى بىر سۆز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولىدىغان مەۋجۇداتلاردىن يەنى ھەممىسى يەككە-يەككە مەۋجۇداتلاردىن تاشقىرى، يەنە مەلۇم ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، غەيرى يەككە مەۋجۇدات بار، دېيىلسە، ئۇ زىددىيەت بولاتتى. گەۋدىسىز گەۋدە قانداق بىمەنىلىك بولسا، گەۋدىسىز شىتىمۇ شۇنداق بىمەنىلىك بولىدۇ. گەۋدە، مەۋجۇدىيەت، شىتى پەقەت بىر خىل رېياللىقنىڭ ھەر خىل ناملىرىدىنلا ئىبارەت.

**تەپەككۇرنى تەپەككۇر قىلغۇچى ماددىدىن ئاجرىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس.** ماددا دۇنيادا بولىدىغان ھەممە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسى. مۇبادا چەكسىز دېگەن سۆز بىزنىڭ روھىمىزنىڭ چەكسىز قوشۇلۇپ بارىدىغان جەريانىنى ئورۇنلىيالايدىغانلىقىنى كۆرسەتمىسە، ئۇ ھالدا، بۇ سۆزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. پەقەت ماددى نەرسىلا بىز ئۈچۈن سېزىۋېلىشقا مۇمكىن بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا بىزگە ھېچنەرسە مەلۇم ئەمەس. پەقەت ئۆزەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىملا ھەقىقى ئىشەنچلىك. ئادەمنىڭ بارلىق ئىستىكى ھەم باشلىنىشى بولغان، ھەم ئاخىرى بولغان جىسىملىك ھەركەتتىن ئىبارەت. بىز ياخشىلىق دەپ ئاتايدىغان نەرسە ئىنتىلىشنىڭ دۇيشياگى بولىدۇ. ئادەممۇ، تەبىئەتمۇ ئوخشاش قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. زورلۇق بىلەن ئەركىنلىك بىردەك بولىدۇ.

خوببېس بېكوننىڭ تەلىماتىنى شتۇڭلاشتۇردى، ئەمما ئۇ بېكوننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن بىلىمى ھېسسى دۇنيانى مەنبە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپىنى دەلىللەپ بەرمىدى. لوك ئۆزىنىڭ ”ئىنسانىيەت ئىدرىكى توغرىسىدا“[208] دېگەن ئەسىرىدە بۇنداق دەلىلنى بەردى.

خوببېس بېكون ۋېيۇۋجۇيىسىدىكى خۇداكۇيلۇقچە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ كولىنس، دودېۋېر، كوردېي، خاترەي، پرىستلېيلەرمۇ ئوخشاشلا لوكنى تېخى قورشاپ تۇرغان تۇيغۇ نەزەرىيىسىنىڭ ئاخىرقى ئىلاھىيەت قوشامىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئەمىلىي ۋېيۇۋجۇيىچىلار ئۈچۈن، زىرەنشىنلۇن[209] دىنىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاددى ـ ئاسان ئۇسۇلىدىن باشقا

نەرسە ئەمەس.»①

ھازىرقى زامان ۋېيۋۇجۇيىسىنىڭ ئەنگلىيىدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا كارل ماركس ئەنە شۇنداق يازغان ئىدى. ئەگەر ئىنگلىزلار ھازىر ئوزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھەققىدە ماركسنىڭ ماختاشلىرىدىن تازا خوشال بولمىسا، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولاتتى. لېكىن بېكون، خوببېس ۋە لوكلارنىڭ فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىچىلىرىدىن ئىبارەت بۇ پارلاق ئېقىمنىڭ پېشقەدەملىرى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. 18-ئەسىردە فرانسۇزلار قۇرۇقلۇقتىكى ۋە دېڭىزدىكى بارلىق ئۇرۇشلاردا نېمىسلار ۋە ئىنگلىزلار تەرىپىدىن يېڭىلگەن بولسىمۇ، فرانسىيە ۋېيۋۇجۇيىچىلىرى يەنىلا 18-ئەسىرنى ئاساسەن فرانسۇزلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇردى، بۇ ھەتتا مەشھۇر فرانسىيە ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن بولدى؛ ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ نەتىجىلىرىنى بىز ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيىدىكى مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر ھېلىمۇ ئۇز مۇھىتىمىزغا كوچۇرۇشكە ئۇرۇنماقتىمىز.

شۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇكى، تەخمىنەن ئەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيىگە كوچۇپ كەلگەن ھەر بىر ئوقۇمۇشلۇق چەتئەللىك ئوزى شۇ چاغدا مۇقەررەر ھالدا ئەنگلىيىدىكى سالاپەتلىك ئوتتۇرا سىنىپنىڭ دىنىي تەرسالىقى ۋە ئاخماقلىقى دەپ ھېساپلايدىغان ھادىسىلەردىن تەئەججۇپلىنەتتى. ئۇ چاغدا،

① ماركس ۋە ئېنگېلس «مۇقەددەس ئائىلە»، 1845-يىلى ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرت نەشرى، 201 — 204-بەتلەر («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 163 — 165-بەتلەرگە قارالسۇن. — تەرجىماندىن).

بىز ھەممىمىز ۋېيۋۇجۇيىچى ئىدۇق، ياكى كەم دېگەندە، ناھايىتى رادىكال ئەركىن پىكىرلىكلەر ئىدۇق، نىمە ئۇچۇن ئەنگلىيىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك پىكىرگە سىغمايدىغان خىلمۇ-خىل موجىزىلەرگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ھەتتا باكلەند ۋە مانتېلغا ئوخشاش دېجىشۇبىشۇناسلارنىڭمۇ ئۆز پەنلىرىدىكى پاكىتلارنى، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن بەك كوپ توقۇنۇشۇپ قالمىسۇن، دەپ بۇرمىلىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتۇق؛ ۋاھالەنكى، دىنىي مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىش ئۇچۇن، تەربىيە كورمىگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىش، شۇ چاغدا «پاسكىنا ئادەملەر توپى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىش، ئىشچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىش بولۇپمۇ ئوۋېنچى سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىش لازىم ئىدى.

لېكىن شۇ ۋاقىتتىن بېرى ئەنگلىيە «مەدىنىلىشىپ» قالدى. 1851-يىلدىكى كورگەزمە[210] ئەنگلىيىنىڭ ئۆز ئارال دولىتى دائىرىسىدە بىكىنىۋېلىشىغا ماتەم سىگنالى چالدى. ئەنگلىيە يېمەك-ئىچمەك، رەسمى-يوسۇن ۋە ئىدىيە جەھەتتە پەيدىن-پەي خەلقارالاشتى؛ ئۇ بۇ جەھەتتە شۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتىكى، بۇ مەندە، قۇرۇقلۇقنىڭ باشقا ئادەتلىرى ئەنگلىيىدە تارقالغىنىغا ئوخشاش ئەنگلىيىنىڭ بەزى رەسمى-يوسۇن ۋە ئادەتلىرىمۇ قۇرۇقلۇقتا تارقالسا ئىكەن، دېگەن ئۈمىتنى ئىختىيارسىز پەيدا قىلدى. قىسقىسى، زەيتۇن يېغىنىڭ (1851-يىلدىن ئىلگىرى ئۇ پەقەت ئاقسوڭەكلەرگىلا مەلۇم ئىدى) كىرىشى ۋە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇقلۇقنىڭ دىن مەسىلىسىدىكى شۈبھىچىلىكىمۇ

قاخشاتقۇچ دەرىجىدە تارقالدى ۋە بەلكى ئىش مۇنداق دەرىجىگە بېرىپ يەتتى: بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى گەرچە تېخى ئەنگلىيە دۆلەت جىياۋخۇيىغا ئوخشاش «بىرىنچى دەرىجىلىك مال» ھېساپلانمىسىمۇ، لېكىن سالاپەت جەھەتتە باپتىستلار مەزھىپى بىلەن دىگۈدەك تەڭ دەرىجىدە تۇرىدۇ، بەلكى «نىجاتلىق ئارمىيىسى»211نىڭ ئورنىدىن جەزمەن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەن ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق ئويلىدىم: بۇنداق ئەھۋالدا، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىق ئىدىيىسىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن ئېچىنغان ۋە لەنەت ئوقۇغان نۇرغۇن كىشىلەر، ئەگەر بۇ «يېڭى ئىدىيە»لەرنىڭ چەتئەلدىن كەلگەن مال ئەمەس ئىكەنلىكىنى، باشقا نۇرغۇن كۈندىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرىدىكىدەك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن دىگەن ماركىسى بار ئەمەسلىكىنى بەلكى شەك-شۈبھىسىز لوپەيزى ئەنگلىيە مېلى ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئەگەر برىتانىيىلىك ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ماڭغان يولى بۈگۈنكى كۈندىكى ئەۋلاتلىرىنىڭ مېڭىشقا جۈرئەت قىلغان يولىدىن كوپ ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇلار تەسەللى ئېلىپ قالار.

ھەقىقەتەن، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى (لانكا ۋىلايىتىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي سۆزى بىلەن ئېيتقاندا)① «ئۇياتچان» ۋېيۋۇجۇيى بولماي نىمە؟ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارىنىڭ تەبىەت قارىشى تامامەن ۋېيۋۇجۇيىلىق قاراش. پۈتۈن تەبىەت دۇنياسى قانۇنىيەتلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولىدۇ، ئۇ ھەرقانداق تاشقى ئارىلىششلارنى مۇتلەق چەتكە قاقىدۇ. بىراق،

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە: «(لانكا ۋىلايىتىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي سۆزى بىلەن ئېيتقاندا)» دىگەن سۆز ئېلىپ تاشلانغان. — تەھرىردىن

بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى، بىز مەلۇم دۇنيانىڭ سىرتىدا بىرەر ئالى مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى مۇئەييەنلەشتۈرەل-مەيمىز ياكى ئىنكار قىلالمايمىز، دەپ قوشۇپ قويىدۇ. بۇنداق سوز ئېھتىمال ناپولېون زامانىدا ئاز-تولا قىممەتكە ئىگە بولسا كېرەك، ئۇ چاغدا لاپلاس ناپولېوننىڭ سوئالىغا — نىمە ئۈچۈن بۇ ئۇلۇق تيەنۋېنشۇنا‌سنىڭ «ئاسمان جىسىملىرى لىشۇېسى»[212] دىگەن كىتاۋىدا ياراتقۇچى ھەتتا تىلغىمۇ ئېلىنمايدۇ دىگەن سوئالىغا، — مەغرۇر ھالدا: «مېنىڭ بۇ قىياسقا ھاجىتىم چۈشمىگەن ئىدى» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئەمما بۇگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئالەم تەرەق-قىياتى توغرىسىدىكى ئۇقۇمىمىزدا ياراتقۇچى ياكى خوجا بولغۇچىغا مۇتلەق ئورۇن يوق؛ ئەگەر كىشىلەر، پۈتۈن مەۋجۇت دۇنيانىڭ سىرتىغا قېقىپ چىقىرىلغان ئالى مەۋجۇدات بار، دەيدىغان بولسا، بۇنداق سوزنىڭ ئوزىدە زىددىيەت بولغان بولاتتى، بەلكى مېنىڭچە، بۇنىڭ ئوزى دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتلىرى ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئورۇنسىز ھاقارەت بولغان بولاتتى.

بىزنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارىمىزمۇ بىزنىڭ ھەممە بىلىمىمىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىز بىزگە بەرگەن مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىدىغانلىغىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق، ئۇ سەزگۇ ئەزالىرىمىزنىڭ بىزگە بەرگىنىنىڭ ئۇلار سەزگەن شەيئىلەرنىڭ توغرا ئىنكاسى ئىكەنلىگىنى بىز قانداق بىلىمىز؟ دەپ قوشۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىزگە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ: مەن شەيئىلەر ياكى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا سوزلىگە-نىمدە، مەن ئەمەلىيەتتە ئوزەم ھەقىقەتەن پەقەت بىلەلمەيدىغان بۇ شەيئىلەرنى ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى ئەمەس، بەلكى پەقەت بۇ

شەيئىلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مېنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمدا پەيدا قىلغان تەسىرىنىلا كۆزدە تۇتىمەن. ئۇزايىدىن بۇنداق كۆزقاراشنى دەلىل بىلەنلا رەت قىلىۋېتىش ھەقىقەتەن ناھايىتى تەستەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن دەلىلدىن بۇرۇن ھەرىكەت بولۇپ بولغان ئىدى. «دەسلەپ ھەرىكەت بولغان ئىدى»①. ئىنسانلارنىڭ پاراستى بۇ قىيىنچىلىقنى تېپىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان ئىدى. پۇددىڭنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يەپ بېقىش كېرەك. بىز ئۆزىمىز سەزگەن شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە بۇ شەيئىلەردىن پايدىلانغان ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ھېسسى سەزگۈمىزنىڭ توغرىلىقىنى ھەقىقىي ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىمىز. ئەگەر بۇ سەزگۈلەر خاتا بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇنداق شەيئىلەرنىڭ قانداق رولى بولۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكمىمىزمۇ مۇقەررەر ھالدا خاتا بولىدۇ، بىزنىڭ سىنىقىمىز بولسا مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ. لېكىن، ئەگەر بىز مەقسىتىمىزگە يەتسەك، ئەگەر شەيئىنىڭ بىزنىڭ شۇ شەيئى ھەققىدىكى ئىدىيىمىزگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن بىز مۆلچەرلىگەن ئۈنۈم ھاسىل بولغانلىقىنى بىلسەك، ئۇ ھالدا، بۇ **مۇشۇ دائىرىدە** بىزنىڭ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى سەزگۈمىزنىڭ بىزدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت تۇرغان رىياللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىجابىي ھالدا ئىسپاتلايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىمىزنى

① گېتې «فائۇستى» بىرىنچى قىسىم، 3 ـ كۆرۈنۈش («فائۇستىنىڭ كۇتۇپخانىسى»). — تەھرىردىن

بىلگەن ۋاقتىمىزدا، ئومۇمەن بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان سەۋەپلەرنى ھامان كوپ ئوتمەيلا تاپالايمىز؛ بىزنىڭ ھەركىتىمىز ئاساسلانغان سەزگۈنىڭ يا تولۇقسىز ۋە يۈزە بولغانلىقىنى، يا باشقا سەزگۈلەر نەتىجىسى بىلەن ناتوغرا ھالدا باغلانغانلىقىنى ھامان بىلىمىز — بۇنى كەمتۈك ئەقلىي يەكۈن دەپ ئاتايمىز[①]. پەقەت سەزگۈ ئەزالىرىمىزنى توغرا كوندۇرۇشكە ۋە ئىشقا سېلىشقا دىققەت قىلىدىغانلا بولساق ھەمدە ھەركىتىمىزنى توغرا شەكىللەنگەن ۋە توغرا ئىشقا سېلىنغان سەزگۈ چەكلىگەن دائىرىدە چەكلەيدىغانلا بولساق، ھەركىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنىڭ سەزگۈمىزنىڭ سېزىلگەن شەيئىنىڭ كېگۈەن تەبىئتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ھازىرغىچە، بىزنى مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا — ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ئوتكەن ھېسسى سەزگۈمىز كاللىمىزدا تاشقى دۇنيا توغرىسىدا تەبىئتى جەھەتتىن رىياللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىدىيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، دەپ، ياكى تاشقى دۇنيا بىلەن بىزنىڭ تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى ھېسسى سەزگۈمىز ئوتتۇرىسىدا تۇغما بىردەكلىك بولماسلىق مەۋجۇت، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىرەر مىسال يوق.

ئەمما، بۇ چاغدا يېڭى كانتىزىملىق بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارى ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى توغرا سېزەلىشىمىز مۇمكىن، بىراق بىز ھەرقانداق تۇيغۇ ياكى تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق ئۇزىدىكى

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «بۇنى كەمتۈك ئەقلىي يەكۈن دەپ ئاتايمىز» دىگەن سوز ئېلىۋېتىلگەن. — تەھرىردىن

نەرسىنى ئىگەللىيەلمەيمىز. بۇ «ئۆزىدىكى نەرسە» بىزنىڭ بىلە-
شىمىزنىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا گېگېل ئاللىقاچان
جاۋاپ بەرگەن ئىدى: ئەگەر سەن مەلۇم بىر شەيئىنىڭ بارلىق
خاراكتېرىنى بىلسەڭ، ئۇ هالدا، سەن شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىنىمۇ
بىلىسەن؛ بۇ چاغدا پەقەت يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شەيئى بىزدىن
تاشقىرىدا مەۋجۇت دىگەن پاكىتلا قالىدۇ؛ سېنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىڭ
سېنى بۇ پاكىتتىن خەۋەردار قىلغان چاغدا، سەن بۇ شەيئىنى
يەنى كانتنىڭ ئاتاقلىق بىلىشكە بولمايدىغان «ئۆزىدىكى نەرسە»
سىنى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋالىسەن. بۇنىڭغا مۇنۇنى قوشۇپ قويۇش
مۇمكىن: كانت ياشىغان زاماندا بىزنىڭ تەبەت دۇنياسىدىكى
شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىمىمىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن پارچە-پۇرات
ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر شەيئى توغرىسىدىكى ئازغىنا بىلىمى-
مىزنىڭ كەينىدە بىر خىل سىرلىق «ئۆزىدىكى نەرسە» مەۋجۇت
دەپ ئويلىشى تولىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ چۈشەنگىلى
بولمايدىغان شەيئىلەر پەننىڭ غايەت زور دەرىجىدە ئالغا بېسىشى
ئارقىسىدا بىر-بىرلەپ چۈشىنىۋېلىندى، تەھلىل قىلىندى، ھەتتا
**يېڭىۋاشتىن ياساپ چىقىلدى**؛ ئۆزىمىز ياساپ چىقالىغان نەرسىنى
بىلىشكە بولمايدۇ دەپ قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە. ئەسىرىمىزنىڭ
بىرىنچى يېرىمىدىكى خۇاشۇي ئۈچۈن ئورگانىك ماددىلار دەل ئەنە
شۇنداق سىرلىق نەرسىلەر ئىدى؛ ئەمدىلىكتە بىز ئورگانىك ماددى-
لارنى ئورگانىك جەريانىنىڭ ياردىمىگە تايانماي، ئورگانىك ماددى-
لارنىڭ خۇاشۇيلىك تەركىۋى بويىچە بىر-بىرلەپ ھاسىل قىلىشنى
ئۈگىنىۋالدۇق. يېقىنقى زامان خۇاشۇيشۇناسلىرى: مەيلى قانداقلا
جىسىم بولسۇن، ئۇنىڭ خۇاشۇيلىك تۈزۈلۈشى بىلىۋېلىنىدىغانلا

بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەركىۋى بويىچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، دەۋاتىدۇ. بىز ھازىر ئەڭ يۇقىرى ئورگانىك ماددا يەنى ئاقسىل جىسىمنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق تۇرىمىز؛ لېكىن، نەچچە ئەسىردىن كېيىنمۇ بۇنداق بىلىشكە يېتەلمەيمىز ھەم بۇنداق بىلىش بىلەن سۈنئىي ئاقسىل ياساپ چىقالمايمىز، دەپ ئېيتىشقا ئاساس يوق. ئەگەر بىز بۇنىڭغا يەتسەك، ئەينى ۋاقىتتا ئورگانىك ھاياتنى ياساپ چىققان بولىمىز، چۈنكى ھايات ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەكلىدىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى شەكلىگىچە ئاقسىل جىسىمنىڭ نورمال مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلىدىنلا ئىبارەت.

ئەمما، بىزنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارىمىز بۇ شەكىللەن ئىزاھلارنى بەرگەندىن كېيىن، دەرھال مۇكەممەل ۋېيۋۇجۇيىچىغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ ۋە ھەركەت قىلىدۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇمۇ ۋېيۋۇجۇيىچى. ئۇ ئېھتىمال مۇنداق دەيدىغاندۇ: **بىزگە** مەلۇم بولۇشىچە، ماددا ۋە ھەركەتنىڭ، ياكى ھازىرقى سۆز بويىچە، ئېنېرگىيىنىڭ يارىتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، يوقىتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار مەلۇم بىر چاغلاردا يارىتىلغان ئەمەس دەپ ئىسپاتلاشقا دەلىلىمىز يوق. بىراق، ئەگەر سەن مەلۇم بىر مۇئەييەن سورۇندا بۇنداق ئېقراردىن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن پايدىلانماقچى بولساڭ، ئۇ شۇ ھامان سېنىڭ ئاغزىڭنى ئاچۇرماي قويىدۇ. ئەگەر، ئۇ ۋېيلىڭلۇننىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشياڭ ھالدا ئېقرار قىلىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇ بۇنداق مۇمكىنلىكنى بىلىشنى كونكرېت ھالدا قىلچە خالىمايدۇ. ئۇ ساڭا مۇنداق دەر: بىلمىدىغانلىرىمىز ياكى بىلەلەيدىغانلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە خوجىسى مەۋجۇت ئەمەس؛ بىز ئۈچۈن

ئېيتقاندا، ماددا ۋە ئېنېرگىيىنىڭ يارىتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، يوقىتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؛ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تەپەككۇر ئېنېرگىيىنىڭ بىر خىل شەكلى، مېڭىنىڭ بىر خىل جۈنبىشى؛ بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىزنىڭ ھەممىسى مۇنۇ: ماددىي دۇنيا ئۆزگەرمەيدىغان قانۇنىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. شۇڭا، ئۇنىڭ **پەنگە** ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن، بەزى ئىشلارنى **بىلىدىغانلىقىدىن** ئېيتقاندا، ئۇ — ۋېيۋۇجۇيىچى؛ بىراق ئۇز پىنىنىڭ سىرتىدا، ئۆزى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ساھەلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىنى يۇنانچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى دەپ ئاتايدۇ.

مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، شۇنىسى ئېنىقتەك تۇرىدۇ: مەن بىر بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى بولغىنىمدىمۇ، روشەنكى، بۇ كىتاپچىدا بايان قىلىنغان تارىخ قارىشىنى «تارىخىي بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى» دەپ ئاتىيالمىغان بولاتتىم. دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر مەندىن كۈلگەن بولاتتى، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى غەزەپلەنگەن ھالدا: بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ دەپ سوراشقان بولاتتى. شۇڭا، ئەگەر مەن تارىخىي جەريان توغرىسىدىكى بىر خىل نۇقتىنەزەرنى — بارلىق موھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ چېكىگە يەتكەن سەۋەبى ۋە ئۇلۇق ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق- قىياتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى، بۇنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك سىنىپلارغا ئايرىلىشى ۋە بۇ سىنىپلارنىڭ ئۆزئارا كۈرىشى دەپ ھېساپلايدىغان نۇقتىنەزەرنى — باشقا نۇرغۇن تىللاردىكىگە

ئوخشاش، ئىنگلىز تىلىدىمۇ «تارىخىي ۋېيۇۋجۇيى» دىگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىگەن بولسام، ئۇ ھالدا، ئەنگلىيەدىكى سالاپەتلىك شەخسلەر① بولغان تەقدىردىمۇ بەك چوچۇپ كەتمەس.

ئەگەر مەن تارىخىي ۋېيۇۋجۇيىنىڭ ھەتتا ئەنگلىيەدىكى سالاپەتلىك شەخسلەر ئۇچۇنمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كورسەتسەم، ئۇ ھالدا، ئېھتىمال، كىشىلەر مېنى تېخىمۇ چۇشىنەر. مەن مۇنداق پاكىتنى — بۇنىڭدىن تەخمىنەن 40 ـ 50 يىل ئىلگىرى، ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ھەرقانداق بىر ئۇقۇمۇشلۇق چەتئەللىك ئوزى شۇ چاغدا مۇقەررەر ھالدا ئەنگلىيەدىكى سالاپەتلىك ئوتتۇرا سىنىپنىڭ دىنىي تەرسالىغى ۋە ئاخماقلىغى دەپ ھېساپلاپ تەئەججۇپلىنەتتى دىگەن پاكىتنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئەمدى مەن ئۇ چاغدىكى سالاپەتلىك ئەنگلىيە ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ بىلىملىك چەتئەللىكلەر ھېساپلىغاندەك ئۇنداق ئاخماق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمەن. بۇ سىنىپنىڭ دىنىي خاھىشىنىڭ ئوزىگە يارىشا سەۋەپلىرى بار.

ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىردىن چىققان ۋاقىتتا، يېڭى گۇللىنىۋاتقان شەھەر ئوتتۇرا سىنىپى② ياۋروپانىڭ ئىنقىلاۋىي ئامىلى ئىدى. ئۇ

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «سالاپەتلىك شەخسلەر» دىگەن سوزنىڭ كەينىدە: «نېمىسچە چاكىنا ئادەم دەپ ئاتىلىدىغانلار» دىگەن سوز بار. — تەھرىردىن

② نېمىسچە تەرجىمىسىدە مۇشۇ يەردىن تارتىپ، «يېڭى چىقىش نۇقتىسى......مۇرەسسە بولدى» دىگەن جۇملە باشلانغان ئابزاسقىچە (مۇشۇ كىتاپنىڭ 654 ـ بېتى)، ئېنگېلسنىڭ ‹middle class› [«ئوتتۇرا سىنىپ»]، ‹bourgeoisie› [«بۇرژۇئازىيە»] دىگەن سوزلىرى «شەھەر ئاھالىسى سىنىپى» (‹Bürgerthum›) دەپ تەرجىمە قىلىنغان؛ كېيىن بۇ سوزلەرنى ئېنگېلس يەنە «بۇرژۇئازىيە» (‹Bourgeoisie›) دەپ تەرجىمە قىلغان. — تەھرىردىن

ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق تەشكىلات ئىچىدە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئورۇنغا ئىگە بولدى، لېكىن بۇ ئورۇن ئۇنىڭ كېيىنكى قابىلىيىتى ئۈچۈنمۇ بەك تارلىق قىلىپ قالدى. ئوتتۇرا ئەسىردە يەنى **بۇرژۇئازىيىنىڭ** راۋاجلىنىشى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن سىغىشماي قالدى، شۇڭا، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ گۇمران بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

ئەمما فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ غايەت زور خەلقارا مەركىزى رىم كاتولىك جياۋخۇيى ئىدى. ئۇ پۈتۈن فېئوداللىق غەربىي ياۋروپانى (تۈرلۈك ئىچكى ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرسىمۇ) بىر زور سىياسى تىنى قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ جىددىي قىلىۋاتقان يۇنان پىراۋوسلاۋىيە مەزھىبىدىكىلەر ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن قارشىلاشتى. ئۇ فېئوداللىق تۈزۈمگە مۇقەددەس ئالەمەت بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەرتىۋە ــ دەرىجە تۈزۈمىنى فېئوداللىق ئۇسۇل بويىچە ئورناتتى، ئاخىردا، ئۇنىڭ ئۆزى تېخى تازا تەسىر كۆچكە ئىگە فېئودال لىگىجۇ بولۇپ، كاتولىك دۇنياسىنىڭ يەر مۈلكىنىڭ توپ ــ توغرا ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى. ئومۇمى فېئوداللىق تۈزۈمگە ھەر بىر مەملىكەتتە ھەر تەرەپتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس مەركىزي تەشكىلاتىنى پاچاقلاپ تاشلاش لازىم ئىدى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئوسۇشىگە ئەگىشىپ، يەنىمۇ زور دەرىجىدە گۈللەندى؛ تيەنۋېنشۇي، جىشيېشۇي، ۋۇلىشۇي، جىيپۇشۇي ۋە شېڭلىشۇي تەتقىقاتى يەنە يېڭىۋاشتىن باشلاندى. بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ۋۇلىلىق

خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە تەبەت كۈچلىرىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرىدىغان پەنگە مۇھتاج ئىدى. ھالبۇكى، بۇ كەمگىچە پەن پەقەت جياۋخۇينىڭ مومىن دىدىگىلا بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭغا دىنىي ئېتىقات بەلگىلەپ بەرگەن چەكتىن چىقىپ كېتىشكە يول قويۇلمايتتى، شۇڭا ئۇ زادىلا پەن ئەمەس ئىدى. ئەمدى پەن جياۋخۇيغا قارشى ئىسيان كوتەردى؛ بۇرژۇئازىيىگە پەن بولمىسا بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇ ئىسيانغا قاتناشماي تۇرالمىدى.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، گەرچە يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئوتتۇرا سىنىپنىڭ مەۋجۇت جياۋخۇي بىلەن مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇشىدىغانلىقى جەھەتتە ئىككىلا نۇقتىنى كورستىپ ئوتكەن بولسامۇ، لېكىن شۇنىڭ ئوزى: بىرىنچىدىن، رىم جياۋخۇينىڭ ھوقۇقىغا قارشى كۈرەشتە ئەڭ بىۋاستە مەنپەئەتدار سىنىپنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىكەنلىگىنى؛ ئىككىنچىدىن، شۇ چاغدا فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى ھەر بىر كۈرەشنىڭ چوقۇم دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىشىنىڭ لازىملىغىنى، چوقۇم ئالدى بىلەن تىغ ئۇچىنى جياۋخۇيغا قارىتىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. بىراق، ئەگەر، داشۆبېلەر ۋە شەھەر سودىگەرلىرى ئالدى بىلەن چاقىرىق چىقارغان، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، يېزا خەلق ئاممىسى يەنى دېخانلار ئىچىدە كۈچلۈك ئاۋازغا جەزمەن ئېرىشەتتى ۋە ھەقىقەتەن ئېرىشتى، دېخانلار ئوزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن، ئوزلىرىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ۋە پانى ئالەمدىكى فېوداللىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇرژۇئازىيىنىڭ فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك[1]

---

[1] نېمىسچە تەرجىمىسىدە «ئۇزاق مۇددەتلىك» ئەمەس، بەلكى «ئۇلۇق». — تەھرىردىن

كۈرىشى 3 قېتىملىق زور ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىغا يەتتى.

بىرىنچى قېتىمقىسى — گېرمانىيىدىكى ئاتالمىش دىن ئىسلاھاتى. ليۇتېرنىڭ جياۋخۇيغا قارشى چىقارغان جەڭگىۋار چاقىرىغى ئىككى قېتىملىق سىياسى خاراكتىرلىق قوزغىلاڭنى قوزغىدى: ئاۋالقىسى — فرانز فون زىجىنگېن رەھبەرلىگىدىكى توۋەن قاتلام ئاقسوڭەكلەرنىڭ قوزغىلىڭى (1523 - يىلى)، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى — 1525 - يىلدىكى ئۇلۇق دېخانلار ئۇرۇشى.213 ھەر ئىككى قېتىمقى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى، بۇ ئاساسەن ئەڭ مەنپەئەتدار گۇرۇھ يەنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ قەتئىيەتسىزلىگىدىن بولدى، — قەتئىيەتسىزلىكىنىڭ سەۋەپلىرىنى بۇ يەردە شەرھىلەپ ئولتۇرمايمىز. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، كۈرەش يەرلىك بەگلەر بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەت① ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە ئايلاندى، نەتىجىدە، گېرمانىيە سىياسى جەھەتتىن ئاكتىپ بولغان ياۋروپا دولەتلىرىنىڭ قاتارىدىن 200 يىلغىچە غايىپ بولدى. لىيۇتېرنىڭ دىن ئىسلاھاتى ھەقىقەتەن يېڭى ئەقىدىنى يەنى پادىشالىق - مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە لايىق كېلىدىغان دىننى ئورناتتى. گېرمانىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دېخانلار ليۇتېر دىننى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا ئەركىن كىشىلەردىن نۇكەرلەر دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى.

ئەمما، ليۇتېر مەغلۇپ بولغان جايدا كالۋىن غەلىبە قىلدى. كالۋىن ئەقىدىسى شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەڭ جەسۇر

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «مەركىزىي ھاكىمىيەت» ئەمەس، بەلكى «پادىشالىق مەركىزىي ھاكىمىيەت». — تەھرىردىن

كىشىلەرنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇنىڭ تەقدىرنىڭ يازمىشى توغرىسىدىكى تەلىماتى تۇۋەندىكى پاكىتنىڭ دىن جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىدى: سودا رىقابىتى دۇنياسىدا مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت شەخسنىڭ پائالىيىتىگە ياكى پاراسىتىگە باغلىق بولماستىن، ئۇنىڭ ئىلكىدە بولمىغان ئەھۋالغا باغلىق. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى بىرەر ئادەمنىڭ ئىرادىسى ياكى ھەركىتى ئەمەس، بەلكى نامەلۇم، ئەلا ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ ئىدارە قىلىشى؛ ئىقتىسادىي ئىنقىلاپ مەزگىلىدە، بارلىق كونا سودا يوللىرى ۋە سودا مەركەزلىرىنىڭ ئورنىنى يېڭىلىرى ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ھىندىستان ۋە ئامېرىكا قىتئەسى دۇنياغا ئېچىپ بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئەڭ مۇقەددەس ئىقتىسادىي ئەقىدە — ئالتۇن، كۈمۈچنىڭ قىممىتى — مۇ داۋالغۇشقا ۋە يىمىرىلىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، بۇنداق ئەھۋال بولۇپمۇ راست بولۇپ چىقتى. كالۋىننىڭ جياۋخۇيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي دېموكراتىك ۋە جۇمھۇرىيەتچىل ئىدى؛ خۇدا دۇنياسى جۇمھۇرىيەتلەشكەن جايدا ئىنسانىيەت دۇنياسى يەنىلا پادىشا، جۇجياۋ ۋە لىڭجۇلارغا بېقىندا بولۇپ قېلىۋېرەلەيتتىمۇ؟ گېرمانىيىنىڭ ليۇتېر دىنى بەگلەرنىڭ① قولىدىكى ئىتائەتچان قورالغا ئايلىنىپ قالغان چاغدا، كالۋىن دىنى گوللاندىيىدە جۇمھۇرىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ھەمدە ئەنگلىيىدە بولۇپمۇ شوتلاندىيىدە كۈچلۈك جۇمھۇرىيەتچى پارتىيىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق زور قوزغىلىڭى كالۋىن

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «بەگلەر» ئەمەس، بەلكى «گېرمانىيە ئۇششاق بەگلىرى». — تەھرىردىن

دىنىدىن ئۆزى ئۈچۈن تەييار نەزىرىيە تاپتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئەنگلىيىدە بولدى. قوزغىغۇچىلار شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا سىنىپ ئىدى، ئورۇنلىغۇچىلار بولسا يېزا رايونلىرىدىكى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلار بولدى. ناھايىتى قىزىق يېرى شۇكى، 3 قېتىملىق بۇرژۇئازىيە زور قوزغىلىشىنىڭ[1] ئۈچىلىسىدە جەڭگىۋار بۇدۇيىنى دېخانلار يەتكۈزۈپ بەردى، لېكىن غەلىبىدىن كېيىن بۇ غەلىبىنىڭ ئىقتىسادىي نەتىجىسى تۈپەيلىدىن مۇقەررەر ھالدا سۇنغان سىنىپمۇ دەل شۇ دېخانلار بولدى. كرومۋېلدىن كېيىن 100 يىل ئوتكەندە، ئەنگلىيىدە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلار پۈتۈنلەي دىگۈدەك قۇرۇپ كەتتى. قانداق بولسا بولسۇن، ئەگەر بۇنداق ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلار ۋە شەھەر **ئاددى خەلقى** بولمىغان بولسا، بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر ئۆزىلا كۈرەشنى ھەرگىز ئاخىرغىچە يەتكۈزەلمىگەن بولاتتى، كارل I نى كاللا كېسىدىغان مەيدانغا ھەرگىز ئېلىپ چىقمىغانمۇ بولاتتى[2]. بۇرژۇئازىيىنىڭ شۇ چاغدا پىشىپ بولغان ۋە پەقەت تېرىۋالسىلا بولىدىغان غالىبىيەت مېۋىلىرىنى بولسىمۇ ئېلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپنى بۇ مەقسەتتىن خېلى ئاشۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى، خۇددى 1793 - يىلى فرانسىيىدە ۋە 1848 - يىلى گېرمانىيىدە

---

[1] نېمىسچە تەرجىمىسىدە «قوزغىلاڭ» ئەمەس، بەلكى «ئىنقىلاپ». — تەھرىردىن

[2] نېمىسچە تەرجىمىسىدە بۇ جۈملە مۇنداق: «قانداق بولسا بولسۇن، دەل بۇنداق ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېخانلار ۋە شەھەر ئاددى خەلقى قاتناشقانلىقى ئۈچۈنلا كۈرەش ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى، كارل I كاللا كېسىدىغان مەيدانغا ئېلىپ چىقىلغان ئىدى. — تەرجىماندىن

بولغىنىغا ئوخشاش. بۇ، ئىش يۈزىدە، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

بۇنداق ھەددىدىن ئاشقان ئىنقىلاۋىي پائالىيەتتىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا خالى بولغىلى بولمايدىغان ئەكسىيەتچىلىك مۇقەررەر ھالدا يېتىپ كەلدى، بۇ ئەكسىيەتچىلىكمۇ ئۆزى داۋاملىشالايدىغان شۇ چەكتىن ئېشىپ كەتتى①. بىرقانچە قېتىملىق داۋالغۇشتىن كېيىن، يېڭى ئېغىرلىق مەركىزى ئاخىر تىكلەندى ھەمدە يېڭى چىقىش نۇقتىسى بولدى. ئەنگلىيە تارىخىدا سالاپەتلىك شەخسلەر② تەرىپىدىن «چوڭ توپىلاڭ» دەپ ئاتالغان شانلىق دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان كۆرەشلەر زىيۇداڭ پارتىيىسى تارىخشۇناسلىرى «شەرەپلىك ئىنقىلاپ»214 دەپ ئاتىغان بىرقەدەر ئەھمىيەتسىز ۋەقە بىلەن ئاياقلاشتى.

يېڭى چىقىش نۇقتىسى يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئوتتۇرا سىنىپ③ بىلەن بۇرۇنقى فېئودال پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە بولدى. كېيىنكىسى گەرچە ئاقسۆڭەكلەر دەپ ئاتالسىمۇ (خۇددى ھازىرقىدەك)، ئەمەلىيەتتە فرانسىيىدىكى لۇئى-فىلىپ خېلى ئۇزاق

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «ئۆزى داۋاملىشالايدىغان شۇ چەكتىن ئېشىپ كەتتى» ئەمەس، بەلكى «ئۆزىنىڭ مەقسىتىدىن ئېشىپ كەتتى». — تەھرىردىن

② نېمىسچە تەرجىمىسىدە «سالاپەتلىك شەخسلەر» ئەمەس، بەلكى «چاكىنا ئادەملەر». — تەھرىردىن

③ نېمىسچە تەرجىمىسىدە بۇ يەردە ۋە كېيىنكى بىرنەچچە جايدا ‹middle class› [«ئوتتۇرا سىنىپ»] دېگەن سۆزمۇ ‹bourgeoisie›غا ئوخشاشلا «بۇرژۇئازىيە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. — تەھرىردىن

ۋاقىتتىن كېيىنلا ئايلانغان «پادىشالىقنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى
بۇرژۇئازلىرى» دېگەن يونۇلۇشكە قاراپ بۇرۇنلا ماڭغان ئىدى.
ئەنگلىيىنىڭ بەختىگە يارىشا، كونا فېئودال بەگلەر ئەتىرگۈللەر
ئۇرۇشىدا[215] بىر بىرىنى قىرىپ تاشلاشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ
ۋارىسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كونا ئائىلىلەرنىڭ ئەۋلادى
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پۈشتى بولۇشتىن قالغىنىغا ناھايىتى
ئۇزاق بولغان ئىدى، ھەتتا يېپ-يېڭى گۇرۇھنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن
ئىدى، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە خاھىشلىرى فېئودالچە بولغاندىن
كۆرە، بۇرژۇئازىيىچە ئىدى. ئۇلار پۇلنىڭ قەدرى-قىممىتىنى
ئوبدان بىلەتتى، بەلكى يەر ئىجارىسىنى كۆپەيتىشكە دەرھال
كىرىشكەن ئىدى، چارىسى يۈزلىگەن ئۇششاق ئىجارىكەشلەرنى
قوغلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قويىنى دەسسىتىش بولدى. ھېنرى
VIII جىياۋخۇيىنىڭ يەرلىرىنى مەرتلىك بىلەن بولۇشىغا بىر تەرەپ
قىلىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى بۇرژۇئا پومېششىكلارنى پەيدا قىلدى؛
ئەمەلدارلارغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن چوڭ يەر مۈلكىنى كۆپلەپ
مۇسادىرە قىلىپ بىردىنلا كۆتىرىلگەن كىشىلەرگە ياكى يېرىم بىردىنلا
كۆتىرىلگەن كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىپ بېرىش ئەھۋالىنىڭ پۈتۈن
17 ـ ئەسىردە ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئەنە شۇنداق نەتىجىنى
پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېنرى VIIدىن بۇيان ئەنگلىيە
«ئاقسۆڭەكلىرى» سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا قارشى
تۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ۋاستىلىك ھالدا ئاردىن نەپ
ئېلىشقا تىرىشتى؛ شۇنىڭدەك شۇنداق بىر قىسىم چوڭ پومېششىكلار
دائىم چىقىپ تۇراتتىكى، ئۇلار ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي سەۋەپلەر
تۈپەيلىدىن، پۇل مۇئامىلىسى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋە سانائەت

بۇرژۇئازىيىسىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايتتى. شۇنداق قىلىپ، 1689 ـ يىلدىكى مۇرەسسە ناھايىتى ئاسانلا ئەمەلگە ئاشتى. «مۇئاش ۋە مەنسەپ»① كە ئوخشاش سىياسى جەھەتتىكى ئۇرۇش غەنىمەتلىرى چوڭ يومشىشىك ئائىلىلىرىگە بېرىلدى، ئۇنىڭ شەرتى پۇل مۇئامىلىسى، سانائەت ۋە سودىدىكى ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە تولۇق ئېتىۋار بېرىش بولدى. بۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر شۇ چاغدا دولەتنىڭ ئومۇمى سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان دەرىجىدە كۈچەيگەن ئىدى. ئۇششاق ـ چۈششەك مەسىلىلەردە ئېھتىمال تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ تۇرسا كېرەك، ئەمما ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاقسوڭەك گۇاتۇلار ئوزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنىڭ سودا ـ سانائەت ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشى بىلەن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان باغلىنىشى بارلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بۇرژۇئازىيە ئەنگلىيە ھوكۇمران سىنىپىنىڭ كىچىككىنە لېكىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر قىسمىغا ئايلاندى. مەملىكەت ئىچىدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئېزىش جەھەتتە، ئۇ ھوكۇمران سىنىپىنىڭ باشقا قىسمى بىلەن ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە ئىدى. سودىگەر ياكى زاۋۇت ئىگىسىنىڭ ئوزى ئوز پىركازچىكلىرىغا، ئىشچىلىرىغا ۋە مالايلىرىغا نىسبەتەن خوجايىنلىق ئورنىدا تۇراتتى، ياكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئېيتىلىپ كەلگەندەك، «تەبىي باشلىق» ئورنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇمكىن

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «مۇئاش ۋە مەنسەپ» ئەمەس، بەلكى «مەنسەپ، شىيەنچەي، يۇقۇرى مۇئاش». — تەھرىردىن

قەدەر كوپرەك ۋە مۇمكىن قەدەر ياخشىراق ئەمگەككە ئېرىشىش ئىدى؛ بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئۇلارنى ناھايىتى ئىتائەتچان ـ مومىن قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئوزى دىنغا ئېتىقات قىلاتتى، ئۇنىڭ دىنى پادىشانى ۋە ئاقسوڭەكلەرنى يېڭىشنىڭ بايرىغى قىلىنغان ئىدى؛ كوپ ئوتمەي ئۇ ئوزىنىڭ تەبىي قارىمىغىدىكىلەرنىڭ روھىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئوزلىرىنىڭ ئۈستىگە خۇدا تەرىپىدىن قويۇلغان خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنىدىغان قىلىشتا ئەنە شۇ دىندىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. قىسقىسى، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى بۇ چاغدا «تۆۋەن تەبىقە»نى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنى باستۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ بىرى دىنىنىڭ تەسىرى بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىشمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي خاھىشىنى ئوستۇرۇپ قويدى. ئۇ بولسىمۇ ۋېيۇۋجۇيىنىڭ ئەنگلىيىدە ئەۋج ئېلىشى ئىدى. بۇ يېڭى① تەلىمات ئوتتۇرا سىنىپنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا قاتتىق تېگىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئوزىنىڭ دۇنيادىكى ئالىملارغا ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگىلا لايىق كېلىدىغان پەلسەپە ئىكەنلىكىنى، بۇرژۇئازىيىنى ئوز ئىچىگە ئالغان تەربىيە كورمىگەن ئاممىغا لايىق كېلىدىغان دىندىن زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خوببېس بىلەن بىللە، بۇ تەلىمات ھەممىدىن ئەلا بولغان پادىشا ھاكىمىيىتىنى قوغدىغۇچى سۇپىتىدە سەھنىگە چىقتى

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «يېڭى» دېگەن سوزنىڭ كەينىدە: «خۇداسىزلىق نەزەرىيىسى» دېگەن سوز بار. — تەھرىردىن

ھەمدە بۇ قاۋۇل ئەمما نىيىتى يامان يىگىتنى[216] يەنى خەلقنى باستۇرۇشقا پادىشالىق ـ مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى چاقىردى. شۇنداقلا، خوبىسنىڭ داۋامچىسى بولىنبوروك، شېفتسبېرىي قاتارلىقلاردا ۋىيىۋوجۇيىنىڭ يېڭى زىرەنشىنلۇن شەكلى يەنىلا ئاقسوڭەكچە، مەخپى تەلىمات بولۇپ قېلىۋەردى، دېمەك، ۋىيىۋوجۇيى شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئۈچ كورۇشىگە ئۈچرىدىكى، ئۇ ھەم دىنغا يات ئىدى، ھەم ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى سىياسى باغلىنىشلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئاقسوڭەكلەر ۋىيىۋوجۇيىسىنىڭ ۋە زىرەنشىنلۇنىنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا سىنىپنىڭ ئاساسىي جەڭگىۋار كۈچىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ بىرىپ تۇردى ھەمدە بۇگۈنكى كۈندىمۇ «ئۇلۇق زىيۇداڭ» پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي تايانچىسى بولۇپ تۇرماقتا.

بۇ چاغدا ۋىيىۋوجۇيى ئەنگلىيىدىن فرانسىيىگە يېتىپ باردى، ئۇ ئۇ يەردە يەنە بىر ۋىيىۋوجۇيىلىق پەلسەپە ئېقىمىنى يەنى دېكارت ئېقىمىنىڭ[217] بىر تارمىقىنى ئۇچراتتى ۋە بۇ ئېقىم بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. فرانسىيىدىمۇ ۋىيىۋوجۇيى دەسلەپتە پۈتۈنلەي ئاقسوڭەكچە تەلىمات ئىدى. لېكىن كوپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقى زاھىر بولدى. فرانسىيە ۋىيىۋوجۇيىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدىنى دىنىي ئېتىقات مەسىلىسى بىلەن چەكلەپ قويمىدى؛ ئۇلار تەنقىتنى ئۆزلىرى ئۇچراتقان ھەر بىر ئىلمىي ئەنئەنە ياكى سىياسى مۇئەسسەسىگىچە كېڭەيتتى؛ ئۆز تەلىماتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا ئۇلار ئەڭ ئاسان يولنى تاللىدى: ئۇزلىرىنىڭ داڭقىنى چىقارغان چوڭ ئەسەر «بەيكې چۈەنشۇ»دا

ئۇلار بۇ تەلىماتنى بىلىمىنىڭ جىمىكى دۆيشىياگىلىرىغا دادىللىق بىلەن تەتبىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋېيۇۇجۈيى ئۆزىنىڭ ئىككى خىل شەكلىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكلى — ئاشكارا ۋېيۇۇجۈيى ياكى زىرەنشېنلۇن شەكلى بىلەن، فرانسىيەدىكى بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق ياشلارنىڭ ئەقىدىسى بولدى. ئۇنىڭ تەسىرى شۇنچە غايەت زور بولدىكى، ئەنگلىيە باۋخۇاگداگدىن تورلىپ چىققان بۇ تەلىمات، زور ئىنقىلاپ پارتلىغان چاغدا، فرانسىيە جۇمهۇرىيەتچىلىرىگە ۋە تېرورچىلىرىغا نەزىرىيىۋى بايراق بولدى ۋە «كىشىلىك هوقۇقى خىتاپنامىسى»[218] ئۈچۈن كۆپىيە بولدى.

فرانسىيە زور ئىنقىلاۋى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق قوزغىلىشى بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرىنچى قېتىم دىنىي تون پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلانغان ۋە جەڭ قىلچە نىقاپلانمىغان سىياسى سەپتە ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭ بولدى؛ بۇ شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم كۆرەش ھەقىقى تۇردە ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىلىپ، جەڭ قىلغۇچى تەرەپلەرنىڭ بىرى يەنى ئاقسۆڭەكلەر يوقىتىلغان، يەنە بىرى يەنى بۇرژۇئازىيە بولسا تولۇق غەلىبە قازانغان قوزغىلاڭ بولدى. ئەنگلىيەدە ئىنقىلاپتىن ئاۋالقى ۋە ئىنقىلاپتىن كېيىنكى تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى، پومىششىكلار بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە ئەرز - شىكايەت تەرتىپلىرىنىڭ داۋاملىق تەتبىق قىلىنغانلىقى ۋە فېوداللىق قانۇن شەكىللىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىك بىلەن ساقلاپ قېلىنغانلىقى جەھەتتە ئىپادىلەندى. فرانسىيەدە ئىنقىلاپ ئوتمۇشتىكى ئەنئەنىلەردىن ئالاقىنى تامامەن ئۈزدى؛ ئۇ فېوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنى تازىلىدى ۋە ھەق تەلەپ فادىيەنىدە[219] قەدىمقى رىم قانۇنىنى — ئۇ ماركس شاگپىن

ئىشلەپچىقىرىش دەپ ئاتىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنى مۇكەممەل دىگۇدەك ئىپادىلىگەن ئىدى — ھازىرقى زامان كاپىتالىزىم شارائىتىغا ئۇيغۇن بىلەن قوللاندى؛ ئۇ شۇنداق ئۇيغۇن بىلەن قوللاندىكى، فرانسىيىنىڭ بۇ ئىنقىلاۋىي فادىيەنى تا ھازىرغىچە ئەنگلىيىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان باشقا بارلىق مەملىكەتلەردە مۇلۇك قانۇنى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا ئاساسلىنىدىغان ئۈلگە بولۇۋاتىدۇ. بىراق شۇنى ئۇنۇتۇماسلىقىمىز كېرەككى، گەرچە ئەنگلىيىنىڭ قانۇنلىرى كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىلا ياۋايى - فېودالىق تىلدا ئىپادىلەۋاتقان بولسىمۇ — بۇنداق تىلنىڭ ئۇنىڭ ئۇزى ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئۇيغۇن كېلىشى خۇددى ئىنگلىزچىنىڭ يېزىلىشى ئىنگلىزچىنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئۇيغۇن كەلگىنىگە ئوخشاش (بىر فرانسۇز: سىلەر لوندون دەپ يېزىپ، ئىستامبۇل دەپ ئوقۇيسىلەر، دەپتە-كەن) — لېكىن پەقەت مۇشۇ ئەنگلىيە قانۇنلىرىلا قۇرۇقلۇقتا پادىشالىق-مۇستەبىتلىك تۈزۈم دەۋرىدە يوق بولۇپ كەتكەن ۋە تا ھازىرغىچە ھېچقانداق جايدا تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن شەخس ئەركىنلىكى، يەرلىك ئاپتونومىيە ۋە فاتىگىنىڭ مۇداخىلىسىدىن باشقا ھېچقانداق مۇداخىلىگە ئۇچرىمايدىغان مۇستەقىللىقنى يەنى قەدىمقى گېرمان ئەركىنلىگىنىڭ جەۋھەر قىسمىنى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا ساقلاپ كەلدى ھەمدە ئۇلارنى ئامېرىكا قىتئەسىگە ۋە ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرگە كوچۇردى.

يەنىلا ئۇزىمىزنىڭ ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىغا قايتايلى. فرانسىيە ئىنقىلاۋى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ياخشى بىر پۇرسەت بېرىپ، ئۇنى قۇرۇقلۇقتىكى پادىشالىق دولەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا

فرانسيىنىڭ دېڭىز سودىسىنى بۇزۇش، فرانسيىنىڭ مۇستەملىكە-لىرىنى قوشۇۋېلىش ھەمدە فرانسيىنىڭ دېڭىزدا خوجىلىق تالىشىش يولىدىكى قارا نىيىتىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئۇنىڭ فرانسىيە ئىنقىلاۋىغا قارشى كۈرەش قىلىشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولدى. يەنە بىر سەۋەپ شۇ بولدىكى، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ ئۇسۇلى ئۇنىڭ دىتىغا ھېچ ياقمىغان ئىدى. بۇ ھال بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ «يىرگىنىشلىك» تېرورلۇق سىياسىتە-دىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ بۇرژۇئا ھوكۇمرانلىغىنى ئاخىرقى چەككە ماڭغۇزۇشقا ئۇرۇنغانلىغىدىنمۇ بولدى. ئەنگلىيە بۇرژۇئازى، ئەگەر ئۆز مەملىكىتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا كىشلەرگە ئاقسۆڭەكلەرچە مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا يېڭى كەپىياتلارنى يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا مەملىكەت ئىچىدىكى تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى جۈنگۈەنلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرمىگەن بولسا، مۇستەملىكىلەرنى، يېڭى تاشقى بازارلارنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن دېڭىز ئارمىيىسى جۈنگۈەنلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرمىگەن بولسا، نىمە قىلالايتتى؟ دەرۋەقە، بۇرژۇئازىيە ئىچىدىمۇ ئاز ساندا تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلار مۇرەسسەدىن ئانچە چوڭ نەپ ئالمىغان ئىدى؛ بۇ كىشىلەر ئاساسەن ئانچە دولەتمەن بولمىغان ئوتتۇرا سىنىپ ئىدى، ئۇلار بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپقا ھېسداشلىق قىلاتتى[220]، لېكىن يىغىۋىدا تەسىر كۈچى يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەگەر، ۋېيىۋۈجۈيى فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئەقىدىسى بولدى، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، خۇدادىن تەپ تارتىدىغان ئەنگىلىيە بۇرژۇئازى ئۆز دىنىغا تېخىمۇ مەھكەم ئېسىلىۋالدى.

پارىژدىكى تېرورلۇق دەۋرى ئاممىنىڭ دىنىي تەبىي ئىقتىدارى يوقالغان ھامان قانداق ئەھۋال بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىمىدىمۇ؟ ۋېيىۋۇجۇيى فرانسىيىدىن خوشنا مەملىكەتلەرگە تارقالغانسېرى، بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرلۇك نەزىرىيىۋى ئىدىيە ئېقىمىنىڭ بولۇپمۇ گېرمانىيە پەلسەپىسىنىڭ قوللىنىشىغا ئىگە بولغانسېرى، ۋېيىۋۇجۇيى ۋە ئەركىن پىكىر قۇرۇقلۇقتا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ھەر بىر ئۇقۇمۇشلۇق كىشى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتكە ھەقىقى ئايلانغانسېرى ئەنگىلىيىدىكى ئوتتۇرا سىنىپ ئۇزىنىڭ ھەر خىل-ھەر ياڭزا دىنىي ئەقىدىلىرىگە تەرسالىق بىلەن يېپىشىۋېلىۋەردى. بۇ ئەقىدىلەر بىر بىرىدىن ھەرقانچە پەرق قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كورۇنۇپ تۇرغان دىنىي ئەقىدىلەر، خىرىستىيان دىنىي ئەقىدىلىرى ئىدى.

ئىنقىلاپ فرانسىيىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۇرگەن چاغدا، ئەنگىلىيىدە ۋات، ئاكرەي، كاترەت ۋە باشقىلار سانائەت ئىنقىلاۋىنى باشلىۋەتتى، بۇ ئىنقىلاپ ئىقتىسادىي كۇچلەرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى پۈتۈنلەي يوتكىۋەتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ بايلىقى يەر ئاقسوڭەكلىرىنىڭ بايلىقىغا قارىغاندا كوپ دەرىجىدە تېز ئاشتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پۇل مۇئامىلىسى ئاقسوڭەكلىرى، بانكا ئىگىلىرى ۋە باشقىلار بارغانسېرى زاۋۇت ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئارقىغا تاشلىنىۋەردى. 1689 - يىلدىكى مۇرەسسە، ھەتتا پەيدىن - پەي بۇرژۇئازىيىگە پايدىلىق بولىدىغان تۇزىتىشلەر كىرگۇزۇلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ مۇرەسسەگە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۇچ سىلىشتۇرمىسىغا ئەمدى ئۇيغۇن كەلمەي قالدى. بۇ قاتناشقۇچىلارنىڭ خاراكتېرىمۇ ئۆزگەردى؛ 1830 - يىلدىكى

بۇرژۇئازىيە ئالدىنقى ئەسىردىكى بۇرژۇئازىيىگە زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى. يەنىلا ئاقسوڭەكلەر قولىدا قېلىپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئاقسوڭەكلەر تەرىپىدىن يېڭى سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قارا نىيەتـ لىرىگە قارشى ئىشلىتىلىۋاتقان سىياسى ھاكىمىيەت يېڭى ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن سىغىشالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسوڭەكلەرگە قارشى بىر قېتىم يېڭى كۈرەش ئېلىپ بېرىش لازىم بولدى؛ بۇ كۈرەش پەقەت يېڭى ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەنلا ئاياقلىشىشى مۇمكىن ئىدى. ئالدى بىلەن، 1830 ـ يىلدىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ھەممە قارشىلىقلارغا قارىماي، ئىسلاھات قائەنى[221] ماقۇللاندى. بۇ ھال بۇرژۇئازىيىنى يىغۇيدا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە قۇدرەتلىك بولغان ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق قانۇنلىرى بىكار قىلىندى، بۇ ھال بۇرژۇئازىيىنىڭ بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ھەركەتچان قىسمى يەنى زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ يەر ئاقسوڭەكلىرىگە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكىنى مەڭگۈ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭ ئۆزى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەڭ زور غەلىبىسى بولدى؛ شۇنداقتىمۇ بۇ مەخسۇسلا ئۆز مەنپەئەتى يولىدا قازانغان ئەڭ ئاخىرقى بىر غەلىبىسى بولدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشكەن ھەرقانداق بىر غەلىبىدىن بىر يېڭى ئىجتىمائىي كۈچ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇ يېڭى ئىجتىمائىي كۈچ دەسلەپ ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى، لېكىن كوپ ئۆتمەي ئۇنىڭ مۇخالىپى بولۇپ قالدى.

سانائەت ئىنقىلاۋى يىرىك سانائەت كاپىتالىستلىرى سىنىپىنى ياراتتى، ئەمما ئادەم سانى ئۇنىڭدىن ناھايىتى كوپ ئېشىپ چۈشىدىغان سانائەت ئىشچىلىرى سىنىپىنىمۇ ياراتتى. بۇ سىنىپ،

سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ سانائەت تارماقلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئىشغال قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەم سانى جەھەتتىن ئۇزلۇكسىز كوپىيىۋەردى؛ شۇنداقلا ئادەم سانىنىڭ كوپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كۇچىمۇ ئاشتى. بۇ كۇچ 1824 - يىلىلا ئوزىنى كورسەتتى، شۇ چاغدا ئۇ يىغۇينى ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشىنى مەنئى قىلىدىغان قانۇننى ئىلاجسىز بىكار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى[222]. ئىسلاھات ھەركىتىدە ئىشچىلار ئىسلاھاتچىلارنىڭ رادىكال قانىتى بولدى؛ 1832-يىلدىكى فائەن ئۇلارنى سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان چاغدا، ئۇلار ئوز تەلەپلىرىنى خەلق شيەنجاڭىغا[223] كىرگۇزدى ھەمدە بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇدرەتلىك ئاشلىق قانۇنلىرىغا قارشى ئىتتىپاقى[224] بىلەن قارشىلىشىش ئۇچۇن، بىر مۇستەقىل پارتىيە يەنى شيەنجاڭچىلار پارتىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ يېقىنقى زاماندىكى تۇنجى ئىشچىلار پارتىيىسى ئىدى.

كېيىن، قۇرۇقلۇقتا 1848 - يىل 2 - ۋە 3 - ئايلاردا ئىنقىلاپلار بولدى، بۇ ئىنقىلاپلاردا ئىشچىلار ناھايىتى موھىم رول ئوينىدى، بەلكى، ھېچ بولمىغاندا، پارىژدا كاپىتالىستىك جەمىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئومۇميۇزلۇك ئەكسىيەتچىلىك باشلاندى. ئاۋال، 1848 - يىل 4-ئاينىڭ 10-كۇنى شيەنجاڭچىلار مەغلۇپ بولدى؛ كېيىن، شۇ يىلى 6 - ئايدا پارىژ ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، 1849 - يىلى ئىتالىيە، ۋېنگرىيىلەردە ۋە گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدا بەختسىزلىك ۋەقەلىرى بولدى؛ ئاخىردا، 1851 - يىل 12-ئاينىڭ 2-كۇنى لۇئى بوناپارت پارىژنى يەڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەلەپلىرىنىڭ

ھەيۋىسى ھېچ بولمىغاندا قىسقا ۋاقىتقىچە بولسىمۇ بېسىۋېتىلدى، لېكىن ئەرزەنگە چۈشمىدى! ئەگەر، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيى ئىلگىرى ئاددىي خەلققە دىنىي كەيپىياتنى ساقلاتقۇزۇشنىڭ زورۇرلۇقىغا چۈمپۈتكەن، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بۇنداق زورۇرىيەتنى قايسى دەرىجىدە جەزمەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلغاندۇ؟ ئۇ قۇرۇقلۇقتىكى بۇرادەرلىرىنىڭ زاڭلىق قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ھەر يىلى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن پۇلنى تۆۋەن تەبىقە ئارىسىدا ئىنجىلنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتىگە داۋاملىق سەرپ قىلىۋەردى؛ ئۇ ئۆز مەملىكىتىدىكى دىنىي ئورگانلار بىلەن قانائەتلەنمەي، شۇ چاغدا دىنىي سېتىقچىلىقنىڭ ئەڭ زور تەشكىلاتچىسى بولغان «جوناسىن ئاكا»دىنمۇ مەدەت تىلىدى، ئامېرىكىدىن خىرىستوسنى تىرىلدۈرگۈچىلەرنى[225]، مۇدى ۋە سانكى قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى؛ ئاخىردا ئۇ يەنە «نىجاتلىق ئارمىيىسى»نىڭ خەتەرلىك ياردىمىنىمۇ قوبۇل قىلدى، «نىجاتلىق ئارمىيىسى» دەسلەپكى خىرىستىيان دىنىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كەمبەغەللەرنى خۇدانىڭ تاللىۋالغان بەندىلىرى دەپ قارىدى، كاپىتالىزىمغا دىنىي ئۇسۇل بىلەن قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى خىرىستىيان دىنىنىڭ سىنىپىي دۈيكاڭلىق ئامىللىرىنى ئۆستۈرۈپ قويدى، بۇ ھازىر مۇشۇ جەھەتتە نەق پۇل سەرپ قىلىۋاتقان بايلارغا ئاخىر بىر كۈن پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

ئۆزايىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر مەملىكەتتە ھاكىمىيەتنى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىدەك تەنھا ئۆزى — ھېچ بولمىغاندا ئۇزاق مەزگىل — ئىگەللەپ تۇرالماسلىغى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىدەك تۇرىدۇ. فېئوداللىق تۈزۈم

پۈتۈنلەي يوقىتىلغان فرانسىيىدىمۇ، بۇرژۇئازىيە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ھاكىمىيەتنى پەقەت ناھايىتى قىسقا مەزگىللىكچە تولۇق ئىگەللەپ تۇردى. لۇئى-فىلىپپ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە يەنى 1830 — 1848 - يىللاردا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى پادىشالىق دولەتكە ھوكۇمرانلىق قىلدى، زور كوپ قىسمى بولسا يۇقۇرى ئولچەملىك سايلام سالاھىيىتىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئىدى. ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە يەنى 1848 — 1851 - يىللاردا، پۈتۈن بۇرژۇئازىيە دولەتكە ھوكۇمرانلىق قىلدى، لېكىن بۇ ئاران 3 يىل داۋام قىلدى؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ئىككىنچى دىگونى ئېلىپ كەلدى. پەقەت ھازىر، ئۈچىنچى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە، بۇرژۇئازىيە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ھاكىمىيەتنى 20 يىلدىن كوپرەك ۋاقىت ئىگەللەپ تۇردى؛ لېكىن ئۇ خاراپلاشقانلىقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ئېنىق كورسەتتى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھوكۇمرانلىقى پەقەت ئامېرىكىغا ئوخشاش فېوداللىق تۈزۈم ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بەلكى جەمىيەت باشتىلا بۇرژۇئازىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان مەملىكەتتىلا مۇمكىن ئىدى. ئەمما ھەتتا فرانسىيە بىلەن ئامېرىكىدىمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋارىسى — ئىشچىلار ئىشىك قاقماقتا.

ئەنگلىيىدە بۇرژۇئازىيە ھېچقاچان تولۇق ھاكىمىيەتنى ئىگەللەپ باققان ئەمەس. ھەتتا 1832 - يىلدىكى غەلىبىمۇ ھوكۇمەتنىڭ جىمىكى يۇقۇرى ئەمەللىرىنى يەنىلا يەر ئاقسوڭەكلىرىنىڭ بىر ئۆزىگە دىگۈدەك تۇتقۇزۇپ قويدى. دولەتمەن ئوتتۇرا سىنىپنىڭ بۇنىڭغا قارىتا بىلدۈرگەن مۇلايىم پوزىتسىيىسىنى زىيۇداڭ پارتىيىسىدىن

بولغان چوڭ زاۋۇت ئىگىسى ۋ. ئى. فوستېر ئەپەندى ئاشكارا نۇتۇق سوزلىگەنگە قەدەر چۈشىنەلمەي كەلگەن ئىدىم. فوستېر ئەپەندى شۇ نۇتقىدا بىرىدفورد ياشلىرىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن، فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى ۋە ئوز تەجرىبىسىنى شىپى كەلتۇرۇپ، ئوزىنىڭ يېڭي داچىنى سۇپىتىدە فرانسۇزچە سوزلەش ھېچ بولمىغاندا ئىنگلىزچە سوزلەش بىلەن ئوخشاشلا زورۇر بولغان ئىجتىمائى سورۇنغا كىلىپ ـ كېتىپ تۇرۇشى لازىم بولغان چاغدا ئاجايىپ ئوسال بولۇپ قالغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى! دەرھەقىقەت، شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە ئوتتۇرا سىنىپى ئادەتتە پۈتۈنلەي تەربىيە كورمىگەن بىردىنلا كوتىرىلگەنلەر ئىدى، ئۇلار ھوكۇمەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەللىرىنى ئاقسوڭەكلەرگە بەرمەسلىككە ئىلاجى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ يەردە زورۇر بولغىنى سودىگەرچە-لىك ئەپچىللىكى ھىدى قوشۇلغان ئارال دولتىلىك تارلىق ۋە ئارال دولتىلىك چوڭچىلىق ئەمەس، بەلكى باشقا شەرتلەر ئىدى.① ھەتتا ھازىر گېزىتلەردە ئوتتۇرا سىنىپنىڭ تەربىيىسى

① ھەتتا سودىدىمۇ مىللى شوۋىنىزىملىق چوڭچىلىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشمۇ ئىشنى بۇزىدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، ئاددى ئىنگلىز زاۋۇت ئىگىسى ئىنگلىزلارنىڭ ئوز تىلىدا سوزلىمەي، چەتئەل تىلىدا سوزلىشىنى سەتچىلىك دەپ بىلەتتى، بەلكى ئۇ چەتئەللىك «بىچارىلەر» ئەنگلىيىگە كوچۇپ كىلىپ، ئوزىنى مەھسۇلاتلارنى چەتئەللەرگە چىقىرىپ سېتىش ئاۋارىچىلى-غىدىن خالاس قىلغانلىغىنى كورگىنىدە، خىلىلا مەغرۇرلىناتتى. ئۇ بۇ چەتئەل-لىكلەر (تولىسى نېمىسلار)نىڭ بۇنىڭ ئارقىسىدا ئەنگلىيە تاشقى سودىسىنىڭ (مەيلى جىنكۇ ياكى چۈكۈ بولسۇن) ناھايىتى زور بىر قىسمىنى تىزگىنلىۋال-غانلىغىنى، ئىنگلىزلارنىڭ بىۋاستە تاشقى سودىسى بولسا پەقەت مۇستەمىلى-

توغرىسىدا توختىماي بولۇۋاتقان مۇنازىرىمۇ ئەنگلىيە ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ يەنىلا ئۆزىنى ئەڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشقا مۇناسىپ ئەمەس دەپ ھېساپلايدىغانلىغىنى ۋە ئۆزىگە بىرەر كەمتەررەك نەرسە ئىزلىگەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەتتا ئاشلىق قانۇنلىرى بىكار قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئەشۇ غەلىبە قازانغان كىشىلەرنىڭ، كوبدېنلار، برېيتلار، فوستېرلار ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەتكە ھوكۇمرانلىق قىلىشقا رەسمى قاتنىشالمىغانلىغى، تاكى 20 يىلدىن كېيىن، يېڭى ئىسلاھات فائەنلا[226] ئۇلارغا نېيگېنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەنلىگى ناھايىتى تەبىدەك تۇرىدۇ. تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىدۇ، بارلىق تەنتەنىلىك سورۇنلاردا مىللەتكە سالاپەت بىلەن ۋەكىللىك قىلسۇن دەپ، پەدەز ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بىكار تەلەپ تەبىقىنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ پۇلى بىلەن بېقىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىرەر ئادەم، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بۇ

---

كىلەر، جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەنلا دىگۇدەك چەكلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىغىنى زادى بايقىمىدى. ئۇ بۇ نېمىسلارنىڭ چەتئەللەردىكى باشقا نېمىسلار بىلەن سودا قىلغانلىغىنى، كېيىنكىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېيىلغان مۇكەممەل سودا مۇستەملىكىسى تورىنى پەيدىن-پەي ئۇيۇشتۇرغانلىغىنىمۇ بايقىمىدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 40 يىل ئىلگىرى، گېرمانىيە ئىخلاس بىلەن چوڭ شاكىلىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، بۇ سودا مۇستەملىكىسى تورى گېرمانىيىگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىپ، ئۇنى ناھايىتى قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا چەتكە ئاشلىق چىقىرىدىغان بىر مەملىكەتتىن بىرىنچى دەرىجىلىك سانائەت مەملىكىتىگە ئايلاندۇردى.

يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىمتىيازلىق گۇرۇھنىڭ ئىچىگە كىرىشكە سالاھىيەتلىك ھېساپلانسا، ئۇلار بۇنى چەكسىز شان-شەرەپ دەپ بىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سودا-سانائەت ئوتتۇرا سىنىپى يەر ئاقسۆڭەكلىرىنى ھاكىمىيەتتىن تېخى تولۇق قوغلاپ چىقىرىشقا ئۈلگۈرەئۈلگۈرمەيلا، يەنە بىر رىقابەتچى، ئىشچىلار سىنىپى سەھنىگە چىقتى. شيەنجاڭ ھەركىتى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى ئىنقىلاپتىن كېيىنكى ئەكسىيەتچىلىك شۇئىگدەك 1848 — 1866 - يىللىرى ئەنگلىيە سودىسىنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشى (ئادەتتە بۇ پەقەت ئەركىن سودىدىن بولدى دەپ قارىلىدۇ، ئەمىلىيەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە تۆمۈريول، ئوكيان پاراخودى ۋە پۈتۈن قاتناش قوراللىرىنىڭ غايەت زور راۋاجلانغانلىقىدىن بولدى) ئىشچىلار سىنىپىنى زىيۇداڭ پارتىيىسىگە بېقىنىدىغان ئورۇنغا چۈشۈشكە يېڭۋاشتىن مەجبۇر قىلدى، ئۇلار بۇ پارتىيىدىمۇ، شيەنجاڭ ھەركىتىدىن ئاۋالقىغا ئوخشاش، رادىكال بىر قاناتنى تەشكىل قىلدى. لېكىن، ئىشچىلارنىڭ سايلام ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەلىۋى پەيدىن-پەي توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تەلەپ بولۇپ قالدى؛ خۇيگلار يەنى

---

كېيىن، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 يىل ئىلگىرى، ئىنگلىز زاۋۇت ئىگىسى قاتتىق چوچۇپ، ئەنگلىيىنىڭ باش ئەلچىلىرىدىن ۋە لىڭشىلىرىدىن ئەمدى نىمە ئۈچۈن ئۆز خېرىدارلىرىنى ساقلاپ قالالمايۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بىردەك بەرگەن جاۋاۋى مۇنداق بولدى: (1) سىلەر ئۆز خېرىدارىڭلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەيسىلەر، ئەمما ئۇلاردىن ئۆزەڭلارنىڭ تىلىدا سۆزلەشنى تەلەپ قىلىسىلەر؛ (2) سىلەر ئۆز خېرىدارىڭلارنىڭ ئېھتىياجى، ئادىتى ۋە ھەۋىسىگە بىر ئامال قىلىپ ماسلىشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلاردىن ئۆزەڭلارنىڭ ئەنگلىيىچە ئېھتىياج، ئادەت ۋە ھەۋىسىڭلارغا مادارا قىلىشنى تەلەپ قىلىسىلەر.

زىيۇداك پارتىيىسىنىڭ باشلىقلىرى «قورقۇپ ئالغا باسماي» تۇرغان چاغدا بولسا، دىسرائىيلى ئۆزىنىڭ زىرەكلىكىنى كورسەتتى، ئۇنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، تورىچىلار پايدىلىق پەيتنى قولدىن بەرمەي، شەھەر سايلام رايونىدا ئائىلە باشلىغىنىڭ سايلام ھوقۇقىنى① يولغا قويدى ۋە سايلام رايونلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئايرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يۇرگۇزۇلدى؛ 1884 - يىلى يەنە ئائىلە باشلىغىنىڭ سايلام ھوقۇقى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدەك سايلام رايونلىرى يەنە يېڭىۋاشتىن ئايرىلىپ، ھەرقايسى سايلام رايونى مەلۇم دەرىجىدە تەڭپۇڭلىشىشقا يۇزلەندى. 227

بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سايلامدىكى كۇچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، نەتىجىدە ئىشچىلار سىنىپى ھېچ بولمىغاندا، 150 — 200 سايلام رايونىدا ھازىر سايلىغۇچىلارنىڭ زور كوپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان بولدى. ئەمما يىخۇي تۇزۇمى كىشىلەرنى ئەنئەنىلەرگە ھورمەت قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ياخشى مەكتەپ؛ ئەگەر، ئوتتۇرا سىنىپ، جون مەنناس شۇنچۇي چاقچاق قىلىپ ئېيتقان «بىزنىڭ پېشقەدەم ئاقسوڭەكلىرىمىز»گە ھېيسقىش كەيپىياتى بىلەن كوز تىكتى، دىيىلسە، ئۇ ھالدا، ئىشچىلار ئاممىسى شۇ چاغدا «ئۇستۇن تۇرغۇچىلار» دەپ ئاتالغانلارغا يەنى ئوتتۇرا سىنىپقا ھورمەت ۋە ئىززەت بىلەن قارىدى. دۇرۇس، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 15 يىل ئىلگىرى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى نەمۇنىلىك ئىشچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوز خوجايىنلىرىنى ئىززەتلىشى

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «ئائىلە باشلىغىنىڭ سايلام ھوقۇقى» دىگەن سوزدىن كېيىن: «(بۇ يالغۇز ئولتۇرۇشلۇق ئويلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدىغان ھەر بىر كىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ)» دىگەن سوز بار. — تەھرىردىن

ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھوقۇق تەلەپ قىلغان چاغدا ئىپادىلىگەن تاقەتمەن كەمتەرلىكى بىزنىڭ گېرمانىيە **مۇنبەر سوتسىيالىزمى ئېقى-مىدىكى**[228] ئىقتىساتشۇناسلىرىمىزنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىشچىلار-نىڭ قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان كوممۇنىستىك خاھىشى ۋە ئىنقىلاۋىي خاھىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان باش ئاغرىقىنى تازا ساقايتىدۇ.

لېكىن ئەنگلىيە ئوتتۇرا سىنىپى — ھەر ھالدا ناھايىتى ياخشى تىجارەتچىلەر — گېرمانىيە جياۋشۇلىرىغا قارىغاندا يىراقنى كۆرەتتى. ئۇلار پەقەت نائىلاجلىقتىنلا ھاكىمىيەتتىن ئىشچىلار سىنىپى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى. ئۇلار شىيەنجاڭ ھەركىتى يىللىرىدا خەلقتىن ئىبارەت بۇ قاۋۇل ئەمما نىيىتى يامان يىگىتنىڭ قولىدىن نىمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇلار خەلق شىيەنجاڭىنىڭ كۆپ قىسىم تەلەپلىرىنى بىرلەشمە پادىشالىقنىڭ قانۇنىغا كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمدى خەلقنى روھىي ۋاستىلەر بىلەن تىزگىنلەش ئوتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ زورۇر بولدى، ھالبۇكى، ئامىغا تەسىر كۆرستەلەيدىغان بارلىق روھىي ۋاستىلەر ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئەڭ موھىم ۋاستە يەنىلا دىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپ باشقارمىلىرىدا پوپلارنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە يول قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن، رەسىم-قائىدىلەرگە ھۆرمەت قىلغۇچى-لار مەزھىپىدىن[229] تارتىپ «نىجاتلىق ئارمىيىسى»گىچە بولغان تۈرلۈك خرىستوسنى تىرىلدۈرگۈچىلەرنى قامداش ئۈچۈن①، بۇرژۇئازىيە ئۆز ئۆزىدىن ئالىدىغان باجنى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيتتى.

---

① نېمىسچە تەرجىمىسىدە «تۈرلۈك خرىستوسنى تىرىلدۈرگۈچىلەرنى قامداش ئۈچۈن» ئەمەس، بەلكى «تۈرلۈك دىنىي ئېزىتقۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن». — تەھرىردىن

ھازىر، ئەنگلىيىدىكى سالاپەتلىك شەخسلەر قۇرۇقلۇق بۇرژۇ-
ئازلىرىنىڭ ئەركىن پىكىرلىرى ۋە دىنغا مۇئامىلە قىلىشتىكى سوغاق
پوزىتسىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. فرانسىيە ۋە گېرمانىيە
ئىشچىلىرى توپىلاڭچىلارغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سوتسىيا-
لىزىم يۇقىقان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېلى تولۇق ئاساسلارغا
قارىغاندا، ئۇلار ھوكۇمرانلىققا ئىگە بولۇش ۋاستىسىنى تاللاۋېلىشتا،
بۇنىداق ۋاستىنىڭ قانۇنلۇق بولۇش-بولماسلىقىغا قىلچە پەرۋا
قىلمايتتى. بۇ قاۋۇل يىگىت كۈندىن-كۈنگە نىيىتى يامان بولۇۋا-
تاتتى. خۇددى بىر ياش يىگىت كېمىدە قاتتىق بېشى قايغان چاغدا،
مۇغەمبىرلىك بىلەن ئويىنىشپ چېكىۋاتقان سىگارا تاماكىسىنى
غىپپىدە تاشلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە بۇرژۇئا-
زىيىسى ئىلاجسىز ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللىنىپ، ئوزلىرىنىڭ
ئەركىن پىكرىنى ئۇن-تۈنسىزلا تاشلىۋەتتى؛ دىنىنى مەسخىرە
قىلىدىغان كىشىلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كورۇنۇشتە دىنغا
ئىخلاس قىلىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى، ئۇلار جياۋخۇي ۋە ئۇنىڭ
جياۋتىياۋسى ھەم رەسىم-قائىدىلىرى ئۈستىدە ئىززەت-ئىكرام
بىلەن سوزلەيدىغان بولدى، ھەتتا ھېچ ئىلاج بولمىغان چاغدا، بۇ
رەسىم-قائىدىلەرگە ئوزلىرىمۇ رىايە قىلىدىغان بولدى. فرانسىيە
بۇرژۇئازلىرى ھەر جۇمە كۈنى گوشسىز تاماق يەيدىغان بولدى،
گېرمانىيە بۇرژۇئازلىرى ھەر يەكشەنبە كۈنى پروتېستانت-
لىق ئۇزۇنىدىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى
چىركونىڭ ئورۇندۇغىدا تاقەت بىلەن تۈگىگىچە ئاڭلاپ
ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇلار ۋېيۋۇجۇيىنىڭ دەردىنى تارتتى.
يەنى «دىنىنى (Die Religion muss dem Volk erhalten werden)

خەلق ئۈچۈن ساقلاش كېرەك»ــ بۇنىڭ ئۆزى جەمىيەتنى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ بىردىن-بىر ۋە ئاخىرقى ۋاستىسى بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەختسىزلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلار بۇنى سەزگەن چاغدا، ئۆزلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دىنىنى مەڭگۈگە ۋەيران قىلىپ بولغان ئىدى. ئەمدى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىغا: «ئاخماقلار! مەن بۇنى سىلەرگە بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن ئىدىغۇ!» دەپ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىدىغان نوۋەت كەلدى.

لېكىن، مەيلى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىنىڭ دىنىي گاللىغى بولسۇن، ياكى قۇرۇقلۇق بۇرژۇئازىنىڭ ئىشتىن كېيىن دىنغا كىرىشى بولسۇن، كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەۋاتقان پرولېتارىيات دولقۇنىنى توسالمىسا كېرەك. ئەنئەنە ــ بىر خىل غايەت زور توسالغۇ كۈچ، تارىختىكى قاشاڭ كۈچ، ئەمما ئۇ پەقەت سەلبىي بولغىنى ئۈچۈن، چوقۇم بىتچىت قىلىپ تاشلىنىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ ھامىيسى بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر، بىزنىڭ قانۇن، پەلسەپە ۋە دىن توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز مۇئەييەن جەمىيەتتە ھوكۇمران ئورۇندا تۇرغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يېقىنراق ياكى يىراقراق شاخلىرى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ چۈشەنچىلەر بۇنداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تولۇق ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان تەسىرگە ئاخىر قارشىلىق كورسىتەلمەيدۇ. يا تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان موجىزىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك، يا بولمىسا لىڭشىپ ئورۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان جەمىيەتنى ھەرقانداق دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ يۆلەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم.

ئىش يۇزىدە، ئەنگلىيىدىمۇ ئىشچىلار يېڭىۋاشتىن ھەركەتكە كېلىشكە باشلىدى. قىلچە شۇبھىسىزكى، ئۇلارنى يەنە تۇرلۇك ئەنئەنىلەر بوغۇپ تۇرماقتا. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەنئەنىلىرى بار، مەسىلەن، ناھايىتى ئومۇمىيۇزلۇك بولغان بىر خىل قاراش بويىچە، پەقەت ئىككى پارتىيە ــ باۋشۇداك بىلەن زىيۇداك پارتىيىلىرىلا بولۇشى مۇمكىن، ئىشچىلار سىنىپى ئۇلۇق زىيۇداك پارتىيىسى ئارقىلىق ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئوز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۇرۇشى لازىم. يەنە ئىشچىلارنىڭ ئەنئەنىلىرى، ئىشچىلارنىڭ دەسلەپ مۇستەقىل ھەركەت قىلىش بىلەن ئىزدەنگەن ھالدا شۇغۇللىنىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە-لىرىمۇ بار، مەسىلەن، مۇنتىزىم شاگىرتلىق تەلىمىنى ئالمىغان ھەممە ئىشچىلارنىڭ نۇرغۇن كونا ئىشچىلار بىرلەشمىلىرىنىڭ سىرتىغا قېقىۋېتىلگەنلىكى؛ بۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ھەر بىر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوزى ئۇچۇن ئىشچىلار ئاسلىرىنى يېتىشتۇرگەنلىكى بىلەن باراۋەر. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى يەنىلا ئىلگىرىلىمەكتە، ھەتتا برېنتانو جياۋشۇمۇ بۇنى ئوزىنىڭ مۇنبەر سوتسىيالىزىمچى خىزمەتداشلىرىغا ئېچىنىش بىلەن ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى[230]. ئەنگلىيىدىكى بارلىق ئىشلارغا ئوخشاش، ئىشچىلار سىنىپى ئاستا لېكىن نورمال قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، ئىلگىرىلەش داۋامىدا بەزىدە دىلىغۇل بولماقتا، بەزىدە ئۇنۇمسىز سىناقلارنى قىلماقتا؛ ئۇ ئىلگىرىلەش داۋامىدا بەزىدە ھەددىدىن زىيادە ئېھتىيات قىلىپ «سوتسىيالىزىم» دىگەن ئاتالغۇغا ئىشەنمەي-دىغانلىقىنى بىلدۇرگىنى بىلەن، ئەينى زاماندا سوتسىيالىزىمنىڭ ماھىيىتىنى پەيدىن - پەي قوبۇل قىلماقتا؛ ھەركەت كېڭەيمەكتە ۋە

ئىشچىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ جەلپ قىلماقتا. ھازىر بۇ ھەركەت لوندوننىڭ شەرقىدىكى تېخنىكىسى يوق ئىشچىلارنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغاتتى، بىز ھەممىمىزلەن بۇ يېڭى كۆچىلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئىشچىلار سىنىپىغا نەقەدەر كۆچلۈك تۈرتكە بولغانلىقىنى كوردۇق. ئەگەر ھەركەتنىڭ قەدىمى بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قىلغان تەلەپلىرىگە يېتىشەلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار شۇنى ئۇنتۇمىسۇنكى، ئەنگلىيىنىڭ مىللى خاراكتېرىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى دەل ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ساقلاپ كەلمەكتە، ئەنگلىيىدە بىر ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلسىلا ئادەت بويىچە كېيىن مەڭگۈ قولدىن كەتمەيدۇ. ئەگەر، كونا شيەنجاڭچىلارنىڭ ئوغۇللىرى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن، يېتەرلىك ئىش قىلمىدى، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، ئۇلارنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بوۋىلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەيدىغانلىقىدىن ئۈمىت كۈتۈشكە بولىدۇ.

لېكىن، ياۋروپا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ غەلىبىسى يالغۇز بىر ئەنگلىيىدىن ئىبارەت بىر دولەتكىلا قاراشلىق ئەمەس. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيىدىن ئىبارەت 3 دولەتنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدىلا كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. فرانسىيە بىلەن گېرمانىيىدە ئىشچىلار ھەركىتى ئەنگلىيىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. گېرمانىيىدە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ غەلىبىسى ھەتتا پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ يېقىنقى 25 يىلدا ئىگە بولغان تەرەققىياتى مىسلىسىز بولدى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئەگەر گېرمانىيە ئوتتۇرا سىنىپى ئۆزىدە سىياسى

قابىلىيەت، ئىنتىزام، جاسارەت، قەيەرلىك ۋە قەتئىيەتلىكنىڭ ئىنتايىن كەم ئىكەنلىكىنى كورسەتتى، دىيىلسە، ئۇ هالدا، گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ بۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن 400 يىل ئىلگىرى، گېرمانىيە ياۋروپا ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭى كوتىرىلگەن جاي ئىدى؛ هازىرقى ۋەزىيەت بويىچە هوكۇم قىلساق، گېرمانىيە ئوخشاشلا ياۋروپا پۇرولېتارىياتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇلۇق غەلىبىسى ئۇچۇنمۇ سەهنە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ، ئاخىر؟

**ف. ئېنگېلس**

1892 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى

فرىدرىخ ئېنگېلسنىڭ 1892 ـ يىل لوندوندا نەشر قىلىنغان «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» دىگەن ئەسىرىگە كىرگۇزۇلگەن ۋە ئاپتور تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1892 ــ 1893 ـ يىللىق «يېڭى دەۋر» ژورنىلىنىڭ 1 ـ توپلام، 1 ـ ۋە 2 ـ ساندا قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان

# ئىزاھلار

1 ف. ئېنگېلسنىڭ «ئويگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش» دېگەن كىلاسسىك ئەسىرى «ديۇرىڭغا قارشى» دېگەن نام بىلەن تارىخ بېتىگە يېزىلدى.

ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرى گېرمانىيە سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ديۇرىڭنىڭ ئەسەرلىرىگە دىققەت قىلىشى ديۇرىڭنىڭ 1867-يىل 12-ئايدا «قوشۇمچە ماتېرىياللار» (‹Ergänzungsblätter›) ژۇرنىلىنىڭ 3-توپلام، 3-سانىدا ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1-تومى ھەققىدە پىكىر ئېلان قىلغاندىن كېيىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ئۇرغۇن خەتلىرىدىن بولۇپمۇ 1868-يىل 1-ئايدىن 3-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ ديۇرىڭنى پىپەن قىلىش توغرىسىدا شۇ ۋاقىتتا بەلگىلىگەن بولغان پوزىتسىيىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

70-يىللاردا ديۇرىڭنىڭ سوتسىيال-دېموكراتلار ئارىسىدىكى تەسىرى خېلى چوڭ ئىدى. ئې. بېرنشتېين، ج. موست، ف. ۋ. فرىچلار ئەڭ ئاكتىپ ديۇرىڭچىلار ئىدى. ھەتتا ئا. بېبېلمۇ بىر مەھەل ديۇرىڭ تەشىببۇسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. 1874-يىل 3-ئايدا ئۇ سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ (ئېيزېناخچىلار دەپ ئاتالغان) جۇڭگىيالىك ئورگان گېزىتى «خەلق دۆلىتى گېزىتى»دە ديۇرىڭ ھەققىدە «يېڭى كوممۇنىزمچى» دېگەن ماۋزۇدا ئىككى پارچە ئىمزاسىز ماقالا ئېلان قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ

گېزىتىنىڭ تەھرىرى ۋ. لىبكنېختكە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى.

1875 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ديۈرىڭ تىشىسىنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن خەۋپلىك دەرىجىگە يەتتى، ديۈرىڭنىڭ ئەسىرى «مىللى ئىقتىـ ـساتشۇناسلىقنىڭ ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ پىپەنلىك تارىخى»نىڭ 2 ـ نەشرى (1874 ـ يىل 11 ـ ئايدا دۇنياغا كەلگەن) ۋە «پەلسەپە كۇرسى» (ئاخىرقى بىر كىتاۋى 1875 ـ يىل 2 ـ ئايدا دۇنياغا كەلگەن)نىڭ نەشر قىلىنىشى بۇنى بولۇپمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ قويدى. ئۆزىنى سوتسىيالىزىمـ ـنىڭ ئىسلاھاتچىسى دەپ ئاتىۋالغان ديۈرىڭ بۇ ئىككى كىتاپتا ماركسىزىمغا ئالاھىدە شىددەتلىك ھۇجۇم يۈرگۈزگەن ئىدى. بۇ ھال لىبكنېختنىڭ ئۆزىنىڭ 1875 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنـ ـدىكى خەتلىرىدە ئېنگېلسنى «خەلق دولىتى گېزىتى»دە ديۈرىڭغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە بىۋاستە تەكلىپ قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1875 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋە 1876 ـ يىل 5 ـ ئايدا لىبكنېخت ئىلگىر ـ كىيىن بولۇپ، بۇ گېزىت ئېلان قىلىشنى رەت قىلغان ئا. ئېنىنىڭ ديۈرىڭنى ماختايدىغان قىسقا ماقالىسىنى شۇنىڭدەك ج. موستىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماقالىسىنى ئېنگېلسقا ئەۋەتىپ بەردى.

ئېنگېلس 1876 ـ يىل 2 ـ ئايدىلا، ديۈرىڭغا ئاشكارا رەددىيە بېرىش زۆرۈر، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. ئېنگېلس «خەلق دولىتى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «گېرمان دىگوسى گوخۇيىدىكى پرۇسسىيە ھارىغى» دېگەن ماقالىسىدا شۇنداق قىلدى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 51 ـ بەتكە قاراڭ).

ديۈرىڭ تىشىسىنىڭ ئەمدىلا قوشۇلغان گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى (1875 ـ يىل 5 ـ ئايدا گوتا قۇرۇلتىيىدا قۇرۇلـ ـغان)نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىغا كورسەتكەن تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشى ئېنگېلسنى يېڭى چىققان بۇ «سوتسىيالىزىم» تەلىماتىغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بىردىن ـ بىر توغرا دۇنياقارىشى بولغان ماركسىزىمنى قوغداش ئۈچۈن، «تەبىئەت

بيەنجىڭفاسى»نى يېزىشنى ئوتتۇرىدا توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

بۇ قارار 1876 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چىقىرىلدى. ئېنگېلس 1876 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ماركسقا يازغان خېتىدە ديۇرىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى پىپەن قىلماقچى بولغانلىغىنى بىلدۈردى. ماركس 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى جاۋاپ خېتىدە بۇ ئوينى قەتئى قوللىدى. ئېنگېلس شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئىشقا كىرىشتى، ئۇ 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماركسقا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئومۇمى پىلانى ۋە خاراكتىرىنى بەلگىلىگەن ئىدى.

ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى»نى يېزىشقا ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى — 1876 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1878 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە.

مەزكۇر كىتاپنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاساسي جەھەتتىن 1876 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1877 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە يېزىلدى. بۇ قىسىم 1877 ـ يىل 1 ـ 5 ـ ئايلاردا چىققان «ئالغا گېزىتى»دە (1 ـ ئاينىڭ 3 ـ ، 5 ـ ، 7 ـ ، 10 ـ ، 12 ـ ، 14 ـ ، 17 ـ ، 24 ـ ، 26 ـ كۈنلىرىدىكى، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ ، 25 ـ ، 28 ـ كۈنلىرىدىكى، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ ، 28 ـ كۈنلىرىدىكى، 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ ، 18 ـ ، 27 ـ ، 29 ـ كۈنلىرىدىكى، 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ ، 13 ـ كۈنلىرىدىكى 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ ، 10 ـ ، 11 ـ ، 17 ـ ، 24 ـ ، 25 ـ ، 36 ـ ، 37 ـ ، 44 ـ ، 45 ـ ، 49 ـ ، 50 ـ ، 55 ـ ، 56 ـ سانلىرىدا) «ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەلسەپىدە قىلغان ئۆزگىرىش» دىگەن نام بىلەن، بىر گۇرۇپپا ماقالا شەكلىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ قىسىم مەزكۇر كىتاپ ئايرىم كىتاپچە قىلىنىپ كېيىنچە 1 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان چاغدا ئاجرىتىۋېلىنىپ پۈتۈن ئۈچ قىسىمنىڭ مۇستەقىل ئومۇمى كىرىشى قىلىنغان 1 ـ ، 2 ـ باپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى.

مەزكۇر كىتاپنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئاساسي جەھەتتىن 1877 ـ يىل

6 — 8 - ئايلاردا يېزىلدى. بۇ قىسىمنىڭ ئاخىرقى بىر بابىنى يەنى سىياسى ئىقتىسات تارىخى مۇلاھىزە قىلىنغان 10 - بابىنى ماركس يازغان ئىدى: بۇ بابنىڭ بىرىنچى بۆلىكى 1877 - يىل 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە يېزىلغان، كېيىن ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل» تەھلىل قىلىنغان ئىككىنچى بۆلىكى بولسا 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە يېزىلغان ئىدى. ئىككىنچى قىسمى «ئالغا گېزىتى»نىڭ 1877 - يىل 7 — 12 - ئايلاردا چىققان ئىلىم قوشۇمچە سانى ۋە قوشۇمچە سانلىرىدا (7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى، 8 - ئاينىڭ 10 - ، 17 - كۈنلىرىدىكى، 9 - ئاينىڭ 7 - ، 14 - كۈنلىرىدىكى، 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى، 11 - ئاينىڭ 4 - ، 28 - كۈنلىرىدىكى، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى 87 - ، 93 - ، 96 - ، 105 - ، 108 - ، 127 - ، 130 - ، 139 - ، 152 - سانلىرىدا) «ئوگېن دىيۇرىڭ ئەپەندى سىياسى ئىقتىساتتا قىلغان ئۆزگىرىش» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن 1877 - يىل 8 - ئايدىن 1878 - يىل 4 - ئايغىچە يېزىلدى. ئۇ «ئالغا گېزىتى»نىڭ 1878 - يىل 5—7 - ئايلاردا چىققان قوشۇمچە سانلىرىدا (5 - ئاينىڭ 5 - ، 26 - كۈنلىرىدىكى، 6 - ئاينىڭ 2 - ، 28 - كۈنلىرىدىكى، 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى 52 - ، 61 - ، 64 - ، 75 - ، 79 - سانلىرىدا) «ئوگېن دىيۇرىڭ ئەپەندى سوتسىيالىزمدا قىلغان ئۆزگىرىش» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندى.

«دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى دىيۇرىڭچى ئۇنسۇرلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1877 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 — 29 - كۈنلىرى گوتادا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە قۇرۇلتىيىدا، ئۇلار ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ پارتىيىنىڭ جۇڭياڭ ئورگان گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشىنى تەقىپ قىلىشقا كۈچەپ ئۇرۇندى. بۇ گېزىتنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى»نى ئېلان قىلغاندا ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ بەك ئۇزاق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن بولماي قالمىغان.

1877 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ئېنگېلسنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ بىرىنچى قىسمى «ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش. 1 ـ پەلسەپە» دىگەن نام بىلەن لېيپسىگدا ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 1878 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىمۇ «ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش. 2 ـ سىياسى ئىقتىسات. سوتسىيالىزىم» دىگەن نام بىلەن لېيپسىگدا ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنى 1878 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنلىرىدە پۈتۈن كىتاپنىڭ 1 ـ نەشرى ئېنگېلسنىڭ كىرىش سۆز يېزىشى بىلەن نەشر قىلىندى. نامى: ف. ئېنگېلس. «ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش. پەلسەپە. سىياسى ئىقتىسات. سوتسىيالىزىم». 1878 ـ يىل لېيپسىگ نەشرى («Herrn Eugen Dühring's Umwälzung der Wissenschaft. Philosophie. Politische Oekonomie. Sozialismus». Leipzig, 1878). كېيىنكى نېمىسچە نەشرلىرىدە بۇ كىتاپ شۇ نام بىلەن نەشر قىلىندى، پەقەت قوشۇمچە ماۋزۇ ــ «پەلسەپە. سىياسى ئىقتىسات. سوتسىيالىزىم»لا يوق ئىدى. 1886 ـ يىلى بۇ كىتاپنىڭ 2 ـ نەشرى سيۇرىختا نەشر قىلىندى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن 3 ـ نەشرى 1894 ـ يىلى شتۇتگارتتا نەشر قىلىندى؛ ئۇ «ديۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئېنگېلس هايات چېغىدا نەشر قىلىنغان ئاخىرقى نەشرى ئىدى.

ئېنگېلس بۇ كىتاپنىڭ نامىنى ديۇرىڭنىڭ 1865 ـ يىلى ميۇنخېندا نەشر قىلىنغان «كېرى خەلق ئىگىلىكى تەلىماتى ۋە ئىجتىمائى پەنلەردە قىلغان ئۆزگىرىش» («Carey's Umwälzung der Volkswirthschaftslehre und Socialwissenschaft») دىگەن كىتاۋىنىڭ نامىغا كىنايە بىلەن ئوخشىتىپ قويغان. ديۇرىڭ ئۇ كىتاپتا چاكىنا ئىقتىساتشۇناس كېرىنى ماختاپ كوككە كوتەرگەن ئىدى، كېرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىياسى ئىقتىسات ساھەسىدىكى شاگىرتى ئىدى.

1878 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيەدە سوتسىيالىستلارغا

قارشى پەۋقۇلئاددە قانۇن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئېنگېلسنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، «ديۇرىڭغا قارشى»مۇ تەقىپ قىلىنغان ئىدى. — 1 - بەت.

2 ئېنگېلس بۇ يەردە شىللېرنىڭ «دون كارلوس» دېگەن سەھنە كىتاۋىنىڭ 1 - پەردە، 9 - كورۇنۇشىدىكى چېكىۋي بولۇپ قالغان مۇنۇ سوزدىن پايدىلانغان:

«مەن ئەمدى ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم،
چۈنكى سەن بىلەن قولغا قول تۇتۇشقاچقا، دەۋرىمىزگە
ئۇرۇش ئېلان قىلالايمەن.» — 3 - ، 290 - بەتلەر.

3 «خەلق دولىتى گېزىتى» (*«Der Volksstaat»*) گېرمانىيە سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ جۇڭيالى ئورگان گېزىتى بولۇپ، 1869 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 1876 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە لېيپسىگدا چىقىرىلغان ئىدى، ھەپتىدە ئىككى قېتىم چىقىرىلاتتى، 1873 - يىلدىن باشلاپ ھەپتىدە ئۈچ قېتىم چىقىرىلىدىغان بولدى. بۇ گېزىت گېرمانىيە ئىشچىلار ھەركىتىدىكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۇقتىسىنەزىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ گېزىت دادىل ئىنقىلاۋىي پىكىرلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرغاچقا، ھەمىشە ھوكۇمەت ۋە ساقچىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇراتتى. تەھرىرلىرى دائىم تۇتقۇن قىلىنغانلىقتىن، بۇ گېزىتنىڭ تەھرىر بولۇمىنىڭ ئەزالىرى ئۇزلۇكسىز ئوزگىرىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ گېزىتنىڭ باش رەھبەرلىكىنى ۋ. لىبكنېخت قولىدا تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. «خەلق دولىتى گېزىتى»نى چىقىرىش خىزمىتىنى باشقۇرغان ئا. بېبېل بۇ گېزىتتە ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئىدى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ گېزىتنىڭ تەھرىر بولۇمى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ تۇراتتى، بۇ گېزىت ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى دائىم بېسىپ تۇراتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «خەلق دولىتى گېزىتى»نىڭ پائالىيىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن

نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ ئايرىم كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى تەنقىت قىلىپ، گېزىتنىڭ لۇشيەنىنى تۈزىتىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گېزىت 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا مۇنەۋۋەر ئىشچىلار مەتبۇئاتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

1876 ـ يىلدىكى گوتا قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بويىچە، 1876 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ، «خەلق دۆلىتى گېزىتى» ۋە «يېڭى سوتسىيال ـ دېموكراتلار گېزىتى»نىڭ ئورنىغا گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن جۇڭياڭ ئورگان گېزىتى ـــ «ئالغا گېزىتى» چىقىرىلىشقا باشلىدى. سوتسىيالىستلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە قانۇن يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، «ئالغا گېزىتى» 1878 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چىقىرىلىشتىن توختىدى. ـــ 3 ـ بەت.

4 1876 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، 6 ـ نۆۋەتلىك خەلقارا سانائەت كۆرگەزمىسى فىلادېلفىيەدە ئېچىلدى. كۆرگەزمىگە قاتناشقان 40 دۆلەت ئىچىدە گېرمانىيەمۇ بار ئىدى. بىراق گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن گېرمانىيە باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ جۇشىسى، بېرلىن سانائەت كېشۋېيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى ف. رېلو جياۋشۇ گېرمانىيە سانائىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقىنى، گېرمانىيە سانائىتىنىڭ «نەرقى ئەرزەن، سۈپىتى ناچار» بولۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ سۆز چىقىشىغىلا، مەتبۇئاتچىلار ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشكەن ئىدى. «خەلق دۆلىتى گېزىتى»مۇ 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە مەخسۇس مۇشۇ رەسۋاچىلىق توغرىسىدا بىر قاتار ماقالا ئېلان قىلغان ئىدى. ـــ 7 ـ بەت.

5 «ھەقىقەتەن ھېچنېمىمۇ ئۆگىنىۋالمىغان» دېگەن بۇ كەڭ تارقالغان سۆز فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسى شاگىجياڭى د. باناننىڭ بىر پارچە خېتىدە ئېيتىلغان. بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇنى تالېيراننىڭ سۆزى دەپ يۈرۈشتى. بۇ سۆز باۋخۇاڭداڭچىلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان، ئۇلار

18 ـ ئەسرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدىن ھېچقانداق ساۋاق ئالالمىغان ئىدى. — 7 ـ بەت.

6 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى ر. ۋىرخوۋنىڭ 1877 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى گېرمانىيە تەبىي پەن ئالىملىرى ۋە دوختۇرلىرىنىڭ مىيۇنخېندا ئوتكۇزۇلگەن 50 ـ قۇرۇلتىيىدا سوزلىگەن سوزى. قارالسۇن: ر. ۋىرخوۋ. «ھازىرقى زامان دولىتىدىكى پەن ئەركىنلىكى»، 1877 ـ يىل بېرلىن نەشرى، 13 ـ بەت (R. Virchow. ‹Die Freiheit der Wissenschaft im modernen Staat›. Berlin, 1877, S. 13). — 8 ـ بەت.

7 سوتسىيالىستلارغا قارشى قانۇن بىسمارك ھوكۇمىتى تەرىپىدىن دىگو گوخۇيىدا كوپ ساندىكىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن 1878 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى ماقۇللانغان، مەقسىدى سوتسىيالىزىم ھەركىتىگە ۋە ئىشچىلار ھەركىتىگە قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ قانۇن گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسىنى قانۇنسىز ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويدى؛ پارتىيىنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى، سوتسىيالىستىك مەتبۇئاتلار ۋە ئىشچىلار مەتبۇئاتلىرى تەقىپ قىلىندى، سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر مۇسادىرە قىلىندى، سوتسىيال ـ دېموكراتلار باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. ئەمما سوتسىيال ـ دېموكراتلار پارتىيىسى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پائال ياردىمى ئارقىسىدا ئوز قوشۇنى ئىچىدىكى ھەر خىل جىخۇيىجۇيىچى ئۇنسۇرلارنى يەڭدى، ئۇ پەۋقۇلئاددە قانۇن كۇچكە ئىگە ۋاقىتلاردا يەر ئاستى خىزمىتىنى قانۇنىي پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىش بىلەن توغرا بىرلەشتۇرۇپ، ئوزىنىڭ ئاممىا ئىچىدىكى تەسىرىنى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىيەلىدى ۋە كېڭەيتەلىدى. ئاممىۋى ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، پەۋقۇلئاددە قانۇن 1890 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى بىكار قىلىندى. ئېنگېلسنىڭ بۇ قانۇن ئۇستىدىكى پىكىرلىرى توغرىسىدا «بىسمارك ۋە گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى» دىگەن ماقالىغا قارالسۇن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»،

خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 308 ـــ 310 ـ بەتلەر). ـــ 9 ـ بەت،

8 مۇقەددەس ئىتتىپاق چار روسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پرۇسسىيەلەر ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى باستۇرۇش ۋە ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ فېودال ـ پادىشالىق تۈزۈملىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1815 ـ يىلى قۇرغان ياۋروپادىكى مۇستەبىت پادىشالارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىتتىپاقى. ـــ 9 ـ بەت.

9 K. Marx. ‹Misère de la philosophie›. Paris — Bruxelles, 1847. «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 71 ـــ 198 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن.

‹Manifest der Kommunistischen Partei›. London, 1848. «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 461 ـــ 504 ـ بەتلەرگە قاراڭسۇن.

K. Marx. ‹Das Kapital›. Bd. I, Hamburg, 1867. ـــ 10 ـ بەت.

10 ديۈرىڭ (1863 ـ يىلدىن باشلاپ بېرلىن داشۆبىسىنىڭ جىياڭشىسى بولغان، 1873 ـ يىلدىن باشلاپ خۇسۇسلار ئاچقان قىزلار ئوتتۇرا مەكتۈپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان) 1872 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە داشۆبىنىڭ جىياۋشۇلىرىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. مەسىلەن، «لىشۆبىنىڭ ئومۇمى پىرىنسىپلىرىنىڭ پىپەنلىك تارىخى» (1872 ـ يىل)نىڭ 1 ـ نەشرىدىلا ئۇ ھ. ھېلمھولتسنى ر. مېيېرنىڭ ئەسەرلىرىگە قەستەن سۈكۈت قىلدى دەپ ئەيىپلىگەن. ديۈرىڭ يەنە داشۆبىنىڭ ھەر خىل تۈزۈملىرىنى كەسكىن تەنقىت قىلغان. مۇشۇ پىكىرلىرى ئۈچۈن، ديۈرىڭ ئەكسىيەتچى جىياۋشۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچرىغان. 1876 ـ يىلى، داشۆي جىياۋشۇلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتۈپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان. لىشۆي تارىخىنىڭ 2 ـ نەشرى (1877 ـ يىلى) ۋە ئاياللار تەربىيىسى توغرىسىدىكى كىتاپچىسى (1877 ـ يىلى) دا ديۈرىڭ ئۆزىنىڭ

ئەيىپلەشلىرىنى يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ قاتتىق ئوتتۇرىغا قويغان. 1877 ـ يىل 7 ـ ئايدا، پەلسەپە شىسىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، ئۇ داشۆدە دەرس ئۆتۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان.

ئې. شىۋېننىگېر 1881 ـ يىلدىن باشلاپ بىسماركنىڭ خۇسۇسى دوختۇرى بولغان، 1884 ـ يىلى بېرلىن داشۆسىنىڭ جىياۋشۇلۇقىغا تەيىنلەنگەن. — 12 ـ بەت.

11 ئېنگېلسنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ لافارگ تەرجىمە قىلغان فىرانسۇزچە تەرجىمىسى «خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم» («Socialisme utopique et socialisme scientifique») دېگەن نام بىلەن دەسلەپ «سوتسىيالىستىك پىكلۇن» («Revue socialiste») ژۇرنىلىنىڭ 1880 ـ يىل 3 — 5 ـ ئايلاردىكى 3 — 5 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىندى؛ شۇ يىلى پارىژدا ئايرىم كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. كىتابچىنىڭ پولەكچىسى 1882 ـ يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىندى، ئىتالىيانچىسى 1883 ـ يىلى بېنېۋانتودا نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ نېمىسچە 1 ـ نەشرى «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» («Die Entwicklung des Sozialismus von der Utopie zur Wissenschaft») دېگەن نام بىلەن 1882 ـ يىلى خوتتىنگېن ـ سيۇرىختا نەشر قىلىندى، مىق مەتبەدە بېسىلغان 2 ـ ۋە 3 ـ نەشرلىرىمۇ 1883 ـ يىلى شۇ يەردە نەشر قىلىندى. ئېنگېلسنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى دەسلەپ «ئىلمىي سوتسىيالىزم» دېگەن نام بىلەن 1882 ـ يىل 12 ـ ئايدا مەخپىي ژورنال «داشۆ ئوقۇغۇچىسى»نىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى؛ ئايرىم كىتابچىسى «ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ راۋاجلىنىشى» دېگەن نام بىلەن 1884 ـ يىلى «ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى» تەرىپىدىن جەنۋەدە نەشر قىلىندى. دانىيىلىكچە تەرجىمىسى 1885 ـ يىلى كوپېنھاگېندا نەشر قىلىندى. — 13 ـ بەت.

12 ئېنگېلسنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ل. ھ. مورگاننىڭ 1877 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان ئاساسىي ئەسىرى «قەدىمقى جەمىيەت، ياكى ئىنسانلار

نادانلىق دەۋردىن ياۋايىلىق دەۋرگە ئۆتۈپ، مەدىنىلىك دەۋرگە كىرگەنگە قەدەر بولغان تەرەققىيات جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات». — 13 ـ بەت.

13 F. Engels. ‹Der Ursprung der Familie, des Privateigenthums und des Staats›. Hottingen-Zürieh, 1884. «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 27 — 203 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. — 14 ـ بەت.

14 ئېنگېلس 1869 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مانچېستېردىكى ئاۋمېن ـ ئېنگېلس كۆڭسسدىكى خىزمىتىنى توختىتىپ، 1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لوندونغا كوچكەن ئىدى. — 14 ـ بەت.

15 ي. لىبىشى ئۆزىنىڭ يېزا ئىگىلىك خىمىيىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئەسىرىگە يازغان مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىنەزىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتكەن: «خىمىيە ئادەتتىن تاشقىرى تېز مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشمەكتە، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشنى ئۈمىت قىلىدىغان خىمىيىشۇناسلار بولسا ئۈزلۈكسىز تۈلەش ھالىتىدە تۇرماقتا. قاناتتىن ئۇچۇشقا يارىمايدىغان كونا پەيلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى پەيلەرنى چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، نەتىجىدە ئۇچقاندا تېخىمۇ كۈچلۈك. تېخىمۇ يەڭگىل بولىدۇ.» قارالسۇن: ي. لىبىشى. «خىمىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ۋە فىزىئولوگىيىدە تەتبىق قىلىنىشى»، 1862 ـ يىل برانشۋىك 7 ـ نەشرى، 1 ـ كىتاب، 26 ـ بەت (J. Liebig. ‹Die Chemie in ihrer Anwendung auf Agricultur und Physiologie›. 7. Aufl., Braunschweig, 1862, Th. I, S. 26). — 14 ـ بەت.

16 كوزدە تۇتۇلغىنى — گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتى ھ. ۋ. فابىاننىڭ 1880 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماركسقا يازغان خېتى (ئېنگېلسنىڭ 1884 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كائۇتسكىغا يازغان خېتىگە، 1884 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 — 15 ـ كۈنلىرى بېرنشتېينغا يازغان خېتىگە ۋە 1885 ـ يىل

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى زورگېغا يازغان خېتىگە قاراڭ). ئېنگېلس «ديۈرىڭغا قارشى»نىڭ بىرىنچى قىسىم، 12 ـ بابىدا $\sqrt{-1}$ ئۈستىدە توختالغان (مۇشۇ كىتاپنىڭ 226 ـ بېتىگە قاراڭ). — 15 ـ بەت.

17 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى ئې. ھېككېلنىڭ ئۆزى يازغان «تەبىئەتنىڭ يارىلىش تارىخى»نىڭ 1873 ـ يىل بېرلىن 4 ـ نەشرى، 83 — 88 ـ بەتلەر (E. Haeckel. «Natürliche Schöpfungsgeschichte». 4. Aufl., Berlin, 1873, S. 83 — 88), يەنى تولتىنچى لېكسىيە — «گېتې ۋە ئوكېننىڭ جىنخۇالۇنى»نىڭ خاتىمە قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى. — 16 ـ بەت.

18 ئېنگېلس «تەبىئەت بىيەلېكتىكىسى»نىڭ «ھەركەتنىڭ تۈپ شەكلى» دېگەن بابىدا گېگېلنىڭ ۋە ھېلمھولتىزنىڭ كۈچ ئۇقۇمى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. — 17 ـ بەت.

19 كانتنىڭ تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسى ھەققىدە ئىزاھ 31گە قاراڭ.

كانتنىڭ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ـ سوغۇلۇپ سۈركىلىشى نەزەرىيىسى توغرىسىدا، «تەبىئەت بىيەلېكتىكىسى»نىڭ «دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ـ سوغۇلۇپ سۈركىلىشى» دېگەن بابىغا قاراڭ. — 18 ـ بەت.

20 كوزدە تۇتۇلغىنى — ئېنگېلسنىڭ «تەبىئەت بىيەلېكتىكىسى» ۋە ماركسنىڭ شۇشۇي قولىيازمىلىرى. ماركسنىڭ شۇشۇي قولىيازمىلىرى جەمى 1000 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە يېزىلغان. — 19 ـ بەت.

21 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى — ئەنگلىيە ۋۇلشۇيشۇناسى ت. ئاندىروسنىڭ ئەسىرى (1869 ـ يىلى)، فرانسىيە ۋۇلشۇيشۇناسى ل. پ. كايىيېتېنىڭ ئەسىرى (1877 ـ يىلى) ۋە شۋېيتسارىيە ۋۇلشۇيشۇناسى ر. پىكتېنىڭ ئەسىرى (1877 ـ يىلى). — 19 ـ بەت.

22 ئالدىنقىسىدا ئودەك تۇمشۇقلۇق ھايۋان كوزدە تۇتۇلدۇ. كېيىنكىسىدە شىزۇ ـ نياۋ قۇشىنىڭ كوزدە تۇتۇلغانلىقى روشەن. — 21 ـ بەت.

23 ر. ۋىرخوۋنىڭ ئۆزىنىڭ «ھۈجەيرىلەر بىڭلىشۇيى» دېگەن كىتاۋى

(1 ـ نەشرى 1858 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن)دا شەرھىلىگەن نۇقتىسنەزىرى بويىچە، ھايۋاناتلار يەككىلىكىنى قۇرۇلىملارغا، قۇرۇلمىلارنى ھۇجەيرە قاتلاملىرىغا، ھۇجەيرە قاتلاملىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھۇجەيرىلەرگە ئايرىغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ھايۋاناتلار يەككىلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھۇجەيرىلەرنىڭ جىشىپلىك يىغىندىسى بولىدۇ، قاراڭ: R. Virchow. ‹Die Cellularpathologie›. 4. Aufl., Berlin, 1871, S. 17.

ئېنگېلس بۇ نۇقتىنەزەرنى «تەرەققىپەرۋەر پارتىيە» خاراكتېرلىق ئىدى دېگىنىدە ۋىرخوۋنىڭ گېرمانىيە بۇرژۇئا تەرەققىپەرۋەر پارتىيە-سىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ھەمدە شۇ پارتىيىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ۋە مەشھۇر ئەرباپلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ. بۇ پارتىيە 1861 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ گاڭلىكىدا پىرۇسسىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە گېرمانىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يەرلىك ئاپتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئوخشاش پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. — 21 ـ بەت.

24 ئېنگېلس «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»دىكى مۇشۇ يەرگە بىر ئىزاھ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭدىكى گېگېلنىڭ سوزى «تارىخ پەلسەپىسى»نىڭ تونتىنچى قىسىم، 3 ـ پارچە، 3 ـ بابىدىن ئېلىنغان. قاراڭ: گېگېل. «تارىخ پەلسەپىسى ھەققىدە لېكسىيەلەر»؛ «گېگېل ئەسەرلىرى»، 1840 ـ يىلى بېرلىن 2 ـ نەشرى، 9 ـ توم، 535 — 536 ـ بەتلەر (G. W. F. Hegel. ‹Vorlesungen über die Philosophie der Geschichte›; Werke, Bd. IX, 2. Aufl., Berlin, 1840, S. 535 — 536). — 26 ـ بەت.

25 رۇسسونىڭ نەزىرىيىسى بويىچە، ئادەملەر دەسلەپتە تەبىي ھالەت شارائىتىدا ياشىغان، بۇنداق شارائىتتا ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان. خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئادەملەرنىڭ تەبىي ھالەتتىن شەھەر

ئاھالىسى ھالىتىگە ئۇتۇشنى بەلگىلىگەن ھەمدە ئىجتىمائى شەرتنامىنى ئاساس قىلىدىغان دولەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەپ بولغان. ئەمما، كېيىن سىياسى جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، ئىجتىمائى شەرتنامە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، يېڭى ھوقۇقسىزلىق ھالىتى پەيدا بولغان. بۇنداق ھالەتنى يوقىتىش يېڭى ئىجتىمائى شەرتنامىنى ئاساس قىلىدىغان ئەقلىي دولەتنىڭ ۋەزىپىسى.

بۇ نەزەرىيە رۇسسونىڭ 1755 ــ يىلى ئامستېردامدا نەشر قىلىنغان «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبى توغرىسىدا» («Discours sur l'origine et les fondemens de l'inégalité parmi les hommes». Amsterdam, 1755) ۋە 1762 ــ يىلى ئامستېردامدا نەشر قىلىنغان «ئىجتىمائى شەرتنامە نەزەرىيىسى، ياكى سىياسى ھوقۇقنىڭ پىرىنسىپلىرى» («Du contract social; ou, Principes du droit politique». Amsterdam, 1762) دېگەن ئىككى ئەسىرىدە جارى قىلدۇرۇلغان. — 27 ــ بەت.

26 ئېنگېلس «ھەقىقى باراۋەرچىلەر» ياكى «يەر قازغۇچىلار»نى كوزدە تۇتىدۇ، ئۇلار 17 ــ ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. «يەر قازغۇچىلار» شەھەر ــ يېزا كەمبەغەللىرى تەبىقىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇلار يەرگە بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىپتىدائى تەڭ تەقسىماتچىلىق كوممۇنىزىمى ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان ئىدى ھەمدە بۇ ئىدىيىنى گۇڭشىنىڭ يەرلىرىنى كوللىكتىپ ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. — 28 ــ بەت.

27 ئېنگېلسنىڭ ئالدى بىلەن كوزدە تۇتقىنى خىيالىي كوممۇنىزىمچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرى — ت. مورنىڭ «ئۇتوپىيە»سى (1516 ــ يىلى نەشر قىلىنغان) بىلەن ت. كامپانېلانىڭ «قۇياش شەھرى» (1623 ــ يىلى نەشر قىلىنغان). — 28 ــ بەت.

28 د. دىدېرونىڭ دىيالوگى «راموننىڭ بىر تۇققىنىنىڭ بالىسى» ((«Le neveu de Rameau» 1762 ـ يىل ئەتراپىدا يېزىلغان، كېيىن يەنە ئاپتور تەرىپىدىن ئىككى قېتىم تۈزىتىلگەن. دەسلەپتە ئۇ گېتې تەرجىمە قىلغان نېمىسچە نۇسخىسى شەكلىدە 1805 ـ يىلى لېيپسىگدا نەشر قىلىنغان. ھەقىقى فرانسۇزچە نۇسخىسى 1821 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان «دىدېرونىڭ چىقىرىلمىغان ماقالىلىرى توپلىمى» («Œuvres inédites de Diderot». Paris, 1821) دىگەن كىتاپتا ئېلان قىلىنغان، بۇ كىتاپ ئەمىلىيەتتە 1823 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئىدى. — 32 ـ بەت.

29 پەن تەرەققى قىلغان ئىسكەندىرىيە دەۋرى ئىرامىزدىن ئىلگىرى 3 ئەسىردىن تارتىپ مىلادى 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋر مىسىرنىڭ بىر شەھرى، شۇ زاماندا خەلقارا ئىقتىسادى ئالاقىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ئىسكەندىرىيە (ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا) بىلەن نام ئالغان. ئىسكەندىرىيە دەۋرىدە نۇرغۇن پەنلەر، مەسىلەن، شۇشۇپ ۋە لىشۇپ (ئوكلىد بىلەن ئارخىمېد)، جۇغراپىيە، تيەنۋېنشۇې، جىيېپۇشۇې، شېڭلىشۇې قاتارلىق پەنلەر ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ئىدى. — 33 ـ بەت.

30 تەۋرات (ماتىەي ئىنجىلى) 5 ـ باپ، 37 ـ بولۇم. — 35 ـ بەت.

31 كانتنىڭ تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسى بويىچە قۇياش سىستېمىسى ئېپتىدائى تۇمانلىق (لاتىنچە: nebula — تۇمان)تىن تەرەققى قىلغان، ئۇ ئۇزىنىڭ 1755 ـ يىلى كۆنىگسبېرگدا ۋە لېيپسىگدا نەشر قىلىنغان ئەسىرى «تەبىئەتنىڭ ئومۇمى تارىخى ۋە ئاسمان جىسىملىرى نەزىرىيىسى، ياكى نيۇتوننىڭ قائىدىسى بويىچە ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» («Allgemeine Naturgeschichte und Theorie des Himmels, oder Versuch von der Verfassung und dem mechanischen Ursprunge des ganzen Weltgebäudes nach Newtonischen

Grundsätzen abgehandelt». Königsberg und Leipzig, 1755)
دا بۇ قىياسنى شەرھىلىگەن. بۇ كىتاپ ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان ئىدى.

لاپلاسنىڭ قۇياش سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى قىياسى دەسلەپتە ئۇ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 4 ـ يىلى [1796 ـ يىلى] پارىژدا نەشر قىلغان «ئالەم تىزىمى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش»نىڭ 1 — 2 ـ توملىرى («Exposition du système du monde». T. I—II, Paris, l'an IV de la République Française [1796]) دا شەرھىلەنگەن. بۇ كىتاپنىڭ ئاپتور لاپلاس ھايات ۋاقتىدا تەييارلاپ قويغان، ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنى 1835 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى بىر نەشرىدە يەنى 6 ـ نەشرىدە بۇ قىياس شۇ كىتاپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىزاھى يەنى 7 ـ ئىزاھىدا شەرھىلەنگەن.

ئالەم بوشلۇغىدا كانت ـ لاپلاسنىڭ تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان ئىپتىدائى تۇمانلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىق تۇمان جىسىملىرى مەۋجۇت، بۇنى ئەنگلىيە تېيەنۋېنشۇېشۇناسى ۋ. ھاگىنس 1864 ـ يىلى گۇاڭپۇشۇي ئۇسۇلى بىلەن ئىسپاتلىغان، ئۇ تېيەنۋېنشۇېدە گ. كىرىخوف ۋە ر. بېنسېننىڭ 1859 ـ يىلى ئىجات قىلغان گۇاڭپۇ تەھلىل ئۇسۇلىنى كەڭ تەتبىق قىلغان. ئېنگېلس بۇ يەردە ئا. سېككىنىڭ «قۇياش» دېگەن كىتاۋىدىن پايدىلانغان، قاراڭلار: A. Secchi. «Die Sonne». Braunschweig, 1872, S. 787, 789—790. — 38 ـ بەت.

32 «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»نىڭ نېمىسچە 1 ـ نەشرى (1882 ـ يىلى) دىلا ئېنگېلس موھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، بۇ قائىدىنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىگەن: «ئوتكەن پۈتۈن تارىخ، ئىپتىدائى ھالەتنى ھېساپقا ئالمىغاندا، سىنىپىي كۈرەش تارىخى». — 44 ـ بەت.

33 ئې. دىيۇرىڭ. «پەلسەپە كۇرسى — قاتتىق ئىلمىي دۇنياقاراش ۋە ھاياتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى»، 1875 ـ يىل لېيپسىگ نەشرى (E. Dühring. «Cursus der Philosophie als streng wissenschaftlicher Weltanschauung und Lebensgestaltung». Leipzig, 1875).

ئو. ديۈرىڭ. «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى، قوشۇمچە مالىيە سىياسىتىدىكى تۈپ مەسىلە توغرىسىدا»، 1876 ـ يىل لېيپسىگ 2 ـ نەشرى
(E.Dühring. ‹Cursus der National-und Socialökonomie einschliesslich der Hauptpunkte der Finanzpolitik›. 2. Aufl., Leipzig, 1876).
بۇ كىتاپنىڭ 1 ـ نەشرى 1873 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

ئو. ديۈرىڭ. «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ پىپەنلىك تارىخى»، 1875 ـ يىل بېرلىن 2 ـ نەشرى
(E. Dühring. ‹Kritische Geschichte der Nationalökonomie und des Socialismus›. 2. Aufl., Berlin, 1875).
بۇ كىتاپنىڭ 1 ـ نەشرى 1871 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان. — 47 ـ ، 630 ـ بەتلەر.

34 فالانستېر — فرانسىيە خىيالىي سوتسىيالىزىمچىسى ش. فۇرېيېنىڭ تەلىماتى بويىچە، غايىۋى سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىستېمال ھەمكارلىق كوپېراتىۋىنىڭ ئەزالىرى تۇرىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان جاي. — 54 ـ بەت.

35 گ. ۋ. ف. گېگېل. «پەلسەپە چۈشەنچىسىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى»، 1817 ـ يىل ھېيدېلبېرگ نەشرى
(G. W. F. Hegel. ‹Encyclopädie der philosophischen Wissenschaften im Grundrisse›. Heidelberg, 1817).
بۇ ئەسەر ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) لوگىكا ئىلمى، (2) تەبىئەت پەلسەپىسى، (3) روھ پەلسەپىسى.

ئېنگېلس «ديۈرىڭغا قارشى»نى ۋە «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»نى يازغاندا پايدىلانغان گېگېل ئەسەرلىرى — ئاساسەن گېگېل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن رەتلەپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى. — 59 ـ بەت.

36 ئېنگېلسنىڭ مىسالىنى «گېگېلچىلارنىڭ ئەبىدى سەرگەردان يەھۇدىسى» دەپ ئاتىغانلىقىغا، روشەنكى، مىسالىنىڭ يۇزە چۈشىنىلگەن گېگېلىزىمغا

باشتىن-ئاياق ئاغىماي ئىخلاس قىلىپ كەلگەنلىكى سەۋەپ بولغان. مەسىلەن، 1876-يىلى مىشلېي 5 توملۇق «پەلسەپە تىشىسى»نى نەشر قىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئومۇمى تۈزۈلۈشىدە تامامەن گېگېلنىڭ «پەلسەپە چۈشەنچىسى» تەقلىت قىلىنغان. قاراڭ: ك. ل. مىشلېي. «توغرا پەن بولغان پەلسەپە تىشىسى (لوگىكا ئىلمى، تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە روھ پەلسەپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)»، 1876—1881-يىللار بېرلىن نەشرى، 1—5-توملار (C. L. Michelet. ‹Das System der Philosophie als exacter Wissenschaft enthaltend Logik, Naturphilosophie und Geistesphilosophie›. Bd. 1—5, Berlin, 1876—1881).

ئەبەدى سەرگەردان يەھۇدى ياكى ئاھاسفېر — ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە چىققان بىر راۋايەتتىكى شەخس؛ ئاھاسفېر خرىستوسقا ھۆرمەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ، ئەبەدى سەرگەردان بولۇشقا مەھكۇم قىلىنغانمىش؛ ئاھاسفېر ئوبرازى ئەدەبىياتتا كەڭ قوللىنىلىدۇ. — 60-بەت.

37 1885-يىلى، «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ 2-نەشرىنى مەتبەگە تەييارلىغىنىدا، ئېنگېلس بۇ يەرگە بىر ئىزاھ بەرمەكچى بولغان، كېيىن ئۇ بۇ ئىزاھنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى («رېئال دۇنيادىكى شۇشۆنىڭ چەكسىز تىپلىرى توغرىسىدا»نى) «تەبىئەت بيەنجېڭفاسى»نىڭ ماتېرىياللىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. — 60-بەت.

38 پرۇسسىيىلىكلەرنىڭ قۇللارچە ئىتائەت قىلىش پوزىتسىيىسى ئىشارە قىلىنىدۇ، ئۇلار 1848-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى پرۇسسىيە ئاساسى قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پادىشا ھوزۇرىدا تۈزۈلگەن («ئىنئام قىلىنغان») ئاساسى قانۇننى ماقۇللىغان. ئەكسىيەتچى داچېن مانتويفېلنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ ئاساسى قانۇن 1850-يىل 1-ئاينىڭ 31-كۈنى فرىدرىخ-ۋىلگېلم IV نىڭ ئاخىرقى تەستىقىدىن ئۆتكەن. — 67-بەت.

39 گېگېل. «پەلسەپە چۈەنشۇسى»، 188 ـ بۆلۈمگە قارالسۇن؛ «لوگىكا ئىلمى»، 3 ـ كىتاب، 1 ـ پارچە، 3 ـ بابىنىڭ بارلىقنىڭ ئەقلىي يەكۈن 4 ـ فىگۇرىسى توغرىسىدا دېگەن بۆلۈمى ۋە 3 ـ پارچە، 2 ـ بابىنىڭ دىڭلى توغرىسىدا دېگەن بۆلۈمىگىمۇ قارالسۇن. — 68 ـ بەت.

40 «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇنداق بەتلەرنىڭ ھەممىسى دىيۇرىڭنىڭ «پەلسەپە كۇرسى» دېگەن كىتاۋىنىڭ بەتلىرى. — 69 ـ بەت.

41 ئېنگېلسنىڭ مىسال كەلتۈرگەنلىرى 19 ـ ئەسىردە ياۋروپادا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىرنەچچە جەڭ.

1805 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) روسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئارمىيىلىرى بىلەن فرانسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاۋستېرلىتس جېڭى ناپولېئون I نىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشقان.

ناپولېئون قوماندانلىق قىلغان فرانسىيە ئارمىيىسى بىلەن پرۇسسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان يېنا جېڭى 1806 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يۈزبەرگەن. بۇ قېتىمقى جەڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىتچىت قىلىنىشى بىلەن ئاياقلاشقان، پرۇسسىيە ناپولېئون فرانسىيىسىگە تەسلىم بولغان.

كېنىگرېتس (ھازىرقى ھېرادېست ـ كرالوۋې) جېڭى 1866 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ۋە ساكسونىيە ئارمىيىسى بىلەن پرۇسسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا چېكىتتا بولغان جەڭ، ئۇ 1866 ـ يىلى پرۇسسىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇشى (نەتىجىدە پرۇسسىيە ئاۋستىرىيىنى يەڭگەن) دىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ بولغان ئىدى. تارىختا بۇ قېتىمقى جەڭ سادوۋا جېڭىگە ئوخشاشلا مەشھۇر.

1870 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 — 2 ـ كۈنلىرىدىكى سېدان جېڭى 1870 — 1871 ـ يىللاردىكى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدىكى بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ. بۇ جەڭدە پرۇسسىيە ئارمىيىسى مېكماخون

قوماندانلىق قىلغان فرانسىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. — 71 ـ بەت.

42 گ.ۋ.ف.گېگېل. «لوگىكا ئىلمى»، 1812—1816 ـ يىللار نيۇرنبېرگ نەشرى (G. W.F. Hegel.‹Wissenschaft der Logik›. Nürnberg, 1812—1816). بۇ ئەسەر ئۈچ كىتاپتا بولۇندۇ: (1) كېگۈەن لوگىكا، مەۋجۇدىيەت نەزىرىيىسى (1812 ـ يىلى نەشر قىلىنغان)؛ (2) كېگۈەن لوگىكا، ماھىيەت نەزىرىيىسى (1813 ـ يىلى نەشر قىلىنغان)؛ (3) جۇگۈەن لوگىكا ياكى ئۇقۇم نەزىرىيىسى (1816 ـ يىلى نەشر قىلىنغان). — 78 ـ بەت.

43 گېگېل. «پەلسەپە چۈەنشۈسى»، 94 ـ بولۇم. — 81 ـ بەت.

44 I. Kant. ‹Critik der reinen Vernunft›. Riga, 1781, S.426—433. — 85 ـ بەت.

45 كوزدە تۇتۇلغىنى — دىيۇرىڭنىڭ گېرمانىيە چوڭ شۇشۇبشۇناسى ك. ف. گاۋسنىڭ ئوكلىدنىڭكىدىن باشقىچە بولغان جىخېشۇي تىشىسى بولۇپمۇ كوپ ئولچەملىك ماكان جىخېشۇيىسى تىشىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە قىلغان ھۇجۇمى. — 87 ـ بەت.

46 گېگېل. «لوگىكا ئىلمى»، 2 ـ كىتاپ، ماھىيەت نەزىرىيىسىنىڭ باش قىسمىغا قارالسۇن.

شېللىڭنىڭ كېيىنكى «سۇرۇشتۇرۇشكە بولمايدىغان مەۋجۇدىيەت» دىگەن بۇ قەنچۇسى توغرىسىدا ئېنگېلسنىڭ ئەسىرى «شېللىڭ ۋە ئىلھام» («ماركس ـ ئېنگېلسنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، رۇسچە نەشرى، 424 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر)غا قارالسۇن. — 91 ـ بەت.

47 ھەركەت مىقتارىنىڭ ساقلىنىشى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى دېكارت ئوزىنىڭ «يورۇقلۇق توغرىسىدا» («دۇنيا توغرىسىدا» دىگەن كىتاپنىڭ بىرىنچى بولىگى بولۇپ، بۇ كىتاپ 1630 — 1633 ـ يىللىرى يېزىلغان، ئەمما دېكارت ئولگەندىن كېيىن 1664 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) سىدا ۋە ئوزىنىڭ 1639 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۇنى د. بوئۇننەگە

يازغان خېتىدە تەرىپلىگەن. بۇ كوزقاراش دېكارتىنىڭ 1644 ـ يىلى ئامستېردامدا نەشر قىلىنغان «پەلسەپە قائىدىلىرى»نىڭ ئىككىنچى قىسىم، 36 ـ بولۇمىدە (R. Des-Cartes. «Principia Philosophiae». Amstelodami, 1644, Pars secunda, XXXVI) دە ئەڭ تولۇق شەرھىلەنگەن. ـــ 94 ـ بەت.

48 كوپېرنىك تىشى توغرىسىدا، 1886 ـ يىلى ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسىرىدە توختالغان: «كوپېرنىكنىڭ قۇياش شىتۇگى تەلىماتى 300 يىلدىن بۇيان بىر خىل قىياسلا بولۇپ كەلگەن ئىدى، بۇ قىياس 99 پىرسەنت، 99,9 پىرسەنت، 99,99 پىرسەنت ئىشەنچلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بىر خىل قىياس ئىدى؛ لېۋېرىيې بۇ قۇياش شىتۇگى تەلىماتى بەرگەن سانلىق ئاساسلار بويىچە، تېخى مەلۇم بولمىغان بىر سەييارىنىڭ چوقۇم بارلىغىنى ھېساپلاپ چىقىپلا قالماي، بەلكى بۇ سەييارىنىڭ ئاسمان بوشلۇغىدىكى ئورنىنىمۇ ھېساپلاپ چىققان چاغدا، ئۇنىڭدىن كېيىن گاللې شۇ سەييارىنى ھەقىقەتەن تاپقان چاغدا، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتى تەستىقلاندى.» («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 317 ـــ 318 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). بۇ يەردە كوزدە تۇتۇلغان سەييارە ـــ 1846 ـ يىلى بېرلىن تيەنۋېنتەيىنىڭ كۆزەتكۈچىسى ئىيوخان گاللې تاپقان نېپتۇن. ـــ 101 ـ بەت.

49 كېيىنكى توغرا ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سۇ 100 گىرادۇستا پارغا ئايلانغاندا پەيدا بولىدىغان يوشۇرۇن ئىسسىقلىق 538.9kal/gغا باراۋەر بولىدۇ. ـــ 113 ـ بەت.

50 1885 ـ يىلى، «ديۇرىڭغا قارشى»نىڭ 2 ـ نەشرىنى مەتبەگە تەييارلىغىنىدا، ئېنگېلس بۇ يەرگە بىر ئىزاھ بەرمەكچى بولغان، كېيىن ئۇ بۇ ئىزاھنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى («"جىشىپلىك" تەبىەت قارىشى توغرىسىدا»نى) «تەبىەت بىيەنجېڭفاسى»نىڭ ماتېرىياللىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن. ـــ 119 ـ بەت.

51 چ. دارۋىن. «تەبىي تاللىنىش بويىچە تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەنى ياشاش ئۈچۈن كۈرەشتە ئۇيغۇنلاشقانلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى»، 1872-يىل لوندون 6-نەشرى، 428-بەت
(Ch. Darwin. ‹The Origin of Species by Means of Natural Selection, or the Preservation of Favoured Races in the Struggle for Life›. 6th ed., London, 1872, p. 428);
تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. بۇ — دارۋىن تولۇقلىغان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئاخىرقى نەشرى. بۇ كىتابنىڭ 1-نەشرى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ۋە باشقىلار («On the Origin of Species› etc.) دىگەن نام بىلەن 1859-يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

ئېنگېلسنىڭ كېيىن يەنى مۇشۇ كىتابنىڭ 133-بېتىدە نەقىل كەلتۈرگىنى دارۋىننىڭ شۇ كىتاۋىنىڭ شۇ نەشرى. — 131-بەت.

52 ئې. ھېككېل. «تەبىئەتنىڭ يارىلىش تارىخى. ئومۇمى جىنخۇا تەلىماتى بولۇپمۇ دارۋىن، گېتې، لاماركىنىڭ جىنخۇا تەلىماتى توغرىسىدا ئاممىباپ ئىلمىي لېكسىيە»، 1873-يىل بېرلىن 4-نەشرى
(E. Haeckel. ‹Natürliche Schöpfungsgeschichte. Gemeinverständliche wissenschaftliche Vorträge über die Entwickelungslehre im Allgemeinen und diejenige von Darwin, Goethe und Lamarck im Besonderen›. 4. Aufl., Berlin, 1873).
بۇ كىتابنىڭ 1-نەشرى 1868-يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان.

باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار (گرېكچە *πρώτιστος* — ئەڭ دەسلەپكى دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان) — ھېككېلنىڭ تۈرگە ئايرىشى بويىچە، ئەڭ ئاددى ئورگانىك جىسىملارنىڭ بىر چوڭ گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇ بىر ھۈجەيرىلىك ياكى ھۈجەيرىسىز ئورگانىك جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئورگانىك دۇنيادا كۆپ ھۈجەيرىلىك ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئىككى ساھەسى (ئوسۇملۇكلەر ۋە ھايۋاناتلار) دىن باشقا ئالاھىدە بولغان ئۈچىنچى بىر ساھەنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇەنچۇڭ (گرېكچە μονήρης — ئاددى دېگەن سوزدىن كېلىپ چىققان) — ھېككېلنىڭ قارىشىچە، ئۆزىگى بولمىغان، زادىلا تۈزۈلۈشى بولمىغان ئاقسىل ماددا پارچىلىرى بولۇپ، ئۇ ھاياتنىڭ ئۆزۈقلىنىش، ھەركەت قىلىش، تەسىرگە بولغان رىياكسىيە، كۆپىيىشتىن ئىبارەت بارلىق موھىم جۈنبىشلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ھېككېل ئېپتىدائىي، ئۆز ئۆزىدىن تۇغۇلۇش يولى بىلەن پەيدا بولغان ئەمما ھازىر تۇخۇمى قۇرىغان يۇەنچۇڭ (ئەڭ قەدىمقى يۇەنچۇڭ)نى ھازىرقى زاماندىكى، تېخى مەۋجۇت تۇرغان يۇەنچۇڭدىن پەرقلەندۇرىدۇ. ئالدىنقىسى — ئورگانىك دۇنيانىڭ ئۈچ ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى؛ ھۈجەيرە ئەڭ قەدىمقى يۇەنچۇڭدىن تارىخىي يوسۇندا راۋاجلانغان. كېيىنكىسى باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار ساھەسىگە تەئەللۇق بولۇپ، شۇ ساھەنىڭ بىرىنچى، ئەڭ ئاددى تۈرىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھېككېلنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى زاماندىكى يۇەنچۇڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى بار:
**Protamoeba primitiva, Protomyxa aurantiaca, Bathybius Haeckelii.**

«باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار» ۋە «يۇەنچۇڭ» دېگەن ئىككى ئاتالغۇنى ھېككېل 1866-يىلى (ئۆزىنىڭ «ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئاددى شىڭتەيشۆيسى» دېگەن كىتاۋىدا) ئىشلەتكەن، ئەمما بۇلار پەندە تەھقىقلەشتۈرۈلمىگەن. ھازىر، ھېككېل تەرىپىدىن باشلانغۇچ جانلىق مەۋجۇداتلار دەپ قارالغان ئورگانىك جىسىملار يا ئۇسۇملۇكلەرگە ئايرىلدى، يا ھايۋاناتلارغا ئايرىلدى. يۇەنچۇڭنىڭ مەۋجۇتلۇغى كېيىنكى ۋاقىتتىمۇ تەستىقلانمىدى. ئەمما، ھۈجەيرىلىك ئورگانىك جىسىملار ئالدىنقى ھۈجەيرىلەر توقۇلمىسىدىن راۋاجلانغان، دېگەن ئومۇمىي ئىدىيە ۋە ئېپتىدائىي جانلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇسۇملۇكلەرگە ۋە ھايۋاناتلارغا ئايرىغان ئىدىيە پەن ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىندى. — 131-بەت.

53 «نىبېلۇنگلار ئۈزۈگى» رىخارد ۋاگنېرنىڭ چوڭ تىپتىكى بىر گۇرۇپپا

ئوپېرىسى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى تۆت ئوپېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «رېين ئالتۇنى»، «ۋاركۈلىي»، «چىگافولىت»، «ئىلاھنىڭ ھالاكىتى». 1876 ـ يىلى بايروئىتتىكى ۋاگنېر مەخسۇس تىياتىرخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا «نىبېلۇنگلار ئۈزۈكى» قويۇلغان.

ئېنگېلس بۇ يەردە چاقچاق قىلىپ ر. ۋاگنېرنى «كەلگۈسىدىكى زوچۇيجىيا» دەپ ئاتىغان، چۈنكى ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىسى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن «كەلگۈسىدىكى مۇزىكا» دەپ مەسخىرە قىلىنغان، سەۋەبى ئۇنىڭ بىر كىتاۋى «كەلگۈسىدىكى بەدىي ئەسەر» (R. Wagner. ‹Das Kunstwerk der Zukunft›. Leipzig, 1850) دەپ ئاتىلاتتى. — 137 ـ بەت.

54 جىۋچۈك (Pflanzentiere — ئۆسۈملۈك ھايۋانات) 16 ـ ئەسىردىن بۇيان ئومۇرتقىسىز ھايۋاناتلار گۇرۇپپىسى (ئاساسەن خەيمىيەن ھايۋاناتلار ۋە ئۈچەي قوساق ھايۋاناتلار)نىڭ ئاتىلىشى، ئۇلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆسۈملۈكنىڭ بەلگىسى (مەسىلەن، مۇقىم تۇرمۇش ئۇسۇلى) دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ: شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر جىۋچۈكنى ئۆسۈملۈك بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئارىلىقتىكى شەكىلدەي دەپ قارايتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، «جىۋچۈك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۈچەي قوساق ھايۋاناتلارنىڭ مەنىداش سۆزى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئىدى؛ ھازىر بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. — 142 ـ بەت.

55 بۇ يەردە ئېيتىلغان تۆرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى ت. ھ. ھېكسلېي ئۆزىنىڭ «سېلىشتۇرما جىسىمشۇناسلىق قائىدىلىرى جىياڭيىسى» نىڭ 1864 ـ يىل لوندون نەشرى 5 ـ لېكسىيىسى (T. H. Huxley. ‹Lectures on the Elements of Comparative Anatomy›. London, 1864, lecture V) دە ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق تۆرگە ئايرىش ئۇسۇلى ھ. ئا. نېكورسوننىڭ «دۇڭۋۇشۇي قوللانمىسى» (1 ـ نەشرى 1870 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن) ئۈچۈن ئاساس سالغان ئىدى، ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى»لى ۋە

«تەبىئەت بىيەنجېڭفاسى»نى يازغان ۋاقىتتا نىكورسوننىڭ بۇ كىتاۋىدىن پايدىلانغان. — 142 ـ بەت.

56 تراۋبېنىڭ سۈنئىي ھۈجەيرىلىرى بىر تۈرلۈك ئورگانىك بولمىغان تۈزۈلمە، ئۇ جانلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ مودېلى بولۇپ، ماددا ئالمىشىشى قىلالايدۇ ۋە ئۆسەلەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھايات ھادىسىسىنى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ؛ ئۇنى گېرمانىيە خۇاشۆيشۇناسى ۋە شېڭلىشۆيشۇناسى م. تراۋبې ئارىلاشما يىلىم سۇيۇقلۇقىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن ياساپ چىققان. گېرمانىيە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ۋە دوختۇرلىرىنىڭ 1874 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى براسلودا ئۆتكۈزۈلگەن 47 ـ قۇرۇلتىيىدا تراۋبې ئۆزىنىڭ شۇ قېتىمقى سىنىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس تراۋبېنىڭ بۇ كەشپىياتىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن (ماركسنىڭ 1875 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پ. ل. لاۋروۋقا يازغان خېتىگە، ماركسنىڭ 1877 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋ. ي. فلوئىنتقا يازغان خېتىگە قارالسۇن). — 148 ـ بەت.

57 ئېنگېلس بۇ يەردە «تەبىئەت دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1876 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە قىسقا خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىدۇ. قىسقا خەۋەردە د. ئى. مېندېلېيېپنىڭ روسىيە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ۋە دوختۇرلىرىنىڭ 1876 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆزى خەۋەر قىلىنغان، مېندېلېيېپ سۆزىدە ئۆزىنىڭ 1875 — 1876 ـ يىللىرى ي. ئې. بوگۇسكى بىلەن بىللە بويىل ـ ماريوت قانۇنىنى ئىسپاتلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى شەرھلىگەن ئىدى.

بۇ بەت ئاستى ئىزاھىنى، روشەنكى، ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ مۇشۇ بابىنى (1877 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئالغا گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان) كوررېكتورلۇق قىلغان چاغدا يازغان. بەت ئاستى ئىزاھىنىڭ ئاخىرىدىكى يەنە تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزنى ئېنگېلس 1885 ـ يىلى «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ 2 ـ نەشرىنى مەتبەگە تەييارلىغان

ۋاقتىدا قوشقان. — 168 ــ بەت.

58 گېتې. «فائۇستى»، 1 ــ بولۇم، 3 ــ كورۇنۇش («فائۇستنىڭ كۇتۇپخانىسى»). — 170 ــ بەت.

59 تەۋرات «مىسىردىن چىقىش»، 20 ــ باپ، 15 ــ بولۇم ۋە «جان تىلەش»، 5 ــ باپ، 19 ــ بولۇم. — 173 ــ بەت.

60 گېتې. «فائۇستى» 1 ــ بولۇم، 2 ــ كورۇنۇش ۋە 3 ــ كورۇنۇش («قۇۋۋۇق ئالدىدا» ۋە «فائۇستىنىڭ كۇتۇپخانىسى»). — 175 ــ بەت.

61 رۇسونىڭ «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى 1754 ــ يىلى يېزىلىپ، 1755 ــ يىلى نەشر قىلىنغان (ئىزاھ 25كە قارالسۇن). — 180 ــ بەت.

62 1618 ــ يىلدىن 1648 ــ يىلغىچە بولغان 30 يىللىق ئۇرۇش — پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇش، ئۇ پىروتېستانتلار بىلەن كاتولىكلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن كېلىپ چىققان. گېرمانىيە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئورنى، ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەربىي تالان ــ تاراج قىلىش ۋە تاجاۋۇز قىلىش دۆيىشياگى بولغان ئىدى. — 182 ــ بەت.

63 كوزدە تۇتۇلغىنى — م. شتىرنېرنىڭ ئەسىرى «بىردىن ــ بىرچى ۋە ئۇنىڭ مۈلكى»، 1845 ــ يىل لېيپسىگ نەشرى (M. Stirner. ‹Der Einzige und sein Eigenthum›. Leipzig, 1845). بۇ ئەسەر «گېرمانىيە ئالغ شىگتەيى»دە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ يوقىتىش خاراكتېرلىق پىپەنىگە ئۇچرىغان («ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3 ــ توم، 116 — 530 ــ بەتلەرگە قارالسۇن). — 183 ــ بەت.

64 چار روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە يۈزبەرگەن ۋەقە كوزدە تۇتۇلىدۇ. 1873 ــ يىلى خىۋەگە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، روسىيىنىڭ بىر بۇدۆيى كائۇفمان جياڭجۈننىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، گولوۋاچېپ جياڭجۈننىڭ قوماندانلىقىدا 7 — 8 ــ ئايلاردا تۈركمىنىس ــ

تاندىكى ئىسومۇدلارغا جازا يۈرۈشى خاراكتىرلىق يۈرۈش قىلغان؛ بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئىنتايىن دەھشەتلىك بولۇش بىلەن خاراكتىرلانغان. ئېنگېلس نەقىل كەلتۈرگەن مۇشۇ ۋەقەگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، روشەنكى، ئامېرىكىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتنىڭ ئەمەلدارى ئې. سكۆيلېرنىڭ كىتاۋى «تۈركىستان. روسىيە تۈركىستانىغا، قوقانغا، بۇخاراغا ۋە غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى» (E. Schuyler. ‹Turkistan. Notes of a Journey in Russian Turkistan, Khokand, Bukhara and Kuldja›. In two volumes. Vol. II, London, 1876, p. 356—359). — 187 ـ بەت.

65 ئېنگېلسنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرگىنى «كاپىتال»نىڭ 1 ـ تومى («كاپىتال»، 1 ـ توم، 1 ـ باپ، 3 ـ بولۇم A 3 كە قارالسۇن). — 194 ـ بەت.

66 K. Marx. ‹Das Kapital›. Bd. I, 2. Aufl., Hamburg, 1872, S. 36. «كاپىتال»، 1 ـ توم، 1 ـ باپ، 3 ـ بولۇم A 3 كە قارالسۇن. ئېنگېلسنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى»دا نەقىل كەلتۈرگىنى — «كاپىتال»نىڭ 1 ـ توم، نېمىسچە 2 ـ نەشرى. پەقەت ئىككىنچى قىسىم، 10 ـ بابىتلا، ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ 3 ـ نەشرىنى نەشر قىلىش ئۈچۈن شۇ بابقا تۈزىتىش كىرگۈزگەن ۋاقىتدا، ئاندىن «كاپىتال»نىڭ 1 ـ توم، نېمىسچە 3 ـ نەشرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن. — 199 ـ بەت.

67 لاسسال 1848 ـ يىل 2 ـ ئايدا هاتسفېلد بوجۇينىڭ خوتۇنىنىڭ نىكادىن ئاجرىشىش ئەنزىسى (1846 — 1854 ـ يىللىرى لاسسال شۇ ئەنزىنىڭ لۇيىشسى بولغان) ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ماتېرىياللار سېلىنغان زىننەت بۇيۇملىرى ساندۇقچىسىنى ئوغرىلاشقا كۈشكۈرتكەن دىگەن ئەرزگە بىنائەن قولغا ئېلىنغان. لاسسالنىڭ ئەنزىسى 1848 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 — 11 ـ كۈنلىردە قاراپ چىقىلغان. لاسسال پېيشېن فاتىگى تەرىپىدىن گۇناسىز دەپ هوكۇم قىلىنغان. — 201 ـ بەت.

68 جىنايى ئىشلار قادىيەنى (*Code pénal*) فرانسىيىنىڭ قادىيەنى بولۇپ، 1810 ـ يىلى ماقۇللانغان، 1811 ـ يىلدىن باشلاپ فرانسىيىدە ۋە

گېرمانىيىنىڭ فرانسۇزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان غەربىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئەمەلگە قويۇلغان؛ 1815 ـ يىلى رېين ئۆلكىسى پرۇسسىيىگە قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنىلا رېين ئۆلكىسىدە ھەق تەلەپ فادىيەنى بىلەن بىللە يۈرگۈزۈلگەن. پرۇسسىيە ھوكۇمىتى بىر قاتار تەدبىرلەرنى كورۇپ، رېين ئۆلكىسىدە پرۇسسىيە قانۇنلىرىنى يۈرگۈزۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنغان. بۇ تەدبىرلەر رېين ئۆلكىسىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. مارت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، 1848 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى بۇيرۇققا بىنائەن، بۇ تەدبىرلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. — 202 ـ بەت.

69 ناپولېون فادىيەنى (*Code Napoléon*) — 1804 ـ يىلى ماقۇللانغان فرانسىيە ھەق تەلەپ فادىيەنى (Code civil). ئېنگېلس ئۇنى «بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىنىڭ تىپىك فادىيەنى» دەپ ئاتىغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21 ـ توم، 347 ـ بەتكە قارالسۇن).

ئېنگېلسنىڭ بۇ يەردە ئېيتقىنى — كەڭ مەنىدىكى ناپولېون فادىيەلى، يەنى 1804 — 1810 ـ يىللاردىكى ناپولېون ھوكۇمرانلىقى مەزگىلىدە ماقۇللانغان بەش فادىيەن: ھەق تەلەپ قانۇنى، ھەق تەلەپ ئەرز ـ شىكايەت قانۇنى، سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار ئەرز ـ شىكايەت قانۇنىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. — 203 ـ بەت.

70 بىلىمسىزلىك دەلىل ئەمەس دېگەن سوز — سپىنوزا «لۇنلىشۇي» (بىرىنچى بولىكى، تولۇقلىما)دە راھىپلىق مەقسەت نەزىرىيىسىنىڭ تەبىئەت قارشىسىنىڭ ۋەكىللىرىگە قارشى تۇرغان ۋاقىتتا ئېيتقان سوز، بۇ كىشىلەر «خۇدانىڭ ئىرادىسى» ھەممە ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنىڭ سەۋەبى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلارنىڭ دەلىللەشتىكى بىردىن ـ بىر ۋاستىسى باشقا سەۋەپلەر ئۈستىدىكى بىلىمسىزلىككە مۇراجەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. — 205 ـ بەت.

71 ھەق تەلەپ قانۇنى قامۇسى (*Corpus juris civilis*) — رىمنىڭ

قول ئىگىلەش تۈزۈمى جەمئىيىتىنىڭ مال-مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ھەق تەلەپ قانۇنلىرى توپلىمى؛ ئۇ 6-ئەسىردە يۇستىنىيان پادىشا تەختتە چاغدا تۈزۈلگەن. ئېنگېلس ئۇنى «شائىپىن ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى دۇنياۋى قانۇنى» دېگەن ئىدى («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 21-توم، 346-بەتكە قارالسۇن). — 205-بەت.

72 پرۇسسىيىنىڭ تۇغۇت، نىكا ۋە ئۆلۈم قاتارلىق خەلق ئىشلىرى بويىچە تىزىملاشنى مەجبۇرى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى قانۇنى بىسماركنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ماقۇللانغان؛ بۇ قانۇن 3-ئاينىڭ 9-كۈنى ئاخىرقى تەستىقتىن ئۆتكەن ھەم 1874-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغان. 1875-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى پۈتۈن گېرمانىيىگە شۇنداق قانۇن جاكالانغان. بۇ قانۇن جىياۋخۇينى نوپۇس تىزىملاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان، شۇنداق قىلىپ جىياۋخۇينىڭ تەسىرى ۋە كىرىمىنى زور دەرىجىدە چەكلىگەن. ئۇ ئاساسەن كاتولىك جىياۋخۇيىغا قارشى ئىدى، شۇنداقلا بىسماركنىڭ «مەدەنىيەت كۈرىشى» دېيىلگەن سىياسىتىدىكى موھىم ھالقا ئىدى. — 208-بەت.

73 براندېنبۇرگ، شەرقىي پرۇسسىيە، غەربىي پرۇسسىيە، پوزنان، پومېرانىيە ۋە سىلېزىيىدىن ئىبارەت 6 ئۆلكە كوزدە تۇتۇلىدۇ، 1815-يىلدىكى ۋېنا يىغىنىدىن ئىلگىرى بۇ ئۆلكىلەر پرۇسسىيە پادىشالىقىغا تەۋە ئىدى. ئىقتىسات، سىياسى، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئەڭ تەرەققىي تاپقان رېين ئۆلكىسى بۇ قاتاردا ئەمەس ئىدى، ئۇ 1815-يىلى پرۇسسىيىگە قوشۇۋېلىنغان. — 209-بەت.

74 رېنچا ئاسمان جىسىملىرى مەلۇم بولغان تەكشىلىكتىن ئۆتكەن دەقىقىدىكى شىتۇكلۇق پەرقنى ئىنقىلاشنى كورسىتىدۇ، بۇنداق پەرق كۆزەتكۈچىنىڭ روھىي ھالىتى، شېخسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆتكەن ۋاقتىنى خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا باغلىق. — 211-بەت.

75 گېگېل. «پەلسەپە چۈەنشۈسى»، 147-بولۇم، قوشۇمچە ئىزاھ. — 211-بەت.

76 ماركس ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىقتىساتشۇناسلىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا بۇ ئەسەرنى توم-كىتاپلارغا ئايرىش پىلانىنى كوپ قېتىم ئۆزگەرتتى. 1867-يىلى «كاپىتال»نىڭ 1-تومى نەشر قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ماركسنىڭ پىلانى: پۈتۈن ئەسەرنى 3 توم، 4 كىتاپقا بولۇپ نەشر قىلىش، 2-كىتاپ بىلەن 3-كىتاپنى 1 توم يەنى 2-توم قىلىش ئىدى («كاپىتال»، 1-توم، نېمىسچە 1-نەشرىگە كىرىش سوزگە قاراڭ). ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېنگېلس 2-كىتاپ بىلەن 3-كىتاپنى 2- ۋە 3-توم قىلىپ نەشر قىلدى. ئاخىرقى 1 كىتاپ يەنى 4-كىتاپ — «قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسى» («كاپىتال»نىڭ 4-تومى)نى ئېنگېلس نەشر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. — 228-، 409-بەتلەر.

77 1867-يىلى «ھازىرقى زامان بىلىملىرى ھەققىدە قوشۇمچە ماتېرىياللار» ژۇرنىلىنىڭ 3-توپلام، 3-سان، 182 — 186-بەتلىرىدە ديۈرىڭنىڭ ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن ئەسىرىنىڭ 1-تومى ئۈستىدىكى پىكىرلۈنى بېسىلغان. — 230-بەت.

78 ناپولېون ئەسلىملىرى «1816-يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان (ھەربى ئىشلار ئىلمى توغرىسىدا) دىگەن كىتاپقا قارىتا 17 پىكىر»، 3-پىكىر: ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قاراڭ. مونتولون بوجۇي جياڭجۈن تۈزگەن «ناپولېون ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋردىكى فرانسىيە تارىخى ھەققىدە ئەسلىمە، ناپولېون بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن جياڭجۈنلەر بىلەن سېنت-ھېلېنىس ئارىلىدا تۈزگەن، پۈتۈنلەي ناپولېون ئۆزى بىۋاستە تەھرىرلىگەن ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىلدى»، 1823-يىل پارىژ نەشرى، 1-توم، 262-بەت

(«Mémoires pour servir à l'histoire de France, sous Napoléon, écrits à Sainte-Hélène, par les généraux qui ont partagé sa captivité, et publiés sur les manuscrits entièrement corrigés

de la main de Napoléon». Tome premier, écrit par le général comte de Montholon. Paris, 1823, p. 262). كە بېرىلگەن.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئاتلىق ئەسكەرلەر» («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 14-توم، 320-بەتكە قارالسۇن) دېگەن ماقالىسىدا ناپولېئون ئەسلىمىلىرىدىكى بۇ بىر ئابزاس سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدى. — 240-بەت.

79 «كاپىتال»، 1-توم، 24-باپ، 7-بولۇمگە قارالسۇن. ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ يەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە جايدا نەقىل كەلتۈرگىنى — «كاپىتال»، 1-توم، نېمىسچە 2-نەشرى (1872-يىلى). بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قىسمى نېمىسچە 4-نەشرى (1890-يىلى)دە بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن. — 244-بەت.

80 رۇسسونىڭ «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ (ئىزاھ 25كە قارالسۇن)، بۇ ئەسەر 1754-يىلى يېزىلغان. ئېنگېلسنىڭ كېيىن نەقىل كەلتۈرگىنى شۇ ئەسەر (1755-يىل نەشرى)نىڭ ئىككىنچى قىسىم، 116-، 118-، 146-، 175 — 176- ۋە 176 — 177-بەتلىرى. — 260-بەت.

81 ئې. ھېككېل. «تەبىئەتنىڭ يارىلىش تارىخى»، 1873-يىل بېرلىن 4-نەشرى، 590 — 591-بەتلەر. ھېككېلنىڭ تۈرگە ئايرىشىدىكى Alali ئەسلى مەنىدىكى ئادەم پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچ. Alali «تىلسىز ئىپتىدائىي ئادەم» دېگەن بولىدۇ، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، مايمۇنسىمان ئادەم (تىك تۇرالايدىغان مايمۇنسىمان ئادەم) دېگەن بولىدۇ. ھېككېلنىڭ ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن ھازىرقى زامان ئادىمى ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆتكۈنچى شەكىلنىڭ مەۋجۇت بولغان دېگەن قىياسى 1891-يىلى تەستىقلانغان. شۇ ۋاقىتلاردا گوللاندىيىلىك رېنلېيشۇېشۇناس ئو. دۇبۇۋا ياۋا ئارىلىدىن يىراق قەدىمقى ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان پارچىلىرىنى تاپقان. بۇنداق ئادەملەرمۇ «تىك

تۇرالايدىغان مايمۇنسىمان ئادەم» دەپ ئاتالغان. — 261-بەت.

82 *«determinatio est negatio»* دېگەن سۆز توغرىسىدا، سپىنوزانىڭ 1674-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى يارېش - يېللېسقا يازغان خېتىگە قارالسۇن (ب. سپىنوزا. «خەت-چەكلەر توپلىمى»، 50-خەتكە قارالسۇن)، ئۇ يەردە بۇ سۆز «چەكلەش ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. «omnis determinatio est negatio» دېگەن سۆز ۋە بۇ ھەقتىكى «ھەرقانداق بەلگىلىمە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر» دېگەن چۈشەندۈرۈش ئايرىم-ئايرىم ھالدا گېگېلنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرمۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغان («پەلسەپە چۈشەنچىسى»، 1-قىسىم، 91-بولۇمنىڭ قوشۇمچە ئىزاھىغا؛ «لوگىكا ئىلمى»، 1-كىتاپ، 1-پارچە، 2-باپ، سۈپەت توغرىسىدا دېگەن بولۇمنىڭ ئىزاھىغا؛ «پەلسەپە تارىخى ھەققىدە لېكسىيە»، 1-توم، 1-قىسىم، 1-پارچە، 1-باپ، پارمېنىدې توغرىسىدا دېگەن بولۇمگە قارالسۇن). — 266-بەت.

83 موللېيېرنىڭ كومېدىيىسى «ئاقسۆڭەككە مەسلىكى كېلىدىغان مىشچانلار»نىڭ 2-پەردە، 6-كۆرۈنۈشىدىكى بىر مەشھۇر ۋەقەلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — 268-، 425-بەتلەر.

84 «قەلەندەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىلىدىغان سۇيۇق بوتقا» (*«breite Bettelsuppen»*) گېتېنىڭ تىراگېدىيىسى «فائۇستى»نىڭ 1-بولۇم، 6-كۆرۈنۈشى «جادىگەر خوتۇننىڭ ئاشخانىسى»دىكى سۆز. — 271-، 488-، 605-بەتلەر.

85 بۇ سۆز رىم شائىرى يۇۋېنالىسنىڭ تۆنجى ھەجۋى شېئىرىدىن ئېلىنغان. — 280-بەت.

86 «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بەتلەر، مۇشۇ قىسمىنىڭ 10-بابىدىكىلىرىدىن باشقىلىرى، دىيۇرىڭنىڭ «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائى ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2-نەشرىنىڭ بەتلىرى. — 284-بەت.

87 ئومىلىگۈچى قۇرۇت مەتبۇئاتى ھوكۇمەتتىن پۇل ياردەم ئېلىپ تۇرغان ئەكسىيەتچىل مەتبۇئاتلارنى كورسىتىدۇ. 1869-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى بىسمارك تۆۋەن يىيۇەندە سوز سوزلىگەندە بۇ سوزنى باشقا بىر خىل مەنىدە ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىسمارك ھوكۇمەتكە قارشى تۇرغۇچىلارنى ئومىلىگۈچى قۇرۇت دەپ ئاتىغان ئىدى. لېكىن كېيىنچە بۇ سوز دەل ھوكۇمەتكە غالچىلىق قىلىشقا ئوزىنى ئاتىۋەتكەن مۇخبىرلارغا قارىتىلىدىغان بولغان. بىسماركنىڭ ئوزىمۇ 1876-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى گېرمان دىگوسىنىڭ كوخۇيىدا سوز سوزلىگەندە، مۇنۇ بىر پاكىتنى: «ئومىلىگۈچى قۇرۇت» دىگەن سوزنىڭ يېڭى مەنىسىنىڭ گېرمانىيىدە ئەڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولغان. — 289-بەت.

88 ئو. دىيۇرىڭ. «پرۇسسىيە نېيىگېسىغا سۇنغان ئىجتىمائى تەكلىپنامەمنىڭ تەقدىرى»، 1868-يىل بېرلىن نەشرى، 5-بەت (E. Dühring. «Die Schicksale meiner socialen Denkschrift für das Preussische Staatsministerium». Berlin, 1868, S. 5). — 293-بەت.

89 بۇ يەردە دىيۇرىڭنىڭ ئەسىرى «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائى ئىقتىساتشۇناسلىق كۇرسى» (ئىزاھ 33كە قارالسۇن)نىڭ 1876-يىلدىكى 2-نەشرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 293-بەت.

90 ئېنگېلس بۇ يەردە شېكىسپىرنىڭ تارىخىي تىياتىرى «ھېنرى IV» (ئا. ۋ. شلېگېلنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسى)نىڭ باش قىسمى 2-پەردە 4-كورۇنۇشىدىكى فوستافنىڭ: «دەلىللەر پاخالدەك ئەرزەن بولسىمۇ، مەن باشقىلارنىڭ زورلىشى ئاستىدا ئۇلارغا بىرمۇ دەلىل بەرمەيمەن» دىگەن سوزىدىن پايدىلانغان. — 297-بەت.

91 ئا. تىيېلى، ف. گىزو، ف. مىنې، ئا. تىيېرلار كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 298-بەت.

92 ئېنگېلسنىڭ بۇ ماتېرىياللىرى ۋ. ۋاكسمۇتنىڭ ئەسىرى «يۇناننىڭ قەدىمقى دەۋرىنى دولەت نۇقتىسىنەزىرىدىن تەتقىق قىلىش»، 1829-يىل

ھاللې نەشرى، ئىككىنچى قىسىم، 1-پارچە، 44-بەت (W. Wachsmuth. ‹Hellenische Alterthumskunde aus dem Gesichtspunkte des Staates›. Th. II, Abth. I, Halle, 1829, S.44) تىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. يۇنان-پېرسىيە ئۇرۇشى دەۋرىدە كولىنىس ۋە ئېھىندىكى قۇللارنىڭ سانى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئەڭ بۇرۇن قەدىمقى يۇنان يازغۇچىسى ئاتېنەئوسنىڭ ئەسىرى «ئالىملار زىياپىتى»نىڭ 6-كىتاۋىدا كورۇلگەن. — 301-بەت.

93 ئېنگېلسنىڭ پايدىلانغىنى — گ. خانسېننىڭ ئەسىرى «ترىېر ۋىلايىتىدىكى دېخان ئائىلىلىرى گۇڭشېسى (دەۋردىن دەۋرگە قېلىپ كېلىۋاتقان ھەمكارلىق كوپىراتسىۋى)»، 1863-يىل بېرلىن نەشرى (G. Hanssen. ‹Die Gehöferschaften (Erbgenossenschaften)im Regierungsbezirk Trier›. Berlin, 1863). — 304-، 599-بەتلەر.

94 فرانسىيە 1870 — 1871-يىللاردىكى پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇلھى شەرتلىرىگە ئاساسەن، 1871 — 1873-يىللىرى گېرمانىيىگە تولىگەن 5 مىليارت فرانك تولەم كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 313-بەت.

95 پرۇسسىيىنىڭ زاپاس ئارمىيە تۈزۈمى — ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغانلاردىن مۇنتىزىم ئارمىيىدە ھەربى خىزمەت ئوتەش ۋاقتى توشقانلار ۋە بەلگىلەنگەن تەييارلىق مۇددىتىدىكى يېشى چوڭراقلارنى بىر قوراللىق بۇدۇي قىلىپ تۈزۈش تۈزۈمى. پرۇسسىيىدە زاپاس ئارمىيە تۈزۈمى دەسلەپتە 1813 — 1814-يىللىرى ناپولېون ئۇرۇشىغا قارشى كۈرەشتە مىنتۇەن سۇيپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. 1870 — 1871-يىللاردىكى پرۇسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە زاپاس ئارمىيە مۇنتىزىم بۇدۇيلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىشقا سېلىنغان. — 319-بەت.

96 1866-يىلدىكى ئاۋستىرىيە-پرۇسسىيە ئۇرۇشى كوزدە تۇتۇلىدۇ. — 319-بەت.

97 1870-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى سېن-پرىۋا جېڭىدە گېرمانىيە

ئارمىيىسى غايەت زور تالاپەت بەدەلىگە فرانسىيە رېيىن جۇلغۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. تارىخىي ھوججەتلەردە بۇ جەڭ گراۋېلوت جېڭىگە ئوخشاشلا مەشھۇر.

بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن پرۇسسىيە جىنۇپ–جۇنىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا ئېنگېلس پرۇسسىيە ئارمىيىسى زۆڭ ئىشتاپ–ئۇسىنىڭ ئۇرۇش تارىخى باشقارمىسى تۈزگەن 1870—1871 ـ يىللاردىكى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىنىڭ رەسمىي تارىخىدىكى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن (قارالسۇن: «Der deutsche-französische Krieg 1870—1871». Th. I, Bd. 2, Berlin, 1875). — 319 ـ بەت.

98 م. يېتېنسىنىڭ «ماكسىيافىل ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي خىزمەت ئوتەش مەجبۇرىيىتى تۈزۈمى ئىدىيىسى» دېگەن دوكلادى «كيۇلىن گېزىتى»نىڭ 1876 ـ يىل 4 ـ ئاپرېلنىڭ 18 ـ، 20 ـ، 22 ـ ۋە 25 ـ كۈنلىرىدىكى 108 ـ، 110 ـ، 112 ـ ۋە 115 ـ سانلىرىغا بېسىلغان. نەقىلدىكى تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان.

«كيۇلىن گېزىتى» («Kölnische Zeitung») گېرمانىيىدە چىقىدىغان كونىلۇك گېزىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1802 ـ يىلدىن باشلاپ شۇ نام بىلەن كيۇلىندا چىقىرىلغان؛ ئۇ پرۇسسىيە ئەركىن بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. — 324 ـ بەت.

99 1853 — 1856 ـ يىللاردىكى قرىم ئۇرۇشى (شەرق ئۇرۇشى) روسىيىنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە ۋە ساردىنىيە ئىتتىپاقى بىلەن قىلغان ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇ شۇ دۆلەتلەرنىڭ يېقىن شەرقتىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرىدە توقۇنۇش يۈزبەرگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. — 324 ـ بەت.

100 ئىزاھنىڭ ئاخىرىدىكى تىرناق ئىچىدىكى سوزلەرنى ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى»نىڭ 1894 ـ يىلدىكى 3 ـ نەشرىدە قوشقان. — 327 ـ بەت.

101 ديۇرىڭ ئۆزىنىڭ «بىيەنجېڭفا»سىنى گېگېلنىڭ «غەيرى تەبەت»

بىيەلىجىڭفاسىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن «تەبىەت بىيەنجىڭفاسى» دەپ ئاتايتتى. قارالسۇن: ئو. دىيۇرىڭ. «تەبىەت بىيەنجىڭفاسى. پەن ۋە پەلسەپىنىڭ يېڭى لوگىكىلىق ئاساسى»، 1865 - يىل بېرلىن نەشرى (E. Dühring. «Natürliche Dialektik. Neue logische Grundlegungen der Wissenschaft und Philosophie». Berlin, 1865). — 331 - بەت.

102 گ. ل. ماۋرېرنىڭ مۇشۇ تېمىغا دائىر ئەسەرلىرى (جەمئى 12 توم) ئوتتۇرا ئەسىردىكى گېرمانىيە يەر تۈزۈمى، شەھەر تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان. بۇ ئەسەرلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «ماركا تۈزۈمى، دېخان ئائىلىلىرى تۈزۈمى، يېزا تۈزۈمى ۋە شەھەر تۈزۈمى شۇنىڭدەك جامائەت ھاكىمىيىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي مۇلاھىزە» 1854 - يىل مىيۇنخېن نەشرى («Einleitung zur Geschichte der Mark-, Hof-, Dorf- und Stadt-Verfassung und der öffentlichen Gewalt». München, 1854); «گېرمانىيىدە ماركا تۈزۈمىنىڭ تارىخى»، 1856 - يىل ئېرلانگېن نەشرى («Geschichte der Markenverfassung in Deutschland». Erlangen, 1856); «گېرمانىيىدە لېكچۇ جۇاگىيۇەنلىرى، دېخان ئائىلىلىرى ۋە دېخان ئائىلىلىرى تۈزۈمىنىڭ تارىخى»، 1862—1863 - يىللار ئېرلانگېن نەشرى، 1 — 4 - توملار («Geschichte der Fronhöfe, der Bauernhöfe und der Hofverfassung in Deutschland». Bd. I—IV, Erlangen, 1862—1863); «گېرمانىيىدە يېزا تۈزۈمىنىڭ تارىخى»، 1865—1866 - يىللار ئېرلانگېن نەشرى، 1 — 2 - توملار («Geschichte der Dorfverfassung in Deutschland». Bd. I—II, Erlangen, 1865—1866); «گېرمانىيىدە شەھەر تۈزۈمىنىڭ تارىخى»، 1869—1871 - يىللار ئېرلانگېن نەشرى، 1—4 - توملار («Geschichte der Städteverfassung in Deutschland». Bd. I—IV. Erlangen, 1869—1871). بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسەرلەردە گېرمانىيىدىكى ماركا تۈزۈمى تەتقىق قىلىنىدىغان مەخسۇس تېما قىلىنغان. — 332 - بەت.

103 ھاينېنىڭ «كوبېس بىرىنچى» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان. — 332 - بەت.

104 ئېنگېلس ھېينرىيش LXXIIنىڭ نامىنى كىنايە بىلەن ئۆزگەرتكەن. ھېينرىيش LXXII رويىسنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن بولغان (رويىس - لوبېنشتېين - ئېبېرسۋالد) ئىككى لىڭجۇ ۋاڭ - گۇڭنىڭ بىرى ئىدى. گېرىتىس رويىسنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاتلىرى (رويىس - گېرىتىس) بەگلىگىنىڭ پايتەختى ئىدى. شلېيتس رويىسنىڭ كېيىنكى ئەۋلات ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ (رويىس - شلېيتس) لىڭدىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ ھېينرىيش LXXII گە تەۋە ئەمەس ئىدى. — 333 - بەت.

105 كېيۇس پىلىنى سېكوند. «تەبىي بايلىقلار خاتىرىسى» («Naturalis historia»)، 18 - توم، 35 - بەت. — 333 - بەت.

106 بۇ سۆز فرىدرىخ - ۋىلگېلم IVنىڭ پرۇسسىيە ئارمىيىسىگە يېڭى يىل مۇراجىئىتى (1849 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) دىن ئېلىنغان. بۇ مۇراجىئەتكە قارىتىلغان پىيەن ھەققىدە ك. ماركسنىڭ ماقالىسى «يېڭى يىل تەبرىكنامىسى» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6 - توم، 186 — 192 - بەتلەر) گە قارالسۇن. — 348 - بەت.

107 ف. ئې. روخوۋ. «بالىلار دوستى. يېزا مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئوقۇش كىتاۋى»، 1776 - يىل براندېنبۇرگ ۋە لېيپسىگ نەشرى (F. E. Rochow. ‹Der Kinderfreund. Ein Lesebuch zum Gebrauch in Landschulen›. Brandenburg und Leipzig, 1776). — 350 - بەت.

108 ئوكلىدنىڭ ئەسىرى «جىخېنىڭ ئەسلى» (جەمئى 13 كىتاپ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئەسەردە قەدىمقى يۇنان - رىمنىڭ شۇشۇي قائىدىلىرى شەرھىلەنگەن. — 353 - بەت.

109 پ. ي. پرۇدون. «مال - مۈلۈك دېگەن نېمە؟ ياكى قانۇن ۋە ھاكىمىيەت قائىدىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 1840 - يىل پارىژ نەشرى، 2 - بەت (P. J. Proudhon. ‹Qu'est-ce que la propriété? ou Recherches sur le principe du droit et du gouvernement›. Paris, 1840, p. 2). — 355 - بەت.

110 د. رىكاردو. «سىياسىي ئىقتىسات ۋە باج - سېلىق قائىدىلىرى»، 1821 - يىل لوندون 3 - نەشرى، 1 - بەت (D. Ricardo. ‹On the principles of

Political Economy, and Taxation›. 3 rd ed., London, 1821, p. 1). — 373-بەت.

111 لاسالنىڭ «پۇتۇن» ياكى «كەم-كوتىسىز ئەمگەك دارامىتى» دېگەن شوئارىغا قارىتىلغان تەپسىلى پىپەن ماركسنىڭ «گوتا گاڭلىڭغا پىپەن» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بولۇمىگە كىرگۇزۇلگەن (ماركس. «گوتا گاڭلىڭغا پىپەن»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 10 — 30-بەتلەرگە قارالسۇن). — 385-، 600-بەتلەر.

112 بۇ يەردە رىم سەھنە ئەسىرى يازغۇچىسى تېرېنتسۇسنىڭ كومېدىيىسى «ئاكا-ئۇكا»نىڭ 5-پەردە، 3-كورۇنۇشىدىكى بىر جۇملە سوز كوچۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. — 397-بەت.

113 تەۋراتتا راۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسرائىل ئىسۇس ناۋىن قوشۇنىغا تۇتۇشۇۋېلىك قىلىپ ئېرىخون شەھىرىنى قورشىۋالغاندا مۇقەددەس بۇرغىنى چېلىپتۇ، نەتىجىدە يىمىرىلمەس سېپىل ئورۇلۇپ چۇشۇپتۇ (تەۋرات «ئىسۇس ناۋىن»، 6-باپ). — 411-بەت.

114 روبېرتۇس. «ئىجتىمائى مەسىلىلەر توغرىسىدا فون كىرشمانغا خەتلەر. 2-خەت: كىرشماننىڭ جەمىيەت نەزىرىيىسى ۋە مېنىڭ جەمىيەت نەزىرىيەم» 1850-يىل بېرلىن نەشرى، 59-بەت (Rodbertus. ‹Sociale Briefe an von Kirchmann. Zweiter Brief: Kirchmann's sociale Theorie und die meinige›. Berlin,1850,S.59). تەكىتلەش بەلگىسىنى ئېنگېلس قويغان. — 420-بەت.

115 سادىق ئېككارت — گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر راۋايەتلىرىدىكى شەخس، سادىق كىشى ۋە ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىنىڭ تىپىك ئوبرازى. تانخائىزر توغرىسىدىكى راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ۋېناس تېغىنىڭ يېنىدا پوستتا تۇرغان چاغدا، بۇ يەرگە يېقىنلاشماقچى بولغان ھەممە كىشىگە: ۋېناسنىڭ سېھرىي كۇچى ناھايىتى خەۋپلىك، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىكەن. — 422-بەت.

116 «خەلق گېزىتى» (*«Volks-Zeitung»*) گېرمانىيە دېموكراتلىرىنىڭ گېزىتى بولۇپ، 1853-يىلدىن باشلاپ بېرلىندا چىقىرىلغان. ئېنگېلس 1860-يىل 9-ئاينىڭ 15-كۇنى ماركسقا يازغان خېتىدە بۇ گېزىتنىڭ

«بىلەرمەنلىك قىلغان پەسكەش سوزلىرى»نى كورسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. — 425 ـ بەت.

117 ديۈرىڭنىڭ 1866 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان ئەسىرى «خەلق ئىگىلىگى تەلىماتىنىڭ پىپەنلىك ئاساسى» («Kritische Grundlegung der Volkswirthschaftslehre»). ئىشارە قىلىندۇ. ديۈرىڭ بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن «مىللى ئىقتىساتشۇناسلىقنىڭ ۋە سوتسيالىزىمنىڭ پىپەنلىك تارىخى» (2 ـ نەشرى)نىڭ كىرىشىدە ئەشۇ ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرگەن. — 425 ـ بەت.

118 ئا. سمىت. «مىللى بايلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋەپلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، 1776 ـ يىل لوندون نەشرى، 1 ـ توم، 63—65 ـ بەتلەر (A. Smith. «An Inquiry into the Nature and Causes of the Wealth of Nations». Vol. I, London, 1776, p. 63 — 65). — 432 ـ بەت.

119 ك. ماركس. «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر»، 1859 ـ يىل بېرلىن نەشرى، 1 ـ كىتاپ، 29 ـ بەت (K. Marx. «Zur Kritik der Politischen Oekonomie». Erstes Heft, Berlin, 1859, S. 29). «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ توم، 41 ـ بەتكە قارالسۇن. — 436 ـ بەت.

120 «بىردىن ـ بىرچى ۋە ئۇنىڭ مۈلكى» — م. شتىرنېرنىڭ ئاساسي ئەسىرىنىڭ نامى (ئىزاھ 63كە قارالسۇن)، شتىرنېرمۇ ديۈرىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى ئىنتايىن قالتىس چاغلايتتى. — 437 ـ بەت.

121 ئارىستوتېل. «سىياسەتشۇناسلىق»، 1 ـ كىتاپ، 9 ـ باپ، ئى. بېككېر تۈزگەن «ئارىستوتېل ئەسەرلىرى»، 1837 ـ يىل ئوكسونى نەشرى، 10 ـ توم، 13 ـ بەت (Aristoteles. «De republica», lib. I, cap. 9. In: «Aristotelis opera ex recensione I. Bekkeri». T. X. Oxonii, 1837, P.13). تە بېرىلگەن. ماركس «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر»دا ۋە «كاپىتال»دا بۇ نەقىلنى ئىشلەتكەن («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ توم، 15 ـ بەتكە ۋە «كاپىتال»، 1 ـ توم، 2 ـ بابقا قارالسۇن). — 438 ـ بەت.

122 ك. ماركس. «كاپىتال»، 1883-يىلى ھامبۇرگ 3-نەشرى، 1-توم، 368 — 369-بەتلەر
(K.Marx.«Das Kapital». Bd.I,3. Aufl., Hamburg, 1883,S. 368—369).
«كاپىتال»، 1-توم، 12-باپ، 5-بولۇمگە قارالسۇن. — 439-بەت.

123 ماركس پلاتوننىڭ ئەسىرى «غايىۋى دولەت»نىڭ 2-كىتاۋىنى كوزدە تۇتىدۇ. قارالسۇن: «پلاتون ئەسەرلىرى»، 1840-يىل سيۇرىخ نەشرى، 13-توم
((«Platonis opera omnia». Vol. XIII, Turici, 1840).
— 439-بەت.

124 ماركس سېنوفېننىڭ ئەسىرى «كۇرۇش تەربىيىسى»نىڭ 8-كىتاپ، 2-بابىنى كوزدە تۇتىدۇ. — 439-بەت.

125 قارالسۇن: ۋ. روشېر. «خەلق ئىگىلىگى تىشىمى»، 1858-يىل شتۇتگارت ۋە ئاۋگسبۇرگ 3-نەشرى، 1-توم، 86-بەت
(W. Roscher. «System der Volkswirthschaft». Bd. I, 3. Aufl., Stuttgart und Augsburg, 1858, S. 86).
— 440-بەت.

126 ئارىستوتېل. «سىياسەتشۇناسلىق»، 1-كىتاپ، 8 — 10-بابلار. «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 127-بەتتىن ۋە «كاپىتال»، 1-توم، 4-باپ، 1-، 2-بولۇملەردىن پايدىلىنىلسۇن.
— 440-بەت.

127 ماركس ئارىستوتېلنىڭ ئەسىرى «نىكوماخ مەنتىقىسى»، 5-كىتاپ، 8-بابىنى كوزدە تۇتىدۇ. قارالسۇن: ئى. بېككېر تۇزگەن «ئارىستوتېل ئەسەرلىرى»، 1837-يىل ئوكسئونى نەشرى، 9-توم
((«Aristotelis opera ex recensione I. Bekkeri» T. IX. Oxonii, 1837).
ماركس «سىياسى ئىقتىسات پىيەنىگە دائىر» ۋە «كاپىتال»دىمۇ ئارىستوتېلنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ مۇناسىپ جايلىرىنى نەقىل كەلتۇرگەن. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 58-بەتكە ۋە «كاپىتال»، 1-توم، 1-باپ، 3-بولۇم، A غا قارالسۇن). — 441-بەت.

128 ف. لىست. «سىياسى ئىقتىساتنىڭ مىللى تىشىىسى»، 1841 ـ يىل شتۇتگارت ۋە تۈبىنگېن نەشرى، 1 ـ توم، 451 ـ، 456 ـ بەتلەر (F. List. ‹Das nationale System der politischen Oekonomie›. Bd. I, Stuttgart und Tübingen, 1841, S. 451, 456). — 442 ـ بەت.

129 ئا. سېررانىڭ ئەسىرى «ئېسىل مېتال كانلىرى يوق پادىشالىقنى ئالتۇن ـ كۈمۈچ بىلەن تولۇق تەمىنلەشنىڭ ۋاستىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» 1613 ـ يىلى نىياپولدا نەشر قىلىنغان. ماركس پايدىلانغان بۇ ئەسەر پ. كۇستودى تۈزگەن «مەشھۇر ئىتالىيە سىياسى ئىقتىساتشۇناسلىرىنىڭ ماقالىلىرى توپلىمى» (قەدىمقى زامان قىسمى)، 1803 ـ يىل مىلان نەشرى، 1 ـ توم (‹Scrittori classici italiani di economia politica›. Parte antica. T. I, Milano, 1803). غا كىرگۈزۈلگەن. — 442 ـ بەت.

130 ت.ماننىڭ ئەسىرى «ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ھىندىستان بىلەن بولغان سودىسى توغرىسىدا» 1609 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى «ئەنگلىيىنىڭ تاشقى سودىدىن ئالىدىغان بايلىقى» دىگەن نام بىلەن 1664 ـ يىلى يەنە شۇ يەردە نەشر قىلىنغان. — 442 ـ بەت.

131 ۋ. پېتتىنىڭ ئەسىرى «باج ـ سېلىق توغرىسىدا» 1662 ـ يىلى لوندوندا (‹A Treatise of Taxes and Contributions›) ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان. ماركسنىڭ بۇ بەتتە ۋە كېيىنكى بىر بەتتە بايان قىلغىنى ۋە نەقىل كەلتۈرگىنى پېتتىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ 24 — 25 ـ بەتلىرى. — 444 ـ بەت.

132 ۋ. پېتتىنىڭ ئەسىرى «پۇل توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» خالىفاكس شۇنجۇىگە ئەۋەتىلىدىغان خەت سۈپىتىدە 1682 ـ يىلى يېزىلغان، 1695 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان. ماركسنىڭ ئىشلەتكىنى 1760 ـ يىلدىكى نەشرى.

ۋ. پېتتىنىڭ ئەسىرى «ئىرلاندىيىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى سىياسى

جەھەتتىن يېرىپ كورۇش» 1672 ـ يىلى يېزىلىپ، 1691 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان. — 447 ـ بەت.

133 فرانسىيە خۇاشۇبشۇناسى ئا. ر. لاۋاسىيېنىڭ ئىقتىساتشۇناسلىق ئەسىرى «فرانسىيە پادىشالىغىنىڭ يەر بايلىغى توغرىسىدا» ۋە «پارىژنىڭ نوپۇسى، بايلىغى ۋە ئىستىمالى ھەققىدە مۇلاھىزە» شۇنىڭدەك لاۋاسىيېنىڭ فرانسىيە شۇشۇبشۇناسى ي. ل. لاگرانژې بىلەن بىللە يازغان ئەسىرى «سىياسى ھېساپ ھەققىدە مۇلاھىزە» كوزدە تۇتۇلىدۇ. ماركس ئىشلەتكەن بۇ ئىككى ئەسەر ئو. دەئىر ۋە گ. د. مولىنارى تۈزگەن «سىياسى ئىقتىساتقا دائىر ماقالىلار توپلىمى. تەھرىر قوشقان ئاپتورنىڭ قىسقىچە تارىخى، باھا ۋە ئىزاھلار قوشۇمچە قىلىنغان»، 1847 ـ يىل پارىژ نەشرى، 1 ـ توم، 575 — 620 ـ بەتلەر (Mélanges d'économie politique. Précédés de Notices historiques sur chaque auteur, et accompagnés de commentaires et de notes explicatives, par MM. E. Daire et G. de Molinari›. Vol. I, Paris, 1847, P. 575 – 620) دە بېرىلگەن. — 448 ـ بەت.

134 پ. بۇئاگىلبېر. «بايلىق، پۇل ۋە باج ـ سېلىقنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا»، 2 ـ باپ، «18 ـ ئەسىردىكى مالىيە ـ ئىقتىساتشۇناسلار»، 1843 ـ يىل پارىژ نەشرى، 397 ـ بەت (P. Boisguillebert. ‹Dissertation sur la nature des richesses, de l'argent et des tributs›, chap. II. In: ‹Économistes financiers du XVIII-e siècle›. Paris, 1843, P. 397) تە بېرىلگەن. — 449 ـ بەت.

135 ئەنگلىيە مالىيە ـ ئىقتىساتشۇناسى جون لاۋ ئۆزىنىڭ زادىلا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان تەشەببۇسىنى: دولەتنىڭ تېگىشىشكە بولمايدىغان بانكا چەكلىرىنى ئايلىنىشقا سېلىش چارىسى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى بايلىقنى كېڭەيتىشى مۇمكىندەك تۇرىدۇ دەيدىغان تەشەببۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان. 1716 ـ يىلى ئۇ فرانسىيەدە بىر خۇسۇسى بانكا ئاچقان. 1718 ـ يىلى بۇ بانكا دولەت بانكىسى قىلىنغان. لاۋ

بانكىسى ئامانەت-قەرز چەكلىرىنى چەكسىز تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئايلىنىش ئىچىدىن مىتال ئاقچا يىغىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە جياۋيىسولارنىڭ قۇرۇق ئىلىپ، قۇرۇق سېتىش ۋە ھايانكەشلىك قىلىش ھەركەتلىرى مىسلىسىز ئەۋج ئېلىپ، 1720-يىلى دولەت بانكىسىنىڭ پۈتۈنلەي تاقىلىشى ۋە «لاۋ تۈزۈمى»نىڭ ئۆزىنىڭ تەلتۆكۈس بەربات بولۇشى ئارقىسىدا ئاندىن تۈگىگەن. — 450-بەت.

136 ۋ. پېتتى. «باج-سېلىق توغرىسىدا»، 1662-يىل لوندون نەشرى، 28 — 29-بەتلەر. — 452-بەت.

137 د. نورس. «سودا توغرىسىدا»، 1691-يىل لوندون نەشرى، 4-بەت (D. North. ‹Discourses upon Trade›. London, 1691, P. 4). بۇ ئەسەر ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان. — 453-بەت.

138 د. يۇمنىڭ ئەسىرى «سىياسى مۇنازىرە»، 1752-يىل ئېدىنبۇرگ نەشرى (D. Hume. ‹Political Discourses›. Edinburgh, 1752) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ماركسنىڭ ئىشلەتكەن نەشرى: د. يۇم. «بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزىلەر مەجمۇئەسى»، 2 توملۇق، 1777-يىل لوندون نەشرى (‹Essays and treatises on several subjects›. In two volumes. London, 1777). «سىياسى مۇنازىرە» 2 توملۇقنىڭ 1-توم، ئىككىنچى قىسمى. — 455-بەت.

139 ماركس ش. مونتېسكيۇنىڭ ئەسىرى «قانۇننىڭ روھى توغرىسىدا» (‹De l'esprit des loix›)نى كۆزدە تۇتىدۇ، بۇ ئەسەرنىڭ 1-نەشرى 1748-يىلى جەنۋەدە ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان. — 457-بەت.

140 د. يۇم. «بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزىلەر مەجمۇئەسى»، 1777-يىل لوندون نەشرى، 1-توم، 303 — 304-بەتلەر. — 458-بەت.

141 شۇ كىتاپ، 313-بەت. — 460-بەت.

142 شۇ كىتاپ، 314-بەت. — 461-بەت.

143 ل. كانتىللون يازغان «ئومۇمى سودىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇلاھىزە» 1755-يىلى نەشر قىلىنغان. ئا. سىمىت «مىللى بايلىقنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋەپلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»نىڭ 1-تومىدا كانتىللوننىڭ بۇ

ئەسرىنى تىلغا ئالغان. — 462 - بەت.

144 د. يۇم. «بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزىلەر مەجمۇئەسى»، 1777 - يىل لوندون نەشرى، 1 - توم، 367 - بەت. — 463 - بەت.

145 شۇ كىتاپ، 379 - بەت. — 464 - بەت.

146 1866 - يىلى بىسمارك ئۆزىنىڭ گۇۋېنى ھ. ۋاگنېر ئارقىلىق، دىيۇرىڭغا پرۇسسىيە ھوكۇمىتىگە ئىشچىلار مەسىلىسى توغرىسىدا تەكلىپنامە تەييارلاپ چىقىشنى تەكلىپ قىلغان. كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ كېلىشىشنى تەرغىپ قىلىدىغان دىيۇرىڭ بۇ تاپشۇرۇقنى ئورۇنلىغان. ئەمما ئەسەر ئۇنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلمەيلا ئېلان قىلىۋېتىلگەن، دەسلەپتە ئىمزاسىز ئېلان قىلىنغان، كېيىن ۋاگنېر يالغاندىن ئۆز نامىدا ئېلان قىلغان. بۇ ھال دىيۇرىڭنىڭ، ئاپتورلۇق ھوقۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ ۋاگنېر ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىغا سەۋەپ بولغان. 1868 - يىلى دىيۇرىڭ بۇ دەۋادا ئۇتتۇپ چىققان. بۇ رەسۋاچىلىق تازا ئەۋج ئالغان چاغدا، دىيۇرىڭ «پرۇسسىيە نېيگېسىغا سۇنغان ئىجتىمائى تەكلىپنامەمنىڭ تەقدىرى» (ئىزاھ 88گە قارالسۇن) دىگەن كىتاپچىنى نەشر قىلغان ئىدى. — 464 - بەت.

147 ف. ك. شلوسسېر. «گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، 1855 - يىل ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفۇرت نەشرى، 17 - توم، 76 - بەت (F. C. Schlosser. «Weltgeschichte für das deutsche Volk». Bd. XVII, Frankfurt a. M., 1855, S. 76). — 465 - بەت.

148 ۋ. كوببېت. «ئەنگلىيە ۋە ئىرلاندىيىدىكى پروتېستانت "ئىسلاھاتى" تارىخى»، 1824 - يىل لوندون نەشرى، 149 -، 116 -، 130 - بولۇملىرى (W. Cobbett. «A History of the Protestant «Reformation», in England and Ireland». London, 1824, §§ 149, 116, 130). — 465 - بەت.

149 كېنې ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل» («Tableau économique»)

1758 ـ يىلى ۋېرسالدا كىتابچە شەكلىدە 1 ـ قېتىم ئېلان قىلىنغان.
ــ 466 ـ بەت.


# كېنې ئىشلەپ چىققان «ئىقتىسادىي جەدۋەل»

## ئومۇمىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش: 5 مىليارت

| | | |
|---|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىدىغان سىنىپنىڭ يىللىق ئاۋانسىسى | يەر ئىگىلىرى، پادىشا ۋە ئۇشرە ئالغۇچىلارنىڭ كىرىمى | ئىشلەپچىقارمايدىغان سىنىپنىڭ ئاۋانسىسى |
| 2 مىليارت | 2 مىليارت | 1 مىليارت |

1 مىليارت
1 مىليارت
1 مىليارت

تولەشكە ئىشلىتىلىدىغان كىرىمنىڭ ۋە ئەسلىدىكى ئاۋانسا ئۇسۇمىنىڭ سوممىسى



1 مىليارت
1 مىليارت

يىللىق ئاۋانسا ئۈچۈن چىقىم 2 مىليارت

جەمى: 5 مىليارت

جەمى: 2 مىليارت

بۇنىڭ ئىچىدە بىرىمى شۇ سىنىپ تەرىپىدىن كېلەر يىللىق ئاۋانسا ئۈچۈن قالدۇرۇلىدۇ.

(كېنېنىڭ «ئىقتىسادىي جەدۋەل تەھلىلى»دىن)

150 Quesnay. «Analyse du Tableau économique».
بۇ ئەسەر 1766-يىلى بىرىنچى قېتىم جۇڭنۇڭشۇۋپەيىنىڭ
ژۇرنىلى — «يېزا ئىگىلىكى، سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسى ژۇرنىلى»
(«Journal de l'agriculture, du commerce et des finances»)
غا بېسىلغان. ماركس ئىشلەتكەن بۇ ئەسەر ئو. دەئىر نەشر قىلغان
«جۇڭنۇڭشۇۋپەي»، 1846-يىل پارىژ نەشرى، بىرىنچى قىسىم
(«Physiocrates». Première partie, Paris, 1846) غا بېسىلغان. —
470-بەت.

151 ماركسنىڭ كوزدە تۇتقىنى — دەرۋىشخانىنىڭ باشلىقى
بودو يازغان «ئىقتىسادىي جەدۋەل توغرىسىدا ئىزاھات»
(L'abbé Baudeau. «Explication du Tableau économique»)
نىڭ ئاخىرقى بولۇمى. بۇ ئەسەر 1767-يىلى 1-قېتىم جۇڭنۇڭشۇۋپەيى-
نىڭ ژۇرنىلى «گۇڭمىن كالىنىدارى» («Éphémérides du Citoyen»)غا
بېسىلغان. ئو. دەئىر نەشر قىلغان «جۇڭنۇڭشۇۋپەي»، 1846-يىل
پارىژ نەشرى، ئىككىنچى قىسىم، 864—867-بەتلەرگە قارالسۇن. —
470-بەت.

152 زۇلمەت قايغۇسى (*atra Cura*) هوراتسىينىڭ مەدھىيە ناخشىسىدىكى
سوز. هوراتسىي. «مەدھىيە ناخشىسى»، 3-كىتاب، 1-پارچە، مەدھىيە
ناخشىسىغا قارالسۇن. — 471-بەت.

153 تۇرلىفورى (*livre tournois*) — فرانسىيىنىڭ پۇل بىرلىكى (تۇر
ئەپەندىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)؛ 1740-يىلدىن باشلاپ بىر فرانكقا
باراۋەر بولغان؛ 1795-يىلى ئۇنىڭ ئورنىنى فرانك ئالغان. —
475-بەت.

154 «جۇڭنۇڭشۇۋپەي»، 1846-يىل پارىژ نەشرى، بىرىنچى قىسىم،
68-بەت. — 481-بەت.

155 كوزدە تۇتۇلغىنى ج. ستيۇئارت. «سىياسىي ئىقتىسات قائىدىلىرى
ئۈستىدە تەتقىقات»، 2 توملۇق، 1767-يىل لوندون نەشرى
(J. Steuart. «An Inquiry into the Principles of

Political Oeconomy». In two volumes. London, 1767). — 486 - بەت.

156 ھ. س. كېرى. «ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلەچەك»، 1848 - يىل فىلادېلفىيە نەشرى، 74 — 75 - بەتلەر (H. C. Carey. «The Past, the Present, and the Future». Philadelphia, 1848, P. 74 — 75). — 487 - بەت.

157 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى — «كىرىش»نىڭ 1 - بابىنىڭ باش قىسمى (مۇشۇ كىتابنىڭ 25 — 29 - بەتلىرىگە قارالسۇن). دەسلەپ «ئالغا گېزىتى»دە «دېيۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئالدىنقى 14 بابى «ئويگېن دېيۇرىڭ ئەپەندى پەلسەپىدە قىلغان ئۆزگىرىش» دېگەن باش ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئايرىم كىتابچىنىڭ 1 - نەشرىدىن باشلاپ، ئالدىنقى 2 باپ پۈتۈن كىتاپقا ئومۇمىي «كىرىش» قىلىنغان، كېيىنكى 12 بابى بولسا بىرىنچى قىسىم «پەلسەپە»نى تەشكىل قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باپلارنىڭ تەرتىۋى ئۆزگەرتىلمىگەن، كىرىش بىلەن بىرىنچى قىسىمنىڭ باپلىرى يەنىلا بۇرۇنقى تەرتىپتە قېلىۋەرگەن ئىدى. «پەلسەپە»نىڭ 1 - بابىدىن ئېلىنغانلىقى ئىزاھلانغان بەت ئاستى ئىزاھىنى ئېنگېلس «دېيۇرىڭغا قارشى» گېزىتتە ئېلان قىلىنغان چاغدىلا قوشقان ۋە ئۇ ھايات چېغىدا نەشر قىلىنغان نەشرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساقلاپ قېلىنغان، ئۆزگەرتىلمىگەن ئىدى. — 491 - بەت.

158 تېررورلۇق دەۋرى — ياكوبىنچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك دىكتاتۇ- رىسى مەزگىلى (1793 - يىل 6 - ئاي — 1794 - يىل 7 - ئاي)، شۇ چاغدا ياكوبىنچىلار ژىروندىچىلار ۋە باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي تېررورلۇغىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي تېررورلۇق قوللانغان.

تەپتىش ھوكۇمەت (5 مۇپەتتىشتىن تەركىپ تاپاتتى، ھەر يىلى بىرى باشقىدىن سايلىناتتى) — فرانسىيىنىڭ ئىجرائىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈ- زىدىغان رەھبىرىي ئورگان، ئۇ ياكوبىنچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دىكتاتۇ- رىسى 1794 - يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ماقۇللانغان 1795 - يىل ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن قۇرۇلغان؛ ئۇ 1799 - يىلى بوناپارت

سىياسى ئۆزگىرىشكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان؛ ئۇ دېموكراتىك كۆچىلەرگە قارشى بولغان تېررورلۇق تۈزۈمىنى قوللايتتى ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايتتى.— 492 ـ بەت.

159 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ شوئارى: «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىۋانلىق» كوزدە تۇتۇلىدۇ.— 492 ـ بەت.

160 «بىر جەنۋە ئاھالىسىنىڭ ئۆز زامانىدىكى كىشىلەرگە خەتلىرى» — («Lettres d'un habitant de Genéve à ses contemporains») سىن ـ سىموننىڭ بىرىنچى ئەسىرى: 1802 ـ يىلى جەنۋەدە يېزىلغان، 1803 ـ يىلى پارىژدا ئىمزاسىز ئېلان قىلىنغان، نەشر قىلىنغان جاي ۋە ۋاقىت كورسىتىلمىگەن. ئېنگېلس «ديۈرىڭغا قارشى»نى يازغان چاغدا ئىشلەتكەن نۇسخىسى: گ. ئۇبار. «سىن ـ سىمون. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى. سىن ـ سىموننىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندىلەر قوشۇمچە قىلىنغان»، 1857 ـ يىل پارىژ نەشرى، (G. Hubbard. «Saint-Simon. Sa vie et ses travaux. Suivi de fragments des plus célèbres écrits de Saint-Simon». Paris, 1857). بۇ نۇسخىدا سىن ـ سىموننىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىنىڭ ۋاقتى توغرا بېرىلمىگەن جايلار بار.

فۇرىيېنىڭ بىرىنچى چوڭ ئەسىرى «تۆت خىل ھەركەت ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەقدىر توغرىسىدىكى نەزىرىيە» («Théorie des quatre mouvements et des destinées générales») بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلىدا يېزىلغان، 1808 ـ يىلى لىيوندا ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان (مەتبۇئات تەكشۈرۈشى نەزەرىگە ئېلىنغان بولسا كېرەك، ئىچكى مۇقاۋىدا كورسىتىلگەن نەشر قىلىنغان جاي لېيپسىگ ئىدى).

يېڭى لېنارك *(New Lanark)* شوتلاندىيىنىڭ لېنارك شەھرىگە يېقىن جايىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇدى بولۇپ، 1784 ـ يىلى قۇرۇلغان، زاۋۇت ئەتراپىدا بىر كىچىك جېن بىنا بولغان.— 493 ـ بەت.

161 ئېنگېلسنىڭ دەلىل كەلتۈرگىنى سېن-سىموننىڭ «بىر جەنۋە ئاھالىسىنىڭ ئۆز زامانىدىكى كىشىلەرگە خەتلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى 2-خەت. بۇ سۆزلەر ئۆبار نۇسخىسىنىڭ 143-بېتى ۋە 135-بېتىدە. — 496-بەت.

162 ئېنگېلس «ئا. سېن-سىموننىڭ بىر ئامېرىكىلىققا خەتلىرى» (8-خەت)دىكى بىر ئابزاس سۆزنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ خەتلەر ئا. سېن-سىموننىڭ ماقالىلىرى توپلىمى «سانائەت، ياكى پايدىلىق ۋە مۇستەقىل ئەمگەك تەقدىم قىلىدىغان ھەممە كىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بېغىشلانغان سىياسى، ئەخلاق ۋە پەلسەپە توغرىسىدىكى سۆزلەر»، 1817-يىل پارىژ نەشرى، 2-توم (H. Saint-Simon. ‹L'Industrie, ou Discussions politiques, morales et philosophiques, dans l'intérêt de tous les hommes livrés à des travaux utiles et indépendans›. T. II, Paris, 1817) غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ سۆزلەر ئۆبار نۇسخىسىنىڭ 155—157-بەتلىرىدە. — 496-بەت.

163 ئېنگېلسنىڭ كۆزدە تۇتقىنى سېن-سىموننىڭ ئۆز شاگىرتى ئا. تىيېرى بىلەن بىرلىشىپ يازغان 2 كىتاۋى «ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ قايتىدىن تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدا، ياكى ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللى مۇستەقىللىقىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا سىياسى بىر تۇتاش گەۋدە بولۇپ بىرلىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ۋاستىسى توغرىسىدا» (‹De la réorganisation de la société européenne, ou De la nécessité et des moyens de rassembler les peuples de l'Europe en un seul corps politique, en conservant à chacun son indépendance nationale›) ۋە «1815-يىل ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا پىكىر» (‹Opinion sur les mesures à prendre contre la coalition de 1815›); بۇ 2 كىتابچە پارىژدا نەشر قىلىنغان، بىرىنچىسى 1814-يىل 10-ئايدا، ئىككىنچىسى 1815-يىلدا. ئۆبار نۇسخىسىدا 1-كىتابچىدىن ئېلىنغان ئۈزۈندە 149—154-بەتلەردە، بۇ 2 كىتابچىنىڭ مەزمۇنى بولسا

68 ــ 76 ـ بەتلەردە بېرىلگەن.

ئالتىنچى قېتىملىق فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاققا قاتناشقان دۆلەتلەر (روسسىيە، ئاۋستىرىيە، ئەنگلىيە، پرۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر)نىڭ ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى 1814 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پارىژغا كىرگەن. ناپولېئون دىگوسى گۇم بولغان، ناپولېئوننىڭ ئۆزى بولسا تەختتىن چۈشكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئېربا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. فرانسىيىدە بوربون سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تىرىلىشى يۈز بەرگەن.

100 كۈن ناپولېئون پادىشالىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن قىسقىغىنا مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ، 1815 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇ ئېربا ئارىلىدىن پارىژغا قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۇ ۋاتېرلوئودا مەغلۇپ بولۇپ ئىككىنچى قېتىم تەختتىن چۈشكەنگىچە. ــ 496 ـ بەت.

164 1815 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناپولېئون ئارمىيىسى ۋاتېرلوئو (بېلگىيە)دا ۋېللىنگتون قوماندانلىق قىلغان ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ۋە بلۇخەر قوماندانلىق قىلغان پرۇسسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. بۇ قېتىمقى جەڭ 1815 ـ يىلدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ئۇ يەتتىنچى قېتىملىق فرانسىيىگە قارشى ئىتتىپاق (ئەنگلىيە، روسسىيە، ئاۋستىرىيە، پرۇسسىيە، شۋېتسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر)نىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبىسىنى ۋە ناپولېئون دىگوسىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئالدىنالا بەلگىلىگەن ئىدى. ــ 496 ـ بەت.

165 دىيۇرىڭنىڭ گېرمانىيە جىياۋشۇلىرى بىلەن قىلغان «تىل ئۇرۇشى» توغرىسىدا، ئىزاھ 10غا قاراڭ. ــ 496 ـ بەت.

166 بۇ ئىدىيە فۇرېيېنىڭ 1 ـ كىتاۋى «تۆت خىل ھەرىكەت توغرىسىدىكى نەزىرىيە»دە جارى قىلدۇرۇلغان، كىتاپتا مۇنداق بىر ئومۇمى كۆز قاراش بار ئىدى: «مەلۇم دەۋردىكى ئىجتىمائى ئىلگىرىلەش ۋە

ئۆزگىرىش ئاياللارنىڭ ئەركىنلىككە قاراپ مېڭىش دەرىجىسى بىلەن ئۆيغۇن كېلىدۇ، جەمىيەت تەرتىۋىنىڭ خاراپلىشىشى بولسا ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسى بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.» بۇ كوزقاراشنى فۇرىيې توۋەندىكى گۇڭشىدا يىغىنچاقلىغان ئىدى: «ئاياللار هوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى—بارلىق ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشنىڭ تۈپ پىرىنسىپى» («فۇرىيې ئەسەرلىرى»، 1841 - يىل پارىژ نەشرى، 1 - توم، 195 — 196 - بەتلەر). — 498 - بەت.

167 قارالسۇن: ش. فۇرىيې. «ئومۇميۈزلۈك بىرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيە»، 1 - توم ۋە 4 - توم؛ «ئەسەرلەر»، 1843 - يىل پارىژ نەشرى، 2 - توم 78 — 79 - بەتلەر ۋە 1841 - يىل پارىژ نەشرى، 5 - توم، 213 — 214 - بەتلەر (Ch. Fourier. ‹Théorie de l'unité universelle›, vol. I et IV; Œuvres complètes, t. II, Paris, 1843, p. 78—79, et t. V, Paris, 1841, p. 213 — 214).

مەدىنى تۈزۈم ھەركەت قىلىدىغان «يامان ئايلانما» توغرىسىدا، قارالسۇن: ش. فۇرىيې. «ئىقتىسادىي ۋە جەمىيەتلىك يېڭى دۇنيا، ياكى ئىستەك بويىچە تۈرگە ئايرىلغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ۋە تەبىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەمگەك ئۇسۇلىنىڭ كەشپ قىلىنىشى»؛ «ئەسەرلەر» 1845 - يىل پارىژ نەشرى، 6 - توم، 27 — 46 - ، 390 - بەتلەر (Ch. Fourier. ‹Le Nouveau Monde industriel et sociétaire, ou Invention du procédé d'industrie attrayante et naturelle distribuée en séries passionnées›; Œuvres complètes, t. VI, Paris, 1845, p. 27—46, 390). بۇ كىتاپنىڭ 1 - نەشرى 1829 - يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان. «فۇرىيې ئەسەرلىرى»، 1841 - يىل پارىژ نەشرى، 1 - توم، 202 - بەتكە قارالسۇن. — 499 - بەت.

168 «فۇرىيې ئەسەرلىرى»، 1845 - يىل پارىژ نەشرى، 6 - توم، 35 - بەت. — 499 - بەت.

169 «فۇرىيې ئەسەرلىرى»، 1841 - يىل پارىژ نەشرى، 1 - توم، 50 - بەت ۋە كېيىنكى بەتلەر — 499 - بەت.

170 ئېنگېلس «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»دا بۇ يەرگە بىر ئىزاھ بېرىپ، بۇ بەتتىكى نەقىل ر. ئوۋېن. «ئىنسان كاللىسىدىكى ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئىنقىلاپ، ياكى كەلگۈسىدە غەيرى ئەقىلىيلىقتىن ئەقىلىيلىققا ئۆتۈش»، 1849 ـ يىل لوندون نەشرى (R. Owen. ‹The Revolution in the Mind and Practice of the Human Race; or, the Coming Change from Irrationality to Rationality›. London, 1849). دىن ئېلىنغانلىقىنى كورسەتكەن. ئالدىنقى بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئوۋېننىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئېلىنغان ئورۇن يۇقۇرىدىكى بىلەن ئوخشايدۇ.— 503 ـ بەت.

171 ر. ئوۋېن. «دۇبلىندا ئۆتكۈزۈلگەن بىرنەچچە قېتىملىق جامائەت يىغىنلىرى توغرىسىدا دوكلات...... 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋە 19 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى»، 1823 ـ يىل دۇبلىن نەشرى، (R. Owen. ‹Report of the proceedings at the several public meetings, held in Dublin··· on the 18th March, 12th April, 19th April and 3rd May›. Dublin, 1823). — 504 ـ بەت.

172 1815 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئوۋېن گلاسگودىكى بىر ئاممىۋى يىغىندا زاۋۇت-لاردىكى بالا ئىشچىلار ۋە قورامىغا يەتكەن ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوۋېننىڭ 1815 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى تەشەببۇسىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان فائەن 1819 ـ يىل 7 ـ ئايغا كەلگەندە ئاندىن يىغۋي تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ، قانۇن بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە زور دەرىجىدە كەمتۈكلەشتۈرۈلگەن ئىدى. پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇدىنىڭ ئەمگىكىنى تەكشۈرۈش قانۇنى 9 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ ئىشچىلىققا ئېلىنىشىنى مەنئى قىلغان، 18 ياشتىن تۆۋەن ئىشچىلارنىڭ ئىش كۈنىنى 12 سائەت بىلەن چەكلىگەن، بارلىق ئىشچىلارغا ئەتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۈچۈن ئىش ئارىلىقىدا 2 قېتىم جەمئى بىر يېرىم سائەت دەم ئېلىشنى

بەلگىلىگەن ئىدى. — 505 - بەت.

173 1833 - يىلى 10 - ئايدا ئوۋېننىڭ رىياسەتچىلىكىدە لوندوندا كوپېراتىپلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەن، قۇرۇلتايدا ئۇلۇق بىرىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە مەملىكەتلىك سانائەت تارماقلىرى چوڭ ئىتتىپاقى رەسمى قۇرۇلغان؛ ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسى 1834 - يىلى 2 - ئايدا ماقۇللانغان. ئوۋېننىڭ ئويىچە، بۇ ئىتتىپاق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى ھەمدە جەمئىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ خىيالىي پىلان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتى ۋە دۆلىتىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراش ئارقىسىدا، بۇ ئىتتىپاق 1834 - يىلى 8 - ئايدا تارقىتىۋېتىلگەن. — 505 - بەت.

174 ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئادىل ئالماشتۇرۇش بازارلىرى (*Equitable Labour Exchange Bazaars*) ئەنگلىيە شەھەرلىرىدىكى ئىشچىلار كوپېراتىپلىرى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان؛ تۇنجى بۇنداق بازار روبېرت ئوۋېن تەرىپىدىن 1832 - يىلى 9 - ئايدا لوندوندا تەسىس قىلىنغان، 1834 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. — 505 -، 589 - بەتلەر.

175 پرۇدون 1848 — 1849 - يىللىرىدىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ئالماشتۇرۇش بانكىسى تەشكىل قىلىش سىنىغىنى قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ خەلق بانكىسى (Banque du peuple) 1849 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پارىژدا قۇرۇلغان. بانكا 2 ئايچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بەلكى پەقەت قەغەز يۈزىدە: ئۇ نورمال كەسپىي پائالىيەتىنى باشلاشتىن بۇرۇنلا سۇنغان ۋە 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تاقالغان. — 506 - بەت.

176 ۋ. ل. سارگانت. «روبېرت ئوۋېن ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت پەلسەپىسى»، 1860 - يىلى لوندون نەشرى (W. L. Sargant. ‹Robert Owen, and his Social Philosophy›.

London, 1860).

ئوۋېنىنىڭ نېكا ۋە كوممۇنىزىم تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «يېڭى ئەخلاق دۇنياسىنىڭ نېكا تۈزۈمى» (1838 ـ يىلى)، «يېڭى ئەخلاق دۇنياسى توغرىسىدىكى كىتاپ» (1836 ـــ 1844 ـ يىللار) ۋە «ئىنسان كاللىسىدىكى ۋە ئەمىلىيەتتىكى ئىنقىلاپ» (1849 ـ يىلى). ـــ 507 ـ بەت.

177 شېيخې (*Harmony Hall*) ـــ روبېرت ئوۋېن باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلىرى 1839 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىكدى كىنئۇۋۇد (ئەنگلىيىدىكى هامپى ۋىلايىتى) دە قۇرغان كوممۇنىستىك كوچمەنلەر رايونىنىڭ نامى. كوچمەنلەر رايونى 1845 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ـــ 508 ـ بەت.

178 گېتې. «فائۇستى»، 1 ـ بولۇم، 4 ـ كورۇنۇش («فائۇستىنىڭ كۇتۇپخانىسى»). ـــ 512 ـ بەت.

179 ئېنگېلس «سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»دا بۇ يەرگە بىر ئىزاھ بېرىپ، كىتاپخانلارغا ئوزىنىڭ «ماركا» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 ـ توم، 351 ـــ 369 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.) ـــ 523 ـ بەت.

180 ياۋروپادىكى چوڭ دولەتلەر ئارىسىدا هىندىستان ۋە ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن بولغان سودا جەھەتتىكى زوراۋانلىقنى ۋە مۇستەملىكە بازارلىرىنى تالىشىش يۈزىسىدىن 17 ـ ئەسىر ۋە 18 ـ ئەسىردە بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار كوزدە تۇتۇلىدۇ. دەسلەپتە ئاساسىي رىقابەتچى دولەتلەر ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە ئىدى (1652 ـــ 1654 ـ، 1664 ـــ 1667 ـ ۋە 1672 ـــ 1674 ـ يىللىرىدىكى ئەنگلىيە ـ گوللاندىيە ئۇرۇشى تېپىك سودا ئۇرۇشى هېساپلىنىدۇ)، كېيىن هەل قىلغۇچ كۇرەش ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ هەممىسىدە غەلىبە قازانغۇچى ئەنگلىيە بولغان، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە،

دۇنيا سودىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ قولىغا توپلانغان. — 524 ـ بەت.

181 «فۇرىيې ئەسەرلىرى»، 1845 ـ يىل پارىژ نەشرى، 6 ـ توم، 393 — 394 ـ بەتلەر. — 530 ـ بەت.

182 تاشقى سودا گۇڭسىسى (*Seehandlung*) — 1772 ـ يىلى پرۇسسىيەدە قۇرۇلغان ئامانەت ـ قەرز سودا گۇڭسىسى. بۇ گۇڭسىسى نۇرغۇن موھىم دولەت ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى، ھوكۇمەتكە ناھايىتى كوپ مىقتاردا پۇل قەرز بېرەتتى، ئەمىلىيەتتە ھوكۇمەت ئۇچۇن بانكا خوجايىنى ۋە مالىيە جەھەتتىكى دەللالىنىڭ رولىنى ئوينايتتى. 1904 ـ يىلى رەسمى يوسۇندا پرۇسسىيىنىڭ دولەت بانكىسىغا ئايلاندى. — 535 ـ بەت.

183 «ئەركىن خەلق دولىتى» 70 ـ يىللىرى گېرمانىيە سوتسىيال ـ دېموكراتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان گاڭلىلىك خاراكتېرلىق تەلەپ ۋە ئېقىپ يۈرگەن شوئار. بۇ شوئار ئۈستىدە قىلىنغان ماركسىزىملىق پىپەن توغرىسىدا، ماركسنىڭ «گوتا گاڭلىكىغا پىپەن» دېگەن ئەسىرىنىڭ 4 ـ بولۇمىگە ۋە 1875 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 — 28 ـ كۈنلىرى ئېنگېلسنىڭ بېبېلغا يازغان خېتىگە قارالسۇن (ماركس. «گوتا گاڭلىكىغا پىپەن»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 37 — 48 ـ بەتلەر ۋە 59 — 60 ـ بەتلەرگە قارالسۇن)، يەنە لېنىننىڭ «دولەت ۋە ئىنقىلاپ» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ باپ، 4 ـ بولۇمى ۋە 4 ـ باپ 3 ـ بولۇمى (لېنىن. «دولەت ۋە ئىنقىلاپ»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 24 — 35 ـ بەتلەر ۋە 105 — 110 ـ بەتلەر)گە قارالسۇن. — 540 ـ بەت.

184 بۇ يەردە ئۇلۇق برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيىنىڭ پۈتۈن بايلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيال ر. گىففېننىڭ «يېقىنقى بىرلەشمە پادىشاھلىقتا كاپىتالىنىڭ جۇغلىنىشى» دېگەن دوكلادىدىن ئېلىنغان. بۇ دوكلات 1878 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇڭجىشۇي جەمىيىتىدە ئوقۇلغان، لوندوندا چىقىدىغان «تۇڭجىشۇي جەمىيىتى ژورنىلى» (Journal of the Statistical Society)نىڭ 1878 ـ يىل 3 ـ ئايلىق

ساندا ئېلان قىلىنغان. — 544 ـ بەت.

185 گېرمانىيە سانائەتچىلىرى مەركىزىي بىرلەشمىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى 1878 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ، 22 ـ كۈنلىرى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن. — 545 ـ بەت.

186 ش. فۇرىيې. «ئىقتىسادىي ۋە جەمىيەتلىك يېڭى دۇنيا»، 2 ـ، 5 ـ ۋە 6 ـ بابلارغا قارالسۇن. — 564 ـ بەت.

187 ئېنگېلس بىسماركنىڭ 1852 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پرۇسسىيە يەرلىك ئىككىنچى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى كۆزدە تۇتىدۇ (1849 ـ يىلىدىن تارتىپ بىسمارك ئىككىنچى يىغىننىڭ ئەزاسى ئىدى). بىسمارك پرۇسسىيە يۇنكېر پومىشچىكلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ مەركىزى بولغان چوڭ شەھەرلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇ يېڭى ئىنقىلاپ دولقۇنى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا چوڭ شەھەرلەرنى تۈپ ـ تۈز قىلىۋېتىشنى چاقىرىق قىلغان ئىدى. — 572 ـ بەت.

188 پاك كەپتەر بىلەن زىرەك ئىلان ئوبرازى تەۋرات («ماتسەي ئىنجىلى»، 10 ـ باپ، 16 ـ بۆلۈم) تىن ئېلىنغان. — 578 ـ بەت.

189 «سودا دەپتىرى» (*Kommerzbuch*) ۋ. ۋېيتلىڭ تەرىپىدىن «تەڭكەشلىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ كاپالىتى»، ئىككىنچى قىسىم، 10 ـ باپ (W. Weitling. «Garantien der Harmonie und Freiheit». Vivis, 1842, S. 153 ff.) تا تەسۋىرلەنگەن. ۋېيتلىڭنىڭ خىيالىي پىلانى بويىچە، كەلگۈسىدىكى جەمىيەتتە ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ھەر بىر ئادەم كۈنىگە مەلۇم سائەت ئىشلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئېلىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا ھەر بىر ئىشلىگۈچى ئادەم يەنە قوشۇمچە قىلىنغان بىرنەچچە «سودا سائىتى» ئىشلەشكە ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن پەدەز بۇيۇملىرى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ قوشۇمچە ئىش سائىتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالغان نەرسىلەر «سودا دەپتىرى»گە يېزىلىشى كېرەك. — 582 ـ بەت.

190 سېسىق پۇرىقى يوق (*Non olet*) يەنى پۇلنىڭ سېسىق پۇرىقى يوق — بۇ سۆزنى رىم پادىشاسى ۋىسپاشىيان (69 — 79 ـ يىللىرى) ئۆزىنىڭ

ئوغلىغا ئېيتقان، چۈنكى ئوغلى ئۈنىڭ مەخسۇس ھاجەتخانا بىچى ئېلىشنى يولغا قويۇشىغا قوشۇلمىغان. — 585 ـ بەت.

191 سارگانتىنىڭ كىتاۋى توغرىسىدا، ئىزاھ 176گە قارالسۇن. — 589 ـ بەت.

192 ئېنگېلسنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنى — ئوزىنىڭ «گېرمانىيە ـ فرانسىيە يىلنامىسى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سىياسى ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر داگاك» دىگەن ماقالىسى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 604 — 605 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 597 ـ بەت.

193 مامبرىنىنىڭ تىلسىم دوبۇلغىسى — چاچ ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاددى مىس چىلاپچىنى تارتىۋېلىش يولىدىكى قارامىلىق سىرۋانتېسنىڭ «دون ـ كىخوت» دىگەن رومانىنىڭ بىرىنچى قىسىم، 21 ـ بابىدا تەسۋىرلەنگەن.

ئا. ئېنس ماركس بىلەن ئېنگېلسقا بوھتان قىلىنغان بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاپ «ئالغا گېزىتى» 1877 ـ يىل، 1 — 2 ـ ئايلاردا «دىيۇرىڭغا قارشى»نىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە بابىنى ئېلان قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان. — 603 ـ بەت.

194 بۇ سوز پرۇسسىيە پادىشاسى فرىدرىخ II 1740 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى داچېن بولەند ۋە جياۋخۇي فاتىگىنىڭ تىگىجاگى لەيشىنباخىنىڭ پىروتېستانت پرۇسسىيە دولىتىنىڭ كاتولىك مەكتەپلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش ـ قويماسلىقى توغرىسىدىكى مەسلىھەتى ئۈستىدە چىقارغان قارارىدىن ئېلىنغان. — 607 ـ بەت.

195 5 ـ ئاي پەرمانلىرى پرۇسسىيە دىن داچېنى فارك بىسماركنىڭ تەشەببۇسى بويىچە 1873 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 — 14 ـ كۈنلىرى گوخۇي ئارقىلىق يولغا قويغان 4 تۈرلۈك پەرمانىنىڭ نامى، بۇ 4 تۈرلۈك قانۇن ئەنە شۇ نام بىلەن تارىخ بېتىگە يېزىلغان. بۇ قانۇنلار دولەتنىڭ كاتولىك جياۋخۇيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن، ئۇلار ئاتالمىش «مەدىنىيەت كۈرىشى»نىڭ ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىسى، بىسمارك 1872 — 1875 ـ يىللىرى قوللانغان كاتولىك راھىپلىرىغا قارشى بىر قاتار قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ ئىچىدە

ئەڭ موھىم بىر ھالقا ئىدى. كاتولىك راھىپلىرى «مەركىزىي» پارتىيە — گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى بولگۇنچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيىنىڭ ئاساسىي تىرىگى ئىدى. ساقچىنىڭ زىيانكەشلىكى كاتولىكلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان ۋە ئۇلارغا شىيىتلىك شەرەپىنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. 1880 — 1887 - يىللىرى بىسمارك ھوكۇمىتى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچىلار ھەركىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، كاتولىك دىنىغا قارشى پەرمانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك دەسلەپتە سىلىقلاشتۇرۇشقا، كېيىن بولسا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. — 611 - بەت.

196 «سېھىرلىك نەي» مۇزارتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوپېراسى (سۆزىنى ئې. شىكانېدېر يازغان). ئۇ 1791 - يىلى يېزىلغان ۋە ئوينالغان؛ ئۇنىڭدا گۈگۈجخۇيچىلارنىڭ ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ناخشىنىڭ سۆزىنى يازغۇچى ۋە مۇزارتىنىڭ ئۆزى شۇلارغا مەنسۇپ ئىدى. توۋەن تەرەپتە ئاتالغان زاراسترو، تامىنو، پامىنالار شۇ ئوپېرىدىكى ئاساسىي شەخسلەر. — 623 - بەت.

197 جېيەنشىگۇەن (شېنباۋگۇەن) گېرمانىيىنىڭ توۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارى، بۇ يەردە بولۇپمۇ غەيرى رەسمىي خادىم سۈپىتىدە فايۇەندە ياكى دۆلەت ئورگانلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىدىغان فاگۇەننى كۆرسىتىدۇ. جېيەنشىگۇەنلىك خىزمىتى ئادەتتە مۇئاشسىز بولاتتى. — 626 - بەت.

198 بۇ مۇقەددىمىنى ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە يازغان. ئىنگلىزچە نەشرى 1892 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان، تەرجىمە قىلغۇچى ئې. ئەۋېلىڭ، كىتابىنىڭ نامى: «خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم» ئىدى. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ 1882 - يىلى يازغان «ماركا» («ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 19 - توم،

351 — 369 - بەتلەرگە قارالسۇن) دىگەن ئەسىرىنى بۇ نەشرىگە قوشۇمچە قىلىپ بەرگەن.

ئېنگېلس 1892 - يىل 6 - ئايدا بۇ مۇقەددىمىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ، 7 - ئايدا «يېڭى دەۋر» ژورنىلىغا ئەۋەتكەن، 1892 - يىلى 1 - ۋە 2 - سانىغا بېسىلغان، ماۋزۇسى: «تارىخىي ۋېيۋۇجۇيى توغرىسىدا» ئىدى. ژورنال تەھرىر بولۇمى بۇ مۇقەددىمىنى ئېلان قىلغاندا ئالدىنقى 7 ئابزاسنى ئېلىۋەتكەن.

مۇقەددىمىنىڭ ئايرىم قىسىملىرى «بۇرژۇئازىيىنىڭ فېودالىزىمغا قارشى 3 قېتىملىق جېڭى»، «ئىشچىلار پارتىيىلىرى» دىگەن ماۋزۇلاردا، فرانسۇز تىلىدا «سوتسىيالىزىمچىلار گېزىتى»نىڭ 1892 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 -، 11 - ۋە 25 - كۈنلىرى، 1893 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - ۋە 9 - كۈنلىرىدىكى 115 -، 116 -، 118 -، 119 - ۋە 120 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. — 628 - بەت.

199 گوتا قۇرۇلتىيىدا (1875 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنلىرى)، گېرمانىيىدە شۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى ئىشچىلار تەشكىلاتى — لىبكنېخت ۋە بېبېل 1869 - يىلى ئېيزىناختا قۇرغان ۋە ئۇلار رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيال - دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى (ئېيزىناخچىلار دەپ ئاتالغان) ۋە لاسسالچىلارنىڭ ھاسېنكلېۋېر، ھاسسېلمان، تېلكېلەر رەھبەرلىك قىلغان پۈتۈن گېرمانىيە ئىشچىلار بىرلەشمىسى — قوشۇلۇپ گېرمانىيە سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى بولغان ئىدى. — 628 - بەت.

200 فۇبېنۋېيجۇ تۈزۈمى — ئالتۇن بىلەن كۈمۈچتىن ئىبارەت ئىككى خىل مېتال بىرلا ۋاقىتتا پۇلنىڭ رولىنى ئوينايدىغان پۇل تۈزۈمى. — 630 - بەت.

201 F. Engels. ‹Socialisme utopique et socialisme scientifique›. Paris, 1880. — 631 - بەت.

202 پولەكچە نەشرى:

F. Engels. ‹Socyjalizm utopijny a naukowy›. Genève, Redakcyi

«Przedświtu», 1882.

ئسپانچە نەشرى:

«Socialismo utópico y socialismo científico», Madrid, 1886.

ـــ631 ـ بەت.

203 ئتالىيانچە نەشرى:

«Il socialismo utopico e il socialismo scientifico», Benevento, 1883;

رۇسچە نەشرى:

«Развитие научного социализма», Женева, 1884;

دانىيلىكچە نەشرى:

«Socialismens Udvikling fra Utopi til Videnskab», København, 1885;

گوللاندچە نەشرى:

«De ontwikkeling van het socialisme van utopie tot wetenschap», Gravenhage, 1886;

رۇمىنچە نەشرى:

«Socialism utopic şi socialism ştiinţific». Bucureşti, 1891.

ـــ631 ـ بەت.

204 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى ـــ م. م. كوۋالېۋسكىينىڭ ئەسەرلىرى: «ئائىلىنىڭ ۋە مۇلۇكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم راۋاجلىنىشى ھەققىدە ئومۇمى مۇلاھىزە»، 1890 ـ يىل ستوكگولم نەشرى («Tableau des origines et de l' évolution de la famille et de la proprieté». Stockholm, 1890) ۋە «ئىپتىدائى ھوقۇقچىلىق، 1 ـ كىتاپ: ئۇرۇقداشلىق»، 1886 ـ يىل موسكۋا نەشرى («Первобытное право, выпуск I, Род». М., 1886).

ـــ632 ـ بەت.

205 «كاپىتال»، 1 ـ تومىنىڭ بىرىنچى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى س. مور تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، ئېنگېلس تەرىپىدىن تەھرىرلەنگەن، 1887 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ـــ632 ـ بەت.

206 ۋېيىنگلۇنچىلار ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىنىڭ بىر گۇرۇھىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئومۇمى تۇر ئۇقۇمى پەقەت نامدىن يەنى ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ۋە تىلىنىڭ مەھسۇلىدىنلا ئىبارەت، ئۇلار بىلەن پەقەت

مەۋجۇت يەككە شەيئىنىلا كورسىتىشكە بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر چىنىلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرىنىڭ ئەكسىچە، ۋېيىمىڭلونچىلار، ئۇقۇم شەيئىنى پەيدا قىلىشنىڭ تىپى ئەمەس، شەيئىنى يارىتىشنىڭ مەنبەسى ئەمەس، دەپ ھېساپلايدۇ. شۇڭا، ئۇلار شەيئىنىڭ بىرلەمچىلىكى ۋە ئۇقۇمنىڭ ئىككىلەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدە، ۋېيىمىڭلون ئوتتۇرا ئەسىر ۋېيۇۋجۇيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى.— 634 ـ بەت.

207 قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى ئاناكساگورانىڭ تەلىماتى بويىچە، تۆگسۆتى چەكسىز پارچىلاشقا بولىدىغان، سۈپەت مۇئەييەنلىككە ئىگە ئىنتايىن ئۇششاق ماددا زەررىلىرىدىن ئىبارەت. ئاناكساگورا، تۆگسۆتى كائىناتنىڭ تۈپ مەنبەسى، ئۇلارنىڭ بىرىكىشى تۈرلۈك جىسىملارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.— 635 ـ بەت.

208 ج. لوك. «ئىنسانىيەت ئىدرىكى توغرىسىدا» (J. Locke. ‹An Essay concerning Human Understanding›)
1 ـ نەشرى 1690 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.— 638 ـ بەت.

209 زىرەنشىنلۇن بىر خىل دىنىي پەلسەپە تەلىماتى بولۇپ، خۇدا ئادەمچە بولمىغان، ئەقلىي بولغان دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى، لېكىن خۇدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلاشمايدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. فېودال جياۋخۇيىچە دۇنياقاراش ھوكۇمرانلىق قىلغان شارائىتتا، زىرەنشىنلۇن كوپىنچە ۋېيلىلۇن مەيدانىدا تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەت دۇنياقارىشىنى تەنقىت قىلدۇ، راھىپلارنىڭ تەييارتاپلىق تۇرمۇشىنى ۋە ساختىپەزلىك ھەركەتلىرىنى پاش قىلدۇ.— 638 ـ بەت.

210 1851 ـ يىل 5—10 ـ ئايلاردا لوندوندا ئوتكۈزۈلگەن بىرىنچى نوۋەتلىك دۇنيا سودا ـ سانائەت كورگەزمىسى كوزدە تۇتۇلدۇ.— 640 ـ بەت.

211 «نىجاتلىق ئارمىيىسى» ئەكسىيەتچىل دىنىي خەيرى ـ ئېھسان تەشكىلاتى بولۇپ، دىن تارقاتقۇچى ۋ. بۇئۇس 1865 ـ يىلى ئەنگلىيىدە قۇرغان،

كېيىن ئۇنىڭ پائالىيىتى باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ كېڭەيگەن (1880 ـ يىلى ئارمىيە شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن مۇشۇ نامنى قوللانغان). بۇ تەشكىلات بۇرژۇئازىيىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بىر پۈتۈن خەيرى ـ ئېھسان ئاپپاراتىنى قۇرغان، ئۇنىڭ مەقسىدى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەشتىن چەتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. نىجاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بەزى دىن تارقاتقۇچىلىرى ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق ئېزىقتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، كورۇنۇشتە بايلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىنى ئەيىپلىگەندەك قىلىدۇ. — 641 ـ بەت.

212 پ. س. لاپلاسنىڭ ئەسىرى «ئاسمان جىسىملىرى لىشۇپىسى توغرىسىدا» («Traité de mécanique céleste») كوزدە تۇتۇلىدۇ، 1 ـ نەشرى 1799 — 1825 ـ يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان، جەمئى 5 توم. — 642 ـ بەت.

213 1522 — 1523 ـ يىللاردا بولغان گېرمانىيىدىكى ئاقسۆڭەكلەر قوزغىلىڭىنى ۋە 1524 — 1525 ـ يىللاردا بولغان گېرمانىيىدىكى دىخانلار ئۇرۇشىنى ئېنگېلس «گېرمانىيىدىكى دىخانلار ئۇرۇشى» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلغان («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 383 — 483 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 651 ـ بەت.

214 ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تارىخي ئەسەرلىرى 1688 ـ يىلدىكى سىياسى ئۆزگىرىشنى «شەرەپلىك ئىنقىلاپ» دەپ ئاتىغان، بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىش ئارقىسىدا، ئەنگلىيىدە ستيۇئارت سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، يەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇرەسسەلىشىشى ئاساسىدىكى، ئورانچىلىق ۋىلىيام (1689 ـ يىلدىن تارتىپ) باشچىلىقىدىكى پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىلغان ئىدى. — 654 ـ بەت.

215 قىزىل، ئاق ئەتىرگۈللەر ئۇرۇشى (1455 — 1485 ـ يىللار) ئەنگلىيىدە

تەخت تالاشقان ئككى فېودال ئائىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى يەنى يوركلار بىلەن لانكاستىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش. يوركلارنىڭ بەلگىسى ئاق ئەتىرگۈل بىلەن بېزەلگەن، لانكاستىلارنىڭ بەلگىسى توق قىزىل ئەتىرگۈل بىلەن بېزەلگەن. يوركلار تەرەپتە تۇرغانلار ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققى قىلغان جەنۇپتىكى بىر قىسىم چوڭ فېودالار، ئاتلىقلار ۋە شەھەر ئاھالىسى ئىدى؛ لانكاستىلارنى قوللىغانلار شىمالدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ فېودال ئاقسوڭەكلىرى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قەدىمقى فېودال ئائىلىلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقاتقان، ئەنجىدە ئەنگلىيىدە يېڭى تيۇدو سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئورنىتىلىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت تىجرىسى يولغا قويۇلغان ئىدى. — 655 ـ بەت.

216 قاۋۇل ئەمما نىيىتى يامان يىگىت (*puer robustus sed malitiosus*) دىگەن سوز خوببېسنىڭ «گۈگۈمىن توغرىسىدا» («De Cive») دىگەن كىتاۋىنىڭ كىرىش سوزىدە ئېيتىلغان، بۇ كىتاپ 1642 ـ يىلى پارىژدا يېزىلغان، ئەڭ دەسلەپتە تارقىلىپ يۈرگىنى قول بىلەن كوچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بولۇپ، 1647 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئامىستېردامدا مەتبەدە بېسىلغان. — 658 ـ بەت.

217 دېكارت ئېقىمىنىڭ پەلسەپىسى 17 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە پەيلاسوپى دېكارت (لاتىنچىسى Cartesius)نىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تەلىماتى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ پەلسەپىسىدىن ۋېيىۋۇجۇيىلىق خۇلاسە چىقارغان ئىدى. — 658 ـ بەت.

218 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى — 1789 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ماقۇللىغان «كىشىلىك ھوقۇقى ۋە گۇگمىنلىق ھوقۇقى خىتاپنامىسى»، ئۇنىڭدا يېڭى بۇرژۇئا تۈزۈمىنىڭ سىياسى پىرىنسىپلىرى شەرھىلەنگەن. 1791 ـ يىلدىكى فرانسىيە ئاساسىي قانۇنىغا بۇ خىتاپنامە كىرگۈزۈلگەن؛ ئۇنىڭغا ئاساسەن تەييارلانغان 1793 ـ يىلدىكى ياكۇبىنچىلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى ۋە گۇگمىنلىق ھوقۇقى خىتاپنامىسى» فرانسىيىنىڭ 1793 ـ يىلى كومىن گۈگخۇي ماقۇللىغان تۇنجى

جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. — 659 ـ بەت.

219 ھەق تەلەپ قادىيەنى (*Code civil*) 1804 — 1810 ـ يىللىرى فرانسىيەدە ناپولېون بىرىنچى دەۋرىدە تۈزۈلگەن (شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ قادىيەنى ئادەتتە ناپولېون قادىيەنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى شىتۇكلۇق ھالدا شەرھىلەنگەن 5 قادىيەنىڭ بىرى. — 659 ـ بەت.

220 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى — ئەنگلىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى رادىكال تەبىقىسىنىڭ ۋە بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا تۇتقان ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى. ئۇلار لوندوندىكى ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەردىكى، ئاساسەن لوندوندىكى ئالاقىلىشىش جەمىيىتى ۋە ئەنگلىيىنىڭ باشقا چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئالاقىلىشىش جەمىيەتلىرىدىكى فرانسىيە ئىنقىلاۋىنى ھىمايە قىلغۇچىلار (جەمىيەتلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرى ۋە قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى) بىلەن بىرلىشىپ ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ۋە باشقا دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىۋىنى قويغان ئىدى. ئالاقىلىشىش جەمىيەتلىرى ئەنگلىيە گۇاتۇ سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. — 661 ـ بەت.

221 سايلام قانۇنىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى كوزدە تۇتۇلىدۇ. سايلام قانۇنىنى ئىسلاھ قىلىش فائەنى 1831 ـ يىلى ئەنگلىيە تۆۋەن يىغىنى تەرىپىدىن ماقۇللانغان، 1832 ـ يىل 6 ـ ئايدا يۇقۇرى يىغىن تەرىپىدىن ئاخىرقى تەستىقتىن ئۆتكەن. بۇ قېتىمقى ئىسلاھات يەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسى لوڭدۇۋەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ، سانائەت بۇرژۇئازىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ پارلامېنتقا كىرىشى ئۈچۈن دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشنى كوزدە تۇتقان ئىدى. ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئاساسىي قوشۇن — پرولېتارىيات ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئەركىن بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئالدىمىغا ئۇچراپ،

سايلام هوقۇقىغا ئىگە بولمىغان.— 663 ـ بەت.

222 1824 ـ يىلى ئەنگلىيە ىىخۇيى ئىشچىلار ئامىمىۋى ھەركىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشى (ئىشچىلار بىرلەشمىسى) نى مەنئى قىلىشنى بىكار قىلىش پەرمانىنى مەجبۇرى ماقۇللىغان ئىدى. 1825 ـ يىلى ىىخۇي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش قانۇنىنى يەنى ئىشچىلار بىرلەشمىسى قانۇنى دەپمۇ ئاتالغان قانۇننى ماقۇللىغان، بۇ قانۇن ئىشچىلار بىرلەشمىسىنى مەنئى قىلىشنى بىكار قىلغان قارارنى قايتا تەكىتلىگەن، بىراق ئىشچىلار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتىنى قاتتىق چەكلىگەن ئىدى. مەسىلەن، پەقەت ئىشچىلارنىڭ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشىنى ۋە ئىش تاشلاشقا قاتنىشىشىنى تەشۋىق قىلىشلا «مەجبۇرلاش» ۋە «زورلۇق كۈچ» دەپ قارىلىپ، جىنايى ئىشلار جازاسىغا تارتىلاتتى.— 664 ـ بەت.

223 خەلق شىيەنجاڭى 1838 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ىىخۇيغا سۇنماقچى بولغان قانۇن لايىھىسى تەرىقىسدە ئېلان قىلىنغان. شىيەنجاڭ 6 نۇقتىنى ئوز ئىچىگە ئالاتتى: ئومۇمى سايلام ھوقۇقى (21 ياشقا تولغان ئەرلەر)، ىىخۇيىنى ھەر يىلى بىر قېتىم قايتىدىن سايلاش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش، سايلام رايونلىرى باپ ـ باراۋەر بولۇش، ىىخۇي ئەزالىغىغا كورسىتىلىدىغان نامزاتلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتى چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەزالارغا مۇئاش بېرىش. 1839 ـ، 1842 ـ ۋە 1849 ـ يىللىرى ىىخۇي شىيەنجاڭچىلار خەلق شىيەنجاڭىنى ماقۇللاشنى تەلەپ قىلىپ سۇنغان تەلەپنامىنى 3 قېتىم رەت قىلغان.— 664 ـ بەت.

224 ئاشلىق قانۇنلىرىغا قارشى ئىتتىپاق ئەنگلىيە سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، 1838 ـ يىلى مانچېستېردىكى زاۋۇت ئىگىلىرى كوبدېن ۋە برېيت تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئىتتىپاق سودىدا پۇتۇنلەي ئەركىن بولۇشىنى، ئاشلىق قانۇنلىرىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ مەقسىدى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىش، يەر ئاقسوڭەكلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي ۋە سىياسى ئورنىنى ئاجىزلىتىش ئىدى. ئىتتىپاق يەر ئىگىلىكى ئۈچچىلەرگە قارشى كۈرەشتە ئىشچىلار ئاممىسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، لېكىن دەل شۇ چاغدا ئەنگلىيىدىكى ئىلغار ئىشچىلار مۇستەقىل، ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسىغا ئىگە ئىشچىلار ھەركىتى (شيەنجاڭ ھەركىتى)نى قانات يايدۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئاشلىق قانۇنلىرى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان. —664 ـ بەت.

225 جوناسىن ئاكا (*Brother Jonathan*) شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئەنگلىيىگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە (1775 — 1783 ـ يىللىرى) ئىنگلىزلارنىڭ شىمالىي ئامېرىكىلىقلارغا قويغان لەقىمى.

خرىستوسنى تىرىلدۇرگۈچىلەر پىروتېستانت جياۋخۇيىدىكى بىر ئېقىم بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەنگلىيىدە پەيدا بولغان، شىمالىي ئامېرىكىدا تارقالغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى دىنىي پەندى ـ نەسىھەتلەر ئېيتىش ۋە يېڭى ئېتىقاتچىلار تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق خرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە كېڭەيتىشكە كۈچەپ ئۇرۇندۇ. —665 ـ بەت.

226 1867 ـ يىلى دېربى ـ دىسرېلى باۋشۇداڭ ھۆكۈمىتى يولغا قويغان يىخۇي ئىسلاھاتى كوزدە تۇتۇلىدۇ. *1867* ـ يىلى ئەنگلىيىدە ئاممۋى خاراكتېرلىق ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىككىنچى قېتىملىق يىخۇي ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسونال باش ۋېيىۋەنخۇيى ئىسلاھاتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتىگە پائال قاتناشقان ئىدى. يېڭى قانۇن بويىچە، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى سايلىغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سالاھىيىتى چەكلىمىسى يىلىغا 12 فۇنت ئىستېرلىڭ ئۆي ئىجارىسى تاپشۇرۇشقا چۈشۈرۈلگەن؛ شەھەرلەردە بارلىق ئۆي ئىگىلىرى ۋە ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار شۇنىڭدەك ئولتۇرغان ۋاقتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولمىغان، تاپشۇرغان ئۆي ئىجارىسى

10 فۇنت ئۇستېرلىڭدىن تۆۋەن بولمىغان ئۆي ئىجارە ئالغۇچىلار ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىدى. 1867 ـ يىلدىكى ئىسلاھات ئارقىسىدا، ئەنگلىيىدە سايلىغۇچىلارنىڭ سانى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيگەن، بىر قىسىم مەلىكىلىك ئىشچىلارمۇ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ــ 668 ـ بەت.

227 *1884* ـ يىلى ئەنگلىيىدە يېزا رايونلىرىدىكى ئاممىۋى ھەركەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۈچىنچى قېتىملىق يىخۇي ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلگەن. بۇ قېتىمقى ئىسلاھات ئارقىلىق، 1867 ـ يىلى شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرتلىرى يېزا رايونلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بولغان ئىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق سايلام ئىسلاھاتىدىن كېيىنمۇ ئەنگلىيىدىكى خېلى زور بىر قىسىم ئاھالە ــ يېزا پرولېتارىياتى، شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە بارلىق ئاياللاردا يەنىلا سايلام ھوقۇقى يوق ئىدى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش 1872 ـ يىلى يولغا قويۇلغان. ــ 670 ـ بەت.

228 مۇنبەر سوتسىيالىزمى 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 90 ـ يىللىرىغىچە بولغان بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ بىر ئېقىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەكىللىرى ــ ئاساسەن گېرمانىيە داشۆيلىرىدىكى جىياۋشۇلار ــ داشۆينىڭ مۇنبەر (نېمىسچىسى Katheder)لىرىدە بۇرژۇئا گەيلىياڭجۇيىسىنى سوتسىيالىزم نىقاۋى بىلەن تەرغىپ قىلىشقان ئىدى. مۇنبەر سوتسىيالىزمى ئېكسپىلا- تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىدىن ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن قورققانلىقى ئارقىسىدا، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى باش ئېگىپ ئىتائەت قىلدۇرىدىغان يېڭى ۋاستىنى تېپىشقا كۆچەپ ئۇرۇنغانلىقى ئارقىسىدا پەيدا بولغان. مۇنبەر سوتسىيالىزمىنىڭ ۋەكىللىرى (ئا. ۋاگنېر، گ. شمولېر، ل. برېنتانو، ۋ. سومبارت قاتارلىقلار)، دولەت سىنىپتىن تاشقىرى تەشكىلات، ئۇ كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەگمەيدۇ، بەلكى دۈشمەن سىنىپلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈپ، «سوتسىيالىزم»نى

پەيدىن ـ پەي يولغا قويالايدۇ، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. مۇنبەر سوتسىيالىزمىنىڭ گاڭگىلىقى كېسەل ۋە كېلىشمەسلىك ھادىسىلىرى بويىچە ئىشچىلار باۋشىيەنىنى ئۇيۇشتۇرۇش، زاۋۇت قانۇنى جەھەتتە بەزىبىر تەدبىرلەرنى كورۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن چەكلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئىشچىلارنى سىنىپىي كۈرەشتىن ۋازكېچىشكە قىزىقتۇرۇش. مۇنبەر سوتسىيالىزمى شيۇجېڭجۇيىلىق ئىدىيىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى. — 671 ـ بەت.

229 رەسىم ـ قائىدىلەرگە ھورمەت قىلغۇچىلار مەزھىپى (تېخىمۇ كەڭ تارالغان نامى پيۇز مەزھىپى) 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا پەيدا بولغان، ئەنگلىيە دولەت دىنى جىياۋخۇيىدىكى بىر ئېقىم. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئەنگلىيە دولەت دىنىدا كاتولىك دىنىنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىنى (رەسىم ـ قائىدىلەرگە ھورمەت قىلغۇچىلار مەزھىپى دىگەن نامنى شۇ سەۋەپتىن ئالغان) ۋە كاتولىك دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چاقىرىق قىلىدۇ. — 671 ـ بەت.

230 ئېنگېلسنىڭ كوزدە تۇتقىنى ل. برېنتانونىڭ ئەنگلىيە ئىشچىلار بىرلەشمىلىرى مۇلاھىزە قىلىنغان ئەسەرلىرى ۋە سوزلىرى. بۇ ئەسەرلەر ۋە سوزلەردە برېنتانو ئەنگلىيىنىڭ گۇڭلىيەنجۇيىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە ماختاپ، ئۇ ئىشچىلار سىنىپى تەشكىلاتىنىڭ نەمۇنىسى، كاپىتالىزم شارائىتىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى تۇپتىن ياخشىلىيالايدۇ ھەمدە كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيەدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ، دەيدۇ. برېنتانو ۋە باشقا مۇنبەر سوتسىيالىزمچىلىرىنىڭ سوزىگە قارىغاندا، ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسى كۈرىشىنى ۋە پارتىيىسىنى ئارتۇقچە قىلىپ قويارمىش.

ئېنگېلس «برېنتانو Contra ماركس» دىگەن ئەسىرىدە بۇنداق سوزنىڭ ساختا خاراكتېرىنى ۋە سىنىپىي مەزمۇنىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىدى («ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ توم، 107 — 213 ـ بەتلەرگە قارالسۇن). — 674 ـ بەت.

本书根据中共中央马克思、恩格斯、列宁、斯大林著作编译局翻译的，人民出版社1971年6月出版的汉文版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى تەھرىر-تەرجىمە ئىدارىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1971-يىل 6-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئېنگېلس

دىيۇرىڭغا قارشى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە
نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

1972-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1972-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

0.73 يۈەن

FRIEDRICH ENGELS

ANTI-DÜHRING

(Herrn Eugen Dührings
Umwälzung
der Wissenschaft)

恩 格 斯

反 杜 林 论

（维吾尔文）

民族出版社翻译出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷

1972年7月第一版
1972年7月北京第一次印刷
书号M1049(4)170 每册0.73